

# چولپان

4

1987 - يىل 8 - ئايدا قومۇلدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچى ۋە تەرجىمشۇناسلىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پائالىيىتىدىن قىسمەن كۆرۈنۈشلەر.

نىياز مۇھەممەد فوتوسى









# چولپان

(ئەدەبىي مەجمۇئە)

4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1987 - يىل ئۈرۈمچى

# چولپان

بۇستاندا

ئومۇمىي 4 ـ سان
ئەدەبىي مەجمۇئە



ئىزدىنىش ..................(رومان) ............. زوردۇن سابىر (1)

تېخى بىر گۈلمۇ ئېچىلمىغان ئىدى.........(پوۋېست)............. قاھار جېلىل (149)

دادام ئەخمەتجان..................(تارىخىي ئەسلىمە) ..... ئادىلجان قاسىمى (178)

يۇلتۇزلۇق كېچە..................(داستان)............. رەخىم قاسىم (187)

ئالتۇن يوقاتقۇچىنىڭ سىرى............(ھېكايە)............. نىياز ساۋۇت (212)

ئەڭ گۈزەل خاتىرە..................(ھېكايە) ............. خالىدە ئىسرائىل (219)

تولۇنئاي گۇۋاھ..................(ھېكايە) ............. ئىدرىس بارات (229)



مەسئۇل مۇھەررىر: تۇختى ئايۇپ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ، ئەخەت ھاشىم،
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ماخمۇتجان ئىسلام


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە:

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ 1946 ـ يىلى ئەنجىندە.




(رومان)

زوردۇن سابىر

## توققۇزىنچى باب

## دىدار ئىستەكلىرى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

...ئۇيقۇم مېنى قوغلىۋەتتى. ئۇيقۇ بىلەن بەدىنىمدىكى بارلىق چارچاش، جىددىيلىك، ۋەھىمىلەر بىراقلا تۈگەپتۇ. ئۆي ئىگىسىنىڭ دېيىشىچە يۈزۈمنى چاقماق پەنجىرىگە قىلىپ، ئوت قاتلانغان تېكىمەت ئۈستىدە سەنسەن جۇۋىغا ئورۇنۇپ، مىدىر - سىدىر قىلماي بىر سوتكا ئۇخلاپتىمەن. ئۇزۇمگىمۇ ئايان، مەن قاتتىق ئۇخلىدىم. دائىم چۈش كۆرىدىغان ئادەم. بۇ قېتىم چۈشمۇ كۆرمەپتىمەن. بۇ يەرگە كەلگىنىمگە بىر نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. مەن ھازىر دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندەك غەمسىز، دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ بولغاندەك پەرۋاسىزمەن. ئۇرۇمچىدىن تاغ ئارىلاپ بۇ يەرگە پىيادە كەلگۈچە ھەممىنى ئويلاپ خىيال قىلىپ بولغان ئوخشايمەن، لېكىن كەلگۈچە قاچقۇن ئەسكەردەك مۈكۈنۈپ يۈرگىنىم، كىشىلەردىن پاناھ تىلىگەنلىكىم ئۈچۈن ۋىجدان ئالدىدا ئازابلاندىم، تۈرمىگە كىرگەن بولسام نېمە بولاتتى؟ تۈرمىمۇ پاناھ جايغۇ؟ ئۇ يەردە سۆزلىگىلى، ئويلىغىلى، ئېيىنى تاپسا يازغىلىمۇ بولىدۇ. مەن يولدا كەلگۈچە مۇشكۇلاتلار بىلەن ئېلىشقان ئەدىبلەر، ئالىملار، ھەربىيلەر، يۇقىرىلاردىن ئۆزۈم بىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئەسلەپ چىقتىم. ئۇلارنىڭ تولىسى ۋەھىمىدىن قاچمىغان، چېرنىشېۋسكى «سوۋرېمېننىك» (زاماندىش) ژۇرنىلىدا ئىشلەۋېتىپ قولغا ئېلىنغان. يىگىرمە بىر يىل تۈرمە، سۈرگۈن ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. تۈرمىدە يېتىپ 1862 - يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنىدىن 1863 - يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ تۆتىنچى كۈنىگىچە بولغان بىر يۈز ئون كۈن ئىچىدە «نېمە قىلىش كېرەك؟» ناملىق داڭلىق رومانىنى يېزىپ چىققان. يىگىرمە بىر يىل تۈرمىدە يېتىپ ئۇز ھاياتىدا زور - زور ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بۇ ئەزىمەت ئۆز يۇرتى ساراتوفقا قايتىپ بىر يىلدىن كېيىنلا دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. ماڭا ئوخشاش جان ساقلاش ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنغان بولسا گىرىپتار بولمىغان بولاتتىمۇ؟ ئىشىنىمەنكى، نېمە كېرەك ئىدى؟ ... ئۇ شۇنداق ... ئۇنداق ... قېچىپ كېتىپ ئامان قالغان بولماسمىدى؟ بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابچىنىڭ «ئىنسان بىر ئۆمۈر يۇقۇلمايدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەس بولدى.

مەن يولدا كەلگۈچە يەنە چەت ئەلگە ئەسىر چۈشۈپ ئۆتكۈنلۈكتە تۇرۇپ ئۆلمەس ئەسەر ياراتقان سىبرۋانتېسنى، نەدە ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەش بولسا، دۆلەت، مىللەت، ئورۇن تاللىماي خىيىم - خەتەرگە ئۆزىنى ئاتىدىغان ئاتالمىش «شەيتان شائىرلار»دىن بايرون، شېللى، پېتوفى، مىسكېۋىچ، لېرمونتوۋلارنى، ئۆز قېنى بىلەن ئەۋلادلارغا ئىنتىقام

تۇرۇقنى قالدۇرغان، «رۇس خەلقىنىڭ غۇرۇرى» بولغان
رادىشۇنى بىرمۇ بىر ئەسلىدىم. شۇكرى، ھېلىمۇ
ياخشى، ئېسىم جايىدا ئىكەن، بۇندىن بۇرۇن
يادلىغان سۆيۈملۈك ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى،
ئەسەرلىرى، ۋاقىت - ئورۇنلىرى بىلەن يادىمدا
تۇرۇپتۇ. ئەسلى ئىسمى ھېنرى بېيلى بولغان، كېيىن
فرۇسىيىنىڭ بىر كەنتىنىڭ «ستېندال» دېگەن
ئىسمىنى تەخەللۇس قىلىۋالغان ئاتاقلىق فرانسۇز
يازغۇچىسىنىڭ 1783 - يىلى تۇغۇلغانلىقى، ئون ئالتە
يېشىدا ناپالېونغا ئەسكەر بولۇپ كاپىتان بولغانلىقى، ئۇ
1812 - يىلى موسكۋاغا ھۇجۇم قىلغان كۈنى بۇ
شەھەردە گىرىتسىندەك بىر ئۇلۇغ يازغۇچىنىڭ
دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى، پۇشكىن بىلەن بالزاكنىڭ بىر
يىلى تۇغۇلغانلىقى، چېرنىشېۋسكى بىلەن ل.
تولستوينىڭ ئوخشاشلا 1828 - يىلى تۇغۇلغانلىقى،
م. گوركى بىلەن لۇشۈننىڭ نەق 1936 - يىلى ۋاپات
بولغانلىقى... قاتارلىق خىلمۇ خىل قىزىقارلىق
خاتىرىلەرمۇ ئېنىق يادىمغا كەلدى. ئىخ، سۆيگەن
ئىشىم، ھاياتىمنىڭ مەنىسى بولغان جانىجان كەسپىم!
مەن سېنى ئاسرايمەن دەپ قاچىنىمۇ باكى سېنى
ئاللىقەيەرلەردە تېنىتىپ يوق قىلىش ئۈچۈن
سەرگەردان بولدۇممۇ؟ سىلەر نەدە؟ كىتابلىرىم بىلەن
قول يازمىلىرىمچۇ؟ بۇ يىل كەچ كۈز مەن نەق ئوتتۇز
تۆت ياشقا كىردىم. مەن بۇندىن يىگىرمە يىل
بۇرۇن ئۇلۇغ ئالىم لومونوسوپنىڭ تەرجىمىھالىنى
ئوقۇغان. لومونوسوپ دەل ئوتتۇز تۆت يېشىدا يەنى
1745 - يىلى پېتروگراد پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
خىمىيە پروفېسسورى، ئاكادېمىيە ئاكادېمىكى بولغان.
ئۇنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، فىزىكا، ماتېماتىكا،
مېخانىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى بويىچە بۇ
يېشىدا ئوتتۇرغۇن ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان... مەن
قانداقمۇ ئۆزۈمنى بۇ ئالىم بىلەن سېلىشتۇراي؟
بۇنىدىن يىگىرمە يىل بۇرۇنقى
سېلىشتۇرۇشلۇرۇم ئۈچۈن مانا ئەمدى نومۇس
قىلماقتىمەن. مەن مۇشۇ يېشىمغىچە نېمىلەرنى
قىلالىدىم؟ شارائىتىم سىرۋانتىس بىلەن
چېرنىشېۋسكىنىڭكىدىنمۇ ناچارمۇ؟ مەن
قابىلىيەتسىز، ئىرادىسىز ئىكەنمەن. شەن شىگخەي

تۇغرا ئېيتىدۇ. قىينچىلىق ھەممىلا ئادەمدە بولىدۇ.
بىرلىرى ئۆزىنى، پايدا - زىياننى ئويلايدۇ، ئۇنداقلار
قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۈمىدسىز، چۈشكۈن، بىچارە
بولىدۇ. بىرلىرى بولسا ئەجدادلارنى، ۋەتىنىنى،
خەلقىنى ئويلايدۇ. ئۇنداقلار ئۈمىدۋار، جەسۇر، قەيسەر
ۋە شاد - خۇرام بولىدۇ. مەن ئالدىنقىلارغا ياتىدىغان
ئوخشايمەن. ئوتتۇز تۆت ياشقىچە ھېچ ئىش
قىلالمىدىم، شەرمەندىلەرچە قېچىش بىلەن ۋاقىت
ئىسراپ قىلىش بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ ئىشىمۇ؟ يەتتە -
سەككىز يىللىق ئالما كۆچىتىدەك لەززەتلىك مېۋە
بېرىدىغان بۇ چاغلىرىمنى چۆلمۇ چۆل قېچىش
بىلەن زايا قىلىۋەتكىنىم ئۈچۈن پۇشايماندىن باشقا
يەنە نېمىمۇ قىلالايمەن؟ تۆھپە، شان - شەرەپ
ئەمگەكچان قولنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ھەرگىزمۇ
تەۋەككۈلچىلىكنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مەن خۇددى
بالزاك ئېيتقاندەك شادلىقتىن خالى، خىيال ۋە ھەسرەتكە
مۇھتاج تىنچ ھاياتنى تولىمۇ خالايتتىم. چۈنكى مۇشۇ
خىل ھايات مېنىڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بولىدىغان
پۇشايمانلىرىمنى ئازايتقان بولاتتى. مەن ھەممىنى
ئۇنتۇپ ئەقلىي ئەمگەككە، ئىلمىي ئىشلارغا قايتىشنى
تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ماڭا بالزاكنىڭ يالغۇز ھۇجرىسى،
لېۋ. تولستوينىڭ ۋاڭ - چۇڭدىن خىلى جىمجىت ياسنايا -
پولىيانىسى، ساۋشۇەچىڭنىڭ كونابۇتخانىسى... تولىمۇ
زورۇر ئىدى. مەن ئۇلۇغ ئەمەسمەن، لېكىن ئۇلۇغلارنىڭ
ھاياتىغا ھەممىلا نېمىنى تەقلىد قىلىشنى خالايمەن.
بەلكى مەن بىر تال مېۋە بەرمەي بىر نەچچە يىل يۈز
يىل ياشاپ - كۆكلەپ ھۆرمەت تاپقان قېرى
قارىياغاچتەك بىر كۈنى يىقىلارمەن. بۇ يىقىلىش
بىلەن باشقىلارنىڭ «ئالىم تالانت ئىگىسى»
دېگەندەك سۆزلىرىنى يالغانغا چىقىرىپ ئۆزۈمنىڭ
مېۋىسىز دەرەخ، يالتىراق ھەل بېرىلگەن زىننەت
بۇيۇمى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاپ بېرەرمەن. لېكىن
نېمىلا بولسۇن مەن ئۇلۇغلارنىڭ مۇرىتى،
ناچارلاردىن، يارىماسلاردىن قاچقىنىم قاچقان.
ياشلىقىمدا نېمىگە چوقۇنغان بولسام ئاخىرغىچە
شۇنىڭغا چوقۇنىمەن. ھەممىلا ئادەم بىر ئەقىدىنىڭ
مۇرىتى. مەنمۇ شۇنداق. ھاشىرغا قايىلمەن، چۈنكى ئۇ
ئۆز ئەقىدىسىگە[8] (سادىق[?]) ئۆزرەت: ئۆلۈم (ئۇنىڭ

قەلبىدىكى كوممۇنىزم ئەقىدىسى ئورنىغا نەپرەت پەيدا قىلالمىدى. ئۇ ناھەق ئۆلۈم ئالدىدىمۇ، پارتىيىدىن، تۈزۈمىمىزدىن قىلچە گۇمانلانمىدى. ئۇ ئەلۋەتتە سىياسىي ئەقىدە. ئۇ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ مۇرتى. سىياسىي ئەقىدە ئىلىم ـ پەن ئەقىدىسى، ئەخلاق ۋە ئېتىقات ئەقىدىسى بىر-بىرىگە دۈشمەن ئەمەسلەر ئەمەسقۇ. مەن بىلىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ بەدىنىدە بۇ ئەرىسلەر بىر-بىرى بىلەن چىقىشالىغان، بىر نەرسىگە ئايلىنالىغان. ئەپلاتون، روتبىئون، فرانسوس، كىلىمانىت-ماروت، دانتې، لومونوسوۋ قاتارلىق ياۋروپالىقلار بولسۇن ياكى ئىبنى سىنا، فارابى، مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەت يەسەۋى، شىرازى، دەھلەۋى، رابغۇزى، جامى، بىرۇنى، ناۋايى قاتارلىق شەرقلىقلەر بولسۇن، ئومۇمەن ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى، پەيلاسوپلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى بولۇش بىلەن بىللە ھەرخىل پەنلەرنىڭ پېشۋالىرى ئىدىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى بىلەن شېئىرلىرى، پەلسەپەسى بىلەن مۇزىكىلىرى ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك مۈلكى بولالىدىغۇ؟... شۇنداق، ئىنسان ئەقىدىسى ئۆزىگە خاس بولۇشى كېرەك. بۇ خىل خاسلىقنىڭ ئۆز ئۆۋىتىدە ئومۇملىقىمۇ بولىدۇ. ماي تامچىلىرى بىلەن سۇ تامچىلىرى بىر قاچىغا قۇيۇلسا ھەرقايسىسى ئۆز خىلى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئادەملەرمۇ خۇددى شۇنداق، ئەقىدە، ئارزۇ ـ ئىستەك ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئۆز ئارا سۆزلەشەلەيدىغان، بىر ـ بىرىنى چۈشىنەلەيدىغان، ھېسداشلىق قىلىشىدىغان قىلالايدۇ. مېنىڭ ساۋۇتوۋنى سېغىنىشىم، ئۇ يادىمغا يەتكەندە يۈرەك تومۇرلىرىمنىڭ قىسىلىشى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىكى دانالىق كارلودولچىنىڭ(1) ئۇلمەس رەسىملىرىدەك خىيال ئىبكرانىمدا جانلانغاندا كۆزلىرىمدىن بويسۇنماس ئۇنچىلەرنىڭ تۆكۈلۈشى، ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان ھەرخىل تىللاردىكى ھېچنەدە تېپىلماس كىتابلىرىنى ۋاراقلىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمنىڭ خۇددى كىچىك ئىبىقىنىغا تېگىپ تۇرغان مەجنۇنتال شېخىدەك سىلكىنىشى، كىتاب بەتلىرىدىكى ئۇنىڭ ئىنىق، چىرايلىق ئىملاسىنى ئالقانلىرىم بىلەن سىلىغاندا ۋۇجۇدۇمدا جەڭگە ئاتلانغان يىگىتنىڭ ھاياجان دولقۇنلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇشى... ئەقىدە — ھېسسىيات بىرلىكىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ نەدىسىز سۆيۈملۈك ئۇستاز؟ جىسمىڭىز سىبىرىيە توپا ئىچىدە، روھىڭىز قەلبىمدە، قېنىمدا!... مەن ئەمدى تىل ـ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپىدە يېتىلگەن سىزدەك ئادەمنى يەنە ئۇچرىتارمەنمۇ؟ سىز مەن ئۈچۈن تىرىك قامۇس. ئەقىل بۇلىقى. جاسارەت ئۈلگىسى ئىدىڭىز. مەن ئەمدى كىمدىن ياردەم كۈتىمەن. كىم بىلەن سىردىشىمەن، مېنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان سىزدىن باشقا يەنە كىممۇ بار؟

مەن ھايات قالغان دوستلىرىمنى بىرمۇ بىر ئەسلىدىم. ھاشىر ئۇرۇمچىدىكى بىرىنچى تۈرمىدە، تاشپولات ئۆز مەكتىپىدە، ئاڭلىسام ئۇستا باغاچچى بولۇۋاپتۇدەك. ئوسمان ـ زۇلخۇمارلاردىن بىخەۋەرمەن. ئەلانۇر بىلەن رازىيەدىنمۇ خەۋىرىم يوق، قۇرماش بىچارە تۈرمىدىن ئۆيىگە چىقىرىلغان. ئۇ ھازىر ھېچكىمگە ھېچقانداق گەپ قىلمىغۇدەك.

مېنى چاقىرىپ ناھىيىدىن ئىككى قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقىرىلىپتۇدەك. ئۇلار مېنى مەكتەپكە چاقىرغۇدەك. بىلمەن، ئۇلار مېنى ئالداپ ئۇتماقچى. مەن ئەمدى ھېچنەگە بارمايمەن. ئۇلار مېنىڭ بۇ غول ئىچىدىكى ئۆيلىرى ئىككى قاپتالغا جايلاشقان، ئوتتۇرىسىدا تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان، ئادەملىرى يۇۋاش، ھورۇن ئەمما ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست، ھېچقانداق ۋەھىمە، ۋار ـ ۋۇرى يوق خىلۋەت يېزىدا دېھقان بولۇپ ئورۇنلىشىپ قالغىنىمنى بىلمەيدۇ. مەن بۇ يەردە نوپۇسلۇق، بىر يۈز ئەللىك سومغا سېتىۋالغان كىچىككىنە قورا ـ جايىم، ئۈچ قۇلاڭ كېلىدىغان بېغىم، بىر كالا، ئۈچ قويۇم بار. دادۇي ئىسكىلاتىدىن ھەر ئايدا ئوتتۇز جىڭ بۇغداي، يىگىرمە جىڭ قوناق، ئىككى كىلو زىغىر يېغى

(1) ئىتالىيە رەسسامى (1616 ـ 1686)

ئبلىپ تۇرىمەن. مېنىڭ بۇ يەردىكى بىنەم بىلەن چارۋىغا تايىنىپ كۈن كۆرىدىغان تاغلىقلارغا ئوخشىمايدىغان بىرلا جايىم: مەن كىچەيۇ كۈندۈز كىتاب ئوقۇيمەن، تىكمەت ئۈستىدە يانپاشلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ پاكار جوزىغا مۈكچىيىپ خەت يازىمەن. بۇ يەردەمەندىن باشقا بۇنداق ئوقۇش، يېزىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، مېنىڭ نېمىنى ئوقۇپ، نېمىنى يېزىۋاتقىنىمنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئارىلاپ - ئارىلاپ «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ يوغان گەۋدىسى ئۆيۈمدە پەيدە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ جوزىدىكى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ياكى ئەرەبچە - پارسچە كىتابلارغا سىنچىلاپ قارايدۇ - دە، بېشىنى ئېغىتىپ كۈلىدۇ.

— ساناقلارنى تونۇيدىكەنمەن، ئەنە ئالتە، ئاۋۇسى يىگىرمە ئۈچ. قالغان بىرسىنى تونۇسام ئەزبىرايى ها، ها، ها... هە، ئەلا سوپى ئىچمىزمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ياق.

تاغقا چىقمىزمۇ؟

— كىينچە.

— راسا بىر جۇۋان بار، ئۆيلەپ قويمايمۇ؟

— ساڭا رەھمەت.

— ھەئە دېگىنىڭمۇ بۇ؟

— ياق.

— ئۆيۈڭگە كىرمەيمۇ ئەمىسە؟

— ھەئە.

— تولا جىنىمغا تەگمە. نوپۇستىن ئۆچۈرگۈزۈۋېتىمەن، قوغلىۋېتىمەن. مەھەللە ياشلىرىغا دۇتار چېلىپ بەرگىن، ئاملارغا شوئار ياز، قىزىل تاختىغا ئۆزۈڭنىڭ ياز!

— ياق، ۋاقتىم يوق.

— قوناق سوقۇشقىچۇ؟

— ھوۋلاۋەرمىگىنە!

مەن ئۇنىڭغا قارىمايلا توڭلۇق قىلىمەن. ئۇ يوغان يىرىك ئالقانلىرى بىلەن بېشىمدىن بېسىپ پېشانەمنى ئۈچ - تۆت قېتىم جوزىغا ئۇستۇرىدۇ - دە، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدۇ ۋە ئىشكلەرنى جالاقشىتىپ چىقىپ

كېتىدۇ. لېكىن مەن ئۇنىڭ شۇ ھامانلا قوپال، رېتىمسىز ناخشىسىنى ئاڭلايمەن. ئۇ مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ھېمايىچىم، ئۇ ئۆزىنىڭ قوپاللىقى، ئىچىگە يوشۇرۇنغان مېھرىۋانلىقى، ھەققانىي - ساددىلىقى بىلەن بۇ يېزىدا شۆھرەتلىك يۈز - ئابرويى تاپقان: بۇ يەردىكى ئۈچ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن تەشكىللەنگەن يۈز ئون تۇتۇنلۇك بىر دادۇي خەلقى ھېچقاچان، ھېچكىمنى بۇنچىلىك ھۆرمەتلىمىگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا تولىمۇ يېقىن جاۋغايلىرى، يوغان ئېغىز، قوش بۇرۇن، قىيغاچ كۆز، ئۇزۇن بۇرۇت بىلەن زىننەتلەنگەن ياپىلاق يۈزى بۇ يەردىكىلەرگە ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ يېقىملىق، گۈزەل تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ قوپال ھەتتا تىل - ئاھانەت بىلەن تولغان قىسقا تۇتۇقلىرى بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن رادىئولاردىن ئاڭلىنىدىغان ھەرقانداق تەنتەنىلىك سۆزلەردىن كۆڭۈللۈك. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن خەلق بىنەمگە چىقىپ گەمە كولاپ تىرىشچانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق دېھقان ئۆز ئۆيىدىكى ياخشى ئېتىنى باھا تالاشمايلا دۈيگە سېتىپ بېرىدۇ. ئۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ خوجايىنى، ھەم چاكىرى. ئۇ تىنماي ئىشلەيدۇ. ھەپتىلەپ ئۆيىگە كىرمەيدۇ. غولغا كەلگۈن سۈيى كەلگەندە ئىككى قاسناقتىكى ئادەملەرنىڭ ئالاقە قىلىشى ئۈچۈن سىلىنغان ياغاچ كۆۋرۈكلەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن يالىڭاچلىنىپ ئەڭ بۇرۇن سۇغا چۈشۈپ تاش كۆتۈرىدىغانمۇ، قارنىڭ نېمىگە بوغداي چېكۈرۈۋېلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تراكتوردىن چۈشمەي يەر ھايدىغانمۇ، بۆرە ئېتىشتا باشقىلار بىر بۆرە ئاتسا بىر قوي مۇكاپات ئالغان چاغلاردا، ئون بۆرە ئاتسىمۇ بىر قوي ئالمايدىغان سېخى ئادەممۇ ئەنە شۇ «قاسقىر ئاۋۇز»، ئۇ تىنىمسىز ئىشلەيدۇ، لېكىن ئادەملەرنى تىنىمسىز تىللايدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆز «بىسمىللا» ئورنىدا چىقىپ تۇرغاچقا بۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ئۇچۇن «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆز ئومۇملاشقان. لۇشۈن ئەپەندى: «ئاناڭنى، تۇغرىنىسىلا» دېگەن ماقالىسىدە

«جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلەت گۈلى — مودەن، دۆلەت تىلى — ئاناڭنى!» دەپ تەنە قىلغىنىدەك، بۇ تاغلىقلارغا «ئىتنىڭ بالىسى» دېگەن سۆزنى «ئاناتىلى» دەپ تەنە قىلىشقا بولىدۇ. بۇ تىلنى ياشلارغا مەرتلىك، قەيسەرلىك، قارامىلىق، يۇرت غورۇرى بىلەن بىللە ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرغانلارنىڭ بىرسى نەق ئاشۇ دادۇي پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى «قاسقىر ئاۋۇز».

«قاسقىر ئاۋۇز» توغرىسىدا ناھىيەدە، رايوندا، باشقا دادۇيلەردىمۇ قىزىق ھېكايە - رىۋايەتلەر تارقالغانمىش: بىر كۈنى پۈتۈن دادۇي ياچېيكا شۇجىلىرى بىلەن دادۇيجاڭلار گۇڭشېغا يىغىلىپ تراكتور بىلەن ناھىيىگە يىغىنغا مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر يەردە بولسىلا قوي يەيدۇ، ئىچىدۇ، بۇ بىر ئومۇملاشقان يېزا ئادىتى. قوينى بىرسى، ھاراقنى يەنە بىرسى كۆتۈرۈۋالىدۇ - دە، ئۇلار مەست بولۇشۇۋېلىپ بىر - بىرى بىلەن قانغۇچە چاقچاقلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ. ئۇ كۈنىمۇ ئۇلار شۇنداق مەست بولۇشۇۋېلىپ تراكتور بىلەن ناھىيىگە مېڭىپتۇ. تراكتور غول ئېرىقتا يېتىپ قاپتۇ. ئۇلار ئىككى قىرغاقنى بۇزۇپ تراكتورنى چىقىرىپتۇ. لېكىن بىر دادۇينىڭ ئۇلچەملىك سۈيى يوللاردىن ئاشقىنلاپ ئەتراپقا ئېقىپتۇ. تراكتوردىكىلەر كارى بولماي مېڭىپتۇ. «قاسىر ئاۋۇز» ئۆرە تۇرۇۋېلىپ:

— ئىتنىڭ بالىلىرى، قاشانى سۇ كولاپ كەتتى، توختات! ئېتىمىز! — دەپ ۋارقىراپتۇ. باشقىلار ئۇنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ:

— ھەيدە، ھەيدە! — دېيىشىپتۇ. «قاسقىر ئاۋۇز» ئەپلەپ تۇرۇپ، بېشىنى يوشۇرىدىغان ئىككى پاينەكباشنىڭ مالخېيىنى يەرگە ئېتىپتىكەن، نومۇسچان «پىگىزباش» لار ئۇلەر تىرىلىشىگە قارىماي تراكتوردىن مالخاي بىلەن تەڭ يەرگە سەكرىشىپتۇ. «قاسىر ئاۋۇز» ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلار بىلەن بىللە كەچ كىرگىچە يول ياساپ سۇ ئېتىپ، قىر سوقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇڭشې شۇجىسى ئادەملىرىنى تولۇق يىغالمىغانلىقتىن تەنقىد يەپتۇ. لېكىن يامان ئىشنىڭ پايدىسى بوپتۇ. ناھىيىنىڭ شۇجىسى «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ بۇ ئىشىنى ئاڭلاپ ھاياجانلىنىپتۇ. مانا شۇندىن باشلاپ «قاسقىر ئاۋۇز» ناھىيە بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپى» بولۇپ سايلىنىپ گۇڭشېمۇ گۇڭشې يۈرۈپ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى سۆزلەپتۇ.

مەن «قاسقىر ئاۋۇز» توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ناھىيە بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالانغان بولسىمۇ. لېكىن باشقىلاردەك ئاسۋالرەك شىم - توجۇركا، شەپكە كىيىپ، مەيدىسىگە يوغان ئىزنەكلەرنى ئاقاپ، ماشرەڭ سومكىسىغا قىزىل كىتابلارنى سېلىپ ئۇنى مۈرىسىگە سېلىپ يۈرمەيدۇ. ئۇ قىشتا تولكە قۇلاقچا، يازدا مالخاي كىيىپ، ئىچىدىكى قىزىل دوخاۋا بۆكىنى كەينىگە چىقىرىپ قويىدۇ. قىشمۇ ياز قارا چېپەرقۇتتىن قىسقا جۇۋا، شىم - توجۇركا كىيىپ، بېلىنى قارا پوتا بىلەن باغلاپ، كالاچ - ئۆتۈك بىلەن يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆينىكىمۇ قىڭغىر ياقا، ئۇ ھېچقاچان مەيدىسىنى ئاچماي تۈگمىلىرىنى ھەم ئېتىدۇ. ئۇنىڭ قارا بۇرۇتى دائىم مايلىشىپ پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۆتۈكىمۇ ئۆتۈك مېيىدا ئەمەس، مال مېيىدا مايلانغانلىقى ئۈچۈن خىرە، گۆڭگا كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ياساشقا خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇرۇتى دائىم چىككىلىك، ساقىلى قىرقىلىق، كىيىملىرى رەتلىك تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىمەن: سەككىز ئوغلىدىن باشقا ھېچقانداق بايلىق يوق. كاڭدا ئولتۇرۇپ دائىملا ياماق يامايدىغان، ھەر يىلى بىر ئوغۇل تۇغقاشقا چىرايى قانسىز كۆرۈنىدىغان خوشخۇي ئايالى ئۇنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئوت پارچە تېككەت بىلەن، پەتنۇس قېپقىلمىغان، سىرلانمىغان ئىككى ياغاچ ساندۇق بىلەن ھەر قىل ياسما چىتلاردىن تىكىلگەن يوتقان - كورپىلىرنى چوڭ بايلىق بىلىدىغان بۇ ئىككى ئېغىز ئۆيدە ھەر كۈنى، ھەر ۋاق تامىقىدا خوش چىراي، قىزغىنلىق بىلەن مېھمان كۈتىدۇ...

— مېنىڭ يالغۇز ئۆيۈمگە ئاشۇ «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ

بۇيرۇق ۋە تەھدىت بىلەن تولغان قوپال ئاۋازى پات ـ پات پاراكەندىچىلىك سىلىپ تۇرمىغىندا، مەن مىفىستا ـ فىلىنىڭ(1) ئىبزىتىقۇلۇقىدىن قۇتۇلغان فائۇستتەك خاتىرجەم جىمجىت خانىدا رافائىلچە(2) خىيال ۋە ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن بولماسىمىدىم. مەندە خىيالغا يېتەرلىك ئىشلار بار، لېكىن ئۆتمۈش ھەققىدىكى خىيال كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ. مەندە ۋىسال ئارزۇسى تولىمۇ كۈچلۈك، لېكىن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن، خۇسۇسىي ھاياتقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئۇنتۇش كېرەك، شۇنداق بولمىغاندا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى نەتىجىسىز بولۇپ قالىدۇ. بۇ قېتىم مەغلۇپ بولسام مەندە پۇشايمان ئورنىغا ئۈمىدسىزلىك، ئازابلىنىش ئورنىغا ئۆلۈۋېلىش ھېسسى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەن گەنجىيا يايلىقىدا ھاياتنىڭ لەززەت ئالالىغان، خاتىدىن كۆمۈر توشۇغان كۈنلىرىمدىمۇ ماڭا خۇشاللىق، ناخشا ھەمراھ بولالىغان، بۇنىڭ سەۋەبى ئاددى: ھايات چەكسىز گۈزەل، بۇ گۈزەل ـ لىك بارلىق بەختلىك ۋە بەختسىزلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا يېتىپ ئاشىدۇ. چېرنىشېۋسكىي: «گۈزەللىك — ھايات» دېگەن فورمۇلانى ياراتقان. ھاياتلىق گۈزەللىكنىڭ ئانىسى، بۆشۈكى، كامالەت ۋە ھالاكەت ئۆرپىقى. بارلىق گۈزەل نەرسىلەر بىز ياشاۋاتقان يەر ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئۆسۈپ كامال تاپىدۇ ۋە يوقىلىدۇ، يەنە يارىلىدۇ. توختىماس ئۆلۈغ ئېقىندەك كېتىۋاتقان بۇ ھاياتنىڭ لەززەت ئېلىشنى، گۈزەللىك تېپىشنى بىلىدىغانلارمۇ، بىلمەيدىغانلارمۇ ئوخشاشلا ھاياتنى سۆيىدۇ. ئەتىگەنلىكى كەتمىنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، شامىسىنى لەززەتلىنىپ چايناپ، ھورۇنلۇق بىلەن ئېتىزغا كېتىۋاتقان دېھقان يېڭى تۇغۇلغان توماق موزاينىڭ قېيغىتىشلىرى بىلەن، ئايالىنىڭ ئەتىگەنلىك چاقچىقى بىلەن بۈگۈنكى يورۇق كۈننى ئەگداشسىز گۈزەل دەپ تونۇيدۇ. ئۇ بەلكى مېنىڭ دېرىزەمدە يېرىم كېچىدىمۇ پىلدىرلاپ تۇرغان لامپىنى كۆرۈپ: «ئىسسىت بويتاقلىق، ئۆمرى زايا كېتىۋاتىدۇ» دەپ ماڭا ئىچىنىشى مۇمكىن. ئۇ مېنىڭ ئۆمرۈمچىدىن كۆچۈرۈپ كەلگەن قول يازمىلىرىمدىن خەلقىمگە زۆرۈر بولۇۋاتقان بىر كىتاب پۈتتۈرۈۋاتقىنىمنى، مەن مۇشۇ ئىشىم بىلەن مۇنۇ جىمجىت كېچىدىن چەكسىز لەززەت ئېلىۋاتقىنىمنى نەدىن بىلسۇن؟ قانۇنىيەت شۇ: سەن ھاياتنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىپ شۇنىڭغا ئېرىشەلىسەڭ، ھايات ساڭا گۈزەل، ھاياتنى سەن كۆڭلۈڭگە پۈككەن مەندە ئۆزگەرتەلىسەڭ، ئۇ ساڭا گۈزەل ياكى ئۆزگەرگەن ھايات ساڭا ياقسىلا ئۇ ساڭا گۈزەل. گۈزەللىك — ئوبيېكتىپ رېئاللىق. پەقەت گۈزەللىك ھېسسىلا سۇبيېكتىپ، دۇنياغا تېگىل، بىرسى سىرتتا، بىرسى قەلب ۋۇجۇدۇڭدا... مانا بۇلار چېرنىشېۋسكىي ئىستېتىكا ئىلمىنىڭ مېغىزى. چېرنىشېۋسكىنى ھاياتتا ئۈلگە قىلغان ئادەممەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىن شارائىتتىمۇ مەنىۋى ھالاۋەت تېپىشقا، ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولغان ئورۇندا گۈزەللىك تېپىشقا ماھىر بولۇشۇم كېرەك. ھاياتنى مۇشۇ مەنىدە كۆزەتمەكچى بولۇپ، سەھەرلىكى بېغىم كەينىدىكى ئەتىيازلىق يۇمران شىۋاق، قامقاق، سېرىق چېچەكلەر ئېچىلىدىغان تەكشى، مۇنبەت تۈپراقلىق ئېدىرلىققا چىقىمەن. شىمالغا قارىسام ئۈستى قار، قاپتاللىرى بۈك قارىغايلىق، مىڭ مارال چوققىلىرى بىلەن ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي تىزمىلىرى، جەنۇبقا قارىسام، كۈمۈش لېنتىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆزنى ئۆرىدا يالتىراپ تۇرىدىغان، ئاپئاق باشلىق چوققىلىرى بىلەن كىشىدە غورۇر ۋە مۇھەببەت ئويغىتىدىغان دىلمۇك تىزمىلىرى كۆرۈنىدۇ. ئىلى ۋادىسى مۇشۇ ئىككى تىزما ئوتتۇرىسىدا ئەزىم ئىلى

(1) گېرمانىيە شائىرى گېتىنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىدىكى ئالۋاستى.

(2) رافائىل — بالزاكنىڭ «ساغرا تېرە» رومانىنىڭ قەھرىمانى.

دەرياسىنى باغرىغا بېسىپ شەرقتىن غەربكە ئۆت سۇنۇپ يېشىل، سېرىق، ئاق، كۆك... رەڭلەر بىلەن بېزەلگەن پايانسىز يۇمشاق چۆشەك ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋۇ تىنچ، خاتىرجەم بەدىنى ھايات — گۈزەللىك، مامات — پاجىئە... بىلەن تولغان. مەن ئۇ يەردە يارالغان، ئۆسكەن، چەكسىز لەززەت تاپقان، يەنە مەن شۇ يەرگە پاتمىغان، خورلانغان، ھەيدەلگەن... بۈگۈن مەن ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ ئۆتكەن قىمارۋازغا ئوخشايمەن. يېرىم سەۋدايى بولدۇم ۋە يەنە قايتىدىن غايىبتىن پەيدا بولغان ئوت تەڭگە پۇل بىلەن ھايات ئاۋكاسىغا قايتىپ كەلدىم: قېنى مەن يەنە ئۇتتۇرمەنمۇ ياكى مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇزاققا داۋاملىشامدۇ، بۇنى ئەمدى كۆرىمىز!...

1971 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلى ماڭا بۈگۈنكى كۈننى ھەدىيە قىلدى: شەرقتىن بىر ـ بىرىگە مىنىشكەن چوققىلار ئارىسىدىن قارامتۇل قاپتاللارنى نومۇسچان قىزلاردەك ئاستا ـ ئاستا چىراي ئاچۇرۇپ، ئۇرلاندۇرۇپ قۇياش كۆتۈرۈلمەكتە. «قوش ئەنجەك»(1) تەرەپتىن سوزۇلۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان بورىكۆت تېۋىلغىلىقىقا شۇڭغىدى. ياپ ـ يېشىل تۈپىلىكلەردە شەبنەم يالتىرىۋىدى، ئەتراپقا كۆمۈچ مارجان چېچىلغاندەك بولۇپ قالدى، يۇمشاق ـ يۇمران شىۋاقلىق ئۈستىدە بىر جۈپ توشقان قوغلاشماق ئوينىماقتا: ئەركەكى چىشىسىنىڭ ئوڭ يېقىنىغا ئالدى ئاياقلىرى بىلەن نوقۇپ، ئۇنى ئانىلىققا—يېقىندا سەككىز بالىنىڭ ئانىسى بولۇشقا دەۋەت قىلماقتا. بىر لەگلەن تاختاق ئۈۋىسىدىن چىقىپ ماڭا شىكايەت قارىماقتا، يىراقلاردىن ئاتچىنىڭ «قىرۇۋ، قىرۇۋ...» دەپ ئېتىنى چاقىرغىنى ئاڭلانماقتا...

جاھان ئەجەب تىنچ، ئەجەب ئىللىق، ئەجەب گۈزەل: ئېدىرلارنىڭ نېرىسىدىكى تاغ قاپتىلىدا قاتارلىشىپ ئۆسكەن قارىغايلار ئۇخلاپ قالغاندەك جىم. قارىغايلارنىڭ يۇقىرىسىدىكى چوققىلار كۆزنى چاقىدىغان قار ئاستىدا مىڭ يىللىق مۈگدەك بىلەن قىيتىپ قالغاندەك، قارىغايلارنىڭ بېرىسىدىكى قىزغۇچ قورام تاشلار مەڭگۈلۈككە ئېسىلغان، گويا ئۇلار ئېسىلىپ ـ ساڭگىلىشىپ ئۇرۇشمىسا تاغلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدىغاندەك...

بۇ يەردە مېنى بىزار قىلىۋەتكەن شوئار، داقا ـ دۇمباق، غەلىبە ـ تەنتەنىلىرىمۇ يوق. ۋەھىمە ۋە گۇمان بىلەن ئادەمگە خانجەردەك قادىلىدىغان كۆزلەرمۇ، سېنى تىنچ ھاياتتىن ۋاز كېچىشكە، گۈزەللىكتىن يىرگىنىشكە مەجبۇرلايدىغان چىگىش سوئاللارمۇ، باشقىلاردىن ئۇن ـ تىنسىز شەپقەت تىلەش بىلەن قاسساپنىڭ ئىتتىك پىچىقى ئاستىدىكى چۆشەكلىك قويدەك كۆزلەرنى مۆلۈلدىتىپ تىركىشىپ ئۈتكۈزىدىغان سورلۇق كېچىلەرمۇ ۋە مېنى، دوستلىرىمنى ئىنسانىي بۇرچتىن مەھرۇم قىلغان قاباھەتلىك نەرسىلەرمۇ بۇ يەردە يوق. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆز يوتقانلىرىدا ئۇخلىماقتا. بۇ يەرنىڭ مەزىنىمۇ كۈندىن بۇرۇن تۇرۇپ ئەزەن ئېيتمايدۇ، ئىتلىرىمۇ ئەنسىز ھاۋشىمايدۇ، توخۇلىرىمۇ قونداقلاردىن ئالدىراپ چۈشمەيدۇ. بۇ يەردە ھەر كۈنى بىر خىل ئىش تەكرارلىنىدۇ، ئادەملىرىمۇ بىر خىل ئىشنى بىر نەچچە قېتىملاپ تەكرار سۆزلىشىدۇ. بۇ يەرگە باھارمۇ كېچىكىپ كېلىدۇ. بۇ يەرگە سىرتتىن بىر ئادەم كەلسە مەھەللىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ئۇنى كۆرگىلى كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن كىم بولسىڭىزمۇ مەيلى، سىزنى ئۆيى بېسىپ چايغا چاقىرىدۇ ۋە سىزگە ئىلتىپات، ياخشىلىق قىلىشتا بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىدۇ.

مەن مانا مۇشۇ ئىلتىپات ۋە ياخشىلىقتىن خۇددى مۇڭلۇ سەھەر قۇياشىدەك بەھرىمەن بولدۇم. بۈگۈن ھايات ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلماقتا، ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل كۈچ، يېڭىلەرگە خاس ھېسسىيات، ھاياتقا بولغان كۈچلۈك قىزىقىش تۇرغۇماقتا. ماڭا ھەممىلا نەرسە، بورىكۆت، توشقان، لەگلەن تاختاق، ئاتچى... بەختلىك كۆرۈنمەكتە. نېمىشقا؟ ئۇلار ھاياتتىن

(1) تاغ چوققىسى.

ئۆز ھەۋەسىنى ئىزدىگىنى، تاپقىنى ئۇچۇنمۇ؟ ياكى مەندىكى ھاياجان، ۋىسال ئارزۇسىمۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئانچىمۇ چىرايلىق ئەمەس مۇئەللىمە لىگىشىپ تۇرىدىغان ئەپكەشتە سايدىن سۇ ئەچىقىۋېتىپ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇۋېدى، ۋۇجۇدۇمدا بىردىنلا چاقماق ياندى: بۇ شەھۋەت كۈچىمۇ، ياكى ھېسسىي ئويغىنىشمۇ؟

— ئەپەندى! — نېرىقى ئۆگزىدىن بىرى ۋارقىرىدى، «ئۇ قاسقىر ئاۋۇز»، مەن ئۇنى قىسقارتىپلا «بۆرە» دەيمەن. ئۇ بۇنىڭغا كۈندى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ كۆنگە قاراپ كۆزىنى ئۆگىلاپ كىرىلدى.

— ھە بۆرە، سەھەر تۇرۇۋاپسەنغۇ؟

— تېخى بىلمەمسىنا، مەزىن ئاخۇننى كۈندە مەن ئويغىتىمەنغۇ؟

— خوتۇنتۇڭنى ئويغاتقىنا سەن بۆرە.

— ھە، خوتۇن، خوتۇن دەپ قاپسەنغۇ، ئاشىنا تۇتۇۋالدىڭمۇ نېمە؟

— ماڭا ھېچكىمنىڭ خوتۇنى قالماپتۇ. ھەممە خوتۇنلارنىڭ ئاشىنىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئىتنىڭ بالىسى، قوشناڭ — تۆگىگانىڭ كەمپىرى ساڭا قالدى.

— ھا، ھا، ھا! ... — بىز كۈلۈشتۇق.

— ئەپەندى، بىزنىڭكىگە ئەتىگەنلىك چايغا كېلە!

— رەخمەت.

— رەخمىتىڭنى قوي، ساڭا بىكار چاي نەدە، ئىتنىڭ بالىسى، ساڭا ئىش چىقتى: بىكار يېتىپ بۇقىدەك دىخسىراپ كەتتىڭ!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — مەن ئەتىگەندىلا سۇر گىرۇش قايناۋاتقان ئويگە كىردىم. مېزىلىك شورپا پۇرىقى، ئون نەچچە جاننىڭ تەر پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بالىلىرىدىن باشقا مېھمانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىككى ئېغىز ئۆي لىقمۇ-لىق ئادەم ئىدى. مەن يېزا ئادىتى بويىچە رېزىنكە ئايىقىمنى تاپىسىغا سېلىپ قويۇپ كىگىز ئۈستىدە يالىڭاياق مېڭىپ، مېھمانلار بىلەن بىرمۇ

بىر كۆرۈشۈپ بولۇپ، پەگادا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردۇم. ھەممەيلەن:

— ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ يۈز سىيپاشقاندىن كېيىن، مەن يەڭ تىز بولۇپ ئولتۇردۇم.

— بۇ ئەپەندىنى تونۇمسىلەر؟ — دېدى بۆرە مۇرەمگە قولىنى قويۇپ. — ئىسمى ئەلا ،قارا نويۇس، بويتاق. ھەم چالا دېھقان. ھەم چالا زىيالىي!

— تونۇمامدىغان! — دېدى ئاق يۈز، قارا قاش، ئېگىز بويلۇق قەلەمقاش بىرسى كۈلۈپ قويۇپ. — بىزلا ئەمەس، پۈتۈن خەلق تونۇيدۇ!

— نېمە؟ — دېدى بۆرە يالغاندىن ھەيران قالغان بولۇۋېلىپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ بىر بولسا داڭلىق ئوغرى. بىر بولسا قىچىپ يۈرگەن بۇزۇق كاتتىباش. ئېيتقىنا ئەپەندى. سەن زادى قايسىسى؟

— ھەر ئىككىلىسى ئەمەس، — دېدى بايىقى ئادەم بۆرىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ كىشى چوڭ ئالىم. بىزنىڭ ھاشىر شۇجىنىڭ دوستى، ئاڭلىغانسىز، ھاشىر شۇجىنى قويۇۋېتىدىغان بوپتۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟ — مەن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدىم، — بۇ قانداق گەپ زادى؟

— مەن يېقىندا ناھىيىدە ئېچىلغان بىر جىددىي يىغىنغا قاتناشتىم. يۇقىرىدىن «بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچىگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يالغان ئەنزىلەرنى جىددىي تەكشۈرۈشنى قارار قىپتۇ.

كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى. بىردىنلا ئېسىمگە ساۋۇتتۇۋ بىلەن نادىروۋ كەلدى-دە، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ياخشىمۇ ئۇچۇن پىيالىگە قۇيۇلغان ھاراقنى تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئالدىم-دە ئۇن-تىنسىز ئىچىۋەتتىم.

— مانا، مانا قارا! — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى بۆرە، — بۇ راستىلا قىچىپ يۈرگەن كاتتىباش ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭغا، ئەگىشىپ ھېچكىم كۈلمىدى، دېھقانلارنىڭ

كىشى پىيالىگە يەنە هاراق قۇيدى. مەن گەپمۇ قىلماي پىيالىنى قولۇمغا يەنە ئالدىم ـ دە، ماڭا تىكىلگەن بەش ـ ئالتە جۈپ كۆزگە قاراپمۇ قويماستىن نەدىندۇر ئاڭلىۋالغان شېئىر مىسرالىرىمنى ئوقۇدۇم:

ئىچەي ساقى، خۇشاللىقتىن ياقامنى چاك ئېتەي
ساقى.
ۋاپا ئەھلىگە باش قويدۇم، يېشىم سەل ـ سەل
ئېتەي ساقى.
ۋىسال سەھراسىدا تەنها ھۇدۇققان جان كەبى
كەزدىم.
بۈگۈن مۇراد ئادا بولدى. پىغان ـ دەرتسىز كېتەي
ساقى!...

هاراق بىلەن كۆز ياشلىرىمنى قوشۇپ ئىچتىم.

— بۇ كىمنىڭ شېئىرى؟

— ناۋايىنىڭمۇ، ئۆمەر ھەييامنىڭمۇ، مەشرەپنىڭمۇ؟

— ئۆزىنىڭ. هازىرلا توقۇدى. شۇنداقمۇ؟

ئۇلار ھەر نېمە دېيىشتى، سوئاللىرى جاۋابسىز قېلىشتى. مەن ھېلىقى ماڭا خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچىگە قارىدىم:

— سىز كىم، نېمە ئىش قىلىسىز؟

— ئىسمىم داۋۇت، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىمەن.

— بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتىڭىز؟

— ئوقۇتقۇچى ئىدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن گومىنداڭ پارتىكومىنىڭ تەشۋىقات گەنسىسى بولۇپ گومىنداڭغا يۆتكەلگەن.

— سىز هاشىرنى بىلەمسىز؟

— مەن ئۇ ئادەمگە ئېتىقاد قىلغۇچىلاردىن. سىزنىڭ ناھىيىدىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق، يارامىلىق يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنىلا بىلىمەن. سىزنىمۇ 1956 ـ يىلىدىن تارتىپ بىلىمەن. سىز ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى دارىلمۇئەللىمىنىڭ ياشلار ئىتتىپاق كومىتېت شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىڭىزدا بىر قېتىم باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا «غايە ۋە ئەخلاق» دېگەن تېمىدا دوكلات بەرگەن.

شۇ چاغدا مەن ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىتتىپاق شۇجىسى ئىدىم.

مەن سەپداش تاپتىم. 1969 ـ يىلى ئەنىيازدىن تارتىپ هازىرغىچە خورلىنىش، قىيىنىش، مۇكۇش بىلەن بولۇپ ئۆزۈمنى تولىمۇ بىچارە، يېتىم ھېسابلاپ يۈرگەن ئىكەنمەن. مېنىمۇ ئۆز قەلبىدە ھۆرمەتلىك نام بىلەن ساقلاپ يۈرگەن ئادەملەر بار ئىكەن.

مۇشۇ كۈنى بۇ بەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم باشقىلارغا ئۆز، ئۆيۈمدە چاي بەردىم. بىر پاخلان سويۇش بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بەش سوم سەرپ قىلسامىلا كۇپايە. مەن بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى قېتىم ئازادە، ئادەم سىياقى كۆزلىدۇم، شېرىكەيىپ بولۇپ ناخشا ئېيتتىم. ئەتىسى مەن گومىنداڭدىن يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالدىم: بۇرە ناھىيە بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپى» بولۇپ باھالىنىپتۇ. ئۇ ئوبلاستقا، ئاپتونوم رايونغا ئىلغارلار بىلەن ئۆچرىشىشقا بارارمىش. ئۇ يەردە ئاللانىسا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئىلغارلىرى يىغىنى»غا قاتنىشارمىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ماتېرىيالى ياخشى يېزىلمىسا بولمىغىدەك. مەن ئۇنىڭ «ئىش ئىزلىرى» بويىچە يېزىلغان هازىرقى ماتېرىيالنى باشقىدىن تېخىمۇ «گەۋدىلەندۈرۈپ» يېزىپ چىقىدىكەنمەن. مەن ياق دېيەلمىدىم. ماڭا بۇرىنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن «ئۆزۈڭنىدە» بېرىلدى. دېمەك ئۆزۈڭنىڭگە سېلىپ ماتېرىيال يازىدىغان گەپ. مەن بۇ خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن ئەتىسىدىن باشلاپ بۇرە بىلەن قايتىدىن سىرداشتىم. بۇرە، راست گەپنى قىلغاندا، تۆت ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىدىن باشقا بىرمۇ ئۆزۈڭدىنى يادقا بىلمەيدىكەن. سەۋەبى، ئۇ قىزىل تاشلىق كىتابلارنى ئوقۇمايدىكەن. ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى پەنەركىدىن ياسالغان ئۆزۈڭدە تاختىسىغا سىرلىق سىر بىلەن: «بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى خېشىن كۈچ — جۇڭگو گوڭچەندانگى؛ بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيۋى

ئاساس — ماركسىزم - لېنىنىزم» دېگەن ئۇززۇندە يېزىلغان بولسىمۇ، بۇرە بۇ ئۇززۇندىنى تولۇق يادلىۋالماپتۇ. مەن بۇ «ئىلغار شەخس» كە ھەيران قالدىم. ئۇنىڭدا قاراملىق، ئىشچانلىقنى باشقا نە غايە، نە ئاڭ، نە ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يوق ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى سۆزلەشنىمۇ خالىمايدىكەن. ئۇ ئەسرات سۆزلەش يىغىنى بولىدىغان ئورۇنغا بارسىلا غالىلداپ تىترەپ، چىلىقلاپ تەرلەيدىكەن. ئۇنىڭ كەلگۈن بىلەن ئېلىشىشى، قويلارغا ھوجۇم قىلغان بۆرىگە قۇرۇق قول بىلەن تاشلىنىپ بۆرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، «قار كۆچتى» ئاپىتىگە ئۇچراپ، كۆمۈلۈپ قالغان چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى قارنى تاتىلاپ كىرىپ تاپقانلىقى، سايىنىڭ تاپىنىغا غۇلاپ چۈشكەن بايتالنى قۇتقۇزىمەن دەپ توڭلاپ ئۆلگىلى تاس قالغانلىقى، بىنەمدە بۇغداي ئوغرىلىرى بىلەن ئېلىشىپ خەنجەر، كالتەك بىلەن قوراللانغان ئۈچ ئوغرىنى ئۆزى يالغۇز تۇتۇپ باغلاپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ... قاتارلىق خىيىم - خەتەرگە قارىماي قورقۇمسىزلىق بىلەن قىلغان ئىشلىرى زادىلا مۇبالىغە بولمىسىمۇ، بۇ ئىشلىرىنى مەن رەتلەپ ھالقىلىق پەيتلىرىدە «خەلق مەنپەئەتى»، «ئەيشەن تېغى»، «جاڭ سىدى»، «بېتيونلارنى ئۆگىنىش» قاتارلىق «مۇناسىۋەتلىك ئۇززۇندىلەرنى تەكرارلىغانلىقى»، «كوللېكتىپنى، سوتسىيالىزمنى ھەر دائىم قەلبىدە يادلاپ تۇرغانلىقى» قاتارلىق دەۋر مودىسى بولغان سۆزلەر بىلەن باغلاشتۇرۇپ يېزىپ ئۇزىگە ئوقۇپ بەرگىنىمدە ئۇ ئاۋۋال قىزاردى، كۆكەردى، ئاخىر تاقەت قىلالماي:

— ئىتنىڭ بالىسى، يالغاننى قويىدىكەنسەنغۇ؟ مەن نەدە بۇنداق قىلدىم؟ — دەپ تىرىكتى. لېكىن داۋۇت قۇجۇرنى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— نېمە، سەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىمۇ يالغانچى قىلماقچىمۇ؟ — دېگەندىن كېيىنلا موخوركا ئوراپ جىم بولۇپ قالدى. ماتېرىيال ياخشى يېزىلغان، مەن ئۆزۈممۇ ئۆز قەلەم كۈچۈمگە قايىل بولدۇم. مەندە تۇيۇقسىزلا ئەدەبىي ئەسەر يېزىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. داۋۇت مېنى ماختىغلى تۇردى...

! — ئەز بىرايى، مەن بۇنچىلىك ماتېرىيال يېزىلار دەپ ئويلىمىغان. رەھمەت سىزگە، كۆپ رەھمەت! بۇ ماتېرىيال بىلەن بىزنىڭ بۆرە پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلىدۇ. بىزنىڭ گۇڭشېمىزنىڭمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە شۆھرىتى تارقىلىدۇ. داجەيچە پەلەمپەي ئېتىزلارنىڭ مو سانى بىلەن ئاياللار بىلەن باللارنى ئىشقا سېلىپ توپلىغان ئوغۇتنىڭ سانى ئاز بولۇپ قاپتۇ. بىرسى كېلىپ ئۆلچەيتتىمۇ، ساننى يەنە ئىككى باراۋەر ئاشۇرايلى.

— چۈشەندىم، — دېدى بۆرە ئۈمۈردەك كۆزكۆرۈپ، — گۇڭشېنىڭ نام - ئاتىقى ئۈچۈن لاپ ئۇرىدىكەنمەن، شۇنداقمۇ داۋۇتۇم؟

— شۇنداق، ھەقىقىي قەھرىمانلىق كۆرسىتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئەمدى كەلدى، ئەلا ئەپەندى يازغان بۇ ماتېرىيالنى ساڭا ئېرىتىپ ئىچۈرىمىز بىلدىڭمۇ؟ يادلايسەن، زىر - زەۋرىنى قويماي يادلايسەن، ماڭ، ئورۇن كۆرپەڭنى تاڭ، ساڭا ئەمدى گۇڭشېدىن ياتاق بېرىمىز، باش تارتساڭ، بۇ بىر سىياسىي مەسىلە بولىدۇ.

ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قويۇشتۇق.

بۆرە بىلەن شۇ كۈنى خوشلاشتىم، ئۇنىڭ بېشى چۈشكەن، بۇرۇتى سالپايغان، چىرايى قارىدىغانىدى. مەن ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چاقچاق قىلدىم.

— بۆرە، «ئىتنىڭ بالىسى» دەيدىغان گېپىڭنى تاشلاپ كەت جۇمۇ، ئاۋۇ يادلايدىغان ماتېرىيالغا قىتىۋالساڭ بېشىڭغا بالا تاپىسەن.

— ئاخىرقى قېتىم بىر دەۋالاي، — دېدى ئۇ ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئېتىغا مىنىۋېتىپ، — نەدىنمۇ بۇ مەھەللىگە كەلگەنسەن، يوق يەردىن ئىش تېپىپ، ئىتنىڭ بالىسى!

بۆرە كەتكەندىن كېيىن مەن تۇيۇقسىزلا خۇددى بايرۇن ئېيتقاندەك بىرلا كېچىدە داڭ قازىنىپ بۇ يەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى بولۇپ قالدىم. كوچىغا چىقسام چوڭلارمۇ ماڭا سالام بېرىدىغان، مەھەللە ياشلىرى ناخشىمى تويۇمگە كېلىپ چېلىڭ تۇرۇۋېلىپ مەشرەپلەرگە ئېلىپ بارىدىغان، مېنىڭ دۇتتارىم بىلەن ئاتاقلىق ناخشا ... دېرىزە

پەنجىرىلىرى ئاستىدا ئۈملىشىپ يۈرۈپ ئاڭلايدىغان، ئاخىر مانا باشقا يېزىلاردىن ھارۋا، ئات ئەكىلىپ مېنى «بىر چىنە چاي» غا تەكلىپ قىلىشىدىغان بولۇۋېلىشتى. مەن ھەر كۈنى كۈندۈزى ئوقۇش، يېزىش، يادلاش بىلەن بولىمەن، ئەكەلگەن كىتاب ۋە قولىيازمىلىرىم ئىشلىنىپ بولدى، مەن تولاراق يازىمەن، ئىلمىي ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىمۇ يازىمەن، يازغان قولىيازمىلىرىمنىمۇ بىر كىچىك ياغاچ ساندۇققا تۇشتى، لېكىن ئاخشاملىرى كۆپىنچە ياشلار بىلەن بىرىم كېچىگىچە ھەپىلىشىمەن. ئۇلار تولۇقسىز، باشلانغۇچ سەۋىيىلىك گۈزگۈشى ئەزالىرى، يېزا مۇئەللىملىرى، تۆۋەنگە چۈشكەن ۋە جازالانغان كادىرلار، ئۇلار ئەدەبىيات، ساز ھەۋەسكارلىرى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەممىگىلا قىزىقىدىغان قىزغىن ياشلار، يەنە بەزىلىرى پاراڭ خۇمارلىرى، ئۇلار بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەرنى تارقىتىۋاتقان مۇنۇ ئورۇق، سالماق، كۆلكىسى كەم ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كېلىشكەن. ئۇلار ئايدىڭ باھار كېچىلىرى غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازلىرى بىلەن مېنى دوراپ ئاخشا تولاپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدۇ. مانا، قاشا ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ تاماكا ئۈناشتۇرغان، پاراڭلىشىۋاتقان ئىككى يىگىتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم:

— قالتىسكەن ـ ھە؟

— ياھ ئاجايىپ.

— بويتاق ئىكەن، داداڭغا دە، ھەدەڭنى چېتىپ قويسۇن.

— ئۇنىسىلا جان دەپ بېرەتتۇق، لېكىن بۇ ئەكشى ئادەم ئەمەس جۇمۇ، ھۆكۈمەت چوڭ يەرگە ئەكىتىدۇ ئۇنى.

مەن يۆتىلىپ قويدۇم، ئۇلار قاچتى. ئۇلارنىڭ ئاددىي سۆھبىتى ماڭا بىر كىچىك ئۆيقۇ بەرمەيدۇ: مەن ئۇنىڭ ھەدىسىنىڭ نامى بىلەن گۈزەللىكىنى، «چوڭ يەر» دېگەن سۆزى بىلەن كەلگۈسى توغرىسىدىكى پىلانلىرىمنى كېچىچە ئويلاشقا مەجبۇر بولىمەن. گۈزەللىكى توغرىسىدىكى خىيالدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كۆپىنچە كېچىلىرى ئۇزاقدا يېتىپ ئوقۇغاندا، كىتابلىرىمدىكى ئاجايىپ ئىلمىي ئەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇلارنىڭ ئىش شارائىتى، كىتابخانا، لېكسىيە زاللىرىدىكى جىددىي، تاقىرباش، كۆزەينەك، ياخمىباش ... ھەر خىل بەلگىلىرى بىلەن كىشى ئېسىدە قالىدىغان ئالىملار، ئاسپىرانت-ستۇدېنتلار توغرىسىدا ئويلايمەن. شۇلارنى ئويلىسامىلا ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتىنىمەن، ئازاب بىلەن تولغىنىمەن، مەن تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە باشقا بىلىملەرنى ئون بەش يىلدىن بېرى سىستېمىلىق خاتىرە يېزىپ، كارتوچكا قالدۇرۇپ، ئىلمىي ماقالە يېزىش يولى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، يادلاپ، تەكرارلاپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان زور ئىلمىي ئەمگەككە ئۆزۈمنى تەييارلىدىم. بۇ ياخشى نىيىتىم ئۈچۈن زەربە يەپ، ئۆلۈم جازاسىدىن تەستە قۇتۇلدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مەيلى دەيمەن، لېكىن ھازىرمۇ ماڭا ئىلمىي ئىش ئۈچۈن ئىمكان يوق. گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئولاردىن ئىلمىي ئەمگەك توغرىسىدا بىرەر ياخشى خەۋەر چىقارمىكىن دەپ شۇنچە ئىزدىنىمەن، لېكىن ھېچقانداق ياخشى خەۋەر تاپالمايمەن. مەن قاچانغىچە ئوقۇيمەن، قاچانغىچە يادلايمەن؟ مېنىڭ قىران چاغلىرىم مانا مۇشۇنداق تەييارلىنىش، كۈتۈش بىلەن ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ مەن ئۈنتۈغاق، ماغدۇرسىز بىر بوۋايغا ئايلان-غاندا قانچىلىك ئىش قىلالايمەن؟ دۇرۇس، مەن ئى-چىمگە پاتماي ئۇتقان ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمنى بېسىش، كەلگۈسىگە ئاساس قىلىش ئۈچۈن ھەر خىل تېمىلاردا ئەللىك ـ ئاتمىش پارچىدەك ئىلمىي ئوچېرك يازدىم. ئۇلارنىڭ بىرلىرى داڭلىق ئەدەبىيلەرنى تونۇشتۇرۇشقا قارىتىلغان، مەسىلەن، فرانسۇز يازغۇچىسى سارتىر-نىڭ «فلائوبېر» دېگەن ئەسىرى، ستېندالنىڭ «راسىنى ۋە شېكسپىر» دېگەن ئەسىرى، ئۇلۇغ داھى لېنىننىڭ «گېرتسېننى خاتىرىلەش»، «لېۋ. تولستوي توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرى قاتارلىقلارغا ئەقلىد قىلىنغان ئەسەرلەردىن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قۇتادغۇبىلىك»، «موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىمى ۋە ئۇنىڭ غازات دەرمۇلكى چىن ناملىق ئەسىرى» دېگەندەك ئەرسىلەر، يەنە بىر قىسىملىرى

ئەسەرلەرنى تونوشتۇرۇشقا قارىتلغان، مەسلەن: «زەپەر نامە داستانىدىكى تارىخىي چىنلىق توغرىسىدا»، «مەنسۇر ئاللاجى راستىنلا سىيى ئۆزىدىن سوپىزم ۋەكىلىمۇ؟» دېگەندەكلەر، يەنە بىر قىسىملىرى چەت ئەل يازغۇچىلىرى ئۈستىدە يازغان خاتىرىلىرىم، زور تارىخىي ۋەقەلەرگە ئائىت تەتقىقات ماتېرىياللار كاتولىكى ئۈستىدىكى ئىزاھاتلىرىم، يەنە بەزىلىرى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر كۆز قاراشلىرىم، قاتارلىقلار...

بۇ نەرسىلەر چالا، ئالدىراپ يېزىلغان نەرسىلەر بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىلمىي قىممىتى بار. بۇ نەرسىلىرىمنى خەلققە تەقدىم قىلىشنى، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى، تارىخىي ۋە ئېتنوگرافىيىسى ئۈستىدىكى يورۇتۇشقا تېگىشلىك بولغان زورزور تېمىلاردا ئۆز قاراشلىرىمنى دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. مەن قاچانغىچە يېزىپ تاشلاپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىمەن؟

خىياللار مېنى ئازابلايدۇ، ئارزۇ، ئۈمىد مېنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. لېكىن مەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتىنى ئويلايمەن ـ دە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىمەن: «ئۈچ ۋاقلىقىغا ساپلا زاغىرا يەپ، جۇل ـ جۇل كىيىم بىلەن يۈرۈۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى يوقمۇ؟ ئۇلار مايلىق تاماق، ئىسسىق كىيىم، پاكىز ـ ئازادە ئۆيلەرنى ئارزۇ قىلمامدۇ؟»

ئۆيقۇم قاچتى، جىمجىت كېچىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئۆيۈمنىڭ كەينىدىكى دۆڭ ھازىر دۇخاۋىدەك چىمەن بىلەن قاپلانغان. ئىللىق باھار شامىلى تاغنىڭ دېۋىرقاي پۇرىقى بىلەن گۈللەر ھىدى ئارىلاشقان غول ئىپارلىرىنى پۇرتۇپ تۇرىدۇ، مەن راھەتلىنىمەن، قارىغات، پۈلجۈرگەنلەردىن لەمپە بولۇپ قالىدىغان، شەبنەملىرى سۈزۈك ساي تاپانلىرى بىلەن، ھەسەل ھەرىلىرى غۇڭۇلداپ تۇرىدىغان بۆك چاتقاللار ئارىسىدا تولغىنىپ، ئويناقشىپ ئاقىدىغان تاغ سۇلىرىغا رەھمەت ئېيتقۇڭ، ئۇلارنىڭ قوينىدا ئېغىنغۇڭ كېلىدۇ.

مەن توقۇلما ياقىلىق پاختىلىق چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ دۆڭدىكى يۇمران مايسىلار ئۈستىدە يانپاشلىدىم، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ۋىل ـ ۋىل ئوت چېكىتلىرى (بۇ ئەلۋەتتە چوڭ ئوران كانى — تالدى غولى) كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۈشكىلىك تېغىغا قارىدىم. ئاشۇ بايتوقاينىڭ جىمجىت يېزىسىدا مېنىڭ دىلئارامىم مومىنىنىڭ بويىنىغا قولىنى سېلىپ ئۇخلاۋاتىدىغاندۇر. ئۇ بۇ يىل سەككىز ياشقا كىردى. ئۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولمىغىنى بىلەن ھاياتىمدىكى بىر خۇشاللىقىم، بىچارە كىچىك ئانام قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئەتىلا ماڭسام، ئەمدى ئادەم ئۇتەمىغاندىكىن بالامنىڭ يېنىغا بارسام، ئوغلۇم ئەلىنى ئىزدەپ تاپسام، بىرجوپ بالام بىلەن قالغان ھاياتىمنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزگىلى، ئۆزۈم قىلالمىغان ئىشلارنى باللىرىمغا تاپشۇرغىلى بولامتىغۇ؟ لېكىن بۆرە كەلمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ماڭا ئىشەنچلىك خەۋەر ئەكېلىشى كېرەك. ئۇ غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئارۇپ بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەرگەن. ئۇ ئارۇپنى ئىزلەپ چىقىشىمۇ مۇمكىن، دىدارلىششقا ئاز قالدى، بەلكى مېنىڭ ئارزۇلىرىم ئىشقا ئاشىدىغان كۈنلەرمۇ يىراقتا ئەمەستۇر ...

ھويلامنىڭ ئالدىدا يالت ـ يۇلت قول چىرىقى ياندى. مەن بۆرە كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، نېرىقى چىغىر يول بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ چوڭ يولغا چۈشتۈم.

— كىم؟

— مەن ... — ئايال كىشىنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سىز؟ — مەن چۆچۈپ توختىدىم، — بىر ئىش بولدىمۇ؟

دېھقانلار دائىم مەندىن ھاجىتى ئۈچۈن بىر نەچچە سوم پۇل ئۆتنە سوراپ كېچىسى كېلەتتى، مەن دەرھال ئايالنى كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يانچۇقۇمنى كولىدىم.

— مەن ... زەينەپ ...، — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — ئۆزەمچىلا ... نېمە قىلىۋاتىدىكەن دەپ ...

— خاپا بولماڭ، زەينەپ سىڭلىم، ئىشىڭىز بولسا كۈندۈزى كېلىڭ.

— كۈندۈزى؟ — ئۇ ماڭا يېقىنلاشتى. — مەن داچىدىم ... سىز ئايال كىشى بولغان بولسىڭىز ماڭا

ئوخشاش تۈل چوكان بولغان بولسىڭىز، كۈندۈزى يىگىتلەرنىڭكىگە ھاجەت بىلەن كىيلەتتىڭىزمۇ؟

ئاسماندىكى تېخى تولمىغان ئاي ئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئاستا شۇڭغۇپ چىقتى.

— مەن سىزنى چۈشىنەلمىدىم سىڭلىم.

— ئۆيىڭىزگە باشلاڭ، — دېدى ئۇ ئېگىكىدىن تېگىشۇالغان گەرىس ياغلىقىنىڭ چۈچىسىنى بارماقلىرى بىلەن تىتىپ تۇرۇپ، ماڭماسلىقايان قاراپ. ئۇنىڭ ياغلىقتىن دوپ ـ دومىلاق، بولۇق چىقىپ تۇرغان مەڭزى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن غۇۋا ئاي نۇرىدا قارامتۇل يۇقا پەردە ئىچىگە يوشۇرۇنغاندەك كۆرۈنگەن چىرايى، قىيغاچ قېشى ماڭا بىردىنلا «تىنچ دون» رومانىدىكى شوخ چوكان ئاكسىنيانىڭ چۈپ چاپقىلى چىققان پەردە گىرىگورى بىلەن ئۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدىكى تەسۋىرنى ئەسلەتتى. لېكىن مەن گىرىگورىنىڭ رولىنى ئەپلەشتۈرەلمىدىم.

— كېتىڭ سىڭلىم، تېز كېتىڭ، راست. گەپكە ئىشىنىڭ، مەن سىزنىڭ كۆتكەن يېرىڭىزدىن چىقالمايمەن، بىلەمسىز، مەن بۇ خىل ئىشلاردىن ئاللىقاچان قول ئۈزگەنمەن.

— سىز ئەر ئەمەسمۇ؟ — ئايالنىڭ قوپال، مەسخىرە، تەنە ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— شۇنداقراق، ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈم ئۆلگەن. مەن ئاياللار بىلەن پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايمەن. پەقەت ياشاشنىلا خالايمەن، تېزرەك كېتىڭ!

مەن شۇنداق دېدىم ـ دە، ھويلامغا تېز كىرىپ قوش قاناتلىق كونا ئىشىكىمگە كىلىتاڭ سالدىم. بىردەمدىن كېيىن زەينەپنىڭ:

— يالغانچى، قورقۇنچاق! — دېگىنى ۋە شىبىرلاپ ماڭغىنى ئاڭلاندى.

ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن ياشامدۇ؟ بىر ـ بىرىگە يېقىنىپ، بىر- بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، يامان كۆرۈپ، خارلاپ، تىللاپ ـ قاغاپ ھەتتا قەستلەپ ياشايدۇ. دۇنيادا ئۆزگىگە تەلپۈنمەيدىغانمۇ بۇرەك بارمدۇ؟ ئاھ زەينەپ، مېنى كەچۈرۈڭ، سىزگە قوپاللىق قىلماسلىققا، يالغان يېتىماسلىققا، سىزدىن قورقماسلىققا ئىلاجىم يوق.

2

بۇرە ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپى كەتكەن ۋاقتىدىكىدىن ياخشى، روھى كۆتىرەڭگۈ ئىدى. ئۇ كۆكرىكىگە قادالغان يوغان ئىزنەكتىن نومۇس قىلىپ ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. ئادەم ئايىغى بېسىلغاندا ئۈنكۈگە كىردىم. ئۇ قولتۇقىغا قوپال گۈللۈك ماتۇق ياستۇقنى قىستۇرۇپ بىر كىتابنى ۋاراقلاپ ئەسنەپ، يانپاشلاپ ياتقانىكەن. ئۇ سالىمىمنى ئەستە ئىلىك ئالدى ـ دە، يېنىدىكى كۆرپىنى ئىشارەت قىلىپ:

— كەل ئەپەندى. — دەپ قويدى.

— قانداقراق؟

— ماڭا يوق يەردىن ئىش تېپىپ بەردىڭ. بىلەمسەن، سېنىڭ ھېلىقى مەدەنىي گەپلىرىڭنى يادلىماق قىيىنلىقى يادلىماقتىنمۇ تەس چۈشتى. ئاسلا قالدىم. شۇجىلىقىڭنىمۇ، ئاكتىپلىقىڭنىمۇ ئالە، دەپ پەشنى قېقىپ قاچقىلى، ئۆمرۈمدە مۇنداق قىيىن ئىشنى كۆرمىگەن. غۇنچۇنىڭ ئازابىنى كۆرسەتتى، ئۆتلۈك ئېتىمدىن چۈشۈپ كەتتىم!

— نېمىلا قىلغان بىلەن ئاكتىپ بولماق بىزدەك گېزەندە بولماقتىن ياخشى دېگىنە.

— قۇرۇۋسۇن، ئاكتىپلىقنى ئېلىپ، ئون قېتىم گېزەندە بول، ناھىيىدىن ئورۇمچىگە ئۆملەپ بارغىن دېسىمۇ مەيلى دەيتتىم. يادلىماقنىڭ تەسلىكى، نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىمەكچۇ تېخى؟ تۇۋا، دەيمەن باياتىن. قىلغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق. ئورۇق كالىنىڭ تېزىكى چوڭ دېگەن مۇشۇدە. ئويلىمىغاننى ئويلىدىم دېدىم، تېرىقتەك ئىشنى كاۋىدەك قىلدىم. ھەممىنى قىلغان سەن. يالغاننى قاملاشتۇرۇپ يازمىغان بولساڭ ماڭا بۇ كۈن يوق. ئىتتىڭ بالىسى!

— داۋۇتۇمنىڭ دېگىنىنى قىلدىم، داۋۇتۇمۇ يەنە بىر ئاكىسىنىڭ دېگىنىنى قىلدى. بىز كۆپچىلىكنى ئالدايمىز، كۆپچىلىك بىزنى ئالدايدۇ. بىر ـ

بىرىمىزنى ئالداپ ئۆتىدىغان ئوخشايمىز. ئالداشنى بىلمەسەك بىزنىڭ ھاشىرەدەك سوتلىنىسەن!

— بۇ گېپىڭ جايىدا. ئەزالارمۇ دۈيجاڭلارنى ئالدايدۇ دېگىنە، ئەپلەپ - سەپلەپ نومۇر ئېلىشنىلا بىلىدۇ. مالچىلارچۇ؟ گۆش يېگۈسى كەلسە مال دوختۇرىنىڭ گېلىنى مايلايدۇ. مال دوختۇرى ساق قويلارنى كېسەل دەپ خەت قىلىپ بېرىدۇ. بىر قورا قوينىڭ يېرىمى ئارانلا قىشتىن چىقىدۇ. بىزمۇ گۇڭشېنى ئالدايمىز، گۇڭشې ناھىيىنى ئالدايدۇ. ماڭا قويۇپ بەرسە يالغان سۆزلىمەيدىغان، ئالدىمايدىغان ئىتنىڭ باللىرىنى ئاكتىپ قىلاتتىم. بىزگە ئوخشاش كاززاپلارنىڭ تىلىنى داغلايتتىم. ساڭا ئوخشاش يالغاننى قاملاشتۇرىدىغانلارنىڭ قولىغا مېتىن تۇتقۇزۇپ، توك چاپتۇرۇپ، قىغ يىغدۇراتتىم. ئەمگەك يالغاننى خالىمايدۇ. يەرنى ئالدىغىلى، مالغا ئەپسۇن ئوقۇغىلى بولمايدۇ. ھەي خوتۇن، قېتىپ قالدىڭمۇ، مېھمان كەلگىلى نەۋاخ، ھېچ چېيىڭ كەلمەيدىغۇ؟

— يەڭگەم خاپا، بازارلىقىڭنىڭ تايىنى يوق ئوخشىمامدۇ؟

— يالغانچىلىقنى قاملاشتۇرالىغاندىكىن «قاسقىر ئاۋۇز» تۇسۇپ كېتىدۇ، مەندىن چانسا قانداق قىلارمەن دەپ غەمدە قالدى يەڭگەڭ!

چاي ئورنىغا شورپا، نان ئورنىغا گۆش كەلتۈرۈلدى. ئائىلىنىڭ چوڭ ئوغلى قولىدىكى كىچىككىنە داس بىلەن مۆرىسىدىكى لۆڭگىسىنى جايىغا قويۇپ دادىسىغا قارىدى. دادىسى كىتابنى بالىسىغا تۇزىتىپ:

— قاتلاپ قويغان يەرلەرنى يادلا، يادلاشنى بىلمىسەڭ چاتاق ئىكەن، يادلىمىساڭ دورىيالمايدىكەنسەن، دورىيالمىساڭ ساڭا ئالقىش نەدە؟ مەن ئاكتىپ بولۇۋېدىم، قارىمامسەن ئەلا، ئوغلۇممۇ ئاكتىپ ياشلارنىڭ ۋەكىلى بوپتۇ. ئەمدى تۇي خوتۇنلىرىغا نۆۋەت كەلگەندە بىزنىڭ خوتۇنمۇ سەھنىدىن ئورۇن ئالىدىغان ئوخشايدۇ. تۇۋا، ھېلىقى قارىغۇ قەھرىمانى دېمەمسەن، قارىغۇ تۇرۇپ تۆت مودىن بىنەم ئورۇپتۇ، خامانغا كەلگەن ئوغرىلارنىڭ كىملىكىنى بىلىۋاپتۇ. ئاڭلىدىڭمۇ بالام، داداڭ قالتىس قەھرىمانلار بىلەن ئۇچراشتى. لېكىنزە ئەلا ئەپەندى، ھاراق ئىچەلمەي گېلىم، ئادەم تىللىيالماي تىلىم قىچىشىپ ئىتتەك زېرىكتىم!

مەن ئۇنىڭ مەسخىرە - تەنە بىلەن تولغان سۆزلىرىدىن ۋىجدان ئازابى تارتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ چۆلدە ئۆسكەن يولۋاس، ئۇ قانداقمۇ قەپەزگە كۆنسۇن، ئۇنىڭ پىكىرلىرى كەڭرى يايلاقتا قېيغىتىپ يۈرگەن توسۇن ئات، ئۇ ئات قانداقمۇ تار ئېغىلغا سىغسۇن؟ ئۇ قانداقمۇ ئۆز خاھىشى بويىچە كېلىپ قونمىغان شان - شەرەپ قۇشىنى «دۆلەت قۇشى» دېيەلىسۇن؟

بىز ئىچىشتۇق. ئىككى پىيالە ئاق ھاراق ئۇنىڭ شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى: ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ ھەممىنى تىللىغىلى، ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئۈرۈمچىگە ۋەكىل بولۇپ بېرىشتەك شان - شەرەپنى بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان لاۋزىلىق دېگىلى؛ ئۆزىنى بولسا يارامسىز، يەمسىز، كېرەكسىز تاغ بۆرىسى دېگىلى تۇردى.

مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراشقا ئۇرۇندۇم:

— ھە، مېنىڭ ئارۇپ ئاغىنەمنى تاپتىڭمۇ؟

— دېمىدىمما؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكى چېپەرقۇت ئۈجۈركىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئۇرۇپ - چۇرۇپ، — ئۇ خەت ئەۋەتكەنتىغۇ، قېنى ئۇ؟ ئىتنىڭ باللىرى تاش، ماناپ دېگەنلىرىڭ تازا ئىچمەكچى بولۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئۈستىگە كىرىپتىمەن، كىرىپلا: ئەلا ئەپەندىدىن سالام، بىلمەمسىلەر ئۇ ھازىر مېنىڭ كاتىپىم دېدىم. ھۆرمىتىڭ چوڭ ئىكەن جۇمۇ، نامىڭنى ئاڭلاپ ئۇلار ئاۋۋال بىر - بىرىگە قاراشتى، ئاندىن كېيىن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىشىپ، كۆزلىرىنى مىجىلدىتىشتى، ئاچچىقىم كېلىپ ئۈچىنىڭ بېشىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇپ: ئىتنىڭ باللىرى، ئاغىنەڭلەرنى سوقۇم قىلىۋەتمىدىم، بېقىۋاتىمەن، نېمىگە يىغلايسىلەر؟ دېۋىدىم، ئۇلار كۈلۈشتى. تۆت ئادەم ئون بوتۇلكا «ئىلى ئالىي سورتلۇق»تىن ئىچىپ بىر ئوغلاقنىڭ گۆشىنى يەپ بوپتىمىز، پۈتۈن گەپ

سېنىڭ ئۈستۈڭدە بولدى. گەپ جىق ئىكەن، ئۇلار سېنى خۇدا بىلىدىكەن، خوتۇنۇڭ، باللىرىڭ بارئىكەن، ھاشىر شۇجى قىيامەتلىك دوستۇڭ ئىكەن. ئۇنداق بولغاندىكىن سەن ئەپەندى ماڭىمۇ قىيامەتلىك دوست بولۇشۇڭ لازىم ئىدى. ئالا كۆڭۈل ئوخشايسەن. مەندىن سىر يوشۇرغىنىڭ نېمىسى؟ سەن يوشۇرغان بىلەن ئۇلار يوشۇرمىدى. ئۇلار ھېچنېمەڭنى قويماي دېدى: ئوقۇغان، ئىشلىگەن، يازغانلىرىڭ، مۈككەن ـ قاچقان، يىغلىغان، ئاياق يېگەنلىرىڭمۇ قالمىدى. مەنمۇ سېنىڭ تاغ ئىچىدىن ئۆلكىدەك ئىمسقىلاپ چىققانلىقىڭ، ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۈچ كۈن مىدىرلىماي ياتقانلىقىڭ، ماڭا مۇنۇ تەس سۆزنى يېزىپ بەرگەنلىكىڭ، كېچىلىرى جىن ـ چىراغ يورۇقىدا جىنلار بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىڭ،... ھېچنېمەڭنى قويماي سۆزلىدىم.

— ئۇلار يەنە كىملەرنىڭ گېپىنى قىلدى؟ — مەن تەقەززا بولۇپ كەمىنىڭدۇر خەۋرىنى بىلمەكچى بولدۇم، — مېنىڭ باللىرىم توغرىسىدا نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟

— ھاراق ئىچ! — دېدى ئۇ ماڭا تۈرۈلۈم ـ تۈرۈلۈم پېشانىسى ئاستىدىكى قىزارغان يوغان، قويۇق كۆزلىرى بىلەن سوغۇق قاراپ قويۇپ، — نەدىن بىلەي؟ ئۈچ بوتۇلكا جۇن ئىچكەن ئادەمنىڭ يادىدا نېمىمۇ قالسۇن؟ خوتۇنۇڭ چىرايلىق ئىكەن، ئىتنىڭ باللىرى قويۇۋېتىش ئۈچۈن چىرايلىقنى تاللاپ ئالسىلەر. خوتۇن دېگەننى ئۇستا بىدىكتەك پۈت ـ قول، چىش ـ كۆزلىرىنى بەكشۇرۇپ، ساڭا ئۇمۇر بويى ئاش بولۇشقا كۆزۈڭ يەتكەندىن كېيىن ئېلىشىڭ كېرەك. خوتۇن دېگەن ئىككى ئىشنى قىلىدۇ: بىرىنچىسى جېنىڭغا جان قوشىدۇ. جان دېگەن بالا. باللىرىڭنى تۇغۇپ بېقىپ چىرىغىڭنى ئۆچۈرمەيدۇ دېگەن گەپ بۇ. ئىككىنچىسى سېنى كۈتىدۇ. تاماق، چۆشەك، كىيىم، ھەتتاكى مېنىڭ تاماكىلىرىمنىمۇ خوتۇن ئوراپ قويىدۇ. ئۇلارسىز جانغا نەدە ئارام بولسۇن؟ سېنىڭ خوتۇنۇڭ چىرايلىق ئىكەن، چىرايلىق دېيىشىۋېدى. كۆز ئالدىمغا يۈزلىرى چاۋابىغدەك ئاق، ئاغزىلىرى يېگى

غۇنچىلىغان نامازشام گۈلىدەك كىچىك، ئەۋرىشىم ـ زىلۋا، گەپ قىلسا ھەممە يېرى تىترەيدىغان بىر ئەكە ـ ئايىتاڭ قىز كەلدى، راستمۇ؟ ئەپەندى، ھەممە تارتقۇلۇقۇڭ شۇنىڭ بىلەن باشلانغان. ساڭا چىرايلىق كۆرۈنگەن ئۇ قىزنى بىزنىڭ؟ موتۇ يېزىغا ئەكەلسەڭ ئۇتمەس ماتادەك باھاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. بىزگە مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇردىغان، پۇت ـ قوللىرى تۇم، بەللىرىمۇ ھارۋا ئېتىدەك قاۋۇل قىزلار گۈزەل كۆرۈنىدۇ. مانا شۇنداق قىزلارنى تاللىشىپ، قوللىرىمىزغا قامچا ـ سويلا ئېلىپ مەيدانغا چىقىشىمىز!

— قويسىڭىزا، ئېمانداق بىساپا گەپلەرنى قىلىدىغانسىز. باللار ئاڭلىسا ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — ئۇنىڭ ئايالى مېھمانخانىغا كىرىپ دېرىزە پەردىلىرىنى تارتىۋېتىش ئۈچۈن ئۆرۈۋېتىپ ئىرىگە ناز بىلەن تولغىنىپ، لەۋلىرىنى ياساپ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ شۇنداق دېدى، — خەت دېدىڭىزما؟ مەن ئۇنى چوكا سالغۇچقا سېلىپ قويغان، ئەپەندىمنىڭ ئىكەن ـ دە؟

مەن ئۇنىڭ ئۇششۇقىغا چۈشىدىغان قىزىل تامبىلىنىڭ كەڭ پۇشقىقىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاياق پۇتلىرىغا قارىدىم، ئۇنىڭ تاپانلىرى يېرىلغان، تىرناقلىرى قوشنىگىدەك مەزمۇت ئىدى. مەن دەرھال كۆزۈمنى قاچۇردۇم. مەن چىقىپ كېتىشىم كېرەك، چۈنكى مېنىڭ غىل ـ پال كۆزۈم چۈشكەن، سەككىز بالىنى چوڭ قىلغان بۇ تىنىمسىز ئايالغا پۈتۈن زوقى بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بۆرە مەندىن شۇنى تەلەپ قىلماقتا.

— ھاشىر چىقىدىكەن دېگىنە؟ — دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەن ئەمدى ناھىيىگە بىر بارسام بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— بىراقلا كېتەمسەن؟

— ياق، مەن بىراقلا ساڭا ئەزا بولمەن.

— گۆكشىدىن ساڭا ئېخى دېمىدىمۇ؟

— نېمىنى؟

— سېنى گۆكشىغا كاتىپ قىلماقچى، داۋۇت جۇرېن سېنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

— ياق، مەن ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلاشمايمەن. بۇ يەرنىڭ ئىسمى قورايلىق ئىكەن، مەن ئۆزۈمگە «قورايچى» دەپ تەخەللۇس قويۇپ يېزىقچىلىق، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

— نېمە دېدىڭا، نېمىشقا چۈشەنمەيمەن، قايسى ئىقلىمنىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتىسەن، ئىشنىڭ بالىسى ھوي؟

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. مەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلىدىم.

مەن تولىمۇ خۇشال، ئەتىگەنلىكى ھويلامدا تۇرۇپ ساي سۈيىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى ھاياجان بىلەن ئاڭلايمەن، نېرىقى قاپتالدىكى سىرلىق چىچەكلىك قىچا ئېتىزى ماڭا بولەكچىلا گۈزەل كۆرۈنمەكتە. سايغا تارتىم قىلىپ تۇرغان قىرى سۆگەت شېخىدىكى قۇشلارمۇ ماڭا يېڭىدىن، تەبرىكلىگىلى كەلگەندەك كۆرۈنمەكتە؛ ئېغ ئەركىنلىك، سەن قانداق سىرلىق ۋە ئەزىز ھە؟ ۋەھىمىسىز ياشىغان ئادەمگە كۆك ئاسمانمۇ، ئادەمزاتسىز چۆلمۇ كۆلۈۋاتقاندەك بىلىندىكەن. ھاشىر چىقسا، رازىيە بىلەن ئىپىشسا، مەنمۇ باللىرىم، گۈزەلناي بىلەن مونۇ تۇردى بۇرۇندەك كۆڭۈللۈك ياشىسام، قىممەتلىك ئىشىمنى خاتىرجەم ئىشلىسەم. ئۇ چاغدا كۆڭۈل جاراھەتلىرىم تېزلا ساقايغان، نادىرۇۋ بىلەن ساۋۇتوۋلارنىڭ ئارمانلىرىمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا كامال تاپقان بولماسمىدى؟ بۇ كۈنلەر كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئاخشام ئارۇپ بىلەن تاشنىڭ خېتىنى كۆز ياشلىرىم بىلەن نەمدەپ قايتا - قايتا ئوقۇدۇم. مانا ئادىتىم بويىچە يادلاپمۇ ئاپتىمەن: «سالام، ئۆركىگەن توشقان، ساڭا تەگلەنگەن مىلتىقلار يوقالدى، ئىزىڭغا چۈشكەن ماشىكلار قاپقاندا، سېنى ئوۋلىماقچى بولغانلار يولۋاس — يىلپىزغا دۇچ كەلدى، قارا بوران ئۆتۈپ كەتتى: قۇرماش ئۆيىدە، لېكىن ئوندىمەس بولۇپ قاپتۇ. ئوسمان تۈرمىدىن قاچقان، ھازىرغىچە دېرەكسىز، زۇلخۇمار دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى. تاش بىلەن ئارۇپ پاكارسېنىڭ يولۇڭغا تەقەززا، ھاشىر سېنىڭ قەھرىمانلىقىڭ ھېسابىغا ئۆلۈمدىن ئامان قالدى. ئۇ ھازىر تۈرمىدە «ئۇلۇغ غايە» توغرىسىدا سىياسىي مەھبۇسلارغا لېكسىيە سۆزلەپ ياتقۇدەك. ئۇ يېقىندا چىقىدۇ - دە، ناھىيىگە يەنە شۇجى بولىدۇ. ئۇ چاغدا سەن بىلەن بىزنى يەنە ئىشقا تېگىشىدۇ...» مەن دوستلىرىمنىڭ خېتىدىن خۇددى بىر ياخشى كىتابتەك ھوزۇر ئالىمەن. بىز بىر سىنىپتا ئوقۇغان يىگىتلەر، ھەممىمىز دېگۈدەك ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتۇق، دوستلىرىمىزغا كىتابلاردىكى ئوخشاش مىجەزلىك ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىنى لەقەم قىلىپ قويۇۋالاتتۇق. ئارۇپ پاكارنى بويىغا قاراپ «تىيىر» دېسەك يەنە بىر دوستىمىزنى «گراسىم» دەپ تۇرگىنېۋنىڭ «مومۇ» ناملىق ئەسىرىدىكى كېكەشنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايتتۇق. بىرسىنى چىچىكوۋ، بىرسىنى كۆك يېجى، بىرسىنى ئارتامانوۋ، بىرسىنى ماھمۇت پوچى(1)... دەيتتۇق. لەقەمسىز بىرسىمىز يوق ئىدۇق، لەقەملىرىمىزگە كۆنۈك ئىدۇق، لەقەم بىلەن چاقىرسا «ھە» دەيتتۇق... مەن دوستلىرىمنىڭ خېتىنى ئوقۇۋېتىپ ياشلىق چاغلىرىم، ئارزۇ، ئۈمىدكە باي دەۋرىمىزنى ئەسلەپ ئىچ - ئىچىمدىن دوستلىرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. لېكىن ئارۇپ بىلەن تاشنىڭ خېتىدىكى گۈزەلناي توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى يادلاشنى خالىمايمەن. ھەتتا ئۇنى ئوقۇپ قويغىنىم ئۈچۈن كۆڭلۈم ئەسكى. مەن پەقەت باشقىلار ئوقۇسا خەۋەردار بولسۇن دەپلا بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى خاتىرىلەپ قويدۇم. ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان جايىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۆزگەرتىلگەن ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆي، باغ، لاپاسلىرىنى گۈزەلناي قولىغا ئېلىپ ئەللىك ئالتە مىڭ سومغا سېتىپتۇ. بۇ پۇلدىن يىگىرمە مىڭ سومغا شەرق مەھەللىدىن چاققانغىنا بەش ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋاپتۇ. ئادىلە بىلەن ئىككىسى ھازىر شۇ ئۆيدە ئىكەن. ئەلى بىلەن دىلئارامۇ شۇلارنىڭ يېنىدا ئىكەن. ئادىلە بىلەن گۈزەلناي ئىككى ماشىنا بىلەن رېشىلىيە

---

(1) «غازات دەر مۇلكى چىن» دىكى ياغاچىن ئۇەمبىزەك ياھىنغان شوخكىنى. [illegible]

ئىشلەيدىكەن. رەشىلىيەنى ھېلىقى كومىسسىيونچى پۇل قىلىپ بەرگۈدەك. ئۇلار ھازىر باياشات، خۇشال - خۇرام ياشاۋېتىپتۇ. ئادىلە ھېلىقى ئېرىنى تاشلاپتۇ. ئۇلار يەكشەنبە كۈنلىرى بىر خىل ياسىنىپ، باللىرىنىمۇ بىر خىل ياساپ كوچا ئايلىنارمىش. كومىسسىيونچى ئۇلارنى كوچىنىڭ بېرىچە شوخ يىگىتلەرنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ساقلاپ تۇرغۇدەك. بۇ ئەلۋەتتە ياخشىلىق، پاجىئە شۇ يەردىكى: گۈزەلئاي كومىسسىيونچىنىڭ ھىمايىسىنى قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ قورۇ - جايىنىڭ قولىغا تېگىشىدە كومىسسىيونچى، ئادىلەنىڭ ئېرى ۋە رەقىپلەر خىزمەت كۆرسەتكەنمىش. دېمەك، گۈزەلئاي مېنى راستلا ئۇنتۇماقچى، مەن ئۈچۈن ئازابلىنىش ئۇنىڭغا يات. ئۇ ئەكسىچە ئەيشى - ئىشرەت كويىدا... بەس، شۇنچىلىك يازسام يېتەرلىك. مەن كۈندەشلىك ۋە نەپرەت بىلەن ئۆرتەنگەن قەلبىمدىن خاتىرەمگە مۇنداق بىر قوپال سۆزنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن: «ئۆز سۆيگىنىنىڭ كۈندەش قوينىدا ياتقىنىنى بىلگىنىدىن كۆرە، كىشىگە ئۇنىڭ قاراڭغۇ گۆردە ياتقىنىنى بىلگىنى ياخشىراق.» بۇ ئاچچىق گەپ بۇيۇك يازغۇچى بالزاكقا تېگىل. لېكىن بۇ سۆز مېنىڭ كۈندەشلىك بىلەن يارىلانغان دىلىمغا تەسەللى بولالايدۇ...

بۈگۈن قولۇم ئىشقا بارمىدى. سايغا چۈشۈپ كەتمەك، قېرى قارىياغاچلار ئارىسىدىكى بېدىلىككە بېرىپ باش ئۇرۇم بېدە چېپىۋاتقان يىگىتلەر بىلەن بىللە بولدۇم. يىگىتلەر چالغا چېپىۋېتىپ ناخشا ئېيتىدۇ، قايراق قايرىۋېتىپ چاقچاقلىشىدۇ، چاي ئىچىشىۋېتىپ چېلىشىدۇ. ئۇرۇپلا بەسلىشىدۇ، تىللىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنۋى ئوزۇقىغا تەشنا دىللىرى ھازىر بىلگەن، كۆرگەنلىرىدىن رازى ئەمەس، مەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىتابلاردىكى ھايات، بىلىم توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس گەپ قىلىپ يورۇپ يېڭى خىيال، ئارزۇ - تىلەكلەر ئورۇقىنى چاچقانىمەن. ئۇلار پاراڭلىرىدا چەت ئەللەر، كىتابلار، يېڭىلىقلار توغرىسىدىمۇ سۆزلىشىپ قويۇشىدۇ. بۇ، لېكىن يەنىلا ھاراق، ئات، ئىت، ئوغلاق، چېلىش، ناخشا، شەھەر توغرىسىدا سۆزلىشىشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ.

— بەسلىشەمسەن؟

— نېمىشقا؟

— زېرىكىپ كەتتىم.

— ھە ماقۇل. نېمە قىلىپ؟

— ھاراق ئىچىپ.

— نەچچە بوتۇلكا ئىچىمىز؟

— بىردىن ئىككىنى.

— نېمىگىنى تىكىسەن؟

— بىردىن پاخلان.

— ماقۇل دە، ئىچ. ئاخشاملىققا ئولتۇرۇش! — كۆپچىلىك ۋارقىراشتى، سالاچىلار كۆپەيدى. تومۇزدا قۇرۇقتىن - قۇرۇق ئىككى بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئوتكىلا بۇلۇپ ئىچىش، يىقىلغان ياكى ياندۇرغان كىشى بىر پاخلان ئۇتتۇرۇش يېزىلىقلار ئۈچۈن قىزىق تاماشا؛ لېكىن مەن ئۈچۈن بۇنى تاماشا قىلىش لېرمونتوۋ بىلەن بلانت ئارىسىدا، ياكى پۇشكىن بىلەن دانتىس ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن دۇئىلنى كۆرۈپ تۇرغاندەك قورقۇنچلۇق. مانا بۈگۈنمۇ بىرسىنىڭ يىقىلغىنى، يەنە بىر غالىبىنىڭ ئۇستەڭ شاقراتمىسىدا نەچچە سائەتلەپ سۇدا ياتقىنىنى كۆردۈم. چەكلىك، تەكرارلانغۇچى، تەقەززا قىلغۇچى بىر خىل ھايات ئۇلارنى زېرىكتۈرگەن، كۈنلىرى، ئايلىرى ھەتتا يىللىرى بىر - بىرى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولغان ھاياتمۇ خۇددى كۈنىگە ئۈچ ۋاق يېيىلگەن جەۋەندە ناندەك جانغا تېگىدۇ. جېنى ئىچىگە پاتمايۋاتقان بۇ يىگىتلەر ناۋادا ئىمكان بولسا ئۇلۇپ بېقىشقىمۇ، دوزاق ۋە جەننەتلەرگە كىرىپ بېقىشقىمۇ تەييار. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ساداقەت، مەرتلىك، نوچىلىق، قاراملىق، ئىنتىلىش، لەززەتلىنىش قانارلىق ھېسسىي بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىدىغانغا بازار - جاي ئىزلىگۈچىلەر. ئۇلار ئەنە شۇ ئىزدىنىش يولىدا ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ - دە.

يېزا ماڭا ئەمدى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ. مەن ئۆمۈر بويى ...نىڭ ھاۋالىق يېزىدا يەنە قىرىق - ئەللىك يىل

ياشارمەن. تۇرگېنىۋ ئەللىك نەچچە يىلدا قانچىلىك كىتاب يازدى؟ تاگور، تولستوي، گېيوتى، گېيۇگولارچۇ؟ ئەللىك يىلدىن ئاتمىش نەچچە يىلغىچە ئەسەر يازغان. بۇ ئۇلۇغلارنى ئۈلگە قىلىپ قالغان ئۆمرۈمنى ئاشۇ دېھقان ياشلىرىدەك بىر خىل ئىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەن نېمىشقا يارىمايدىكەنمەن؟ ئايلىق خىراجىتىمگە ئوتتۇز سوم باياشات يېتىشىدىكەن، باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇئەللىم بولۇۋالسام بەلكىم ئەللىك سەككىز سوم پۇلۇمنى ئەبىنى بېرەر. بۇ پۇلۇم كىچىك ئائىلەم ئىككىمىزگە يېتىدۇ. ئازراق ئەمگەك قىلسام، باللار بىلەن ئەمەك بولسام، قالغان ۋاقتىنى ئوقۇش، يېزىش بىلەن ئۆتكۈزسەم، كېيىن بەلكى جاھان ياخشىلىنىپ قالار، ئۇ چاغدا يازغانلىرىم نەشىر قىلىنار، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر نەچچە كىتابنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالسام بەلكى مېنىڭ قەلىمىم بىلەن پۈتكەن كىتابلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىن مېنىڭ بۇ خاتىرىلىرىمنى ئوقۇيدىغانلار چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بۈگۈن يەكشەنبە، ئىيۇن ئاخىرلاشتى، بۇلبۇل مەست بولۇپ زوقى بىلەن تەبەسسۇتنى ماختىماقتا. ئەجەبا، بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىمۇ يەتتە ئۆزگىرىش بار ئىكەن. ئۈيغۇر — ئىللى ناخشىلىرىدىكى يەتتە ئۆزگىرىش شۇنىڭدىن ئېلىنغانمۇ؟ ئەنە بۇلبۇل دېرىزەم تۈۋىدىكى قىزىلگۈلگە قونۇپ سايرىماقتا. ماڭا تىنچ، سالقىن يازكېچىسى بۇلبۇلنىڭ ھەمراھ بولغىنى قانداق ياخشى-ھە؟ ئۇنىڭ ئاۋازى نىمانچە زىل، ئۇ ماڭىلا شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيۇلۇۋاتامدۇ ياكى ھەممىلا ئادەمگە شۇنداقمۇ؟ ياق، ماڭىلا شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن يوشۇرۇپ نېمە قىلىمەن؛ ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا بىرسىنىڭ زىل ئاۋازلىق ناخشىسىنى ئەسلىتىدۇ. گۈزەللىكنى بالىسىنى ياخشى بېقىش ئۈچۈن ھېيلىقلارغا بېرىلىنىشقا مەجبۇر بولغان بولسىچۇ؟ مەن نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز گۇمان قىلىمەن، نېمىشقا ئازابلىنىمەن؟ ماڭا كۆڭۈللۈكرەك باشقا ئەسلىمە يوقمىدى؟ ھە، راست رىزۋان توغرىسىدا، ياقۇپنىڭ ئۆپكىسىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان چىرايىدىكى مۇھەببەت تەپتى توغرىسىدا، قىسقىسى باشقىلارنىڭ بەختى توغرىسىدا ئويلاشمۇ كۆڭۈللۈك ئىشقۇ!

بۈگۈن چىڭقى چۈشتە سايدىكى بۇلاق بويىدا سوغ سۇ ئىچىپ ئولتۇرىمەن. بۇلاق بېشىدىكى مەجنۇنتاللار سۈزۈك، مۇزدەك سۈيى بىلەن جاننى ئارام بېرىدىغان بۇ نەچچە يۈز يىللىق بۇلاقنى قايرىما كىرپىكتەك قوغداپ، ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ. مەن تۇيۇقسىز يۇقىرىدىكى يول تەرەپتىن كېلىۋاتقان قىزنىڭ قارلىق سۆھبەتنى ئاڭلاپ قالدىم.

— زەينەپ... نېمانداق مېنى كۆرسىڭىزلا تەتۈر قارىۋالىسىز؟

— ئۇۋۇ ۋاش، يولنى تورىماڭا، ياقۇپ، تىللىۋېتىمەن جۇمۇڭ!

— تىللاڭ، ئۇرۇڭ، غىڭ قىلسام ئۆلەي، تىلىڭىزنى ئاڭلىسام، تايىقىڭىزنى يېسەم دەپ سىزگە چوكان دېمەي يالۋۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن، نېمىشقا مېنى ياراتمايسىز؟

— ئاۋارە بولماڭ ياقۇپ، مېنىڭ بېشىم باغلاقلىق!

— نېمە، كىمگە؟

— بىلمەمسىز تېخى؟ ئاۋۇ يىگى كەلگەن بويتاق ئەپەندىگە.

— نېمە، ئەلا ئەپەندىنى دەمسىز؟

— ھە، نېمە بوپتۇ، مېنىڭ ئەپەندىگە يارىغۇچىلىكىم يوقمىكەن؟

يىگىتنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئازابلانماقتا، ماڭا غەزەپلەنمەكتە. مەن ئۇنىڭدىن بەتتەر ئازابلانماقتىمەن، چۈنكى ئۆز ئۇستۇنلۇكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن كۈلىدىغانلار ۋىجدان ئاسىيلىرى، ئۆز ئۇستۇنلۇكى بىلەن ئازابلىنىدىغانلارچۇ؟ ئۇلار ھەقىقىي ئادىمى. مانا بۇ مېنىڭ مەنتىقەم. زەينەپ مۈرىسىدىكى ئەپكىشنى ئوينىتىپ ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇ نازلىنىپ مەيدىسىنى تۇتۇپ قىزىرىپ كۈلدى:

— توۋا، مەھەللىدىكى سۆز - چۆچەكتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— ياق !

ھەممە خەقنىڭ ئىغىزىدا گەپ، مىنى سىزگە چاپلاپ... ۋىيەي، سىز قاچانغىچە تۇرىسىز؟ بۇدۇنەمىنىڭ تۈۋسى يوق. نەگە بارسا ۋىتۇالداق دەپ، يا... ئادەمنى داغدا قالدۇرارسىزمۇ؟

گۇرۇچىنى خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپ قاپتۇ. دىگەندەك ئىش بولغان ئوخشايدۇ. مەن تېخى بۇ چوكان توغرىسىدا بىر قىتىممۇ ئويلانغىنىم يوق. چوكان بولسا شوخ ئاياللارنىڭ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاۋىرىپ تۈزىچىلا شۇنداق قارارغا كەلگەن ئوخشايدۇ.

مەن جاۋابمۇ بەرمەي بۇلاق سۇيىدە يۈز يۇيۇش ئوچۇن ئىگىشتىم. چوكان ئەترايقا يالت ـ يۇلت



قارىۋالدى ـ دە تېخىمۇ جۈرئەت قىلىشقا باشلىدى:

— ھەممە ئادەمنىڭمۇ بىشىدا بار ئىش، ئادەم نومۇس قىلىدىكەن، بۇرۇنقى ئىرىم ھاراقكەش ئىدى، ھاراق بىلەن ئۆلدى. يامان كۆڭۈل ئاغرىقى تارتتىم ـ دە، سىز نىچمە يىدىغانسىز؟

مەن كۆلۈپلا قويدۇم.

— ئوۋ ۋاش، تازا مۈرىمەسكە تۆچرىدىممۇ نىمە؟ ئويغۇڭىز ئىچىلمىغانمۇ يا؟! مانا ئەمسە!...

چوكان چۆمۈچ بىلەن سۇ ئىلىپ يۈزۈمگە چاچتى ۋە مىينىگىدىن بۇ چاقچاقنىڭ داۋامىنى تاما قىلىپ قوللىرى بىلەن يۈزىنى ھىمايە قىلدى. مەن بولسام مايكامغا كىرىپ كەتكەن سوغ سۇدىن ئەندىكىپ مايكامنى بەدەندىن ئاجرىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدىم. چوكاننىڭ رايى قايتتى ئەتمالىم. بۇلاق بىشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋىلىپ دىدى:

— سىزنى ئەپەندىچىلىكتىن نىمشقا ھەيدىدى؟ ئوقۇغۇچى قىزلارغا يا...

— ناچارلىقىمدىن ھەيدىدى.

— قانداق ناچارلىق قىلغانىدىڭىز؟

— بالا ئوقۇتۇشقا يارىمىغان ـ دە.

— ئەمدى ياراۋاتىسىزغۇ، مىنىڭ ئىنىم چوڭ بولسام ئەلا ئەپەندىمدەك بولسەن دەيدۇغۇ ئەمسە؟

— يارامسىز بولماقچىكەن ـ دە.

— ۋىيەي سىز قانداق يارامسىز بولسىز؟ ھە، راستلا سىزنىڭ قىزىڭىز باركەن ـ ھە؟

— ھەئە.

— بۇرۇنقى ئايالىڭىز نىمە ئىش قىلاتتى؟

— بىكار.

— نىمشقا قويىۋەتكەن؟

— ئۆلگەن.

— چىرايلىقمىدى؟

— ھە ئە.

— يەنە چىرايلىقتىن تاما قىلىدىكەنسىز ـ دە ئەمسە؟

— شۇنداق.

چوكان «ئوھـ !» دىدى ـ دە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ

ئەپكىشنى مۈرىسىگە سىلاپ ،سۆدىكى تۈز كۆلەڭگىسىگە قاراپ قويدى ۋە تۈزۈن چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ ئوسمىدىن قارايغان قاشلىرىنى ھىمىرىپ قويدى - دە، بەلبۇرۇم كۆينىكىنىڭ بەللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ياغلىقىنى چىڭكىلەپ تاڭدى، ئەڭ ئاخىرىدا ماڭا يەنە قايرىلىپ قارىدى:

— بىزنىڭ ئۆيگە تونۇگۈن ئەلچى كەلدى، گۇڭشىنىڭ بىر كادىرىغا دەپ كەپتۇ. دادام قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق دېگەن ئوخشايدۇ. باغلاقلىقمىكىن دېسەم يا سىزنىڭ ئەلچىڭىزنىڭ تايىنى يوق.

مەن يەنە گەپ قىلمىدىم، چوكان مېنىڭ پەرۋاسىزلىقىمدىن رەنجىدى ئېھتىمالىم، ئەپكىشنى لىڭشىتىپ يوقىرىغا چىقىپ كەتتى.

چوكان كەتكەندىن كېيىن مەن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يىنىكلەپ قالدىم. بۇ ساغلام بەدەن، قاملاشقان چوكان نېمىشقا ماڭا باغلىنىپ قالغاندۇ - ھە؟ پۇشكىننىڭ «پولتاۋا» داستانى يادىمغا كەلدى. داستاندا كىنەز قىزىنىڭ ئاتمىش نەچچە ياشلىق ئاتامانغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئەمدىلا يىگىرمە ياشتىن ئاشقان چوكان ئوتتۇز نەچچە ياشلىق ئادەمگە نېمىشقا قىزىققاندۇ - ھە! مەن تۈزۈمچىلا خاپا بولۇپ قالدىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — ئىككى يىگىت چالغىلىرىنى مۈرىسىگە سىلاپ يېنىمغا كەلدى. مەن چالغا چىڭدىغىلى كەلگەنلەر دەپ پەرۋا قىلماي مىڭىۋېدىم، قاۋۇل، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى يىگىت ماڭا قاراپ:

— توختاڭ ئاكا، سىزگە گەپ بار، — دېدى.

— خۇش!— مەن ھەيران بولدۇم، ئىككى قاۋۇل يىگىت چىرايلىرى تۈمسە، جىددىيلەشكەن، نېمە دېيىشنى بىلمەي ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— بىردەم ئولتۇرسىڭىز ئىكەن!

— مېنىڭ ۋاقتىم قىس.

— قىز - چوكانلارغا ئەجەپ قىس ئەمەسكەنغۇ؟ — دېدى گەپ قىلماي تۇرغىنى گۇكىرىپ.

— نېمە دېمەكچىسەن ئۇكام؟ — مېنىڭ ئاچچىقىم كەلدى.

— گەپىنىڭ تۈزۈننى قىلالىمۇ، قىسقىسىنى؟

— قىسقىسىنى قىل! — دېدىمەن خاپا بولۇپ.

— ئانداق بولسا رىزۋاندىن قول ئۈزۈڭ، ئەلىيىڭىز بارئىكەن، بۇگۈن كۆڭلىڭىز تۈيىدىمۇ، ئۇشۇق گەپ قىلماي ئۇنى بولغا سالدىڭىز، سەللا قىڭغىر دەسسىگەن بولسىڭىز بۇگۈن ئىش باشقىچە بولاتتى، — دېدى ئالدىدا گەپ قىلغىنى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ. مەن ئۇلارنىڭ نىيىتىنى چۈشەندىم - دە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

— مېنىڭدىن ئەنسىرىگىنىڭلار ئارتۇقچە. چىشلەيدۇ دەپ قويدىن قورققاندەكلا بىر ئىش، رىزۋانگۇلمۇ ئۇ قىزنىڭ ئېتى؟ مەن ئومۇمەن قىز - چوكانلار توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئويلىغىنىم يوق!

ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇشتى ۋە خىجالەت بولۇپ:

— ئۇنداق بولسا ياخشى ئەپەندىم، مۇنۇ ياقۇپ ئۇنىڭغا ئاشىق. ئۇنى ئالمىسا ئۆلۈپمۇ ئالىدۇ دەڭا، ئاڭلىساق رىزۋان سىزدىن تاما قىلىپ يۈرگۈدەك. قاغا جىنىدا ئۈز ئۈزۈڭدىن قىزغىنىدۇ ئەپەندىم. ياقۇپ ئىككىمىز خىلىدىن بېرى سىزنىڭ پېيىڭىزدا. يوشۇرۇپ نېمە قىلايلى، لېكىن سىزدىن ھېچ شەپە بولمىدى.

— مېنىڭ ئۆيلىنىش نىيىتىممۇ يوق. ناۋادا ئۆيلىنىشنى قارار قىلسام ماڭا باشقا لايىق تېپىلار ئىدى. ئۇكام ياقۇپ تەييارلىق قىل، باش چۈشۈرگەنى تۈزۈم قىلىپ بېرىمەن! — دېدىم خۇشخۇيلۇق بىلەن.

شۇ كۈنىلا ئاتلىنىپ بۇرۇنى ئىزدەپ تاغقا ماڭدىم. بىرىنچىدىن ياقۇپنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى، ئىككىنچىدىن ھەممىدىنمۇ مۇھىمى مەن زۇلياننىڭكىگە بېرىپ كىچىك ئانامنى كۆچۈرۈپ كېلىشىم، يوشۇرۇپ قويغان قوليازمىلىرىم بىلەن كىتابلىرىمنى ئەكېلىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرىنىڭ ياردىمى كېرەك. ھازىر ئۇنى كۆرمەكمۇ تەس بولۇپ قالدى. ئۇ ئۈزۈمچىگە بېرىپ «ئاكتىپلار»

يىغىنىدا مېنىڭ يېزىپ بەرگىنىم بويىچە يادلىۋالغىنىنى «دېكلاماتسىيە» قىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ «دېكلاماتسىيە»سى (مەن شۇنداق ئاتىۋالدىم) ناھايىتىمۇ چوڭ داغدۇغا پەيدا قىپتۇ. گېزىتلەرگە ئۇنىڭ بۇ سۆزى تولۇق بېسىلدى. مەن بىرگە ئۇنى قوشۇپ يېزىپ چىققان بۇ نەرسەمنى ئوقۇپ بىردە كۈلدۈم، بىردە نومۇس قىلدىم، بىردە ئازابلاندىم، قاراپ تۇرۇپلا باشقىلارنى ئالدىدىم. لېكىن مۇشۇ ئالدىنىش ھېسابىغا ئۇلار مېنى ھىمايە قىلماقتا. يالغان ئېيتىشمۇ بىر ماھارەت، قابىلىيەت ئوخشايدۇ. يالغان ھېسابىغا بۆرە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا ھەيئەت، ۋەكىل بولالىدى. مەنمۇ مانا ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت تېپىۋاتىمەن. گوڭشې بىلەن ناھىيە مېنى ھەدەپ تالاشماقتا. گوڭشېدىن مېنى كاتىپ قىلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئۆتۈنۈش. ئادەم كەلدى، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. داۋۇت جۇرېننىڭ دېيىشىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ مەندىن كەچۈرۈم سوراپ مېنى قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلماقچىكەن. لېكىن مەن ئەمدى ئۇنىمايمەن. مەن ئەمدى يالغانچىلىق ھېسابىغا ئىناۋەت تېپىشنى رەت قىلىمەن. بۆرىگە سۆز يېزىپ بەرگەنلىكىم مېنىڭ ۋىجدان ئالدىدا ئۆتكۈزگەن باشقا خاتالىقلىرىم قاتارىدا خاتىرەمنىڭ بىر بېتىدىن ئورۇن ئالسۇن. ھايات خاتىرىسى ھەر ئادەمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلىدىغان قىزىقارلىق خاتىرە، كۆركەم سۈرەت. ئۇ ئەلۋەتتە ھەرخىل: قىزىل، كۆك، سېرىق، قارا بوياقلار بىلەن گۈزەل بولالايدىغۇ؟

بۆرىنى بۇك قارىغايلىق ئارىسىدىكى كىگىز ئۆيدە قىمىز ئىچىپ، ياتقان يېرىدىن تاپتىم. ئۇ ماشىرەڭ شىم ـ تۇجۇركا كىيگەن، ئۆتۈك قونچىسىغا قامچىسىنى قىستۇرۇۋالغان. قىزىل كىتابلار سېلىنغان ماشىرەڭ سومكىسىنى يانپاشلاپ ياتقاندىمۇ بويىنىدىن ئالمىغان: ئۇ، بۇ كۆرۈنۈش بىلەن بىرىنچى سىنىپقا كىرىپ ھاياتىنىڭ يېڭى بوسۇغىسىدا مەست بولغان بەختلىك گۆدەككە ئوخشايتتى.

— بۈگۈن چۈشكىچە ئادەم يىغدۇق. جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش دولقۇنى قوزغىماق ئاسانمۇ؟ ئەللا ئەپەندى، ئۈرۈمچىدە قۇربان تۇلۇم، ئىسمايىل ھەسەن، يەنە نى ـ نى نەمۇنىچىلار بىلەن كۆرۈشتۈم. قۇربان تۇلۇم قوللىرىمغا سۆيدى. ئالقانلىرىمدىكى قاداقلارنى سىلاپ تۇرۇپ: «باتۇرنىڭكەنلا يىگىت، رۇستەمدەك قامەتلىرى، بەرزۇدەك كۈچلىرى بارئىكەن، تاغ يۆتكەشتە يۈيگۇڭ بوۋاينى يېڭىپ قويىدىغان ئوخشايلا!» دەپ چاقچاق قىلدى. مەنمۇ لايىقىدا: «ئەمما لېكىن سىلىگە يەتمەيمەن، ئىشەك بىلەن بېيجىڭغا بارماق ئاسانمۇ؟ سىلىمۇ پويىزنىڭ بۇقسىدەك كۈچلۈككەنلا» دېدىم.

بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. ئۇ ئوڭدا يېتىپ ماڭا قارىدى:

— ھە، بىر ئىشقا كەلدىڭمۇ ئەپەندى؟

— ئالاغا چىقساڭ، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— دەۋەرمەمسەن؟ — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن، ئۇ ھازىر خېلىلا ئۆزگەرگەن. مەن يالغان دەپ يازغان ھېلىقى «ئىش ئىز»لىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر راستقا ئايلىنىپ قالغان. باشقىلارنى ئۆز سۆزلىرىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ يۈرۈپ ئۆزىمۇ ئىشىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ ئۆزگەرگەن، ئۇ ھازىر ئادەتتىكى گەپلىرىنىمۇ كىتاب سۆزلىرى، ئۆزۈندىلەرنى قوشۇپ سۆزلەيتتى. مۇئامىلىسىمۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك ساددا، قوپال ۋە سەمىمىي ئەمەس، سۈنئىي ياسالما، باشقا ئادەمنىڭ چاپىنىدەك سىڭىشمىغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ كىگىز ئۆي ئالدىدىكى قارىغاي كۆتىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىدى:

— ياقۇپ بىلەن رىزۋاننىڭ تويىنى ئۆزۈم قىلىمەن، ھە، راستلا ساڭا دېمەپتىمەن: ھېلىقى ئەپەندى ئاغىنەڭ يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن چىقىدۇ.

زۇلپانىڭكىگە مەن ئادەم ئەۋەتەي، ئالدىرىما، سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئايىقى تىنجىدىمۇ، تۇقۇپراق ئىش قىلايلى. ئارۇپما، ھېلىقى پاكىنەك؟ شۇچىقمەن دېگەن، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر گەپ بولار، — دېدى. مەن ئۇنىڭ گېپىگە كۆندۈم.

ئەنسى داۋۇت. جۇرىن ئۆزى كەلدى. مەن كاتىپ بولۇشنى رەت قىلدىم. لېكىن مەھەللىدىكى قىبرى مۇئەللىمگە ياردەملىشىپ باللارنى ئوقۇتقاچ تۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئايلىق ئىش ھەققىم يىگىرمە بەش يۈەن نەق پۇل ئون بەش گۆش.

مۇھىمى مېنىڭ ئىشىم كۆڭۈللۈك. يەنە ئون ـ ئون بەش كۈندىن كېيىن باللارنى تەتىل قويۇپ بېرىمىز. مەھەللىدە بىرىنچى سىنىپتىن ئۈچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇيدىغان جەمئىي قىرىق ئىككى بالا بار. مەن بىرىنچى سىنىپنى ئاللىۋالدىم. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئۇتۇپ خەت يازدۇرۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. مەن ئىش ھەققى ئالىمەن، مۇقىم ئىشىم بار بىر يۇقرا. بۇ ماڭا خۇشاللىق. كۈنىگە توققۇز ـ ئون سائەت كىتاب ئوقۇش، يېزىش بىلەن بولىمەن. ئەرەب ـ پارس تىللىرى ئۆگىنىشنى مەشىق قىلىشتا ماڭا مەكتەپ مۇدىرى ھەم ئوقۇتقۇچىسى بولغان ئاتمىش نەچچە ياشلىق شەمشىدىن ئەپەندى ساۋاقداش بولۇۋالدى. ئۇ بۇرۇن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن، 1945 ـ يىلدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى كەچلىكى دېگۈدەك مېنىڭ يانىقىمغا كىرىدۇ ـ دە:

— خاپا بولىسىڭىزمۇ كىرىمەن، ئېمىشقا دېگەندە بىلىم ئۆگىنىشتە ئادەم دېگەن بۈرىدەك بۆسكەك بولمىسا بولمايدۇ. قېنى باشقىسىنى قويۇڭ، بۈگۈن «ھەيبەم تۇل ھەققايىق» نى ھە راستلا سىز «ئەتبە تۇل ھەققايىق» دېدىڭىز ھە! مەيلى شۇنداق بولسۇن، كۆچۈرۈۋېلىپ ئەجەب قىلىپسىزكەن ـ دە، ئاخشام بەشىنچى بابىنى تۈگەتتۇق، ئاخىرىسىغا ئۆتەيلى، — دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ ـ دە بەداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ كۆز ئەينىكىنى تارتىۋېلىپ ئوقۇشنى باشلايدۇ. مەن بەزىدە راستىنلا خاپا بولىمەن، چۈنكى مەن ئۆز پىلانىمدا ياكى خاتىرە يازىمەن ياكى خەنزۇ تىلىدىكى تارىخىي كىتابلارنى كۆرىمەن، ئۇ بولسا مېنى كىلاسسىك شېئىرلارنى ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ، مەن نارازىلىقىمنى چاقچاق بىلەن بايان قىلىمەن:

— سىز قىبرىغاندا يەنە قۇرئان يادلاشقا ئۆتكىنىڭىز تۈزۈك، بۇ شېئىرلاردىن سىز نېمە پايدا تاپىسىز؟

— ئەبۇ ناسىر مۇھەممەت فارابى سەكسەن يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇ تۇرغۇن تىل بىلگەن، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ھەتتا مۇزىكا قاتارلىق بىلىملەرنى پۇختا بىلگەن، بەنىي بىلىملەر ئۇنىڭ نامىنى بۇ دۇنيادا ئۆلمەس قىلىپ قالدۇردىغۇ؟ ئەپەندىم، نېمە دەپ يۈرىسىز تېخى، ناۋايى قىرىقتىن ئاشقاندا ئىجادىيەت ئۈچۈن ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بولسا مەن يەتمىش يېشىمدا ئولتۇرىمەن. مەن ئۆلگەندىن كېيىن تېخى مەن يازغان «خەمسە»نى نەچچە كېچە ئولتۇرۇپ كۆچۈرىسىز! — دەيتتى ئۇ.

شەمشىدىن ئاكا مېنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇنىڭ تەشۋىقاتى ماڭا نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپمۇ بەردى. بەزىدە يېزىدىكى تارىخ، تىل ۋە ئىجادىيەت خۇمارلىرى يانىقىمغا توپلىنىپ كىرىۋالاتتى ـ دە، يېرىم كېچىگىچە مېنى ئاۋارە قىلاتتى. بەزىدە ھەتتا يىراق گۇڭشىلاردىن زىيالىيلار، مولللار ھەتتا يېزا سازەندىلىرىمۇ كېلىپ پاراڭلىشاتتى. مەن ئۇلارغا سەرپ قىلىنغان ۋاقتىمنىڭ نۇرنىي تۇرغۇن ئۇيقۇ ۋە دەم ئېلىشلىرىمنى قۇربان قىلىپ ئارانلا تولدۇراتتىم.

— سىزگە ئەنە ياكى ئۆگۈنلۈككە بىر مېھمان كېلىدۇ، — دېدى ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — كىم دېمەمسىز؟ سىيت تارىخچى، شېئىرمۇ يازىدۇ، ئىسمى پازىل مولللا، سىزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ: دېمەك بىزنىڭ ئارىمىزغا بىر يۇلتۇز ئېقىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، بىزنىڭ بۇ كاككۇك، بۇلبۇللارغىلا ماكان بولۇپ كەلگەن بېغىمىزغا بۇلبۇل گويا كېلىپ قونۇپتۇ ـ ھە! يول رازلاستىكالنىقىنى پۈتكۈزۈپ ئىلاۋەتە

بارىمەن دېدى، قورقماڭ، خىرىدارلىقىنى مەن ئۆستۈمگە ئالىمەن! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— سىز مېنى ئازراق تەشۋىق قىلسىڭىزكەن ئاكا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا رەسمىي ئىلتىماس قىلىپ، — بىز خاتىرجەم مۇئەللىمچىلىك قىلساق دەيمەن.

— بەللى، بەللى! — دېدى بوۋاي خاپا بولۇپ، — مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىلى بۇ يىل يىگىرمە ئالتە يىل بوپتۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئون يىللىق خەلپەتچىلىكىم قوشۇلسا ئوتتۇز ئالتە يىل دېگەن سۆز. مۇشۇ يىرىم ئەر ئۆمرۈم ئىچىدە بىھۇدە ئادەم ماختىنىماپتىمەن، ئەمما ماختىغىم كەلگەندە مەن بىر مەدداھقا ئايلىنىمەن. مەدداھنى نەسىھەت بىلەن مەدداھلىقتىن ياندۇرغىلى بولامدۇ؟ ئەپەندىم، ئۆمرىمىز ئاز قالدى، سىلەرنى ماختاپ بولسىمۇ خۇش بولۇۋالايلى، بۇنىڭغا چەك قويمىسىڭىزكەن.

ئۇنىڭ بىر تالمۇ ئاق كىرمىگەن كۆتمەك بۇرۇتلىرى تىترىدى، قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى خۇما كۆزلىرىدىن نارازىلىق بەلگىلىرى بىلىندى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە قوينىدىن سارغىيىپ كەتكەن ۋاراقنى چىقاردى.

— مانا قاراڭ، ۋالى مەھكىمىنىڭ مىنى ھۆسەيىنلەر مەكتىپىگە مۇدىرلىققا تەيىنلىگەن بۇيرۇقى ئوقۇپ كۆرۈڭ! — دېدى. مەن ۋالى مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئوقۇدۇم. بۇيرۇقنىڭ ئاستىغا مۇنداق سۆزلەر شاپىگراف قىلىپ ئىلىنغانىدى:

«كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ مىھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مىھنەت يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇھەندىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت ـ دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مىھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.(1)

ئەخمەتجان قاسىمى

1949 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى»

مەن بوۋايغا قارىدىم. ئۇنىڭ مەقسىتىنى ياخشى چۈشىنەلمىگەنىدىم. بوۋاي كۈلۈمسىرىدى ـ دە، ۋاراقنى ئىلىۋېلىپ:

— سىز بىزدەكلەرنىڭ مەھبۇلى. بىلەمسىز؟ قايسىبىر دېھقان ئۆزىنىڭ ئورىشىغان ئاشلىقى بىلەن ماختانمايدۇ؟ قايسى باغۋەن مېۋىلىرى بىلەن، قوغۇنچى ئۆزىنىڭ ئابناۋاتلىرى بىلەن، ناۋاي ئۆزىنىڭ شىرمەن نانلىرى بىلەن ماختانمايدىكەن؟... لىكىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ماختىنىش ئاز بولىۋاتىدۇ، ناھايىتى ئاز بولىۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئازىيىۋاتىدۇ. مەن نېمىشقا خۇشال؟ سىزدەكلەر قانچە كۆپ چىقسا بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى شۇنچە زور بولىدۇ. سىز مېنىڭ ئاغزىمنى نەسىھەت بىلەن ياپالمايسىز، مەن سىزنى تېخى گېزىت ـ ژۇرناللاردا شېئىر يېزىپ ماختايمەن! — دېدى.

— ئەرزىمەيدۇ! — دېدىم مەن. شەمشىدىن ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن شۇنچە سەكپارە بولغىنىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، — مېنى بۇنچىلا تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. ھېچ ئۆھپەم يوق!

— ياخشى ئورۇق، مۇنبەت يەر تەييار، ئەمدىكى گەپ ۋاقتىدا سۇ بېرىپ پەرۋىش قىلىشتا. مېنىڭ كۆزۈمگە ئىلىم ـ پەننىڭ بۇلۇق مېۋىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ!

— ئۈمىد قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. مېنىڭ بۇ ئۈمىدنى ئاقلىشىم ناتايىن.

— يوقسۇ، بۇ سىزنىڭ ئەيىبىڭىز! — دېدى بوۋاي، — مەن چېغىمدا «خەمسە» قالدۇرىمەن دەپ ئۈمىد قىلىمەتۇ، سىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مۆجىزىنى ئىنكار قىلماقچى تېخى.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قايغۇلۇق، چۈشكۈن ھاياتىم خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇ بىلەن يەنە يېڭى مەزمۇنلارغا ئېرىشتى. ھەر كۈنى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرىمەن ـ دە، ئەتىگەنلىك مەشغۇلاتىمنى باشلايمەن. پادا كالا مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا

(1) بۇيرۇق ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىنغان، [illegible]

توپلانغۇچە باغلارنى، بۇلاق بويلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چەت ئەل تىلى يادلايمەن. مۇشۇ يېزىنىڭ قائىدىسىنى بويىچە مەنمۇ ۋاقىتنى ئىگىلەپ ئالدىم. ئەزەن بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرىمەن، سوغ بۇلاق سۈيىدە يۇيىنىمەن ـ دە، ئۇيقۇمنىڭ كەينىدە ياپىيىشىل ئېدىرلىقتا يۈگۈرىمەن. ئۇبدان تەرلىگەندىن كېيىن ئۆز ئىرادەمنى چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن سايغا چۈشۈپ تاشتىن ـ تاشقا تۇرۇلۇپ، بۇژغۇن ياساپ ئېقىۋاتقان شوخ تاغ سۈيىگە چۆمۈلىمەن. يەڭگىل، خۇش كەيىپ بولۇپ ئۆيۈمگە كېلىمەن ـ دە، يېزىنىڭ بالىلىرى ئەكىرىپ قويغان بىر ئاپقۇر ئىسسىق سۈتكە توغاچ چىلاپ راھەتلىنىپ ئوزۇقلىنىمەن. ئەزالار شاما چايىنىشىپ ئىشقا ماڭغاندا يېزا بالىلىرى مەكتەپلىرىگە ماڭىدۇ. مەن بۇ چاققىچە بەش سائەت بەخۇدۇك ئىشلەيمەن.

مېنىڭ كۈنلىرىم كۆڭۈللۈك، تەرتىپلىك ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېشەك هارۋا بىلەن ئارۇپ، تاش ئىككىسى بۇ تاغ باغرىدىكى كىچىككىنە يېزىنى ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ چىقىپتۇ.

مەن دوستلىرىم بىلەن قايتا ـ قايتا قۇچاقلاشتىم.

ـــ قىينىلىپسىلەر، ـــ دېدىم مەن قۇلاقلىرى سۇلاشقان كاۋا يوپۇرمىقىدەك ساڭگىلىپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، تىنچىماي ئىچىنى سوقۇۋاتقان ئېشەكنىڭ تۇشىقىنىنى بوشۇتۇۋېتىپ، ـــ قارا ماۋۇ بىچارە ئېشەكنى!

ـــ ئېمىسى بىچارە بۇ ئۆلۈمتۈكنىڭ! ـــ دېدى تاش ئاچچىق بىلەن ئېشەكنىڭ قورسىقىغا تېپىپ، ـــ ئۇ بىزنى سۆرىمىدى، ئارۇپ ئىككىمىز ئۇنى بۇ تاغ ئۈستىگە سۆرەپ ئەپچىقتۇق. دوغاپ قىل، بۇ هارامنى بىزگە قويۇپ بەرگىن.

بۆرىنىڭ بالىلىرى بىردەمدىلا مۇزدەك بۇلاق سۈيى بىلەن سۈزمە تەييار قىلدى. دوستلىرىم دوغاپ ئىچىپ قانغايدى ـ دە، ئۇخلاپ قېلىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ سوغ سودا پۇتلىرىنى، پايپاقلىرىنى زوق بىلەن يۇيدۇم. ئۇلار يادا كالا قايتقاندا، قازاندىكى پاخلان گۆشى پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەندە ئويغاندى. بىز سورون تۈزىدۇق:

ئۇلار قەغەز يەشكىلىرىدىن توغاچ، ئاق نورۇك، سىتلوي، كارتوشكا ئالمىلىرى، پەمىدۇر ـ لازا (بۇ نەرسىلەر تاغلىق رايوندا ئەتىۋارلىق) تونكە قاچىدا ئەلا سورتلۇق هاراق قاتارلىق سوۋغىلىرىنى چىقىرىشتى. مەن پاخلان گۆشى بىلەن خام قايماق، سۈزمە، سېرىق ياغ ئوخشاش «چارۋا مەھسۇلاتلىرى» نى دەستىخانغا قويدۇم.

ـــ ئوھوي، ـــ دېدى تاش، ـــ ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بېرىقى ئۆتنە ـ بېرىم زىياپەتلەرنى بىراقلا تۈگىتىۋالدىغان بولدۇق ـ دە!

مەن ئوتتۇرا پىيالە هاراقنى كۆتەردىم ـ دە، دوستلىرىمغا قارىدىم: تاش ئورۇقلىغان. كۆز قۇيرۇقلىرىغا قورۇق چۈشكەن. بۇرنى ئورۇقلۇقتىن قىڭغىراقتا ئوخشاپ، كۆزلىرى چوڭقۇر «گوداڭ» ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان بىچارە، چاپاكەش هالەتتە كۆرۈندى. ئۇنىڭ خادانىدىن تىكلىگەن كۆلرەڭ چاپانىنىڭ ياقىسىغا بىر ئۇستا قول ئەپچىل ياماق سالغان.

ـــ تۇرمىدە نەچچە ئاي ياتتىڭ ئاداش؟

ـــ تۆت ئاي، ئون ئىككى كۈن.

ـــ دەرسىڭ ئېغىرمۇ؟

ـــ يىگىرمە ئىككى سائەت دەرس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا بەش دېگىنە، ـــ دېدى تاش كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، ـــ قۇتقۇزۇش پۇلىغا قول سوزۇپ قالماي دەپ كىشى بېشىغا سەككىز ـ توققۇز سومدىن كېلىدىغان پۇل بىلەن كۈنلەرنى ئالداپ ـ سالداپ ئۆتكۈزىدىغان گەپ ئاداش. قېنى، ئادەمنى تولا چاكىلداتماي يۇتقىندە، بىزگىمۇ قوي.

مەن ئىچتىم ـ دە، پىيالىنى ئارۇپقا سۇندۇم.

ـــ ئارۇپ ئاداش، سەنمۇ تۇرمىگە كىرمىدىڭ، ئىقتىسادىڭمۇ ياخشى، لېكىنزە بىزنىڭ دەردىمىزنى تولا تارتتىڭ جۇمۇ.

ـــ مەن تارتمىسام كىم تارتىدۇ، ـــ دېدى ئارۇپ قارىداپ قورۇلۇپ قالغان كۆرۈنمىلىنى يۈزىدىكى

بىردىنبىر «بايلىقى» ھېسابلىنىدىغان دۆگىلەك، قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، — بىرىڭلارنىڭ ئايالى، بىرىڭلارنى بالىسى، بىرىڭلارنىڭ ئۆلكى، يەنە بىرىڭلارنىڭ ئىز - دېرىكى، سوراق - ھەيۋىسى ھەممىسىلا ماڭا قالغان تۇرسا، سىلەر ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيگەن بولساڭلار مەن ئوتنىڭ تېشىدا كۆيدۈم. مانا ئىككى يىل بولدى، ئوسماننىڭ ئۈچ بالىسى بىزنىڭكىدە. ئوسمان تۈرمىدىن قاچقان، زۇلۇمغار ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ئوسماننىڭ قىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ نەۋرىلىرىنى تۇغۇل ئۆزىنىمۇ باققۇچىلىكى يوق. ئۆگزىسىنىڭ قارى، ھويلىسىنى تازىلاش، ئۆزۈملىرىنى باراڭغا ئېلىش - كۆمۈش، ئوتۇن - كۆمۈرلىرىنى ئەكىلىشكە ئوخشاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈستۈمدە. ئۆمەر ئەپەندىمۇ رازىيەنىڭ بالىسى بىلەن يالغۇزلا قالدى. ئۇنىڭمۇ ھالىدىن خەۋەر ئالمەن. ھەي، ئىش تولا ئاداش ئەلا. مانا تاش ئىككىمىز مىلى تەسلىكتە دەرسلىرىمىزنى باشقىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت ئېلىپ بۇ ياققا چىقتۇق. ئىككى كۈن يولغا كەتتى. ئەتە بىر كۈن قالدى، يول ماڭمىزمۇ، سەن بىلەن بىللە بولمىزمۇ؟ قىنى ئەمسە ئىچتۇق.

— ھەقىقي نەمۇنچى دەپ مۇشۇ ئارۇپنى دېسە بولىدۇ، — دېدى تاش بىر پىيالە ھاراقنىڭ كۆچى بىلەن پوكانىدەك قىزىرىپ، — مەنمۇ خوتۇن بىلەن بەش بالىنى تاشلاپ مۇشۇ ئارۇپقا ئىشەنىچ قىلىپ تۇرمىگە خاتىرجەم كىرىۋەردىم - دە! ھەر قېتىم باھالاش بولغاندا ئارۇپنىڭ نەمۇنچىلىقىغا ھەممە ئىشى توشىدۇ: سىنىپنىڭ دەرس ئۈزلەشتۈرۈشىمۇ توقسان پىرسەنتىن چۈشمەيدۇ، ھەممە جەھەتتە پۈتۈن شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالدى. لېكىن ئىجتىمائي مۇناسىۋىتى بۈگۈنگىچە بىر بالا بولدى. ساۋۇتوۋنى، نادىروۋنى ئۆز قولى بىلەن دەپنە قىلغانلىقى، ھېلىقى ھاشىرنىڭ خىيتىنى ئەپچىققان رەخمەتجان دېگەن بالىنىڭ جەسىدىنى ئاتا - ئانىسىغا تاپشۇرغانلىقى، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تۈرمىگە غىزا، كىيىم - كېچەك توشۇپ تۇرىدىغانلىقى، ھاشىر بىلەن سىبىلىڭ- ئۆزىنىڭكىدە بولغانلىرىڭلار، ئوسماننىڭ بالىلىرى... بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كەتمەيدۇ ئاداش، قويغىنا، ئاخشا ئېيتايلى. ھېچ بولمىسا بىرەر دومبىرا بولسىمۇ تېپىلار. ئاخشاڭنى ئۆزەڭدىنمۇ تولاراق سېغىندىم ئاداش.

— ئانداق بولسا ئاۋال غىزالىنايلى. ماۋۇ بىر پىيالە، غىزا يېيىش ئۈچۈن. قالغىنى بىر ئازدىن كېيىن. بۇ يەردە مېنىڭمۇ ئۆلپەتلىرىم بار. ھېلىقى سىلەرنى «ئىتنىڭ بالىسى» دەپ تىللىغان شۇجىنى بىلەمسىلەر؟

— بىلمەمدىغان. شەھەردە پۈتۈن مەكتەپلەر ئۇنىڭ ئوتتۇقلىرىدىن زىل - زىلىگە كەلدى. ئەمدى موتۇ داستىخاندا ئۇنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاش نېسىپ بولىدىكەن - دە. — دېدى تاش كۈلۈپ.

— ياق، ئۇ داستىخاندا راسلا بۆرىگە ئايلىنىدۇ. سىياسەتتىن، خىزمەتتىن سۆز قىلمايدۇ. قارىماققا قىپ - قىزىلدەك كورۇنگىنى بىلەن تازا ئارىلاشسالڭ ئۇ بىر تۈپ تۈز، راستچىل، تېخى ھېسىياتچان ئادەم.

— ئانداق بولسا چاقىر! — دېدى ئارۇپ خۇشال بولۇپ، ناخشا، لەتىپە، كۆڭۈل ئاچىدىغان گەپلەر بولسۇن. باشقىسىدىن كۆڭۈل ئاينىيدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنى چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ شۇ تاپتا چوقۇم تاغدىن قوي، قىمىز ئەكىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى ئاللىقاچان خەۋەر يەتكۈزدى. ئەمدى سىلەر مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولالمايسىلەر. مېنىڭ ھەم قارشى ئېلىش، ھەم ئۇزۇتۇش زىياپىتىم مۇشۇ. ئەمدى بۇ يېزىدا ئۇي بېسىپ قوي سويۇلىدۇ. ھەممىلا ئۆيدە مېھمان بولىسىلەر. بولمىسا مەن تاپا - تەنىگە قالىمەن.

— ئاپلا، مۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام بەش بالامنى ئالغاچ چىقاتتىمكەن، — دېدى تاش چاقچاق قىلىپ، — بىچارىلەرنىڭ ئۈچەيلىرى مايسىراپ ئەسكى ھارۋۇنىڭ چاقىدەك قاغىجىراپ كەتتى.

بىز تېخى غىزالىنىپ بولماي تۇرۇپلا تالادىن

تۇردى بۆرەنىڭ تاغدىن تاش غولىغانەدەك ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىتنىڭ باللىرى، شەھەردىن مۇشۇ تەخەي بىلەن قانداق چىققانسەن؟ پاھ، بۇ ئىشەكنىڭ ھاسىرىشىنى، بىر ئايسىز ئۆرە بولالمايدۇ بۇ كۆتۈرەلمە، بىر ئاتقا زىيان بوپتۇ - دە، ھا، ھا، ھا!

بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشتۇق.

ئۇنىڭ بوغان، مەردانە گەۋدىسى ئاپىسدا پەيدا بولدى:

— سالام قوتۇر ئىشەكنىڭ چوملىرى! — دېدى ئۇ قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، — يىتىشلىرىنى قارىمامدىغان، ئىشكىلاردىن ئۆزگەنگەن ئوخشىمامسىلەر!

— ھە، تاغنىڭ ئاش بۆرىسىدىن ئۆگەندۇق، جىق يەۋىتىپ سىگىرەلمەي ياتتۇق، — دېدى تاشمۇ لايىقىدا چاقچاق قىلىپ.

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كۈلكى - چاقچاق بىلەن كۆرۈشتۇق.

— قېنى بىزنىڭكىگە يۈنكىلەيلى، — دېدى بۆرە بىزنى ئالدىرىتىپ، — ھازىر داۋۇت جۇربىندىن تېلېفون كەلدى، ئۈرۈمچىدىن بىر چوڭ باشلىق بىزنىڭ گۆڭشىبىغا كەپتۇ. بۈگۈن كەچ مېنىڭكىدە مېھمان بولغىدەك. ئوبلاستىن، ناھىيىدىن قوشۇلغانلىرىمۇ باردەك.

— ئانداق بولسا بىزگە رۇخسەت قىل ئاكا! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ، — مېھمانلىرىم ئەتە كېتىدۇ. بىر كىچە مۇڭدىشىۋالايلى.

— نېمە، نەگە كېتىدۇ؟ ھازىرلا بۇلارنىڭ ئاۋۇ قوتۇر ئىشىكىنى سايغا دومىلاتقۇزۇۋېتىمەن. شەھەر تەرەپكە پىيادە ماڭسا يۈتۈن يوللارغا مىنىلىك قويىمەن. سەن ئەپەندى مېھمانلىرىڭنى رەنجىتمەيمەن دېسەڭ، تولا ۋالاقلىماي ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ، بولمىسا ھېلى بىكار، دىۋانىنىڭ خورجۇنىدەك مۈرەمگە سېلىپ ئېلىپ ماڭىمەن.

بىز ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدۇق.

... خاتىرەمنى «لېكىن» بىلەن باشلايمەن. بىزنىڭ

بارلىق خۇشاللىقلىرىمىز بىردىنلا يوققا چىقتى. مەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن چوڭ باشلىقنىڭ ھېلىقى مەن ئۆيدىن قاچقان باشلىق يەنە «خوجايىن» ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئوبلاستىن قوشۇلغان كىشى نەق رەقىبىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي، مەن ھاياتىمدا رەقىبىنى قايتا كۆرۈشنى، ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى زەھەر ياغدىدىغان كۆزلىرىدىن شادلىق كۈلكىسى چاقنىتىپ قوللىرىمنى خۇددى كونا دوستۇمدەك تۇتۇپ يەنە بىر قولنى مۈرەمگە قويۇپ ئەتراپتىكىلەرگە:

— ئەڭ، ئەڭ، يېقىن دوستۇم! — دەپ تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلاپ جىمجىت تۇرۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن. «خوجايىن» مېنىڭ قوللىرىمنى چىڭ سىقىپ:

— ھە، قاچقۇن، مەن تېخى سېنى يەر شارىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتىمىكىن دېسەم ئارانلا مۇشۇ يەرگە كەلدىڭمۇ؟ يەتتە كېچە - كۈندۈز قېچىپمۇ دىۋىنىڭ ئالقىنىدىن قېچىپ چىقالمىغان ھېلىقى بىچارە بالىدەك ئىش قىلىپسەن. بۇ يەر مېنىڭ ئالقىنىمنىڭ ئىچى. ھە، ئەمدى ماڭا نېمە دەيسەن؟ كاتىپ بولامسەن ياكى تۈرمىگە كىرەمسەن؟ — دېگەن چاقچىقى مېنى خىجىل قىلغان، نومۇس قىلدۇرغان بولسا، رەقىبىنىڭ:

— ئەلانى ئىزدەپ يۈتۈن جۇڭگوغا ئېلان تارقاتتۇق. بۇ بىكارلا قاچقان. مەن ئۇنى جان تىكىپ قوغدايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تۆھمەت - ئىللەتنىمۇ مەن ئۆزەم رەت قىلىپ ئۇنى ئاقلىدىم، — دېيىشلىرى مېنى غەزەپتىن يېرىلغىدەك ھالغا كەلتۈردى.

— ئاۋۇنى تالاغا ئەپچىقىپ راسا يۇخادىن چىققىچە ئۇرمايلىمۇ؟ — دېدى تاشپولات ئىككى پىيالە ئىچكەندىن كېيىن قۇلۇقۇمغا پىچىرلاپ.

— ئاخماقلىق قىلما، — دېدىم مەن لەنجۇدا رەقىبنى ئۇرۇپ تارتقان زىيانلىرىمنى دەرھال ئېسىمگە ئېلىپ، — ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيىشنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلگەن بولساق ياخشى بولاتتى. لېكىن ھەجەپ خامىكەنمىز، يالغان كۈلۈشنى ئۆگەنمىگەن ئىكەنمىز. [illegible]

— ھا، ھا، ھا! — تاشپولات تويۇقسىز شۇنداق قاتتىق كۈلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «خوجايىن»، بۆرى، ئاندىن كېيىن ئۆيدىكى يىگىرمىدەك ئادەمنىڭ رەقىب بىلەن ئارۇپتىن باشقا ھەممىسىلا قاقاقلىشىپ كۈلۈشتۇق. مەن رەقىبكە قارىدىم. ئۇ ئىزمۇردەك قارىيىپ، يالغان ھېجىيىشقىمۇ ماسلاشمايۋاتقان كۆكۈچ لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ بىئارام بولۇپ ئولتۇرماقتا ئىدى. مەن ئولاشتۇرۇپلا چاقچاق باشلىدىم.

— ئاڭلىمايلا كۈلدۈڭلار، مەن تاشپولاتنىڭ كۈس - كۈس گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بېرەي: ئۇ ئېشكىمىزنى راستىلا بۆرە يېگەن بولسىدى، شۇ بانا بىلەن بىر توي ئۆينىۋالساق دەپ كۈلۈۋاتىدۇ.

مەسىلەر بۇ گەپكىمۇ كۈلۈشتى. ئۆيدىكىلەر ھازىر كۈلكىدىن باشقىنى بىلمەيدۇ: «ھۇ ئاۋۇنى!» دەپ قويسىمۇ كۈلىدۇ. بۆرىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— مۇنۇ ئەلا ئەپەندى، ئاتنىڭ ئوسۇرىغىنىمۇ تەرجىمە قىلالايدىكەن!

— ۋايت!

— بۆرىنىڭ ھوۋلىشىنىمۇ تەرجىمە قىلار.

— ۋايت!

— بۇ ئاسان، بۆرىنىڭ ھوۋلىغىنى چىدىماستىن يىغلىغىنى!

— ئانداق بولسا بۈگۈنلا كېتەيلى رەقىب ئۇكام، ئىككىلا قويىنى يىسەك ئۇدۇردى «قاسقىر ئاۋۇز» ئۆلتۈۋالدىغان ئوخشايدۇ!

— ۋايت، ھا، ھا، ھا!

مەن پاڭ - پات رەقىبكە قاراپ قويىمەن. ئۇ قارىيىپ - تاتىرىپ ئەستە يالغان ھېجىيىپ گۇمانخورلۇق، ئەندىشە ئىچىدە ئازابلانماقتا. ئۇ «خوجايىن»نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغانلىقى بىلەن قەددىنى رۇسلىۋالدى - دە، چاقچاققا ئارىلاشماقچى بولدى.

— ئۇدۇردى «قاسقىر ئاۋۇز» دېدىڭىزما؟ پاھ، قورقماي بۆرىنىڭ ئۇۋىسىدا مېھمان بولغىنىمىزنى ھە؟

— بۆرىنىڭ قورقىدەك نېمىسى بار؟ — دېدى تاشپولات دەرھال، — قورقۇشقا توغرا كەلسە ماراپ چىشلەيدىغان ئىتتىن قورقسا بولىدۇ!

— ھا، ھا، ھا! — بىزنىڭ ئارۇپ تويۇقسىزلا ئارقىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ «ئاپىرىن تاش، ئاپىرىن!» دەپ كۈلۈشكە باشلىۋىدى، يەنە پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ھېچنىمىنى چۈشەنمەي كۈلدى.

— ئەلا دۇتار چال، ناخشا ئېيت! — دېدى ئۇزاق كۈلكىدىن كېيىن «خوجايىن» مېنى يېنىغا تارتىپ، — بىلەمسىز رەقىب ئۇكام، بۇ سېھىلىق زىيالىنىڭ ئادەمگە ھوزۇر بېرىدىغان ھۈنەرلىرى كۆپ!

— بىلمەمدىغان! — دېدى رەقىب ئۆزىنى ئوزەشتۇرۇپ، مىدىرلاپ - كۆتۈرۈلۈپ قويۇپ، — بولدا كەلگىچە سىزگە پارىڭىنى قىلىپ بەردىمغۇ، مېنىڭ ئەڭ، ئەڭ يېقىن سىردىشىم، راستىمنى ئېيتسام بىزنىڭ غۇرۇرىمىز، ئىپتىخارىمىز، يۆلەنچۈكىمىز مانا مۇشۇ ئەلا. سىز بۇنى قىيىن شارائىتلاردا ساقلىدىڭىز، خەلقىمىز سىزدىن مىننەتدار، مەن ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. مىننەتدارلىقىمىزنىڭ بەلگىسى — مۇشۇ بىر رومكا ھاراقنى سىزگە تۇتاي، لىۋىڭىزنى تەككۈزۈپلا قويسىڭىز بېشىم ئاسمانغا تاقىشىدۇ ئاكا!

دۇتار سازلاۋاتقان قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا غەزەپ - نەپرەت بىلەن قاينىغان قېنىم مېنى كۈشكۈرتمەكتە: «پەيت كەلدى، ئاغزىغا ئۇر!» دېمەكتە، لېكىن مەن بۇنداق قىلالمايمەن. نېمىشقا ھاشىردەك قايتماس، قەيسەر بولۇپ يارالمىغاندىمەن؟

— مە، قاچاق! — دېدى «خوجايىن» ماڭا ھاراق سۇنۇپ، — خۇشاللىق ئۈچۈن ئىچ، نېمىگە تۈرۈلىسەن؟ مەن ھەممىنى بىلىمەن، سېنىمۇ، دوستلىرىڭنىمۇ ياخشى بىلىمەن. ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ مەن تۈرۈلمەيمەنۇ، ھېچنىمىنى بىلمەي تۇرۇپ سەن نېمىگە تۈرۈلىسەن؟

«خوجايىن»نىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم: ئۇنىڭ «دوستلىرىڭ» دېگەن سۆزىنى

ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ئېيتىشى قەلبىمدىكى ئەپرەتتىن ھۆرپەيگەن قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىۋەتتى.

مەن ئۆزەم يازغان شېئىرلىرىمنى ئۇشاق مۇقامغا سېلىپ ئېيتىشقا باشلىدىم؛ ناخشام يۈرىكىمنى تىترەتمەكتە. دۇتارىمنىڭ مۇڭلۇق تارى قەلبىمنىڭ قاتلام ـ قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن ئاھانلىرىمنى، پاتقاقتا چەيلەنگەن گۈل دەستىسىگە ئايلانغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمنى بايان قىلماقتا. مېنىڭ شېئىرىمنىڭ ئالدىنقى كوپلېتى مۇنداق باشلاندى:

چاراكى بۇلبۇلى ئەردىم تىلىم داغلاندى نەچارە،
سامادا شادلىنار ئەردىم، قانات باغلاندى نەچارە؟
غازاڭلار تۆكتى گۈلباغىم، قويۇنلار ھۆۋلىشار ئاندا،
قۇرۇپ فىردەۋسى-گۈلشەنىم تامام زاغلاندى نەچارە؟

3

ماڭا بىرنەچچە بارچە خەت بىلەن ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەتتى. خوجايىن كېتەر ۋاقتىدا قولۇمنى قىسىپ:

— غەيرەتلىك، ئۈمىدلىك بول. مەن سېنىڭدىن رەنجىمىدىم، سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسامىمۇ بەلكىم شۇنداق قىلاتتىم. لېكىن مەن سېنىڭ بىلىمىڭنى ئۆزەم قىلىۋالماقچى ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە ماڭا بېرىپ بەرگەن پۈتۈن ماقالىلىرىڭنى ئۆز نامىڭ بىلەن ئېلان قىلىپ سېنى رازى قىلماقچى ئىدىم. مەن ئىلىم خادىمى ئەمەسمەن. لاۋلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سېنى مۇشۇ يول بىلەن ساقلىماقچى، داتلىشىپ كەتمىسۇن دەپ «بىلەپ» تۇرماقچى ئىدۇق. سەن خاتا چۈشىنىپ قاپسەن ئۇكام، مەيلى كېرەك يوق، ھېلىھەم بولسىمۇ خاتىرجەم ئۇگەن، ياز، تەتقىق قىل؛ مەن يەنە ساڭا ياردەم قىلىشقا تەييار. سېنى بىر ئامال قىلىپ تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يولىنى قىلىمەن. مونۇ خەت ئاغىنەڭ ھاشىرنىڭ يازغان خېتى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تۈرمىلەرنى تەكشۈرگىلى كىرگەنلەردىن چىقارغان ئىكەن، مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى، ئوقۇپ باق، خەير، سالامەت بول ئۇكام! — دېدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، ئۇنى بىكارلا ئەيىبلەپ يۈرگەن ئىكەنمەن، مانا ھازىرمۇ بۇ قىلىقىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئەيىبلەپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئادەم بىر مۇرەككەپ «ماشىنا» ئىكەن، ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەك تولىمۇ تەس ئىكەن. بىرلىرى ئۆلگىچىمۇ ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرالايدىكەن، بىرلىرى ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ سىرلىق بولۇپ قالىۋېرىدىكەن. ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئەنە شۇ مۇرەككەپلىكى بولسا كېرەك. مۇنۇ «خوجايىن» نىڭ قوپال سۆزلىرى، چوڭ گەپ قىلىدىغان، ھەتتا يالغان سۆزلەيدىغان ئەيىبلىرى ئۇنى ناچار قىلىپ كۆرسەتكىنى بىلەن ھايات ئۇنىڭ بۇ ناچارلىقلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان پاكىزە قەلبىنى ھامان مانا ئاشكارىلاپ قويىدىغۇ؟ ئەيىبىنى يوشۇرىدىغانلار ئازىيىپ، گۈزەللىكنى يوشۇرىدىغانلار كۆپەيسە بۇ دۇنيا. ئىنسانىيەت ئۈلەكچە نۇرلانغان بولماسمىدى؟...

ئارۇپ بىلەن تاشپولات ھېلىقى كۈتۈرەلمە ئېشىكنى يوغان قورساق بايتالغا تېگىشىۋالدى. ئۇلار «قاسقىر ئاۋۇز»نى ئالدىۋالدۇق دەپ خۇشال بولمىغاندۇر ھە؟ لېكىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇلارنىڭ بۇندىن كېيىن يول ئازابى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىقى ئېشەكنى تۆگمەنچىگە بېقىشقا تاپشۇردى.

«خوجايىن» ئالاھىدە تاپشۇرما بەرگەن ئوخشايدۇ. گۆڭگۈشىدىن كەلگەن داۋۇت جۇرىن بۇ يەردىكى باشلىقلارغا مېنىڭ ئالدىمدىلا:

— ئەپەندىمنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى قاراڭلار. بىر ئۆستەڭ ئورۇندۇق ياستىپ، دېرىزىسىنى يوغانتىپ، ئۆينى يورۇق قىلىپ بېرىڭلار. كەتكەن خىراجەتنى بىز تۆلەيمىز! — دېدى.

داۋۇت ئاجايىپ يىگىتكەن، رەقىپ مەس بولۇپ قالدى. ئۇ «سىياسىي تېما» بويىچە-ئۇتۇق سۆزلەپ، يىغىنغا زەربىسىگە بېرىشى-دائىرىسىنىڭ تولىمۇ

كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكى، نادىرۋۇلارنىڭ ناھەق ئېتىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ 70 - يىلنىڭ بېشىدىلا خاتالىقنى كۆرگەنلىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا دېگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە قولىلىرىنى شىلتىپ «خوجايىن» نىڭ نارازى بولۇپ توختاشقا پەلگە بېرىپ قول ئىشارىسى قىلغانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئەدىگىلى تۇردى. داۋۇت تۇنجى ئۈنلۈك قىلىپ:

— ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز رەقىب جورىن. بىر يەردە سىزنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان سۆزىڭىزنىمۇ ئاڭلىغانىمەن، — دېۋىدى، رەقىب بىردىنلا تاترىپ- كېكەچلەپ داۋۇتقا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسىتىپ:

— سەن، سەن، نېمە دېمەكچى، كىمسەن؟ — دېدى ۋە داۋۇتنىڭ ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي؟... ھە، شۇ... — دېدى - دە، جىمدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەتكىچىلا ئۈندىمىدى، ھەتتا ھېچكىم بىلەن خوشلاشمىدى. مەن ھەيران: داۋۇت ئاڭلىغان قانداق لېنتا ئۇ؟ داۋۇت زادى كىم؟

ھاشىرنىڭ تونۇش ئىملاسى: دانىمۇ - دانە، يوغان - يوغان ئەرەب ھەرپلىرى ئارىسىدىكى ئۇچلىرى ئىلمەك ABC لارچۇ تېخى. قىممەتلىك دوستۇم، خېتىڭ بىر يىل كېچىكىپ تەگدى. ھېلىھەم بولسىمۇ ۋەسىيىتىڭنى ئورۇنلايمەن. ساڭا بولغان ھۆرمىتىم ۋە سېغىنىشىمنىڭ نىشانى بولسۇن ئۈچۈن سېنىڭ خېتىڭنى خاتىرەمگە ئەينەن كۆچۈرۈپ قويىمەن ۋە خاتىرەمنىڭ بۇ بەتلىرىگە ماۋزۇ قويىمەن:

ھاشىرنىڭ خېتى:

«سالام ئەلا، سېنى كەڭسايدىكى ياغاچ ئۆينىڭ يېنىدا غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. مەن ئويلىغاندەك قېپسەن، ئەقلىڭ ئىشلەپتۇ. ئاۋاق، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىشىنىشكە، تايىنىشقا بولىدىغان بىردىنبىر يۆلەنچۈك. مەن سېنى كۆپ ئويلىدۇم: سېنىڭ مۇشۇ ۋاقىتلىق جۇدۇندىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىشىڭنى راستىنى ئېيتسام، نامەلۇم بىر كۈچتىن تىلىدىم. سەنلا ساق قالساڭ بىزنىڭ ساق قېلىشىمىزغا ئىشەنچ پەيدا بولاتتى. چۈنكى سېنىڭ ھەربىي رايوندىكى لاۋجاڭ، لاۋلى دېگەن دوستلىرىڭ بىز تۇغرىلىق توقۇلغان يالغان دېلونى بىتچىت قىلىشقا ياردەم قىلىدۇ. يۇقىرىدىن بىزنىڭ دېلولىرىمىزنى كۆرسىلا بىزنى قارىلىغۇچىلار جازالىنىدۇ. پارتىيىمىز ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئۆز خىزمىتىدىكى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشكە جۈرئەتلىك توغرا پارتىيە. مەندە پارتىيىگە، ئارمىيىگە، خەلققە كۈچلۈك ئىشەنچ بولغانلىقى ئۈچۈن تۈزۈمنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىمگە زادىلا ئىشەنمىدىم. دېگەندەك مانا ئامان قالدىم. سېنىڭ ھەقىقەتنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قىلغان ئەمگىكىڭ بەدىلىگە ھايات قالغىنىمنى ئويلىسام بىزنىڭ ئونىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن يىلى بىر قېتىم: «بىز ئىككى گەۋدە، بىر يۈرەك» دېگەنلىكىمىز ئېسىمگە كېلىدۇ. ئاۋاق، ساڭا رەھمەت. سالامەت قالغانلىقىمنى بىر ئامال قىلىپ رازىيەگە يەتكۈزگىن. يەنە بىر ئامال قىلىپ بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ئەھۋالىدىن ماڭا بىر خەۋەر بېرىڭلار، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ تەقسىماتى تۆۋەنلەپ نەچچىگە چۈشتى؟ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق تۆۋەنلەپ ئىككى يۈز سەكسەن جىڭغا چۈشۈپ قاپتۇدەك، بۇ راستمۇ؟ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشتىن توختاپتۇدەك، چارۋا ماللارنىڭ يېرىمى ئۆلۈپتۇدەك، كۆزگىلەر ئۆششۈپ، ئالما ئۆرۈكلەرمۇ چېچەكتىلا توڭلىشىپتۇ- دەك...؟ ئاداش، بىر ئامال قىلىپ زۇلپيا ئاكىغا ئېيت، ئۆز دادىيىنىڭ ئەھۋالىدىن 1966 - يىلى بىلەن 1970 - يىلىنى سېلىشتۇرۇپ بىر ئەمەلىي دوكلات يېزىپ ماۋجۇشىنىڭ ئۆزىگە، ھېچبولمىسا جوۋزۇڭلىغا يازسۇن. مېنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشى توغرىسىدا ماۋجۇشىغا يازغان خېتىم تۇرغۇن ئەمەلىي تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش، ئويلىنىش ئارقىلىق يېزىلغان. ئۇ راست گەپ، ئۇ ھېچقانداق تىرناقتىن كىر ئىزدەش، ئۆزخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش ئەمەس.

مېنىڭ راست گەپنى ئىنكاس قىلىپ يازغان خېتىمنى بۇرمىلىغۇچىلار خەلقنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئاداش ئەلا، ھېلىقى تەتقىقات ئىشلىرىڭ، ئۆگىنىشىڭ قانداق بولۋاتىدۇ؟ تومۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدەك ئىشتىن توختاپ قالمىغاندۇر ھە؟ مەن تۈرمىدىن سالامەت چىقسام ئۆز ئىشىم ئەمەلىيلەشمىسىمۇ مەيلى، سېنىڭ ئىشىڭنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يول ئاچىمەن. ھايات دېمەك ۋاقىت دېمەك. تۆمۈر سائەت، مىنۇت، سېكۇنتلارنىڭ يىغىندىسىغۇ؟ ساڭا شارائىت، ۋاقىت زۆرۈرىدى، ئىست، تۇرغۇن ۋاقتىمىز بىھۇدە ئىسراپ بولدى. مەن بۇ يەردە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كەلگۈسى توغرىسىدا خىيال سۈرۈۋاتىمەن. كۈلكىلىك ئىش: بىر ئىشچان ئادەمنى ناچار تاماق، جىم - جىت ياتاق بىلەن تەمىنلەپ خىيال قىلىشقا مەجبۇر قىلغىنى نېمىسى؟ خىيالىمدا ناھىيىنى ئېلېكترلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى باي قىلىپ، مەھەللىلەرنى ئاۋات قىلىپ بولدۇم. قاش دەرياسىدا تۆت ئورۇندا ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، سۇلتانى ۋەيسى مازارىنىڭ يۇقىرىسىغا ناھايىتى چوڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇپ بىنەملەرگە، سۇ چىقىپ پۈتۈن كۆككۆل مەيدان، باغۇ - بوستانلىققا ئايلىنىپ ناھىيىمىزنىڭ ھازىرقى تېرىلغۇ يېرىگە يەنە ئۈچ يۈز مىڭ مو مۇنبەت يەر قېتىلدى... خىيال قانداق شېرىن، گۈزەل ھە؟ رازىيە بىلەن كەلگۈسىدە بىللە ياشايدىغان بەش ئېغىز ئۆي، مېۋىلىك باغ، گۈللۈك ھويلىلىرى بار قورالار، بالىلىرىمنىڭ ئىسىملىرى، چىرايلىرى، مېھمانلىرىم، ئۇلار بىلەن قىلىشىدىغان گەپلەر... قىسقىسى ھېچنېمە قالمىدى ئاداش.

ئەمەلىيەتكە قايتاي، سەن بىلىسەن، مەن 1957 - يىلى ئۈرۈمچىدە سەككىزىنچى ئايلىق مائاشىمنى ئالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تېخى سارجا، يىپەك دېگەنلەرنى كىيىپ باقمىدىم. يوتقان - كۆرپەممۇ ناھايىتى ئاددىي رەختتىن. سەندىن باشقا بىرەر كىشىنىمۇ تۈزۈكرەك مېھمان قىلىپ باقمىدىم، شۇنداق بولغاچقا ئايلىق خىراجىتىم يىگىرمە سومدىن ئاشمايدۇ. ھەر يىلى بەش يۈز سوم ئەتراپىدا بانكىغا ئامانەت قويۇپ يۈرۈپ بەش - ئالتە مىڭ سومدەك پۇل يىغدىم. بۇ پۇلنىڭ چېكى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قورا خىزمەتچىسى (ئات باقارى) يۈسۈپ تاغا دېگەن ئادەمدە. ئۇ سېنى بىلىدۇ. سەن بارساڭلا ئۇ پۇلنى ساڭا بېرىدۇ. شۇ پۇلدىن ئىككى مىڭ سومنى ئېلىپ «ئىتتىپاق» گۇڭشې «يېڭى نۇر» دادۈي، ئالتىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈينىڭ كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى سېيىت يالاڭتۆش دېگەن ئادەمگە بەرگىن. مەن تۆۋەنگە چۈشسەملا شۇنىڭكىدە تۇراتتىم. بىچارە، مېھماندوست، گېپى چوڭ، ئىچەرمەن ئادەم. قولىدا قەرزىدىن باشقا بايلىقى يوق، تېخى قولى ئىشقا تەگمىگەن يەتتە بالىسى، قۇرۋانەم ئىسىملىك قولى گۈل، ياش ئايالى بار. ئەر - ئايالنىڭ يېشى ئون سەككىز ياش پەرق قىلغىنى بىلەن ئۇلار يېڭى تويى بولغان ياشلاردەك ئىناق - بەختلىك. شۇڭا ئايالى تولىمۇ ئىشچان: ھويلىسىدا ئۇنىڭ قولى بىلەن ھاكىلانمىغان ھېچقانداق تام، دەرەخ يوق، تونۇر بېشى، توخۇ كاتىكى، ھاجەتخانە، كۆكتات ئورۇنلىرىنىڭ ئاغزىمۇ ھاكىلانغان. قىسقىسى بىردىنبىر بايلىقى بولغان ئورۇق تاغىل سىيىرى بىلەن پوپىچەكلىك تۆت مەللە مېكىياندىن باشقا ھەممىلا نېمىسى ھاكىلانغان. ئۇلار بەختلىك، ئۈمىدلىك. لېكىن ئۇلارنىڭ دۈيگە بىر مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش ئىككى سوم قەرزى بار. مەن بەرگەن پۇل بىلەن ئۇلار قەرزىنى ئۈزسۇن، ئاشقىنىنى خىراجەت قىلىپ خۇشال - خۇرام كۈن كۆرسۇن. سېيىت يالاڭتۆش دوستلىرىنى چايغا چاقىرىپ پىيالىدا ھاراق ئىچىپ بىز توغرۇلۇق دوستلىرىغا ھېكايە قىلىپ بەرسۇن. ئۇ تولىمۇ ئۈمىدلىك ئادەم. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بولۇۋاتىدۇ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قەرزدار بولمايدۇ. ئاۋاق، سېيىت يالاڭتۆش نېمەڭ؟ دەپ سوراپ قېلىشىڭ مۇمكىن، بىلىپ قوي، ئۇ بىر سەممىي دېھقان. سېنىڭچە پىكىر قىلغاندا، ئۇ 70 - يىللاردىكى ئۇيغۇر دېھقىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ نەق ئۆزى...

ئەلا، يېقىندا مەن ئەلا ئۇرنىڭ دادىسى — ھېلىقى پىشقەدەم جەڭچى بىلەن ياتاقداش بولۇپ قالدىم. ئۇ ئوسماننىڭ قانداق قىلىپ تۈرمىدىن قاچقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان ھازىر تۇرۇۋاتقان جايى (شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى بىر ناھىيىسى) دىن مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوغلىغا يازغان مەخپىي خېتىدا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ شەندۇڭغا كېلىپ قالغىنىنى تەپسىلىي يېزىپتۇ. بۇ ئىسپاتلارغا ئاساسەن ئوسمان توغرىسىدا تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئەينەن قىلىپ ساڭا يازدىم. ئىمكانقەدەر باشقىلارغا دېمەي تۇرغىن.

ئوسمان 1970 ـ يىلى ئەتىيازدا قولغا ئېلىنىپ يېڭى ھايات مەھەللىسىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە قامىلىپتۇ. تۈرمە تاشقارقى، ئىچكەركى بولۇپ ئىككى ھويلىلىق ئىكەن، تاشقى ھويلىدا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ئات، ماشىنىلا تۇرىدىكەن. ئىچكەركى ھويلىدا مەھبۇسلار بار ئىكەن.

ئەلا ئۇرنىڭ دادىسى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرغۇن قىيىن ـ قىستاق قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولماپتۇ. ئۇنى قورقۇتماقچى بولۇپ تاشقارقى ھويلىدىكى قىبرى قارىياغاچقا تەييارلانغان سىرتماقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئادەم قىيناشتا داڭ چىقارغان «جۇسەن» لەقەملىك بىر كالتەكچى بار ئىكەن. ئەنە شۇ جۇسەن ئەلا ئۇرنىڭ دادىسىنى يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھە دەپ ئورۇندۇقتا تۇرۇۋېلىپ سىرتماقنى سوپۇندىغىلى تۇرۇپتۇ. بوۋاينىڭ سىرتماقتا تولۇشقان كۆزى يېتىپ بالا ـ چاقىسىنى ئويلاپ كۆز يېشى قىپتۇ. شۇ چاغدا ئىچكەركى ھويلىدىن ئوسماننى ھەيدەپ چىقىپتۇ. ئوسماننىڭ پۇت ـ قولى بوش ئىكەن، دېمەك دار شۇنىڭغا تەييارلانغان، بوۋاينى قورقۇتماقچى ئىكەن، ئالدىنقى كۈنىلا سوراق ۋاقتىدا بىر يىگىتنىڭ جۇسەننى بىر تېپىپ يىقىتقۇەتكەنلىكى پۈتۈن تۈرمىدە ھېكايە بولغان ئىكەن. بوۋاي شۇ يىگىت مۇشۇ ئوسمان ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئوسمان ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بوۋايغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپتۇ. بوۋاي تۈرمىدە ئوبدان سىردىشىپ بىللە بولغان، كېيىن ئايرىلىپ باشقا تۈرمىگە قامالغان يىگىتكە ئاخىرقى قېتىم ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. ئوسمان دار ئاستىغا كەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئالتىدىن ئون ئىككى قوراللىق مۇھاپىزەتچى پەيدا بوپتۇ. جۇسەن بەندىگە چىقىپ ئوسمانغا ھەيۋە قىلىپ يەنە سىرتماقنى سوپۇنداپتۇ ۋە بويىنى سىرتماققا كىرگۈزۈپ سىناپ بېقىپتۇ. بۇ ئوسمانغا قىلىنغان ھەيۋىسى ئىكەن. تازا شۇ چاغدا ئوسمان تولىمۇ چاققانلىق بىلەن بەندىگنى تەپكەنىكەن «جۇسەن» سىرتماققا چۈشۈپ بوغۇلۇپتۇ. ئون ئىككى نەپەر قوراللىق ئېغىر، كىلەڭسىز «جۇسەن»نى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بولۇپ بىر مىنۇتقا ئوسماننى ئۇنتۇپتۇ. ئوسمان ناھايىتى چاققانلىق بىلەن شوتىدىن ئۆگزىگە چىقىپ شوتىنى تارتىۋېلىپ ئارقا تامغا قويۇپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. «جۇسەن» ئۆمۈردەك كۆكىرۈپ سىرتماقتىن ئارانلا قۇتۇلۇپ، «تۇ... تۇڭلار!...» دەپ خىرقىراپتۇ. ئارقىدا ۋارقىراش، ئوق ئېتىش خېلى داۋاملىشىپتۇ. تۈرمە ئۆگزىسىدە قاراۋۇللا «قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.» دېگەن ئۈزۈندىنى تەكرار ـ تەكرار ۋارقىراپتۇ. لېكىن ئوسماننى تۇتالماپتۇ. كېيىن ئوسماننىڭ خېتىدىن بوۋاي قالغان ئەھۋالنى تولۇق بىلىپتۇ. تۈرمىنىڭ ئارقىسى قوناقلىق ئىكەن. ئوسمان قوناقلىققا مۆككەنىكەن، قوناقلىقنى قوراللىقلار قورشىۋاپتۇ. ئۇ تولۇق بىر سوتكا قوناقلىق ئىچىدە مۆكۈنۈپ، كۆكۈۋاش قوناقنى چايناپ ـ شوراپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قوناقلىقنى بەك قاتتىق ئاقتۇرغىلى تۇرغانىكەن. ئوسمان ئىلاجىسىز قوناقلىقتا ئوت ئورۇۋاتقان دېھقان يىگىتكە يېلىنىپتۇ. دېھقان يىگىت ئوسماننىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى «تۈرمەل» قىلىپ چۆپنىڭ ئارىسىغا باغلاپ ئېشەككە ئارتىپ قوناقلىقتىن ئېلىپ چىقىپتۇ ۋە ئاق ئۆستەڭنىڭ بويىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئوسمان چۆپ بىلەن بىللە ئۆستەڭدە ئېقىپ باياندايىنىڭ قىلتۇي تەرىپىدىكى ـ چەيلەگزىگە كەپتۇ. ئۇ

چەيلەكزىدە سۇدىن چىقىپ شۇ يەردىكى ئاشخانا ئالدىدا توختىغان كوزۇپى بېرزىنت بىلەن چۈمكەلگەن ماشىنىغا چىقىۋاپتۇ. ماشىنا چەيلەكزىدىن ماكغىنىچە شىخوغا كېلىپ ئەتىسى بىراقلا توختاپتۇ. كەمپىت - پىرەنىك قاچىلانغان قەغەز يەشكەلەر ئارىسىدا بەخۇدۇك ئورزۇقلۇنۇپ ياتقان ئوسماننى شىخودا شوپۇر كۆرۈپ قاپتۇ. شوپۇر ھۇدۇقۇپ ۋارقىرىغىچە ئوسمان ئونى بىر كاللا ئۇرۇپتۇ - دە، يىقىتىپ قويۇپ قېچىپتۇ. ئۇنى قوغلىغۇچىلار شىخونىڭ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگىچە ئوسمان بىرسىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئوسماننى يوشۇرغۇچى بۇرۇتلۇق، كەمسۆز بىر ئادەم ئىكەن. ئوسمان قېچىپ كېلىۋاتقاندا ئىشىكىدە ئاچچىق موخوركىسىنى ئوراپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغانىكەن. ئوسمان بىرلا قارىغان ئىكەن، ئۇ يوغان كۆزلىرى بىلەن ئۆيىنى شەرەت قىپتۇ. ئوسمان ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قوغلىغۇچىلار كېلىپ ئۇنىڭدىن قاچقۇنىنى سوراپتۇ. ئۇ يەنىلا يوغان كۆزلىرى بىلەن يولنى شەرەت قىلىپ موخوركىسىنى شوراپ مىت قىلماي تۇرۇپتۇ. ئۇ ئوسماندىن پۈتۈن بىركېچە بىللە بولغان تۇرۇقلۇق پەقەت:

— تۇرمىدىنمۇ؟ — دېگەن بىر جۈملىلا سوئال سوراپتۇ. ئەتىسى يەرگە يورۇق چۈشمەستە ھېلىقى ئادەم ئوسماننىڭ قولىغا ئون نان ئىككى - ئۈچ كىلو پىششىق كالا گۆشى تۇتقۇزۇپ ئىڭكى بىلەن مەھەللىنىڭ چەتىدىكى قارىيىپ تۇرغان تاغنى كۆرسىتىپ:

— خەير، خۇداغا ئامانەت! — دەپتۇ. ئوسمان تاغ ياقىلاپ بەش كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بىردىنلا داۋانچىڭغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بىر بېكەتتە پويىزغا ئوغۇرلۇقچە چىقىۋېلىۋاتقان «قارا نوپۇس» لارغا قېتىلىۋاپتۇ - دە، ئاخىر پويىزغا چىقىۋاپتۇ. ئۇ پويىزغا ئاچ قورساق، بىر تىيىن پۇلسىز چىققانىكەن، بىر سوتكا قېقىلىپ، سوقۇلۇپ، قايسى ۋاگوننى تەكشۈرۈپ بولغان بولسا ساقچىلارغا تۇيدۇرماي شۇ ۋاگونغا كىرىۋېلىپ يۈرۈپ جان ساقلاپتۇ. ئەمما قورساقنى ھېلە - نەيرەڭ بىلەن ئالدىيالماپتۇ. ئاخىر ۋاگون-ئارىلاپ يۈرۈپ بىرەر ئىنساپلىقراق كۆز بىلەن ئۇچرىشىشنى نىيەت قىلىپ دەلدەڭشىپ ئۇزاق مېڭىپتۇ. نە تىلەمچىلىك، نە ئوغرىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ بۇنداق چاغدا بۇرۇن ئۆلمىدىغانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ بېشى قېيىپ ئايلىنىپ يۈرگەندە بىر ۋاگوندا ئۇنىڭغا ئۆز تىلىنى بىلىدىغان، بىرلا قاراپ ھالىنى چۈشىنىدىغان بىر رەھىمدىل ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ.

— نەگە؟

— قاچقۇنمەن، ئاشتىن ئۆلگىلىۋاتىمەن! — ئوسمان ئارانلا شۇنىلا دەپتۇ.

— ھاجەتخانىغا كىرىڭ! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوسمان ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ھاجەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئادەم ئوسمانغا پۇل بىلەن بېلەت تەڭلەپ:

— ئىككى يۈز كوي، ئوتتۇز كىلو بېلەت، مەڭ ئېلىڭ، ئەمدى بىز بىر - بىرىمىزنى كۆرمىدۇق، باشقا ۋاگونغا كېتىڭ! — دەپتۇ. ئۇ كىم، نېمىشقا ئوسماننى بىرلا قاراپ چۈشىنەلىدى؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنى يوق. ئوسماننى «تۇرمەل» قىلىپ سوغا تاشلىغان، ئۇنى - تۇنىسىز ئۆيىدە بىر كېچە ساقلىغان، مۇنۇ پۇل ۋە بېلەت بىلەن ئۇنى ئاچلىقتىن ساقلاپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ خەلقىمىز، خەلقىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە نېمە قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا. خەلقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن بىز خېيىم - خەتەردىن ساقلىنالايمىز. تەتۈرىسىچە، خەلقتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەنلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ خەلقى يوق، ئۇلار يىلتىزسىز قامىقاق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېڭىپ يۈرگەن مورىدا، سۆزلەيدىغان چالما، ۋاقتى قەرەللىك كەلگەندە ئۇلارنىڭ چەيلەنگىنى چەيلەنگەن.

ئوسمان پويىز بىلەن ماكغىنىچە شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ دېڭىز بويىدىكى بىر ناھىيىسىگە ھېلىقى «قارا نوپۇس» ھەمراھلىرى بىلەن بىللە بېرىپ قاپتۇ. ھەمراھلىرى ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ؛ بىزنىڭ

ئوسمان بىر كۆكتات ماگىزىنى ئالدىدا بەسەي يوپۇرماقلىرى ئۇستىدە يېتىپ قوپۇپ جان ساقلاپتۇ. ئۇ پويىزغا چىققاندىن تارتىپلا «يابا» دېگەن نامغا ئىگە بولۇۋاپتۇ. «يابا» لارنىڭ جەمئىيەتتە خېلى ئورنى بار. چۈنكى ئۇلار يالغان ـ ياۋداق سۆزدىن خالى. «يابا» نەمگەك قىلىپ بېرىپ كۆكتات دۇكىنىنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئانچە ـ مۇنچە ھەقمۇ بېرىدىكەن. ياخشىسى ئوسمان ئۇ يەردە ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن، سوراق ئازابىدىن خالى. خاتىرجەم كۈن كۆرىدىكەن. كېيىن ئۇ ھېلىقى ھەمراھلىرىدىن بىر ـ ئىككىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دېڭىز بويىدىن ۋېلىسىپىت بىلەن بازارغا بېلىق ئەكىلىپ ساتىدىغان ئوبدان بىر ئىشنى تېپىۋاپتۇ. باشقىلار كۈنىگە ئىككى قاتنىسا «يابا» تۆت قاتنايدىكەن. بىر قاتناشتا ئىككى ـ ئۈچ يۈەن پايدا قالىدىكەن. ئوسمان ھازىر كۈنىگە ئون يۈەندەك پۇل تاپالايدىكەن. ئۇ خېتىدە قانچىلىك پۇل توپلىغانلىقىنىمۇ يازغان ئوخشايدۇ. لېكىن بوۋاي بىلەن تويۇقسىزلا ئايرىلىپ كەتتۇق. ئوسماننىڭ خېتى كەلگەن ئۆينىڭ ئادرېسىنى شۇ چاغدا نېمىشقا بىلىۋالمىغاندىمەن.

تولىمۇئەپسۇس ؛ئەلاتورنىڭ دادىسى يېقىندا تۈرمىدە «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» ئەلاتور نەدە؟ ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى تېخى بىلمىسە كېرەك ـ ھە؟ ئەلا تورنىڭ دادىسىنى سەن بىلىسەن، گومىنداڭغا قارشى سوقۇشتا 1945 ـ يىلى بىر كۆزىدىن ئايرىلغان. خىزمەتتە ئاكتىپ، سەممىي، سادىق ئادەم ئىدى. ھازىر بۇ يەردە «ئۆلۈۋېلىش» كۆپىيىۋاتىدۇ. مەن ھەيران: ئاپتونوم رايوننىڭ خېلى يىراقنى كۆزلەيدىغان، سىناقلاردىن ئۆتكەن رەھبەرلىرىدىن بىر نەچچىسى ئارقىمۇ ئارقا «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى». ئۇلارنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان زادى نېمە؟ جىسمانىي ياكى روھىي ئازابمۇ؟ ئۈمىدسىزلىك، ئىرادىسىزلىك ياكى مەجبۇرىيەتمۇ؟ مەن ھەرگىزمۇ ئۆلۈۋېلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمايمەن. مەن ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۆزلىرىنى ناخشام بىلەن ئۆزتىپ خاتىرجەم ياشاۋاتىمەن. ئەلا، كەلگۈسىنىڭ پارلاق قوياشى پېشانەمگە ئىللىق نۇرىنى سەپمەكتە. بۇ نۇرنىڭ ھارارىتىنى ئالدى بىلەن مېنىڭ خۇشاللىق، بەختىمگە ئامراق قەلبىم سەزمەكتە. بىز گومۇرونىڭ مىسرالىرىدا ئېيتىلغىنىدەك قىزىل نۇرلار ئىچىدە ئۇچرىشىمىز!...»

بۇ خەت ئەمەس. بىر ئەدەبىي ئەسەر، مەن ھېچقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەرنى بۇنچىلىك زوقلىنىپ ئوقۇمىغانمەن. مەن بۇ خەتنى ئون قېتىملاپ ئوقۇدۇم. ھەتتا يادلاپ ئالدىم. دوستۇمنىڭ بۇ ئۈمىد، غەيرەت بىلەن تولغان خېتىنى ماڭا يەتكۈزگەن «خوجايىن» ماڭا بىردىنلا سۆيۈملۈك. قىممەتلىك غەمخورچى بولۇپ بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇمۇ زۇلپا، تۇردى بۆرە، ئارزۇپ، ئۆمەر تەمبۇر، ئۆمەر ئەپەندى، لاۋلى. لاۋجاڭ ۋە ئوسمانغا غەمخورلۇق قىلغان ئىسمى نامەلۇم كىشىلەردەك ساپ قەلب. پاكىزە نىيەتنىڭ ئىگىلىرى. مەن «قىزىل نۇرلار ئىچىدە» شۇلار بىلەنمۇ پاتراق ئۇچرىشىشنى، ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۇلار ھەققىدە ئەسەر يېزىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن!

مەن كەچقۇرۇن «قاسقىر ئاۋۇز»دىن ناھىيەگە، ئاندىن كېيىن شەھەرگە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ مېنى ئەتىگەنلىككە ئۆزى ناھىيەگە بىللە ئاپىرىشقا ۋەدە بەردى. ئەمما ئۇ مېنىڭ زۇلپانىڭكىدە قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ:

— زۇلپانىڭكىگە بارمايسەن. شەھەردىن ئۆتتۈرۈشۇ يەرگە قايتىپ كېلىمىز جۇمۇ؟ — دەپ قىستاپ «ماقۇل جاۋاب» ئېلىۋالدى.

مەن تولىمۇ بالدۇر خۇشال بولغان ئىكەنمەن. ناھىيەگە كېلىپلا «قارا بۇلۇت» تېخى تارقالمىغان، «مۇزلار» ئېرىمىگەن «سوغۇق» ھاۋالىق مەنزىرىنى كۆردۈم. ئوسماننىڭ تايىقىدىن كېيىن يەنە كېمىدۇر بىرسى ئۇرغان چېغى، نامەت پۇتى سۇنۇپ قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان «پارالىچ ماشىنىسى» غا چۈشۈپ قاپتۇ. بىچارە قۇرماش مېنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئۇمچەيدى، كېيىن كۈلدى، ئاندىن كېيىن قۇچاغلىدى. لېكىن ئۈندىمىدى. ئۇنى تېخى ئەكسىگە

ئەكەلمەپتۇ. خىزمەتمۇ بەرمەپتۇ. ئۆيىدە داۋالىنىۋېتىپتۇ. ئۆتنگكىدە قونۇپ قالدۇق. ئاخشىمى نامەت ھېلىقى خوتەندە تېپىشقان ئايالى بىلەن (ئۇ يەنە شۇ ئايالى بىلەن يارىشىۋاپتۇ) كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى گەج بىلەن قاتۇرۇلغانىكەن، ئۇ ئىنجىقلاپ ياستۇققا يۆلىنىپ ياماشلىدى ـ دە، ھەممىنى قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ تىللىغىلى تۇردى، «قاسقىر ئاۋۇز» نامەتنىڭ ئۈسكىلەك، ئاقارغان ساقاللىرى ئارىسىدىكى دورداي كالپۇكلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان ھاقارەتلىك تىلغا چىدىمىدى:

— سېنى كىم ئۇردى بۇرادەر؟

— ئىش قىلىپ خۇدا ئۇردى!

— سېنى ئۇرغان خۇدانىڭ كۆزى قارىغۇكەن!

— سەن نېمە دېمەكچى سوكال ئاكتىپ؟

— ئىتنىڭ بالىسى، سېنىڭ يۈزۈڭنى ئەمەس، چىشىڭنى چېقىش كېرەك ئىكەن، ئاغزىڭنى قوي كالىلىسىدەك ئۆزكىلگەن بولسا خېلى پاكىزە بولۇپ قالاتتىكەن!

— سەن غالچا، سەن چېقىمچى! — نامەت ئازاب بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ «قاسقىر ئاۋۇز»غا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى.

— غالچا، چېقىمچى بولسامۇ ئادەممەن، سەن يىلاندەك يەر بېغىرلاپ مېڭىپ مۇنۇ پاكىزە ئۈينى نەدىن تاپتىڭ؟ يوقال كۆزۈمدىن ئومۇرتقىسى ئۈزۈلگەن لالما ئىت، يوقالمىساڭ ھېلى ئۆلۈكىڭنى سايدا كۆرىسەن!

«قاسقىر ئاۋۇز» راستلا مىدىرلىدى، ئۇنىڭ سېرىق بۇرۇتلىرى تىك ـ تىك بولۇپ، كۆك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. مەن ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدىم:

— قوي ئاكا، بۇنىڭغا ئېغىزىڭنى ئۇپراتما، خۇش نېمە دەيسەن نامەت؟

— نېمە دەيتتىم، يالغان ئەنزە پەيدا قىلغان رەقىبەك ئىتلارنىڭ ئۈستىدىن بىرلىشىپ ئەرز قىلايلى دېمەكچىمەن. ئۇ ئىككى قولى بىزنىڭ ئېسىل ئادەملىرىمىزنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قاتىل! ئىست ساۋۇتوپ، ئىست نادىروۋ، ھاشىر، ئوسمان! — ئۇ

مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇنىڭ ئاقىرىپ بولۇشىغا ئاز قالغان قويۇق، ئۈسكىلەك ساقاللىرىنى ئارىلاپ، قورۇقلىرىنى يۇيۇپ ئېقىۋاتقان كۆز يېشى ئۇنىڭ پۇشايمان، ئازاب بىلەن ئۇرتەنگەن قەلبىنىڭ زەردابى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىلگەن زامان ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. نېمىلا بولمىسۇن بىز بىر مەكتەپتە ئۈچ يىل بىللە ئوقۇغان. ئۈچ يىل ئىچىدە، چېقىشقان، تىللاشقان ھەم بىللە كۈلۈشكەن، بىر قازاننىڭ تامىقى بىر مەكتەپنىڭ تۇرمۇشى بىزنى ئۈچ يىل ئىچىدە چۈشىنىش، ھېسداشلىق قىلىشقا ئوخشاش ياخشى پەزىلەتلەرگىمۇ ئېرىشتۈرگەن. شۇڭا مەن ساۋاقدىشىمنىڭ كۆز يېشىدىن ساختىلىق، قوۋلۇقتىن كۆرە، سەمىمىيلىك، راستچىللىقنى بالدۇر كۆردۈم!

— نېمىگە يىغلايسەن نامەت، يالغان ئەنزە پەيدا قىلغان بولساڭ بۇمۇ سېنىڭ ئۆز مەيلىڭ ئەمەس، سېنىمۇ قايمۇقتۇرغان ئادەم بار، بىز بۇنىمۇ بىلىمىز، كۆز يېشى بىلەن بىرسىنى قارىلىغىلى بولمايدۇ. لېكىن قارىنى ئاقلىغىلىمۇ بولمايدۇ. يېشىڭ قىرىققا كەلدى. ساختىلىق، نەپسانىيەتتىن تارتقان زىيانلىرىڭمۇ يېتەرلىك بولدى. خەلققە قانچىلىك پايداڭ تەگدى؟ ھاياتىڭدا لەززەتلىنىپ تىلغا ئالغىدەك نېمە ئىش قىلدىڭ؟ مانا بۇ نەرسىلەرنى ئەستايىدىل ئويلايدىغان، ئىنسانىي بۇرچۇڭنى ۋىجدان بىلەن ئورۇندايدىغان ۋاقتىڭ كەلدى!

— بىر جەڭ بولسا، ئالدىنقى سەپتە ئوقتا ئۆلسەم!

— نەدە جەڭ باركەن؟ — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» خاپا بولۇپ، — ساڭا نام چىقىرىدىغان بىرلا يول بار. مىڭ مارالغا بارغىن، تىك جوققىغا چىقىپ چوڭقۇر ھاڭغا سەكرە، ئۈچسەن، ئۆلسەن!

— نېمە دەيسنا؟ مەن ساڭا ئوخشاش يالغان ئاكتىپ ئەمەسمەن جۇمۇ؟

— بىلىمەن، جىلڭ ئاكتىپسەن، ياخشىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتا بىرىنچى ئاكتىپسەن، ئىتنىڭ بالىسى، ماۋۇ ئۆيىدىن چىق، بولمىسا ھېلى...

— نامته‌ك، ئىتتىن ئاشقان يالاقته‌ك ئۆزەڭنى ئوخۇغا چوقۇنتۇپ ئولتۇرامسەن، ماڭ، ئۇۋە قىلىساڭمۇ بۇلارغا نەمەس، هۆكۈمەتكە قىل!

نامەتنىڭ ئايالى ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىرنىڭ قولىدىن تارتىپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ، هويلىغا ئېلىپ ماڭدى. قۇرماشنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئېرىنى هارۋىغا جايلاشتۇرۇشقا ياردەملەشتى. قۇرماش بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپلا قويدى، ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتەرمەكچى بولدۇم.

— ئاداش گارمۇشكا چېلىشنى ئونتۇلمىغانسەن؟

ئۇ ماڭا نەپەسسىزلىم بىلەن قاراپ قويدى ـ دە، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاداش، زۇلىيا ئاكىنى ئۆزەمدىن قويۇپ بەرگەندۇر ـ هە؟

— هەئە، — ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئىپادە بىلدۈردى.

ئەتىسىگەنلىكى ناهىيىلىك پارتكومىنىڭ كۈزەتچىسىدىن هاشىرنىڭ پۇلىنى ئالدىم. سىيىتبالاڭتۇشنىڭ ئۆيىگە ئۆزەم يالغۇز باردىم. «قاسىقىر ئاۋۇز»نى شەهەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىن چىققان مەخسۇس ماشىنا دوكلات قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئۇ كېتەر ۋاقتىدا ئىتنى ماڭا ئۆتقۇزۇپ دېدى:

— چۈلۈۋرىنى بېشىغا تۇرمەللەپ قويۇۋەتسەڭ ئىتىسكىغا ئەگىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۆت يەردە دوكلات قىلغىدەكمەن. خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا بىللە بارامسەن ـ يە؟ باشقا تەرجىمانلار تازا ئەپلەشتۈرەلمەيدىكەن.

— ياق، مېنىڭ ئىشىم تولا.

— سۆزلىگەنىڭنى ئىچىملىۋاتىمەن. هازىر هودۇقمايمەن، دۇدۇقلىمايمەن، خۇددى ئوت سەر ئىچىۋېلىپ پو ئاتقاندەكلا سۆزلەۋېرىمەن. تۈۋا، بۇرۇنلاردا يالغان سۆزلىرىم ئۈچۈن قىزىراتتىم، هازىرچۇ؟ سۆزلىگەنلىرىمنى راستمىكىن دەپمۇ قالىمەن. بىرسىنى بۇيرۇغىنىمنى يالغان دېسە خاپا بولىمەن، ئۇنى تىللايمەن. مەن هازىر ئۆزەمنى راستىنلا

هېچكىم قىلمىغان ئىشلارنى قىلالىغان «قەهرىمان» سانايمەن. يالغان گەپمۇ تەكرارلىنىۋەرسە راستقا ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

هازىر ئۇنىڭ مىجەزىمۇ، مېڭىش ـ تۇرۇشىمۇ، ئاۋازىمۇ ئۆزگەردى. ئۇ هازىر موخوركا ئورنىغا سىگارت چېكىدۇ. باشقىلارنىڭ ئىسمىنىڭ بېشىغا «يولداش»نى قوشۇپ چاقىرىشنى ئونتۇمايدۇ. قوپال ـ ئېغىر ئۆتكىنى ئورنىغا ماشرەڭ، قىسقا قونجىلىق رېزىنكە چۆخەي بىلەن پاپاق كىيىپ، بىلىكىگە «شاڭخەي» ماركىلىق سائەت تاقاپ، ماشرەڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ، ساقاللىرىنى پاكىزە قىرىپ يۈرۈيدۇ. بۇرۇنقى «قاسىقىر ئاۋۇز» لىق بەلگىلىرىدىن سېرىق بۇرۇتى بىلەن ئىشتىهاسى ۋە «ئىتنىڭ بالىسى» دەپ قويىدىغان ئادەت سۆزىلا قالغان. هازىر ئۇنىڭ قوللىرىمۇ يۇمشاپ، يۈزىنىڭ قىزىلى ئازىيىپ، قورسىقى بۇرۇنقىدىن يوغىناپ، ماڭسا هاسىرايدىغان بولۇپ قالغان. مەن ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ئەنسىرەيمەن: ئۇ سەمىمىيەت بىلەن سەپلىقتىن مەهرۇم بولمىسا بولاتتى.

يېزا يوللىرىدا ئاتلىق يۈرۈش هەجەپمۇ كۆڭۈللۈك، شەرق شامىلى جانغا ئارام، بۇغداي ئېگىزلىرى كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ كىشىنى روهلاندۇرىدۇ. قاش دەرياسىدىن ئايرىلىپ چىققان «ياشلار ئۆستىڭى»، «ئاق ئۆستەڭ»، «ئارا ئۆستەڭ»، «بايتوقاي ئۆستىڭى» شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن توپ ـ تۇز ئىلى ۋادىسىنىڭ باغرىدا چاپىدۇ. ئۆستەڭلەرنىڭ سەكرەتمىلىرىدىن پەيدا بولغان مازغاپتەك ئاپئاق بۇزغۇن يىراقتىن كىشىگە يەردىن كۆتۈرۈلمەكچى بولغان غازلار توپىدەك بىلىنىدۇ... چاڭسىز، هاۋالىق، پۇراقلىق، نەغمە ـ ناۋالىق ئېتىز يوللىرى ماڭا بالىلىق چاغلىرىمنىڭ قەلبىگە چېكىلگەن ئۆچمەس تامغىدەك خاتىرە پەيتلىرىنى ۋاراقلىتىدۇ. مەن مۇشۇ يوللاردا مېڭىپ، مۇشۇ سۇلاردا چۆمۈلۈپ، مۇشۇ گىيالار ئارىسىدا ئېغىناپ ـ يۈگرەپ يۈرۈپ چوڭ بولغان، ئەقىل تاپقان، غايىلىك بولغانمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ كۆكسى ـ قارنىم ئىلى ۋادىسىدەك كەڭ

ئىللىق؛ قەلبىم قاش سۇيىدەك دولقۇنلۇق، بۇژغۇنلۇق. ئارزۇ - ھەۋەسلىرىم بۈگۈنكى سەھەر ھاۋاسىدەك روشەن - تىنىق ۋە تازا. مەن ئانا يۇرت ئوغلىغا مۇناسىپ بولمىسام مۇشۇ تۇپراق ئاستىدىكى ئەجدادلارنىڭ كۆزى يۇمۇلمايدۇ. مەن ھاشىرنىڭ، زۇلىيانىڭ ۋە پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى ماڭا قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز غازاڭ بولغان قەدىردان ئۇستازلىرىم — ساۋۇتوۋ، نادىروۋلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئاقلايمەن. دەھشەتلىك بوران ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ بوراندىن ئامان قالغان دوست يارەنلىرىم يېقىندا جەم بولىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ھەممىمىز مۇئۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ بىزگە تەييارلىغان لەززەتلىك، كۆركۈزلۈك ئىنئاملىرىدىن بىللە بەھرىمەن بولىمىز.

خۇشاللىق ۋە تەنتەنە بىلەن خاتىرە بەتلىرىنى تولدۇرغۇنۇمنىڭ ئەھمىيتى قانچىلىك؟ رومانلاردىكىدەك خاتىرىلەر بىلەن بىر پۈتۈن ۋەقەلەر تىزمىسىنى ياساپ چىقسام ئەلۋەتتە كەلگۈسىنىڭ يازغۇچى، تارىخچىلىرىنىڭ رەھمىتىگە ئىگە بولىمەن. لېكىن مەن «رەھمەت» ۋە «ئالقىش» ئۈچۈن ياشىغان بولسام بۇ دۇنيادا جاپا - مۇشەققەتنى ئاز كۆرگەن بولاتتىم. چۈنكى «ئالقىش» بىلەن «رەھمەت» ھازىرقى كۈندە تولىمۇ ئەرزەنلىشىپ كەتتى. سەۋەبى، ئۇ يالغانچىلىقنى ئۆزىگە تۇپراق قىلغان. ۋاھالەنكى دۇنيادا ئەڭ ئاسان ئىش يالغان ئېيتىش... شۇنىڭ ئۈچۈن مەن خاتىرەمگە سېپىت يالاڭتۇش بىلەن كۆركۈزلۈك ھازاق ئىچكەنلىكىمنى، ئۇنىڭ ھاشىر ئۈچۈن توقۇغان مەدھىيىلىرىنى، زۇليا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىم، ئۇنىڭ يەنىلا دادىسىنىڭ شۇجىسى، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەتى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىمنى، كىچىك ئاپامنىڭ ئورۇق قوللىرى بىلەن ئىگەكلىرىمنى سىلاپ خۇشاللىقتىن ياشاڭغىراپ، خۇنسىزلانغان كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىقى، ئولتۇرۇشلار، ناخشىلار، زۇليا ئاكىسىنىڭ ئايالى ساقلاپ قويغان قولىيازمىلىرىم بىلەن كىتابلىرىمنى كۆرگەندە ئاققان ئىسسىق يېشىم... قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزجۇر - بۇجۇرىگىچە يېزىپ ئولتۇرمايمەن. مەن تۈرمىدىن چىققان، ئۆتقۇنلۇقتىن قۇتۇلغان، ئۆلۈمدىن ئامان قالغان بارلىق دوستلىرىمدەك بۇ يىلنىڭ خوشاللىقى، ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى بىلەن بەختلىكمەن. مەن خۇشاللىقتىن سەمرىپ كەتمىدىم، يەنىلا ئاۋاقمەن. ئاقارغان چاچلىرىممۇ قارىداپ قالمىدى. بەلكى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئاۋادا ئۆزگىرىشنى يېزىشقا توغرا كەلسە شۇنى يېزىشقا توغرى كېلەر:

مەن ئىككى ئات بىلەن بەش كۈن يېزا ئايلاندىم. بىر شوخ يىگىت «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ ئېتىنى مىنىۋالدى. بىز تاغ باغرىدا ئات چېپىشتۇق. ئاتلار بوراندەك ئۇچماقتا. ھەي شوخ يىگىت، مېنى ئات ئۈستىدىن خۇددى چۈجە ئالغان ساغا ئوخشاش يۇلۇپ ئالدى. مەن قورقۇپ تىپىرلىدىم، چالا مەستلىك شوخلۇق بېشىمغا چىقتى. بىز ياپپېشىل قاپتالدا ئاتتىن كاللا - موللاق بولۇپ يىقىلدۇق - دە، ساينىڭ تاپىنىغا قاراپ قامىقاقتەك دومىلىدۇق. ھەي پالاكەتچىلىك، مېنىڭ سول پۇتۇم چىققان. مانا مەن ھازىر ھېلىقى تاغ باغرىدىكى كىچىك مەھەللىدە ئۈز ئۆيۈمدە. قولتۇق تاياق بىلەن تالاغا چىققىنىمغا ئىككى كۈن بولدى. ھەش - پەش دېگۈچە كۈز كەپتۇ. ئۈرۈككەلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چوغدەك قىزارغان، بازچە تاغدا يايلىغان سىيرىم بىلەن ئالتە ئۇياق قويۇم تونوغۇسىز بولۇپ سەمرىپتۇ. مەن مانا بۇ يىل ئۆكتەبىردە زۇليا ئاكىسىنىكىگە كۆچۈپ بارىمەن. ناھىيىدىن ماڭا نەچچە قېتىملاپ خەت، تېلېفون كەلدى. مېنى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىپتۇ. مەن ماڭاشمىنىمۇ ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن. شەھەردىن ئارۇپ بىلەن ئاشپولات خەت يېزىپتۇ. رازىيە تۈرمىدىن چىققان، مەن شەھەرگە كىرىمەن. ئۆمەر ئەپەندىنى، رازىيەنى، ئوغلۇم ئەلنى، قىزىم دىلئارانى... يوقلايمەن.

بۈگۈن تىراكتور بىلەن ناھىيە مەركىزىگە كەلدىم. مانا ئاپتوبۇس بېكىتى. مەن قولتۇق تاياق بىلەن بىكەتكە كەلدىم

بېكەت ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە ئوچۇقراق ئېيتقاندا، بېكەت چوڭ كوچىنىڭ تۈزى. تۇ يەرگە ئادەملەر توپلانغان. ھەممىنىڭ كۆزى شەھەر يولىدا. ئاپتوبۇس شۇ ياقتىن كېلىشى كېرەك.

مەن ئېرەككە يۆلىنىپ بىر چەتتە تۇردۇم. مېنى تونۇيدىغان بىر نەچچەيلەن پەيدا بولدى. ئۇلار ماڭا قاراپ باش لىڭشىتىپ ئامانلىق سوراشتى. لېكىن ھېچكىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇلار مېنىڭ «قېچىپ يۈرگەن ئەكسىلئىنقىلابچى» ئىكەنلىكىمنى بىلىشىدۇ. ئۇلار قولتۇق تايىقىمغا، ناچار كىيىملىرىمگە قاراپ قويۇپ بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلاشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى يېنىدىكى ھەمرىيىغا «ئەڭ يېڭى خەۋەر»لەردىن گەپ باشلىدى:

— تۇۋا، ئادەملەر جانلىرىدىن تويۇۋاتامدۇ نېمە؟ ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ھېلىقى پىيەنچۇك كۆزەتچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى ئاڭلىغانسەن: فۇتۇڭشۇەي (1)گە چاقچاق قىلىپ: «سىزدەك تىڭىزگە قارىغاندا كىچىككىنىزدە قوي باققان ئوخشايسىز، ماڭا ئوخشاش باشنى ئاياىدىغان كىسەلگىز باركەن» دەپتىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن تۈرمىگە سولاپتۇ.

«تۈرمىگە ساپتۇ» ياكى «قاماققا ئاپتۇ» دېگەن سۆزلەر بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ناھىيەدە كىشلەرنى زادىلا چۆچۈتمەيدىغان ئاددىيلا بىر ئىبەز گەپ. بۇ گەپنى ئاڭلىغۇچىلار خۇددى، «پالانچىنىڭ مۈشۈكىنى ئىت بوغۇپ قويۇپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندەكلا پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ.

— يا ئاللا، گەپ دېگەننى چايناپ قىلمىسا بولمايدىكەن، — دېدى باياتىن جىق گەپ قىلىپ ئەمدىلا توختىغان، يوغان بۇرۇن، ساقال بۇرۇتى چىكىلگەن ئادەم تاماكىسىنى ئالدىراپ تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — مەن چىبىغىمدا

مىنبەگلارنىڭ قاماقخانىسىدا ئۈچ كۈن ياتتىم، نېمە گۇناھ قىلغان دەڭا؟ فۇتۇڭشۇەينى: «بۇ بايقۇشمۇ ماڭا ئوخشاش بىر يېتىمەك ئوخشايدۇ. قارىماسىلەر بېشىغا كىچىككىنىدىلا چىبىقلىغان چۈشكىنىنى!» دەپ قويۇپتىمەن! بۇ گەپنى ئىغتىماي ـ ئېيتماي ئاپىرىپتۇ!

— مېنىچۇ؟... — دېدى بىر بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — قولۇمنى باغلاپ، دۈمبەمگە قىسرەندىنىڭ ئېرىسىنى ئارتىپ تولۇق تېزەكتەك تىپىپ ئويىغىننى ئاز دەپ ئېتىپ، يەنە ئۈچ يۈز سوم جەرىمانە قويىدى. چىقىرىتىپ تۇرۇپ ئالدى. قىسرەندە تىل ـ تېكەن بوپتىكەن، پىچاققا ئارانلا ئۆلگۈردى. تەپما ئالال قىلىۋالدىم، لېكىن دەرگۇمان بولۇپ گۆشىنى ساتاي دەپ ئەمدىلا كوچىغا چىقىۋىدىم!...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر ماشىنا «جاڭ ـ جاڭ، جاڭ، جاڭ، چىش!» بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا قاراپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىسىدىن ھەم «جاڭ ـ جاڭ» ھەم شوئارلار بىلەن تىزىلىپ ئادەملەر ئۆتتى. ئادەملەرنى ياندىپ، قولدا ماڭدۇرىدىغان ھارۋۇدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ نامەت كېتىپ باراتتى. ھېلىقى يوغان بۇرۇن جەينىكى بىلەن يېنىمدىكى ئادەمنى نوقۇشلاپ نامەتنى كۆرسەتتى.

— قارا، ئاۋۇنىڭ ئەھۋالىنى ئەرز قىلىپ ھەر كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا بارىدۇ. ھېلىقى رەقىپ بۆجاڭنىڭ ئۈستىدىن ئەرزىسى بار ئوخشايدۇ. لېكىن ئاقمايدۇ ـ دە. رەقىپ بۆجاڭ ھازىر ئوبلاستىنىڭ رەھبىرى تۇرسا، بۇ ئۆلۈمتۈكنى دەپ رەقىپ بۆجاڭنى جازالاپ بېرەمدۇ؟

— شۇ دە، قاراپ تۇرغىن. مۇشۇ ئاكەسىنىڭ ئۆزىنى جايلايدۇ.

— بۇ بايقۇش مېنىڭ قوشنام، — دېدى بىر دېھقان، — لېكىنزە تولىمۇ ھازازۇل، تولىمۇ بىشەم بىر خوتۇنى باردە... ھېلىلا ئاپشاركىسى ئوخۇلارنى يەۋاتقان، ھېلىلا خوتۇنى يۇندىسىنى بوسۇغىغا

فۇتۇڭشۇەي — لىن بياۋ كۆزدە تۇتۇلغان.

چىچىۋاتقان، ھىلىلا تامدىن ئاتىلدۇرۇپ ھويلىمىزغا ئەخلەت - چۆپ تاشلاۋاتقان، غىڭ - پىڭ قىلاي دېسەڭ ھۆكۈمەتتىن قورقىدىكەن كىشى... ۋايۋۇي، جاي - پايىنى ئېلىشقا سىتىپ، پەشنى قىقىپلا كېتەي دېسەم خوتۇن تۇنمايدۇ. تۈزەممۇ دادامدىن قالغان تەۋەرۈك جاينىڭ مەرىدىن كېچەلمەيمەن... باش قېتىمچىلىق!...

— دەردى يوق كىم باركىنتاڭ! — دېدى بوۋاي بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ.

مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا شىپقىدىم ۋە يوغان بۇرۇنىنىڭ گۈللۈك تاماكا خالتىسىغا قول تۇزاتتىم. ئۇ ماڭا قەغىزى بىلەن سۇندى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنى خۇمارى قىلىپ قويدۇق - ھە ئەپەندىم. تۈنى دېمىسىمۇ راستتە، سىزگە ئوخشاش ئەلنىڭ ياخشى ئوغلانلىرى دەپسەندە بولۇپ، ئاۋۇ نامەتەك كالتە - كۆسەيلەرنىڭ گۈل تاجى بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا قايىنايدۇ - كىشى، ھاشىر شۇجىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ئەپەندىم؟ — دېدى.

مەن بىلگەنلىرىمنى ئېيتتىم.

— قايسى تۈرمىدە ياتىدۇ، بىلەمسىز؟ مەنمۇ بىر چىنە غىزا بولسىمۇ سۇنۇپ قوياي، مۇشۇ ئىنقىلاب يېڭى باشلانغاندا مەن نامەتنىڭ «ئوت كونا» دەپ بىزنىڭ ئىككى پارچە گىلەمنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئېيتقانىدىم. ھاشىر شۇجى دەرھال قايتۇرۇپ بەردى، — دېدى يوغان بۇرۇن ئادەم. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. زەخمىلەنگەن پۇتۇم قاتتىق ئاغرىدى. ئاپتوبۇس كېلىپ قالغانىدى. يوغان بۇرۇن ئادەم ئاپتوبۇسقا يۈگۈرۈشۈۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ غۇدۇڭشىدى:

— بىكارچىلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشىدۇ، قېرى - چۈرى، ئاقساق - چولاق، مۇھىم ئىشى بارلار بولسا ئۆرە تۇرۇشىدۇ. تەكشۈرمىگەن ئالەم، ئېيتقا مۇئەللىم بۇ ئىشلار قاچان ئىزىغا چۈشىدۇ. تۆت - بەش يىل بولدى، راست گەپ ئانچە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. بايىقى نامەتەك قارا كۆڭۈللەرنىڭ ساقىسى ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ. سىزدەك - بىزدەك مۇشۇ ھۆكۈمەتنى

ھەقىقىي خالايدىغانلارنىڭ دەردى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭمۇ باش - ئاخىرى باردۇ - ھە؟ بىز دېگەن قارا ئىشچى — ھارۋىكەش، مانا مۇشۇنداق سىياسەتنىمۇ سۆزلەپ قويىمىز ئەپەندىم.

ئۇ مېنى قولتۇقلاپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى. بىز راستىنلا ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇشتۇق. بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئىشچى كىيىمدىكى باشلار ماشىنىنى ئېگىلىگەن، قىزىل بەلگىلىرىگە «جىيۇچادۇي» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. سېرىق شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، بىر كۆزىدە ئېقى بار بىر يىگىت مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى تونۇدۇم. مەن قارا يىپ بولغاندا ھەر قېتىم سوراققا ئەپچىققاندا قاتتىق ئۇراتتى، قوللىرىمنى قايرىپ باغلايتتى، بارماقلىرىمدىن ئىنچىكە چىگە بىلەن باغلاپ ئاساتتى. مېنىڭ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتكەن، ۋارقىرىساممۇ ئۆزەم ئارانلا ئاڭلايتتىم... ئەتىسى ھوشۇمغا كەلگەندىلا بولغان ئىشلارنى ئەسلەيتتىم. ھەر قېتىم ئەسلىسەم مېنى قىينىغانلار ئىچىدە ئاشۇ بىر كۆزىدە ئېقى بار چىرايى قانسىز يىگىت كۆز ئالدىمغا كېلەتتى - دە، كۆڭلۈمگە «ھامان بىر كۈنى سېنىڭ كىملىكىڭ مەلۇم بولىدۇ. سەن چەكسىز ئازاب، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق ھېس قىلىسەن. ئاۋادا سېنىڭ بەدىنىڭدە بىر تامچە بولسىمۇ ئىنساننىڭ قېنى بولىدىكەن، ئىش شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ!» دېگەن پىكىر كېلەتتى. ھازىرمۇ مەن «ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خورلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇ مېنىڭ گۇناھسىز ئادەملىكىمنى بىلدى، مېنى قارىلىغانلارنىڭ ئۇنىڭغىمۇ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى بىلدى» دەپ ئويلىدىم - دە، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ھېسداشلىق بىلەن مىنىغىمدا كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈردى، يېنىدىكى ھەمراھىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. مەن چۆچۈپ قالدىم، يېنىمدىكى ھەمراھىمغا:

— شە ھەرگە كىرگەندە بىللە يۈرەيلى. ئاكا... مەن ئاۋۇندا پالىسىدىن ئىتتىك... چۆچۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

بىگۇناھ ئادەملەرنى تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن نەرسىكەن، مەن ئۇنىڭ تايىقىنى كۆپ يېگەن، قوشۇملىرى تۈرۈلدىمۇ بولدى، ئۇ ئادەم تۇرماي قالمايدۇ! — دېدىم.

ھەمراھىم ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قارىدى - دە، يەرگە تۈكۈرۈپ:

— ئىت! — دېدى ئۇنى شەرەت قىلىپ، — جاللاتنىڭ كانۇيى. مېنىڭ ئاغامنىڭ ئوغلى ئىدى. يېتىم قالغان، مەن بېقىپ چوڭ قىلغان، لېكىن دادامنىڭ دۇنياسىنى سەن يەپ تۈگەتتىڭ دەپ مېنى بىرىنچى بولۇپ سازايە قىلغانمۇ، ئۆيىمىزنى ئاختۇرغۇزغانمۇ، شۇ ھەردىكى ئىنىمنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى يىققان پۈتۈن كىتابلىرىنى كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەنمۇ ئاشۇ!

— ئىنىڭىز كىم ئىدى؟ — مەن دەرھال سورىدىم.

— سىز بىلىسىز، ئۆمەر ئەپەندى.

مەن ئۇ ئادەمنىڭ قوللىرىنى ئىختىيارسىز چىڭ قىستىم - دە:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم.

— ھازىرقى ئىسمىم نەزەر ھارۋىكەش، ئەسلىدىكى ھۆكۈمەت جاگىرىسىدىكى ئىسمىم ھەمرايېۋ.

— ھازىر نېمىشقا ھەمرايېۋ دېمەيسىز؟

— مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا پولك كومىسسارى ئىدىم. 1958 - يىلدىن بۇرۇن ھەربىي رايوندا ئىشلەيتتىم، 1958 - يىلى كەسىپ ئالماشتۇردۇم. بايقىمايلا بىرنەچچە كاتىباشنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتىمەن. شۇ يىلى خىزمەتتىن ھەيدەلدىم. ناھەقتىن - ناھەق باشقارما باشلىقلىقىمدىن، پارتىيە ئەزالىقىمدىن، بىر يۈز يەتمىش يۈەن مائاشتىن قۇرۇق قالدىم. دېھقانمۇ بولدۇم، قارا ئىشچىمۇ بولدۇم. ئالتە بالىنى باقىمەن دەپ خالىڭ تېگىدە سۆزباتۇرمۇ بولدۇم. بەش - ئالتە يىل بولدى بىر ئىدارىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەپ يۈرۈۋاتىمەن. يەنە ئۈمىدىم بار. مەن ماركسىزمنىمۇ ئازچە - مۇنچە ئوقۇغان، يەر ئىسلاھاتىدا بىر رايوننىڭ خىزمىتىگە مەسئۇلمۇ بولغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىگە، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھەققانىيەتچىلىكىگە ئىشىنىمەن، لېكىن دەردىم تېخى تۈگىمىدى، ئاقلىنىشىمغا ئىشىنىمەن. قانات - قۇيرۇقىمنى سەل - پەل تۈزۈۋېلىپ، بېيجىڭغا بېرىپ جۇ زۇڭلى بىلەن كۆرۈشىمەن.

— ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

ئۇ ماڭا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— ئۆمەر ئەپەندى بىزنىڭ ئۇستازىمىز بولىدۇ. مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدىمۇ بولغانمەن.

— بىلىمەن، — دېدى ھەمرايېۋ پەس ئاۋاز بىلەن، — ھاشىرمۇ، نامەتمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. سىز كىتاب بىلەنلا بولۇپ كەتكەن، ئادەملەرنى ئاز بىلىسىز، لېكىن سىزنى بىلىدىغانلار كۆپ. سىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدا ئۈرۈمچىدە قىلغان لېكسىيىلىرىڭىز... قىسقىسى ھەممىسىنى بىلىمىز.

مەن خىجىل بولدۇم. مەن ھايات ئادەملەرگە قارىغاندا كىتابلاردىكى ئادەملەرنى جىقراق بىلىمەن. بەزىدە تونۇشلىرىمنىمۇ كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىمەن قويىمەن تېخى... بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى يەنە بىر ئۇچراشقاندا سوراپ يۈرمەسلىكىم ئۈچۈن «ھەمرايېۋ» دېگەن ئاسان ئىسمنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدىم.

— شۇنداق قىلىپ ئۆمەر ئەپەندىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئەھۋالى ناھايىتى يامان، — دېدى ھەمرايېۋ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — قىسقىچىلا ئېيتسام، ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى. ئەقلىدىن ئاداشمىغىنىغا ھەيرانمەن، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئۈمىدى بار ئوخشايدۇ. ئۈمىدلىك ئەر ئۆلمەيدىكەن ئۇكام. كۈنلەرنىڭ بىرى ئۆز ئۈمىدلىرىنىڭ يالقۇنىنى بولمىسىمۇ مۇنچىلىكلا بىر يانغىنىنى كۆرۈۋېلىشقا ئىشىنىدۇ ھوۋاي [illegible]

ھەمرايىم ئەلەم بىلەن دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىدى. سىرتتا ئاق، يېغىن بولۇپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سۇغا چىلاشقان ئېتىزلاردا قارغىلار ھورۇنلۇق بىلەن ئۇچۇپ يۈرەتتى. يارىدار پۈتۈم لوقشىپ ئاغرىدى. ماڭا گەپ قىلىشمۇ ئارام بەرمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەر كەلگەنلىكىنى بىلىشكە تەقەززا ئىدىم. بىراق ھەمراھىم بۇ ھەقتە گەپ قىلىشنى خالىمىغاچقا كوچىلاۋېرىشنى ئەپ كۆرمىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىك تۈۋىدىكى تۇتقۇچ خادىسىنى قۇچاقلاپ جىم - جىت تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاقارغان ساقاللىرى، يۈزلىرىدىكى ھازىرلا چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتقان قورۇقلىرى، قىرىق - ئەللىك يىللىق ھاياتىدىكى خۇشاللىقلىرىنى مەنىسى قىلغۇچى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھەقچىلىك تۈپەيلىدىن تارتقان ئازابلىرىنى ئەستىقلىغۇچى ئىسپات قەغىزى بولۇپ مېنىڭ ئالدىمدا ئېچىقلىق تۇرماقتا ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن زارلىنىشتىن كۆرە ئۈمىد ۋە ئىشەنچنىڭ كۈچلۈكىنى سەزدىم. مەنمۇ ئۆز ھالىمنى ئۇنىڭغا سىڭلىشتۇردۇم. مۇنۇ جانغا تېگىۋاتقان ئاغرىق، بىر نەچچە يىلدىن بېرىكى بىكىرىغا تارتىۋاتقان ئازابلار، قانۇن - تۈزۈم يول قويمايدىغان يوللار بىلەن ماڭا ئوخشاشلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاياق ئاستى قىلىۋاتقانلارنىڭ كۆكرەك كېرىپ يۈرۈشلىرى. تېخى تۈنى ئاز دەپ ئاۋۇ بىر كۆزىدە ئېقى بار يالغاندىن ئىشچى كىيىمى كىيىۋالغان مەخلۇقنىڭ ناھەق تارتقان خورلۇقتىن قۇتۇلغىنىمغا نارازى بولۇپ ئالىيىشىلىرى... يۈرىكىمدە جەمئىيەتكە، پارتىيىگە نارازىلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلغان بولاتتىمۇ؟ لېكىن جەمئىيەتنى. ئۇنچىلىك ئاددىي چۈشىنىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. ھەقىقەت يېقىن ئارىدا ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. يۈرىكى ساپلارنىڭ ئارزۇلىرى ئۆلمەيدۇ. مەن بۇنى ھازىرمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن. شار - شار يامغۇردىن قېچىپ دىمىقتا ئۆڭكۈرلەرگە كىرىۋالغان كېپىنەك بالىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى. تېخىمۇ گۈزەللەشكەن قاپتاللاردا قېيغىتىپ ئويناشقىنىدەك، بىر كۈنى مەنمۇ قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ چىققان ھەقىقەت قۇياشىنىڭ نۇرىدا ھوزۇرلىنىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەردەك سەممىيەت بىلەن بىر مەھەل ھايات كەچۈرۈپ، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇققاندىن كېيىن ساختىلىق بىلەن ياشاشقا ئۆزەمنى مەجبۇر قىلمايمەن. مەن ئاخىرغىچە سەممىيەت بىلەن ياشايمەن. خۇددى مېنىڭ دادام پۈتۈن ھاياتىدا بىرمۇ ئادەمنى ئالدىمىغان ۋە دىل ئازارى يەتكۈزمىگەن ئىش قىلىپ باقمىغىنىغا ئوخشاش، مەنمۇ ئۆز ھاياتىمدا ساختىلىقنىڭ دۈشمىنى بولۇش بىلەن خەلقلەرنىڭ بارىكاللىسىغا ئىگە بولالايمەن...

ماشىنا توختىغاندا خىيالىم ئۈزۈلۈپ قالدى. قولتۇق تايىقىم بىلەن ماشىنىدىن ئەستە چۈشتۈم. ھەمرايىم يېنىمدا پەيدا بولدى.

— ئاۋۇلارنىڭ چىرايى ئۆمسە، — دېدى ئۇ. — جۇرۇق ئاكاملارنىڭكىگە تېز كېتەيلى.

بىر توپ بولۇۋالغان بايىقى جىۋىچادىۋى ئەزالىرى بىر نېمىنى قىزىق تالىشىۋاتاتتى. بىزمۇ ئەجەبلىك بولۇپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى بولغىنىمىز تۈزۈك. ئىككىمىز تار كوچىغا بۇرۇلدۇق.

— توختاش! — دېدى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىت كەينىمىزدىن كېلىپ.

بىز توختىدۇق. ئۇ بىزنى چوڭ كوچىغا ھەيدەپ چىقتى ۋە سېمونت كۆۋرۈك قانىتىغا چىقىۋېلىپ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

— پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى. سىنىپىي كۆرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى، جىن - شەيتانلارنىڭ قوزغۇلۇپ كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويمايلى. ماۋۇ ئىككىسى نازارەت ئاستىدىكى جىن - شەيتانلار ئىدى. ئاممىنىڭ نازارىتىدىن قېچىپ يۈرۈشكەنلەر. بىز ھازىر ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللىنىمىز. ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ بىزنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز!

ھەر قېتىم ئاڭلىسام يۈرىكىم تىغ سانجىلغاندەك

ئاغرىيدىغان، قەھرىتاندا دەرياغا تاشلانغاندەك ئادەمنى ئەندىكتۈرىدىغان بۇ ئاۋاز. مېنى شۇنچىلىك ئازابلايدۇ، ئاڭلاپلا بوغۇلىمەن. زۇۋانىم تۇتۇلىدۇ. چۈنكى بۇ شوئارۋازلارغا راست گەپ قىلىش ھۆكۈزگە سۆزرە ئۆگەتكەندەكلا بىر ئىش ئىدى. لېكىن ھەمرايىمۇ كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى:

— خالايىق، مېنى ئاسرىماڭلار، بولارىم بولغان ئادەممەن، لېكىن مۇنۇ ئاقساق يىگىتنى قوغداپ قېلىڭلار، بىزنىڭ ئاتاغلىق ئالىمىمىز ئەلا. ئەلانى كىم بىلمەيدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان ياش ئالىمنى ئاسرايلى. مۇشۇلار ئۇنى نامەت دېگەن بىر قارا قورساقنىڭ «ھۇ دۇ، كۇش - كۇش» قىلىشى بىلەن كېلىپ ئالاشقا تەمشىلىۋاتىدۇ!

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمىدى، مۇش، تاسما پۇتىلار باش - كۆزىمىزگە تېگىشكە باشلىدى. بېشىمغا نېمە تەككەنلىكىنى بىلمەيمەن، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى - دە، ئۈچۈپ كەتتىم. قورسىقىمغا بىرسى دەسسەۋاتقاندەك، چېچىمنى بىرسى يۇلۇۋاتقاندەك بىلىندى...

مەن سىم كارۋاتتا ھوشۇمغا كەلدىم، ئۈستۈمدە بىر گۈزەل قىز ماڭا ئېگىلىپ تۇرۇپتۇ. چۈچۈپ بېشىمنى كۆتۈرەي دەپ ئۇرۇندۇم، لېكىن بېشىم تاش بىلەن باسۇرۇپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. «نېمىشقا شۇنچە ئۇردى؟» مەن شۇنى ئويلىدۇم - دە، كۆڭلۈم ئېلىشىپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشتى. «نېمىشقا بولاتتى بالام، — دەيتتى بىر بوۋاي بېشىمنى سىلاپ، — سەن بىلىمگە ئىنتىلگىنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتى! ئۇلارغا قارىغاندا ساپ ۋە يارامىلىق بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشتى!»

مەن بۇ ئاۋازنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئارا ئۈستەڭ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقاندا بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدىغان تازىلىق ئىشچىسى ئىسمايىل ئاتىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتتىم. مەن شارشار ئۈستەڭنى، مەكتەپ كەينىدىكى غوللىرى كاۋاكلىشىپ كەتكەن قىزىل ئالمىلارنى، يوغان تېرەك يېنىدىكى تۈگمەننى...

ئەسلىدىم [illegible]

مەن كەچتىلا تولۇق ھوشۇمغا كەلدىم. ھەممىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم: بېشىمغا تاپانچىنىڭ پايىنكى بىلەن ئۇرۇپتۇ. بىر توپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى جىيۇچادۇي ئەزالىرىنى تۇتۇۋاپتۇ. قوراللىرىنى تارتىپ ئاپتۇ. ئۇلار ھەمرايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماڭغىلىۋاتقان سەپىرىدىن قېلىپ مېنى قۇتقۇزۇپتۇ. ھەمرايىمنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بايىقى بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىتنى سوراق قىپتۇ. كۆزىدە ئېقى بار يىگىت: ئەلا ئەرز قىلغىلى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا مېڭىپتۇ. بىز بۇيرۇق بىلەن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ماڭغان دەپتۇ.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەمرايىمدىن:

— ئۇلار مېنىڭ داۋا قىلغىلى ماڭغىنىمنى نەدىن بىلدى، داۋا قىلىشىمدىن نېمىشقا شۇنچە قورقىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— نەدىن بىلەتتى، ئۇلار كەينىڭىزگە ئادەم قويغان - دە، ئىنقىلابىي كومىتېتتىكى ئايالغا دېگەنلىرىڭىزنى ئۇلار دەرھال بىلىپ بولدى دەڭا، — دېدى ھەمرايىم، — سىزنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. دەسسەپ - چەيلەۋەتتى ئۇكام. لېكىن شۈكرى قىلايلى. بىزدەكلەردىن نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، نېمىشقا قورقىدۇ دەمسىزا؟ نېمىشقا بولاتتى، سىز بىلەن بىزگە قىلىۋاتقانلىرى ساپلا جىنايەت تۇرسا، ئەلۋەتتە ئۇلار ئاسقىلى ئېلىپ ماڭغان ئىتتەك ئۇنى - بۇنى چىشلەيدۇ - دە.

مەن تورۇسقا قارىدىم. بايىقى ئېگىلىپ قارىغان قىز تامدىكى رازىيەنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئىكەن. ئۆيدە يالغۇز قالغىنىمدا رازىيەنىڭ سۈرىتىگە قارىدىم. ئۇنىڭ بەختتىن خۇمالاشقان دۈگىلەك كۆزلىرى، ھازىرلا كۈلۈۋېتىدىغاندەك قىلىپ تۇرغان پورەكتەك لەۋلىرى، غىجىم - غىجىم چاچلىرى، ئىككى قۇر ئاق ئۈنچە مارجان، قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى يېڭى ئېچىلغان ئەتىر گۈلنى ئەسلىتىدىغان، قويۇق چاچلىرى ئاستىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان قۇلاقلىرىدىكى ھالقىسى، بىلىنەر - بىلىنمەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىدىكى ياشلار

ئىنتىپاقىنىڭ ئىزنىكى رازىيەنىڭ شوخ، لېكىن ئوماق، پىكىرچان، ھېسسىياتلىق ياشلىق قامىتىنى كۆز ئالدىمدا تىرىلدۈرمەكتە ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياشلىق چاغلىرىمىز، ئىلمى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى، تۈز ئارا ئەلبۇم ئالماشتۇرۇپ يۈرۈشلەر، ۋاڭ قادىر بېغىغا ياكى ئايرودروم تەرەپتىكى تاللىققا دەرس تەكرارلىغىلى بىللە بارغانلىرىمىز، لۇشۇن، گوركى، ياكى مۇتەللىپ، ئابايلارغا ئاتاپ ئۆتكۈزۈلگەن خاتىرە كېچىلىرى، تانسىلار، يېڭى يىل ئاخشاملىرىدا قىش بوۋاي بولۇپ چىقىشلار. تەنتەنىلىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى، كومسومول پائالىيەتلىرى، ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى قىزىق سۆھبەتلەر، كەلگۈسىمىزدىكى كۆڭۈل ئارزۇلىرىمىز توغرىسىدىكى سىردىشىشلار... بىرمۇ - بىر كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن بۇ كۈنلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى بەكمۇ خالايتتىم.

لېكىن رازىيە يوق. ئۇنىڭ مۇڭگۈزەل ياشلىقىمۇ يوق، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ئادەم زۇقلانغىدەك ھۆسنىمۇ، ھېسسىياتچانلىقى، ئارزۇ ۋە ئۈمىدلىرىمۇ بەلكى بەرگىدىن ئاجراپ رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ ئۆپرىتىشى بىلەن غازاڭغا ئايلانغان گۈلگە ئوخشاپ قالغاندۇ...

مەن بۇ ئىزىگە ئۆيۈقسىز ياردارلىنىپ كېلىپ قالغاندىن كېيىنلا ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتلەرنى تولۇق بىلگەن بولدۇم. بىلگەنلىكىم ئۈچۈن كۆڭلۈمگە چۈشكەن جاراھەت يەنىمۇ چوڭايدى.

مەن ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتتىن بىر نەچچە قۇر يېزىپ قويۇشنى زۆرۈر ھېساپلايمەن.

1955 - يىلى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ سابىق قۇدىسى ئىككى سوۋېت مۇتەخەسسىسىنى ئونۇشتۇرۇپ ئەۋەتىپتۇ. بۇ تۈركشۇناسلار ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابلىرىنى يېرىم كۈن كۆرۈپ چاغاتاي دەۋرىدىكى شائىرلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ توپلىمىنى سېتىپ بېرىشنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار قانچە يۇقىرى باھا قويۇشسىمۇ ئۆمەر ئەپەندى سېتىپ بەرمەپتۇ. بىز نەچچە يىلدىن كېيىن ئۆكچىللارغا قارشى كۆرەش قىلىش يىغىنىدا ئۆمەر ئەپەندىنىڭ پانتۈركىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكى توغرىسىدا بىر پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالى ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى چەت ئەلگە چىقىرىۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر ئەپەندى كۆرەش قىلىنىپتۇ ۋە «ئوڭچى» بولۇپ قاپتۇ. لېكىن كىتاب ساقلىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىشنى بولسا ئۇ ئويلاپمۇ قويماپتۇ. ئۆزىنگە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ قەست قىلغانلىقىنى. بۇ ۋاقىتلىق پالاكەتنىڭ تېز ئارىدا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كىتابخانىسىنى يەنە يېڭى كىتابلار بىلەن بېيىتىۋېرىپتۇ. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئۇنى ئىشەنچ ۋە كۈچكە ئىگە قىلغاچقا ئۆز كىتابخانىسىدىن خۇشاللىق ۋە روھىي ئوزۇق تېپىۋېرىپتۇ.

لېكىن ئېغىر پاجىئە 1966 - يىلى ئالتىنچى ئايدا باشلىنىپتۇ. بۇ چاغدا رازىيە ئالتە - يەتتە يىللىق ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇ مۇشۇ كۆڭۈلسىزلىك سەۋەبىدىن كۆزىنى يۇمۇپلا بەھرام ئەپەندى بىلەن توي قىلىشقا رازىلىق بەرگەنىكەن. ئۇ چاغدا بەھرام ئەپەندى تارىخ ئىلمى بويىچە تىلغا ئېلىنىپ قالغان، بىلىملىك زىيالىي ھېساپلانغان، كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشقاندا قاملاشقان يۈزىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان. مۇئەللىملەر كۇرسىغا دەرس ئۆتكەندە سىلىق ۋە سالماقلىق تىلى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى جەلپ قىلىۋالىدىغان ئادەم ئىكەن. دائىم قېرى بۇزۇلمايدىغان بۇرۇلكىلىرى، سىلىق تارىلىدىغان پاقىراق چاچلىرى قىزلار ئىچىدىمۇ ھەۋەس ۋە ئېتىبار قوزغىغانىكەن. لېكىن ئادەمنىڭ ئالىمىنى ئىچىدە بولىدىكەن. رازىيە بىلەن توي قىلغانىنىڭ ئەتىسىگىلا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئاشكارىلىنىشقا باشلاپتۇ. ئاخشىمى مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن رازىيەدىن:

— كۆلرەڭ كاستىيۇم كەيگەن يىگىت بىلەن قانچە ۋاقىت يۈرگەنىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ تۆكۈپ - ئاتىرىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ [illegible] رازىيە

بوزدەك تاشرىپ.

— سىزگە ھەجەپ مەنىلىك قارايدىغۇ؟

كۆڭۈلسىزلىك باشلىنىپتۇ. كۈندىلىك ئادىتى بويىچە رازىيەنىڭ مەكتىپىگە رازىيەنى بىللە ئەكىتىشكە بارغان بىر كەچقۇرۇنلىقى ئۇ:

— خىزمەتتىن چىكىنگىن، مىنىڭ سەكبەن نەچچە يۈەن ماناشىم، دادامدىن قالغان ئۆي، ئەنجام بىزگە كەڭ ـ تاشا يىتىپ ئاشىدۇ، دەپتۇ.

— بۇ نىمە ئۈچۈن؟

— چۈشىنىشلىكقۇ! ئۆنلىغان ئەرلەر ساڭا ئاچ بۆرىدەك ھۇجۇم قىلىۋاتقان بۇ مەكتەپتە ئىشلەش ساڭا قانچىلىك راھەت بولسا ماڭا شۇنچىلىك ئازاب!

— ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئورۇنلۇق گەپ قىلىشى لازىمغۇ، بىرىنچىدىن ئۆنلىغان ئەرلەر ماڭا بۆرىدەك يېپىلغىنى يوق، ئىككىنچىدىن سىزگە ئازاب بولغىدەك ئىش بولغىنى يوق.

ئۇلار شۇ كۈنى خېلى ئۇرۇشۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە كەچ كەپتۇ ـ دە:

— مىنى مەس دىمىگىن، مەن ساقمەن، قول چىرىنقى بىلەن يەرگە قارىسام ئىشىك تۈۋىدە بىر ئەرلەر شىبلىستىنىڭ ئىزى تۇرىدۇ، سەن خوتۇن!... — دەپ چىچىلغىلى تۇرۇپتۇ. رازىيە چىدىماپتۇ. ئەسلىدىلا كۆڭلى يوق ئادەمدىن ئايرىلىۋاتقان خورلىققا تاقەت قىلىپ تۇرالماپتۇ. شۇ كېچىسىلا دادىسىنىڭكىگە قايتىپ كەپتۇ ۋە بەھرام بىلەن قايتا ئۆي تۇتماپتۇ. لىكىن رازىيە ئىككىنچى يىلى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. دىمەك 1966 ـ يىلى رازىيە يىگىرمە ئىككى ياشلىق تۇل ئايال ئىكەن، ئۇ تۆت ياشتىن ئاشقان ئوغلى بىلەن دادىسىنىڭكىدە تۇراتتىكەن. بىر كۈنى تۇشتۇمتۇت تۇمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئون نەچچە ئادەم كىرىپتۇ.

— ھەممىسى سىبىرىق كىتاب! — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرسى، — ئەپچىقىپ كۆيدۈرۈش كىرەك!

— مىنىمۇ قوشۇپ كۆيدۈرۈڭلار! — دەپتۇ تۇمەر ئەپەندىنىڭ ئانىسى ئىشىكتە تۇغرا تۇرۇۋېلىپ.

— ھېچ بولمىسا تەكشۈرۈپ چىقىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ تۇمەر ئەپەندى كۆزىگە ياش ئىلىپ تۇرۇپ.

كەلگۈچىلەر ئانا ـ بالىنىڭ نالىسىغىمۇ تۇمەر ئەپەندىنىڭ ئايالىنىڭ قارشىلىقىغىمۇ پىسەن قىلماپتۇ. كىتابلارنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن تالاغا توشۇۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا رازىيە كىلىپ قاپتۇ ـ دە، يەردە يىقىلىپ يىتىپ قالغان مومىسىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ كەلگۈچىلەرنىڭ باشلىقىغا:

— مەن ماۋ جۇشىغا، مەركىزىي كومىتىتقا داۋالىشىپ بارىمەن. بۇ كىتابلار جەمئىيەتنىڭ بايلىقى! — دەپتۇ.

— «تۆت كونا»نىڭ كۈچلۈك ئوغۇتى! — دەپتۇ ھېلىقى باشلىق، — مەن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولىمەن، رازىيە مەن سىزنى تونۇيمەن، ئاڭلىق ھالدا بىزگە ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭىز بار، بولمىسا قارشىلىق قىلىسىڭىز جاۋابكارلىق سىزگە چۈشىدۇ!

ئاڭغىچە كىتابلارنىڭ بىر بۆلىكى كۆيدۈرۈلۈپتۇ. دادىسىنىڭ ئوتتۇز يىللىق ئەجرىسى، مومىسى، ئانىسىنىڭ كۆز يېشى لاۋۇلداپ كۆيىۋاتسا قىز قانداق چىدىسۇن! قىز غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي:

— سىلەر چىڭگىزخان، سىلەر گىتلىر! سىلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دۈشمەنلىرى! — دەپ تىللاپتۇ ۋە ئۆزىنى ئوت يىقىۋاتقانلار تەرەپكە ئىتىپتۇ. لىكىن ئۇنى ئۇرۇپ ئاغزىنى قانىتىپ، قوللىرىنى باغلاپ، بىشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كەيگۈزگىنىچە ئىلىپ كىتىپتۇ.

تۇمەر ئەپەندى ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن بارالماپتۇ. پەقەت بەش كۈندىن كىيىنلا رازىيەنىڭ دېرىكىنى ئاپتۇ: «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى»نامى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپتۇ. بۇ ئىغىر دەرت ـ ئەلەم موماي بىلەن ئايالىنى يىقىتىپتۇ. مومايىنىڭ قان بىسىمى ئۆرلەپ بىر ئاي پارالىچ بولۇپ ياتقاندىن كىيىن ۋاپات بوپتۇ. ئايالى بولسا ئانىسىنىڭ ئىرقى نەزىرىسى بولغان كۈنى

تۆيۇقسىزلا ۋاپات بوپتۇ. ئۆمەر ئەپەندى يالغۇز نەۋرىسى بىلەنلا قاپتۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن رازىيە بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ. هازىر رازىيە روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئىكەن.

ئۆمەر ئەپەندى كارئۆتىمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بۆدىرە چاچلىق نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن ماڭا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— مەن تەقدىرگە ئىشىنىپمۇ قالدىم! — دېدى ئۇ خۇرسىنىپ تۇرۇپ، — ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ بىهۇدە خورلۇقلىرى بېشىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان ئوقتەك دەهشەتلىك بىر نەرسە. سېنى ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلمىسا شۇ ئۆدۈل كېلىۋاتقان ئوقمۇ سېنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. مەن نېمىشقا ئۆلمىدىم؟ يۈرەك كېسىلىم بار ئىدىغۇ؟ هازىر ئۇ كېسەلمۇ يادىمدىن چىقتى. مەن هايات قېلىشقا هېچقاچان هازىرقىدەك تەقەززا بولغان ئەمەس. بەلكىم قىزىلىق مېنى ئۆلۈمدىن قورقىدىغان قىلىپ قويغاندۇر. لېكىن مەن ياشاشنى خالايمەن، هېلىقى مېنى سورۇقچىلىقتا سالغانلارنىڭ هالاكىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم دۇنيادىن قانخشاپ كەتكەن بولىمەن. مەن هەر كۈنى گېزىت ئوقۇيمەن، قالغان ـ قاتقان ئەقلىم بىلەن ۋەزىيەتكە باها بېرىپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ ئىشەنچىم كۈچىيىۋاتىدۇ. كۆزۈمنىڭ يېشى قۇرىدى، مەن راست گەپنى ئېيتسام پارتىيىدىن رازىمەن. نېمىشقا دېسەڭ مەندەكلەرنى يەنىلا پارتىيە رازى قىلالايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى!

ئۇنىڭ ئاپئاق ئالا ـ ئالا ساقىلى لەۋلىرىدە پەيدا بولغان غۇۋا كۈلكىدىن مىدىرلىدى. ئاقارغان قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلانغاندەك بىلىندى. بوۋاي پېشانەمگە يۇمشاق ئالقىنىنى قويدى ـ دە:

— سەن ئەلا ياخشى يىگىت بولدۇڭ، مېنىڭ مۆلچەرىم توغرى چىقتى، سەن جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ئۆز نامىڭنى ئۇلۇغ خىسلەتكە ئىگە قىلىشقا ئىنتىلىۋاتىسەن. مەن ساڭا ئوخشاش شاگىرتىم بولغانلىقى ئۈچۈن خۇشالمەن! — دېدى.

— سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى كۆيدۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان كىم؟ سىز ئۇنى ياخشى تونامسىز؟

— تونۇيمەن، سىلەرنىڭ ناهىيەدە بىر باشلىق ئۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى بىلەن مەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئاكىسى بىلەن كونا ئاداۋىتىمىز بار ئىدى. ھەدەڭ قىز ۋاقتىدا ئاشۇنىڭ ئاكىسى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا كۆز تاشلىغان. ئۇ بايلىقىغا ئىشەنگەن بولسا مەن ساپ ۋىجدانىمغا ئىشەنگەن. ساپ ۋىجدان ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئۈستۈن چىققان. ھەدەڭ مېنى خالىغان. شۇ قىساسنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئېلىپ بەردى.

— رەقىپمۇ! — دېدىمەن غەزەپ بىلەن ئورنۇمدىن قوزغىلىپ، — توغرا، كىتاب كۆيدۈرۈش باشلانغاندا ئۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدا ئىدى.

— شۇ. — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ. — سەن چېچىلما. ئۇ بىر قاپقانغا چۈشكەن بۆرە كۈچۈكى. ئاز كۈندە بىز ئۇنىڭ هازىسىنى ئاڭلايمىز.

قەدىردان ئۇستازىمنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى مېنى جانلاندۇردى. مەن گويا چاڭقىغاندا بىر سۈزۈك بۇلاققا ئۇچراپ قالغاندەك خۇشال بولدۇم:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن: ئۈمىد. ئىشەنچ مېنى يەنىلا كىتابلارغا، جاپالىق ئۆگىنىشكە چىللاۋاتىدۇ. مەن كىتاب ئوقۇشقا ئالدىراۋاتىمەن. هاياتىم ئارتۇقچە ۋە ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بەنت بولمىسىلا مەن ئۆزەمنى بەختلىك هېس قىلالايمەن، — دېدىم.

— دۇرۇس. — دېدى ئۆمەر ئەپەندى ساقىلىنى ئۇتاملاپ تۇرۇپ، — نائەھلى بىلەن ياقىلىشىشقا كەتكەن ۋاقىتمۇ سۇدا ئېقىپ كەتكەن قىممەتلىك بايلىققا ئوخشاش چوڭ زىيان. قانداق قىلىمىز، ئىنسان دېگەننىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان پايدا بىلەن زىياننى مۆلچەرلەشكە چامى يەتمەيدىكەن. بەزىلەرنىڭ پايدىسى چوڭراق، بىزدەكلەرنىڭ تارتقان زىيىنى جىقراق بولىدىكەن. لېكىن مەن ئىشىنىمەن: نى ـ نى خانلارنىڭ بېشىدىكى تاجلىرىمۇ ئۇلارنى يالغىتىپ

قوغداپ قالالمىغان، رەقىب دېگەنلەرنىڭ كىچىككىنە ئەمىلى نېمىگە دال بولالايدۇ؟ پىسەنت قىلما، تارىخ ئۆزى ئۇنداقلارنىڭ يېتەرلىك جازاسىنى بېرەلەيدۇ.

تەكەببۇر ئەھلىگە زىنھار سالامۇ ـ ئەلەي دېمەي ئۆتكىن،

ئۇلارنىڭ بېشىدا دۇە مەلئۇننىڭ ھاۋاسى بار!

غەمنى تارازىغا سالسا بىزگە قارىغاندا يەنە ئاشۇلارنىڭ تارازا باسىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بىگۇناھلىقىمىز، ساپلىقىمىز ئۇلارغا مەلۇم، بىزنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقىنىمىز ئۇلار ئۈچۈن چەكسىز چوڭ ۋەھىمە. ۋەھىمە بولمىسا ئۇلار سېنى تۇرغۇزامدۇ؟ ۋەھىمە ئىچىدىكى ئادەمنىڭ خاتىرجەملىكى بولامدۇ. ئەجەل ئۇنىڭغا كۆلەڭگىدەك ئەگىشىپ يۈرۈۋاتسا دۇنيادا ئۇنىڭدىن بەتتەر خورلانغان ئىنسان بولامدۇ؟ سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا بۇ گەپلەرنى دەۋاتقىنىم يوق، بۇ گەپلەر مېنىڭ مۇلاھىزلە-رىمنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئېلىنغان سۆزلەر، ئەللىك نەچچە يىللىق ھاياتتا تۇرمۇشنىڭ ماڭا قالدۇرغان ئىنئاملىرى مانا مۇشۇ خىل تەجرىبە ـ ساۋاقلار، يەكۈنلەر...

بوۋاي ئۆيىدە مېڭىپ يۈرۈپ، شۇ گەپلەرنى دېدى. ئۇنىڭ پۈكۈلگەن قەددى ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرنى تازىم بىلەن تەستىقلاۋاتقاندەك، گۆشسىز ياغاچتىن ياسالغاندەك ئورۇق قوللىرى ھاۋاغا بۇ گەپلەرنى ئۆچمەس قىلىپ يېزىۋاتقاندەك ، كىشىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇراتتى. دېرىزە ئۆۋىدىكى سىرىن گۈلنىڭ يوپيۇرماقسىز شاخلىرى كەچ كۈزنىڭ ئىزغىرىن شاملىدا چىۋ ـ چىۋ قىلاتتى، باغدىكى تېرەكلەر زىكرى سوقۇۋاتقان بوۋايلاردەك كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ تىنىمسىز ئىگىلىپ قوياتتى، نەلەردىندۇر ھوۋلىغان، ئۈشتەك چالغان ئاۋازلار كېلەتتى.

بوۋاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن دېرىزىگە تايىنىپ باغقا قاراپ ئۇزاق تۇردۇم. بوران باغقا قارىغان پېشايۋاندىكى لامپۇچكىنىڭ نۇرلىرىنى بىردە غازاڭلار تولغان ئېرىقلارغا، بىردە ھاۋارەڭ رىشاتكىلىق ئاددىي شىپاڭغا، بىردە بولسا ئالۇچا ـ شاپتۇللار يازلىقى بۈككىدە ئۆسىدىغان تام ياقىلىرىغا ئاپىرىپ چاچاتتى. غىل ـ پال كۆرۈنگەن بۇ جايلار ماڭا رازىيەنى، بىر ئۆمۈر بۇ قىزغا بولغان ساپ مۇھەببىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قەسەمياد قىلغان قەيسەر دوستۇم ھاشىرنى ئەسلەتتى. مەن دوستلىرىمنى شۇ مىنۇتتا ئاجايىپ سېغىنغان ئىدىم. يېنىمدا ئۇلار بولسا مۇنداق سۆزلۈك كېچىدە تەبىئەتنىڭ مۇڭ ياكى غەزەپلىك خىتاب بىلەن قۇلىقىڭغا كىرىپ تۇرىدىغان نەغمىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ پىكىرلەشسەڭ نېمە دېگەن راھەت ۋە مەنىلىك ھە!...

ئۆيگە ھەمرايىم كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاياجان-لانغاندى. ئالدىراپ خەۋەر قىلىشقا باشلىدى:

— رازىيەنى ئېلىپ چىقتۇق. خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. گەپ سۆزلىرى جايىدا، جىقراق سۆزلىسە، ياكى ھاياجانلانسا سەل كېكىپ قالىدىكەن.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئون ئۈچ، ئون تۆت يىلدىن بېرى كۆرمىگەن، كۆرۈشكە ۋە ئۇقۇشماسلىقلارنى ئېلىپ تاشلاشقا ئاجايىپ تەقەززا بولغان ساۋاقدىشىم، ئەڭ يېقىن دوستۇمنى بۈگۈن كۆرىمەن!

— سەل توختاڭ! — دېدى ھەمرايىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆيۈقسىز ھاياجانلىنىش ئۇنىڭغا پايدىسىز. مەن ئاۋۋال سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەردار قىلاي.

ھەمرايىم چىقىپ كەتتى. مەن ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئېرىقى ئۆيگە قۇلاق سېلىپ ئۇزاق تۇردۇم. گۇكۇرىگەن شامالدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم.

بىردىنلا قاقاخلىغان كۈلكە ئاۋازى كەلدى. رازىيەنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگەرگەنىدى. ئۇ ئىشىككە كەلدى ۋە جاراڭلىغان، خۇشخۇي ئاۋاز بىلەن:

— رۇخسەتمۇ ساھىپخان! — دەپ ئىشىكنى چەكتى. مەن بارغىچە ئۆزى ئىشىكنى ئاچتى. مەن ئۇنى

كۆرۈپ قېتىپلا قالدىم: ئالدىمدا ئاپئاق چاچلىق، تولمۇ ئورۇق، خۇشخۇي بىر ئايال كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ ھاياجانلانغان كۆزلىرىمگە قاراپ ۋە بىردىنلا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ھەمراھىۋ كەينىدىنلا كىردى. ئۆمەر ئەپەندى:

— خۇشال بولۇڭ قىزىم، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئەسلىمەڭ، سالامەت دىدار كۆرۈشمەكلىكمۇ بىر بەخت! — دېدى. رازىيە ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاراڭ دادا، ئەلا مېنىڭ ئۆكامدەك تۇرىدۇ. ئەلا، ئەمدى سىز مېنى ھەدە دەڭ، — دېدى.

مەن بىردە ئۇنىڭ سۈرىتىگە، بىردە ئۆزىگە قارىدىم، گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئاۋازىم چىقمايتتى. ئاۋازىم چىقسىلا رازىيە رەنجىپ قالىدىغاندەك، ئۇنى رەنجىتىش كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھدەك بىلىندى. مەن خېلى ئويلانغاندىن كېيىن:

— يىللارنىڭ سوۋغىسى رازىيە، — دېدىم ئاقارغان چاچلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، — پەللىگە بىزدىن سەل بۇرۇنراق بېرىپسىز، بۇ سىزنىڭ ماكا قارىغاندا جۇدۇن-چاپقۇندا كۆيۈپ يۈرگەنلىكىڭىزنىڭ ئالامىتى، ئۆكۈنگىدەك يېرى يوق.

مەن رازىيەنىڭ ياشلىق قامىتىنى، ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە باي چاغلىرىنى كۆرۈشنى خالايتتىم. لېكىن ياشلىق كەلمەسكە كەتكەن، ئۇ بىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىندۇ، ئۇ يىراقلاشقانسېرى ئادەمنىڭ كۆڭلى شۇنچە غەش بولىدۇ. دېمەك ئەمدى كۆڭۈللەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىشكە توغرى كېلىدۇ، بىز كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىشىشكە ئولتاردۇق، كەلگۈسى — بۇ ئۈمىد ۋە ئارمانلارنىڭ ماكانى! بۇ ماكان بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قالغان، بۇ ماكان بىزنى يەنىمۇ ياخشىراق، كۆڭۈللۈكرەك ياشاشقا ئىنتىلدۈرمەكتە. كەلگۈسىگە ئىنتىلگەن يۈرەكلەرنىڭ پارلاق تىلىكى سۈبھى بىلەن باشلانغۇسى، بىز بايرامنى تەقەززا بولۇپ كۈتكەن گۆدەكلەردەك شۇ ئاتقۇسى سۈبھى بىلەن خۇشاللانماقتىمىز...

4

بەس، ئەلانىڭ خاتىرىلىرى شۇنچىلىك كۆچۈرۈلسە بولار. ئەمدى قالغان پېرسوناژلار ئۈستىدە ئاپتور قەلەم تەۋرەتسۇن.

گەپنى گۈزەلتايدىن باشلايلى: ئۇنىڭ ئۆزى ئۇيغۇلۇپ، راسا «رەستە» بولغاندا خۇشلىشىپ چىقىپ كەتكەن قورۇ-جايىنىڭ بەش ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيلىرى ۋە گەرچە دەرەخلىرى كېسىلىپ، قورۇلىرى ئۆرۈلۈپ بۇرۇنقى ئىسكەتنى يوقاتقان بولسىمۇ ھېلىھەم كەڭرىلىكى، قىشمۇ-ياز ئېقىپ تۇرىدىغان سۈيى، قېرى تېرەك، ئۈزۈملىرىدە چۇرۇكلىشىدىغان قۇشلىرى بىلەن، قاپقىلىق دېرىزىلىرىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان سىرىن ئەترە، قىزىلگۈللىرى بىلەن كىشىگە ئارام بېرىدىغان بېغىنى قايتۇرۇۋېلىپ ناھايىتى ئۇرغۇن پۇلغا سانقانلىقى؛ ھازىر شەھەرنىڭ غەربىي ئەترىپىدىكى كوچىلىرى دەرەخلىك، پاكىزە مەھەللىدىن ئۈچ ئېغىز تاختايلىق، ئىككى ئېغىزى ئادەتتىكىچە بولۇپ بەش ئېغىز ئۆيى، مېۋە ۋە ئۈجمىلىرى بار چاققان ھويلىلىق قورۇ-جاي سېتىۋالغانلىقى راست.

بۇ قورۇدىن كېچە-كۈندۈز تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ غارىلدىغان ئاۋازى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ قورۇدا قولى ئەپچىل، خۇشخۇي ئىككى چوكان 1971 — 1972-يىللارنىڭ قاراڭغۇ قىشىنى رېشلىيە ئىشلەش ۋە ناخشا ئېيتىش بىلەن چىقاردى-دە، مانا 1972-يىلنىڭ ئىللىق ئاپرېل ئايلىرىنى خۇشاللىق ۋە سېغىنىش بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بىرسى گەپچى، چاقچاقچى، ناخشىچى، بۇ چوكان ئەلۋەتتە ئادىلە، ئۇ گۈزەلتاينىڭ شەھەردىكى يالغۇز

تۇرۇشىنى بىنەپ بىلىپ، ئىككىنچى قىتىم ئامالسىز تەككەن ھىلىقى «باشلىق» ئىرىنى ئۈز ئورنىدا قالدۇرۇپ دوستى بىلەن بىللە تۇرماقتا. بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان تولىسىمۇ چىرايلىق، كىرپىكلىرى قارلىغاچ قانىتىدەك قارا، زىلۋا، ئىغىر بېسىق، خىيالچان ئايال ئەلۋەتتە گۈزەلئاي. قوشقاناتلىق دەرۋازىدىن بىر خىل كىيىم، بىر خىل سومكا بىلەن جابدۇنۇپ چىقىپ مەكتەپكە ماڭىدىغان ئوغۇل بىلەن قىزچۇ؟ ئۇلار ئەلۋەتتە ئەلى بىلەن دىلئارا. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى دادىسىنىڭ ئىسمىنى «ئەلا» دەپ يازىدۇ. لېكىن بۇ گۆدەكلەر نېمىشقا ئىككى ئانىنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى تېخى ئويلاپمۇ باقمىدى. چۈنكى بالىلار باباشيانچىلىق، بەخت ئىچىدە ئۆزىنچىلىك جىق نەرسىلەرنى ئويلاپمۇ كەتمەيدۇ. ئاتا ـ ئانىلىرنى سېغىنىش پەقەت بەختسىز بالىلارنىڭلا ئىشى...

ـ كىتابخانىلارغا بۇ قورۇدىكى ئۆت جاننى تونۇشتۇردۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنى خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلىرى، كۆزلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

. بۈگۈن ھاۋا باھارغا لايىق سىززۇك، ئىللىق. ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە ئەتكەن چايدەك چىچەك سۈيى ئاقماقتا. چوكان ـ جالا بولۇپ ئىغاڭلاشقان سۆگەت ۋە تال شاخلىرىدا قۇشقاچلار چۇرۇكلاشسا، يالتىراق ياپراقلىرى بىلەن باھارنى بىزەۋاتقان سوۋادان تېرەك شاخلىرىدا پاختەك ـ كەپتەرلەر بۇغۇلداشماقتا، مەڭزى قىزىل، پەيلىرى يالتىراق خوراز ئىگىسى ـــ ئەلىنى ئۈزۈتىپ زىل ئاۋازدا چىللىدى. باغلاقتىكى ئاپشاركا چېچەكلەشكە باشلىغان لىمون ئالمىنى چۆگۈلەپ زىرىكىشتىن غىڭشىپ ھاۋشىدى. ماشىنىسىنى پاكىزە سۇپىغا قويۇۋالغان ئادىلە يېشىل پوپايىكا ئىچىدىكى يېتىلگەن كۆكسىنى لىغىرلىتىپ، ماشىنىسىنى غارىلدىتىپ ئىش قىلماقتا. گۈزەلئاي قىزىل پوپايكا كىيگەن، بېشىغا قىزىل غىجىم ياغلىق تاڭغان ھالدا نازۇك بەللىرىنى تولغاپ ھويلىسىدىكى ئاق بەرنى گۈجەك بىلەن ئاغدۇرماقتا... [illegible]

ـــ ساراڭ بولدۇڭمۇ گۈزەل، ئىككى پۇڭ يەرنى گۈجەك بىلەن ئاغدۇرۇپ بولالامسەن؟ تۇنۇگۈندىن كۈرە پۇلۇڭ جىق بولغاندىكىن ئىككى سوم بەرسەڭ بىر، مەدىكار كېلىپ ئاغدۇرۇپ بەرمەمدۇ؟

ـــ قورۇسۇن، ئەر خەق دېگەننى بۇسۇغامغا يولاتمايمەن جۇمۇ!

ـــ نېمە، سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشەتـ ـتىڭمۇ؟ ئۇمىلىنىسەن، ئەر كىشىنىڭ ئالدىمدا ئۇمىلىگىنىنى كۆرسەم جانلىرىم سۇيۇنۇپ كېتىدۇ دېگىنە گۈزەل! ھەي، رەھمەتى ئېرىم قېرى بولغىنى بىلەن ھەجەپ كۆڭلى ياخشى ئادەم ئىدى. بىكاردىن بىكارغىلا ئۇنى قارىلىدى، دەتكە چىدىماي ھاراققا بېرىلىپ توڭلاپ ئۆلدى، ئىست، ئىست، ئۇ ئۆلمىگەن بولسا ئەر خەققە بۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلماسمىدىمكىتاڭ؟

ئادىلە قولىدىكى كىچىك قايچىسىنى كەركىگە چىڭ تارتىلغان ئاق دېجۇلاڭ رەخت ئۈستىدە ئوينىتىپ تۇرۇپ ئۇھ تارتىپ ئاچچىق خۇرسىنىپ قويدى ـ دە، قاشلىرىنى ھىمرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـــ مۇنىۇ ھازىرقىسىنى كۆرسەم سېرىق تۆكلىرىم تىك بولىدۇ. بۇ ئادەمدە نە ئەقىل، نە ۋىجدان، نە ئىرادە، نە بىر ئارزۇ ـ ھەۋەس دېگەن نەرسە يوق.

ـــ مۇھەببەتچۇ؟

ـــ ساراڭ، ۋىجدان بولمىغان ئادەمدە مۇھەببەت نېمە قىلسۇن؟

ـــ ساڭا نېمانچە يېپىشۋالدۇ ئەمسە؟

ـــ بىزنىڭ ئۆيدە شۇنچە تۇرۇپ شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭمۇ، ھەي ساراڭ، ئۇ ماڭا ئابروي، ئاتاق ئۈچۈنلا يېپىشىدۇ. ئۇ كالۋا، چىرايلىق ئايالمۇ ئەر كىشىگە ئابروي كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئابروي ـ ئاتاق ئۈچۈن يۈزىدا ئىچىشتىنمۇ، ئايالنى ئۆتۈنۈشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئېرىم دېيەلەيسەن؟

ـــ ئۇنداق بولىسا نېمىشقا تەگدىڭ؟

ـــ نېمىشقا؟ ئۇنىڭدا ۋىجدان بولمىغىنى بىلەن پۇل بار، ماشىنا، ھوقۇق، راھەت ـ پاراغەت بار، ئۇ

ئىت مىنىڭ ئۆلگەن بەدىنىمدىن خالىغانچە پايدىلانسۇن، مەن ئۇنىڭ پۇل - دۇنياسىدىن پايدىلىنىمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئەسكى يوپكامدەك چۆرۈۋېتىمەن دەپ ئەگدىم. مانا ھازىر سەن ئەللىك - ئاتمىش مىڭ سوملۇق پۇلدارسەن. مەن سىنىڭ سايەڭدە كۈنگە بەش - ئالتە سوم تاپالايدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئۇنىڭغا ھاجىتىم قالمىدى، ئەمدى ئۇ چىۋىن بولۇپ كەلسىمۇ بەدىنىمگە قونالمايدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆلسىمۇ چىشىمنىڭ ئېقىنى، قاپىقىمنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ. ئاجراشمايمەن دېسە ئەسكى پايتىمدەك بىر ئۆمۈر سۆرەيمەن.

— بىر ئۆمۈر؟ — گۈزەلنىڭ گۆرجەك سېپىغا تايىنىپ، ئۆزىمۇ «سوئال بەلگۈسى»گە ئايلىنىپ خىيال بىلەن ئاستا، ئەلەملىك پىچىرلىدى، — بىر ئۆمۈر قانچىلىك ئۇزۇن؟ ئادىلە، بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتىمىزمۇ دوستۇم؟ پۇل، ياخشى تۇرمۇش بولسىلا ئەركىشى بولمىسىمۇ ئۆتۈۋېرىشكە بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئادىلە، ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرىپتىمەن. تۇرمۇشنى، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدىغان ۋاقتىمىز ئەمدى كەلگەن ئوخشايدۇ. باللىقتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم ئۈچۈن ئەمدى ئازابلىنىۋاتىمەن. پۇل - پۇچەكنى دەپ ئەلانى ئازابلىدىم، ئۇنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان ئىشلارنى قىلدىم. كىيىم - كېچەك، ياخشى تاماق ئۈچۈنلا رەقىبىنىڭ مەقسەتلىك بەرگەن پۇللىرىنى قوبۇل قىلدىم.

— ئۇ ئىپلاسنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغىنا! مەنچۇ پۇل، ئويۇن - تاماشىنى دەپ ئۇنىڭ مەزىلىكىگە قىزىقتىم. قىزىقىشنىڭ مۇھەببەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئۇ چاغدا بىلمىدىم. بىز قىزلار ئاجىز كېلىدىكەنمىز. ئاۋۋال بىر يىگىتنىڭ بىرلا يېرىنى يارىتىدىكەنمىز، كېيىن شۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەي ئۇ يىگىتنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدىكەنمىز، تاكى ئۇنىڭ ئەرزىمەيدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغىچە ئۇنى سۆيىدىكەنمىز. ئىسپاتلانسىمۇ ئېنىقى ئۇنى ئاقلايدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى بەزلەپ ئالدايدىكەنمىز! بۇ خىل ئالدىنىش تاكى ھېلىقى ناكەس گەجگىمىزگە دەسسىگىچە داۋاملىشىدىكەن. ئېيتقىنا گۈزەل، بىز ئاجىز بولماي نېمە؟

— لېكىن مەن ئۇنچىلىك ئالدانمىدىم. مەن ئۆمۈر بويى بىرلا ئادەمنى ياخشى كۆردۈم.

— ئېيتقىنا گۈزەل، راستلا ئەلادىن باشقىسىغا لەۋلىرىڭ بىلەن سوۋغا تۇتمىدىڭمۇ؟

—ساراڭ، قىلىن! بۇ مۇمكىنمۇ؟ ۋەيەي دەۋاتقان گېپىنى، — گۈزەلنىڭ ياغلىقتەك قىزىرىپ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپتى. ئادىلە كۈلۈپ قويۇپ قاشلىرىنى ئويناتتى - دە، تولۇق كۆكسىنى نامايەن قىلغاندەك كەينىگە ئېگىلىپ كېرىلدى ۋە مەغرۇر سۆزلىدى:

— لېكىن مەن ۋىجدان، مۇھەببەت بىرىسىگە مەنسۇپ، بەدەن ھەممىسىگە مەنسۇپ دېگەن قائىدىگە تولۇق ئەمەل قىلدىم.

— ساراڭ! — دېدى گۈزەلنىڭ يەر ئاستىدىن دوستىغا سىڭايان قاراپ قويۇپ، — رېشلىيەدىن زېرىككەن بولساڭ مەيەرگە كەل، مۇنۇ يەرنى بىللە يۇمشىتايلى.

ئادىلە كۈلۈپ قويۇپ سىبىرىق غىل - غىل ياغلىقىنى پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ چىڭ چېكىلىدى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىدى:

ھاۋا ئايىنىپ قاپتۇ،
مەنمۇ ئايىنامەنمۇ.
يامانىنىڭ گېپى بىلەن،
ياردىن ئايرىلامەنمۇ...

دوستىنىڭ ھەسرەت، ئارمان ۋە ياشلىق خاتىرىلىرى سىڭگەن ناخشىسى خۇددى گۈزەلنىڭغا تەۋەدەك، گۈزەلنىڭ كېپىنەك قانىتىدەك نازۇك ھېسسىياتلىرى دوستىنىڭ ناخشىسىدىكى بېيىتلارغا سىڭىپ سۈزۈك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، خۇددى يىراق بىر يەردە يەنە بىر تەقەززا يۈرەك چەكسىز بوشلۇقتا سىڭگەن بۇ سادادىن لەززەت

ئېلىنىۋاتقاندەك. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەلئاي يۈرەك ئارزۇسىنى ئۆز سۆيگىنىگە مەلۇم قىلالىغان ئۇمۇسچان قىزغا ئوخشاش ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتقاندەك... بىر خىل سېھرىي كۈچ كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن گۈزەلئاينى غىدىقلاپ، مەس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇ سېھرىي كۈچنىڭ سەنئەت، ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ ئاستا ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان دوستىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئادىلەنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزىگە ياقتى. ئادىلە دوستىنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئېھ گۈزەل، بىزمۇ شۇنداق بۇلۇڭ ـ بۇشقاقلاردا ناخشا ئېيتىمىز دەپ سەنئەتچى بولغانمىدۇق؟ بىزنى ئۆزىمىز سۆيىدىغان سەنئەتتىن نېمە ئايرىدى بىلەمسەن؟ مەن بىلىمەن: بىزنى ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەببەت ئايرىدى. بىز يىگىتلەرنىڭ كەينىگە كىرمىگەن بولساق سەنئەتچى بولالايتتۇق. ئەلانۇرنى بىلىسەنغۇ، ئۇرۇمچىدە بىر نەچچە ئاي سولاپ قويۇۋېتىپتۇ. خىزمەتتىن ھەيدەلگەن ئوخشايدۇ. ئۈنۈگۈن ھېلىقى مەكتەپ مەيدانىدا ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا ۋالىبول ئويناۋاتىدۇ. بىرەر مىڭ ئادەم يىغىلىۋاپتۇ. چېلىنىۋاتىدۇ چاۋاك، ئەلا نۇر شۇنداق ئويناۋاتىدىكى ھېچ زەربە يېگەندەك، تۈرمىگە سولانغاندەك ئەمەس. مانا ئۆز كەسپىنى شۇنداق سۆيسە بولىدۇ. سېنىڭ ئەلارىڭمۇ شۇنداق ئىدى. ئۆز كەسپى ئۈچۈن ھەرقانداق پايدىدىن كېچەلەيتتى. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز كەسپىنى تاشلىمايتتى!

— ئۇ ھاياتقۇ، — دېدى گۈزەلئاي تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — نېمىشقا ئۇنداق «قىلاتتى، ئېيتەتتى» دەيسەن، باللىرىمىز ئاڭلىسا يىغلايدۇ.

ئادىلە شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ باللىرىنىڭ ئاتىسى شۇ ئەلا ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ گۈزەلئاينىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ چاقچاق قىلدى:

— توۋا، ھەر ئىككىمىزنىڭ باللىرىمىزنىڭ ئاتىسى شۇ ئەلا ھە؟ بىز ئىككىمىز ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئۇنداقتا؟

— ساراڭ، ساراڭ...

— باللارنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ ياراشتۇرىمەن سىلەرنى. مەن ئەلانى جەزمەن تاپىمەن. ئەلانۇر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلىدۇ. ئەتە يەنە ۋالىبول ئويناۋاتقان يەرگە بارىمەن ـ دە، ئۇنىڭغا تونۇشلۇق بېرىمەن. ئۇ ماڭا ئەلانى تېپىپ بېرىدۇ. بىچارە دىلئارا جۆيلىسىمۇ ئەلا دادام، مومام دەپ جۆيلۈيدۇ. بالىنى مومايىنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دېگەندەك ئېلىۋالدىم. موماي بىچارە نېمە بولدىكەن؟ دىلئارا مېنى ھازىرغىچە ئاپا دېمەيدۇ. مېنىڭ ئۇنى ئاپا دېگۈزۈشكە ھوقۇقۇم يوق. ئەلا سەن بىلەن ياراشسىلا قىزنى ئۆزىڭگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. گۈزەل، جېنىم دوستۇم، سەن باللارغا ئانا بولالايسەن. باللارغا ئېيتايلى: دىلئارا ھەدىسى، ئەلى ئىنىسى بولسۇن. دىلئارا ئېگىزرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئەلا ئۆزى باققان.

— نېمە دەۋاتىسەن. ئالجىدىڭمۇ؟ دىلئارا 1963 ـ يىلى يەتتىنچى ئايدا تۇغۇلدى. بۇ يىل يەتتىنچى ئاي كەلسە توققۇز ياشقا تولىدۇ. ئەلى 1962 ـ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنى تۇغۇلغان. ئون ياشقا تولۇپ ئىككى ئاي ئاشتى. ئەلى دىلئارادىن بىر يېرىم ياش چوڭ تېخى.

— راستلا ئالجىپتىمەن. ھېلىمۇ ئالجىمايدىكەنمەن، ھە، بوپتۇ نېمانچە دومسىيىسەن؟ ئەلى ئاكىسى، دىلئارا سىڭلىسى بولسۇن. ئەمما دىلئارانىڭ دادىسى ئەلا ئەمەس دېگەن گەپنى ئېغىزىڭدىن چىقارساڭ شۇ كۈنىلا چانىۋېتىمەن. باللارغا ئېيتايلى، سەن ئۇلارنىڭ ئۆز ئانىسى، ئەلا ئاتىسى. مەن سېنىڭ ھەدەڭ، ئەمدى بولدىمۇ؟

گۈزەلئاي دوستىنى يەنە قۇچاقلىدى.

ئۇلار يەنە خۇشاللىق، كۈلكە بىلەن ئۆتىدىغان كۈنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ يۈرەك قاتلىرىدىكى قايغۇ ۋە ئارمانلىرى ئۈچەككە كىرگەن جانىۋارلاردەك كەلگۈسىنى پاتالىيتى ئۈچۈن ئۇيقىغا غەرق بولدى. ئۇلار گۈجەكلىرىنى يۇمشاق توپىغا پاتۇرۇپ، ئەۋرىشىم بەللىرىنى ئىگىپ، يەر

ئاغدۇرۇشقا كىرىشكەندە دەرۋازا ئالدىدا كىچىك ماشىنىنىڭ تونۇش سىگنالى ئاڭلاندى.

— يىگىتلىرىمىز يەنە كېلىشتى، — دېدى ئادىلە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مېنىڭكىنىمۇ ئۆگىنىلا قوغلايمەن، سېنىكىنى قوغلىماق تەس. قانداق قىلىمىز گۈزەل؟

— تۈزەڭ بىل، ھەدە بولغاندىكىن.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۇلارنى يەر ئاغدۇرۇشقا سالىمەن، — ئادىلە قوش قاناتلىق ئىشىكنى ئاچتى. ھويلىغا ئېغىر سومكىلار بىلەن مىشكاپ - يەشىكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، ئادىلەنىڭ يولدىشى، كامسىبونچى بىلەن شوپۇر يىگىت كىرىپ كېلىشتى. ئادىلەنىڭ يولدىشى كاكارسىز ھەربىي كىيىمدە، ئۇنىڭ ياقا تۈگمىلىرى ئىنچىككە تاقاپ ئېتىلگەن، شەپكە - سىمۇ قۇلاقىغىچە چۈكۈرۈلگەن. كامسىبونچى قارا كۆك سارجىدىن شىم - تۇجۇركا، بېشىغا ياشلار پوسۇندا ئالدى ئىگىز سارجا شەپكە كىيگەن، ئايىقى مايلانغان، قولىغا نېپىز ئاق پەلەي كىيىۋالغان ھالدا گېدىيىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئاياللارغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بىر جۈپ قارلىغاچ، — دېدى ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — دوستۇم بىلەن ئىككىمىز ئوبدان تەييارلىق بىلەن كەلدۇق. ئەللىك كىشىلىك زىياپەت قىلىمىز، ئەمما



تۈت كىشى مېھمان بولىمىز. پۈتۈن قوي، يەشىكى بىلەن پىۋا، ھاراق، مېۋە - چېۋە، تاتلىق تۈرۈم... قىسقىسى بىر قىزنىڭ تويىغا توغرىلاپ تەييارلىق قىلدۇق. قېنى قىزلار كۆتۈلۈشنى باشلاڭلار ئەمسە!

— مانا تەييار، — دېدى ئادىلە قولىدىكى گۈجەكنى كۆرسىتىپ، — يىگىتلەر تۇرغان يەردە بىز يەر ئاغدۇرساق ئەپلەشمەس، قېنى مۇنۇ كىچىككىنە يەرنى ئاغدۇرۇۋەتسەڭلار ئويۇن - تاماشا دېگەن ئايلانسۇن!

— جان تەسەددۇق! — دېدى كامسىبونچى گۈزەلنىڭ ئايىغا بىر قاراپ قويۇپ، — سىلەرلا بۇيرىساڭلار بېشىم بىلەن مېڭىپ شەھەر ئايلىنىشتىنمۇ يانمايمەن. ئېيتىڭا گۈزەلئاي، مەن سىزنىڭ قايسى ئىلتىماسىڭىزنى قوبۇل قىلمىغان؟

— گۈزەل سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار، گۈزەلنىڭ ئۆي - جايىنى قولىغا ئېلىپ بېرىشتە قانچىلىغان باشلىقلارنى مېھمان قىلدىڭىز، كىملەرگە قانچىلىك سوۋغا سالام بەردىڭىز، يەنە كىملەرگە قانچىلىك يىلىنىدىڭىز، ھەممىسى دەپتەرگە يېزىقلىق.

— دوستۇمىمۇ جىق ماڭدى، — دېدى كامسىبونچى پوستا تۇرغاندەك غادىيىۋالغان ئادىلەنىڭ يولدىشىنى شەرەت قىلىپ، — ئىككىمىز خېلى يول ماڭدۇق. لېكىن ئۇ قانچىلىك ئىش، پەرھاتتەك تاغ كەسمىدۇق، يۇسۇپتەك زىنداندا ياتمىدۇق، مەجنۇندەك چۆللەرنى كەزمىدۇق. مۇرتى كەلسە سىلەر ئۈچۈن ھەممىنى قىلىمىز!

ئەرلەر قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ گۈجەكنى يەرگە سانجىدى. ئاياللار پېشايۋانغا قويۇلغان سوۋغىلارنى جايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا خۇشال، قارىماققا ھاياجانلانغان، لېكىن خۇشاللىقنىڭ ئاخىرىغا خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىك تولۇشامدۇ؟ بۇنى ھازىرچە بىلگىلى بولمايدۇ.

بىر جۈپ ئەر - ئايال يەنە ئەرلەر ئىشلىگۈچى، ئاياللار يىراقلاشقۇچى رولىغا چىققان بۇ تۆت كىشىلىك «لەپەر» چىرايلىق ھويلىدا يەنە باشلاندى. ئەرلەرنىڭ قىزغىنلىق ۋە ئۈمىد بىلەن بۇيرۇتقان ھەممە غىزالىرىنى ئاياللار خۇشياقماي، لېكىن خۇشال - خۇرام ھازىرلىدى. يازلىق ئوچاقتا قورۇلغان گۈش بىلەن كۆكتات پۇرىقى، نوشنا ھويلىلارغا تارالدى. ئادىلەنىڭ

قىيما قىلشقا ماھىر قولىدا تورۇلغان تىگىغراق ئاۋازى كۆچىدىن ئۈزنكوچىلەرنى جەلپ قىلدى. چۈنكى ئادىلەنىڭ قوللىرى ھۈنەردە يېتىلگەن ئۇمۇرچىلەرنىڭ بازغان، بولقا ئۈرۈشىدىن قېلىشمايدۇ. ئادىلەنىڭ يولدىشى بىلەن كامىسىيونچىنىڭ زادىلا قولاشمىغان چاقچاقلىرىدىن پەيدا بولغان يالغان كۈلكىلەر تامنىڭ سىرتىغا راست بولۇپ ئاڭلاندى. گۈزەلئاينىڭ قوشنىسى يۈزىگە داغ چۈشكىنى بولمىسا خېلى گۈزەل كۆرۈنىدىغان ياش ئايال ئۈزىنىڭ يەنە بىر قوشنىسىنىڭ قاچا گۈللەر ھۇيپىدە ئىچىلغان دېرىزىسىگە يۈزىنى يېقىپ پىچىرلىدى:

— كامىسىيونچى يەنە كەلدى، ھەجەپ يامان ئادەمدە، نەدە چىرايلىق ئايال كۆرۈنسە شۇ يەردە ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاڭلىنىدۇ.

— ئالامدىكەن، ئوينامدىكەن؟

— ئوينايدۇ ـ دە، ئازادە ھويلا، ئىككى جۈپ ئەر ـ خوتۇن، ئۇلار كۈلمەي كىم كۈلەتتى ئەمسە.

— گۈزەل دېگىنى ئۇنىمىغىدەككىمۇ؟

— ئىككاھىقا بويۇن تولغىغىنى بىلەن ئويۇن ـ تاماشىغا ياق دەمدۇ؟

— ۋاي ئۆلەي، سىززە؟

— دېرىزىسىنى مارايمىزمۇ يە؟

— ساراڭ خوتۇن، كۆپ ـ كۆندۈزدىما؟

— ئۇنىداق بولسا ئۇيغۇزماستىن بىزنىڭ ئۆگزىدىن مارايلى.

— ھا، ھا، ھا...

— ھى، ھى، ھى ...

— چاۋىلىرنى چىتقا يايايلى.

— كىرىلگەنگە ئۇيغۇزايلى.

ئايالار ئۈز نادانلىقلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ يەنە كۈلۈشتى. ئۇلار ئۇچۇن دۇنيادا باشقىلارنىڭ ياماللىقنى بىلىشتىنمۇ لەززەتلىك ئىش يوقتەك، ھاياتنىڭ ھەممىسىنى غەيۋەت ـ شىكايەتكە بېغىشلىۋەتسىمۇ ئۈزلىرىنى ئېتىقسىزلىقتا ئەيىبلىمەيدىغان بۇ ئايالار ئۇچلۇقا بوگگۇلكى بۇ ئېلىغۇسىزلىق مۇئامىلىلىك كۆن ھەر كۆنى تەكرارلانسىمۇ ئازلىق قىلىپ يوخادىن چىقمايدىغاندەك؛ ئۈزلىرىگە ئىغۋا توقۇشقا ئاسانراق بولغان ئۇل ئايالارنى قوشنا قىلىپ بەرگەن خۇدايىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەق بۈگۈنلا ئىسپاتلىنىۋاتقاندەك... ئايالار شادلانغان، ئۇلار ھاياتتىن، كۈندىن ۋە ھاۋادىن تولىمۇ رازى ئىدى.

لېكىن ئۇلار ئۈز جىنسداشلىرىدىن ئىككىسىنىڭ قانچىلىك ئازاپ بىلەن يالغان كۈلۈۋاتقىنىنى، ئۈز ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەن ئىككى ئەركەك ئۇلارنى خۇددى سادىن چۈچۈگەن جۈجىلەرنىڭ ھالىغا چۈشۈرۈپ قويغىنىنى نەدىن بىلسۇن؟

ئەنە گۈزەلئاي پىياز ئاقلاۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى ئىپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتمەكتە. ئۆگزىدىكى ئايالارنىڭ كۆزلىرى ۋىجدان سۈيى بىلەن تورلانغان بولسىدى. ياش چوكاننىڭ كۆز يېشى پىياز ئاچچىقىدىن ئەمەس. ھاياتنىڭ ھاقارەتلىك ئىشتاملىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى. كامىسىيونچى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرمەكتە. ئىرادىسىز ئايالار ئۇچۇن غورۇر ۋە پاراغەت كەلتۈرىدىغان بۇ خىل تېنىمسىز قاتراش گۈزەلئايغا ئازاپ، ھاقارەت ۋە نەپرەت سوۋغا قىلغان، ئۇ كامىسىيونچىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان تەۋەرۈك جاينى سېتىشقا مەجبۇر بولغان. سەۋەبى، كامىسىيونچى ھەر ئىككى كۈننىڭ بىرسىدە ئاغىنىلىرى بىلەن ياكى ئۈزى خىلمۇخىل سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلىپ گۈزەلئاينىڭ ئۈيىدە «ئولتۇرۇش» قىلىپ گۈزەلئاينى بىزار قىلىۋەتكەن. گۈزەلئاي ياخشى گەپ قىلسا كامىسىيونچى تېخىمۇ ئۈمىدلىنىپ يالغان مەس بولۇۋېلىپ ئايالنىڭ ئۈيىدە قونۇپ قالماقچى بولغان، بەزىدە گۈزەلئاي ئۈيىنى تاشلاپ بېرىپ قوشنىلارنىكىدە قونۇشقا مەجبۇر بولغان. گۈزەلئاي قوپاللىق قىلسا كامىسىيونچى پۈتۈن قىلغان ياخشىلىقلىرىنى مىننەت قىلىپ گۈزەلئايغا دۈشمەنلىك قىلماقچى بولۇپ ياش ئايالنىڭ يۈرىكىنى مۇجىغان. كامىسىيونچىنىڭ ھەرقانداق يول بىلەن يامانلىق قىلالىشىغا گۈزەلئاينىڭ ئىشەنچىسى بار.

ھېلىقى رىشات دېگەن چىرايلىق يىگىت كامىسسىيونچى بىلەن گۈزەلنايىنى تالىشىپ دۈشمەنلەشتى. كامىسسىيونچى ئۇ يىگىت بىلەن دوست بولدى. ئۇلار قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىشتى. ئەمما كۆڭۈللىرىدىكى دۈشمەنلىكلىرىنى كۈلكىگە كۆمۈلگەن كۆمۈر چوغىدەك ساختىلىق ئىچىگە يوشۇرۇشتى. بىر كۈنى رىشات ئاندىن ئۇغما ھالدا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاسكىنا ئېرىق ئىچىدە مەس ھالدا دۈم ياتقان پېتى پۈتۈن شەھەرگە نام چىقاردى. بۇ رەسۋاچىلىقتىن كېيىن ئۇ گۈزەلنايىنىڭ كۆزىدىن يۈتتى. بۇ خىل زەربە بېرىش، ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلىنى كامىسسىيونچىدىن باشقا بىرسىنىڭ قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ پۈتۈنسۈرۈك بىر يىگىتنى شەھەرگە يولىغۇسىز قىلىۋېتەلىگەن ئادەم گۈزەلنايدەك بىر ھىمايىسىز ئايالنى پالاكەتكە تىقالماسمۇ؟ ئۇ ئۆز قولى بىلەنمۇ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەنمۇ گۈزەلنايىنى خاراب قىلالايدۇ-دە، گۈزەلناي بۇ خىل قەبىھ زەربىلەرنىڭمۇ تەمىنى تېتىغان. رەقىبىنىڭ ھېلىقى «گاچا مېنىڭ باسقۇنچىلىق قىلدى» دەپ تارقاتقان ئېغۋاسىغا چىدىماي بالىسى بىلەن دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلمەكچى بولغانلىقىنى ئۇ زادى ئۇنتۇمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رەزىل ئەرلەردىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. لېكىن كامىسسىيونچىنى ئىككى يىلدىن بېرى بايقاپ كېلىۋاتىدۇ. كامىسسىيونچى گۈزەلنايغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن. ئۇمۇ رەقىبكە ئوخشاش گۈزەلنايىنىڭ گۈزەللىكىگە ئاشىق. ئەلانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىدىن كېيىن گۈزەلناي بىر مەھەل قاتتىق ئازابلاندى. بۇ كۈنلەردە كامىسسىيونچىنىڭ غەمخورلۇقى تولىمۇ چوڭ بولدى. ئۇ گۈزەلناي ئۈچۈن ھەممىنى قىلدى. جايىنى ھەل قىلىپ بەردى، تۇرمۇشىغا قارىدى. كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىنى قىلدى. ئۇ ئىنساپ ۋە ئەخلاقتا رەقىبتىن ئۈستۈن كەلدى؛ گۈزەلنايدىن قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن جاۋاب تەلەپ قىلمىدى. لېكىن بىر كۈنى كەچ ئۇ گۈزەلنايىنىڭ ئۆيىنى تولۇق ئۆزىگە قايتۇرغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ:

— گۈزەلناي، مۇشۇ قەغەزنى ئالغىچە ئۈچ مىڭ سوم خەجلىدىم. مەڭ، ئۇقتۇرۇشنى ئېلىڭ، لېكىن مىننەتدارلىق ھېسابىغا ھېچ بولمىغاندا قولىڭىزغا سۆيۈپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى.

گۈزەلناي تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئۇقتۇرۇشقا سۇندى. كامىسسىيونچىنىڭ يۇمشاق، گۆشلۈك، كۈچلۈك ئالىقانلىرى ئۇنىڭ نازۇك بىلىكىدىن چىڭ تۇتتى ۋە تىنىقى ئىسسىق، يۈرەك سوقۇشى تېز گەۋدىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. گۈزەلنايىنىڭ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئاچچىق ئېڭىردى:

— ئەلى، ئەلا!...

كامىسسىيونچىنىڭ لەۋلىرى ئۇنىڭ قوللىرى بىلەن توختاپ قالمىدى. گۈزەلنايىنىڭ نازۇك بېلىدىن قورۇپ تۇتۇۋېلىپ تاكى گۈزەلناي سىلىق يول قويۇشتىن غەزەپلىك نارازىلىققا ئۆتكىچىلا ئۇ ئايالنىڭ چاچ، بويۇن، تاڭلاي، پېشانە ۋە باشقا جايلىرىغا ئاچكۆزلۈك-ئەسەبىلىك بىلەن سۆيدى.

— قويۇۋېتىڭ! — دېدى گۈزەلناي باسماقچى بولۇپ كارىۋاتقا ئېلىپ ماڭغان قاۋۇل كامىسسىيونچىنىڭ كۆكرىكىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ، — ئەلى، قوپ بالام، ماۋۇ نومۇسسىزنى قارا!

ئەلى دەرھال مىدىرلىدى. كامىسسىيونچى كۆكۈرۈپ-تاتىرىپ يىغلاۋاتقان ئايالنى قويۇۋەتتى.

— قوپاللىق قىلىپ قويدۇم. لېكىن چۈشەنمىدىم، نېمىشقا نارازىلىق قىلىسىزكىنتاڭ؟

— نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟ — دېدى گۈزەلناي يىغلاپ تۇرۇپ، — ئادەم دېگەن مۇھەببەت ئويغانمىسا سۆيۈشمەيدۇ!

— مەندە ئويغاندى-دە، ئويغانماق تۈگۈل يېنىپ گۈلخان بولدى.

— سىزدىلا ئويغانسا بولاتتىمۇ؟ كۆڭلى يوق ئايالغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش ھاقارەت، زورلۇق!

— شۇنداق، گۈزەلناي، لېكىن مەن سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىكى مىننەتدارلىقتىن پەيدا بولغان مايىللىقنى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىپ قاپتىمەن. ماڭا ئىشىنىڭ، مەن يۇتقاندىن كېيىن سىزنىڭ

مەيلىڭىزگە شەرتسىز بېقىنىمەن.

كامىسسىيونچى دېگىنىنى قىلدى. لېكىن ئاشۇرۇۋەتتى. گۈزەلئاي بىرنەچچە كۈن يۈرۈن ئويلىنا-ئويلىنا، ئاخىر كامىسسىيونچىغا تۇرمۇشلۇق بولۇشقا ماقۇل جاۋاب بەرمەكچى بولغانىدى. ئەلانىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى زۇلخۇماردىن ئاڭلاپ بىردىنلا ئۆز-ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتمىغان بىرسىگە رازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى ۋىجدان ئالدىدىكى ئەيىبى ھېسابلاپ كېچىچە يىغلاپ چىقتى. شۇندىن كېيىن كامىسسىيونچى ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ كۆرۈمسىز، تولىمۇ يىرگىنىشلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ھەي، ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىغۋا توقۇشقا ھازىرلىنىۋاتقان ئاياللار. ئىنساپ قىلىڭلار. بىگۇناھ يۈرەككە چالما ئاتماڭلار. بىلسەڭلار گۈزەلئاي سىلەرگە يامانلىق، ئىزا - نومۇس كەلتۈرمەيدىغان ياخشى قوشناڭلار. تۇل بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئەيىبى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئەيىبى!

— ئەكىلىڭ پىچاقنى. پىيازنى مەن ئاقلاي. — دېدى يەر ئاغدۇرۇشنى ناھايىتى تېزلىكتە پۈتتۈرۈپ بىرىشكە ئۈلگۈرگەن كامىسسىيونچى قوللىرىنى گۈزەلئاينىڭ قولىغا تەككۈزۈۋېلىش لەززىتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن دادىللىق بىلەن پىچاققا قول سوزۇپ، — يېرىڭىزنى ئاۋۇ مەدىكارغا بەش سومغا كۆتۈرە بەردىم. سىز ھېچ ئىش قىلماڭ. كارىۋاتتا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇۋېلا بېرىڭ. قاراڭا كۆز يېشىڭىزنى. سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى كۆرگىنىمدىن دادامنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگىنىم ئەۋزەل. گۈزەلئاي بىلەمسىز. مەن ئەمدى بىلىۋاتىمەن، سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ كۈنۈم تەسكەن. مىڭلار ئاي، كۈنلەر يىل. خۇددى چالا بوغۇزلانغان مالدەك... سىزگە نېمە بولدى گۈزەلئاي. نەگە ماڭدىڭىز، توختاڭ بىر سۆز قويۇپ بېرەي، يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ. پىيازنىڭ ئاچچىقى راستلا ناھايىتى يامان!

ئۇ سەندىرەكلەپ گۈزەلئاينىڭ كەينىدىن مېڭىۋىدى. ئۇنىڭ ئالدىنى ئادىلە توستى:

— دەم ئېلىڭ، تەخىر قىلىڭ، زاكۇسكا تەييار بولمايلا مەس بولۇۋاپسىلەر. مەسلەرنى مېھمان قىلماق تولىمۇ تەس. كەلسە - كەلمەس گەپلەرنى قىلىۋەرسەڭلار ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىمىز. قويدىن ياۋاش بولمىسىڭىز مېھمان قىلالمايمىز، — دېدى ئۇ خاپا بولغان ھالدا كامىسسىيونچىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرۇپ.

كامىسسىيونچى ئادىلەگە گۈلەيدى.

— بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز. سىز ئېرىڭىز بىلەن مۇشۇنداق پاراڭلاشسىڭىز ھېچكىم نارازى بولمايدۇ. لېكىن مەن ھازىر مۇشۇ ئۆينىڭ خوجايىنى.

— خوجايىنى؟ تېخى ئەتىگەن. ھازىرچە خوجايىنى مەن. بىلەمسىز ئۇ مېنىڭ سىڭلىم.

— پۇللۇق ئادەمنى ھەدەپ دېيىش بەكمۇ كۆڭۈللۈك. شۇنداقمۇ؟

— كۈيىدۇم - ئۆچتۇم دەپ كەينىگە كىرىۋېلىشچۇ؟ كامىسسىيوندىكى كونا كىيىملەرنى ماختاپ پۇل قىلغانىغا قارىغاندا ئۇرغۇن ئاسان بولسا كېرەك.

كامىسسىيونچى ئادىلەنىڭ مەسخىرە ۋە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە ھاراقتىن تەلۋىلەشكەن. مۇھەببەت بىلەن ھاياسىزلىق ئارىلاشمىسىدىن قورقۇنۇچلۇق تۈسكە كىرگەن تېگى چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قادالدى:

— يېگىلىشمىسام كىچىكلىكتىن غەزىپىڭىز تېشىۋاتىدۇغۇ دەيمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئايالغا سوركىلىپ، — بىر ئامال قىلىپ قوندۇرۇپ قىلىڭ. مەن سىزنى خالىغىنىڭىزغا ئىگە قىلالايمەن. قىزچاق!

— ھايۋان! — دېدى ئادىلە كەينىگە داجىپ غۇلچىنى كېرىپ، — ساڭا بۇ قورۇدا خەۋەردار يوق. يوقال كۆزۈمدىن، — ئۇ ئۇرماقچى ئىدى. لېكىن قوللىرى ھاۋادا پۇلاڭلىغاندا ئۇنىڭ يېنىدا گۈزەلئاي پەيدا بولدى. ئۇ دوستىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئادىلە، سەنمۇ ئىچىۋالمىغانسەن. بول دوستۇم چۆچۈرىنى تېزراق تۈگەيلى، مېھمانلىرىمىز قاتتىق مەس بولۇپ قالمىسۇن يەنە. — دېدى.

ئادىلە دوستىنىڭ رايىغا بېقىپ قازان بېشىغا ماڭدى. ئۇ كامىسسىيونچىغا قايرىلىپ تۇرۇپ:

— خه جلگه ن پۇلڭزنى ئۇسۇمى بله ن، تاپان هه ققڭزنى قوشۇپ هبسابلاپ چقڭ، سزنى هۇكۇره تكه ن پۇل بزدىمۇ بار. پۇلڭزنى ئبلڭ ـ ده، بۇ قورۇغا ئككنچى قبتم كه لگۇچى بولماڭ! — دىدى.

كامسيونچى كۇلۇپ قويۇپ ئۇلارنڭ كه ينىدىن قازان بىشغا ماڭدى.

— سز بله ن مۇئامله قلغان بولسام ئاللقاچان سز دىگه نده ك قلغان بولاتتم. لىكن سز هازىرچه بۇ ئامه تتىن مه هرۇم. نىمشقا ده مسزا؟ دوستڭزدىن سه ۋه بىنى سوراڭ، ئۇي ئىگىسى سزنڭ دىگىنڭزنڭ ته تۇرىسچه مىنڭ بۇ قورۇغا خوجايىنلق قلشمنى خالايدۇ.

— خالىغان بولسا سزنى قورۇق هاراق ئچشكه مه جبۇرلىمايتتى. قاراڭا، چرايڭز بر ئاي ئوزۇق يىمگه ن ئاچ بۆرىگه ئوخشاپ قاپتۇ. به ختلك ئاده م مۇشۇنداق به شره بله ن كوچىدا يۈره تتمۇ؟ سز ئه ڭ بىچاره، ئه ڭ په سكه ش، ئۇياتسز ئاده مسز، بولمىسا كۆڭلى يوق بر ئايال ئۈچۈن يۈرىكڭزنى داپ قلىپ چىلىپ يۈره تتڭزمۇ؟

— ئادله، قويساڭچۇ؟ — دىدى گۈزه لئاي دوستى-نىڭ هاقاره تلك سۆزلرىگه چىداپ تۇرالماي، — ئه مدى گه پ ته گه شسه ڭلار ئۇينى تاشلاپ چقىپ كىتىمه ن. ئاكا، خاپا بولماي ئۇيگه كرىپ بىرده م ئارام ئالسىڭزكه ن، خزمتڭزده بولايلى، سزنى رازى قلايلى، كىچىككىنه ته خىر قلسڭز.

گۈزه لئاينىڭ سه مىمىي يىلىنشى ئۇرۇشخۇمار-لارنڭ هه ر ئككلسنى يۇمشاتتى. كامسيونچى گۈزه لئاينىڭ مۈرىسىگه قولنى قويۇپ كۆزلرىگه تىكلىپ قارىدى ـ ده:

— ره همه ت، سزگه ره همه ت گۈزه لئاي، سز مىنى ره قىبكه ئوخشاتماڭ، سه زگۈلرىم مىنى ئالدىمىغانلا بولسا مه ن تىخى نائۈمىد ئه مه سمه ن، بىلىمه ن، ئه لا هاياتكه ن دىگه ن خه ۋه رنى ئاڭلاپلا ئككلنىپ قالدىڭز. ئه لانڭ هاياتلقى بالڭزنڭ به ختى. لىكن سزنڭ به ختڭز ئه لا بله ن مۇناسىۋه تىسز. به ختسزلككڭز شۇنڭ نامى بله ن

چىتىشلىق، . بۇنسى راست، مه يلى خالىمسڭزمۇ ده يمه ن: سزنڭ به ختڭز مىنڭ نامىم بله ن...

— ئه مدى ۋالاخلماڭ! — دىدى ئادىله گۈزه لئاينىڭ ئامده ك تاترىپ كه تكه ن چرايى بله ن تارامىلاپ ئىبقىۋاتقان كۆز ياشلرىغا قاراپ قويۇپ كامسيونچىغا دىۋه يله پ، — سزده ك ئاده منى مىهمان قلغىچه...

— ئادله، نىمانداق قلسه ن؟

— نىمىشقا ئاغزىغا ئۇرمايسه ن، نىمه تىل قىسىلچىلىقڭ بار-هه؟ باللرىمزنڭ دادىسىنى نىمه ده پ هاقاره تله ۋاتىدۇ مۇنۇ ئاده م؟

— ئۇيگه كىرىڭ ئاكا! — دىدى گۈزه لئاي كامسيونچىغا ياشلىق كۆزلرى بله ن يىلنىپ قاراپ، زورىغا كۈلۈمسره پ، — ئۇيگه كىرسڭز، بولامدۇ؟

كامسيونچى خۇددى ئۇقۇشۇلماسلقتىن خاپا بولۇپ بىردىنلا ئىشنىڭ راستىغا يه تكه ن ئاده مده ك، ئويۇقسز خۇشال بولۇپ ئۈزىچىلا قاقاخلاپ كۈلدى:

— بولىدۇ، بولىدۇ، بولمامدىغان گۈزه لئاي، سىزلا نه له پ قىلسڭز ۋه يلۇن دوزاقىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ كىرىۋىرىمه ن ده گا. باياتىنقى چاقچاق، ئادىله ئككىمز قوپالراق چاقچاقلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. دوستۇم قىبنى. هه ي بۇ ئاداشىنىڭ ئىچىۋالسىلا ئۇخلايدىغىنى. بۇنداق دوست زىرىككىشلىك بولىدىكه ن. ئاده م دىگه ن ئىچكه ندىن كىيىن جانلانسا، ناخشا ئىيتسا، مۇڭداشسا، هىچبولمىغاندا تورۇشسمۇ مه يلى ـ ده!

ئۇ سه ندىره كله پ ئۇيگه ماڭدى. ئادىله ئۇنى كۆزى بله ن شه ره ت قلىپ پىچىرلىدى:

— ئۇنى نىمانچه ئاپايسه ن، كۆڭلۈڭ بارمۇ — يه ساراڭ؟

— قويغىنا، قانداق كۆڭۈلكه ن ئۇ؟ مىنڭ بۇ ئاده مگه ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئىشىنه مسه ن، ئۇ مىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ شۇنڭ ئۈچۈن به ختسز-بىچاره، بارلىق به ختسزله رگه ئىچىم ئاغرىيدۇ.

— ره قىبمۇ به ختسزغۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ئىچىڭ ئاغرامدۇ ئه مسه؟

ئادله — ياق، ئۇنىڭغا غه زه پلىنىمه ن، ئۇنىڭ ئۈچۈن

ھەممىلا ئادەم مال. بىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئادەملەرنى سېتىۋېرىدۇ. مۇھەببەتمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مال. ئۇ ئاما قىلغان بىرەر مەنسەپ ياكى مەنپەئەت ئۈچۈن مۇھەببەتنىمۇ ساتالايدۇ. لېكىن مۇنۇ ئادەم ئۇنداق ئاماخور ئەمەس.

رەقىبىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويۇپلا ئادىلە جىمىپ كەتتى. ئۇ قازانغا ماي قۇيۇۋېتىپ ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك:

بۇۋايا ئادەملەر ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ بەختسىز قىلىدىكەن. مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ خاتالىقىم رەقىبنى بىر ئاي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇشايمان يەيدىغان ئوخشايمەن، — دەپ پىچىرلىدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە بۇ ھويلىدىن ناخشا بىلەن كۈلكە ئاڭلاندى. قارىماققا ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشال، لېكىن راستىنى ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەردلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىمۇ، ناخشىلىرىمۇ يالغان. ئىنسان مانا مۇشۇ قابىلىيىتى بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر تىرىك نەرسە ئادەملەردەك ئالدامچىلىقتا يېتىلگەن ئەمەس.

باھارنىڭ سالقىن ھاۋالىق بۇنداق ئاخشاملىرى ئاشىقلار ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرى چېچەك سۈيى بىلەن تەنتەنە قىلغان ئىبرىق سۇلىرىدەك قىبىندىن تاشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاشىق-مەشۇقلارغا ئۈنمۇ قىزغۇچ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان بولىدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بەدىنىدىكى مەخلۇقات تەبىئەتكە خاس بولغان تەلۋە كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن قورقۇش، قورۇنۇش، نومۇس قىلىش ئوخشاش نەقىل تىزگىنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ قەپەزدىن بوشانغان يىرتقۇچتەك بېشى قايغان تەرەپلەرگە چاپىدۇ!... بەس، مۇلاھىزىدىن بايىقى ھويلىغا قايتايلى: ئادىلەنىڭ يولدىشى قىرلارغا خاس قىسقا ئۈيقىسىنى كۈندۈزدىكى مەسلىك بىلەن تۈگەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھازىر باشقىچىلا جانلانغان؛ يالاڭباش، شالاڭ، ئۈسكىلەڭ چاچلىرى چۇگۇلۇپ چوقچىيىپ تۇرىدىكى تاقىرى يېرىگە قونۇپ تۇرغان يىلتىق ماي قاپىقىدەك قىزارغان. كۆزىنىڭ تۈگمىلىرى ئېچىلغان، پوپايكىسىنىڭ تۈگمىلىرى بولسا سولجۇر ئېتىلگەن ھالدا قولىغا ھاراق تولدۇرۇلغان پىيالىنى ئېلىپ ئاياللارغا ھاراق زورلاپ، تىنىچ بەلگىسى يوق، جۈملىلىرى خاتا تەمسىز گەپلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قورساق كۆپىكىنى چىقارماقتا:

— سىز ئادىلە، بىزگە نېمىگە تەگكەن، — دېدى ئۇ بىر ئالدىغا بىر كەينىگە دەلدۈگلىنىپ تۇرۇپ، — ئالدىغلى، تاشلىغلى، ئاخماق قىلغىلى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن بىز ئىچمىز، قوغلىنىسىڭىزمۇ كەتمەيمىز، سىز بىزنىڭ خۇشكەتتىمىزنى ئىچمەيدىكەنسىز، كاللىمىز كەتسىمۇ چېكىنمەيمىز، يانمايمىز، مەن ئۇسسۇل ئوينايمەن، ئېيتمەن، نېمە، سىز ھېلىقى مەس بولۇپ تۈگلاپ ئۆلگەن يولدىشىڭىزنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلمامسىز؟ ئۇ مېنىڭ باتالىيون كوماندىرىم ئىدى. لېكىن بىزنىڭ باتالىيوندىن بىرلا مەن قالدىم. شىخودىكى سوقۇشتا قىرىق بىر جەڭچىدىن پەتىسى ئامان قالغاندا يەتتىنىڭ بىرىنچىسى مەن ئىدىم. بىلەمسىز، بىز سىزگە يارىمىغان بىلەن سوقۇشقا يارايمىز!

— بەللى! — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن بىزار بولغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كامىسسىيونچى، — سىز ئۈچۈن ھەيكەل قاتۇرۇشقا توغرى كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنۇتماڭ، ھەيكىلىڭىز قاتۇرۇلىدىغان كۈنى ئۈت يانچۇقلۇق ناسۋالىرەڭ چاپىنىڭىزنىڭ ئورنىغا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھېلىقى ياگونلۇق كىيىمىنى كىيىپ پۇتۇن ئۇنۋان ـ مېداللىرىڭىزنى تاقىۋېلىڭ!

— سىز نېمە دېمەكچى بولداش كامىسسىيونچى؟ — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە دەلدۈگلىنىپ قويۇپ، — بىزنى مازاق قىلماقچىمۇ؟ بىزگە بۇ خىل گەپلەرنى قىلىشنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى ئۇنۇتۇماڭ. كىچىككىنە كەڭچىلىك بولسىلا بىز خەق ئۈشكىدەك تامغا چىقىۋالىمىز. ھەرىكەت ئېيتى تۈگمىدى، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ياشىسۇن، جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئۇۋىسىغا سۇ كىردى، يەنە كىرىدۇ،

بىزگە ھەيكەل قاتۇرماقچى، تېخى رەقىب جۇرىنىڭ نېسۇيسگە قول سوزماقچى، يولداش كامىسسيونچى، پرولېتارىيات سىزگە يول قويمايدۇ، سىزگە چەك قويۇلىدۇ. كەلگۈسىڭىزنى ئويلاڭ، چىقىش يولى ئىزدەڭ، سىز تېخى ئاقلانمىغان پىياز!

— نېمە دەپ بىلجىرايسىز ھەي، ياغاچ گېنېرال، ئوقسىز مىلتىق، شوئار خالتىسى، دىۋانە خۇرجۇنى!...

— ۋالاخلىماڭ! — دېدى ئادىلە كامىسسيونچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — قويۇپ بەرسە تېخى يۈندا چېلىكى، تۆكۈرۈك قاچىسى دېگەندەك ئېپلاس نەرسىلەرگىمۇ ئوخشىتىدىغان ئوخشىمامسىز؟ نېمە بولسىمۇ بۇ بىچارە سىلەردىن ياخشى!

— نېمە، نېمىسى ياخشىكەن بۇنىڭ، سىزگە ئەر بولۇشقا يارىغىنى بىلەن ماڭا پېتەككىمۇ يارىمايدۇ بۇ!

— نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئادەم سىزدەك پۈلنىڭ كۈچى بىلەن ھۆكۈرىمەيدۇ!

— راست ئېيتىدۇ، بىزنىڭ ئادىلە، — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى كامىسسيونچىغا دەلدۈگلىنىپ دىۋەيلەپ، — بىز سىزدەك بېشى ئېلىنمىغان بۇرژۇي ئەمەس، بىلىپ قويۇڭ، بىز پرولېتارىيات سىلكىنىشىنىڭ ئادىمى. ياشىسۇن يۇ، يۇ پرولېتارىيات!

— ئادەم مۇشۇنداق بولامدۇ ئادىلە، قاراڭا، بۇنىڭ تىلىمۇ، چىرايلىق گېپىمۇ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان گېپىمۇ بىرلا شوئار. سىز ئۇنىڭ شوئار خالتىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرارغۇ ھە. مەيلى مەن پۇل خالتىسى بولاي، بۇ ئىككى خالتىدىن بىرسىنى تاللىۋېلىڭ دېسە، ھەر قانداق ئايال جەزمەنكى پۇل خالتىسىغا قول سۇنىدۇ.

— ئېيتىۋېتىمەن! — دەپ چىرقىرىدى ئادىلەنىڭ يولدىشى ئەسەبىيلىك بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تاپانچىسىنى غىلاپىدىن ئېلىپ، — سېنى ئېتىۋەتسەم مۇكاپاتلىنىمەنكى جازالانمايمەن!...

بىاياتىن سۇپىدىن يۈتىنى ساڭگىلىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان گۈزەلئاي بىردىنلا چىرقىراپ ئادىلەگە ياماشتى. ئادىلە ئېرىنىڭ تاپانچا تۇتقان قولىغا ئېسىلىپ ھودۇقۇپ ۋارقىرىدى:

— سېلىڭ قورالنى، قانداق دېگەن تەنتەكلىك بۇ. چىقىڭلار ھويلىدىن، يوقىلىڭلار! يېدى، ئىچتى. مەس بولۇشتى. يەنە نېمە دېگەن ئۆكتەملىك بۇ. قورالىڭىزنى سېلىڭ. بولمىسا مەن ھېلى ئادەم چاقىرىمەن. تۈزۈل خوتۇنلارنى ئىگىسىز دېمەڭلار، بىزگىمۇ ئىگە چىقىدۇ!

ئادىلەنىڭ غەزىپى، گۈزەلئاينىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايى تاپانچا تۇتقان قولى تىترەتتى. تاپانچا تۇتقۇچىنىڭ يىرتقۇچىنىڭكىدەك چەكچەيگەن كۆزلىرىدە خىجىللىق، ئەپسۇسلىنىش پەيدا بولدى-دە. ئۇ تاپانچىسىنى غىلىپىغا سېلىپ تۇڭلاپ قالغاندەك قېتىپ تۇرغان كامىسسيونچىغا يېلىنغاندەك قارىدى:

— جورۇڭ ئاداش. گەپ بولسا سىرتتا قىلىشايلى.

— تاپانچىنىچۇ؟ — كامىسسيونچى قورقۇپ سورىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — ئادىلەنىڭ ئېرى يەرگە قارىدى.

بىردەمدىن كېيىن ھويلا جىمىپ قالدى. ئادىلە سۇپىدىكى كونا گىلەم ئۈستىدە پۈتلىرىنى سوزۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئامغا يۆلەندە-دە. تۆۋرۈككە ئېسىغلىق تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ دەرد-ئەلەملىرىنى ناخشىسى بىلەن بايان قىلىشقا باشلىدى:

يار بىلەن ئىچسەم شاراپ،
ئىچسەم پىيالە تولمىدى.
ئالدىراپ بەرگەن كۆڭۈلنىڭ،
ئەتىۋارى بولمىدى...

تۈن قوينىدا ئۇيقۇغا كەتكەن شەھەرنىڭ قويۇق تېرەكلىرى باھار شامىلىدا شىلدىرلاشماقتا. چېچەك ۋە گۈللەر بىلەن تولغان باغلاردىن بۇلبۇل نەغمىسى ئاڭلانماقتا. غۇلجا شەھىرى ئانا قۇچىقىدا چۈش كۆرمەكتە. ئۇنىڭ چۈشى ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم غەملىك. بۇ شەھەرنىڭ يۈزلىرى چۈشىدىمۇ كەلگۈسى بىلەن خۇشال. بۇ ئەلۋەتتە كۆڭۈللۈك تەبىئىي ھالبەتتە شۇنىڭ بىلەن تۇلار

چۈشلىرىدە ھازىرقى غەم - قايغۇلىرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. مانا بۇ غەملىك تەرىپى.

ئاياللارنىڭ ناخشىسى تويغۇدىكى شەھەرنىڭ چۈشىدىكى كۆڭۈللۈك ھەم غەملىك تەرەپلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىدا ھاياتقا مەدھىيە بىلەن نارازىلىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار ھازىرقى توققۇزى تەل بولغان كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلاشسا بولاتتى. لېكىن ئۇلار روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان زېرىكىش، ئىچ پۇشۇقى ۋە كەمتۈكلۈكى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا نېمە مەقسەت بىلەن ياشاۋاتقىنىنى تازا چۈشەنمەيدۇ. كەلگۈسىدە ئارتىسلىك قىلىپ تارىختا بىرەر «ئىز» قالدۇرماقچىمۇ، ياكى ئۇلارنىڭ ئالىي مەقسىتى كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل كىيىملىرى بىلەن چىرايلىرىنى كۆزا - كۆزاڭ قىلغاچ ئالدىلىرىدىكى باللارنى ئوبدان تەربىيىلەپ، قەلبىدىكى «ئۈشۈك تەككەن» ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىڭ چېچەك - مېۋىلىرىنى باللىرىنىڭ ئەقلى بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇلار تېخى چوڭقۇر ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى مۇڭلۇق، كۆزلىرى ياش.

— توۋا، — دېدى ئادىلە مۇڭلۇق ناخشىدىن كېيىن قاتتىق «ئۇھ» تارتىپ، — بىر جۈپ چىرايلىق كېيىنىپ، قولتۇقلىشىپ كوچىلاردا ماڭساق، ھەممە ئادەم بىزگە زوقلىنىپ قارايدۇ. شۇچاغدا ئۆزىمىزنى تەڭداشسىز گۈزەل، بەختلىك ھېس قىلىمىز. بىز كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بازارغا سالىمىز، ئېيتقىنا گۈزەل، بىز كىيىم ۋە چىرايىمىز بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز ئۆزىمىز شۇنچە پەسكەش تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئاشىق بولغان ئاۋۇ گۇناھسىز بىچارىلەرنى ئەيىبلەيمىز، ئۇلاردىن يىرگىنىمىز.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق بولاتتى؟ — گۈزەلئاي ئويقۇسىرىغان كۆزلىرى بىلەن دوستىغا ھەيران بولۇپ قارىدى، — ئۇلارنى خۇشال قىلىش، رازى قىلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلەتتىمۇ ساراڭ؟

— نېمىشقا كەلمەيدىكەن؟ بىز بەربىر ئۆلگەن ئادەملەرغۇ؟ ماۋۇ يىرگىنىشلىك بەدىنىمىز ئۇلارنى رازى قىلالايدۇ. سەن كامىسيونچىنى قانچىلىك كۆيدۈردۈڭ، قانچىلىك قىيىندىڭ. بىلەمسەن؟ نېمىشقا ئۇنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ خۇش قىلاي دېمەيسەن؟ سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسام ئۇنى خۇش قىلاتتىم، رازى قىلاتتىم، ئۆزەڭ ئازاب تارتقاننى ئاز دەپ باشقىلارنىمۇ ئازابلامسەنا؟ بىز ئازابلىنىش، ئازابلاش ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرەلگەنمۇ؟ ئازابتىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالمايمىز، لېكىن باشقىلارنى قۇتۇلدۇرالايمىزغۇ؟ سەن يەنە غايە، ئارزۇ دېگەندەك گەپلەرنى تىلغا ئالىسەن تېخى. بەزىدە مەنمۇ كەلگۈسىدە ئارتىسلىك قىلىپ خەلقىمىزگە خىزمەت قىلالايمەن دەپ ئۈمىدلىنىمەن. لېكىن بۇ ئۈمىدلىرىمىز ئاللىقاچان ئۆلگەن. بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىز كۆيگەن توپىغا كۆمۈلگەن ئۇرۇققا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەرگىز بىخ ئۇرمايدۇ. مەن ئاللىقاچان ئۆلۈۋالغان بولاتتىم. سېنى دەپلا ئۆلمەي يۈرۈۋاتىمەن. مەن ئۆلسەم ساڭا كىم ھەمراھ بولىدۇ، كىم ساڭا كۈلۈپ ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ. بىلەمسەن گۈزەل، مەن سېنىڭ بەختىڭنى كۆرۈشنى تولىمۇ خالايمەن. نېمىشقا دېسەڭ، سېنىڭ قەلبىڭدە مۇھەببەت بار. سەن ئەلانى ياخشى كۆرىسەن، ھامان بىر كۈنى بەختلىك بولىسەن. لېكىن سەن كامىسيونچىنى رازى قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئۇنى رازى قىلىش سېنىڭ ساپ مۇھەببىتىڭگە دەخلى قىلمايتتى. نېمىشقا دەمسەنا؟ سەۋەبى سەن ئەلانى قەلبىڭ، روھىڭ بىلەن ياخشى كۆرىسەن، سېنى يات بىرسى قۇچاقلاپ قويغانغا روھىڭ بۇلغىنىپ كېتەتتىمۇ؟

— قويغىنا ساراڭ، — دېدى گۈزەلئاي يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توراپ، — مەن ساڭا قاچان ئەلانى ياخشى كۆرىمەن دېدىم؟

— دېمىسەڭمۇ بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قانداق بولۇپ كەتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلگەندىچۇ، كامىسيونچىغا رازىلىق بەرمەكچى بولدۇڭ. لېكىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇۋىدى،

كامىسسىيونچى ساڭا تولىمۇ سەت، قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنگىلى تۇردى. راستمۇ؟

— ساراڭ!...

ئۇلار بۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقان شۇ مىنۇتتىن تەخمىنەن ئىككى سائەت ئىلگىرى چىرايى تولىمۇ جۈدەڭگۈ، كىيىملىرى ناچار بىر يىگىت مۇشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. بۇ يىگىت ھېلىقى ئاياق يىگەن ۋاقتتىن كېيىن ئىككى ئاي تۈيدە يېتىپ داۋالىنىپ تۈزە بولغان ئەلا. ئۇ زۇلخۇمارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە بۇ ئۆينى تەستە ئىزدەپ تاپقان. ئۇ سىڭ بويىدىكى يان كوچىدا تۇرغان پىكاپنى كۆردى - دە، غەزەپتىن غالىلداپ تىترىدى. چۈنكى بۇ پىكاپتا رەقىبىنىڭ گىدىيىپ ئولتۇرغىنىنى ئۇ نەچچە قېتىم كۆرگەن. ئۇ ئىشىككە كېلىپ ھويلىغا قۇلاق سالدى. ھويلىدىن ئەر - ئاياللارنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— كىمنى مارايسىز ھويت ئادەم! — بىر ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى. بۇ ئەلۋەتتە ھېلىقى قوشنا ئايال، — سىزمۇ بۇ سەتەڭلەرنىڭ خېرىدارىمۇ؟

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — ئەلا كەينىگە داجىدى، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— نېمە چىچاڭسىز؟ بۇ ئىككى سەتەڭنىڭ خېرىدارى كۆپ بولغاندىكىن، بىرلىرى پىكاپتا، بىرلىرى ۋېلسىپىتتا، بىرلىرى سىزدەك پىيادە... ھى، ھى... ھەر كۈنى كېچىچە ئويۇن، كۈندۈزى تويقا، ئاۋارە بولماڭ، بۇگۈن سىزگە ئۇلارنىڭ چولىسى يوق، ھى، ھى...

ئەلا سەسكىنىپ كەينىگە ياندى: «گۈزەلئاي شۇنداق قىلارمۇ؟ ھازىر نېمىلەر بۇزۇلمىدى ھە؟ ھەممە نەرسە بۇزۇلدى. ئەڭ يامان بۇزۇلغىنى ئادەملەر. گۈزەلئاي ھېماييچىسىز، ئېگىسىز... جەمئىيەتنى بۇزغان بۇ تەلۋە كۈچ ئۇنى بۇزالمايتتىمۇ؟» ئۇ شۇنداق ئويلىدى - دە، ئۈمىدسىزلىك، ئازاب ۋە غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قاراڭغۇ كوچىغا ئەگىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تۇرتەندى، كۆزلىرىنى مانان قاپلىدى...

ئەتىسى گۈزەلئاي بىلەن ئادىلە بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ بولۇپ، ئوخشاش ياساندى، بېغىرەڭ كاستۇم - يوپكا، ياقىسى كاپىتوم، مىرتىغا، چىقىرىلغان، ئاسمانرەڭ كوفتا، تۈزۈن ئېپەك پايپاق بىلەن قىزىل توفلى كىيىشكەن بۇ ئىككى چوكان پۈتۈن شەھەر بويىچە بىردىنبىر ياسانچۇقلار. ھەممىلا ئادەم مايسىرەڭ، كۈلرەڭ، كۆك خادانى باكى دىكادىن بىر خىل كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنگەن بۇ دەۋردە كاستۇم - يوپكا كىيىش ئەلۋەتتە دەۋرگە ھومايغانلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ بىر جۈپ چوكان قورساق كۆپىكىنى چىقىرىش ئۈچۈن نېمىگە رۇخسەت قىلىنمىسا شۇنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن: مۇھەببەت قوشاقلىرى ئېيتىشنى مەنئى قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار «خەلق قوشاقلىرى» دېگەن نوپلامنى تېپىۋېلىپ، ئۈنىڭدىكى قوشاقلارنى يادلاپ، مۇڭلۇق، يېقىملىق ئاھاڭلارغا سېلىپ دۇتار بىلەن ئۆيدە مەشق قىلىشىدۇ - دە، قىز - چوكانلار سورۇنلىرىدا ھوزۇرلىنىپ ئېيتىشىدۇ. ھەتتا ئۇلار مۇشۇ سەۋەبتىن غېرىپ - سەنەم، پەرھات - شىرىن، يۈسۈپ ئەخمەت داستانلىرىنىڭ قوشاقلىرىنى ئىرىشىپ يادلاشتى. ھازىر بۇ ناخشىلارنى كۆز يېشى ۋە مۇڭ - زارى بىلەن ئېيتىپ ئاڭلىغۇچىلارنى يىغلىتالايدۇ. يەنچۇ؟ گۈل ئۇستورۇش، ئۇپا - ئەڭلىك، ھالقا - ئۈزۈك ئىشلىتىش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى ئېسىل كىيىملىرى بىلەن قۇلىقىدىكى ھالقا - ئۈزۈكلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە شۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە چۈشمەكتە. ئۇنى ئاز دەپ ئۇلار كوچىلاردىن ئۆتكەندە، ئادەملەر مىزىلىك ئەتىرلەر ۋە يۈز مايلاردىن ھوزۇرلىنىپ ھاۋانى ئىچىگە تارتىشىدۇ... ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشلىرىنى ئەلۋەتتە ئۆزلىرىلا چۈشىنىدۇ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ھوزۇرلىنالايدۇ. نەسىھەت قىلغۇچىلارغا گۈزەلئاي:

— كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىمىز، كۆڭۈل كۆتۈرۈش چەكلەنمىگەندىكىن، — دەپ جاۋاب بەرسە. ئادىلە:

— يامىنىغا كەلسە سازايە قىلارسىلەر! — دەپ قوپال جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار جامائەت ئاكتىپلىرى توپلانغان جايلاردىن ئۆتكەندە [illegible]

— بۇرنىنىڭ تۇخۇلىسى ئېلىنمىغانلار!

— بۇرنىغا سۇ كىرمىگەنلەر!

— ھەقىقىي بۇرژۇئازىيە سەنئەتكىلىرى! — دېگەندەك غەزەپلىك سۆزلەرنى ئاڭلاشسا، مەكتەپلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە بالىلار «ھوھوي!»، «ھو ئانى!» ياكى «جىن ـ شەيتان»، «ئالۋاستى» دېگەندەك قىقاس شوئارلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇلار ناخشا ۋە كىيىنىشلىرى ئۈچۈن بىر يەردە تاپا ـ تەنە، بىر يەردە ھەيۋە ـ پوپوزا، يەنە بىر يەردە مەسخىرە ـ كۈلكە ئاڭلىشىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇلارغا كۆنۈشكەن. ئۇلار ئۇچۇن باشقىلارنىڭ باھالىرى ئەھمىيەتسىز. ئۇلار ھېچنېمىنى ھار ئالمايدۇ، ھېچكىمدىن رەنجىمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن خۇشال.

— نېمىگە خاپا بولاتتىڭ، — دەيدۇ ئادىلە بەزىدە ئاچچىق گەپلەردىن ئۆيىگە كېلىپ يىغلىغان گۈزەلنىڭ بېشىنى سىلاپ، — كۈلۈشكە توغرا كەلسە ئەشۇ كەچكىرگىچە يالغان شوئار توۋلايدىغانلاردىن كۈلسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يول مېڭىشلىرىمۇ دورامچىلىق، ئۇلار سۆزلىيەلەيدىغان، ھېسسىياتسىز ھەيكەل! — دەيدۇ. بۇ خىل گەپلەر گۈزەلنىڭغا ياقىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ماي ئېينىڭ ئاخىرلىرى، ھاۋا ئوچۇق، باغلار قاراڭغۇلاشقان، سالقىن شاماللىق ئەتىگەنلىكى ئىككى چوكان كوچىغا چىقتى. ئۇلارنى بىرىنچى بولۇپ كوچىغا سۇ چېچىۋاتقان قوشنىلىرى زەھەرلىك تەنلەر بىلەن كۈتۈۋالدى:

— نېمە ھەي بۇ بىخسىغان؟ — دېدى بىرسى ئىككى چوكاننى شەرەت قىلىپ. يەنە بىرسى بېلىگە تايىنىپ تۇرۇپ:

— نېمە بولاتتى، ئورۇس توخۇلىرى بولمامدۇ، — دېدى.

ئادىلە ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىنى ئاڭلاپ قاقاخلاپ كۈلۈۋېدى، ئۇي ـ ئۇيدىن باشلار ماراشتى.

ئۇلار ئادەملەردە ھەر خىل تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ «مۇتەللىپ باغچىسى»نى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، «نوۋگورت»نىڭ چوڭ كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولتۇقلاشقان ھالدا پەيدا بولدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئون يە-

بىسگىرمە يىل بۇرۇن مۇشۇنداق كوچىغا چىققان بولسا ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا قولتۇقلاشقان رۇس، تاتار، ئۇيغۇر ئاياللىرى توپ ـ توپى بىلەن مۇشۇنداق كىيىنىشىپ ئۆتۈشەتتى ـ دە.

سىمىشكا ـ يۇرچاق ساتىدىغان دۇكان ئالدىدىن بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، قىبرىغىغا قارىماي، شىم ـ چاپان كىيىۋالغان ماشىرەڭ شەپكىلىك بىر ئايال ئىككى چوكاننىڭ ئالدىنى توردى:

— ئۆت كۈنىنى تىرىلدۈرۈپسىلەرغۇ چوكانلىرىم؟ ئۇنى ناز دەپ چاچلىرىڭلارنى بۇدرە قىلىپسىلەر، سىلەرنىڭ كاساپىتىڭلار ياشلارغا يۇقىدۇ. لاغايلىماي ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار!

— بىزدىن يۇقسا مەدەنىيەت يۇقىدۇ. سىزدىن دورامچىلىق يۇقىدۇ. ئۆيىڭىزگە تېزراق كىرسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى ئادىلە دەرھاللا. لېكىن ھېلىقى ئايال مۇنداق ئەرزان جېدەلنى تاپقىنىغا خۇشال بولدى ـ دە، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ «ئۇززۇندە» ئوقۇپ ئىككى چوكاننى ئەيىبلىگىلى تۇردى.

— جىن، شەيتانلارنىڭ، زەھەرلىك چۈپلەرنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە قەتئىي يول قويمايمىز!

بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يىل بۇرۇنقى چاغلار بولغىنىدا كوچىدا مومايىنى قوللىغۇچىلار بىلەن چوكانلارنى ئەيىبلىگۈچىلەر كۆپەيگەن بولاتتى، لېكىن ھازىر 1972 ـ يىلىنىڭ باھارى، ھازىر كىشىلەر قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغۇچىلارنى ئۇنچىلىك ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قېلىشقان، گەرچە ھازىرمۇ «ئۇززۇندە» يادلىغۇچىلار ئەتىۋالىق بولسىمۇ مومايغا ئوخشاش بىكاردىن ـ بىكارغىلا بوق يەردىن ئىش تاپىدىغانلاردىن خەلق بىزار بولۇشقان:

— نېمىنى خالىسا شۇنى كىيمەمدۇ؟

— سىزنىڭ چېچىڭىزنى بۇدرە قىلمىغاندىكىن!

— ناشتىلىق تاپاي دەپتۇ ـ دە، بىچارە!

بۇ سۆزلەرنى مومايمۇ ئادىلەلەرمۇ ئاڭلاشتى. ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقىۋاتقان بۇ خالىسانە سۆزلەر مومايغا زەربە، ئادىلەگە مەدەت بولدى ـ دە، موماي تەمتىرىدى، ئادىلە كۆرەڭلىدى:

— ها، ها، ها! — قاقاخلاپ كۈلدى. ئۇ ئارتىسلارغا خاس نازاكەت بىلەن، — قىزىل بەلگە تاقىسلا ئىنقىلابچى بولۇۋەرمەيدۇ، ھەدە، لىن بياۋمۇ قولىدىن قىزىل كىتاب، ئاغزىدىن شوئارنى چۈشۈرمەيتتى. ئاخىر قانداق بولدى؟ ئۇندۇرخاندا قۇزغۇنغا يەم بولۇشقىمۇ يارىماي كۆلگە ئايلاندى!

— ھە، ئىبخى سەن ھازازۇللار مېنى لىن بياۋغا ئوخشاتماقچىمۇ، مەن ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئىلغارى ئۇرسام، ئىبخى مەندەك قىزىل ئىنقىلابچىغا ھاقارەت قىلشماقچىمۇ؟ مەن سىلەرنى قىزىل ھاكىمىيەتكە ئاپارماي قويمايمەن!

موماي ئادىلەنىڭ چىرايلىق كاستۇمىنى پېشىدىن يۇكلەپ تۇتتى. ئۇنىڭ نادەمگە ئىبسلىش ئۈچۈنلا يارالغان قاتمال قوللىرى چىرايلىق چاپاننىڭ پېتىنى بۇزۇپ، ئىسكەتىنى يوقاتتى. ئادىلە مومايىنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، مەيدىسىدىن ئىتەردى.

قىزىقچىلىققا ئامراق غۇلجا باللىرى مومايغا يەل بېرىپ ئۇشمۇ - ئۇشتىن چوقان كۆتۈرۈشتى:

— ئاپىرىش كېرەك بۇ ياسانچۇقلارنى!

— سازايە قىلىش كېرەك!

— ئىبگىز پاشىنلىق ئوفلىسى بىلەن يۈگۈرتۈش لازىم!

— يالاڭئاياق يۈگۈرۈسۇن!

— بۇدرە چاچلىرىنى قىرقىپ، بېشىغا قەغەزدىن نوگاي قالپاق كىيگۈزۈپ...!

— ماۋۇ چاپانلىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ...!

— بولدى قىلايلى چاقچاقنى، ئەنە جيۇچادۇي!

— ئەمدى سەتەڭلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئۈچ نەپەر قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان، ئىشچى كىيىمى كىيگەن قىران يىگىت تاپانچىلىرىنى ساڭگىلىتىپ چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار سۈرلۈك، قەتئىي ئىدى.

— نېمە ئىش؟ — ئۇلار ئىچىدىكى قاپقى يامان يىگىت سورىدى. باشقىلار ئۆزىنى ئوزەپ بولغىچە موماي دەيدىغىنىنى دەپ بولدى.

— مومايىنىڭ دېگىنى راستمۇ؟ — ھېلىقى كىچىك باشلىق چوكانلارغا قارىدى.

— راست! — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ئادىلە. گۈزەلشاي قىزىرىپ - تاتىرىپ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي تۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا قوماندانلىق شتابىغا مېڭىڭلار! — بۇيرۇق قىلدى ھېلىقى يىگىت چوكانلارنىڭ بۇ شەھەردە ئۇچرىمايدىغان ئۇستى - بېشىغا دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، — ئۆزەڭلەرمۇ خالىس ئەمگەك ئىزدەپ چىققاندەكلا تۇرىسىزلەر زادى.

— نېمە گۇناھ قىلغانىغا؟ — ئادىلە ئۇنىڭغا مەختەك قادىلىپ سورىدى.

— مومايىنىڭ ئېيتقانلىرى راست دېدىڭىزغۇ ئۆزىڭىز ھازىر؟

— ئۇنىڭ دېگىنى راست بولسىلا بىز گۇناھكار بولاتتىقمۇ؟

— سىزچە موماي گۇناھكارمۇ ئەمىسە؟

— شۇنداق - دە، — دېدى ئادىلە كۈلۈپ قويۇپ، — تىپ - تىنىچ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ھاۋشىغان ئىت گۇناھكار بولماي ئادەملەر گۇناھكار بولاتتىمۇ؟ بىز ئۇنىڭغا تاش ئاتمىساق؟

— ئادىلە! — دېدى گۈزەلشاي قورقۇپ تىترەپ، — ياخشىراق گەپ قىلساڭچۇ؟

— ھازازۇل ئالۋاستى! — دەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياماشتى جيۇچادۇينى كۆرۈپ مەدەتلەنگەن موماي، — تېخى مېنى ئىت دەيسىنا، كاپشىغان ئاغزىڭغا مانا!

موماي ئادىلەنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق ئۇردى. لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىگە ئادىلە ئۇنى مەيدىسىدىن بىر ئىتتىرىۋېدى، موماي سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئولتۇرۇشقا يىقىلدى. تاماشىغا ئامراق شەھەر باللىرى «ھو ئانى!»، «ھو!» دەپ قىيقاس كۆتۈرۈشتى. نۇۋىگوردىنىڭ ئىبگىز، ئىبرەكلىك كوچىسىدا بىر توپ تاماشىچى پەيدا بولدى. ئۇلار جيۇچادۇي خادىملىرىنى قورشىۋېلىپ ئۇشمۇ ئۇشتىن مازاق قىلماقتا ئىدى:

— پاقا ئالالماس سالارنى كۆرۈڭ ۋەي!

— تاپانچىڭمۇ، نامسۇڭ قاپقىمۇ ۋەي!...

— هو توتتن ئالدى!

— بوش كەلمەڭ خانىم!

جيۇچادۇي ئەزالىرى ئادىلەلەرنى قوپاللىق بىلەن ئىتتەرمەكتە، ئادىلەمۇ ئۇلارنى قول ۋە تىل بىلەن يېقىن كەلتۈرمەي قارشىلاشماقتا. گۈزەلئاي بولسا بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدە خۇددى قاپقانغا چۈشكەن توشقاندەك ئالاقزادە بولۇپ تىپىرلىماقتا ئىدى. شۇ چاغدا خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەلگۈسىز ھەربىي كىيىم بىلەن سېمىز بىر ئادەم پەيدا بولدى. ئۇ ھېلىقى جيۇچادۇي خادىملىرىغا قوللىرىنى شىلتىپ قوپاللىق بىلەن بۇيرۇق بەردى:

— ماۋۇ ئىككى ئايالنى ماشىنىغا سېلىڭلار، نېمە دېگەن سەنتىچىلىك بۇ، موماي، سىز چىقماڭ، بولدى ئۆزىمىز ھەل قىلىمىز، بولدى، بولدى! — ئۇ شەپكىسىنى چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان، قارا كۆز ئەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۇنى پەقەتلا قوراللىقلارلا تونۇدى.

ئادىلە مەجبۇرەن، گۈزەلئاي بولسا قورقىنىدىن «بېيجىڭ» بەلگىلىك ماشىنىغا چىقتى ـ دە، ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرى ھەم يېپىلدى.

مانا شۇنىڭ بىلەن كوچا ماجىراسى ئاخىرلاشتى. لېكىن ئاياللارنىڭ ۋەھىمىسى كۈچەيدى:

— نەگە ئاپىرىسىلەر، توختىتىڭلار! — دەپ ۋاقىرىدى ئادىلە جيۇچادۇي خادىملىرىغا غەزەپ بىلەن.

— رە فۇزۇجاڭ! — دېدى ئۇلاردىن بىرسى ئالدىدا شوپۇر بىلەن قاتارلىشىپ كەينىگىمۇ قارىماي ئولتۇرغان گەدەنلىرى تەرلىگەن سېمىز ئادەمگە مۇراجىئەت قىلىپ، — نەگە ئاپىرىمىز بۇ ھازازۇللارنى؟

— ئادەم تىللىما ئۇرسۇن! — دېدى ھېلىقى سېمىز ئادەم كەينىگە قارىماي تۇرۇپ، — بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇ ئاياللارنى قوغداش، ماشىنىنى توختات!

«مۇتەللىپ» باغچىسىنىڭ ئالدىدا پىكاپ توختىدى. ھېلىقى باشلىق يەرگە چۈشۈپ شەپكىسى بىلەن قار كۆز ئەينىكىنى ئالدى. ئاياللار شۇ چاغدا بۇ «شەپقەتچى»نى تونۇدى، بۇ رەقىب ئىدى.

— ئۆيۈڭلەرگە ئاپىرىپ قويايلىمۇ يە؟ — دېدى ئۇ ئېغىر قاپاقلىرى ئاستىدىكى قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئادىلە ماشىنىدىن يەرگە چۈشۈۋېتىپ رەقىبكە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولساق سىزنىڭ ماشىنىڭىزغا چۈشكىچە مۇتۇلارنىڭ تۈرمىسىگىلا كىرگەن بولاتتۇق!

رەقىب ئاۋۋال ئادىلەگە، كېيىن گۈزەلئايغا قارىدى. ئۇ غىل ـ پال ئۆڭدى ـ دە، خۇددى ئارىدا ھېچگەپ ئۆتمىگەندەك ئاياللارغا قاراپ ھىجايدى:

— نېمانچە ئالىيىسىلەر، سىڭىللىرىم، — دېدى ئۇ ھاياسىزلىق بىلەن گۈزەلئاينىڭ كۆتۈرۈلگەن كۆكسىدىن كۆزىنى ئالماي، — مەن كەلمىگەن بولسام بۇ بۇزۇقچىلاردىن ئوڭايلىقچە قۇتۇلالمايتتىڭلار. رەھمەت دېمىسەڭلارمۇ مەيلى، ئالايمىساڭلارا، قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز گۈزەلئاي؟ ئاڭلىغانسىز، ئەلانى ساقلاپ قالدىم، ئىزدەپ تاپتىم. ئۇ ھازىر مۇشۇ شەھەردە، خالىسىڭىز ئۇچراشتۇرىمەن. مەن سىلەرگە مەڭگۈلۈك سادىق دوست، ھە راستلا ئادىلە، سىزنىڭ يولدىشىڭىز بىلەنمۇ قەدىناس بولۇپ قالدۇق. دوستلىرىمنىڭ يېقىنلىرى تۇرۇپ نېمانچىلا ئۆزەڭلارنى قاچۇرىسىلەر، خالىساڭلار جۈرۈڭلار بىزنىڭكىگە بېرىپ مېھمان بولۇڭلار، ئايالىم بولمىغان بىلەن كېلىن ـ كاتەك، مومايلار بار.

گۈزەلئاي يەرگە قاراپ لام ـ جىم دېمەي جىم تۇردى. ئادىلە خۇددى ھازىرلا يېرىلىدىغاندەك غەزەپتىن قىزىرىپ ـ چىڭقىلىپ رەقىبكە يالت ـ يۇلت قاراپ قويۇپ چىشلىرىنى كىرىشتۈرمەكتە ئىدى:

— نېمە دەپ چۇكۇلداۋېرىدىغاندۇ! — دېدى ئۇ گۈزەلئاينىڭ قولىدىن تارتىپ، — جۈر گۈزەل، بۇنىڭ بىلەن تۇرۇشمۇ جىنايەت. بۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىچە ئىتنىڭ ھۇۋلىغىنىنى ئاڭلىغان ياخشى، يېقىنلىرىمىزغا دوستمىش ئېخى. سىلەردەك ئادەملەرگە كىم دوست بولسا شۇ ئادەم بىزگە دۈشمەن. بىلىپ قويۇڭ سىز كىرگەن كوچىغا ئاياغ باسساق بىر ئادەم ئەمەس، سىزمۇ بىزنى رازى قىلمەن دېسىڭىز شۇنداق قىلىڭ!

ئۇ گۈزەلئاينى ئاۋۋال يېتىلەپ، كېيىن قولتۇقلاپ

خۇددى كىيىم مودىسى كۆرسىتىۋاتقاندەك پاسونلۇق مىڭىپ يان كوچىغا ماڭدى. بىرنەچچە قەدەم مىڭىپ ئابالار پىچىرلاشتى ۋە قاتتىق قاقاخلاپ كۈلۈشتى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بۇرۇلۇپمۇ قويماستىن نىرىغا بىرىپ قىلۇڭگە كەتكەن يان كوچىغا ئايلاندى. يىقىن يەردىكى سىلىسار دۇكىنىدىن بىرسىنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئەل ئارا باردۇر ماقال،
تاغ ئارا ياتماس كىيىك.
دوستلىرىم مەندىن زىرىكتى،
دۇشمىنىم سەنمۇ زىرىك...

«ياق، بۇ ناخشا ئەمەس، بىر ناكەسنىڭ ماڭا قاراتقان تىل ئاھانىتى!» — دىدى رەقىب گۆزەلئايلار ئەگىگەن تار كوچىغا چۈشكۈن ھالدا ئەلمىزۇپ...

5

ئۇ ھەر قانداق قىلىپمۇ ۋەھىمىدىن پەيدا بولغان روھىي چۈشكۈنلۈكنى يوشۇرالمىدى، ئۇ سۆزلەيتتى، لىكىن سۆزى باشقىلارغا تۇگۇل ئۆزىگىمۇ مىسكىن، تىترەڭگۈ ئاڭلىناتتى. ئۇ كۈلەتتى، لىكىن بۇ كۈلكىسى زومۇزو بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا يىغىغا ئوخشاپ قالاتتى... ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كىمەيگەن، ئىشتىھاسى ئۆتۈلغان، ئۇ كۈندۈزلىرى كىچىك ماشىنىدا كىتىپ بارغاندىمۇ پات - پاتلا كەينىگە قارايتتى. ئۇنىڭغا خۇددى بىرسى ماشىنىنىڭ كەينىگە ئىسىلىپ كىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ھەممىلا ئادەمگە ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىلەرگىمۇ گۇمان، شەك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭچە ھەممىلا ئادەم ئۇنى ناھەق ئىشلار، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ تاتقۇلۇقلىرىغا قول تىققان دەپ قارايدۇ، ئۇلار ھامان ئۇنى ئۇتۇپ تۈرمىگە سىلىشنىڭ كويىدا. لىكىن رەقىب ئۆزىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئادەملەر بىزار بولغىدەك يامانلىق قىلمىدى. باشقىلار قانداق ياشىسا ئۇمۇ شۇنداق ياشىدى، باشقىلار مەنسەپ - ئورۇن ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشتىن باش تارتمايدىكەنتۇ، رەقىب نىمىشقا ئۇلارنىڭ قىلغىنىنىڭ ئازراق قىسمىنى قىلالمايدىكەن؟ لىن بياۋ ھەتتا پارتىيە داھىسىنىڭ بىقىنىغا كىرىۋىلىپ ئۆزىنىڭ يامان غەرەزلىك نىيەتلىكىنى ئاشكارىلىمىغان. دىمەك يامان غەرەز بىلەنمۇ ياشىغىلى، باشقىلاردىن ئۈستۈن چوڭ ئەمەلدار بولغىلى بولىدىكەنغۇ؟ كىم بىلىدۇ، ھازىر يەنە كىملەر نىمە كويىدا، مۇنۇ بىزنىڭ ئاساسلىق رەھبەرمۇ «ئوغرى كىمىسىگە چىققان» ئىكەنغۇ، مەن ئۇلار قىلغاننىڭ بىر بۇرجىكى، ھەتتا بىر تال ئۆۋۈغىنىمۇ قىلغىنىم يوق... يامان غەرەز بىلەن ياخشى غەرەزنىڭ پەرقى زادىلا نىمىدە؟ ياخشىراق كۆز كۆرەي، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولاي دىيىشنىڭ ئۆزى يامان غەرەزمۇ؟ ئادەملەر ئۆز غەرەزلىرىنى خۇددى بىبەخىل بىر پارچە ئالتۇننى قاتمۇ قات لاتا، ساندۇقلار بىلەن ساقلىغانغا ئوخشاش يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىشىدۇ. ھىچكىم ئۆز غەرىزىنى پىشانىسىغا يىزىۋالمايدۇ - دە؟ مىنى يالغان ئەنزە پەيدا قىلدىڭ، دىيىشىدۇ تىخى. يالغان بىلەن راست ئەنزىنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار زادى؟ پەرق پەقەتلا ۋاقىتتا. بىرسى سادىر بولغان، بىرسى سادىر بولماقچى، پەرقى شۇنچىلىكلا. ھاشىرنىڭ نىمە قىلماقچى نىيەتلىكىنى كىم بىلسۇن. ھازىرچە تىرىشىپ ئىشلەپ ئوبدان ئۆسۈۋىلىپ كەلگۈسىدە نىيىتىنى ئاشكارىلىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋلارچۇ. تەشكىلات قورمىغىنى بەلكى راستتۇر. لىكىن قاراخانىلار، قەدىمكى ئوغۇزلار، تۈرك قەبىلىلىرى توغرىسىدا نىمانچە كۆپ سۆزلىشىدۇ؟ خەلق ئۇنتۇپ كەتكەن ياكى بىلمەيدىغان ئالىملار، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا، ئىلىدا بولغان مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە، گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭلار توغرىسىدا گەپ سىتىپ يۈرۈشىدۇ، غەرىزى يوق دەپ كىم ئىيتالايدۇ؟ سادىر پالۋان، ئەلا پالۋان، نۇزۇگۇم، موللا بىلال، ھەبىبت مۇھەممەد دىگەندەكلەرنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەت ئەمەسمىكەن؟ ئەلاچۇ؟ مەن ئۇنى بىلمەن: ئۇنىڭ جىسمى 60 — 70 - يىللارغا مەنسۇپ بولغىنى بىلەن روھىي 15 - ، 18 - ئەسىرلەرگە، ھەتتا 10 - ، 11 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بىر ئادەم. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تىل-ئەدەبىيات، تارىخ بىلىملىرىگە بېغىشلىشنى

قانداق چۈشەنگىلى بولىدۇ؟ ئىنسان دۇنياغا ئۆزىگە تېگىل بولغان راھەت - پاراغەتتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن يارىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۆگىنىدۇ، ئازاب ۋە جاپا چېكىدۇ. بۇنى ئەلا بىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىگە لازىم بولغىنىدىنمۇ كۆپ ئۆگەندى، كۈرەش قىلدى. بىلىم يولىدا گۈزەل ئايالىدىن، خىزمەت ئورنىدىن، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ياشلىقىدا كۆرۈشكە تېگىشلىك راھەت - پاراغىتىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك زور قۇربان بېرىشىنى ئىلىمگە ئىنتىلىش، غايە ئۈچۈن دەپ چۈشەنسە كۇپايە بولارمۇ؟ ئۇنىڭ باشقا غەرىزى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ۋابال قىلدىڭ دېگۈچىلەر ناھەق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ نەق ئۆزى. ئۇلار كىم؟ ھاشىر. نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋ. ئەلا. ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى ئەشكىلات قۇرمىغان بولسىمۇ بەرىبىر يامان غەرەزلىكلەر، ئۇلارغا زەربە بېرىش ھەرگىزمۇ خاتا ئەمەس. ئۇنداقلارغا يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپمۇ، تۆھمەت قىلىپمۇ، سۈيىقەست قىلىپمۇ زەربە بەرسە بولۇۋېرىدۇ. ئۇلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرسەڭمۇ، ئاشكارا ئۆلتۈرسەڭمۇ بەرىبىر سەن قاتىل ئەمەسسەن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى گۇناھكار...

لېكىن خىيال بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىمۇ سېپىل بار. خىيالدىن بەزىدە ئۆمۈر بويىمۇ رېئاللىققا ئۆتەلمەيسەن. مىسالى مېنىڭ خىيال-ئارزۇلىرىمنىڭ قانچىلىكى رېئاللىققا ئايلىنالىدى؟ يەنە قانچىلىكى ئايلىنالايدۇ؟ مەن ئىككىلا ئىشنى ئارزۇ قىلدىم. ئۇنىڭ بىرسى راھەت كۆرۈش، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە مەنسەپ، ئورۇن، پۇل لازىم. بۇ ئۈچ نەرسىنى ئېيتماق ئاسان. لېكىن ئېرىشمەك تەس، ئېرىشىش ئۈچۈن بەزىدە ۋىجدانىنى ساتىسەن، بەزىدە كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچىسەن، بەزىدە ھەتتا ئەرزىمىگەن بىرسىنىڭ تاپىنىنى يالايسەن. سەممىيى ساداقەت، تىرىشچانلىق - ئىشچانلىق دېگەن نېمىلەر بۇ يولدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. راھەت كۆرۈش تولىمۇ تەس. بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە قول سوزىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالىسەن. بۇ دۈشمەنلىرىڭنى كۈچ بىلەن ياكى ئەقىل بىلەن يېڭەلمەيسەن. پەقەت ھىلىگەرلىك، ساختىپەزلىك، ياساللىق قىلىشنى ئۆگىنەلىسەڭلا بۇ دۈشمەنلىرىڭنى يېڭەلەيسەن. مېنىڭ ئارزۇ قىلغان ئىككىنچى نىيەم داڭ قازىنىش. ھەممە سورۇندا ماختىلىپ تۇرسام، كىتاب، گېزىت، رادىئولاردا ھەر كۈنى نامىم چىقىپ تۇرسا، مەن كوچىلاردىن ئۆتكەندە ھەممە خەلق زوق بىلەن قاراشسا، ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ ئىش مېنىڭ نامىمسىز پۈتمىسە، ھېچبولمىسا شۇ ئۇلۇغ ئىشنى پىلانلىغۇچىلار قاتارىدا تىلغا ئېلىنسام... لېكىن بۇ ئىككى ئىش، راھەت بىلەن نام - ئاتاق تولىمۇ قىممەت. تولىمۇ قول يەتمەس. تولىمۇ دۈشمەنلىك نەرسىكەن. سەن بىر نەرسىگە قىزىقىدىكەنسەن، ئۇ نەرسە باشقا بىرسىگە تېگىل بولۇپ قالىدىكەن. سەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىكەنسەن. مانا شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ دۈشمىنىڭ كۆپىيىدىكەن. گۈزەللاي مېنىڭ ھاياتىمغا چەكسىز لەززەت ئاتا قىلغان بولاردى. مەن ئۇنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى بىلەن ياشارغان. ھېچبولمىسا ئون يىل ئۇزاقراق ياشىغان بولاردىم. ئۇنىڭ ھەر بىر كۈلكىسى بەدىنىمدىكى ئۇلۇغۋاتقان مىڭلارچە كېلېتكىلارنى تىرىلدۈرگەن بولاردى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن كېلىدىغان لەززەت بىلەن يۈرەك قان تومۇرلىرىم جانلىنىپ، ۋۇجۇدۇمدا ھاياتلىق مايسىلىرى كۆكەرگەن بولاردى... لېكىن بۇ راھەت ئەلاغا — ئەشۇ راھەت بىلەن ئازابنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغان قەغەز ساندۇققا نېسىپ بولدى. ئۇ ئەگسىزلىك مېنى قانچىلىك قىينىدى ھە؟ مەن ھازىرغىچە ئاشۇ لۈنىم ئەگمىگەن شارابىنى تامشىماقتىمەن. ئۇ مېنىڭ پىشانەمگە مىخلانغان قوڭغۇراق بولۇپ مەڭگۈلۈككە جىرىڭلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئەشۇ كىچىككىنە راھەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلاندىم ھە؟ شۇنىڭغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن باش قاتۇرۇپ، چاچلىرىم ئاقاردى. مانا ھازىرمۇ ئوت ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىمەن. ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئىشەنچ بىلەن يەڭ شىمايلىۋىدىم. ئەدىنۇر ھاشىر پەيدا بولدى. ئۇ كالىدەك باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، مۇتۇ بىزنىڭ نادان

خەلقىمىزنى ئۇڭايلا ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئۇ خۇددى كۆزۈمگە كىرگەن كۆمۈتىدەك جىنىمغا تەگدى...

كىشىنىڭ ئارزۇ گۈللىرىگە چۈشكەن شۇم بۇ يىلارنى، ھايات يولىدىكى چالما - تاشلارنى يوقىتىۋېتىشىمۇ گۇناھمۇ؟ ئۇلارنى يوقاتمىسام مەن تەلەيسىز - بەختسىز بولىمەن. مېنى ئەيىبلىگۈچى، مەندىن گۇمانلانغۇچى مۇنۇ ھەربىي رايوننىڭ سىياسىي كومىسسارىدەك رەھبەرلەر مانا شۇنداق ئويلاپ بېقىشى، مېنىڭ ھاياتىمدىكى بەختسىزلىكلەرنىمۇ ھېسابقا ئېلىشى زۆرۈر ئىدى - دە!...»

ئىشخانا ئىشىكى چېكىلدى، لېكىن رەقىب جاۋاپ بەرمىدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، پۇتلىرى جانسىزلاندى. ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بۇ بىناسىغا نىمىشقا ھەربىي مۇھاپىزەتچى قويۇلمايدۇ؟ ھەر قانداق ئادەم بۇ بىناغا كىرىپ - چىقىۋېرىدۇ. مەسىلىسى بىر ياقلىق بولمىغان. سولاق - قىيناشلاردىن پەيدا بولغان جىسمانىي ئاجىزلىقلىرى: توكۇر، چولاق، قارىغۇغا ئوخشاش ئەيىبلىرى بىلەن كىرىپ كېلىدىغان بىگۇناھ «جىنايەتچىلەر»، ئىشسىز قالغان كادىرلار، ئوقۇغۇچىلار، ئۆز قىسمىلىرىغا ئالدىراپ قايتىۋاتقان، «سولچىلارنى قوللاش»قا چۈشكەن ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئۆتەپ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە سانسىزلىغان داۋاگەرلەرنى پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆڭۈللىرى غەش بولۇشقان رەسمىيەت ئۆتىگۈچى ھەربىيلەر، مەس بولۇۋېلىپ خەت - چەكلەر بۆلۈمىنى بىكارلا ئاۋارە قىلىدىغان بىكارچىلار... قىسقىسى بۇ بىناغا ھەر قانداق ئادەم كىرىۋېرىدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز زال، پەلەمپەي، دەرەخ سايىلىرى يۇقىرىقىدەك ئادەملەردىن بوش ئەمەس. مانا بۇ خىل ئادەملەر ئارىسىدا رەقىبنىڭ رەقىبلىرى، ھەتتا قاتىللىرى يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئادەملەر ئەيمەنمىدىغان، ئەمدىلىكتە باشلىقنىڭ ئۆزى ئەيمىنىدىغان ھالغا چۈشكەن بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىپ ئولتۇرۇش، ئىشىك چەككۈچىلەردىن ئالاھىدە سەگەك بولۇش بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئىشى.

رەقىب ئاۋۋال ھويلىغا قارىغان دېرىزىنى ئاچتى. دېرىزە تۈۋىدىكى ئارچىلار ئارىسىدا توختۇلاردىن باشقا ھېچنىمە كۆرۈنمىدى. ئۇ يان قورال تۇرىدىغان ئارتمىنى ئىختىيارسىز ئاچتى، ھەي، ئىست ئىككى كۈن بۇرۇن قورالىمۇ يىغىۋېلىنىغان. ئىشىك يەنە چېكىلدى. رەقىب ئاماكا شورىدى. ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— كىم؟ — دېدى.

— بۇ مەن! — قوپال، ناتونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. «ھاشىرنىڭ ئاۋازىمۇ؟ بىر يەردە ئاڭلىغان ئاۋازغۇ بۇ، ھېلىقى لامزەللى جۇرىبىن نەگە يوقالغاندۇ؟» رەقىب ئالاقزادە بولدى.

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەخپىي ئىش بېجىرىلىۋاتىدۇ! — رەقىب ھەر خىل دىلولار دەستە - دەستە بولۇپ كېتىدىغان ھېلىقى جىددىي «كۆرەش» مەزگىللىرىدە ئېيتىدىغان سۆزىنى ئىختىيارسىز تەكرارلىدى.

— سىز بىلەن بىزگە مەخپىي ئىش قالمىدىغۇ دەيمەن رەقىب جۇرىبىن!

رەقىب تېخىمۇ ھودۇقتى. بۇ زەھەرلىك تەنىنىڭ ئىگىسى چوقۇم ئۇنىڭ دۈشمىنى. ئۇ ۋاقىرىسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا ئۆز ۋەھىمىسى ئاشكارىلىنىدۇ - دە. كۈنى تېخىمۇ تەسلىشىدۇ. ئۇ دەرھال ئەقىل تاپتى:

— لېكىن، لېكىن يولداش، بىر سائەتتىن كېيىن كېلىپ كۆرۈشسەك بولمامدۇ؟ بىر ساراڭ خوتۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق مەخپىي ئىشى بولىدۇ - دە، بىزنىڭ پۈتۈن ئىشىمىز سىياسەت ئەمەسقۇ!

— لېكىن سىزنىڭ بۇ ئىشخانىڭىزنىڭ ئۆزى بىر سىياسەت رەقىب جۇرىبىن. قاراڭا ۋىۋىسكىنى — «قوماندانلىق شتابى» نېمىگە قوماندانلىق قىلغانلىقىڭىزنى دېمىسەممۇ بولار ھە؟

رەقىب بۇ ئادەم بىلەن تالىشىشنى ئازاب بىلدى. ئۇ:

— مەن ئادەم قوبۇل قىلالمايمەن! باشقا بۆلۈمگە يولۇقۇڭ يولداش، — دېدى تاقەت قىلالماي.

— مەن سىزنىڭ قوبۇل قىلىشىڭىزغا ھاجەتمەن ئەمەس. مەن ناھىيىدىن مەسىلە ئېنىقلىغىلى كەلدىم، سىز بىلەن سۆزلىشىمەن. ئىشىكنى ئېچىڭ، بولمىسا

باشقىچە چارە تېپىشقا مەجبۇرلىغان بولسىز، رەقىب جورىي!

رەقىب خېلى ئويلاندى. ئاخىر ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاق يۈزلۈك، قارىقاش بىر يىگىت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ غەزەپ بىلەن تىك تۇراتتى:

سىز، سىز؟ — رەقىب ھودۇقتى. — قېنى ئىشخانىغا كىرىڭ.

ئۇلار ئىنچىلىقمۇ سوراشمىدى، بىر ـ بىرىگە قولمۇ سۇنۇشمىدى. بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ ـ ئالىيىپ قاراشتى. كىرگۈچى تەكلىپسىزلا تۈزۈن دىۋانغا ئاشلاندى ۋە كۆلدانىدىكى تاماكا قالدۇقلىرىنى ئەخلەت قاچىسىغا تۆكۈۋېتىپ، كۆلدانىنى ئالدىغا تارتىپ گۈللۈك موخوركا خالتىسىنى شىرە ئۈستىگە قويدى:

— مېنى تونۇغانسىز. مېنىڭ ئىسمىم داۋۇت. — دېدى كىرگۈچى موخوركا ئوراۋېتىپ. — سىز بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشكەن. بىر قېتىم ھېلىقى تاغدا «قاسقىر ئاۋۇز»نىڭ ئۆيىدە، بىزنىڭ گۆڭشىبىدا. سىز ئۇ چاغدا ئوڭايلا مەس بولۇپ قالدىڭىز، يەنە بىر قېتىم. سىزنى كېچىسى ناھىيىدىن تۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلغاندا، يادىڭىزدا بولسا كېرەك. سىزنىڭ ئۇ چاغدىكى سۆزلىرىڭىزنى بىز لېنتىغا ئېلىۋالغان. خالىسىڭىز ھازىرمۇ ۋەدە ـ قەسەملىرىڭىزنى ئاڭلىيالايسىز، — ئۇ يېنىدىكى چوڭ قارا سومكىسىنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى.

— سەن ئەكسىلئىنقىلابچى! — دېدى رەقىب دۈگىلەك ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرۇپ، — سېنى ھازىرلا!...

— ھېچنېمە قىلالمايسىز، رەقىب جورىي، — دېدى داۋۇت زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ. پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئەگەر ئىككىمىزدىن بىرسىمىز راستىنلا ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك بولساق، مەن ئەمەس. يەنى سىز ئۆلتۈرۈلىسىز، سىزنىڭ قوللىرىڭىزدا ھازىرمۇ ئادەمنىڭ قېنىنىڭ پۇرىقى بار. شۇڭا مەن سىزگە قول بەرمىدىم. نامەتنى تۇتۇپ بەردىم. يالغان ئەنزە پەيدا قىلغان نامۇت، دەپلا قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلامسىزا؟ يالغان ئەنزە سىزنىڭ مۇشۇ قوللىرىڭىزدا پۈتكەن. سىز ئۇنى ئىقرار قىلغانسىز. بىز بۇ لېنتىنى تېخى تېگىشلىك ئورۇنغا تاپشۇرمىدۇق. تېخى ۋاقتى كەلمىدى ـ دە.

— يالغان لېنتا ئۇ، — دېدى رەقىب تامدەك تاتىرىپ. قوللىرى بىلەن چۈگۈلۈپ تۇختىمايۋاتقان موخوركىنى تىتىپ تۇرۇپ، — سىلەر مېنى قىستاپ ئىقرار قىلدۇرغان، ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.

— سىز تازا ئوبدان بىلىسىز. تازا ئىشىنىدۇ. قولىدا قاننىڭ يۇقى بار ئادەملەر ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەپ سىزنى تۇتۇپ بېرىۋېرىدۇ. قولى پاكىز ئادەملەر سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى تازا بىلىدۇ. ئېيتىڭا سىز ياسىغان يالغان دېلولارغا ئىشىنىپ نەچچە مىڭلىغان ئادەمنى بىگۇناھ جازالىغان ئادەملەر ھازىرمۇ ھاكىمىيەت ئورنىدا تۇرۇۋاتسا، ئۇلار سىزنى ئاياپ قويارمۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىمىزغا ئىشەنمەسمۇ؟

رەقىب غالىلداپ تىترىدى، كۆزلىرى قىزاردى، ئاغزى ئۈمچەيدى:

— ئۇكام داۋۇت. ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇمايمەن، ھەر قانداق تەلىپىڭنى ئورۇندايمەن. ئەشۇ لېنتىنى ماڭا بەرگىن. مەن ساڭا ھازىرلا ئۈچ مىڭ سوم پۇل بېرەي، سەن يوقىتىپ قويدۇم دېسەڭلا باشقىلارمۇ ئىشىنىدۇ.

— مەن خەلقنى ئالداشنى جىنايەت ھېسابلايمەن، — دېدى داۋۇت رەقىبنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ. — سىز ھەممىلا ئادەم بۇلغانغان. ئادەملەرنى پۇل، مەنپەئەت بىلەن قوچاق تىزغاندەك خالىغان يەرگە قويغىلى بولىدۇ. دەپ ئويلىسىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزگە بۇ لېنتا راستىنلا زۆرۈر بولسا بىزنىڭ خىزمەتكە كېلىش ئالدىدىكى يېڭى رەھبىرىمىزدىن سوراپ ئېلىڭ. بەلكى ئۇ كىشى سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزنى كۆرسە رەھىم قىلار.

— ئۇ كىشى كىم؟

— تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى داۋۇت تەنتەنە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ. — ھاشىر شۇجى بىزنىڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا بىرىنچى جورىي، ناھىيىلىك پارتكومغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ

ته‌يىنله‌ندى. ئۇقتۇرۇش كه‌لدى، ئىخى ئۇ كىشى كه‌لمه‌مدى. ئۇرمدىن چىقىپ ئۆرۈمچىده داۋالىنىۋاتىدۇ.

ره‌قىبكه ئورۇندۇق قاتتىق، ئىشخانا تار، هاۋا قاڭسىق، ئه‌تراپ قاراڭغۇ بىلىندى. ئۇ دار ئالدىدىكى گۇناهكاردەك، هاياتىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى كۆز يېشى بىله‌ن تىلىۋالماقچى بولغانده‌ك بوغۇق ئاۋازدا ئىڭرىدى:

— ئۇكام داۋۇت... مه‌ن گۇناهكار. راست مېنىڭ جىنايىتىم بار. لېكىن، هاشىر شۇجىغا چۈشه‌ندۈرىمه‌ن. مېنى شۇ هالغا سالغان هېلىقى ناهىيىنىڭ كونا شۇجىسى لى شۇجى بىله‌ن هه‌ربىي، هه‌ربىي رايوندىكى...

ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ياغلىقى بىله‌ن كۆزىنى توساپ، پۈتۈن به‌دىنى يېڭى پىچاق سورۇلگه‌ن پاخلانده‌ك سىلكىنىپ، گۆره‌نلىرى كۆپۈپ، قىزىرىپ راستىنلا ئازاب بىله‌ن يىغلىدى. داۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نه‌پرىتى يېڭى تۇگگه‌ن جىن چىراق يورۇقىده‌ك ئاستا - ئاستا سۇسلىششقا باشلىدى.

— يىغلىماڭ ره‌قىب جۇرىن، — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا ته‌سه‌للى بېرىپ، — قاننى قان بىله‌ن يۇغىلى بولمايدۇ. سىز دېگه‌ن ته‌ره‌پله‌رنى بىزمۇ ئويلايمىز. لېكىن نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋده‌ك ئاده‌مله‌رنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز، يالغان دېلو په‌يدا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن نامه‌ت قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنىڭ بىله‌ن ئۆلگه‌نله‌ر تىرىلمه‌يدۇ- ده.

— مه‌ده‌نىيه‌ت ئىنقىلابى بولمىغان بولسا بىزمۇ خاتالىق ئۆتكۈزمىگه‌ن بولاتتۇق. «بىرگه زه‌ربه، ئۈچكه قارشى» دېگه‌نده‌ك هه‌رىكه‌تله‌رنىمۇ بىز قوزغىمىدۇق، `نى، نى دۆله‌ت ره‌هبه‌رلىرى قارىلاندى. ئۆلۈپ كه‌تتى. ئۇلارنىڭ قانچىسى بىگۇناه، قانچىسى گۇناهكار، بۇنى كىم بىلىدۇ ده‌يسه‌ن. مه‌ن بۇ ئىشقا ئارىلاشتىم. پاكىتقا، ته‌كشۈرۈپ ئېنىقلاشقا تايىنىدىغان ئىش يوق. ھېسسىيات، شه‌خسىي غه‌ره‌ز قالتىس رول ئوينايدىكه‌ن، بۇلارنىڭ هه‌ممىسىنى بىزدىن كۆرۈشكه بولامدۇ؟ داۋۇت، مه‌ن ئۈرۈمچىگه ئه‌تىلا بارىمه‌ن. هاشىر شۇجىنىڭ ئايىقىغا يىقىلىمه‌ن. مېنى ئۆز قولىڭىز بىله‌ن جازالاڭ. خالىسىڭىز بوغۇڭ، ده‌سسه‌ڭ، ئېتىڭ، ئاچچىقىڭىز چىققىچه قىيناڭ ده‌پ يىلىنىمه‌ن. سه‌ن داۋۇت ئۇكام، مېنىڭ هېلىقى گه‌پلىرىمنى هازىرچه يۇقىرىغا ئاپىشۇرماي تۇرغىن، ماڭىمۇ خىزمه‌ت كۆرسىتىپ گۇناهىمنى يۇيۇشقا پۇرسه‌ت بېرىڭلار!

— مه‌ن هېلىقى «ئادۋوكات»نىڭ ئاده‌ملىرىدىن، — دېدى داۋۇت ئاخىرى ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، — هازىر ئۇ ته‌شكىلات يوق. ئاللىقاچان تارقالغان. لېكىن ئۇنىڭ جه‌ڭچىلىرى بار. نه‌ده ناهه‌قچىلىق بولسا ئۇلار شۇ يه‌رده بار. بۈگۈن مه‌ن سىزنى ئاگاهلاندۇرغىلى كه‌لدىم. خىزمه‌ت كۆرسىتىمه‌ن دېسىڭىز نامه‌تنىڭ ئورنىغا باش جىنايه‌تچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىڭ. ئىقرار قىلغانلارغا كه‌ڭچىلىك ئه‌مه‌سمۇ؟ كه‌ڭچىلىكتىن به‌هرىمه‌ن بولۇپ قالىسىڭىز هه‌جه‌پ ئه‌مه‌س، نامه‌ت ئالدانغان، ئۇ باش جىنايه‌تچى بولۇپ ئېتىلسا يه‌نه ناهه‌قچىلىق بولىدۇ.

— نامه‌ت؟ — ره‌قىب مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى شۇنچىلىك ئاغرىدى، داۋۇتنىڭ ئىبمله‌رنى دېگه‌نلىكى، ئۇنىڭ ئۆيدىن قاچان چىقىپ كه‌تكه‌نلىكى ئۇنىڭغا ئاڭلانمىدى.

— سه‌ن خۇمسى! — دېدى بىرسى ئۇنى نوقۇپ، — مېنى ئادىله‌دىن مه‌هرۇم قىلدىڭ. سه‌ن بىله‌ن قاچان تونۇشتۇم، ئادىله شۇ كۈندىن باشلاپ مه‌ندىن سوۋۇدى. ئېيته مىره‌ز، مېنىڭ خوتۇنۇم بىله‌ن زادى قانداق ئالاقه‌ڭ بار؟ ئه‌مدى بىزگه سوراق قىلىدىغانغا ئاده‌م قالمىدى. مه‌ن سېنى سوراق قىلمه‌ن لامزه‌للى.

ئادىله‌نىڭ ئېرى غىق مه‌س هالدا ره‌قىبنىڭ بېشىدا ده‌لدۈگلىنىپ تۇرۇۋېلىپ سۆزلىمه‌كته ئىدى.

كۆڭلىدىكى ۋه‌هىمه، غه‌زه‌ب، ئازاب ئۆزئارا ئارىلىشىپ ره‌قىبنى هېچنېمىنى ئىلغا قىلالماس قىلىپ قويغان. ئۇ ئالدىدىكى مه‌سنىڭ ئاهانه‌تلىك گه‌پلىرىنى خۇددى ئاڭلىمىغانده‌ك، ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىنى مۇشۇنداق زه‌ربه، تىل - ئاهانه‌ت، روهىي ئازابقا ئاتاپ قويغانده‌ك. بۇ كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى خۇددى مۇشۇ هازىرقى مىنۇته‌ك، ئۇ ئالدىدىكى هه‌قىقانىي سۆز-

ئىگىسىگە يېلىنىش قىياپىتىدە قارىدى.

— ئېيت ئەبلەخ! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى تېخىمۇ كۈچەپ، — ئېيتمىساڭ تاناۋىڭ يېپ!

— ئېيتاي ئاكا. — دېدى مۇلايىملىق ۋە سەمىمىيلىكنى مەشىق قىلماقچى بولغان ئەيىبكار قىياپىتىدە يۇۋاشلىغان رەقىب. — ئولتۇرغىن ئاكا. ئادىلەنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ نامىمنى ئېغىزىغا ئالغان ئادەمنى يامان كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتاي: سەۋەبى ئاددى، بىز كونا ئاشىق - مەشۇقلاردىن. بىزنىڭ بىر قىزىمىزمۇ بولغان.

— نېمە، سەن نېمىلەرنى دەپ بىلجىراۋاتىسەن؟ ھېساب بەرمەك تەس كېلىپ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايسەن. دەۋاتقانلىرىڭ پۈتۈنلەي يالغان. يەنە يالغان دېلو توقۇۋاتىسەن!

— ئىشەنمىسەڭ خوتۇنۇڭدىن سورا. گۈزەلئاينىڭ ئۆيىدىكى دىلئارا دېگەن چىرايلىق قىزنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەنە شۇ قىز بىزنىڭ قىزىمىز.

— ئۇ ئەلانىڭ قىزى!

— ئوغۇلچۇ؟

— ئۇمۇ ئەلانىڭ.

— ئويلاپ باقمىدىڭمۇ، ئەلا بىلەن گۈزەلئاي ئارانلا ئۈچ - تۆت ئاي تونۇشقان تۇرسا قانداق قىلىپ ئىككى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولالايدۇ؟ ئوغۇلنى گۈزەلئاي تۇغقان، قىزنى ئادىلە تۇغقان. نېمىگە ھەيران قالىسەن. بىز نىكاھلانماي بالا تاپقان. ئادىلە بالىنى تۇغۇپلا ئەلاغا تاشلاپ بېرىپ غۇلجىغا كەتكەن.

— ئىپلاس، سەن ئۇچىغا چىققان ئىپلاسسەن! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى جوزىغا مۇشتلاپ. — ھارامدىن بالا تاپتى دېگەن نامنى ئەلا بىچارە قوبۇل قىلغان. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ بالىسىنى چوڭ قىلدى.

— يەنىچۇ؟

— ئۇ مېنىڭ گۈزەلئايغا ئاشىق ئىكەنلىكىمنى، گۈزەلئاينى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئادىلە بىلەن بۇزۇلغىنىمنى، شەخسىيلىكىمنى، شەھۋانى نەپسىمنى دەپ

ئۇنى خاراپ قىلغىنىمنى بىلىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ مەندەك ناكەسنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىنى باقتى.

— بالىدا نېمە گۇناھ! — دېدى ئادىلەنىڭ ئېرى ئۇيقىسىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى تۈگۈلەپ تۇرۇپ. — راست گەپنى ئېيتقانىدا. سەن شۇ نارىسىدىنىڭمۇ دۈشمىنى! مەن ئۆمرۈمدە بالا يۈزى كۆرمىگەن. بالا دېسە سۆيۈپ بولۇپ ئېرىنىدىغان بالاخۇمار ئادەممەن. ئىپلاس، ھېلىھەم بولسىمۇ بالىغا ئاتىدارچىلىق قىل. ئادىلەگە بولغان مۇھەببىتىم ئۈچۈن ئەشۇ قىزنى مەن باقاي. سەن ئەلاغا، ئادىلەگە ئېيت. ئۇنىمىسا ئەرز قىل. پۈتۈن چىقىمنى، مەيلى ئۇن يىللىق بېقىش ھەققى يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ سوم بولسىمۇ مەن تۆلەيمەن. راستىنلا ئۇۋال قىلىپ ئادەم بولاي دېسەڭ مەن دېگەننى قىل. قىلالامسەن. گەپ قىل دەيمەن. مەن نېمىشقا كۈندىلا ھاراق ئىچىمەن. بىلەمسەن؟ بىلىپ قوي. بىرىنچىدىن سەندەكلەرنىڭ كاساپىتىدىن مەنمۇ قولۇمنى بۇلغىدىم. بۇ ئىشخانا جالالاتلارنىڭ پىچاق بىلەيدىغان جايى. «بىرگە زەربە. ئۈچكە قارشى» دېگەننىڭ بىر قاسساپلىق! مەن مۇشۇ يەرنىڭ نېنىنى يېگىنىم ئۈچۈن ئازابلىنىمەن. ئىككىنچىدىنچۇ؟ ئۇنى بايا سەن ئېيتتىڭ، سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئادىلە سېنى ماڭا يېقىن دەپ ھېسابلىغىنى ئۈچۈن مەندىن سوۋۇغان. بىلەمسەن. سەن مېنىڭ بەختىمگە چۈشكەن شۇمبۇيا. دۇنياغا سەن يارالمىغان بولساڭ ئادىلە بەختسىز بولمايتتى. مەيلى ماڭا كۆڭۈللۈك بولسۇن - بولمىسۇن. مەيلى مېنى ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۇچراتسۇن. ئادىلەدەك بىر ئايال بەختلىك بولۇشى لازىم ئىدى. بەختسىزلىك، بالايىئاپەت، ھەممە پىشكەللىك ماڭا ئوخشاش ناكەسلەرگە تېگىشلىك ئىدى. لېكىن تۇرمۇش ئادالەتسىز ئانىغا ئوخشايدىكەن. يارىشىدىغان كىيىمنى كۆرۈمسىزلەرگە كىيگۈزۈپ، چىرايلىقلارنى خورلايدىكەن. سەن رەقىب. ئىشىمنىڭ جايىدا قويۇلغان ھەقىقىي رەقىب — دۈشمەن ئىكەنسەن. ئادىلەنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن سېنى بىر كۈنى باپلايمەن. لېكىن ھازىر ئەمەس!

ئادىلەنىڭ ئېرى ۋارقىراپ - بوغۇلۇپ، ئاخىرىدا

یغلاپ- تبلقپ، قالغان بالده‌ك جمقتی. یه‌نی ئشکنی جبننڭ بیربچه قاتتق تورۇپ ییپ، تالاغا چقپ نه‌چچه قبتم «توفی!» ده‌پ ۋارقراپ ئاندن کیین کوزدن یۇتتی.

مانا ئه‌مدی ئۆیگه ئۆچنچی ئاده‌م کریپ که‌لدی. بۇ ئالدنقلارده‌ك ره‌قبنی ئازابلمدی، به‌لکی خۇش قلدی:

— بۆگۆن که‌چ ئوبلاستلق ئنقلابی کومیتت مهمانخانا ئاشخانسدا بر قسم ره‌هبه‌رله‌رنی ئۆزتش یۇزسدن زیاپه‌ت بولدۇ. بیجلڭ ۋاقتی که‌چ سائه‌ت ئالتده داخل بولۇشۇپ بیره‌لا ئه‌مسه. — چبچی سلق مایلانغا خادم بۇ ته‌کلپنی ته‌که‌للۇپ بله‌ن ئبتتی - ده، ئشکنی سلق ییپ قویۇپ چقپ که‌تتی. ره‌قب تولۇغ - کچك تندی: دیمه‌ك تبخی تۆنی هۆرمه‌تله‌یدغان ئاده‌مله‌ر بار ئکه‌ن. تۆ هازر تۆرمده ئه‌مه‌س، نه‌ق، «قزل هاکمیه‌ت»نڭ ئشخانا بناسدا ئکه‌ن. بۇ بنادا ئکه‌ن، تۆ ماۋۇ خادمده‌ك سلق سۆز. یقملق خۇشامه‌تله‌ر بله‌ن هۆرمه‌تلنشی کبره‌ك. داۋۇت دیگنی کم تۆ؟ ره‌قب نیمشقا تۆنڭ خزمه‌ت تۆرنی سورۇالمدی؟ مۇنۇ ئادله‌نڭ مه‌ستانسی بایا نیمله‌رنی دیدی؟ «جاللات»، «قاساپ» دیگه‌نلرنی ره‌قب نیمشقا هیلقی «مۆهم خاترلری»نڭ بر بتگه ۋاقتی - سائتی بله‌ن ترکه‌پ قویمایدۇ-هه؟ تۆنڭ یادغا بر مۆهم ره‌هبه‌رنڭ تۆنۆگۆنکی شه‌خسی سۆهبه‌تته ئیتقان سۆزلری که‌لدی: «کیگه‌یتۆیتش خاتالقی قسمه‌نلك، بۇ خاتالقنی تۆزتش دیگه‌نلك پرولیتاریات مه‌ده‌نیه‌ت زور ئنقلابنڭ تولۇغ نه‌تجلرنی مۆسته‌هکه‌مله‌ش ۋه مۆئه‌یه‌نله‌شتۆرۆش دیگه‌نلك. تۆزتش دیگه‌نلك (بیرگه زه‌ربه بیرش، ئۆچکه قارشی تورۇش) هه‌رکتنی ئنکار قلش دیگه‌نلك ئه‌مه‌س، قانچلك کیگه‌یتۆیتلگه‌ن بولسا شۇنچلك تۆزتش دیگه‌نلك. شۇنی کیسپ ئیتش کبره‌ك! بز زور تورکۆمده هه‌قیقی سنیپی دۆشمه‌نله‌رگه زه‌ربه به‌ردۇق. ۋابال بولغنی مانا مۇنچلکلا!» باشلق «مۆنچلك» دیگه‌ن سۆزنی ئۆسمگه‌ن ئرنقنی کۆرستش بله‌ن ئپادلگه‌ن ئه‌مه‌سمدی؟ نادرۇۋ، ساۋۇتوۋ، هاشر، قورماش، ئه‌لالار کچککنه ئرناق بله‌ن ته‌گمدی؟ ئۇلارنڭ هه‌ممسگلا ۋابال بولغانمدی؟ مۆهمی هاشر، تۆ ناهینڭ یگی ره‌هبری بولغان بولسا ئش چاتاق. بایقی ره‌قبکه ئارام بولدیغان سۆزله‌رنی قلغۇچی ره‌هبه‌رمۇ بۆگۆن خۇشلاشماقچی. شۇنڭ بله‌ن ئۇ هه‌ممه ئاۋارچلق بله‌نمۇ خۇشلشدۇ. بۇ یه‌ردکی هه‌ممه جاۋابکارلق. هه‌ممه کۆگۆل ئاغرقی. ئل- ئاهانه‌ت. ۋه هه‌ممه هه‌تتا جازا ره‌قبله‌رگه قالدۇ. «ئه‌کسلئنقلابچلار کالا توکدن تولا». «پۆتۆن شنجاڭ بویچه قورۇلغان بر چوڭ ئه‌کسلئنقلابی قورالق توپلاڭ کۆته‌رگۆچی گورۇه بار» ده‌پ هۆکۆم چقارغۇچلار بۆگۆن ئۆز هۆکۆملرنڭ توغرا - خاتالقی هه‌قده لام - جم دیمه‌ستنلا کیتدۇ - ده. خالغان بر زه‌ربه یگۆچی ره‌قبته‌کله‌رنی کۆرگه‌نلا یبرده تۆنۆۋیلپ دۆشکه‌لله‌ۋیردۇ. بۇنگغا ره‌قبنڭ جینی چدامدۇ؟ تومۇ بر یه‌رگه قاچسا بولاتتی. تونگمۇ تۆرۆمچده تونۆشلری بارغۇ. هیلقی غه‌ربی - شمال مللله‌تله‌ر ئنستتۆتنڭ پارتکوم مۇئاۋن شۇجسی خې شۇجی هازر ئۆرۆمچده ئکه‌ن. ئنستتۇت تارقتۋیتلگه‌ن. ئۇنڭ کادرلردن ما جۇربن قاتارلق بر قسملری شنجاڭغا یۆتکلپ که‌لگه‌ن. ئه‌ڭ یاخشسی ئۆرۆمچگه قیچش، ئمکان بولسا شۇ یاققا خزمه‌ت ئالماشتۇرۇپ کیتشنڭ ئامالنی قلش کبره‌ك. هاشر بله‌نمۇ کۆرۆشۇشی، تونگغا ره‌قب تۆز سه‌ممیه‌تنی بلدۇرۇشی، کۆز یشی، چرایلق سۆزلری بله‌ن تونگغا یلنشی، هه‌ممه ئشنی نامه‌ت بله‌ن تۆگتشنڭ ئامالنی قلشی کبره‌ك. بۇنڭ ئۆچۆن هازرلا ئه‌لانی تیپشی. بۇ که‌ڭ قورساق، ئاقکۆگۆل ئاده‌م ئارقلق هاشر بله‌ن تۆگۆشلۆق مۇئامله قلشنڭ یولنی قلشی کبره‌ك.

زیاپه‌ت که‌چ سائه‌ت ئون ئککی بله‌ن ئاخرلاشتی. دیگز ۋه یایلاق مه‌هسۇلاتلردن: بیلق، خه‌یسلڭ، راك، پاخلان کاۋیی، قیزل‌توخۇ، تۆده‌ك...

خىلمۇ-خىل قورۇلغان ۋە دورا-دەرمەك بىلەن پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئېسىل سورتلۇق ئىلى، سىچۇەن، يۈننەن ـ گۈيجۇ هاراقلىرى، تۇرۇمچى ـ چىڭداۋ پىۋىلىرى مېهمانلارنى زېرىكتۈرگىنى يوق. ئۇلار ئايرىلىش ئالدىدا راسا كەيىپ بولۇۋېلىپ بىر ـ بىرىگە دېيىشىدىغان گەپلىرى بىلەن تاپىلايدىغان ئىشلىرىمۇ تۈگەپ قالغىنى يوق. چۈنكى ئۇلار «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» ھەرىكەت جەريانىدا مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ «جەڭ» قىلىشقانلار. ئۇلارمۇ خۇددى رېخستاگقا سوۋېت بايرىقىنى قادىغان جەڭچىدەك، ياكى قاتتىق دولقۇنلۇق بىر كېچىسى بالتىق دېڭىزىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك بىر قولتۇقىدىن گېرمانىيە قورۇقلۇقىغا ئۆتنچى قەدەم باسقان ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە ـ كانادا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ ئوفىتسېرىدەك ئۆزگەلىسى — تۆھپىسىدىن مەمنۇن بولغۇچىلار-دە! ئۇلارنىڭ گېپى، قەدەھ ئۇرۇشتۇرۇشلىرى ئاخىرلاشمايتتى. تۈنۈگۈنسىزلا توك كېتىپ قېلىش سەۋەبىدىن مېهمانلار تارقىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار شىركەيىپ بولۇپ تالاغا چىققاندا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئىيۇن ئاخشىمى تولىمۇ قاراڭغۇ. لېكىن تولىمۇ سالقىن جانغا ئارام تويۇلدى. قاراڭغۇ كېچىنىڭ نەلىرىدىندۇر يىگىتلەرنىڭ ناخشىلىرى، قىقاس كۈلكە، تۇشقىپ-تىشلىرى ئاڭلىناتتى. يوك، ئالما، قارىغاي، تېرەك، مەجنۇنتاللار ۋە ئەتىر گۈللەر بىلەن ھۇسىن تاپقان بۇ ھۆكۈمەت قورۇسىدىن شاقىرىغان سۇ، مۇڭلۇق بۇلبۇل ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. غۇلجىنىڭ ھەممە پەسىلنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار، ئاپتاپلىق كۈنلىرى بىلەن قاغا قانتىدەك قاراڭغۇ كېچىلىرىنىڭمۇ شۇنداق، كىشىگە مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرالايدىغان قابىلىيىتى بار. بۇلبۇلنىڭ قىزلىقىنىڭ تۇزۇندە ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن سايرىشى، بىر جۈپ كاككۇكنىڭ «قاقاخلىشىپ ئويني-شىپ، بېشىڭ ئۈستىدىن پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتۈشى، قېرى تېرەك ئاستىدا بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ قاراڭغۇ-دىن تېپىشقان بەختلىرى ئۈچۈن پىخىلداپ كۈلۈشلىرى ئىيۇن كېچىسىنىڭ ئىجادىيىتى بولماي نېمە؟

سىرلىق تۈن. ئىچىملىك كەيپى رەقىبىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى بىر مەھەلگە ئۇزىدىن يىراق قىلدى. ئۇ خۇددى ئەزەلدىن كۆڭۈل ئاغرىقى كۆرمىگەن ئادەمدەك خۇشال ئىدى. ئۇ ھېلىقى ئۆزىنى دائىم روھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان باشلىقىنى قولتۇقلىۋېلىپ ئادەملەردىن چەتكىرەك تارتتى.

— يادەم قىلمەن دېدىڭىز — سىياسىي كومىسسار، مەن سىزنىڭ ئاندارچىلىقىڭىزنى ئۇلسەممۇ ئۇنتۇيالمايمەن. راست ئېيتىسىز، جىنايىتى بار ئەلا. ھاشىرلار يول تېپىپ ئۆزىنى قوغداپ قالالىغان بەردە ماڭا ئوخشاش سادىق ـ سەممىي، ياخشى كۆڭۈل ئادەملەر نېمىشقا ئۆزىنى قوغدىيالمىسۇن. مەن مەڭگۈ، مەڭگۈ سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى قىلمەن. مەيلى سىز نەگە كېتىڭ، نەدە ئىشلەڭ، مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىيالايمەن، يوليورۇقىڭىزنى ئىجرا قىلالايمەن!

قەسەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ، يۈرىكى تېپچەكلەپ، ۋۇجۇدى بىر نامەلۇم كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن غۇزۇلدىدى. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ بەدىنىدىن ۋەھىمە، ئەندىشە ۋە ئۈمىدسىزلىك ساقىندىلىرىنى سۈرگە دورىسىدەك ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ يېنىكلەپ كىچىك ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆيىگە كەلدى. لېكىن كارىۋىتىدا ياتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە بىر ۋەھىمە پەيدا بولدى: بۇ ۋەھىمە ھاشىرنى يادىغا ئېلىش بىلەن باشلاندى. زىيابەتتە ئۇ ھاشىرنىڭ ناھىيىگە رەھبەر بولۇپ يېتىشىلگەنلىكىنىڭ راستلىقىنى بىلدى. ئۇ خاتا بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئوبلاستقا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقنىڭ ئۆزىدىن سورىدى. باشلىق:

— ھاشىر يىگىت قارىلانغان. ئۇ ئىرادىلىك، قابىلىيەتلىك رەھبەر ئىكەن، — دېۋىدى، رەقىب:

— تازا كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ، — دېدى. لېكىن مانا ھازىر كارىۋىتىدا تولغىنىپ ياتالمايۋاتىدۇ. ئۇ قانداقلا ئويلىمىسۇن، ھاشىر بىلەن ئەمدى دۈشمەنلىشىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ. «كۆڭۈلدىكىدەك»

بولمغانلقى مانا هازر مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. گەرچە ئۇ هازر هاشرنڭ بۋاستە قول ئاستدا ئشلەيدغان خادىم ئەمەس بولسمۇ، لېكن ئۇ بر ناهيە رەهبرنڭ دۈشمنى بولۇشنڭ قانداق ئاقۋەتكە ئەكېلدغانلقنى بلدۇ، ناهيىلك پارتكومنڭ شۇجسى بولغان بر ئادەم ئۆزنى بكاردنلا ئۆلۈم گرداۋغا ئاپارغان دۈشمنگە پەرۋاسزلق بلەن مۇئامىلە قلمايدۇ - دە! ئۇنڭ قولى ئۇزۇن، قوللغۇچلرى كۆپ. ئۇ هەر قانداق ئۇسۇل بلەن رەقبدن ئنتقام ئالالايدۇ. هېلقى داۋۇت بلەن يۈزلشش رەقبكە قانچلك قورقۇنۇچلۇق بلنىدى؟ ئەلا، هاشرلار بلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنڭ يۈرىكى چىدارمۇ؟ ئۇ بلدۇ. ئۇنڭدا هەر قانداق خورلنش، هاقارەتلەرگە بەرداشلق بېرەلەيدغان بر خل كۈچ بار. ئۇ ئۆز مەنپەئەتى يولدا، ئۆۋەتى كەلسە باشقلارنڭ ئالددا ئۆملەشكمۇ، ئاياغلرغا سەجدە قلشقمۇ تەييار. ئۇ مۇشۇ قابلىيەتكە تاينىپ. 70 - يللارنڭ بۇ قيىن ئۆتكەلدن ئۆتەلەيدۇ...

ئۇ ئاخىر ئۆزنڭ قولدن نېمىلەر كېلدغانلقنى، ئۆزنڭ نېمىگە قابىلىيەتلك ئكەنلكنى چۈشەندى هەم نېمىلەرنى قلالمىغانلقنمۇ بەلگىلىۋالدى. شۇندىن كېينلا ئۇ ئۆزنڭ تاڭ ئالددا ئۇخلاپ قالغانلقىنى سەزمەي قالدى.

ئەتسى ئۇ شوپۇرنى ئوبدان مېهمان قلدى - دە، كچك ماشنا بلەن ئاۋۋال ئارۇپنڭ ئۆينى «زيارەت» قلدى. يەكشەنبە بولغاچقا ئارۇپ ئۆيدە ئكەن. ئۇ رۇستەككە مۆكچيىۋېلپ بر پەتنى رەندلەۋاتقان هالدا كۈتۈلمگەن مېهماننى سوغلا كۈتۈۋالدى.

— ئوبلاستلق ئنقلابىي كومتېتكە ۋاكالىتەن، — دەپ گەپ باشلدى رەقىب كۆرپدن ئورۇن ئالغاندن كېين سالماق بلەن گەپ باشلاپ، — ناهەق زەربگە ئۇچرىغان يولداشلاردن هال سوراش ئۈچۈن ئالدڭزغا كەلدىم. سز ئۆرمگە كرمدڭز. كۆرەش قلنمدڭز، لېكن سز زەربە بېرلدغانلار تزىملىكدە بار ئكەنسز، ئۆۋەت سزگە يېتپ كەلگچە «كېڭەيتۋېتش خاتالقى»نى سەزدۇق ۋە دەرهال ئۆزىتشكە كرشتۇق. مەيلى ئشنىڭ. مەيلى ئشەنمەڭ، مەن كېڭەيتۋېتش خاتالقنى 70 - يللنڭ بېشدىلا سېزپ، يۇقرغا ئارقا - ئارقدن يەتتە قېتم ئنكاس قلدم. بۇنڭ ئۈچۈن ئچكى جەهەتتە مەنمۇ زەربگە ئۇچردم.

ئارۇپ سرتدن يامان نامنى كۆپ ئاڭلغان. لېكن ئچ - سر ئېلشمغان بۇ ئادەمنڭ هۆكۈمەت نامدن قلنۋاتقان سۆزلرنى ئخلاس بلەن ئاڭلدى. گەرچە بۇ ئادەم ئوغرسدا بىرەر قېتممۇ ياخشى گەپ ئاڭلمغان بولسمۇ ئارۇپ شۇ تاپتا بۇ ئادەمنڭ راست گەپ قلۋاتقنغا ئشەندى. چۈنكى ئۇ ئارۇپ گۇمان قلپ يۈرگەن هەقىقەتنى دېمەكتە ئدى. ئارۇپ پەتنۇستا مېهمانغا چاي سۇنۇۋېتپ:

— كەلگننڭزگە كۆپ رەهمەت. لېكن شەخسەن مەن زەربە يېمدم دېسەممۇ بولدۇ. مەن هازرمۇ مەكتەپ ئنقلابىي كومتېتنڭ مۇئاۋن مۇدرى. پارتيىنى تەرتپكە سېلشتمۇ ئېسلپ قالمدم. برلا تەكشۈرۈش بلەن ئۆتكەلدن ئۆتتۈم. زەربگە ئۇچرىدى دېسەك هاشر، ئەلا، ئوسمان، قۇرماشلارنى دېسەك بولدۇ. ئۇلاردن قانچلك ئەپۇ سوراسقمۇ ئازلق قلدۇ. ئۇلگەنلەرچۇ تېخى؟ نادرۇۋ بلەن بزنڭ مۇنەللم ساۋۇتوۋچۇ؟ ئۇلارنى ئەپۇ سوراش بلەن تىرلدۈرۈۋالغلى بولامدۇ؟

ئارۇپنڭ ئاۋازى تترەڭگۈ. سۆزلرنڭ ۋەزنى ئېغر ئدى. ئۇ خۇددى برسنى سوراقۋا تارتۋاتقاندەك، كىمدنندۇر هېساب ئېلۋاتقاندەك غەزەپلەنگەن ئدى. رەقىب ئالددا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پاكار، كۆزلرى بلەن مەنلك تكلدغان ئوقۇتقۇچغا باش كۆتۈرۈپ قارىيالمدى. ئۇنڭ سوئاللرى رەقبكە زەربە، ئەق دەللەپ ئۇرۇلغان قامچا بولۇپ تۇيۇلدى. ئارۇپ قورساق كۆپككنى چقارماقچى بولغاندەك كۆرگەن - بلگەن، ئاڭلغان ۋە ئويلغانلرنى قويماي سۆزلدى - دە، ئاخرىدا:

— هېسابى بولۇشى كېرەك، زيانكەشلك قلپ يالغان ئەنزە ياسغۇچلار قاتتق جازالنشى كېرەك! — دېدى.

رەقىب كۆرۈنۈشتە ئارۇپنڭ سۆزلرگە

قوشۇلغاندەك ھەر بىر سۆزىنى باش لىڭشىتىپ تەستىقلەپ ئولتۇردى. ئارۇپ ھەتتا رەقىبىنىڭ پاكىزە ياغلىقى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئەلۋەتتە! — دېدى ئۇ ئارۇپنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى قوللاپ، — سۈيقەستچىلەر جازالىنىدۇ. نامەت ئۆزىنىڭ يالغان ئەنزە ئويدۇرغانلىقىغا ئىقرار بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھاشىرغا بولغان ئاداۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئىكەن. ھاشىر خوتەندە بىللە ئىشلىگەندە نامەتكە ئانچە ـ مۇنچە زەربىمۇ بەرگەن چېغى. ئاشۇ قورساق كۆپكى ئۈچۈن يالغان ئەنزە ياسىغان. لېكىن ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاددىي مۆلچەرلىگەن.

— شۇنداق. سۈيقەستت قىلغۇچىلار ھامان ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئەقىللىق كۆرىدۇ. باشقىلارنى مەڭگۈ بىخۇت ھېسابلايدۇ. ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەيدۇ. لېكىن ئەمەلىيەت رەھىمسىز. راست بىلەن يالغاننى، ياخشى بىلەن ياماننى. گۈزەل بىلەن سەتنى ئوتتۇرىغا ئاشكارىلاپ قويىدۇ!

رەقىب ئارۇپنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاتتىق ئۈچمەنلىكى ۋە نەپرىتى بارلىقىنى سەزدى. ئارۇپ بولسا ئاغزىدا قاتتىق گەپ قىلغىنى بىلەن رەقىبنىڭ كۆز يېشى، قىسمەن بولسىمۇ راست گەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ خېلى يۇمشىغان. ئۇ رەقىبنىڭ چىن كۆڭلىدىن ئۆز خاتالىقىنى تونۇشىنى، بۇندىن كېيىن ھاياتقا سەممىي مۇئامىلە قىلىشىنى خالايتتى. چۈنكى ئۇ ھازىرغىچە بىرمۇ ئادەمگە يامانلىق قىلمىغان. باشقا بىرسىنىڭمۇ ئۆزىدەك بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك ئىچىدە ھۆرمەتلىك ئىدى.

رەقىب خۇشلىشاردا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ:

— رەھمەت يولداش ئارۇپ، — دېدى ئۇ سۆيۈنۈپ ھاياجان بىلەن، — نېمىلا بولسۇن، سىزبىلەن بىز پارتىيە ئەزاسى، خەلققە، يولداشلارغا مەسئۇل بولۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز. مەن زەربىگە ئۇچرىغان يولداشلاردىن بىرمۇ ـ بىر ئەپۇ سورايمەن. يولداش ئەلانىڭ ئەدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسىز؟

— ئۇ مۇشۇ شەھەردە. ئۆمەر ئەپەندىمنىڭ ئۆيىدە ئىدى. يېقىندا زۇلىيا ئاكا كىرگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. زۇلىيا ئاكىمۇ زەربە يېدى، پۈتۈنلەي بىگۇناھ. ئۇنى گۇڭشىي ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپتىكەن. ئۇ دادۇيدە ئىشلەيمەن دەپ ئۇنىمايۋاتقان ئوخشايدۇ.

— بىلىمەن يولداش ئارۇپ، بۇ ئىشلارغىمۇ بىز ئارىلاشقان. زۇلىيا ئاكا ياخشى كوممۇنىست، تىپىلغۇسىز ئادەم. مەن ئۇنى گۇڭشېدا ئىشلەشكە ئەلۋەتتە قايىل قىلالايمەن. بىلىدىغانسىز، مەن شۇ ناھىيىنىڭ پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە بۇجاڭ بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىمدىلا ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانمەن، ھاشىر شۇجى كەلسە. بىز ئۇيلاستىن كۆچ چىقارساق، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

لېكىن ئۇ شەھەردىن ناھىيىگە قاراپ ماڭغىنىدا «ياخشى بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇستىدە زادىلا ئويلانمىدى. ئەكسىچە ئۇ «كېچىكتۈرۈلمەس خاتالىقى» دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بىلەن كۆڭلىدە راسا گەپ تالاشتى: ھاشىر. ئەلا، مۇنىۇ ئارۇپ پاكىنەك. ھېلىقى كوچىلاردا كۆرسىمۇ ئالىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تاش، سوراق ئۈستىدە يۈزۈمگە تۈكۈرگەن قۇرماش. ئۆمرۈمدە ئالاقە قىلىپ كۆرمىگەن داۋۇت... ئاخىرىدا ئاۋۇ تۈرمىگە سولانغان نامەت. يەنە ئاللىكىم، ئاللىكىملەر... شۇنچە ئادەم رەقىبكە دۈشمەنلىك قىلماقتا. تېخى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇرنىغا يەپ؛ رەقىبنىڭ ئايىقىغا يىقىلمىغان تۇرسا «كېچىكتۈرۈلمەس خاتالىقى» سادىر بولدى دەپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇشنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك پايدىسى بار؟ رەقىب ئىككىلا نەرسىنى يەنى راھەت كۆرۈش بىلەن داڭ قازىنىشنى مەقسەت قىلغىنى بىلەن ھەر بىر باسقان قەدىمىدە جەمئىيەتكە، دۆلەتكە پايدا يەتكۈزۈۋاتىدۇغۇ؟ ئۇنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن مەسىلە تېپىپ ئۈچۈن باش قاتۇرۇشلىرىنىڭ ئۇنۇمى بولمىدىمۇ؟... «كېچىكتۈرۈلمەس خاتالىق» دېگەندىن كۆرە

ھەرىكەت يۈزە بولۇپ قالدى دېگەن تۇزۇك ئىدى. رەقىبكە كۆز ئالابىستانلار يەرگە كىرىپ بولغىچە. ئۇنىڭ يولىغا پۈتلىكاشاڭ بولغۇچىلار كۆكۈم - تالقان بولغىچە زەربە بىرىش، ئىتىش، سولاش. سوراق قىلىشنى توختاتماسلىق كېرەك ئىدى. ئۇنداق داغدۇغىلىق كۈرەش توختاپ قالسا، رەقىبنىڭ كۆڭلىرىنىڭ قانچىلىك قىزىقى قالدۇ، ھاياتىڭمۇ نېمە مەنىسى قالدۇ؟... ياق، رەقىب زۇلىيا — پولىيالارنىڭكىگە بىرىپ ئەلادەكلەرگە يىلىنمەن دەپ ئۆزىنى خار قىلمايدۇ. شوپۇر، ماشىنىنى شەرققە — قاش دەرياسى تەرەپكە قارىتىپ تېز ھەيدە. ئۇ يەردە «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى» بار. ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى پارتكوم شۇجىسى شۇ يەردە. ئۇ ئادەم نېمىشقا بۈگۈن كېرەكسىز مالدەك ئىسكىلاتقا تاشلاندى؟ ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى شۇنىڭغا بەرگەن بولسا رەقىبنى بۈنچىلىك ۋەھىمە قۇيۇنلىرى ئەگىپ يۈرمىگەن بولاتتى؟ ئۇ ئادەم ھەجەپ قابىلىيەتلىك. سەزگۈر، ھەققانىي ئىدى-دە. «پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ»، «كالا تۈكىدەك كۆپ» دېگەن سۆزلەرنى رەقىب تۇنجى قېتىم شۇ كىشىدىن ئاڭلىغان. پارلاق ئىستىقبال، يالقۇنلۇق كۈرەشلەر توغرىسىدا چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ رەقىبنى رىغبەتلەندۈرگەن كىشىمۇ شۇ ئىدى. بۈگۈن رەقىبنى ۋەھىمە ئەرۋاھلىرى قوغلاپ يۈرگەن بۈنداق چاغلاردا رەقىب ئۇ ئادەمدىن يولىيورۇق، مەدەت ۋە ئىشەنچ - كۈچ ئېلىشى كېرەك!...

ئۇنىڭ ئالدىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ياماق چۈشكەن، تۈگكەن خادانى چاپان، تېزىغىچە تۈرۈلگەن كونا كۆك شىم، «فىنتۇ» قىلىنغان بېشىغا ياز بويى قاسقىنى يوغان چىغ قالپاق كىيىپ يۈرىدىغان، بىلىق كۆز، چىشاڭراق، ئەللىكتىن ھالقىغان ئادەم بىردىنلا پەيدا بولدى. ئۇ بىر نەچچە ئايلا بۇرۇن ئىشلىگەن پارتكوم شۇجىسى گەرچە ھازىر ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا بولسىمۇ ئۇ خۇددى شۇجىنىڭ يىرىك ئالقانلىرىنى چىڭ قىسقاندەك؛ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغاندەك ھاياجانلاندى. — ۋاي

شۇجى. — دېدى ئۇ خىيالىدا سابىق شۇجىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ. — ماڭا ئۆز ۋاقتىدا ناھىيىنىڭ ئىككىنچى شۇجىلىقىنى تەۋسىيە قىلغانىدىڭىز. لېكىن ھاشىردىن بۇ ئورۇننى ماڭا تارتىپ ئېلىپ بېرىشكە ئۇلگۇرەلمىدىڭىز. ھاشىر بەنە سىز بىلەن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چىقىدىغان ئوخشايدۇ. سىز. ئاپتونوم رايوندا مۇھىم يېقىنلىرىم بار دېۋىدىڭىز. شۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ، مەن سىز ئۈچۈن ۋە ئۆزەم ئۈچۈن ھەر قانچە تىلك چوقىلارغىمۇ يامىشىشقا تەييار!»

ماشىنا شەرققە قاراپ ئىككى قاسنىقى قويۇق تېرەكلىك تاشيول بىلەن چاپماقتا. يېكاپىنىڭ ئالدى دېرىزىسىدىن تولۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋرال تېغى كۈن پېتىشىقا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقاندەك. يۈگۈرگەنسېرى كىچىكلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. كۈن غەربكە قىيشايغاچقا. ئالدى ئەينەك ياختىي ئەگىشەلگەن كىنو ئېكرانىدەك ھەممىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بارماقتا. ماشىنا سۈيى لۆمشىپ ئېقىۋاتقان ئاق ئۆستەڭ كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ئىككى ئادەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ماشىنا توردى. رەقىبنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى.

— ئونبار دوختۇرخانىسىغا! — دېدى مالخاي كىيگەن. قارا بۇرۇت دېھقان ھاسىراپ تۇرۇپ. — بىزنىڭ شۇجىنى لۈكچەكلەر يامان ئۇرۇۋەتتى!

ئۇلار ئاغزى - بۇرنى قان، كۆكەرگەن، توپىغا مىلەنگەن بىرسىنى ماشىنىغا سۆرەپ ئەكەلدى. رەقىب ياتقان ياردارغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى - دە:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىدى.

— دېھقان، گۇڭشې ئەزاسى - دە!

— بىلىمەن ئەزالىقىڭنى. نېمىشقا تاياق يېدىڭلار؟

— بېكاردىنلا تاياق يېدۇق. بىز تاغقا — توغرى سۇيايلىقىغا مۇنتۇ زۇلىيا ئۆچمىز مالچىلارنى يوقلاپ ماڭغان دەڭا. بەش - ئالتە مەس يولىمىزنى توردى. ھەممىسىدە ۋېلسىپىت ئالىبىر كۆزىدە نېقى بار. ئۆز

ۋاقىتتا ناھىيىدە قورال تۇتۇپ ئادەم قورقاتقان بىرسى: زۇلىيا دېگىنىڭ قايسىڭ؟ — دېدى، بىزنىڭ زۇلىيا. مەن زۇلىيا بولىمەن، دېيىشىگىلا ناكەسلەر چۈمۈلە ئۇستىخانغا ياماشقاندەك زۇلىياغا ئېسىلدى. ئاتتىن ئۆركىنۇرۇپ، دەسسەپ - چەيلەپ، تونۇر لېپىنى چەيلىگەندەك پىتىقلاپ، بىز ئۆزىمىزنى تۈزەپ چاپان سالغىچىلا شەيتانچاقلىرىغا مىنىپ تىكىۋەتتى.

— بىر كۆزىدە ئېقى بار دېدىڭىزمۇ؟ راستىنلا تونامسىز ئۇ خوللىگەننى؟ — رەقىب غەزەپ بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ مۇشتۇمىنى پۇلاڭلاتتى. — بۇ زۇلىيا شۇجى ئەمەسمۇ، نېمىشقا ئۇردى ئۇ لۈكچەكلەر - ھە؟

— بىز ئۇلارنى تونۇيمىز، — دېدى ياشراق كەلگەن دېھقان زۇلىيانى يۆلەپ ماشىنىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، — ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە قورال تۇتۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغان، ھېلىقى شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن رەقىب بۇجاڭ دېگەننىڭ كالتەكچىلىرى. بىزنىڭ يېزىغا بىر قېتىم شۇ رەقىبنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلا ئەپەندىنى تۇتقىلى بارغانىكەن. بىزنىڭ يىگىتلەر ئۇلارنىڭ راسا ئەدىبىنى بەرگەن. بۇ قىلىقى شۇنىڭ ئۆچى بولمامدۇ؟

رەقىب تۆمۈردەك قارىيىپ شوپۇرغا ۋارقىرىدى:

— نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، ھەيدە، مۇنۇ ياردارنى دوختۇرخانىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ خېلى ماڭىمىز تېخى!

پىكاپ يۈرۈپ كەتتى. ئىككى دېھقان خورجۇنلار غانجۇغىلانغان ئىككى ئاتتا، يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ، ئاتلىرىنى ئۆكرەك تاشلىتىپ ماشىنىنىڭ كەينىدىن چاپماقتا ئىدى.

ماشىنا ئونيار يېزىنىڭ دوختۇرخانىسى ئالدىغا كەلگەندە ياردار كۆزىنى ئاچتى ۋە رەقىبكە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرەپ دارداڭغان لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلاتتى.

— رەقىب... بۇ... جاڭ... خۇشالمۇ... سىز؟

— سۆزلىيەلىگەن ئادەم دوختۇرغا ئۆزى كىرەلەيدۇ. — تېز ماڭ. نېمىگە ھاڭۋاقتىلىق قىلىسەن؟ — رەقىب پۈتۈن غەزىپىنى شوپۇرغا قاراتتى.

ئۇلار زۇلىيانى دوختۇرخانىنىڭ زالىغا ئەكىرىپ قويدى - دە، يولىنى داۋاملاشتۇردى. رەقىب خىيالىغىچە كالپۇكلىرى دارداڭغان سېرىق يۈزلىرى توپا قان بىلەن غۇژمەك بولۇپ قالغان زۇلىيانىڭ كۆككۈش كۆزلىرىدىكى مازاق ئارىلاش غەزەپتىن ھوشىنى يىغالمىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، يۆلەنچۈككە بېشىنى تاشلاپ خىيالنى كۆڭۈللۈكرەك بىر ئىشقا يۆتكەش ئۈچۈن لى شۇجىنى، ھېلىقى سىياسىي كومىسسارنى ئەسلەپ باقتى. لېكىن بۇنىڭ ياردىمى بولمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا تويۇقسىزلا زۇلىيانىڭ قان بىلەن غۇژمەكلەشكەن يۈزلىرىگە ئەگىشىپ بىر كۆزىدە ئېقى بار يىگىتنىڭ كۆلەڭگىسى كەلدى - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ ئۈمىد شولىسى يۈز كۆرسەتكەن بولدى: «دېمەك تېخى مەن ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغانلار بار ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدىكى غەمخورلۇقلىرىم، ھازىرقى يوشۇرۇن ھەركەتلىرىم چېچەكلەپ مېۋە بېرىۋېتىپتۇ...».

ئۇ لى شۇجى بىلەن كۆرۈشۈشكە تېخىمۇ ئالدىرىدى.

لېكىن تەلىيگە لى شۇجى يوق بولۇپ چىقتى، ئۇ داۋا قىلىپ ئۈرۈمچىگە كېتىپتۇ. دېمەك ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىش كېرەك.

ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ غۇلجا شەھىرىدىن جەنۇبقا — ئابرودرومغا قاراپ كېتىۋېتىپ، ئىككى ئات قوشۇلغان خادىنىڭ ھارۋىدا چىرايلىق بىر ئايال بىلەن يانداشىپ ئولتۇرۇپ، شۇ يولدا كېتىۋاتقان ئەلانى كۆرۈپ قالدى. ئەلا كۆك خادانىدىن يېڭى شىم - ئۈچجۈركا، بېشىغا قىزىل دۇخاۋا بۆك كىيگەن، رەقىب ھەتتا ئۇنىڭ پاكىزە چۈشۈرۈلگەن بېشى، كۆك چوڭخەي كىيگەن، خادىكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتلىرىغا ئەتەپ سېلىنىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئەلانى

تۈنجى قېتىم لەنجۇغا بارغىنىدا ئەشۇنداق كېيىم بىلەن كۆرگەن. ئۇ چاغدا رەقىب ئۇنى مەڭسىتمىگەن. ئۇنىڭغا بىر تەجرىبىلىك رەھبەردەك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ، ھاياتتا نېمىلەرنى قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن. لېكىن ئۇ چاغلاردا. ئارىدىن ئون بەش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئەشۇ كۆك چاپان ـ ئىشتان كىيگەن نۇرلۇق بالىنى كۆرگەندە بۈنچىلىك ئالاقزادە بولۇشنى ئويلىغانمىدى؟ ئۇنى ئالاقزادە قىلغان قانداق بىر كۈچ ئۇ؟ ئىلىم ياكى ھەقىقەتنىڭ غەلىبىسىمۇ ياكى ساپلىق بىلەن ساختىلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئېلىشىشنىڭ يەكۈنىمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا زادى نېمە؟ ۋىجدان ئىگىسى دار ئالدىدىمۇ تەمتىرىمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تاجۇ ـ تەخت ئۈستىدىمۇ تىنجىيالمايدۇ دېگەن سۆزنى كىم ئېيتقان؟ ئەپلاتون، روسسو ۋولتېر، گېبگېل ياكى ئارستوتېل، سەئىدى، دانتې دېگەنلەردەك ھېكمەتلىك سۆز ئۇستىلىرى ئېيتماستىن بۇ سۆزنى ئاۋۇ كۆك چاپان كىيگەن ئەلانىڭ ئېيتقىنى نېمىسى؟ ئۇنىڭ بۇ سۆزى نېمىشقا رەقىبنىڭ يادىدا قالىدىكىنە؟...

ماشىنا قىبرى قارىياغاچلار ئارىسىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىر قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. لېكىن رەقىبنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە توختىمىدى. ئۇ شوپۇر بىلەن سوغلا خوشلاشتى ـ دە، ئىككى قاسىنقى بۆك ئالمىلىق خىش ياتقۇزۇلغان يولدا ئاچچىق موخۇركىسىنى شوراپ خىيالغىچە تىنىمسىز ماڭدى.

— ئامەت ئىزدەپ مېڭىپسەن ـ دە؟ — تونۇش ئاۋازدىن چۆچۈپ رەقىبنىڭ چىرايى ئامدەك تاتاردى، لېكىن ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلا ئاداش. خۇدا ھەققى سىنى ئويلاۋاتاتتىم، مۇنتۇ ئامەتنى قارىمامسەن؟

رەقىب ھازىرلا ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قوچاق ئېچىپ ئەلاغا قاراپ ماڭدى. ئەلا بولسا ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، لەۋلىرى ھىمرىلگەن ھالدا رەقىبكە قادىلىپ تىك تۇراتتى.

رەقىب سوزغان قوللىرى جاۋابسىز قالغاندىن كېيىن ئوڭۇايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈلۈمسىرىدى:

— ھېچبولمىسا دىپلوماتىيە يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىر قولۇڭنى بېرىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ ئاداش.

— دىپلوماتىيە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىش. ھازىرچە ماڭا ئۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمىدى.

— نېمە. نېمە دېدىڭ؟ مېنى ئادەملەر قاتارىدىن ئۆنداق ئالدىراپ ئۆچۈرۈۋەتمىگىن. ھېچبولمىسا ئۆلگەنلەر قاتارىدىن بولسىمۇ ئورۇن بەرگىن ـ دە.

رەقىب بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ. كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى:

— ئەلا ئاداش. — دېدى ئۇ ئازاب بىلەن ئىڭىر تىنىپ. — تورغۇن ئىشلارغا مەن سەۋەبچى. مېنىڭ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا گۇناھ ـ جىنايەتلىرىم بار. لېكىن مەن جىنايەتچى بولساممۇ ئادەممەن. ئادەم بولغاندىمۇ سىلەر ئويلىغاندىن خېلىلا ئۆزگىچەرەك ئادەممەن. مېنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. ئەگەر خالىساڭلا. مەن ساڭا يۈرەك ـ باغرىمنى يېرىپ كۆرسىتىپ بېرىمەن.

— ئەرزىمەيدۇ. — دېدى ئەلا ئالما شېخىدا سايراۋاتقان بۇلبۇلغا قاراپ تۇرۇپ. — ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ. كونا ساندۇقتىكى مالنى تۆرۈپ ـ چۇۋۇۋېرىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ مېنىڭ بىرلا تىلىكىم بار: ئون بەش يىل ياخشى بولسۇن. يامان بولسۇن بىر ـ بىرىمىزنى ـ كېلىش قىلىشتۇق. بۇندىن كېيىن مېنى تونۇتقىن. ماڭا ياخشىلىق قىلاي دېسەڭ مېنى تونۇتقىن!

— ئەلا ئاداش... ئاداش!... — رەقىب قوللىرىنى سوزۇپ ئالدىغا ماڭدى. ئەلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىنگە قاراپ كۈلۈپ كېلىۋاتقان ئايالىغا قاراپ ماڭدى.

— رازىيە. بەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ھاشىر بىلەن كۆرۈشىمىز. ھەي ئىسىت. سىلەرنىڭ قوچاقلاشقىنىڭلارنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم ـ دە!

— تۆرمىگە كىرمىدىڭىزدە. — دەپ چاقچاق قىلدى رازىيە قاقاخلاپ كۈلۈپ. تۈرمىگە

كىرگەن بولسىڭىز كۆرەتتىڭىز. ئەپسۇسكى سىزنى ئورمىگە سالغىدەك بىر مەردانە تۇغۇلماپتۇ.

رازىيە بۇ تەنىلىك گەپ بىلەن رەقىبكە يالت قىلىپ قاراپ قويدى.

يىگىرمە سەككىزلا ئادەم ئولتۇرىدىغان، سائىتىگە ئوتتۇز يۈز ئەچچە كىلومېتر تېزلىك بىلەن ئۇچالايدىغان كىچىك ئايروپىلان غۇلجا ئايرودرومىدىن چۇش بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئاۋۋال جەنۇبقا ئۇچۇپ كۆمۈش لېنتىدەك پارقىراپ ياتقان ئىلى دارياسى ئۈستىدىن ئايلىنىپ شەرىققە قاراپ ئۇچتى. ئايروپىلاندىكىلەر ئېتىز، باغ، ئۆستەڭ، مەھەللەر ۋە ياز بىزەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدىغان ئىلى ۋادىسىنى زوق بىلەن تاماشا قىلىشىپ ئۆزى بىلىشىدىغان يەرلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتىشىپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشماقتا. يالغۇز رەقىبلا ئۆزى بىلەن يانداش ئولتۇرغان گۈزەل ئايالنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئەيمىنىپ، بايىلا قايتا قوزغالغان ئەسەبىيلىك ئازابىدىن قىينالماقتاتتى. ئايروپىلان ئىلى ۋادىسىنى تېزلا بېسىپ ئۆتۈپ توپىلىكلەر ئۈستى بىلەن ئۇچۇپ ئاچال ئېغىزىغا كەلدى. ئايروپىلاندىن ئىككى تەرەپىكى قارىغايلىق يېشىل چوققىلار، كىگىز ئۆيلەر، ئوتلاۋاتقان مال ـ ۋارانلار ۋە ئارىسىدىكى ئادەملەر كۆرۈندى. ئىككى ياقتىكى تاغلار ئايروپىلان بىلەن تەڭ ئىگىزلىكتە، خۇددى ئايروپىلاننىڭ قانىتى چوققىلارغا تېگىپ كېتىدىغاندەكلا بىلىندى. «مانا، گۈرساي مۇشۇ ئاستىمىزدا بولسا كېرەك،— دەپ ئويلىدى رەقىب ئەلانىڭ ھېلىقى قىيمىقى باشلىق بىلەن «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭگىگە چىققاندا ئېيتقان ھېكايىسىنى ئەسلەپ،— ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن گۈرساي، گەنجا يايلىقىنىڭ قاراڭغۇ سايلىرى قالمىدى. ئون بەش يىلدىن بېرى ئۇ نېمە قىلغىنىغا شۇنچىلىك ئازاب چەكتى؟ مەن مەردلىك قىلغان بولسام ئۇ بەلكى تاغلار ئىچىدە قېچىپ يۈرمىگەن بولارىدى. ئۇنىڭ ماڭا غەزەبلىنىشى، مېنى ئىنسانىيەت تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىشكە ھەققى بار، ئۇنىڭ نەپرىتىنى مەن پەيدا قىلغان تۇرۇپ يەنە نېمىشقا بۇ نەپرەتنى يوقىتىشنىڭ، ھېچبولمىسا ئازايتىشنىڭ ئامالىنى قىلمايمەن؟ قارا كۆڭۈللۈك قىلغىنىم راست، ھېلىھەم بولسىمۇ توۋۋە قىلسام ئەيىپىمنى تونۇزەتسەم، چىن كۆڭلۈم بىلەن ئەلادەك ئەزىمەتلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولسام بولماملىكەن؟ لېكىن مەن يوكۈڭلۈمنى ئۇلارغا قانداق چۈشەندۈرىمەن...»

ئۇنىڭ خىيالىدا ئىنسان بىلەن ياۋۇزلۇق ئەنە شۇنداق پات ـ پات ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بىردە ساختىلىق قوۋلۇق سۇيىقەست بىلەن ئۆز ئادىتى بويىچە ياشىغۇسى، شۇ يول بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغۇسى كېلەتتى، بىردە بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتكە ئازراق بولسىمۇ ھۆرمەت پەيدا بولاتتى ـ دە، ھەممىدىن قول ئۈزۈپ ئىنسان ۋە دىيانەتلىك ئادەملەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇسى كېلەتتى.

ئايروپىلان تەڭرىتاغنىڭ بۇ تىزىملىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈپ، تاغ ياقىلاپ شەرققە قاراپ ئۇچقاندىن كېيىن ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ـ دە، يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ يېنىدىكى ئايالغا قارىدى:

— رازىيە خانىم،— دېدى ئۇ سىلىق، يۇمشاق ئاۋازدا،— شۇنداق قىلىپ ھاشىر شۇجىنى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا كۆرىمىزمۇ؟

رازىيە ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ قانسىز، قەغەزدەك ئاق يۈزىدە بىردىنلا قىزغۇچ ئەلەڭگە پەيدا بولدى ـ دە، ئۇ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى سىلاپ ئاقارغان چاچلىرى ئۈستىدىكى نېپىز ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

— ئايروپىلان ئاخىرقى بىر مىنۇتتا ھادىسىگە ئۇچرىمىسا شۇنداق بولىدۇ. رەقىب جۈرئەت.

— خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ، ھاشىر شۇجى بىلەن سالامەت كۆرۈشىمىز.

— ھەيتاڭەي،— دېدى رازىيە كۈلۈپ قويۇپ،— خاتىرجەملىك ئۈچۈن شەرت بارمىكىنتاڭ، نېمىشقا دەمسىز؟! سەۋەبى ئاددىي: ئايروپىلاندا سىز باردە.

رەقىب ئۆمرىدە بىرمۇ قېتىم سۆزلەشمىگەن، لېكىن سىرتىدىن بىلىشىدىغان بۇ ئايالدىن بۇ خىل گەپلەرنى كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇمۇردەك قارىداپ، قاپاقلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئۇ مەقسەتسىزلا يانچۇقلىرىنى كولاشتۇرۇپ بىر نېمە ئىزلىدى. ئاخىر رازىيەگە قاراپ قويۇپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— ھەقلىق، شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىقسىلەر، لېكىن مەن سىزدىن بىرلا نەرسىنى ئىلتىماس قىلىمەن: مەن ھاشىر شۇجى بىلەن بىر سائەت يالغۇز پاراڭلىشىشىم كېرەك. سىز ئۇنى ماڭا بىرلا سائەت ئارىيەت بېرىشكە ۋەدە قىلىڭ. مەن مەخسۇسلا مۇشۇ ئىش بىلەن كەلدىم. ئىككىمىزنىڭ سەپىرى بىر ئىش ئۈچۈن رازىيە خانىم، ھەر ئىككىمىز بىر ئادەم ئۈچۈن كەلدۇق. لېكىن مەقسەت ھەر خىل. سىز ئۇنى چەكسىز خۇشال قىلغىلى. مەن بولسام ئۇنى چەكسىز خاپا قىلغىلى. نەپرەتلەندۈرگىلى كەلدىم.

— ياق، مەن سىزگە ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئارىيەت بېرەلمەيمەن. ياق. سىزنىڭ ھاشىر بىلەن كۆرۈشۈشكە ھوقۇقىڭىز يوق.

ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئاسمىنىدا ئۇۋەنلەشكە باشلىدى.

مانا، ئايرودرومىدىن ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىلار قوزغالدى. رەقىب ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، كۆزىگە قاراكۆزەينەك تاقاپ يۈك-تاق ئالىدىغان ئورۇندا ئۇ ياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ۋەسۋەسە بىلەن ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ، لېكىن سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالماستىن يۈرمەكتە. ئۇ بايا ئايروپىلاندىن رازىيەگە ئەگىشىپ چۈشۈپ ھاشىر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ئىمكانىيەت تاپىمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇ ئايروپىلان شوتىسىدا تۇرۇپلا كۈتۈش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا كۈتۈۋالغۇچىلار ئارىسىدا ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈلۈپ تۇرغان ھاشىرنى تونۇدى. ھاشىر يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئوت يانچۇقلۇق كۆك چاپان كىيگەن، يالاڭباش ئىدى. ئۇلار يېقىنلاشتى، رەقىب ھاشىردىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ھاشىرنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشىكە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر نەزەر تاشلىشىشنى تەقەززارلىق بىلەن كۈتتى. لېكىن ئۇ كۈتكىنىگە ئېرىشەلمىدى. ھاشىرنىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ كېڭەيگەن كەڭ پېشانىسىدا ئاۋۋال ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولۇپ، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى ئەتراپىدىكى سىزىقلار كۆپەيدى-دە، بىردىنلا چىرايى سوزۇلۇپ، ھېلىقى قورۇقلار يوقالدى. ئۇنىڭ قىڭراق بىسدەك بولۇپ قالغان قاڭشىرىدا قىيا قۇياش نۇرىنىڭ شولىسى چاقنىدى. رەقىب بۇ چاغدا ھاشىرنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىرلا رازىيەگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى. رەقىپ. ئۇلار قۇچاقلىشىدۇ. يىغلىشىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇلار قۇچاقلاشمىدى. يىغلاشمىدى. بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىشىپ كۆزلىرى بىلەن بارلىق خۇشاللىق - ھاياجانلىرىنى ئىپادە قىلىشتى. رەقىب ھاشىرنىڭ ئورنىدا بولغىنىدا ئۇيغۇر پىسخىكىسى — نومۇس — پەدىشەپىلىرىنى ئاللىقاچان چۆرۈپ تاشلاپ رازىيە بىلەن «ياۋروپاچە» كۆرۈشكەن بولاتتى - دە. لېكىن ئۇلار قانداق كۆرۈشۈشنى خالىسا شۇنداق كۆرۈشەلەيدۇ. رەقىب باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا پىكىر بېرىپ تۈزىتىش ھوقۇقى يوق. ئادىلە: «سىز دەسسىگەن كوچىغا كىرمەيمىز!» دېسە ئەلا: «مېنى ئۇنتۇغىن» دېدى. رازىيە بولسا «ھاشىر بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقىڭىز يوق» دېدى. ھاشىرچۇ؟ رەقىبنى كۆرمىگەنمىدۇ؟ ياق ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ھەممىنى كۆردى. ئۇ رەقىبنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى، نېمىشقا ھاشىر بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى... قىسقىسى ھەممىنى بىلىپ بولدى. ئۇ رەقىبنى كۆرمەسكە سالدى، ئۇنى مەڭگۈ كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇلار 50 - يىللاردا تونۇشقان، 60 - يىللاردا ئاز كۈن بولسىمۇ بىر ناھىيىنىڭ پارتكوم ئىدارىسىدا رەھبەر بولۇپ بىللە ئىشلىگەن، 70 - يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە راستىنلا بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان،. كۆرمەسكە سېلىشىدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتمىدۇ؟ مۇشۇنداق بولسا بۇ

يىللار نېمانچە زور ئازارلىق پەيدا قىلىپ تېز ئۆتكەندۇرـ ھە؟ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى دوستلۇقتىن دۈشمەنلىككە قاراپ راۋاجلىنىشىنىڭ ئەيىبكارى راستلا رەقىب بولىدىغان بولسا، رەقىبكە بۈگۈندىن كېيىنكى 80 ـ، 90 ـ يىللارنىڭ قانچىلىك زورۇرىيىتى، لەززىتى باردۇر ـ ھە؟

رەقىب قاراڭغۇ چۈشكىچە ئايرودروم چۆرىسىدە مېڭىپ يۈردى. ئۇ چارچىغان، قورسىقى ئاچقانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ چەكسىز روھىي چۈشكۈنلۈك، ئازاب ئىچىدە خۇددى بەزگەكتەك ئۇتقان ئادەمدەك تىترەپ، ھاياتلىق بىلەن ماماتلىق ئارىسىدىكى چېگرا يوللاردا، ئۈزاقتىن ـ ئۈزاق مەقسەتسىز يول ماڭدى. ئۇنىڭ تورۇپلا جەمئىيەتتىن ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۈزۈلگە ئوڭۇشلۇق يول ئىزدىگىسى كېلەتتى ھەم بۇ يولنىڭ تېپىلىشىغا ئىشىنەتتى. لېكىن تورۇپلا ئۆزىدىن پۈتۈن تونۇش ـ بىلىش، يېقىنلىرى، ھەتتا تۇغقانلىرىنىڭ يىرگىنىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياتتا ئۆزىنى چەكسىز يېتىم، بىچارە، ھېمايىسىز ھېس قىلىپ ھاياتتىن بىر يوللا قول ئۈزۈشنى، بۈگۈنلا مۇشۇ چۆلدىكى ئايرودروم يولىدا بۇ مەقسەتكە ئوڭايلا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئايرودرومدىن شەھەرگە تېگى يوق خىياللار بىلەن پىيادە ماڭدى. ئۇ بىلىكىگە سومكىسىنى سېلىۋالغان. سومكىسىدا ھەربىي گىراناتتىن ئىككىسى ئۇرۇپتۇ. بۇ گىراناتنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ھېلىقى قوراللىق ئەتىۋارلانغان دەۋرىدە ئېلىۋېلىپ، ئىنقىلابىي كومىتېت قورۇلغاندىن كېيىن تاپانچىسىنى تاپشۇرۇپ مۇشۇ ئىككى گىراناتنى ساقلاپ قويغان. ئايروپىلان تەكشۈرۈشىدىمۇ بۇ ئىككى تال گىراناتنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزەلىدى. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئەسقاتىدىغان ۋاقتى كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇ خىيال بىلەن كېتىپ بېرىپ، سومكىسىدىكى بۇ ئاخىرقى مەقسىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قوراللىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ قويدى: «ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدىم. ئاخىر شەرمەندىلەرچە ئۆزەمنى ئۆلتۈرىدىغان ھالغا كەلدىم. بۇ ھاشىرەـ ئەلالار مېنى ھامان ساق قويمايدۇ. نامەتنى يېشىشقا سالىغان، مەن: بۇنى بىلىدىغانلارمۇ بار. لى

شۈجىمۇ بىلىدۇ. كىم بىلىدۇ، لى شۈجى ئۆزىنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە ھەممە گۇناھنى ئارتىپ، پاش قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ بولدىمۇ تېخى. ئۇز يېقىنلىرىنى سېتىپ ئۆز ئورنىنى ئۇستۇرۇش ھەممىلا ئادەم ئىشلىتىدىغان ئاددىي ئۇسۇل. لى شۈجىنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ ئاللىقاچان ئۇنى ساتقان بولاتتىم. مەن بۇ يەردە ھاياتمەن دەپ يۈرگىنىم بىلەن بەرىبىر قاپقانغا چۈشكەن تۈلكىمەن. ئاز كۈندە قاپقان ئىگىسى كېلىدۇ ـ دە، تېرەمنى ئەتىۋار سويىدۇ. ھەي ئىسىت، ھېچبولمىغاندا گۈزەللىكىغا ھېلىقى چاغدا راستىنلا باسقۇنچىلىق قىلغان بولسام بوپتىكەن. ئاز كۈندە ئۇلارمۇ مۇنۇ رازىيە بىلەن ھاشىردەك ھاياجانلىنىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇلار ماھۇق ياستۇقلىرىدا ئوڭدا يېتىپ مەن توغرىلىق نەپرەت بىلەن سۆزلىشىدۇ. يەنچۇ، بەلكى ھېلىقى ئوسمانمۇ قايتىپ كېلەر، قۇرماش دېگەن ناكەسمۇ بۇ چاقىقچە مېنىڭ ئۇنى قىستاپ سوراققا تارتقانلىرىمنى تېگىشلىك جايىغا ئېيتىپ بولغاندۇ. ھېلىقى داۋۇت دېگەنلەر لېنتىغا ئېلىۋالغان ئىقرار نامىچۇ تېخى؟ جەمئىيەتتە ماڭا ھايات يولى تېپىلغان تەقدىردىمۇ ئاشۇ ماڭا تىغ بىلەپ يۈرگەنلەر ماڭا كۈن بەرمەيدۇ. بىرلىرى ئۆيۈقسىز ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ؛ ھاشىرلار ھېلىقى مەن ئۈچۈن باشقىلارنى ئۇرۇپ بەرگەن بىر كۈزىدە ئېيقى بار كالتەكچىگە ئوخشاشلارنى ئىشقا سېلىپ ئۇرغۇزۇپ مەڭگۈ قوپالماس ناكا قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟ ھەي ئىسىت، ئەلانى ئىككى قېتىم ئۇرغۇزدۇم، ئېمىشقا ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمىدىم. ئېمىشقا ئىشنى چالا قىلدىم. جاۋابكارلىقتىن قورقتۇممۇ؟ مانا بۈگۈنكى ۋەھىمە، خورلۇق ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن يېنىك چۈشۈۋاتامدۇ ـ ھە...؟»

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. يول بويىدىكى چىراغلارمۇ ياندى. چىراغلار دالىغا سۇرلۇك مەنزىرە ئېلىپ كەلدى. رەقىبنىڭ يۈرەك تەرىپى چىملداپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ مانا قىرىق ياشقا تولدى. راسا قىران چاغلىرى كەلگەندە ئۇنىڭ ھايات بىلەن خوشلاشماقچى بولغانلىقى ئۆلۈمنى ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟

خې شۇجىنى تېپىپ لەنجۇغا قايتىپ كەتسىچۇ؟ غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى يەنە ئەسلىگە كەپتۇ. شۇ يەرگە كېتىپ، شىنجاڭ بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشسىچۇ؟ ئۇ خوشلىشىش ھايات بىلەن خوشلاشقانغا قارىغاندا خېلى يېنىك ئەمەسمۇ؟ خىيالىغا خې شۇجى كېلىش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ ئۈچۈشكە باشلىغان ئۈمىد چىرىقى قايتىدىن پىلىلداپ يانغاندەك بولدى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭغا قارشى كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنا توختىدى ـ دە، ماشىنىدىن تونۇش ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەپ بىرسى ئالدىراپ چۈشتى:

— رە بۇجاڭ، پىيادە جاپا تارتىپسىز. ماشىنىغا تېز چىقىڭ، قېنى ئالدىغا!

بۇ يىگىت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كاتىپى. ئەسلى تەرجىمان ئىكەن، كېيىن كاتىپ بولغان. ناھىيە ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەندە، ئۇلار بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبىرى بولغان. «ئەلەم كۆربىشى»گە رەھبەرلىك قىلغانلىقى، قورال بۇلاشتا «تۆھپىسى بار»لىقى سەۋەبىدىن بۇ قېتىم «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ھاكىمىيەت» تىن ئورۇن ئالالمىغان. ئۇ مۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى بىلەن يېقىن بولغاچقا ئۇرۇمچىگە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئەرز قىلغىلى لى شۇجى بىلەن بىللە كەلگەنىدى.

— رە بۇجاڭ، نېمىشقا ھاشىر شۇجىنىڭ ماشىنىسى بىلەن بىللە ماڭمىدىڭىز. شۇ كىشىنىڭ ئايالى دېمىگەن بولسا سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزدىن لى شۇجىنىمۇ خەۋەرسىز ئىدى. لى شۇجى نەچچە كۈندىن بېرى ھاشىر شۇجى بىلەن بىللە. ئۇلار ناھىيىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن بىللە باش قاتۇرۇپ بىللە پىلان تۈزەۋاتىدۇ.

— ھاشىر شۇجى لى شۇجىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدىمۇ؟

— قىلمايچۇ. ئۇ دېگەن ئاقكۆڭۈل، كۆكسى ـ قارنى كەڭ پارتىيە ئەزاسى تۇرسا. ئۆتكەن ئۆتۈشمىش ـ چۈشمىشلەك ئىشلارنى كۆڭلىگە ئېلىپ يۈرەتتىمۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن ئۇ ئۇلۇم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ـ دە. ئاۋادا ئەللا قاراملىق قىلىپ يۈقىرىغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىغان بولسا ئۇ ئېتىلىپ كەتكەن بولاتتى.

— شۇنداق، لېكىن ئۇ ئادەم مەسىلىگە كەڭ قارايدىكەن. ھەتتا لى شۇجىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا قاتناشتۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا تەكلىپمۇ بەرگەن. ئۇ ئادەم بىلەن لى شۇجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كىچىك زىددىيەت ئەمەس. ھاشىر شۇجى ھەممىنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇ «ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇش، ئۆزىگە قارشى تۇرغان، خاتالاشقانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئادەملەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇش كېرەك» دېگەن تەلىماتقا تولۇق ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

كۆرۈپ قالىسىز، ئۇ سىزنىڭ ئۆتكەنكى خاتالىقلىرىڭىزنى ھەرگىز يۈزىڭىزگە سالمايدۇ. راسا قاملاشتۇرۇپ روھىي دۇنيارىڭىزغا تاقاپ بىر تەكشۈرۈش يازسىڭىزلا ھەممە ئىش ئۈتۈپ كېتىدۇ. كىم خاتالاشمىغان؟ سىز بىلەن بىزنىڭ خاتالىقىمىز قانچىلىك خاتالىق دەيسىز؟ ئاپتونوم رايوننىڭ چوڭ ـ چوڭ رەھبەرلىرىمۇ خاتالاشتى. نەچچە يۈزلىگەن، نەچچە مىڭلىغان ئادەمگە ۋابال قىلدى. شۇلارنىڭ بىرمۇ بىر ھېسابى بولىدۇ دەمسىزا؟ ئۇنداق بولمايدۇ رە جورىن. خاتالىق قاتلاممۇ قاتلام سۈرۈشتۈرۈلسە ئاخىرى قانداق بولار؟ يۇقىرى يۇنىڭغا يول قويمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، پۈتۈن ئىش نامەتنى جازالاش بىلەنلا تۈگەيدۇ. ھەرگىزمۇ سىزگە، لى شۇجىغا تاقالمايدۇ.

رەقىبىنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى يورۇشقا باشلىدى: «يۇقىرى دېگەن يۇقىرى ـ دە. — دېدى ئۇ ئىچىدە. — ھەقىقەت يۇقىرىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئامال قىلىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش كېرەك. ئاسىلا قاپتىمەن گىراناتنى ئىشقا سالغىلى.»

— سىز گىرانات ئېتىشقا ئۇستىمۇ ھە؟ — ئۇ تەرجىماندىن سورىدى.

— ساۋاتسىز ئەمەسمەن. ھەجەپ سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مۇتو ئىككى تال گىراناتنى ئاۋۇ چۇلدە ئېتىپ يوقىتىڭلا، يېنىمدا تورسا ۋەھىمىلىك بۇلىدىكەن؟

— ماقۇل، ئەكىلىڭ. بارلىق ئەندىشىڭىز مۇشۇ ئىككى تال گىرانات بىلەن تۈگىسۇن. سىز غەمدىن خالاس، يۈرەكلىك ئادەمگە ئايلىنىڭ. لى شۈجى سىزدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى تال گىرانات پارتلىدى. رەقىبكە گىرانات ئاۋازىدىن كېيىن جاھان باشقىچە بىلىندى. گويا تۈنىگۈنغا ئىستىقبال ئىشىكى يىڭىۋاشتىن ئېچىلغاندەك...

## ئونىنچى باب

1

«... سەن تۈگە، مېنى تولا قىسناۋەرمىگىن. مەن ئاھېىگە يۈتكىلىپ كېلىشنى خالىمايمەن. نېمە؟ مېنىڭ ئائىلەمنىڭ بىر ئەزاسى بولسەن. بۇ رازىيە ئىككىمىزنىڭ تەلىپى دەمسىنا؟ مەن سىلەرنىڭ بەختىڭلار بىلەن خۇشال. لېكىن بىلىپ قويۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ لەززەتلىك تۇرمۇشىڭلاردىن ئۈزەمگە تېگىشلىك بولغان بىر ئۈلۈشنى ھەرقانداق يول بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالالمايمەن. ھېسسىيات، پىكىر، غايە ۋە مىجەز ـ خۇلۇقتا ئورتاقلىق بولىدۇ. لېكىن تۇرمۇشتىن ئالىدىغان شەخسىي لەززەتتە ئۇنداق ئەمەس. سەن قوبۇل قىلىپ ئالغان لەززەت مېنى خۇشال قىلالايدۇ، لېكىن رازى قىلالمايدۇ. ئېيتايلى، سەن رازىيەنىڭ قولىنى تۇتقىنىڭدا، ياكى چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرغىنىڭدا ۋۇجۇدۇڭدا پەيدا بولغان لەززەتنى ھېچقانداق تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيسەن. ئۇ شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك نازۇك، شۇنچىلىك سىرلىق، ئۇنى يۈرىكىڭ بىرلا ساڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ساڭا تېگىل. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر كىشى سەنچىلىك لەززەتلىنەلمەيدۇ، مانە بىر مىسال كۆرستەي. مەن تۈنۈگۈن ئاۋايىغا تەقلىد قىلىپ بىر شېئىر يازدىم. شېئىرىمنىڭ ماۋزۇسى «ساڭا»، شېئىرنى پۈتتۈرۈپ ھاياجاندىن يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى تارتتىم. مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ لەززەت ئازابىدىن پۈتۈنلەي خالى بولغان بولاتتىڭ. چۈنكى بۇ لەززەت ساڭا يات. گەپ ئەنە شۇنداق. مەن سېنىڭ ئۆيۈڭدە ھاياتنى ئۆزەم خالىغىنىمدەك لەززەت ئالالمايمەن. ماڭا يالغۇز ئۆي، پاكىزە ھاۋا، خىيال قىلىش ئۈچۈن جىمجىتلىق كېرەك. قاچانغىچە خىيال دۇنياسىدا ياشايسەن، دېگىنىڭ نېمىسى؟ بەلكى ئۆمۈر بويى شۇنداق قىلارمەن. بۇنداق ياشاشنىڭ ماڭا زىيىنى يوق. بىزنىڭ دوستلۇقىمىزغىمۇ تەسىرى يوق. مەن چوڭ گەپ قىلىپ قوياي: ئۇلۇغ ماركس ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسىرى «كاپىتال» نىڭ بىرىنچى تومىنى دوستى ۋېلىيام ۋۇرروفقا بېغىشلىغان. مەنمۇ بۇ ئۇلۇغ ئادەمگە تەقلىد قىلىپ بىر ئەسىرىمنىڭ تېتولىغا «ئىككى دۇنيالىق ئاغىنەم ھاشىرغا بېغىشلايمەن» دەپ يېزىپ قويىماقچىمەن. چۈنكى سەن مېنى ۋۇرروفقا ئوخشاش يەتتە يۈز فوند سىتېرلىڭ كىتاب، مال ـ مۈلۈك بېرىپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمدىن قۇتۇلدۇرمىغىنىڭ بىلەن ئاقكۆڭۈل، سەممىي راستچىللىقىڭ بىلەن مېنىڭ مەنىۋى ھاياتىمدىكى بوشلۇقنى دائىم تولدۇرۇپ كەلدىڭ. ئاۋادا كىتابلاردىكى ئاجايىپ ئادەملەر بىلەن رېئال تۇرمۇشتىكى ساڭا ئوخشاش قەيسەر دوستلىرىم ماڭا دائىم ئىلھام بېغىشلاپ تۇرمىغىنىدا ئىدى، مەن ئاللىقاچان ھەممىدىن قول ئۈزۈپ بىر مېھماندوست دېھقانغا ئايلانغان بولاتتىم...»

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىش بىلەن ئەلانىڭ قەلىمى توختىدى. ئىشىكتە «تاغىل تۈگۈز» لەقەملىك ھېلىقى ئۈۋەنگە چۈشكەن قېرى ئارتىس مۆكچىيىپ تۇرۇپ، قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

## ئىزدىنىش ٩

— مەتيۈسۈپ ھاجى 1934 ـ يىلى تۈتىنچى ۋە بەشىنچى ئايلاردا بىرىنچى قېتىم سەھنىگە چىققان، ھۆسەيىن تارانوۋ گۈگۈلىنىڭ «ئۆيلىنىش» دېگەن دىرامىسىنى تەرجىمە قىلغان. بىز ئۇنى، ئىتالىيىنىڭ «خىيالى تېۋىپ» دېگەن دىرامىسىنى. تاتارچە

«ئۆزەكلەر» دېيىلىدىغان يەنە بىر سەھنە كىتابىنى يىگىرمە يىللاپ ئوينىغان. رەمىتى رەخىمجان سابىرھاجى بىرىنچى بولۇپ خوتۇنى بىلەن سەھنىگە چىقىپ رول ئالغان. ئىككىنچى قېتىم رەمىتى قاسىمجان قەمبىرى رازىيە خېنىم بىلەن رولغا چىققان. ئۇكام ئەلا، جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە ئادەم بار جۇمۇڭ، ئەسكى خالتا ئىچىدە سىز كىتاب ساقلايسىز. مەنمۇ شۇنداق، ئەسكى چاپان ئىچىدە بىر پاكىزە يۈرەكنى ساقلاۋاتىمەن!..

ئەلا يۈزىنى قاتمۇقات قورۇق باسقان، ساقاللىرىغا شاما يۇقى چاپلاشقان بۇ ئادەمنىڭ باش - ئاخىرى يوق گەپلىرىدىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— ئاز ئىچىپسىز ھە ئاكا، كېمىنى تولدۇرۇشقا مەن تەييار، — دېدى ئەلا بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ قوللىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئەلا كارىۋات ئاستىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى - دە، ئىككى پىيالىغا تەڭ قىلىپ قۇيۇپ بىرىسىنى «ئاغىل ھۆكۈز»گە سۇندى. بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن رومكىنى ئالدى. ئۇنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى.

— بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە خۇشاللىق قالدى ئۇكام، ئويلاپ باقسام تۇرمۇشمۇ بىر سەھنە كىتابى ئىكەن. بىز ھەممىمىز ئارتىس ئىكەنمىز. بىردەمدىلا يىغلايمىز، بىردەمدىلا كۈلىمىز. بىرلىرى ساڭا قاراپ تۈكۈرىدۇ، بىرلىرى ساڭا قاراپ كۈلۈپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. يەنە بىرلىرى ساڭا قوشۇلۇپ يىغلايدۇ. لېكىن مۇشۇ ھاراق بولمىغان بولسا مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كېتەتتىم. جاپا - خورلۇقتىن مېنى مۇشۇ ھاراق ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ جۇمۇڭ. ئاجايىپ بىر يەردە تۇغۇلدۇق. غۇلجا شەھىرى باياشادچىلىق، ئويۇن - تاماشا، راھەت، پاراغەتنىڭ بۆلىقى ئىدى. جالالدىن بايۋەچچىنىڭ پۈتۈن دۇنياسىنى يەپ تۈگەتتىشكەنىدۇق، ئايلاپ - ھەپتىلەپ ئاشپۇزۇلدىن چىقمايتتۇق. «جىرغىلاڭ»، «زايۇمكىلە توغرى سۇ، تۆشكىلىك، سايرام بويلىرى دەمسىز، مەن - مەن دېگەن بايلارنىڭ، ئېيتايلۇق: ھەسەنباي، ھاكىمبەگ، ئەختەمباي، تۇداخۇنبايلارنىڭ سارايلىرى دەمسىز، ئىش قىلىپ نەدە راھەت، نەدە ئويۇن - كۈلكە بولىدىكەن، بىز شۇ يەردە تەق ئىدۇق. غېنى باتۇرنىڭ دۆلىتىنىمۇ كۆرگەنمەن. باتۇرنىڭ كۈچى بىلەن ھەدىگىزنىڭ ئۈستىگە توقالمۇ ئالغانمەن دەڭا! رەمىتى ھەدىگىز مېنىڭ دەردىمنى تولا تارتقان... ھەي، قېنى ئەمسە!

ئۇ ھاراقنى بىر يوللا كۆتۈرۈۋېتىپ ئاۋال جاۋغايلىرىنى، ئاندىن كېيىن كۆز يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى. ئۇ ئەمدى تراگېدىيە رولغا چىققان ھەقىقىي ئارتىستەك ئايلاندى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئەلاغا تېگىل بولغان كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇدى. يېرىم پىيالە ھاراق ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا تارتقان جەۋرى - جاپالىرىنى بىر يوللا يادىغا سالغان چېغى، ئۇ خۇددى بالىسىدىن ئايرىلغان بوتىدەك بوزلاپ يىغلاشقا، چىگىش كىرگەن بىر كاللەك يىپقا ئوخشاپ قالغان ھايات خاتىرىسىنىڭ ئۇيەر - بۇيەرىدىن تاتىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

كۆز پەسلىنىڭ بۇنداق ئوچۇق ئاسمانلىق كۈندۈزلىرى يېزا كوچىلىرىدا ئادەم قالمايدۇ. ئۇلار گويا ئېتىزدىن ئۈنگەن بارلىق ناباداتنى ئۆيلىرىگە توشۇپ ئەكىلىۋالماقچى بولۇشقاندەك پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئېتىزغا كۆچۈپ چىقىۋېلىشقان. بۇنداق كۈنلىرى كەچكىرگىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈيدىغان يېزا مۇئەللىمى بىلەن باج كادىرىغىمۇ ئېتىزدا ئىش تېپىلىدۇ. ماگىزىنچىمۇ دۇكىنىنى ئېچىشتىن ئېرىنىپ، قىرلاردىكى مال ئايىقىدىن ئاشقان پىچان، چۆپچۆك بۆيىلارنى تاتىلاشتۇرۇشقا كەتكەن. بۇ يېزىنىڭ بىردىنبىر بىكارچىلىرى ئەلا بىلەن بايىقى ئۆزەڭگە چۈشكەن قېرى ئارتىس ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىنلا مەلۇم. قېرى سۆزلىمەكتە، يىغلىماقتا. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كۆز پەسلىنىڭ سېرىق يوپۇرماقلىرىدەك تۆكۈلمەكتە، ئەلا ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى «كۆتكۆلىنى»، «ئېزىدىغان» «پاجىئەلەر»

تىلىدىكى ئاجايىپ سەنئەت، ھەرنىكىتىدىكى جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن بۈگۈن يازماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىدىن كەچكەن. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بوۋايىغا بېرىلگەن. بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قىزىق كىتاب، سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان قىزىقارلىق، ئاتلىق بىر دراما ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز پىيالىسىنىمۇ بوۋايىغا سۇندى ۋە ئۆزى سىرلانمىغان ئوششۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىشقا باشلىدى.

ئۇ مۇشۇ 1975 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ تىنىماي خاتىرە يازىدىغان بولۇۋالدى. بەزى كۈنلىرى مۇشۇنداق بوۋايلارنى ئىزدەپ تاپاتتى ـ دە، ئۇلارنى گەپكە سېلىپ قويۇپ غۇلجا دېھقانلىرىنىڭ ئۆتمۈشى، بۇ تۇپراقتا ئۆتكەن ۋەقەلەر، ئاجايىپ ئادەملەر توغرىسىدا خاتىرە يازاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خاتىرىنى نېمىشقا يېزىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ لەنجۇدىن غۇلجىغا كەلگەندىن بېرىقى ئون يىللىق ھاياتى جەريانىدا ئۆز خەلقىنى چوڭقۇرراق بىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە نەق بۇ يىل ئىشەندى. ئۇنىڭ بۇ ئادەملەردىن پەقەت بىرلا پەرقى بار. بۇ پەرق ئۇنىڭ كۆپ كىتاب ئوقۇغانلىقىدا. ئۇ ئۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، جوغراپىيىسى، مەشھۇر ئادەملىرى بىلەن كىتاب ئارقىلىق تونۇشتى. ئۇ رۇسلار، فرانسۇزلار، نېمىسلار ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئەرەبىستان، ھىندىستان ئادەملىرى توغرىسىدا باشقىلارنى ئىشەندۈرەلىگىدەك سۆزلىيەلەيدۇ. لېكىن ئەتراپىدىكى ئۆز ئادەملىرى توغرىسىدا سۆز بولغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىمايدۇ. بۇ مازارلار، مەھەللىلەر قانداق پەيدا بولدى. سەكسەن ئۈچ يۈزى قايسى يېزىلارنى كۆرسىتىدۇ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى بۇ دېھقانلار قاچاندىن بېرى بۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ، بۇ يەرنىڭ يۇرت ئىسىملىرى. دەريا. تاغ ئورمانلىقلارنىڭ ناملىرى قانداق پەيدا بولغان؟ يەنە ئادەملەردىن ـ گۈلەمخان، مايىمخان، نوزۇگۇم، سادىر پالۋان، ئەلاخان، نۇزەرگاكىگىنۇك، غېنى باتۇرلار

توغرىسىدا، شائىرلاردىن موللا بىلال، سېيىت مۇھەممەت، ھېيت مۇھەممەت، نەسۇھا داموللا ۋە ھەر يۇرتنىڭ ناخشا ـ قوشاقچىلىرى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى. كىتابلاردا مەيلى قايسى تىلدا بولمىسۇن بۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات كەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى بىلىشكە قىزىقىشى تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ تەييارلىقىمۇ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ھازىرغىچە يەتمىش نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. يازغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدىبلەر توغرىسىدىكى تەھلىل ـ تەقرىزلەر بىلەن تونۇشتۇرۇشلار. ئۇ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن خۇشال. لېكىن ئۇ يەنە نېمىسىدۇر قىلالمايۋاتقاندەك. نېمىدىندۇر قىسىلىۋاتقاندەك دائىم ھەسرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ يازغانلىرىنى پات ـ پاتلا ئوقۇپ چىقاتتى. بىرلىرىنى ئۆزىتەتتى. لېكىن تېخىچە ئۇنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم كۆرمىدى. قول يازمىلىرىنى بىرەر گېزىت ـ ژۇرنالغا ئەۋەتىشكە تېخى ئىمكانىيەت يوق. ئۇلاردىن بىرەر پارچىسى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچسىلا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارايدىغانلارنىڭ تەييار ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئوتتۇز سەككىز ياشقىچە بىر پارچە ئەسىرىنى مەتبەئە يۈزىدە كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ياكى يەنىمۇ چوڭ ئارمانلىرى بارمىكىن، ئىش قىلىپ ئۇ دائىم خاپا. دەرتلىك يۈرەتتى. ئۇ پەقەت بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە بولغاندىلا كۈلەتتى. ھاياجانلىناتتى.

مۇنۇ ئالدىدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ سۆزلەۋاتقان ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر كىتاب، بۇ كىتابتا ئەلا تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئۇرغۇن يېڭىلىقلار بار. ئۇرغۇن غەرب ۋە شەرق ئالىملىرى بىلەن يازغۇچىلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ ھاياتىنىڭ يېرىمىدىن تولىسىنى ئۆتكۈزۈپ بولغان بۇ ئادەم شۇ تاپتا ئالدىدىكى بوۋاينىڭ ھايات كىتابىنى ئاڭلاۋېتىپ ئۆزىنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك بولغان ئۇرغۇن نەرسىلەرنى تېخى بىلەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. بىر ئادەم پۈتۈن ھاياتىدا ئۆتكۈزگەن، يادلاشقان، ئويلاشقان، سىلىشتۇرۇش بىلەن بولغان

تەقدىردىمۇ ئۇ ھايات بىلىمنى بىلىپ بولالمايدۇ - دە. ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي، باشقىلار چۈشىنىپ ھېس قىلىپ بولغان قانۇنىيەتنى بىر مەشھۇر شەخس بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى بىلەلمەسلىك بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش ئىكەن. ئەلا بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى - دە، ئۆزىچە قىزىرىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— بىز پېيەنچۈك، ھاراقكەش بولماي نېمە بولساق بولاتتى ئەمىسە مەن بايلىق، مەنسەپ تالاشقىنىم يوق. بىر ئوبدان درامىدا باش رولغا چىقىۋالسام، ئۆزەمنىڭ رول ئېلىشتا ئالاھىدە تالانتلىق ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرسىتىپ ئالسام دەپ قىرىق يىلدەك تىرىشتىم. ھېچبولمىسا بىزا سەھنىدە بولسىمۇ بىر رولغا چىقىۋالسام دېگەن ئارمىنىم بار ئىدى. شۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدىم ئۇكام، مەن ئىچمەي كىم ئىچىدۇ، بوتۇلكىدا بىر يۇتۇممۇ قالمىدىمۇ؟ ئىسپىرت يوقمۇ؟ قاراپلا تۇرىسەنغۇ، ھېچبولمىسا ئەتىر، ئادىكالىن بولسىمۇ ئەكەلگىنە، يەنە بىر يۇتۇم ئىچىۋالغان بولسام ساڭا يەنە يېرىم كۈن سۆزلەپ بېرەتتىم. مېنى ئەدەبىيات - شېئىر دېگەننى زادىلا بىلمەيدۇ دېمىگىن، بىلىمەن ئۇكام، ئۆمەر ھەييامنىڭ، ھوۋەيدانىڭ، قۇل خوجا ئەخمەتنىڭ، ناۋايى، نازىملارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ خېلى بىلىمەن ئۇكام. پەرھات - شېرىن ئوپېراسىدا بەھرامنىڭ رولىنى قانداق ئالالمىغانمەن دېمەمسەن؟ سەھنىگە شۇنداق چىقىۋىدىم!...

ئالادىن بىرسى قاقاخلاپ كۈلگەن پېتى كىرىپ كەلدى - دە، بوۋاينىڭ «رولى» بۇزۇلۇپ قالدى.

— ئەلا ئۇكام، — دېدى نېمىگىدۇر خۇشال بولغان زۇلىيا بېشىنى گىلدىڭشىتىپ كۈلۈپ، — ماۋۇ گېزىتنى ئوقۇڭ، ئاجايىپ قىزىق گەپ يېزىلىپتۇ.

زۇلىيانى كۆرۈپ ئەلا ئورنىدىن تۇردى. ئۇ 1973 - يىلى قىشتىن ئارتىپ يەنە زۇلىيانىڭكىگە كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى زۇلىيا ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئەسەر يېزىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ ئەلانىڭ قوليازمىلىرىنى ھەر قانداق قىيىن - قىستاقلار ئاستىدىمۇ تاپشۇرمىغان، ئۇنىڭ ئۆيىنى نەچچە قېتىم مىنبەگلار ئاختۇرغان بولسىمۇ ئەلانىڭ بىر ۋاراق قەغىزىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئەلا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا ئەلانىڭ كىتاب ۋە قوليازمىلىرى، بولۇپمۇ ساۋۇتوۋ ئەلاغا سوۋغا قىلغان قىممەتلىك تارىخىي قوليازمىلار بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، تىل، ئارخېئولوگىيە ئىلمىگە دائىر مۇھىم كىتابلىرىنىڭ ساق - سالامەت ساقلانغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قوللىرىنى چەكسىز ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن سىققانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇردى «قاسقىر ئاۋۇزەنى مىڭ تەسلىكتە قايىل قىلىپ، زۇلىيانىڭكىگە كۆچۈپ كېلىۋالغان. ئۇ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئاچ بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىگە چاپلاشقاندەك كىتابلىرىغا چاپلاشتى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئىككى يىلنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى، سىرتتا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ تەتقىق قىلىش، يېزىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، كىچىك ئاپىسى ئاغرىپ قېلىپ دوختۇردا ياتسىمۇ يوقلاپ بېرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشى تاپشۇرما ۋە مەسلىھەتسىزلا زۇلىيا بىلەن پۈتۈپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك يۇيۇشى كىچىك ئاپىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتەك ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ زۇلىيا ئارقىلىق پۈتتۈرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ خۇددى زۇلىيا ئائىلىسىنىڭ خوجايىنىدەك بەزى ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالسا خاپا بولۇپ ۋارقىرايدىغانمۇ بولۇپ قالدى. لېكىن بۇنداق چاغلاردا ئۇ يەنە دەرھال خاتا قىلغانلىقىنى سېزەتتى - دە. زۇلىيادىن ئەپۇ سورايتتى. زۇلىيا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھاجىتى يوق. ئەپەندىم، ھاجىتى يوق، بۇ ئىشلارمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن، سىزنىڭ

خۇسۇسىي ئىشىڭىز ئەمەسقۇ، سىز كەچكىچە مۇكچىيىپ ئولتۇرغىنىڭىز بىلەن بىر تىيىن تاپالمايسىز. سىز بىكىرىغا ئىشلەيسىز. بىز ئىشلىسەك ئەپۇ سورايسىز. بۇ ئىشىڭىز بولمىدى، — دەيتتى. ئەلا شۇنىڭ ئۈچۈن زۇلىيانى تولىمۇ ھۆرمەت قىلاتتى.

— قانداق گەپ يېزىلىپتۇ زۇلىيا ئاكا؟ — ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ زۇلىيانىڭ ئالدىغا باردى. — قىنى ئولتۇرۇڭ.

— ماۋۇنى، مانا مۇنتۇ خەۋەرنى ئوقۇڭ.

گېزىتكە «يەر شارىدىن باشقا بىر پىلانىتدا ئادەم بار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرەز يېزىلغانىدى.

— راستىمىدۇ ئۇكام ئەلا؟ — دېدى زۇلىيا قىزىقىپ، — مەن گېزىتتىن گۇمانلانمايمەن. لېكىن ماۋۇ «مۇمكىن» دېگىنى غەلىتىرەك تۇرىدۇ ـ دە، ئاۋادا يۇلتۇزلارنىڭ بىرسىدە ئادەم بار بولىدىغان بولسا ئۇ يەرنىڭ دېھقانلىرىغا ئىبىتىپ قويۇش كېرەك. داچەيچە ئىبتىزغا تولا كۆچەپ كەتمىسمۇ بولغىدەك. ئىبىشقا دېگەندە تاش تولا كېتىدىكەن. تاش دېگەنمۇ بايلىقمۇ ـ ھە؟

ئۇلار قاقاخلىشىپ كۈلۈشتى. قىرى ئارتىس قاشلىرىنى ئۈينىتىپ تۇرۇپ گەپ قىستۇردى:

— ئۇكام ئەلا. يۇلتۇزدىكىلەرگە خەت يېزىپ قالسىڭىز سوراپ باقسىڭىزا. دراما ئارتىسى لازىممىكىن. مەن شۇ يەرگە بېرىپ رولغا چىقسام ماڭا بۇ پەردە «جيۇسەن» نىڭ رولىمۇ تەگمىدى. ئارماندا كېتىدىغان ئوخشايمەن.

تولار يەنە راھەتلىنىپ كۈلۈشتى.

— ئۇكام ئەلا. ئۇلار ئۇ رۇسچە سۆزلەمدۇ. خەنزۇچىمۇ، يە بىزچىمۇ؟ — زۇلىيا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

ئەلا قاقاخلاپ كۈلۈپ:

— ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىش ئۈچۈن سۇلايمان پەيغەمبەرنى تىرىلدۈرۈش كېرەك بولىدۇ ـ دە. تولار ئادەمزات بولىسىغۇ بىز، باشاۋاتقان يەر شارىدىن بىرەر

تەرجىمان چىقىپ قالىدۇ. ئەمما تولار تېخى ئادەمگە ئۆزگەرمىگەن بولسىچۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بولسا. — دېدى ئارتىس ئەلانىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇلار دىرامىغا قالتىس قىزىقىدۇ. مەن ئۇلارغا رېژىسسورلۇققا بارايمەن!

تولار يەنە كۆڭۈللۈك كۈلۈشتى.

— ئۇكام ئەلا. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم بىر خىل تىلدا سۆزلەشسە بولماسمىدى ھە؟ — دەپ سورىدى ئارتىس. — ئۇ چاغدا ئۈيغۇر تىلى جەزمەن دۇنيا تىلى بولالايتتى ـ دە. ئىبىشقا دېگەندە، بىزنىڭ تىلىمىز سەھنىگە تولىمۇ يارىشىدۇ.

— دۇنيا تىلى دەيمۇ تىل بولامدۇ ھوي تاغىل ھېزىكىز. بىلمەيدىغان گېپىڭ يوق. ئىبتىزدا ئىشلەشتىن باشقا ھەممىنى بىلىسەن ـ دە!

— شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندە مېھمان بولۇپ يۈرۈيمەن شۇجى! تېخى دۇنيا تىلى دەيمۇ تىل بولامدۇ دەپ سورايسىنا؟ مېنىڭ چوڭ كۈيئوغلۇمنىڭ ئىنسى بىلىدىكەن. يېزىدىكى ئۇرۇسچىغا ئوخشاۋراق كېلىدىكەن. ئىنگىلىز تىلىمۇ دېسەم ئۇ ھارنىمى ئارانلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداقمۇ ئەلا ئۇكام. دۇنيا تىلى دېگەن تىل بارمۇ؟ دۇنيا خەرىتىسى، دۇنيا ۋەزىيىتى دېگەننىمۇ ئاڭلىغان. ئەما لېكىن...

— دۇنيا تىلى بار. — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ. — بۇ تىلنى پولشالىق تىل ئالىمى دوكتور زامېنخوف 1887 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تىل دۇنيا تىلى دەپ ئىبتراپ قىلىندى. لېكىن تېخى دۇنيادا كەڭ قوللىنىلمىدى.

— ئىنگىلىز تىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىرى ئارتىس دەرھاللا.

— ياق. — دېدى ئەلا كۈلۈپ.

— ئىنگىلسنىڭ بولمىسا ماركسنىڭ تىلىمۇ يە؟ — دېدى زۇلىيا ھەيرانلىق بىلەن.

— مانا نادانلىق. مانا بىر يېزا شۇجىسىنىڭ سەۋىيىسى! — قىرى ئارتىس قاقاخلاپ كۈلدى؛ — بىر مىللەت بىلەن بىر ئادەمنىڭ ھە راسلا، بىر داھىينىڭ پەرقىنى بىلمەيسەن، قانداقمۇ پارتىيە

ئەزالرىنى تەربىيلەلەسەن، تۆكام زۇليا ھە؟

— ئۇلارغا دۇنيا تىلى، دراما دېگەنلرىگنى سۆزلىمىگەندىكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى موللىسى يەنە مەن دېگىنە.

ئەلا بېشنى لىڭشىتى. ئۇ خىيالچانلىق بىلەن:

— شۇنداق، بىز تولىمۇ ئارقىدا. دۆلىتىمىزدە تېخى ئۈچ يۈز ئەچچە مىليون ساۋاتسىز خەلق بار. دۇنيادا ساۋاتسىزلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ دۆلەت بىزنىڭ دۆلىتىمىز. لېكىن بىز خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ھەدەپ ئىنقىلاب قىلىۋاتىمىز. بەزى دۆلەتلەردە تازىلىق ئىشچىلىرى، دېھقانلارمۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن. لېكىن بىزدە پۈتۈن بىر ناھىيىگە رەھبەرلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئىسمىنى ئارانلا يازالايدىغانلار خېلى كۆپ.

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. زۇليا خېلى جىملىقتىن كېيىن:

— مېنىڭمۇ تولا ئىچىم پۇشىدۇ. گېزىتىمۇ، مەجلىسىمۇ، رادىئودىمۇ بىر خىللا گەپ. قۇرۇق گەپتىن زاغرىدىن تويغاندەك تويدۇم ـ دە، — دېدى ئۇھ تارتىپ.

— ھارىقىڭ بارمۇ زۇليا؟ — دېدى قېرى ئارتىس ئارانلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئىچكۈزگىنە، بىر يۇتۇم ئىچسەملا بولاتتى.

— ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ گەشنى كۆرەتتىم دېگىنە!

— توغرا ئېيتىسەن زۇليا، دۇنيانىڭ قىزىقى شۇندە!

ئۇلار باغقا چىقىپ سارما ئالما تېگىدىكى چىمەنلىككە سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە يامپاشلاپ يېتىپ ئالمىدىن رومكا ياساپ، ئالمىنى زاكۇسكا قىلىپ ھاراق ئىچىشتى. قېرى ئارتىس بىرىنچى رومكىنى ئىچتى ـ دە، ئەرنى تورۇپ «رومكا»نى يەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېيمىنىدۇر ئاغزىنى بۇزۇپ ئىللىدى ـ دە، ئۇيقىغا كەتتى. بىر ئال دۆگىلەك شالا كۆلەڭگە ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزىدە غىلىلداپ تۇراتتى. ئەلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى ۋە قولىدىكى ئالمىدىن ياسالغان رومكىسىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ:

—كۆردىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئۇخلىشىمۇ بىر سەنئەت. رافائىللدەك بىر ئۇلۇغ رەسسام بولىسىدى، مۇنۇ قورۇق باسقان يۈزىدىكى ئارمان ـ ھەۋەس بەلگىلىرىنى ئەينەن سىزغان بولاتتى. بۇ ئادەمنىڭ جىسمى ئۆلگەن. لېكىن ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى كۆكلىمەكتە. ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغانلار ئۇنىڭ جىسمىنى كۆرۈپ يىرگىنىدۇ. لېكىن ھاياتقا مۇھەببەت كۆزى بىلەن قارايدىغانلارچۇ؟ ئۇنداقلار بۇ خىل ئادەملەرنىڭ كۆز يېشىدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەس ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەلەيدۇ. كىم بىلىدۇ، مەنمۇ خۇددى مۇشۇ بوۋايدەك ئۆمۈر بويى ئارمان ـ ھەۋەس قىلىمەنمۇ، بۇنداقلار ئازمۇ؟ ساۋۇتوۋ: نادىروۋ، ئۆمەر ئەپەندىم، يەنە مەن بىلمەيدىغان ئۆرغۈنلىغان ئادەملەر ئۇلۇغ ئىشلارنى ئارزۇ قىلدى، لېكىن ئارزۇ بېغىدا بىر ئال گىيانىڭ ئۈنگىنى كۆرەلمەي دۇنيادىن ئۆتتى.

ئۇلار قىزغىن سۆھبەت بىلەن ئىچىشىۋاتقاندا سىرتتىن ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى.

— ھاشىر! — دېدى ئەلا خۇشال بولۇپ، — ئەمدى ئىچىشىدىغان بولدۇق.

ئەلا دوستىنى ھەر قاچانقىدەك ئاددىي، قارىماققا سوغلا، كۆلۈپ قويۇپ قارشى ئالدى. رازىيە بىلەن بولسا ھەتتا قولمۇ ئېلىشمىدى. ئۇ ھاشىرنىڭ ئورۇق، قورۇقلىرى كۆپەيگەن، قارايغان يۈزىگە قاراپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى:

— ساڭا تۈرمە ياخشىكەن ھاشىر، تۈرمىدىن يېڭى چىققاندا خېلى ئاق سۈزۈك، سېمىز كۆرۈنىۋىدىڭ، ناھىيىگە شۇجى بولۇش بىلەن جۇدەپ، قارىداپ كېتىپسەن.

— نېملا بولسامۇ سىنىڭدەك ئاۋاق ئەمەسمەن، زۇلياكام ئۈچ ۋاخ تاماق بىلەن بىرلا كۈن باقمىسا سەن قوتۇر كۈتۈرەلمە بولۇپ قالىسەن.

— كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا تىللاشقىنىلى تۇرغىنىڭلار تېخىمۇ؟ — دېدى رازىيە چاقچاق

قىلىپ، — ئامان - ئېسەن سورىشىۋاراق تىللاشقاڭلار ئۆلگۈرەرىدىڭلار.

— سەھرا بوسۇنى شۇنداق، تۇكام رازىيەم، بىزنىڭ كونىلار ئاغىنىلىرى بىلەن بىردىن تۇرۇشۇپ، تىلىلىشىۋېتىپ تېخى گۈرپۈر - گۈرپۈر قىلىشىپ چېلىشىۋېتىپ ئاندىن تىنچلىق سورىشىدىغان، بۇلار تېخى ئۇرغۇن سىپايىكەن دەڭا، قېنى تۆرگە، سارايغىلا، ھاي ئانىسى، بۇ ياققا چىق، قارىغىنا سارىيىڭغا بىر جۈپ قالغاچ كەلدى ھا، ھا، ھا!

ئۇلار كۈلكە چاقچاق بىلەن پېشايۋانغا چىققاندا زۇلىيانىڭ ئاپالى بىلەن ئەلانىڭ كىچىك ئاپىسى تولارنىڭ ئالدىغا چىقتى، چاچلىرى ئوخشاشلا ئاقارغان. لېكىن بىر - بىردىن ئون نەچچە ياشتىن پەرق قىلىشىدىغان ئۈچ ئايال قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، سەل ئېگىلىپ تۇرۇشۇپ ئۇزاق ۋە قىزغىنلىق بىلەن تىنچلىق سوراشتى. ئەلا تولارغا چاقچاق قىلدى:

— سورىمىغان باغنىڭ شورىسى بىلەن سامان كۆشكىلا قالدىغۇ.

— پاھ، كىچىك ئاپا، رازىيەنىڭ دادىسىغۇ مەن دەپ بەرگەن. ئىككى ئوغلىنىڭ ئىسىملىرىنى نەلەردىن بىلىۋالغانسەن؟

— ۋاي بالام، كېچە - كۈندۈز خىيالىم سىلەردە تۇرسا بىلىۋالمايمەن. دىلشارا ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ. ئەلجاننىمۇ چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن. سۈرىتىگە كۆتمۇ - كۆپ ئوخشايدىكەن، ۋاي بىچارە باللىرىم نەلەردە يۈرىدىغاندۇ...

موماي بېشىدىكى سېپىكىغا سېلىنغان داكا باغلىمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى ۋە رازىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— نادىرجان چوڭ بولۇپ قالغاندۇ؟ — دەپ قايتا سورىدى.

نادىر رازىيەنىڭ 1973 - يىلى يازدا تۇغقان ئوغلى، ئۇ ھازىر شەھەردە تومەر ئەپەندىنىڭ يېنىدا ئاكىسى بىلەن بىللە يېقىلماقتا. رازىيە كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسىمىنى ئاڭلاپ دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى ھاشىم رازىيەنى بالىلىرىدىن ئايرىپ

كەينىگە سېلىپ ناھىيىنىڭ بولۇڭ - پۇشقاقلىرىنى كۆرسىتىپ يۈرگىلى بۈگۈن يېگىرمە كۈندىن ئاشتى. ياش ئانا ئوغۇللىرىنى بىر مىنۇتمۇ ئويلىماي تۇرالمايدۇ - دە.

— نادىر ئىككى ياشتىن ئاشتى.

— بىزنىڭ دىلشارامۇ بۇ يىل سەككىزىنچى سىنىپقا چىققان ئوخشايدۇ. ئەلجانچۇ ئەلا، بالا قانچىنچىگە كۆچتى؟

— توققۇزىنچىغا. — دېدى ئەلا كۈلۈمسىرىگەن.

— تۆرگە. قېنى قالغان گەپنى تۆردە قىلايلى. — زۇلىيا غۇلچىنى كېرىپ مېھمانخانا تۆرىنىڭ قىزىل تاۋار پەردىلىك ئىشىكىنى كۆرسىتىپ مېھمانلارنى قىزغىن تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ قايتىدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

زۇلىيا پەگادا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھاشىم بىلەن رازىيەگە سىنچىلاپ قارىدى. زۇلىيا رازىيە توغرىسىدىكى ھەممە ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. لېكىن رازىيەنى بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. يوغان قارا كۆزلىرى ئوينىاپ تۇرىدىغان. كۈلگەندە ئۈنچىدەك چىشلىرى يالتىرايدىغان. ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن. ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى، تورمە ئازابى تارتىپ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ خۇشخۇي چىرايىدىن ياشلىق گۈزەللىكى تېخى يوقالمىغان ياش ئايال زۇلىيانىڭ كۆڭلىدە بىرىنچى قېتىمدىلا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش تۇيغۇسى قوزغىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم كىنو كۆرگەن سادىدە دېھقاندەك رازىيەنىڭ ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر ھەرىكىتىگە ھەيرانلىق ۋە زوقلىنىش بىلەن زەڭ قويماقتىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان شوخ ھاشىمنىڭ بەختىدىن رازى بولدى. «بۇنداق ئايالنى ئۆيلەنمەستىن بىر ئۆمۈر كۈتسەڭمۇ ئەرزىيدۇ». دەپ ئويلىدى ئۇ موخورغا خالتىسىنى يېشىۋېتىپ. ئۇ ھاشىمغا قاراپ كۈلدى.

— ئەمما لېكىن ھاشىم تۇكام. — دېدى ئۇ رازىيەنى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ، بە—

سىڭلىمىزنىڭ خوتەندىن تازىم قىلىپ كەلگۈچىلىكى باركەن. ئامەت — پىشانىڭىز تۈكام. ئەمدى بىزنىڭ ئەلا ئەپەندىم گۈلىنى گۈلگە كەلتۈرۈۋالسا بولاتتىغۇ، ھەي...

— گۈزەللىكىنىڭ تولا كۆتۈپ ھالى قالمىدى، — دېدى رازىيە ئەلاغا قاراپ قويۇپ، — نېمانچە گەدەنكەشلىك قىلىسىز؟ ئەلى بىلەن دىلشارانىڭ خەتلىرىنمۇ سىزگە تەسىر قىلماپتۇ - دە، ھەجەپ تاش يۈرەككەنسىز جۇمۇڭ ئەلا!

— راست ئېيتىسىز قىزىم، بۇ بالامنىڭ بوينى قاتتىق، باللارنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بولىسىمۇ كېلىنىگە ئېگىل، قارىغىنا، ھاشىر بالام بىر چىرايلىق كېلىنىنى ئېلىپ كەپتۇ. مەنمۇ كېلىنىمنىڭ قولىدىن بىر چىنە غىزا يېسەم دەپ ئارمان قىلمەن، يە مېنمۇ تۈيلاپ قويمۇدۇڭ بالام.

موماينىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەلا كىچىك ئاپىسىغا قاراپ سوغۇق كۈلدى - دە، چاقچاق قىلدى:

— سىبنىمۇ دىلشارا بىلەن ئەلنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ قويايمۇ يە؟

چايدىن كېيىن زۇليا مال سويغىلى، مومايلا قازان بېشىدىن خەۋەر ئالغىلى چىقىپ كەتتى. جىمجىتلىق ئىچىدە بىر - بىرسى بىلەن يوشۇرۇن مۇنازىرە ئېلىپ بارغان دوستلار شۇ چاغدىلا بىر - بىرىگە باش كۆتۈرۈپ قاراشتى.

— مومايغا بىكاردىن - بىكار قوپاللىق قىلدىڭىز ئەلا، — دېدى رازىيە بىرىنچى بولۇپ «مۇنازىرە»نى ئاشكارىلاپ.

— موماي ئادەمنى تەڭلىكتە قويدى - دە.

— سىبنىڭ بەختسىزلىكىڭ بىزدەك بەختلىكلەرنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارىلاندى. سەن چىدىغان بىلەن بۇ ئەلەمگە موماي چىدىمايدۇ - دە.

ھاشىر ئەلاغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى.

— سەن غالىپ، ھەر نېمە دېيىشكە ھەقلىق، لېكىن مەن غالىپ چاغلىرىمدا سىبنىڭ بەختسىزلىكىڭ ئۈستىدىن كۈلمىگەن.

ئەلا سوغ كۈلۈپ ئاغىنىسىگە ئاندىن، كېيىن رازىيەگە قاراپ قويدى.

— خاتالاشتىڭ ئاداش، — دېدى ھاشىر كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز تۇ چاغلاردا بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىۋاتاتتۇق. ساڭا ئوخشاش ئۈمىدسىز ئەمەستۇق. مېنىڭ بەختسىز چاغلىرىم بولغان ئەمەس.

— بۇ سىبنىڭ ئاكىيۇ روھى بىلەن ياشىغانلىقىڭ، سەن تۇرمىدە ياتقاندىمۇ، ناھەق ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىمۇ ئۆزەڭنى «بەختلىك» ھېس قىلغانىغۇ دەيمەن؟

ئەلا ھاشىرنىڭ كۆزىگە قارىدى. ھاشىر ئەلانىڭ تەنسىنى ئاڭلاپ ئۆكدى — تومۇردەك قارايدى:

— ئۆھپەڭنى تولىمۇ مىننەت قىلدىڭا ئاۋاق، سەن قۇتقازمىغان بولساڭ مەن ئۆلۈپ كېتەتتىم. سەندىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. لېكىن چاكىنىلىقىڭدىن كانايىغىچە تويدۇم. گەپنىڭ ماۋزۇسىنى نەگە بۇراۋاتىسەن؟

— بۇرىغىنىم يوق. ماۋزۇ يەنىلا بىر.

— مەن ئائىلە - مۇھەببەت توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمەنغۇ.

— ئوخشاش، ھەممىسى كىشىلىك تۇرمۇش. تۇرمە، ھايات - مامات بىلەن ئائىلە - مۇھەببەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق يوقمىكەن؟ بىزنى خاراب قىلغان، ئۆلۈمگە ئېلىپ كەلگەن شۇ ئائىلە - مۇھەببەت بولماي نېمىكەن؟ مەن ئۆز ۋاقتىدا گۈزەللىكىغا بولغان مۇئامىلەمدە ھېسسىياتنى ئەمەس، مېنى باشقۇرغۇچى ئاشقى كۆچلەرنى ئاساس قىلغان بولسام بەلكىم ھاياتىمدا ساڭا ئوخشاش بەختسىزلىك كۆرمىگەن بولاتتىم.

— سىز گۈزەللىكىغا بولغان ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرۇپ قالالايتتىڭىزمۇ؟ ياق، مېنىڭچە سىز ئۇنداق قىلالمايتتىڭىز.

— سىز ھاشىرنى ھەممىگە ئۆلچەم قىلماڭ رازىيە، ھاشىر راستلا يوشۇرۇپ قالالمىدى. سىزمۇ يوشۇرالمىدىڭىز. سىز يولدىشىڭىز بار چاغدىمۇ ھېسسىياتىڭىزنى يوشۇرمىدىڭىز، ھاشىر ھەتتا باشقا بىرسىنىڭ ئايالىنى «مېنىڭ» دېيەلىدى. لېكىن جەمئىيەت ساپلا سىلەرگە ئوخشاشلاردىن تۈزۈلگەن ئەمەس. شۇنداق ئادەملەر بار. ئۇلار ھەممىگە

ئىجتىمائىي قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن مۇھەببەتمۇ، ھېسسىياتمۇ پۇلغا ئوخشاش بىر نەرسە. خالىسا خەشلەيدۇ، خالىسا ئالداپ، ئوغرىلاپ ئالالايدۇ. ئۆز ئارامى ئۈچۈن كۆڭلى تارتمىغان بىرسى بىلەن بىر ئۆمۈر بىر ياستۇقتا ياتالايدۇ. ئۆز پايدىسى ئۈچۈن چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان سۆيگىنىنى ئۆز دۈشمىنىگە تەقدىم قىلىۋېرىدۇ. يادىڭلاردا بار بولسا كېرەك، رەقىب ماڭا بىر چاغدا سىڭلىسىنى تونۇشتۇرماقچى بولغان. شۇ چاغدا ئۇ مېنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى.

ئۇلار يەنە جىممىپ قېلىشتى. بىر ھازادىن كېيىن ئەلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ـ دە، يالغۇز يەردە نالە قىلغاندەك ئۆزىچىلا غوتۇلدىدى:

— ئېمىشقا مېنى يالغۇز ياشىغىلى قويمايدىغانسىلەر؟ ئۆزەڭلەرنىڭ ئائىلە بەختىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچىمۇ؟ بۇ تولىمۇ چاكىنىلىق. مەن سىلەرگە ئۇنىڭسىزمۇ قايىل. زوقۇم كېلىدۇ. ھەسەتخورلۇقمۇ قىلىمەن. لېكىن ئېمىلا بولسۇن، سىلەر مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى. بالزاك: «مەسخىرە، كۈلكە ئەڭ رەھىمسىز زەربە» دەپ بىكار ئېيتمىغان. بىچارە يازغۇچى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پولشا بارونەسسىنىڭ مۇھەببەتسىزلا بىر قېرى كىنەزگە ئايال بولۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇنى ئاقسۆڭەكلەر قانچىلىك مەسخىرە قىلغان ـ ھە؟ بايرون بىلەن پۇشكىنمۇ ئۆز ئاياللىرى ئۈچۈن قاتتىق مەسخىرە قىلىنغان. بايرون ۋەتىنىدىن چىقىپ كېتىشكە، پۇشكىن ئۆلۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مانا بۇلار مەسخىرىنىڭ كۈچى. سىلەر بۈگۈن بەلكى مېنى خۇشال قىلغىلى كەلگەنسىلەر، لېكىن مېنىڭ كىچىك ئاپامغا ئوخشاش پىكىر قىلغىنىڭلار مېنى مەسخىرە قىلغىنىڭلار ئەمەسمۇ؟ مەن گۈزەلئاينى قارىلاشقا ھەقلىق ئەمەسمەن. لېكىن ئۇنىڭ مەن بىلەن ياراشماقچى بولغانلىقى تاشقى كۈچلەرنىڭ — دوستلار، بالىلار ۋە ئىچ ـ پۇشقىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ مەجبۇرلىشى ئەمەس.

— يالغان! — دېدى رازىيە تاقەتسىزلىنىپ، — بۇ سىزنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىڭىزدىن بولغان گەپ. ئىنسانغا يۇقىرى تەلەپ قويۇش تامامەن توغرا. لېكىن گۇمانخورلۇقمۇ زىيانلىق. سىز گۇمانلىرىڭىزنى ھەقىقەت دەپ تونۇۋالىدىكەنسىز، گۈزەلئاي سىزنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ قانچىلىك ئازابلاندى بىلەمسىز؟ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك چەت ئەل پاسپورتى قالدۇرغان. ئۇ تامامەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېتەلەيتتى. ئېمىشقا ئۈزۈل ـ كېسىل كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ سىز ئاياللارنى بىلمەيسىز. بىلسىڭىزمۇ كىتابلاردىكى ئاياللارنىلا بىلىسىز؛ ماۋۇ ئىلى ۋادىسىدا چوڭ بولغان ئاقكۆڭۈل، پاكىزە ئاياللارنى تېخى چۈشەنمەيسىز.

— دېگەنلىرىڭىز توغرا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ھەممە نەرسە توغرىسىدا مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. بۇ كېسەلنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىدىغان ئوخشايمەن. ھەرقانداق بىرسىنىڭ گېپىنى دەرھال «شۇنداق» دەپ تەستىقلىيالمايمەن. ئۇنىڭ دېگىنى مېنىڭ پىكرىمنىڭ ئەينى ئۆزى بولۇپ قالسا يەنە زېرىكىمەن. ئۆز ئاۋازىمدەك ئاڭلىنىدىغان گەپنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن. مەن ئويلىمىغان، مېنى مۇنازىرىگە باشلايدىغان گەپلەرنى ئاڭلىغاندىلا مەن سۆھبەتدىشىمدىن لەززەت ئالالايمەن رازىيە.

— دېمەكچى، مېنىڭ دېگەنلىرىم كونا گەپلەركەندە؟

— ھەر ھالدا بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان گەپلەر ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا سىزنىڭ گۈزەلئاي توغرىسىدىكى «مۇستەقىل» پىكرىڭىزنى يەنە قانچە ۋاقىت كۈتىمىز ئەلا؟

— مەن پىكىر بايان قىلغىچە كۈتسىلەر ـ دە.

— مەن چۈشەندىم. ئەلىنىڭ تويىدىن كېيىن دېمەكچى بۇ ئاۋاق.

— شۇنداقمۇ ئەلا؟

— ياھ، قىزىل قوغدىغۇچىلاردەك سوراققا تارتقىلى تۇردۇڭلار ئادەمنى.

— ئەلى ئۆيلەنگەندە سىلەر بوۋاي - مومايغا ئايلىنىسىلەر. ئۇ چاغدا مۇھەببەت - ھېسسىيات چەكلىمىسى بولمايدۇ. ئىككىڭلار بىر ئۆيدە ياشاۋېرىسىلەر. نەۋرەڭلەر سىلەرنى مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان ئاغامچا بولىدۇ. شۇنداقمۇ ئەلا.

— بوۋاي - مومايلارنى مۇھەببەت - ھېسسىيات بىلەن ھېسابلاشمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدىكەن؟ رازىيە سىلەرمۇ كۆزدە ئېچىلغان گۈل جۈمۈلۈك. بىز ئاسىيالىقلار ئۇچۇن قىرىق ياشلىق يىگىت بىلەن ئوتتۇز نەچچە ياشلىق قىزنىڭ مۇھەببىتى كۆلكىلىك بىر ئىش. لېكىن ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى بۇ توغرىدىكى ھەر قانداق كۆلكىنى رەت قىلىدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسەڭلار ھازىر باغقا كۆچەيلى. ئۇ يەردە سورۇن راسلاندى. كەچكۈزدە ئېچىلغان ئەتىر گۈللەرنىڭ ھېدىدىن ھوزۇر ئالايلى. مەن ساھىپخان سۈپىتىم بىلەن بەختلىك مېھمانلارنى قارشى ئېلىش پائالىيىتى باشلاندى دەپ جاكالايمەن. قېنى ھاشىرتوگە. مە. مۇنۇ پىيالىنى تۇت، باشلىنىش مۇراسىمنى بىرىنچى پىيالىدىن ھاراق ئىچىش بىلەن باشلايمىز!

ئۇلار قاقاخلىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ سىرتىدىن قارىغان ئادەم «بۇلار تولىمۇ ئىناق دوستلاردىن ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار راستلا ئىناق دوستلاردىن. لېكىن بۇ «ئىناقلىق» ئىچىگە تېپىشىش - تالىشىش يوشۇرۇنغان. ھايات مانا شۇنىڭ بىلەن لەززەتلىك. ھاياتتا يېقىنلار ئارىسىدا كۈرەش بولمىغان بولسا تۇرمۇش تولىمۇ زېرىكىشلىك بولغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئىنسان ھەر بىر كۈرەشتىن كېيىنكى يېقىنلىق لەززىتىدىن تامامەن مەھرۇم ھالدا كۈن ئۆتكۈزگەن بولاتتى.

خەير، ئۇلارنىڭ باغ ئولتۇرۇشى كۆڭۈللۈك بولسۇن، بىزمۇ ھاياتنى سۆيىمىز ئەمەسمۇ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتايلى.

سالقىن، تازا كۈز ھاۋاسى. تۇزغاق. ئۇچۇپ يۈرگەن سۈزۈك ئاسمان. غازاڭلار تىنغان سۈزۈك سۈلۈق ئېرىقلار. ياپىراقلىرى بىلەن ئالدىرىماي خۇشلىشىۋاتقان دەل - دەرەخلەر بىلەن گۈللەر... كىشىگە راھەت. ئىلھام. ھېسسىيات بېغىشلايدۇ. ئۇلۇغ شائىر پۇشكىننىڭ «كۈز پەسلى ئىلھام پەسلى» دېگىنى بىكار ئەمەستە. كۈز پەسلى گەرچە قىشنىڭ بوسۇغىسى ھېسابلانسىمۇ ئۇ كىشىدە ۋەھىمە. غەم-غۇسسە پەيدا قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ پەسىلدە ھەممىلا نەرسە بىر - بىرىدىن ۋە ئۆزىدىن رازى. ئۇلار بىر - بىرىنى ۋە ئۆزىنى ئويدان رازى قىلالايدۇ. تەبىئەت تويۇنغان. ئۇخلاش ئالدىكى بوۋاقتەك ياۋاشلىغان. ئادەملەر قانائەتلىك. ئۇلار شىبخىدىن ئۆزى چۈشكەن مېۋىگە ئوخشايدۇ. تەمى - شىرنىسى ئۆزى بىلەن...

— مەسىلكىم كېلىدۇ. زوقۇم كېلىدۇ. — دېدى زۇلىيا مېۋە - چېۋە. پىشىشىق گۆش. كاۋاپلار بىلەن تولغان داستىخاننىڭ پەگاسىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋېتىپ. — سىلەرنىڭ دوستلۇقىڭلار ماۋۇ سارىما ئالمىدەك تەملىك. مېنىڭ يېقىن دوستلىرىممۇ يوق. ئەڭ يېقىن ئادەملىرىم مانا سىلەر. سىلەر بىلەن 1957 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا تونۇشقاندىلا سىلەرگە مېھرىم چۈشۈۋىدى. مانا ئەمدى سىلەرسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. رايىڭلارغا بېقىپ مەھەللىدىن ھېچكىمنى چاقىرمىدىم. ئەمما لېكىن ئۆيۈمدە تۇرمىدى دېگەندە ئۇچ كۈن تۇرسىلەر. ھاشىر ئۇكام. سىز بارمىسىڭىزمۇ دېھقان خەق ئاشلىقنى يىغىپ. كۈزگە بۇغدىينى تېرىۋېرىدۇ. قويىرىقى يوق بىر ئىش بۇ تېرىقچىلىق دېگىنىڭىز. ئۇززۇلمەي كېتىۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەنغۇ. مەن ھەم ئالدىراش ھەم بىكار. قېنى ئەمسە بىر زوقلىناي ئويۇن - كۈلكىنى باشلايلى.

— نېمىدىن باشلايمىز؟ — دېدى ھاشىر سېرىق شەپكىسىنى يېنىغا قويۇپ. بىلەكلىرنى تۇرۇپ. — ئېيتە ئاۋاق، نېمىدىن باشلايمىز؟

— سەن دە.

— مەن دېسەم چېلىشتىن باشلايلى،

— تۈگمىنى يۈكۈندۈرمەك ئاسان...

تولار كۆلۈشتى.

— بوتۇلكىدىن ـ دە! — دېدى ئۇيىقىدىن يېڭىلا ئويغانغان «تاغىل ئۈزكوز» دەلدۈڭشىپ تۇرۇپ، — تويۇننىڭ ئاكسى شۇ.

— ئۇنىڭدىن باشلىساق ئاخىرلاشتۇرغان بولارمىزمىكىن ئاكا، — دېدى زۇليا تۇنىڭ يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىنى شەرەت قىلىپ، — ساڭا بۇ بوتۇلكا دېگەن تويغۇ دورىسكەن.

— ساڭىچۇ زۇليا، ساڭا نېمە دورىسى ئەمسە؟ كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەۋرەي بۇ بوتۇلكا ساڭا ئەقىل دورىسكەن. ئىچكەنسېرى مەردانىلىشىپ پۈتۈن دادۇيىنىڭ بايلىقىنى بىزدەك يالاڭتۆشلەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىدىكەنسەن.

تولار كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئىچىشنى باشلىدى. هاراق تولارنىڭ ئارىسىدىكى سۈنئىي هۆرمەت، يالغان ئىلتىپاتلارنى بىردەمدىلا تۈگەتتى ـ دە، تولار بىر ـ بىرىسىنى «سەن» لىشىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقىلى تۇردى. رازىيە ئاياللارنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا، بۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ يۈتالمىغان قارىياغاچتەك ئەركىن ئۆسۈشكەن ئادەملەر پەدىشەپ، هېيىقىشلارنى تېزلا تۈنتۈپ كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاستە — ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن بولۇشىغىچە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

يېزا ئادىتى شۇنداق، هېچكىم بىرلىرىگە باغاق ياكى خەۋەر تارقاتمايدۇ. كوچىدىكى باغلاقلىق ئات ياكى ماشىنا ئۆزى باغاق. پۈتۈن مەھەللە بىردەمدىلا كىمنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولىدۇ ـ دە، ئۆيىگە تويىنغىلى تەكلىپسىزلا كېلىۋېرىدۇ. زۇلىيانىڭ ئۆيى قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپلا «سالام بەرگۈچى»لەر بىلەن تولدى. تەمبۇر بىلەن دۇتارمۇ پەيدا بولدى. باغقا پەنەرلەر يېقىلدى، يەنە مال سۈيۈلدى. ئىچىملىك يەشكى بىلەن كەلتۈرۈلدى. زۇلىيانىڭ راستىنلا مەرتلىكى تۇتتى. ئۇ پۈتۈن تاپقان ـ تۈككىنىنى يېگۈزۈپ تۈگىتىۋېتىشىنىڭ راھىتىنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا ئىش بۇيرۇپ: «كۆتۈرۈۋەت! چاڭ چىقىرىۋەت!» ئەمما لېكىن!...» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپ ئالدىراپ يۈرمەكتە ئىدى.

هاشىر بىلەن ئەلا ھەممىنى تونۇتقان. دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ مۇڭىغا بېرىلىپ «مەرغول» تىڭشاش، يۇقىرى ئاۋازلىق غۇلجا ناخشىلىرىغا يار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراش تولارنى چەكسىز خوشال قىلغانىدى.

باغدىكى ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل ـ كۈلكە تاكى تاڭ ئاتقىچە داۋام قىلدى «تاغىل ئۈزكوز» ئەچچە قېتىم ئوخلاپ سەگىپ بولدى. مانا ئۇ كەچكۈزنىڭ سوغىدا دۈگدۈيۈپ تىترەپ، باغدىكى كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ كۆزىدىن ياش چىققىچە يۆتەلدى.

ئۇنىڭ يېنىغا زۇليا ئىسسىق چاي ئەكەلدى. هالىدىن كەتكەن «تاغىل هۆزكوز» كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇپ تۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— نېمەڭ بۇ؟ — دېدى ئۇ چاينى كۆرۈپ. — ئىچىمگە ئوت كەتتى، ماڭ جۇگو مۇزدەك ئاۋۇز ئەكەلگىن.

رازىيە ئادىتى بويىچە سەھەر تۇردى. ئۇ چۈشىدە كۆرگەن ئىككى ئوغلىنىڭ خۇمارىنى بېسىلدۇرۇش ئۈچۈن هاشىر بىلەن ئېيىشماقچى بولۇپ ئەرلەر ئۇخلاۋاتقان مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئاچتى. هاشىر موخوركىستىنى ئاچچىق ـ ئاچچىق تارتىپ ماموقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ سوزايلىنىپ ياتاتتى، ئەلا ئۇنىڭغا نېمىندۇر قىزغىن سۆزلىمەكتە ئىدى. دېمەك ئۇلارمۇ كېچىچە ئۇخلىماي ئىچكىنىگە قارىماي كۆزىدىن بۇزۇن تۇرۇشقانىكەن. رازىيە ئۆيگە بېشىنى تىقىپ:

— غەرق مەس ياتامدىكىن دېسەم، ساقكەنسىلەرغۇ، قېنى ئۇ كېچىچە ئىچكەن هارىقىڭلارەي؟ — دېدى كۈلۈپ.

— ئىچكەن هارىقىمىز ناخشا بىلەن تۈگىدى تېخى بىلمەمسىز، سازەندە شۇنىڭ ئۈچۈن مەس بولمايدۇ، — دېدي هاشىرمۇ كۈلۈپ.

— سىزمۇ سازەندە بولۇۋالدىڭىزمۇ، تېخى تۈزۈڭىزچە؟

— ئەلا بىلەن بىللە بولسام هەم سازەندە هەم شائىر

ھەم پەلسەپىچى بولۇپ قالىمەن، — دېدى ھاشىر ئايالىغا ئەلانى كۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دائىم دەيمەنكى: پارتكومدا بىر ئاي ئۈخلىماي ئىشلەپ ئەلا بىلەن بىر كۈن بىللە بولسامىلا پۈتۈن ھاردۇقۇم چىقىپ بولىدۇ.

رازىيە ئاپئاق چىشلىرىنى پالتىرتىپ بەختتىن خۇمالاشقان كۆزلىرى بىلەن ھاشىرغا نازلىنىپ:

— ئانداق ئادەم نېمشقا ئەلانى ناھىيگە يۆتكەپ ئەكەتمەيسىز، توۋا، شۇنچە بىلىملىك بىر زىيالى ئېبخىچە گۆڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ يۈرۈۋاتسا، سىز ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مەدەنىي - مائارىپقا مەسئۇل شۇجى تۇرۇپ خىجىل بولمامسىز؟ — دېدى.

— بۇيرۇق، يالۋۇرۇشلىرىم كارغا كەلمىدى، — دېدى ھاشىر، — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان قۇرماشمۇ نەچچە قېتىم ئۆزى كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت سارىيىغا مەسئۇل قىلايلى، ياكى كىتابخانىغا مەسئۇل بول. نامىڭ شۇ بولسۇن، ئۆزەڭ خالىغىنىڭنى قىل دېدۇق. كاجلىق قىلىپ ئۇنىمىسا قانداق قىلىمىز ئەمدى. مېنىڭكىلارنى ئىشقا سېلىپ باغلاپ ئاپارساق بولامدىكىن - يە.

— نېمىشقا ئۇنىمايسىز ئەلا. بىز بىللە ئۆتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆي - ئوچاقلىق بولغىچە بىز بىلەن بىللە تۇرۇڭ، بىللە تۇرۇشنى قانچىلىك ئارمان قىلىشتۇق، ئەمدى مۇرادىمىز ھاسىل بولغاندا نېمشقا يالتىيۋالدىڭىز، مەن سىزدىن راستىنلا خاپا جۇمۇڭ ئەلا!

ئەلا قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇزۇۋلاپ قويۇپ ئەسنىدى - دە، قىسقىلا قىلىپ:

— مېنى زۇلىيانىڭكىدە تۇرغىلى قويساڭلارا! — دېدى.

— بىزنىڭ شارائىتىمىز ناچارمىكەن؟ — دېدى رازىيە خاپا بولۇپ، — دادامنىڭ قىرائەتخانىسىنى كۆچۈرۈپ ئەچىقىمىز. دادامغۇ بىزگە ئەلا سىلەر بىلەن بىللە تۇرسۇن دەپ - مەسلىھەت بەرگەن.

دادامنى يالغاندىن ھۆرمەت قىلالتىڭىزكەندە؟

— ھەي رازىيە، چىچىڭىز بىكارلا ئاقارغانىكەن - دە، — دېدى ئەلا كۈلۈپ، — ئېبخىلا بالا ئىكەنسىز، سىلەر بىلەن بىللە تۇرالمايمەن. بۇنىڭ ئۈمەر ئەپەندىم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. سىلەر بىلەن بىللە تۇرالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى باشقا.

— ئېيتىڭ زادى سەۋەبى نېمە؟ — رازىيە ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭىراق ئېسىلدى.

— سەۋەبى ئاددىي: سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى كۆرۈش ماڭا ئازاب.

— نېمە؟ — رازىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— چۈشىنىشلىك. — دېدى ھاشىر ئېشىنى ئاتىلاپ تۇرۇپ. — بولدى كوچىلاۋەرمەڭ رازىيە.

— ياق. مەن چۈشىنەلمىدىم.

— ئەلانىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتىم. سىز بولغان بولسىڭىز سىزمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولاتتىڭىز رازىيە.

— چۈشەندۈرەلمىدىڭىز ھاشىر. ئوچۇقراق بىر گەپ قىلسىڭىزچۇ؟

— ماقۇل. ئوچۇقراق ئېيتاي: ئەلانىڭ قارىشىچە دوستىنىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بەختى ئەمەسكەن.

— ۋېيى!

— بەخت ھېسسىي نازۇك. شەخسكە ئېگىل، ئورتاقلىششقا بولمايدىغان نەرسىكەن. مەن بۇ قارىشىغا قوشۇلمەن رازىيە.

— توق ئادەمنىڭ كىكىرىشى ئاچ ئادەم ئۈچۈن ئۇززۇق ئەمەستە، — دېدى ئەلا ئاچچىق كۈلۈپ.

— چۈشەندىم، — دېدى رازىيە قاقاخلاپ كۈلۈپ. — بەختلىك ئائىلە ئەلانىڭ بەختسىزلىكىنى تولاراق ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ ئاشكارىلاشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئازابتىن قۇتۇلماقچى. بەرىبىر قۇتۇلالمايسىز، قۇتۇلۇشنىڭ يولى بەخت ئۈچۈن جۈرئەت قىلىش — گۈزەللىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈش، يۈكۈنۈش خۇرلۇقمىكەن؟ — ھاشىر ماڭا

يۈكۈندى، مەنمەنلىكى، رەھىمسىزلىكى ۋە قوررۇق سىياسىيونلىقىنى ئىقرار قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىمۇ؟ ياق، قەيسەرلىكى، قەيسەرلىكى ئالدىدا مەنمۇ تىزلاندىم. ھاشىرنى تېخىمۇ ياخشى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئۈچۈن جاندىن كېچىشكىمۇ تەييار تۇردۇم. نادانلىق قىلىپ بىردەملىك ئاچچىقنى دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپلا بەھرام ئەپەندى بىلەن توي قىلغانلىقىم تۈزەتكىلى بولمايدىغان خاتالىقىم ئىدى. لېكىن بۇ خاتالىقىمنى بىرلا ھاشىر توغرى چۈشەنەلىدى، مېنى ئىككىلەنمەستىن بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆردى. مەن قىلىنىلىشىپ نېمىشقا! بۇ خۇسۇسىي ئىشلىرىمىزنى سۆزلەپ ئولتۇرىمەن. سىزگە ياردىمى بولسۇن دەيمەن. گۈزەللىكى بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىشىڭىزدا بىر توغرىراق يول تاللىۋېلىشىڭ دېمەكچىمەن. بىلەمسىز، ھاشىر ئىككىمىزنىڭ باشقا غېمىمىز يوق، ئولتۇرساق ـ قوپساق سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەيمىز. سىز بىلمەيسىز، ھاشىر ئىككىمىز ھەر شەنبە كۈنى گۈزەلنى، باللارنى يوقلاپ تۇرىۋاتىمىز. گۈزەلنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئېلىشقا ھەركەتمۇ قىلىۋاتىمىز تېخى.

ئەلا تامدەك ئاتىرىپ ھاشىرغا ئالىيىپ قارىدى.

— راست، رازىيەنىڭ دېگەنلىرى ھەممىسى راست، ئارۇپ، تاشپولات، قۇرماشلارمۇ جىم تۇرغىنى يوق. بىز سىبىنىڭ ئىشىڭ توغرىسىدا تۇرغۇن قېتىم باش قاتۇردۇق.

— نېمىشقا مېنى تىنچ ياشىغىلى قويمايسىلەر زادى؟

— بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز ساڭا تىنچلىق يوق.

— مەن ھەممەڭلاردىن كېچىمەن، سىلەر ماڭا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسىلەر! — ئەلا راستىنلا ئاچچىقلاندى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئاۋۋال تور ياغلىقلىق ئايالنىڭ بېشى، ئاندىن كېيىن تونۇش ئاۋاز كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالام، ئا شۇجى، دېگەن بىلەن كىتىپ قالماپلا، ياناللا ئىزدىمىگەن ئىدارە، ئىزدىمىگەن مەكتەپ، ئىزدىمىگەن مەجلىسخانا قالمىدى. سىلىمۇ باركەنلا ئەلاجان، ھەجەپ بەلەن بولدى. سىلى ماڭىدىغان يولنى مەن مېڭىپ، سىلى خەجلەيدىغان پۇلنى مەن خەجلەپ تۈگىشىپ كەتتىم ئىگە كىىم، ئۈچ تۈمەن پۇل مۇسادىرە بولدى، بىر يىلدىن بېرى ھەر قايسىلىرىدەك كادىرلىقا ئۈچ مىڭ كويدەك پۇل خەجلەپ يول مېڭىپ ئالتە قېتىم ئاياغنى چەملەتتىم ئىگەكىم!

— سىلى، سىلى؟...

رازىيە بۇ رۇخسەتسىز سۆزلەپ كىرىپ كېلىۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىنى توسىدى. چۈنكى تولارنىڭ ئۆيى تاڭ سەھەردىن كەچكىچىلا مۇشۇنداق داۋاگەرلەردىن خالىي بولمايتتى. ھاشىرنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئاشۇلار ئىگىلەپ كېتىپ ئۇنىڭ تۇرغۇن ئىشلىرى چالا قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رازىيە ئۆيىدە مېھمان قوبۇل قىلىشتىمۇ بىر تەرتىپ ئورناتقان. مۇنۇ ناتونۇش ئايالنى شۇ تەرتىپ بويىچە باشقۇرماقچى بولۇپ ئالدىنى توربغانىدى. ئايال رازىيەگە قوپاللىق قىلدى:

— سىلى، سىلى دەۋەرمەستىن ئۆتەپ تۇرسىلا خېنىم، ئا شۇجىغا دەيدىغان گەپ بار. خوتەندە بۇ كىشىنى ئا شۇجاڭ دەيتتۇق. مانا ئەمدى ئا شۇجى دەيدىغان بولاپ قالدۇق. نېمە دېسەك دەيلى ئىگەكىم، بۇ كىشى نامەتكىنىڭ ئاغىنىسى، ئەلاجانمۇ ئاغىنىسى!

— قايسى نامەتەك؟ ھېلىقى تۆھمەتخور نامەتما؟

— تۆھمەتخور بولسىمۇ مۇشۇلىنىڭ ئاغىنىسى، بىللە ئوقۇغان دوستى خېنىم، سىلى چىقىپ تۇرسىلا دەيمەن، كاندەك چاپلاشماي ئادەمگە!

— نەگە چىقاتتىم ۋېيى!

— بۇ كىشى مېنىڭ ئايالىم رازىيە.

— شۇنداقمۇ ئا شۇجى، تولا ياخشى، تىزلىقما خېنىم، ھەجەپ بەلەن پاكىزە، يۇمشاق چوكانكەنلا، خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى بەرسۇن، ئەمسە نامەتكىنىڭ گېپىنى قىللى، ئاڭلىسام ئۇنى ئاتارمىش، سىلى ئارىغا كىرىشلىرى ئاتمايمىش، ئۆزىغۇ نەسىكى ئوغرى، مېنى

داغىدا قوياپ تاشلاپ غۇلجىغا چىقىپ تۈيلىنىۋالدى ئەمەسما! قىلغانلىرىنى ئويلىسام ئۆزەملا ئەسكەرنىڭ قولىدىن مىلتىقنى تارتىۋېلىپ ئاتاي دەيمەن ئىنگەكىم، لېكىنزە ئاشۇ سەت، ئالدامچى ئوغرىغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتىكەن. نومۇسنى قايرىپ قوياپ كەينىدىن پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ يۈرۈيتىمەن جۇمۇسىلا، ئىنگەكىم. پۇل - پۇچەك دەيدىكەنمىز. پۇلنى دەپ خەقنى ئالدايدىكەنمىز. لېكىنزە كۆڭۈلنى ئالدىغلى بولمايدىكەن - دە!

— سىلىگە نامەتنى ئاتقىدەك دەپ كىم ئېيتتى؟

— كىم بولاتتى ئوبلاستىكى رەقىب بۇجاڭ.

— سىلى ئۇنىڭ يېنىغا نېمىگە كىرگەن؟

— بۇرۇن نامەت بىلەن يېقىن ئىدى. قۇتقۇزۇپ قالارمىكىن دەپ كىرگەن.

— بىز نامەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. ئۇ يالغان دېلو ياساپ بىزنى تۈرمىگە سالدى. نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋدەك ئېسىل ئادەملىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقتى. جىنايىتى ئېغىر دۈشمەن. لېكىن قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. جاۋابكارلىق نامەتنىلا ئەمەس. بىز مەسىلىگە كەڭرەك قاراپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ خۇلاسە چىقارماقچى. نامەتمۇ ئالدانغان. ئۇنىڭغىمۇ چىقىش يولى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— ئۆلمىسىلە. مىڭ يىل ياشىسىلا. چىرايلىق چوكانلىرىمۇ مىڭ يىل ياشىسۇن ئىنگەكىم!

ئايال دۇئا قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن گۇڭشې رەھبەرلىرى ھاشىرغا ئۆز خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگىلى كىردى. ئەلا سىرتقا مېڭىۋىدى، ھاشىر ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— تۇرمۇش ئۆزگەنمىسەم بولمايدىكەن دېۋىدىڭغۇ، نەگە قاچىسەن، — دېدى.

دوكلات گېزىتتىكى سۆزلەر بىلەن باشلىنىۋىدى، ئەلا يەنە ماڭماقچى بولۇپ قىمىرلىدى. ھاشىر ئۇنىڭ يامپىچىنى چىمدىۋالدى ۋە دوكلاتچىغا:

— نەق مەسىلىگە كۆچكىنە، گۇڭشېنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى نېمىشقا شۇنچە كېمەيدى، دېھقانلارنىڭ كۆڭلۈك ئىش ھەققى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر سومغا يەتمەيدىكەن، بەزى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ يىگىرمە تىيىنغا چۈشۈپ قېلىپ ئەزالارنىڭ ئەڭدىن تولىسى قەرزدار بوپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ — دېدى.

دوكلاتچى — گۇڭشې باشلىقى يېڭىدىكى پارتكوم شۇجىسىغا پىچىرلاپ پېشانە - گەدەن تەرىنى كىچىك لۆڭگىسى بىلەن سۈرتتى. بۇ كۆرۈنۈش ئەلاغا ياقىقان ئوخشايدۇ. ئۇ ھاشىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئىنچىكىلەپ سوراۋەرگىن. بۇ بىر قىزىق گەپكەن.

— ھاشىر گۇڭشېنىڭ ئىگىلىك مەھسۇلاتى، تەقسىمات، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق قاتارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى ئىنچىكىلەپ بىرمۇ بىر سورىدى ۋە «ئىنقىلاب» تىن بۇرۇنقىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك چېكىنىش پەيدا بولۇۋاتقىنىنى ئېنىق بىلدى. لېكىن گۇڭشې پارتكوم شۇجىسى يەنىلا ئىككى سۆزىنىڭ بىرىدە «ۋەزىيەت چوڭ ياخشى» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى. ھاشىرنىڭ تورۇپىلا قوشۇمىسى تۈرۈلسە، تورۇپىلا ئاۋازى قوپال چىقاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ يالغان سۆزلىرى بىلەن ئازابلىناتتى، نومۇستىن قىزىراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزى ئاساسىي جاۋابكار بولۇپ قالغاندەك ھېلىدىن - ھېلىغا ئەلەمدىن چىققان پېشانە تەرلىرىنى سۈرتەتتى.

— قانداق قىلماقچى؟ — دېدى ھاشىر گۇڭشې باشلىقىغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ، — ئېيتقىنا، قەرزدارلار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ. زادى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىلەر؟

— بۇ يىل قانداق قىلىپ بولسىمۇ قەرزنى تولۇق يېغىۋالىمىز، — گۇڭشې باشلىقى شۇجىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ كۆزلۈمسىرەپ ھاشىرغا قارىدى.

— نىمە ئۈچۈن؟ — ھاشىر دەرھال سورىدى.

— قەرزنى يىغىمىساق ئىشلەپچىقىرىش دۆيلىرىنىڭ كاسسىلىرىدا بىر تىيىن يوق.

— بەرگۈچىلىكى يوقلاردىنچۇ؟

— ئۆيلىرىنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋالىمىز، جانلىق مال، كىگىز ـ كىچەك، بىدە ـ چۆپ، دەرەخ ـ ئورمان... ئىش قىلىپ پۇلغا يارايدىغانلا نىمىسى بولسا ئالىمىز.

— قازان ـ قومۇچ، چىنە ـ قاچىلىرىمۇ پۇلغا يارايدۇ.

ھاشىر غەزەپ بىلەن ياش گۈڭشې باشلىقىغا قارىدى. گۈڭشې باشلىقى، ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسىنى خۇش قىلىمەن دەپ ئەكسىچە خاپا قىلىپ قويغىنىنى چۈشەندى ـ دە، يىندىكى گۈڭشې پارتكوم شۇجىسىدىن ياردەم تىلگەندەك ئۆگۈپ ـ ئاتىرىپ ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى.

— دېھقاننى پوستى سويۇلغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارماقچى. بىز مۇشۇنداق قىلىمىز دەپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولغانمۇ؟

ئۆي ئىچى جىم جىت، ھەممىنىڭ كۆزى ھاشىردا. ھاشىرنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى كۆكەرگەن، كۆزلىرى نەملەشكەن، بۇرۇن ئۆششۈكى بىر كىرىلىپ، بىر يىيىلىپ، يۈرىكىدە بىر غەزەپ ئوتى پارتلاپ چىقىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ زۇلياغا قارىدى.

— زۇلياكا، گەپ قىل، سىنىڭ دادۇيىڭدە بۇ يىل دېھقاننىڭ كىرىمى قانداق بولىدۇ؟

زۇليا ھاشىرنىڭ نىمە ئۈچۈن ئۇز ئىسمىنى مۇشۇنداق پەيتتە تىلغا ئالغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى: ئۇ، زۇليادىن ياخشى خەۋەر ئاڭلاپ ئۆزىگە تەسەللى، ئەلا، رازىيەلەرگە ئۈمىد ـ ئىشەنچ پەيدا قىلماقچى. ئۇ زۇليانىڭ دادۇيلا ناھىيە بويىچە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زۇليانىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

— رۇخسەت ئەتكىن، — دېدى زۇليا، سېرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، خىيالچانلىق بىلەن، — ھازىرقى پەرەزدە ئەقسىماتىمىز ئىككى سوم ئون تىيىن، ئەمما لېكىن قەرزدارلار بۇ يىل پۈتۈن دادۇي بويىچە يەنە يەتمىش ـ سەكسەن ئۆتۈنگە بارىدۇ.

— ئۈچتىن بىرى قەرزدار بولىدۇ دېگىنە!

— شۇنداق.

— ئەزالارنىڭ نورمىسىچۇ؟

— يۇقىرىسىنىڭ بەش يۈز ئەللىك، تۆۋەنلىرىنىڭ تۆت يۈز جىڭ. سەكسەن بەش پىرسەن ئاق، ئون بەش پىرسەن قوناق، باغ بۇلتۇرقىدەك.

— ئەچچە دۆيىنىڭ ئاشلىقى ئۆچ قالدۇرۇشقا يەتمەيدۇ؟

— بىر دۆيىنىڭ يەتمەيدۇ. قالغان يەتتە دۆيىنىڭ يېتىدۇ.

— سەنمۇ قەرز يىغامسەن؟

— قوي ئۆچ ـ تۆت ياقتىن، كالا بىر سىيغىن سېيىردىن كۆپ بولسا ئارتۇق مىلىنى دۆلەت باھاسىدا قەرزگە ھېسابلاپ دۆيگە ئالىمىز، ئۆي ـ بىسات، باغ ـ ۋاران، كىيىم ـ كىچەكلەرنى قەرزگە ھېسابلاپ ئالمايمىز. قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلەرنى دادۇي چارۋىسى ۋە دادۇينىڭ باشقا كىرىملىرىدىن كىرگەن كىرىم ھېسابىغا ئاز ـ تولىدىن قۇتقۇزىمىز. ئەمما لېكىن دادۇيمۇ كەمبەغەل.

— ياخشى، ياخشى زۇليا ئاكا، بۇ يىل بىرىنچى ئۆكتەبىردىن بۇرۇن ئون سەككىز مىڭ مو يەرگە كۆزگە تېرىپ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپسەن. ئېيتقىنا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، كىرىمنى كۆپەيتىش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلماقسەن؟

زۇليا نىمىلەرنى قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن بايان قىلدى. ئۇنىڭ قىلماقچى بولغانلىرى ئاددىي ئىشلار. ئۆگمەن، ماي زاۋۇت، سۈت پاراشوك زاۋۇتى، بىر مو يەرگە ئون مىڭ جىڭدىن ئوغۇت توپلاش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى...

ھاشىرمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە خۇشال بولدى. ئۇ دوكلاتچىلار كەتكەندىن كېيىن دېرىزىگە تايىنىپ خىيال بىلەن ئولتۇرغان ئەلاغا قاراپ:

— قانداق، كەمبەغەلچىلىك ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق دېسەم ئۇنىمايسەن. زۇلىيا ئاكام قىلغاننى باشقا دادۇيلەرمۇ قىلالايدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى-ئۈچ يىلدا دېھقانلار قەرزدىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇشنى ياخشىلاپ ئالالايدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنەرسەن؟ — دېدى.

— ئۈچ يىلدىن كېيىن قەرزدىن قۇتۇلدۇ دەپمۇ خۇشال بولۇۋاتامسەن؟ ساڭا_ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ هاشىر، بىر ناھىيە شۇجىسى دېھقانلارنىڭ قەرزدىن قۇتۇلۇشىنى شۇنچىلىك چوڭ خۇشاللىق بىلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئازاد بولۇپ يىگىرمە بەش - يىگىرمە ئالتە يىل بولغاندا بۇ گەپنى دېسە، ئادەمنىڭ تولىمۇ روھى چۈشىدىكەن ئاداش!

هاشىرنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئەلا بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى ئىدى. لېكىن تۈرمە ۋە ئۇ يەردىكى تەجرىبىلىك چوڭلارنىڭ سۆزلىرى هاشىرغا تەسىر قىلغان. ئۇ ئېغىر - بېسىقلىق ۋە ئەمەلىي سۆز قىلىشقا خېلى ئادەتلەنگەنىدى.

— چۈشەندىم ئاداش، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى چۈشەندىم. بىزنىڭ ئۇرغۇن ئىشلىرىمىز تېخى خام. بىز تەجرىبىسىز. راست ئېيتىسەن، خەلق گۇڭشېسىنىڭ مۇشۇ هازىرقى هالىتى بويىچە ماڭغان بىلەن دېھقانلارنى تېز ئارىدا باي قىلغىلى بولمايدۇ. مەن كۆپ ئويلايمەن، هېسابلايمەن. ئىستىقبالنىڭ پارلاق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. لېكىن ئۇزۇل - كېسىل قەد كۆتۈرۈپ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلىغاندەك دەرىجىدە ياخشىلاش ئۈچۈن تازا ياخشى چارە تېپىلمايۋاتىدۇ ئاداش. ماۋجۇشىغا ئىككىنچى قېتىم خەت يازاي دەيمەن، خەلق گۇڭشېسىنى ئالىي كوپېراتسىيىگە ئۆزگەرتسە قانداق بولارىكىنتاڭ.

ئەلا يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دوستىنىڭ يىرىك، قوپال قوللىرىنى تۇتتى:

— سەممىيلىك ئىنساننىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى. ئاداش ھەر قانداق ئورۇندا راست گەپ قىل جۇمۇ. مەن ساڭا يازغۇچىلارنىڭ هاياتى توغرىسىدا هېكايە سۆزلەپ بېرەي. نېمىشقا يازغۇچىلار، ئالىملار توغرىسىدا سۆزلەيسەن دەپ قىلىشىڭ مۇمكىن. سەۋەبى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى راستچىل، سەممىي بولىدۇ. بۇنىڭدىن يەتمىش - سەكسەن يىل بۇرۇن فرانسىيەدە بىر ئىش سادىر بولغان.

ئەلا خۇددى كىچىك بالىغا چۆچەك ئېيتقاندەك هېكايىسىنى باشلىدى. هاشىر كىگىز ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى - دە، ئەلاغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارىدى.

— سۆزلە ئاۋاق، قېنى سېنىڭ سېسىق زىيالىيلىرىڭنىڭ سەممىيلىكى قانچىلىككى ئاڭلاپ باقاي، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ.

— درېفۇس ئىسىملىك بىر يەھۇدى ئوفىتسېر نېمىسلارغا ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ساتتى دېگەن نام بىلەن ئەيىبلىنىپ سوتلىنىپتۇ. بۇ ناھەق هۆكۈم خەلقنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا داڭلىق يازغۇچى زولا 1897 - يىلى جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىغا خەت يېزىپتۇ. خېتىنىڭ ماۋزۇسى «ئەرز»، خەت ئاشكارا ئېلان قىلىنغاچقا ناھايىتى چوڭ تەسىر قوزغاپتۇ. يازغۇچى بۇ خېتى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن لوندونغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. لېكىن ئۇ سۈرگۈندە تۇرۇپمۇ كۈرەش قىپتۇ. 1906 - يىلى، يەنى توققۇز يىلدىن كېيىن بۇ كۈرەش غەلىبە قىلىپ درېفۇس ئاقلىنىپتۇ! ئاڭلىغانسەن، بىر يازغۇچى بىر ئاددىي ئوفىتسېرنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆز هاياتى بىلەن هېسابلاشمايدۇ. سەن بىر ناھىيىنىڭ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، نەچچە مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىسەن، يۇقىرىغا خەت يېزىپ راست گەپنى ئېيت؛ خەلق گۇڭشېسى دېھقانلارنى خۇشال قىلالمىدى. دېھقانلار مەسىلىسىنى قايتىدىن ئويلاشمىساق بولمىدى. بىر يېرىم مىليارت مو تېرىلغۇ يەر پۈتۈن جوڭگو خەلقىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك، دېھقانلار قەرز، زاغرا، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن بىزار بولدى، دەپ ياز. خېتىڭگە مانا مەنمۇ قول قويىمەن.

— پېڭ دېخۇەيدەك جازالانساقچۇ؟

— مەيلى ئاداش.

— بولدى، بۇ گەپنى قوي. زولا دېگەننىڭ قالتىس يازغۇچىكەن ـ ھە، كېيىن خەلق ئۇنى بېشىدا كۆتەرگەندۇر ـ ھە؟

— نەدىكىنى؟ ئۇ غەلىبىنى كۆرەلمەي 1902 ـ يىلى ۋاپات بولدى.

— ھەي ئىستەي، قالتىس يازغۇچى ئىكەندۇق ـ دە.

— ئۇز ئىشىغا سادىق يازغۇچى ئىدى، «مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن كەسپىمنى قوغدايمەن. مەن ئۆچقاندەك يۇگۈرەيمەن. لېكىن كەسپىم مەندىنمۇ تېز!» دەپ يازغان ئۇ.

— بۇ تەربىيى ساڭا ئوخشايدىكەن. لېكىن سەن كەسىپكە يېتىشۋالدىڭ، سېنىڭ كەسپىڭنى بىز ساڭا قاچالماس قىلىپ باغلاپ بەردۇق. ھەي ئىستەي، سېنى كەسپىنى قوغلايدىغان قىلىش كېرەك ئىدى. كەسپىڭنى باغلاقتىن بوشىتىپ قاچالايدىغان قىلىشنىڭ ئامالى بارمىكىن.

مەھەللە خەلقى ھاشىرلارنى ئۇ كۈنىمۇ قويۇپ بەرمىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئۆي ـ ئۆيدە قويلار سويۇلدى، زىياپەت داستىخانلىرى راسلاندى. ھاشىر بۇ ئىشلارغا خاپا بولۇپ زۇلياغا ۋارقىرىدى.

— سەن باشلاپ بەرمىگەن بولساڭ خەلق بۇنداق قىلاتتىمۇ؟ — دېدى ئۇ دادۇينىڭ ئورمانلىق بېغىدا تەييارلانغان ھەشەمەتلىك سورۇننى كۆرۈپ، — ئۆرگۈن ئەزالار زاغىرىغىمۇ زار، سەن بىلەن بىز پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرى تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاچ ـ توق قىلىشى بىلەن ھېسابلاشماي بۇنداق ئۆزىمىزنى بوردىساق قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىر كۆڭۈل ئېچىش ئەمەس، ناھايىتى چوڭ ئازاب!

— خەلقنىڭ سىزگە بولغان ھۆرمىتى ھاشىر ئۆكام، — دېدى زۇليا بەرگە قاراپ، — ئۆچىنچى دۈي ماڭا مەسلىھەتمۇ سالماي، بۇ چايىنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. مەقسىتى...

— بىلىمەن، مەقسىتى ماڭا ياخشى كۆرۈنۈپ داجەيچە دۈي بولۇۋېلىش. مەھسۇلاتى ئاشسا، كىرىمى كۆپەيسىلا ھېساب ئەمەس. ھەممىدە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئېيت، قويلىرى سويۇلمىغان بولسا دەرھال مۇشۇ ئويۇننى بېسسۇن.

— لېكىن ئىككى داشقازاندا گۆش قاينىماقتا، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ، — ئۈچىنچى دۈي ناھىيە بويىچە باي دۈي. ساڭا ئۇز بايلىقىنى، مۇشۇ ئالىملىق بېغىنى كۆرسىتىپ ماختىنىۋالماقچى. بۇنىڭغا نېمە قاغىشلىق قىلاتتىڭ.

— ئانداق بولسا زۇليا، سەن دادۇينىڭ بوغالتىرىنى تاپ.

— نېمە قىلىمىز ھاشىر ئۆكام؟

— ئۇن مىڭ ئىچىدە مۇشۇ زىياپەتكە كەتكەن ئومۇمىي چىقىمنى ھېسابلاپ ماڭا ئەكەلسۇن.

— بۇ بۇ...

— نېمە بۇ بۇ؟ قىلسەن، ماڭ جۇگگو چاپسان ئورۇنلا. راست بولسۇن ـ ھە.

ھاشىر زۇلياغا بۇيرۇق بېرىپ بولۇپ گەپ تۇگىدى دېگەندەك قىلىپ باغ ئېرىقلىرىنى ئاتلاپ باغنى كۆرۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇ ئۇن پارچە تېكىمەت سېلىنغان، داستىخاننى مېۋە ـ چېۋە، نان ـ توقاچ، تاتلىق تۈرۈم بىلەن تولغان سورۇندا پەيدا بولدى. بۇ يەرگە گۇڭشې، دادۇي ۋە ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ پۈتۈن كادىرلىرى بىلەن يۇرتنىڭ كۆرۈنگەن ئادەملىرى توپلانغان. ھەممىنىڭ چىرايىدا ئەنسىزچىلىك ـ ۋەھىمە چىقىپ تۇراتتى. ھاشىر ئۆزىنى كۆرۈپ ئورنىدىن دۇررىدە تۇرۇۋالغان كۆپچىلىككە قاراپ كۈلدى:

— بۇ نېمە ئىش كۆپچىلىك ئولتۇرايلى، مەن ھېكىمبەگ خوجا، ياكى غېنى باتۇر ئەمەسقۇ، نېمىگە ئۆرە تۇرۇپ بولۇۋالدىڭلار، بۈگۈنكى زىياپەتنى ئەسلى ئۈچىنچى دۈي تەييارلىغانىدى. لېكىن مەن باياتىن دۈيجاڭلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ بۇ زىياپەتنى سېتىۋالدىم. بۇ مېنىڭ كۆپچىلىككە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بەرگەن چېيىم!

كۆپچىلىك قاقاخلاپ كۈلۈشتى. بۇ سورۇنغا ئەتەي تەكلىپ قىلىنغان ئۆمەر تەمبۇر بۇ يىل قويۇۋالغان

كەكە سياقلىنى سىپاپ قويۇپ:

— راست سايتىڭمۇ ھەي جارۇپ؟ — دەپ سورىدى. كەڭ قاسقانلىق شىلەپە كىيۋالغان دۈيجاڭ يوغان ئاغزىنى بولۇشىغا ئېچىپ ھىجايدى:

— ساتتۇق ئاكا!

— قانچىگە؟

— باھاسىغا يەتتىغۇ؟ — دېدى دۈيجاڭ، — يىگىرمە بەش سوملۇق قويلارنى قىرىق سومدىن ھېسابلىدى، تۆترۇق ئوتئۇنلارنىمۇ ھېسابلىدى. ئەيناۋۇر، بىز بۇغدايلىرىمىزنىمۇ بۇنچىلىك پۇل قىلالمىغان، لېكىن...

— بولدى، بولدى جارۇپكا، — دېدى ھاشىر قولى بىلەن داستىخاننى كۆرسىتىپ كۆپچىلىككە قاراپ. — ئولتۇرايلى مەن ساھىپخان، ماڭا ئەيىبلانغان تۆرنىڭ كاللىسى بۈگۈن تۆمەركامنىڭ!

كۆپچىلىك چاقچاق - كۈلكە بىلەن ئولتۇرۇشتى.

تۆمەر ئەمبۇر:

— ھاشىر تۆكام، تازا چۈشىنەلمىدىم. رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن دېگىنىڭ نېمىسى. نېمىگە رەھمەت ئېيتسەن زادى؟

— ئېمىگە بولاتتى. ئاغىنەم ئەلانى بالايۇ - قازادىن ساقلاپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن. مانا زاكۇسكىلارمۇ كەلدى. مەن مۇنۇ بىر پىيالە ھاراقنى كۆپچىلىكنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتەردىم ئەمىسە!

باغدا كېچىچە داۋام قىلغان كۈلكۈل ئېچىش بۇ ئاخشام پۈتۈن دادۇي خەلقىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ھەممىلا ئادەم خۇشال. بولۇپمۇ ھەممىدىن خۇشال بولغىنى ھاشىر بىلەن رازىيە بولدى.

يېرىم كېچىدە رازىيە — ھاشىر ئالا كۆلەڭگە بىلەن چىرايلىق بولۇپ قالغان، ئىككى تەرىپى ئېگىز تېرەكلىك كوچىدا قولتۇقلىشىپ يالغۇز مېڭىشتى. رازىيە بېشىنى ھاشىرنىڭ مۈرىسىگە سىڭايان قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەلانى ئاجايىپ ياخشى كۆرىسىز - ھە؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق رازىيە. مەن ئۇنىڭ نامى بىلەن پەخىرلىنىمەن. ئۇ بىر ئاجايىپ رومان ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

— راستىما؟ ئاجايىپ ياخشى قىپتۇ. بىز ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ ئاسرايلى ھاشىر.

— بۈگۈنكى زىياپەت شۇ روماننىڭ خۇشاللىقى ئىدى. لېكىن بۇ سىرنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىم.

شۇ چاغدا ئاق بۇلۇتلار كەينىدىن كۆلۈپ چىققان ئاي بۇ بەختلىك ئەر - ئايالنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىلىق بىلەن تۆكتى.

2

تۆمەر ئەپەندى ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالدى. رازىيە بالىلارنى ئېلىپ دادىسىنى باقىلى كىرىپ كەتكەندىن كېيىن. ھاشىرنىڭ بەش ئېغىز ئۆيى بار ھويلىسى مازاردەك سۈرلۈك، جىمجىت بولۇپ قالدى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان دەۋاگەرلەرمۇ ھويلا ئىشىكىگە سېلىنغان يوغان قارا قۇلۇپنى كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن يېنىشتى. ھاشىر ئۆز ئۆيىگە كۈندۈزى ئۇگۇل كېچىسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى كېچىك «گاز» ماشىنا بىلەن ناھىينىڭ مۇھىم قورۇلۇش ئورۇنلىرى. ھەر قايسى گۇڭشېلارنىڭ مەسىلىسى ئېغىر دۈيلىرىگە باراتتى. ئۇ يەرلەردە ئىشلاردىن خۇلاسە چىقىراتتى. بىرلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلاتتى. بىرلىرىگە نەسىھەت - مەسلىھەت بېرەتتى. بىرلىرىنى ئىشقا بۇيرۇيتتى... ئاخشاملىرى بولسا ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ كىتاب ئوقۇيتتى. دوكلات - خەت يازاتتى. لېكىن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېرىم كېچىگىچە كادىرلار، زىيالىيلاردىن كەلگەن ئەرز خەتلەرنى ئوقۇپ، ھەر بىر خەتنىڭ بېشىغا بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى ئۆز پىكرىنى يازاتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەتلەپ قاتتىق ئىشلەيتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىشتىن باشقا ھەممە نېمىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئاشلىقى يېتىشمەيۋاتقان ئۇنىڭ [illegible] ئاشلىق بىلەن

تەمىنلەش ئىشى تونىڭ ئۆي خىيالىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھازىر ئىخى ئون ئىككىنچى ئاي، كېلەر يىلى يەنتىنچى ئاي كىرمىگىچە يېڭى ئاشلىق بولمايدۇ. دېمەك، بۇ دېھقانلار ئالتە ـ يەتتە ئاي ھۆكۈمەت ئاشلىقى بىلەن تەمىنلىنىشى كېرەك. ھۆكۈمەت سېتىپ بېرىدىغان بۇ ئاشلىق كۆكۈرۈپ كەتكەن قوناق. ئۆرغۈن دېھقانلارنىڭ شۇ قوناقنى سېتىۋېلىشقىمۇ چامى يەتمەيدۇ تېخى. يالغۇز قوناق بىلەن شۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزگىلى بولامدۇ؟ تونىڭ كۆز ئالدىدىن ئورۇق. يېلىڭ ـ يالىڭاچ، ئاچ باللار. جۇل ـ جۇل كىيىملىك. چىرايى زەپىرەڭ توغۇمچان ئانىلار زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ئۇ مۇشۇ ئون يەتتە ئىشلەپچىقىرىش دادۈيىدىكى بىر مىڭ نەچچە يۈز جاننىڭ غېمىنى قىلىپ ئۇبلاستقا، قوشنا ناھىيەلەرگە قانچە قېتىملاپ ئادەم ئەۋەتتى، خەت، ئالاقە. تېلېگراممىلار يوللىدى. لېكىن تېخىلا ئۇ قانائەتلەنگىدەك بىر چارە تاپالمىدى.

كەچكۈز ئاخىرلىشىپ قىش باشلىنىش ئالدىدا. كوچىلاردا ئاچچىق، سۆڭەكلەردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىزغىرىن شامال ۋىژىلداپ، يازىچە تەبىئەتكە زىننەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى تەبىئەتنىڭ جازاسىغا يولۇققان سېرىق يوپۇرماقلارنى توچۇرۇپ يۈرمەكتە. قۇرۇغدالغان باغلاردا دىرىلدەپ تىترەپ ئۇرغان شاخلاردا قاغىلار شۇمشىيىپ نالە قىلىشماقتا. ئېرىقلاردىكى چۆرىسى چاۋات بولۇپ مۇز قېتىشقان ھورۇن سۇمۇ شامال دەستىدىن تىترىمەكتە...

ھاشىر ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىششىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يەرگە يورۇق چۈشۈش بىلەن ھويلىسىغا چىقتى. تو چىلەك ـ تۆكلارنى تاراقلىتىپ بىر ئېمىم سۇ تاپالمىدى ـ دە، ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، مۇز ئارىلاش ئېرىق سۈيىنى شالاپشىتىپ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئۇيقىسى ئېچىلىپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقى بىلىندى. ئىدارە ئاشخانىسىنىڭ ئېچىلىشىغا تېخى ئۈچ ـ تۆت سائەت بار. تۈيدە بولسا قاتتىق نانمۇ قالماپتۇ. شۇ چاغدا تونىڭ يادىغا ھېلىقى ئاچ ـ يالىڭاچ

باللار بىلەن ئاتاللار كەلدى ـ دە، تونىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ ۋېلىسىپتنى جالاقلىتىپ سۆرەپ چىقتى ـ دە، ھويلا ئىشىكىگە قولۇپ سالدى.

ئۇ بىردەمدىن كېيىن چوڭ كوچىغا قارىغان بىر دېرىزىگە ئالقانلىرى بىلەن ئۇردى. تۈيدىن ئاۋۋال: «ھە، ھە كىم؟» دېگەن ئاۋاز چىقتى ـ دە، ئاندىن كېيىن ھويلىدىن چاپان يېپىنچاقلاپ ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم چىقتى:

— ۋۇي، ھاشىر شۇنچىكەنغۇ، قېنى تۆيگە، — تو ئادەم كۇلۇپ تۇرۇپ ئۆي ئىشىكىنى كۆرسەتتى.

— قاچانغىچە ئۇخلايسەن، بۈگۈن نەدىن بولسىمۇ ھېلىقى كۆنەستىن يۆتكىلىدىغان بۇغدايىنى ھەل قىل! سەن ناھىيىنىڭ سودا ـ ئاشلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبىرى بولسەتو تېخى تۆيۈڭدە خاتىرجەم ئۇخلايسەن!

ھاشىر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاچچىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— بولىدۇ، بىرىنچى ئاپتوبۇس بىلەن شەھەرگە كىرەي.

— ياق، ھازىر ماڭ. بېرىپ «گازە»نىڭ شوپۇرىنى ئويغات. ئاشلىق ئىدارە، سودا ئىدارە، بانكىنىڭ باشلىقلىرىغا ئاخشام مەن تۇقتۇرغان. ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىۋال. ئۈچ كۈنگىچە ئاشلىق دۈيلەرگە يەتكۈزۈلمىسە مەندىن يامانلىما ـ ھە!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ۋېلىسىپتقا مىنىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىغا كىرىپ يەنە بىر ئىشىكنى قاقتى. ئۆيدىن ياش بىر شىبە يىگىت چىقتى.

— تەرجىمە قىلىپ بولدۇڭمۇ شاۋگوەن؟ — دېدى ھاشىر ئۇنىڭغا.

— ھەئە.

— نەچچە نۇسخا كۆچەردىڭ؟

— خەنزۇچىسى ئۈچ نۇسخا، ئۇيغۇرچىسى ئىككى نۇسخا.

— كۇپىيىسنىَ چىك ساقلا. جۇگۇ ھەممىنى ئەچىق، مەن بۇگۇن شەھەرگە كىرىمەن. ئاڭلىغانسەن،قىيىن ئاتامنىڭ ئەھۋالى ئېغىركەن.جىگەر راك، بىر ـ ئىككى كۇنلۇكى قالغان ئوخشايدۇ. مەن كېچىلەپ بولسىمۇ ۋېلسىپىت بىلەن قايتىپ چىقىمەن. لۇ شۇجىغا ئەھۋالنى ئېيت، ھېلقى يىغىننى يېرىم كېچىدە بولسىمۇ ئاچىمىز.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ۋېلسىپىتنى مىنىپ شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئالدىدىن ئاچچىق شامال ئۇرماقتا. غەرب تەرەپ قاپقارا بولۇپ تۇتۇلغان. ناھىيىدىن شەھەرگە بارىدىغان تاشيولدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق. قۇم، توپا يۈزلىرىگە ئۇرۇلماقتا. رول تۇتقان پەلەيسىز قوللىرى چىملىدىماقتا. قورسىقى ئېچىپ بېشى ئايلانماقتا. لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ۋېلسىپىت پىدالىنى شۇنچىلىك تېز، شۇنچىلىك كۈچ بىلەن تەپمەكتە. ئۇنىڭغا شەھەر خۇددى مىنۇتسېرى ئالدىغا يېقىنلاپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى، ھازىرقى قېيىن ئاتىسى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋېلىشقا، ئۇنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنى ئاڭلىۋېلىشقا ئالدىرىماقتا. ئۇ ماشىنىدەك تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىپ ئىلقا مەھەللىسىگە كەلگەندە قېرىشقاندەك ۋېلسىپىتنىڭ زەنجىرى چىقىپ كەتتى. ئۇ تۈزەپ باقتى، تۈزىگەنسېرى ئەپلەشمىدى. زەنجىر ئۈزۈلگەندى.

ئۇ ۋېلسىپىتنى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە سۆرەپ ئەكىردى ـ دە، تامغا يۆلەپ قويدى. ئۇ ھويلىدىن چىققاندا ئۇنىڭغا كەينىدىن بىر سىرىق ئىت «كاپ» قىلىپ ئېغىز سالدى. ئۇ چىم قىلىپ قالغان پاقالچىكىنى ئىڭىشىپ تۇرۇپ يىرتىلغان ئىشتان بىلەن قوشۇپ مەھكەم قىلىپ تاڭدى ـ دە، ھويلىدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆي ئىگىسى چىقتى:

— ھوي، ھاشىر شۇجىغۇ، بۇ نېمە قان؟ — دەپ ھەيران بولدى ئۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن گۇناھكار ئىت ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولغاندەك ئىگىسىگە قويرۇق

شىپاڭشىپ سۇركەلدى.

ھاشىر دوختۇرخانىغا، ئۆمەر ئەپەندىنى يوقلىغىلى كىرىشتىن بۇرۇن ناشتا قىلىۋالماقچى بولدى. خەنزۇ بازىرى — تاشلەپكىدىن چايخانا ئىزدىدى. بۇ يەردە ئۇز ۋاقىتدا تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە نەغمە ناۋا، مېھمانلىرى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرىدىغان چايخانىلاردىن بىرسىمۇ يوق، نان ياكى پىرەنىك ساتىدىغان دۇكانلار تېپىلمىدى. ئۇ يوتىسىنى يەنە بىر بالداق چىڭىتتى ـ دە، لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان سول پۇتىنى سۆرەپ كۇن پېتىشقا — دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئالدىراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىر يىرتىلغان پۇشقىقى ھېلىدىن ـ ھېلىغا يېشىلىپ كېتىپ ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇردى. ئۇ توغرى كۆۋرۈككە بارغاندا بىر دۇكاندىن بىر خادانى شىم سېتىۋالدى ـ دە، يىرتىلغان، قان يۇقى ئىشتىنىنىڭ سىرتىدىن قاپلاپ كىيدى.

ئۇ دوختۇرخانىدىن قېيىن ئاتىسىنى تاپالمىدى. ئۇنىڭ ياتقان كارىۋىتىدا باشقا بىرسى ياتاتتى. ئۇ ئەمدى غەرپكە ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپ دېگىدەك ماڭدى. ئۇنىڭ بېشى قايدى، بەدىنى قىزىدى، پۇتى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ ئازاب بىلەن ئالدىراپ مېڭىپ كۆن خېلى ئۆرلىگەندە قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە تونۇش، مېھرى ئىللىق ئۆيىگە يېتىپ كەلدى ـ دە، ھويلىغا كىردى. ئۇنىڭ ئالدىغا قاپاقلىرى ئىششىغان، روھي چۈشكۈن ھالدا رازىيە چىقتى:

— بارمۇ سىز؟ — دېدى رازىيە يىشى لىغىلداپ تۇرغان ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن يولدىشىغا تىكىلىپ.

— دادام قانداقراق؟

— گەپتىن قالغىلى ئىككى كۈن بولدى، — رازىيەنىڭ كۆز ياشلىرى تۆكۈلدى، — سىزگە تاتىشامدىكىن...

ھاشىرنىڭ ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئوتتەك قىزىۋاتقان ئېغىر گەۋدىسىنى بوسۇغىدىن ئارانلا يۆتكىدى ـ دە، سارايغا — ئۆمەر ئەپەندى ھاشىر بىلەن ئەلاتتى. ئۆزئىتىپ زىنپايىت بەرگەن ھېلىقى ئۆيگە

كىردى. ئۆمەر ئەپەندى قانلاپ سىلىنغان تىكمەت ئۈستىدە قىبلىن كۆرپىلەرگە چۆكۈپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. ھاشىر ئۇنىڭ بېشىدا تىزلاندى. ئۇ دادىسىنىڭ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن قانسىز يۈزىگە سايە تاشلاپ تالا ـ تالا بولۇپ يالتىراپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ جۇيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز بۇقۇلداپ يىغلىدى:

— دادا، — دېدى ئۇ دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — رازى بولۇڭ!

دادىسى كۆزىنى ئاچتى، ئۇ كۆيۈغلىنىڭ سولغۇن چىرايىنى، كۆز يېشىنى ئاخىرقى قېتىم كۆردى ـ دە، مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمدى.

ھاشىر شۇندىن كېيىن ئۇن سېلىپ يىغلىمىدى. بىلىگە ئاق باغلاپ بۇ ئۆينىڭ ھازىچىسى بولۇپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغىنى بىلەن ئۇ ئىچىدە ئۆز قېيىن ئانىسى بىلەن سۆزلەشتى. ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە سالغان قاداقلىرى ئۈچۈن ئازابلاندى. 1958 ـ يىلى ئۆمەر ئەپەندى «ئوڭچى» بولۇپ قالغاندا ھاشىر بۇ ئاقكۆڭۈل ئوقۇتقۇچىسىدىن قاتتىق يىرگەندى. شۇ سەۋەبتىن رازىيەنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتىگە سوغ ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىپ رازىيەنى ھايات ئاتا قىلغان بەختتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا بولغۇچى قانچىلىك ئازابلانغاندۇر ـ ھە؟ 1966 ـ يىلى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابلىرى تالان ـ تاراج قىلىندى. بۇ دەرد بىلەن ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئانىسى، ئايالى ۋاپات بولدى، رازىيە تۈرمىگە كىردى. بۇ چاغدا ھاشىر ئاللىقاچان رازىيە بىلەن كەلگۈسى بەختلىرى توغرىسىدا سۆزلىشىپ بولۇشقان. ئۆمەر ئەپەندى قىزىنىڭ ھاشىرنى دەپ ئېرىدىن ئاجراشقىنىنى، ھاشىر بىلەن بىللە بولۇپ، قالغان ئۆمرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشكە ئىشەنگىنىنى بىلەتتى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۆيگە سورۇقچىلىق كېلىپ ئۆمەر ئەپەندى نەۋرىسى بىلەن بۇ چوڭ قورۇدا يالغۇز قالغاندا، ئۇنىڭ بارلىق خىزمەتداش، ئەل ـ ئاغىنە، ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنى يوقلىدى. لېكىن ھاشىر ئۆزىنى بۇ «ئۇلۇغ ئىنقىلاب»نىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى ھېسابلاپ ئۆمەر ئەپەندىنى ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى دۈشمىنى ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئۇستازىنىڭ بوسۇغىسىغا ئاياق باسمىدى. ئۇندىن كېيىنچۇ؟! ھاشىر تۈرمىگە كىردى. ئۆمەر ئەپەندى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم رازىيەنى يوقلىغىلى تۈرمىگە كەلگەندە ھاشىرنىمۇ بىللە يوقلاپ تۇردى. شۇ چاغلاردىمۇ ھاشىر ئۆزىنى بۇ ئاقكۆڭۈل بوۋاي بىلەن ئىككى قۇتۇپنىڭ ئادىمى ھېسابلاپ بولغۇسى ئاتىسىغا سوغۇق چىراي مۇئامىلە قىلدى، سوغىلىرىنى قوبۇل قىلمىدى... لېكىن بوۋاي ھاشىردىن يەنە رەنجىمىدى. قىزىنىڭ بەختىنى يەنىلا مۇشۇ مۆز كۆڭۈل ئوقۇغۇچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدىدى...

ھاشىر 1973 ـ يىلى يازدا رازىيە بىلەن توي قىلغاندىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھاشىر ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان، ئۆزىنىڭ ھاياتتا نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى خېلى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى، قىرىق ياشتىن ئالقىغان مۇدىر ئىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ قېيىن ئاتىسى بىر قېتىم ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئېيتقاندا دادىسىغا سوغۇقلۇق بىلەن: «ھەممە ئىشقا تارىخىي شارائىت نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھازىر ھېچقاچان بىلىنمەيدىغان بەزى ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا باشقىچە ئىدى...» دەپ جاۋاب بەرگەن...

مانا ئەمدى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىن ئادىل خۇلاسە چىقىرىدىغان چاغ كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە تۇرمۇشنىڭ، ۋىجداننىڭ تەلىپى. ئۆمەر ئەپەندى ئاتمىش ئىككى يىللىق ئۆمرىدە زادى خەلققە قانچىلىك زىيان سالدى؟ ئۇن سەككىز يېشىدىن تارتىپ مۇئەللىم بولۇشقا باشلىغان بۇ ئادەم پۈتۈن ھاياتىدا ھاياتتىن گۈزەل نەرسىلەرنى ئىزدىدى، باشقىلارغا شۇ نەرسىلەرنى سۇندى. ئۇنىڭ قەلبى ئەنە شۇ پاكىزە ئەمگەكنىڭ مېۋىسى بىلەنلا قانائەت تېپىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھاياتتا بىرمۇ ئادەمنى بىھۇدە رەنجىتمىدى، بىرمۇ ئادەمگە يامانلىق تىلىمىدى.

بىرمۇ ئادەمگە زىيان سالمىدى. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ پارچە كىتاب ـ ژورنال، گېزىت توپلاپ، ئۆز قىرائەتخانىسى بىلەن پەخىرلىنىشى ھەرگىزمۇ شەخسىي مۇددىئا ۋە نام ـ ئابروي ئۈچۈن ئەمەسكەن، بەلكى ئۆز خەلقىنىڭ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە تەلىپىنى نامايەندە قىلىش، كەلگۈسى ئۈچۈن ياشىغۇچىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بايلىق قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنغۇ؟...

ھاشىرنىڭ خىيال ئېكرانىدىن ئۇستازىنىڭ نەسىھەت ـ تەلىملىرى، چىرايلىق ئىملاسى بىلەن تاپشۇرۇق دەپتىرى ۋە ئەلبوملىرىغا يېزىپ قالدۇرغان سۆزلىرى، دەرس سۆزلىگەندىكى ئۆزىنى تۇتۇشى، دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان مېھرىۋان چىرايى، پاكىزە، ئاددىي كىيىنىشلىرى، قولىنى كەينىگە قىلىپ خىيال بىلەن مېڭىشلىرى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ھوزۇرلىنىپ كۈلۈشلىرى بىرمۇ بىر ئۆتتى.

ھاشىر ئويلىغانسېرى ئازابلاندى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئازاب بىلەن كۆيۈپ ئېغىرلىشىۋاتقان بەدىنىدىكى جىسمانىي ئازاب بىرلىشىپ ئۇنى يېتىشقا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ كىچىككىنە ئارام ئېلىشقا قىستايتتى. لېكىن بۇ ئۇيىنىڭ ئىگىسى، تونۇش ـ بىلىش، يۇرت ـ جامائەت بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قىسىپ «ئەلھەكمۇللىللا» دېمەكتە. ئۇ ئاخىرغىچە غەيرەت قىلىشى، دادىسىنىڭ تۇپرىقىغا ئۆز قولى بىلەن يەتتە كەتمەن توپا تاشلىشى، يۇرت جەمائەتتىن ئۆز ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى بېشىدا تۇرۇپ: «جامائەت، مېنىڭ دادام قانداق ئادەم ئىدى؟!» دەپ سورىشى لازىم.

... مانا، كىگىزگە ئورالغان جەسەت تاختىپوش بىلەن تاۋۇتقا سېلىنماقتا. ئاق ياغلىقلىق رازىيە دادىسىنىڭ جەسىدىگە تاشلانماقتا. ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن زۇلخۇمار بىلەن گۈزەلئاي قولتۇقلاۋالغان، ئۇلارنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ھاشىرنىڭ كۆزلىرىدە مانان پەردىسى پەيدا قىلماقتا ئىدى. ھويلىدا يىغا ـ زارە كۆچەيدى. ئاق ياغلىق سالغان ئاياللار، بېلىگە ئاق باغلىغان ياش ـ قېرى ئەرلەر، باللارنىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ھاياتىنىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز نەرسە ھېسابلىنىدىغان جۇدالىق ئۈستىدە نالە مۇناجاتى شەكىللەنگەن. بۇ مۇناجات ھاشىرنى ئىختىيارسىز ھالدا ياش تۆكۈشكە، نالە قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ھاشىر ئۆزىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا بېلىدىكى ئاق پوتىسىغا تايىنىپ يۈرەك باغرىنى تىغ بولۇپ تىلىۋاتقان ئەلەملىرىنى ئۆز تىلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— رازى بولۇڭ دادا، ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن، مېھرىۋان ئۇستازىم!

ئۇنىڭ كۆز يېشى ۋۇجۇدىنى ئېرىتمەكتە. پىنھان ـ پۇشايمانلىرى قەلبىنى ئۆرتىمەكتە ئىدى. ئۇ ئالدىغا يىغا بىلەن كەلگەن بىرسىگە ئېسىلدى. ئۇلار قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ ياشلىرى، ئاۋازلىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلدى. ھاشىر ئاخىر كۆزىنى ئاچتى. ئۇ شۇ چاغدىلا باياتىن ئۆزى قۇچاقلاپ يىغلىغان ئادەم نەلا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار نەمدى كۆپچىلىك ئارىسىدا شەرققە — ساۋۇتۇۋلارنى دەپىن قىلغان قەۋرىستانلىققا قاراپ كېتىپ باراتتى. ھاشىر ئالدىراپ ئالدىغا — تاۋۇتنىڭ يېنىغا ئۆتمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ ھەر قانچە قىلسىمۇ تاۋۇت كۆتۈرگەن ياشلارغا يېتەلمىدى. ياشلار نۆۋەت بىلەن تاۋۇتنى قولدىن ـ قولغا يۆتكەپ، ياندىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا سېلىشقا يول قويمايۋاتاتتى. ھاشىر نېمىشقىدۇر نەلا بىلەنمۇ تەڭ ماڭالمىدى. ئۇنىڭ قاۋۇل بەدىنى بۈگۈن ئاجىزلاشقان. كۈچلۈك ئىرادىسى سۇنغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قىبرىشقا باشلىغانلىقىنى، قېيىن ئاتىسى ماڭغان بۇ سەپەرگە يېقىن كۈنلەردە ماڭىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ھاياتنى ئاسراش، قەدىرلەشنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇمىدۋار، پالۋان يىگىت مانا بۈگۈن ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن غەمگە پاتقان ياشانغان ئادەم ھالىتىدە. ئۇ گەرچە قىسرىتىپ ئەنلىچىما [illegible] بۈگۈن ئېمىشقىدۇر

ئۆزىنى بوۋاي — ھاياتنى ئاخىرلاشقان بىر ئادەم ھېسابلايتتى. مانا ئۇ ئەمدى سول پۇتىنى ئەستە يۆتكەيدىغان، ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىنى ئارانلا بىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بۇ سەپەرنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە بەل باغلىغان. ئۇ ئۆلسە بولسىمۇ بۇ يولنى مېڭىپ تۈگىتىدۇ.

— نېمە بولدۇڭ ھاشىر؟ — مۇدۇرۇپ ـ تىترەپ ئارانلا كېتىۋاتقان دوستىدىن سورىدى ئەلا.

— ھېچنېمە.

ئەلا دوستىنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، چۈچۈپ كەتتى:

— نېمانچە قىزىپ كەتتىڭ، ئوت ـ كاۋاپ!... ھەي ماشىنا، توختا!...

ئەلا بىلەن ئارۇپ ھاشىرنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنا كەپىنكىسىگە سالدى. ھاشىر شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قاتتىق چارچاپ، ئاچلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىت چىشى بىلەن جاراھەتلىنىش نەتىجىسىدە جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلدى. ئۇ كەپىنكىگە چىقتى ـ دە، جالاقلاپ تىترىدى. ئۇنىڭ بەدىنى بىر پارچە ئوتتىن چىققان تۆمۈرگە ئايلانغانىدى.

ئۇيىراق بېشىدىمۇ ئۇنىڭ يەرگە چۈشۈشىگە رۇخسەت قىلىشمىدى، ئۇ قېيىن ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىدىن ئەللىك ـ ئاتمىش قەدەم يىراقتا تۇرۇپ ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاخۇنۇم ئۇز ۋاقتىدا ھاشىرلارغا ماتېماتىكا دەرسى ئۆتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كېلىپ شىنجاڭغا فىزىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە دېگەنلەرنى تۇنجى قېتىم تارقاتقان، كېيىن بۇ ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى قالمىغانلىقى ئۈچۈن پېنسىيىگە چىقىپ ئىمام بولۇۋالغان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ جاراڭلىق ئاۋازى، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق تىلى بىلەن خۇددى ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلىگەندەك چۈشىنىشلىك قىلىپ مەرھۇم سەيدىشنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مەرھۇم ئۆمەر ئەپەندى تولىمۇ ئوبدان، ئاقكۆڭۈل ئىنساپلىق، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك، قانائەتچان، سەۋىرچان ئادەم ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك ھالال ئىشلىيدىكى، ئەللىك يىلدەك مۇئەللىمچىلىك قىلىپ ئەنچە مېڭىلىغان قاراڭغۇ دىللارنى ئىلىم چىرىغى بىلەن يورۇتتى. ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى خەلقىمىزگە تۇرغۇزۇلغان بىلىم ۋە ئەخلاق ئەھلىنى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئەمگەك ھەققى پانى دۇنيا گەدىنىگە قالسا قالدىكى بىراۋنىڭ پىنە قاسىرىقىدەك قەرز ـ نېسۋىسى ئۇنىڭ گەدىنىدە قالمىدى. ئۇ ئاپامۇم قىلىشقا يارايدىغان تۇپا. زەمزەم ئورنىدا ساقلايدىغان سۇدەك تازا ئىدى. بېھۇدە بىرسىگە ئازار بەرمەيدىغان، خاپىلىق، نارازىلىقنى ئىچىمىزدىن چىقارماي، كۆڭلىدە بىلىدىغان. پايدا ـ زىيان ئالدىدا پايدىنى باشقىلارغا ئىستىرىدىغان، ئۆزىدىنمۇ كۆرە شاگىرتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆپرەك ئويلايدىغان مېھرىۋان ئادەم ئىدى. ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ئامادىن نېرى، خىيانەتتىن خالىي ياشىدى. بۇ ئەۋلادلار ئۈچۈن نەچچە مىڭ پارچە كىتاب قالدۇردى. ئۇنىڭدىن قالغىنى يالغۇزلا بىرنەچچە مىڭ پارچە كىتابمۇ؟ ياق، بۇلا ئەمەس. بۇنىڭدىن يەنە ئەمگەك، ئەقىل. تولاردىنمۇ مۇھىمى ئۈمىد ـ ئارزۇ مىراس قالدى...

ھاشىر ئوت ـ كاۋاپ ئىچىدە يېتىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆز ئاتىسىغا بەرگەن باھاسىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ ئۆز ئاتىسىدىن رازى بولدى، پەخىرلەندى. لېكىن ئاخۇنۇمنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان:

— لېكىن ئىنرىكلىكتە بىز ئۆمەر ئەپەندىنى چۈشەنمىدۇق. ھەتتاكى ئۇنى خاتا چۈشەندۇق. ئۇنىڭغا ئازار بەردۇق. ۋاھالەنكى ئۇ، كۆڭلىگە ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن قىساس مۇددىئاسىنى پۈكمەي دۇنيادىن ئۆتتى! — دېگەن سۆزلىرى قاتتىق ھار كەلدى. ئاخۇنۇم بۇ سۆزلەرنى خۇددى ھاشىرغا دەۋاتقاندەك ھاشىرنىڭ ئۆرتىنىۋاتقان يۈرىكى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ ئۇيىراق بېشىدا قىرائەت ئوقۇلغاندىن كېيىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ ياكى ئوڭدا بۇ ئازابلىق ئىشلارغا دۇچ كەلدىمۇ ھېچنېمىنى پەرق قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممىلا نەرسە لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. يېنىدىلا كىچىككىنە كۆلچەك تۇرماقتا. ئۇ شۇ كۆلچەككە ئۆزىنى تاشلىيالسا ئىدى. مۇئۇ يالقۇنىدا كۆل بولۇشتىن ئۆزىنى قوغداپ قالالايتتى.

لېكىن ئوت ـ يالقۇن ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان. ئۇ ئوت بىلەن ئېلىشماقتا، ئوتنى يېڭەلىسىدى، يەنە خېلى بىللارغىچە ياشىيالايتتى.

كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى گۇناھسىز يوپيۇرماقلارنى يەر بېتىدىنمۇ قوغلاپ ـ ئۇچۇرۇپ يورگەن بۇنداق كۆڭۈلسىز كۈنلەردە ئىككى سوتكا ئاچ قورساق يۈرۈش، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىت چىشى بىلەن يارىلانغان پۇتىنىڭ زورۇقۇپ ـ سوغ ئۆتۈپ ئاغرىۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالماستىن نەچچە سەئەتلەپ ئۆرە تۇرۇپ ئاتىسىغا ھازا تۇتۇش، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتە كاردىن چىقارغان بولسا، ئۆز ئۇستازىنى ئىشەنمەستىن قوپاللىق قىلىپ ئوست ـ ئۇستىلەپ رەنجىتكەنلىكىنى مۇشۇ ئاخىرقى جۇدالىشىش مىنۇتلىرىدىلا بىلگەنلىكى روھىي جەھەتتە ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ بىراقلا يىقىتقانىدى. ئۇمەر ئەپەندىنىڭ ھازىسى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ھاشىرنىڭ يىقىلىشى رازىيەنى تامامەن گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ ھاشىرنىڭ بېشىدا تولا يىغلاپ يېشىمۇ تۈگىگەن نۇرسىز كۆزلىرىنى مۆلۈلدىتىپ، خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك جىمجىت ئولتۇراتتى. مۇنداقلا قارىغان ئادەم ئۇنى بىيەرۋا، ھازىسىز ياكى ئېسىنى يوقاتقان ئايال بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتى. لېكىن رازىيە روھىي ئازاب بىلەن پىشقان، جۇدالىق ۋە دەرت ـ ئەلەمنىڭ قازىنىدا ئوبدان قورۇلۇپ چىچى ئاقارغان چىداملىق ئايال بولغاچقا، ھەرقانچە گاڭگىرىغان ھالەتتىمۇ ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇمەر ئەپەندى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ ئازابلىنىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مۇنىۇ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ھوشسىز ياتقان يولدىشى ھاشىرنى دوختۇرغا كۆرسىتىشى ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشى كېرەك. رازىيە يېنىدا مىسكىن ئولتۇرغان گۈزەلئايغا بۇيرىلدى:

— ئۇسسۇزلۇق ئەكىلگىن، ئىچۇرۇپ باقاي.

گۈزەلئاي ئالدىراپ دالان ئۆيگە چىقتى ـ دە ئەلاغا دۇقۇرۇشۇپ قالدى.

— ئۇسسۇزلۇق ئەكەلسۇن دەيدۇ. — دېدى ئۇ بەرگە قاراپ. ئەلا ئۇنىڭغا بىر سىكونت ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دەرھال سىلكىندى. ئاق داكا باغلىق ئاستىدىن تونۇش، سۆيۈملۈك گۈزەل چىراي بىر مىنۇتقا ئۇنى بىھوش قىلىدىغان دورىدەك ھوشسىزلاندۇردى. ئۇ خۇددى توك سىمى ئۇتنۇۋالغاندەك سىلكىندى. ئىسسىق يوتقاندا راھەتلىنىپ ياتقىنىدا بەدىنىگە ئۇيۇقسىز سوغ سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكتى. «بەللى، ھازا ۋە قايغۇ بىلەن مۇز بولۇپ قاتقان بەدەندىن ئىشقى ـ مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاچرىغىنى نېمىسى؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆزنى ئايالدىن قاچۇرۇپ، — ھازا بىلەن مۇھەببەت، قايغۇ بىلەن ھاياجان بىر ئۆيدە، بىر بەدەن ـ بىر يۈرەكتە، بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولالىغىنى نېمىسى؟ مېنىڭ ئۇستازىمغا بولغان ھۆرمىتىم، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىشىم، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئازابلىرىم يالغان ـ ساختىمۇ ـ يە؟ ياق، ھەرگىز ساختا ئەمەس، گۈزەلئايغا بولغان نەپرىتىم ساختا، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇشۇم يالغان بولسا كېرەك...» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، گۈزەلئايغا قايتا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدى. ئۇ دەرھال كەينىگە ياندى ۋە بىر پىيالە چاينى ئېلىپ گۈزەلئايغا سۇندى. پىيالە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە تەككۈزدى. گۈزەلئاينىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشنى ھازىرچە سۆزلىمەي تۇرايلى، ئەلا مۇشۇ پەيتنى قېتىپ قېلىشقا، پۈتۈن تارتقان ئازابلىرىنى مۇشۇ دەقىقە ئۈچۈن ئۇنتۇشقا رازى، قوللارنىڭ ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان ئاشۇ قىسقا لەززەتلىك ئىچكى ھېسسىياتنى ھەرگىزمۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنتالمايدۇ.

ھاشىر ئىككىنچى كۈنى كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ پۇتى ئىششىقان، كۆزلىرى ئىچىمۇ ئولتۇرۇشقان، قوۋۇزلىرى چوككەن، ئۆزى تونۇغۇسىز دەرىجىدە جۇدەپ، ساقاللىرىنىڭ ئىبقى كۆپەيگەن ئىدى. بۈگۈن ئۆيدە يېقىنلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىغان، رازىيە ئاياللار بىلەن، ئەلا بىلەن ھاشىر يالغۇز ئۆيدە قېلىشقان. ھاشىر سونايلىنىپ يېتىپ يېنىدا ئولتۇرغان ئەلاغا ئىش بۇيرۇماقتاىدى:

— مۇشۇ ئاداربسقا تبلبقون بەرگىن،

لۇ شۇجىسىنىڭ ئۇزى بىلەن سۆزلەشكىن، مەن ئەتە كەچكىچە چوقۇم چىقىمەن. ھېلقى يىغىننى چوقۇم ئاچىمىز.

— سەن ھەدىسىلا چوقۇم، چوقۇم دەۋەرمىگىن، — دېدى ئەلا دوستىنىڭ كىگىز ئۈستىگە تاشلانغان ئارىدەك يوغان قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىقىپ قويۇپ. — يەنە بىر قېتىم ئىت چىشلىۋېلىشى، ياكى ۋېلسىپىتنىڭ ماشىنىڭ بۇزۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رازىيەنىڭ گېپىمۇ يوللۇق، داداڭنىڭ يەتتىسىنى بېرىۋېتىپ چىقساڭمۇ بولىدۇ. سەن بولمىساڭمۇ ناھىيىنىڭ ئىشلىرى كېتىۋېرىدۇ. بۇنچىلا زورۇقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېدىمغۇ. كىم زورۇقسا شۇنىڭغا زىيان، دېھقانلارنىڭ ئىشنى ھەرقانچە ئىرىشىپمۇ ياخشىلىيالمايسەن ئاداش!

— سەن ماڭا دەرس ئۆتمىگىن، ئەڭ ياخشىسى سەن خوتۇنۇڭ بىلەن تېزراق يارىشىۋال، بالاڭ تولىمۇ ئەقىللىق، چىرايلىق بالا بوپتۇ.

— قىزىمچۇ؟

— بىرىۋەت، ئادىلەگە بىرىۋەت، ئادىلە بىچارە ياخشى ئايالكەن. مەن ئۇنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇرىمەن. ياخشى ئارتىس ئىكەن ئۇ، قىزىغا تولىمۇ ئامراقكەن. بىرلا يېرى قىزىنىڭ دادىسىنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلانىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە:

— ھەي ئاداش، — دېدى ئۇ ھاشىرغا قاراپ قويۇپ، — مەن دىلئارانى ئەلگە قارىغاندىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئاتىسى، ساڭا ئېيتماق ئاسان. لېكىن ماڭا ئەس. ئۇ بالا مېنى ئۇز دادام دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنىڭ دۈشمىنىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا جەزمەن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. ئۇ ھازىرمۇ ھەيران. نېمىشقا ئەلمۇ، ئۆزىمۇ ئەلانىڭ بالىسى ئىكەنۇ، بىرسى ئاتىسى بىلەن بىرسى دادىسى بىلەن قاپتۇ. ھازىرمۇ دادىسى بىلەن ئاتىسى بىر ئۆيدە تۇرمىغايدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىزگە چۈشىنىشلىك بولغان بۇ مەسىلە ئۇلار ئۈچۈن بىر تېپىشماق. چوڭ بولغاندا بۇ ئاكا - سىڭىللار قان جەھەتتە يۇتۇنلەي بىر - بىرىگە يات ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار بىزنى ئالدامچىلار دەپ تىللىشىمۇ مۇمكىنغۇ؟

— ياق، تىللىمايدۇ. سېنىڭ ئالىجانابلىقىڭغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ. سەن خۇددى سۆڭگۈلىگۈچ كاككۇك بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندەك ئۆز دۈشمىنىڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان پاناھسىز بىچارىنى بېقىپ ئادەم قىلدىڭ. بىلىپ قوي، بۇنداق بالىلار ئەقىللىق بولىدۇ.

ئەلا كۈلدى ۋە بېشىنى ئېغىتىپ قويدى.

— نېمە كۈلسەن ئاۋاق، يالغانمۇ - يە؟

— مەن سېنىڭ سىياسەت ئارىلاشتۇرماستىن تۇرمۇش توغرىسىدا سۆزلەۋاتقىنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن.

— سەنزە، مېنى تېخىلا چۈشەنمەيدىكەنسەن - دە، بەلكى يېقىن ئاغىنەم بولساڭمۇ ئۆمۈر بويى چۈشەنمەسلىكىڭ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن چۈشىنىشىڭ مۇمكىن.

— مەن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەمچۇ؟ سېنى چۈشەنمەيلا ئۆتكەن بولىمەن - دە، ئۇ چاغدا.

— بىلىپ قوي ئاۋاق. مەن سەن ئويلىغاندەك قۇرۇق سىياسەتۋاز ئەمەسمەن.

ھاشىر ئەلاغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئەلا كۈلۈپ قويدى.

— ئىش قىلىپ سىياسەتۋاز سەن. لېكىن ھېسسىياتسىز، دوگما، سېپايىگەرلەردىن ئەمەسسەن. سەندە ئاز - تولا لىرىكىمۇ، رومانتىكىمۇ بار. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىياسەت سۆيىدىن ئارىلاشتۇرۇپ تەمىنى قاچۇرۇپ قويىسەن.

— لاۋزىلاشتىڭ، سىياسەت ئارىلاشسا تەمى قاچىدىغان قانداق لىرىكا، رومانتىكا ئىكەن ئۇ؟ سېنىڭچە سىياسەت شۇنچە تەمسىز، لاۋزا نېمىمۇ؟

— بەزىدە شۇنداق.

— قانداق «بەزىدە» ئىكەن ئۇ؟

ئا مە ... مەسىلەن، ... سېنىپىي كۈرەش ئەڭ چوڭ

سىياسەت. لېكىن ئۇ ئۆز رولىنى جارى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە سۆزلىنىۋەرسىچۇ؟ ئۇ چاغدا تەمسىز بىر نېمىگە ئايلىنىدۇ.

هاشىر ئەلاغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قويدى - دە، جىم بولۇپ قالدى. ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرى بولغان بولسا ئەلا بىلەن مۇنازىرە قىلغان، تالاشقان بولاتتى. لېكىن تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئەلانىڭ تۇرغۇن قاراشلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر ئەلانىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلالمىسىمۇ سەكرەپ كەتمەستىن ئاڭلايدىغان ئويلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

— مەيلەن، مېنىڭ قېيىن ئاتامنى كەچۈرگۈسىز دەرىجىدە رەجىتتىشىم، ئۇنىڭ ئالىجانابلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزەمگە دۈشمەن ھېسابلىشىم... سەن دېگەن نەزەرىيىنىڭ دەلىللىرى. مانا بۇ ئۇچىغا چىققان تېتىقسىزلىق، ئاداش. مېنى ئەيىبلە. سەن ھەقلىق!

ئەلا دوستىنىڭ ئەلەم، پۇشايمان، ئەپسۇس بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى:

— ھاياتنىڭ تۇرغۇن سىناقلىرى بار تېخى. تۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلگۈسىنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرۇشقا مەجبۇر بىز.

ئۇلارنىڭ پارىڭى راسا قىزىۋاتقاندا سىرتتىن رازىيە كىرىپ كەلدى:

— زۇلخۇمار، ئەلاتۇر بىلەن كەپتىكەن، كىرىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى ئۇ. ئەرلەر ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولغىچە زۇلخۇمار بىلەن ئەلا نۇرمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇلار تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن زۇلخۇمار كۆز يېشى قىلدى:

— ئوسمانغا ئۆزەڭلار خەت يېزىڭلار، بولمىسا كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئۈت بالا بىلەن ماڭا تەس بولىدى. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىسى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر دىدارلاشساق بولاتتى دەپ كۈندە يىغلايدۇ. ئۆزۈلدۈرمەي خەت يېزىۋاتىمەن. پۇل ئەۋەتىدۇ، ئۆزى كېلىشكە ئۇنىمايۋاتىدۇ، نېمە بولدىكىن ھېچ پىلە لمىدىم. [illegible]

— ئادەم ئەۋەتىپ باغلاپ ئەكەلدۈرەيلىمۇ - يە؟ — دېدى ھاشىر كۈلۈپ قويۇپ، — تېخىچىلا خىيتىدە، ئىشەنمەيمەن، بارسامۇ ئانىدۇ دەپ يېزىۋاتامدۇ؟

—ھەئە، بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ، زادىلا ئىشەنمەيدۇ. سىز هاشىر ئۆزىڭىزنىڭ سالامەت تۈرمىدىن چىققانلىقىڭىزنى، ئەلامۇ ئۆزىنىڭ ئاقلانغانلىقىنى يازسا ئىشىنەرمىكىن دەيمىنا؟

— خەتكە ئىشەنمەيدۇ. ھەممىمىزنىڭ خېتىنى ھىلە دەپ چۈشىنىدۇ. بىر ئامال قىلىپ بىرسىمىز بارساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. هاشىر رۇخسەت قىلسا مەن بېرىپ ئۇنى ئەكىلەتتىم.

— ساڭا ئىشەنچ يوق، سەن چوقۇم كەلمەي قويىسەن. ھېلىقى گەنەن دېگەن يېرىڭگە بېرىۋالامسەن تېخى كىم بىلىدۇ؟

هاشىرنىڭ چاقچىقىغا ھېچكىم كۈلمىدى. يالغۇز ئەلانۇرلا مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى. هاشىر ئەلانۇرغا قارىدى. بۇ قىزنى هاشىر 1957 - يىلى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە بارغىچە يولدا كۆرگەندىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم ۋالىبول مەيدانىدا كۆردى. هاشىرمۇ ۋالىبول ھەۋەسكارى بولغاچقا توپ ئوينىلىۋاتقان مەيداننى كۆرسە ماڭالماي تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ غۇلجا شەھرىدە بىر - ئىككى قېتىم ئەرلەر كاماندىسىغا چۈشۈۋېلىپ توپ ئويناۋاتقان ئەلانۇرنى كۆرۈپ زوقلانغان. قىزنىڭ يېنىك سەكرەپ چىقىپ توپنى كۈچ بىلەن ئۇرۇشى ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مانا بۈگۈن بۇ قىزمۇ ئۆز كەسپىدىن ئايرىلغان دادىسى بىگۇناھ تۈرمىدە ئۆلگەندىن كېيىن بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋالىبولچى قىز خىزمەتتىن ھەيدەلگەن. ئۇ يالغۇز ئانىسىنى يېزىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈت - بەش يىل باققان، ئانىسى ۋاپات بولۇپ، ئۆزى ئۇششاق باللىق ئاكىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان، ھازىر ئۇ ئاقلانغان. ئۈرۈمچىدىن ماناشى كېلىدىكەن، لېكىن خىزمىتى يوقكەن. قىزنىڭ ئەمدى ۋالىبول ئوينايدىغان ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، تېرىنېرلىق ياكى ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا بولاتتى، هاشىر خىيال سۈرۈپ

بىردەم جىم تۇردى - دە، يېنىدىكى ئۆزىدىن ياردەم كۈتكۈچى دوستلىرىغا بىر - بىردىن قارىدى:

— ئەلا، ئوسمان، قۇرماش، گۈزەلئاي، ئادىلە، زۇلخۇمار ئىبخى نامەتمۇ بار، سىلەرنىڭ ھەممەڭلارغىلا مېنىڭ ياردىمىم كېرەك. ئەلا بىلەن قۇرماشقىۇ چاغلىق، «مەنسەپكە ئەيىنلەش بۇيرۇقى» چىقارساقلا بولىدى. ئوسمانىڭمۇ كارى چاغلىق. گەپ مۇنىۇ ئارتىس، تېپورتچى قىزلىرىمىزنىڭ ئىشىدا. مەيلى يېقىنىلىرىنى ئىشقا سالدى دەپ خىزمەتتىن ھەيدىۋەتسىمۇ بۇ قىزلارغا قانات ياپىمەن. مەن سىزگە ئەلانۇر ناھىيىمىزدە ۋالىبول كوماندىسى تەشكىللەپ بېرىمەن. ئەرلەرگە تىرېنىرلىق قىلىسىز. بىر يىلدىن كېيىن باشقا پۈتۈن ناھىيىلەرنىڭ كوماندىلىرىنى يېڭەلەيدىغان قىلالامسىز؟

— گەپ سىزنىڭ يېغىپ بەرگەن ئادەملىرىڭىزدە.

— ئۇنىڭدا گەپ يوق. مەن خېلىدىن بېرى بۇ ئىشقا دىققەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بىر نەچچە گۆڭكېشىمىزدا ۋالىبول ئويناش قالتىس تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ كوماندىلىرى خېلى كۈچلۈك. مەن شۇ كوماندىلارنىڭ ئەڭ يارامىلىق يىگىتلىرىدىن يىگىرمىنى تاللاپ بېرىمەن. قانداق، سىزنىڭ ناھىيىگە تىرېنىرلىققا چىقامسىز؟

ئەلا نۇر كۈلۈپ قويدى. ئۇ كۆلگەندە كۆز قۇيرۇقلىرىدىكى ئۇششاق سىزىقلار ئالاھىدە كۆرۈندى.

بىر ئالانتلىق قىزنىڭ راسا توشۇلىدىغان چاغلىرى مەنىسىز ئىشلار: چوڭ خەتلىك گېزىت يېزىش، يىغىن ئېچىش، نامايىش قىلىش، ئاخىرىدا قېچىش، سولىنىش، سوراققا تارتىلىش، جازالىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ سەھنىگە يارىمايدىغان ھالغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئىنگە يوق. بۇ ئەگسىزلىك ھاشىرنى تولىمۇ بىئارام قىلدى، ئەلانۇر ھازىر ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، خەلققە خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ تېخىچە ئۆيلىنىپ ئۇچاقلىقمۇ بولمىدى. ئۇنىڭ بۇ بەختسىزلىكىنىڭ جاۋابكارلىقى كىمدە؟ ئەللاپ دۇرۇسقا

يېتىدۇ. ئۇرۇمۇشىنى بىلىش كېرەك، ئۇرمۇش ھەرقانداق بىر دەۋىر سىياسەتلىرىنىڭ توغرا خاتالىقىنى ئۇڭايلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ... ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكىچە مۇڭداشتى. ئايالار بىلەن بىللە ئەلامۇ ماڭدى. ھاشىر:

— نەگە ئاۋاق، ئىككى ئەلا نۇرنىڭ ھال - مۇڭىنىڭ چالىسى بار ئوخشىمامدۇ. ماقۇل ئەمسە، ئەتىگەنلىككە كېلەمسەن؟ ھېلىقى تېلېفوننى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەزىر كۈنى كېلىمەن. تېلېفون خەۋىرىنى بىر ئازدىن كېيىن بېرىمەن.

ھاشىر كۆزلىرى ئانىسىغا ئوخشايدىغان كىچىك ئوغلىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۆمەر ئەپەندىدىن قالغان بۇ تەۋەرۈك قورۇنى ئايلاندى. بۈگۈن بۇ بەش ئېغىزلىق ئۆي، ئالما، ئۈزۈملۈك بېغى، ئاددىي بولسىمۇ بوستانلىق سۇپا - شىپاڭلىرى بار قورۇدا ھاشىر - رازىيە، ئىككى ئوغلى بىلەن قالغان. ئۇ ئەمدى قالغان ئۆمرىنى مۇشۇ قورۇدا ئۆتكۈزىدۇ. گەرچە ئۇ ئۇستازىنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ ئۇستاز ۋەسىيىتى ئۇنىڭغا ئايان. ئۇ ئۇستازى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەك. ئۇستازى جاپاكەش، مېھرىۋان مائارىپچى ئىدى. بۇ ئىشنى رازىيە ئىككىسى ئەلۋەتتە قىلىدۇ. مۇنىۇ تەۋەرۈك قورۇنى ھاشىر ئوبدان ئاسراپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا باللىرىغا ئۆتكۈزىدۇ. ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنچۇ؟ يوقالغان كىتابلىرىنى كاتالوگ بويىچە ئىزلەپ تولۇقلايدۇ. ھېچكىم ۋاراقلاپ باقمىغان خۇرۇم، ئاۋار مۇقاۋىلىق كىتابلار بىلەن ئاۋۇ قىبلىن گېزىت ژۇرناللارنىچۇ؟ ئەلۋەتتە ئوقۇتۇپ كۆرۈش كېرەك. بۇ ئىشقا ئەلانى تەكلىپ قىلسىچۇ؟ ئۇ يەنىلا «سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى كۆرۈپ ئازابلىنىشنى خالىمايمەن!» دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟

ئۇ بالىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كۆڭلىدە نۇرغۇن پىلانلارنى تۈزدى. ئۇ پىلانلىرىنى رازىيەگە ئېيتىدۇ. رازىيە ھازىر ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ھاشىر قولىدا ئۇخلاپ قالغان ئوغلىنى تەمتە -

كۆتۈرۈپ، ئەستە دالانغا كىردى. رازىيە بالنى ئېلىش ئۈچۈن سۈپىدىن چۈشتى. ھاشىرنىڭ جۇدەڭگۈ، ساقال - بۇرۇتى ئۆسكىلەڭ چىرايدان تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— خاپا بولۇشقا ھەقلىقسىز رازىيە، لېكىن...

— بىلدىم، ھەممىنى بىلدىم. — دېدى رازىيەمۇ كۈلۈمسىرەپ، — سىز ھوشسىز ياتقاندا ناھىيە رەھبەرلىرى كىردى. ئۇلار سىزنىڭ نېمىشقا كىرەلمىگىنىڭىزنى، يولدا كىرگىچە ئارتقان جاپالىرىڭىزنى بىرمۇ بىر ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇلار سىزنىڭ ۋىلىسىپىتىڭىزنى تاپقان. ئىتنىڭ ئىگىسىمۇ ئىتنى سىزنى ماراپ چىشلىگەنلىكى ئۈچۈن تىرەككە ئاسقان. نېمىگە ئۇرە تۇرىسىز ئولتۇرۇڭ، سىز ئۆزىڭىزنى كىچىك چاغلىماڭ ھاشىر، خەلق ئىچىدە ئىناۋىتىڭىز يۇقىرىكەن. ھە، راستلا ئۇخلاشقا ئالدىراۋاتامسىز؟ ياق، ئاۋۋال ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئېلىڭ.

— قارىلىق ئۇتقانمەن رازىيە. دادامنىڭ قىرقىنى بەرمىگىچە چاچ - ساقال ئالمايمەن.

— بولدى، بولدى ئاشۇرۇۋەتمەڭ. سىز ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولماقچى ئەمەسمۇ. ئۇ خۇراپاتلىقنى بۇزۇشتىمۇ ئۈلگە بولۇڭ. قورقماڭ. مەن رۇخسەت قىلدىم. مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايايمەن دەپ ئىرادىڭىزگە خىلاپ ئىش قىلماڭ.

— لېكىن رازىيە، دادامنى ھاياتلىقدا رازى قىلالمىدىم.

— ياق، دادام سىزدىن رازى. ئۇ جان ئۈزۈشتىن ئىككى كۈن ئاۋۋال نادىرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سىز توغرۇلۇق ياخشى گەپ قىلدى، رازىلىق بەردى.

— نېمە دېدى دادام؟

— مەن ھاشىردىن رازى، ئۇنىڭ ماڭا سالقىن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى مېنى يامان كۆرگەنلىكىدىن دەپ چۈشەنمەيمەن. مېنى يامان كۆرگەن بولسا ماڭا كۆيۈنگۈل بولمىغان بولاتتى. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى سوغۇقلۇق ئاداۋەتنى ھاشىر ئەمەس، بىز ياشاۋاتقان دەۋر پەيدا قىلغان. ئۇ مېنىڭ بالام، شۇنداقلا دەۋرنىڭ

بالىسى. ئۇ ھەرئىككىلا ئاتىسىنى رازى قىلماقچى. ئەمەلدە ھەم رازى قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرسى بولغان بولسا بەلكى بىرسىنىلا رازى قىلغان بولاتتى، دېدى. دادامنىڭ ئەينى سۆزى مۇشۇ، ھاشىر، مەنمۇ سىزدىن قاتتىق رەنجىگەن، لېكىن كېيىن ئەمەلىيەتتە ئۇقتۇم. پۇتىڭىزنى ئىت چىشلىگەن. جاراھەت ئېغىركەن. شۇنداق تۇرۇپ شۇنچە يولنى پىيادە مېڭىپ. ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئۆرە تۇرۇپ دادامغا ھازا ئاچتىڭىز. سىز يىقىلغاندىن كېيىن دوختۇر كەلدى. پۇتىڭىزنى يۇيۇپ تاڭدى. سىزگە ئوكۇل سالدى. سىز ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز. سىز ئەمدى مىدىرلىماي يېتىڭ. نەزىرنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ناھىيىدىكىلەر ئىشلەۋاتىدۇ.

— لېكىن مەن...

— ياق. ياق. ھەرقانداق «لېكىن»ىڭىزنى ئاڭلىمايمەن. سۇ تەييار. ساقال - بۇرۇتىڭىزنى ئېلىڭ، ئاۋۇ كىيىملەرنى يۆتكەۋېلىڭ.

— بىرلا «لېكىن» نى ئاڭلاپ قويۇڭ ئەمسە.

— قېنى سۆزلەڭ.

— بولىدۇ. بەش - ئون كۈن ئۆيدە ياتاي. لېكىن گۈزەلنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ئەلا بىلەن ئىككىسىنى ياراشتۇرۇپ قوياي دېۋىدىم. ئەلانى شەھەرگە يۆتكەپ قويسام ئۇلار ئۆز ئۆيىدە بىزگە ئوخشاش خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزسە دەيمىنا.

— ياخشى ئويلاپسىز. ئانداق بولسا مەن گۈزەلنىڭ بىلەن ئادىلەنى چاقىرتىپ كېلىمەن. بالىلىرىمىز تونۇشۇپ دوستلاشسۇن. ئەلانىڭ ئوغلى بىزنىڭ ئەكرەم بىلەن تەڭمىكىن.

— ئانداق بولسا مەن سىزنىڭ كوماندىڭىز بويىچە ھەرىكەت قىلاي. ئەمما يەنە بىر ئىشقا بىر قېتىم رۇخسەت قىلىڭ.

— ھە. رۇخسەت قىلدىم ئەمسە.

— ئانداق بولسا ئاڭلاڭ دېھقانچە بىر سۆزلەۋالاي: جېنىم خوتۇن كەلگىنە، قولۇمغا سۇ قويۇۋەت!

— شۇمدى. ۋۇي ساراڭ ئۇگە!

مۇسەببەت ئورنىنى مۇھەببەت ئىگىلىگەن ھامان

بۇ چوڭ ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ خۇشاللىق - بەختىكە ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بەردى.

ھاشىرلارنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن گۈزەلئايلارنىڭ ئىككى بالىسى يالىڭاچلانغان باغدا كۆكلۈك ئويۇنلارنى تېپىشۇپلىشتى. ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرىمۇ بىر ئىكەن، پەقەت كىچىك نادىرلا ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىدىن زېرىكىپ قاغىشلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ تەلىپىگە دىلئارا كىچىك بالىغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. ئۇ ئىككى ياشلىق بۇنداق قىزلار ئىنسان ھاياتى توغرىسىدا ئۆز قۇراملىق ئوغۇل باللاردىن كۆپرەك بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. دىلئارا نادىرنى ئەپچىللىك بىلەن كۆتۈرۈپ شۇنداق ياخشى بەزلەيتتى. بۇ ئىش ئەلى بىلەن ئەكرەمنىڭ قولىدىن ھەرگىز كەلمەيتتى.

پىشايۋاندا ئولتۇرۇپ سەۋزە قەلەم قىلىۋاتقان ئۈچ ئايال ئۆز باللىرىنىڭ بەختىدىن خۇشال بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئىچىلىپ - يېيىلىپ سىردىشالىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئىشقىلىپ خۇشال-خۇش كەيپ ئىدى. بۇ ئۈچىنىڭ مانەملىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدە تۇتۇشمىغانلىرىدا ئىدى، ئۇلار قاقاخلاپ كۈلۈشكەن، ھەتتا ناخشا ئېيتىشقان بولاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئادىلە تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى سەۋەبسىز ئەمەس، ئۇ ھازىر شەھەردە تەشكىللەنگەن «تەشۋىقات ئەترىتى» نىڭ ناخشىچىسى، سەنئەت كەمبەغەللىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ھەر كۈنى رادىئودا قايتا-قايتا ئېيتىلىدىغان بىر نەچچە ناخشا كىشىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويغان بۇ كۈنلەردە ئادىلەنىڭ سەھنىگە چىقىپ دۇتار بىلەن غۇلجا خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشى ئادەملەرنى تولىمۇ خۇشال قىلغان، شۇڭا ئادىلە سەھنىگە چىقىشى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن چاۋاك چېلىنىپ ئون نەچچە خەلق ناخشىسىنى ئارقىمۇ ئارقا ئېيتىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئۇ تەشۋىقات ئەترىتى رەھبەرلىرى بەلگىلەپ بەرگەن ناخشىلاردىن باشقا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلارنىمۇ ئېيتىۋېرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھېچكىم ئەيىبلىيەلمەيتتى. تۈنۈگۈن غەلىتە ئىش بولدى. ئادىلە «يار سېنىڭ دەردىڭ»، «قاتارلىق» ئېيتىۋېتىپ، ناخشىنى ئېيتقاندىن كېيىن تويۇقسىزلا خىرىلداپ قالدى. تۆۋەندە كۇلۇبقا لىق تولغان خەلق بىر چەتتىن چاۋاك چالسا بىر چەتتىن ئىسقىرتىپ زادىلا توختىمىدى. ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئىتىگە بولغان كۆڭۈل خۇمارىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بولۇۋاتقان بۇ پىروسىسنى كىممۇ چەكلىيەلەيتتى؟ لېكىن ئادىلە كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرىشكە ئاجىز ئىدى. دەل شۇ چاغدا ئادىلەنىڭ يېنىدا تويۇقسىزلا گۈزەلئاي پەيدا بولدى. ئادىلە دوستىنىڭ نىيىتىنى دەرھال چۈشەندى - دە، دۇتارنى دەرھال «خانلەيلۇن» ئاھاڭىغا چالدى. گۈزەلئاي زىل، يېقىملىق، كىشىنى مەست قىلغۇچى ھېسسىياتى سىڭگەن ئاھاڭدا كىشىلەرگە تېخى تونۇلىشمىغان قوشاق بىلەن ناخشا باشلىۋىدى، زال ئىچى بىردىنلا قايناۋاتقان قازانغا سوغ سۇ قويۇلغاندەك جىمىقتى - دە، گۈزەلئاينىڭ ئاۋازى رادىئو كارنىيى ئارقىلىق شەھەرنىڭ يىراق بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئاڭلاندى. گۈزەلئايغا خۇددى مۆلدۈر ياغقاندەك كۈچلۈك چاۋاكلار چېلىندى. ھۇررالار تولاندى. قىقاس-چوقانلار كۆتۈرۈلدى. گۈزەلئاي ئارقىمۇ ئارقا ئون ناخشا ئېيتتى. غۇلجا سەھنىسىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بۇ ئاجايىپ ناخشىچى ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەرگە نام چىقاردى. ئېلانچى ئارتىسنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ ئىسمىنى «ھەدىيە» دەپ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن تاملاردا ئەتىسى «ھەدىيەگە مەدھىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرلار پەيدا بولدى.

بۇ ئىشنى گۈزەلئاي نام چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس، دوستىنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ «تەشۋىقات ئەترىتى»گە قاتناشمىغان بولغاچقا، ئەتىدىن باشلاپ ناخشا ئېيتىشنى رەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكى ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق كايىغانىدى. لېكىن گۈزەلئاينىڭ سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىشى ئادىلەنى چەكسىز خۇشال قىلغان. چۈنكى ئادىلە ئۆز دوستىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتەلەيدىغان سورۇننىڭ بولماي كېلىۋاتقىنىنى

ئويلاپ ئازابلىنىپ يۈرەتتى. بولۇپمۇ گۈزەلئايدەك قابىلىيەت ئىگىسىنىڭ دۇنيادىن ناخشا ئېيتماي ئۆتۈپ كېتىشىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭ تۈنلىرى ئۇيقۇسى قاچاتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام نېملا بولسۇن دوستىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. بۇ ئەلۋەتتە ئادىلە ئۈچۈن چەكسىز خۇشاللىق.

— بۈندىن كېيىن جانۋەتسەڭمۇ سەن بىلەن بىللە كۆلۈۋىغا بارمايمەن، — دېدى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئادىلەدىن راستىنلا رەنجىپ، — سەن يالغۇز كېتىشتىن قورقىمەن دېمىگەن بولساڭ كۆلۈۋىغا بارمايتتىم، سەن ساراڭ سەھنىگە چىقىپ كېكەشلىمىگەن بولساڭ سېنى ئۇيياتتىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ سەھنىگە چىقمايتتىم. مانا ئەمدى، ھەجەپ سەتچىلىك. ۋىيى. ھەجەپ سەت بولدى!...

— پەخىرلىنىشىڭ ئورنىغا ئازابلىنىدۇ تېخى بۇ گاللىۋاڭ، — دېدى ئادىلە گۈزەلئاينى جۇنۇپ. — شۇنچە تالانتلىق ئىكەنسەن، لېكىن بۇ تالانتىڭنى مودىدىن قالغان كۆينەكنى ساندۇقتا ساقلىغاندەك ئىچىڭدە ساقلايسەن. بۇ ساڭا ئازاب ئەمەسمۇ؟

ئۇلار كېچىچە تالاشتى. مانا بۈگۈن بولسا ئادىلە شۇنىڭ ئۈچۈن بولەكچىلا خۇشال.

تۆت ئايال سۈپىدىكى كىگىز ئۈستىدە پۇپايىكچان، باشلىرىغا ياغلىق تېڭىشقان ھالدا ئازادە ئولتۇرۇشۇۋېلىپ نازۇك قوللىرىدىكى قىڭغىراقلىرىنى ئالدىدىكى دۆشە ئۈستىدە رىتىملىق ئوينىتىپ پاكىزە يۇيۇلۇپ، قىرىلغان سەۋزىنى قەلەمچە قىلىشماقتا. ھاشىر يوپۇرماقلىرى قورۇشقا باشلىغان ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى ياغاچ كارىۋات ئۈستىدە قاتلاپ سېلىنغان تېكمەت ۋە كورپىلەر ئۈستىدە ياماشلاپ يېتىپ ئاچچىق موخوركىسىنى شوراپ ئاياللارغا قاراپ ئولتۇرماقتا. تۆت ئايال كەم - كۈتىسىز گۈزەللەردىن، ئۇلارنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى كىشىگە قادالسا ھەرقانداق يۈرەكنى ئېرىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تېخى ياشلىق گۈزەللىكىدىن مەھرۇم بولمىغان بىرلىق يۈزلىرىچۇ؟ بۇ يۈزلەرگە كىشىنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوماق بۇرۇنلىرى بىلەن كىشىگە لەززەتلىك مۇڭدەك زوق بېغىشلايدىغان چىرايلىق لەۋلىرى قاچا گۈللىرىدەك يېقىملىق سەنئەت بويۇمىنىڭ ئەينى ئۆزى. ئۇلارنىڭ ئەۋرىشىم، نازۇك ھەرىكەتلىرىچۇ؟... ھايات مانا مۇشۇلار بىلەن لەززەتلىك. قىزىقارلىق بولسا كېرەك. ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇلقى - مىجەزى بارئىكەنتا تېخى. سۈيۈملۈكى رازىيە. ئۇ ئېغىر بېسىق. كەم سۆز. كۆپرەك كۆزى بىلەن سۆزلەيدىغان ئايال. ئادىلەچۇ؟ ئۇنىڭ يوغان. شوخ كۆزلىرى خۇددى بىرلا قارىغاندا سېنىڭ ھەممىلا يېرىڭنى بىراقلا كۆرىدىغاندەك. تىنىمسىز لەۋلىرى سېنى سۆز مۆلدۈرلىرى بىلەن سوقۇشقا يارالغاندەكلا. ئۇنىڭ چىداملىق. سېخىلىق. مەرتلىكتە ئۆزگەنگەن يۈرىكى. زىمىستان قىشتا سېنى ئۆزىگە چىللايدىغان گۈلخانىغا ئوخشايدۇ... گۈزەلئايچۇ؟ ئۇنىڭ ئاياللاردا كەم ئۇچرايدىغان سۈزۈك. جىلۋىدار چىرايى ھەرقانداق يۈرەكنى ساق ئەركىشىنىڭ قەلبىدە لېرىكا پەيدا قىلىپ سېنى شېئىر ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھۆسنى - جامالى ھەر قانداق گۈزەل چىراي ئىگىسىنى كۆرۈمسىز قىلىپ كۆرسىتىشكە ھوقۇقلۇق. ئۆزگىلەرنى چىراي بازىرىدا سىنىماقچى بولغان گۈزەللەر ھەرگىزمۇ يېڭىلىشىپ گۈزەلئاينىڭ يېنىدا پەيدا بولماسلىقلار. ئۇنىڭ ھۆسنى سىلەرنى ھەرقانچە چىرايلىق بولساڭلارمۇ ئەيىبلىك قىلىپ كۆرسىتىدىغان سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە. سىلەر بۇ قۇدرەت ئالدىدا پاكىزە يۈرىكىڭلارنى بىكاردىنلا ھەسەت - دۈشمەنلىك بىلەن بۇلغىۋالىسىلەر... گۈزەلئاينىڭ خۇلقى - مىجەزىمۇ چىرايىغا ماسلاشقان. ئۇنىڭ ھەم يۇمىلىغان قىزىل ياقۇتتەك سۈزۈك لەۋلىرى كەمدىن - كەم ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگەن نۇرغۇن سوئاللىرىڭىز جاۋابسىز قالىدۇ. بەك قىستاپ تۇرۇۋالسىڭىز ئۇ پەقەتلا مىيىقىدا پىسسىڭدە كۈلۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى سىزگە جاۋاب. چۈنكى بۇ كۈلكە يېنىق بۇلۇتلارنىڭ كەينىدىن ماراپ

چىقىپ سىزگە چىراي ئاچقان ئاينىڭ ئۆزى. بۇ ئاي ممىزنىڭ سۆزۈك قەلب ئاسمىنىڭىزنى نۇرلاندۇرىدۇ...

ئە ـ تۈنىنچى قىزچۇ؟ ئۇ بىزنىڭ كىرگەن ھاشىرنىڭ تۇغقىنى. خۇدايىم ئۇنىڭ مۇڭلۇق قىنى ئارىلاشقان قارا قۇمچاق يۈزىگە تەبىئىي گۈزەللىك بېرىش ئورنىغا قەلبىگە ساداقەت ـ پاكلىقنى كۆپرەك بەرگەن. ئۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئېغىر ئىشلىرىنى قانچىلىك كۆپرەك قىلالىسا ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېسابلايدۇ...

ھاشىرنىڭ ئايالىنى كۆزىتىشى، ئايالىلار تۇغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى نادىر خوراز قوغلايمەن دەپ چۈنەككە يىقىلىپ بۇرنىنى قانىتىپ ئاپتۇ. ئۇنىڭ «ۋاي دادا» دەپ نالە قىلغۇاتقىنى ھاشىرنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

نادىر ئىككى ئوغۇل بىر قىزنىڭ ھەمراھلىقىدا ھاشىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئۈچۈن ئاياللارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. باشقىلارغا كۆڭۈلسىز بىلىنگەن بۇ ئىش ھاشىرغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— توختات، يىغاڭنى دەرھال توختات! — دېدى.

بالا دادىسىغا بىرلا قاراپ قويۇپ يىغىدىن توختىدى. ھاشىر ئوغلىنىڭ بۇرنىنى يۇيۇپ قانىنى توختاتتى ـ دە، مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— كۈل، ئەمدى كۈلە! — دېدى. بالا ئاياللارغا قاراپ تاتلىق كۈلۈۋىدى، ھويلىدىكى ھەممىلا ئادەم ئەگىشىپ كۈلدى.

— قانداق ئەلى، بىزنىڭ نادىر باتۇرمىكەن؟

— قالتىسكەن.

— كىمنى دوراپتۇ؟

— دادىسىنى.

— يالغان ئېيتىسەن، دادىسىنى ئەمەس، ئەلا دادىسىنى دورىدى!

ئۇ ئەبەي ئەلانىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى.

— مېنىڭ دادام بىللۇ ئىسماقا! — نەلىكى ھەققال

سورىدى.

— مېنىڭ دادام سىزدەك باتۇر ئەمەس! — دىلئارامۇ سۆز قوشتى. ھاشىر ئىككى قولىدا ئەلانىڭ ئىككى بالىسىنىڭ قولىنى تۇتتى:

— سىلەرنىڭ داداڭلار ھەممىدىن باتۇر، ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. بىلەمسىلەر داداڭلار زاڭزۇ چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىغا مەجبۇرىي ئەمگەككە ئاپارغاندا...

— ھە بىلىمەن. گەنەن دېگەن يەرگە ئەۋەتكەن.

— دادام بۇتخانىدا قاچقان!

— دادام كېچىلەپ ياتقان!

— قېچىپ، قېچىپ يەنە شۇ بۇتخانىدىن نېرى كېتەلمىگەن.

ئىككى بالا ھاشىرنىڭ دېمەكچى بولغان ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولدى.

— داداڭلارنى نېمىشقا ئۇ يەرگە ئەۋەتكەن بىلەمسىلەر؟

— ياق بىلمەيمىز.

— ئوكچى بوپتىكەن دادام.

— سىياسىي خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىكەن.

— سىلەرگە كىم شۇنداق دېدى؟

— گۈزەل ئاپام بىلەن ئادىلە چوڭ ئاپام.

— سىلەرگە راست گەپنى قىلماپتۇ. داداڭلار ئالىم بولغاچقا ئۇنى كۆرەلمەيدىغانلار ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان.

— راستما؟ ھەجەپ ئەسكى ئادەملەركەنا!

— مەن چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا كۆرسىتىمەن.

— مېنى تۇرمىگە سولىغان، داداڭلارنى قولغا ئالىمىز دەپ ۋەيران قىلغان. سىلەرگىمۇ زىيانكەشلىك قىلغان بىرلا ئادەم. بۇنى بىلىپ قويۇڭلار.

— ھاشىر باشقا گەپ قىلىسىڭىزا، — دېدى رازىيە كۆز ئىشارىسى بىلەن بىئارام بولۇۋاتقان گۈزەللاي بىلەن ئادىلەنى كۆرسىتىپ.

— ئەپسۇس يوق. بىمەن ئۆزۈڭدىن بېرى بۇلارغا ئۆز

دۈشمەنلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچىدىم. دۈشمەننى تونۇيالمىغان بالا دوستىنمۇ تونۇيالمايدۇ. ئەلى ئېسىگىدە تۇت، داداڭنىڭ دۈشمىنى ھازىرمۇ ھايات!

— ئۇنى نېمىشقا سولىمىدى؟

— قېچىپ يۈرەمدۇ - يا؟

— ئۇنى سولىمىدى، ئۇ قېچىپمۇ يۈرگىنى يوق. ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئۇستۈردى!

— يامان ئادەمنى نېمىشقا ئۇستۈرىدۇ؟

—ھەرقاچان كۆز بويايدىغاندۇر ئۇ - ھە؟

— يامان ئادەملەرمۇ ئۇسىدۇ، ياخشى ئادەملەرمۇ بىگۇنا ئېتىلىدۇ. بىلەمسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت مۇرەككەپ.

— ئاجايىپ ئىكەنا!

— سىلەر چوڭ بولغاندا بۇنداق ناھەق ئىشلار ئازىيىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان بولىدۇ.

— ھازىرمۇ ئادەملەر بىر - بىرىنى قەدىر- لەيدىغۇ! — دېدى ئادىلە ھاشىرنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ.

— توغرا ئېيتىسىز، ھازىرمۇ قەدىرلەيدۇ. لېكىن بۇ قىسمەنلىك. مىسالى ئەلانى ئالايلى. بىباھا ئادەم. ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى. ئەخلاق - پەزىلەتتىمۇ يۈكسەك، قىلچە يالغانچىلىق، ساختىلىقنى بىلمەيدۇ، ئاقكۆڭۈل، مېھرىۋان يىگىت. لېكىن ئۇ قانچىلىك قەدىرلىنىۋاتىدۇ؟ باشقىلار تۇغۇل بىز ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنى قانچىلىك ئاسراۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدە قىلىدىغان ئىشى شۇنچىلىك كۆپ. لېكىن شارائىت يوق. ئۇ، ئۆمرىنىڭ بىكارغا زايە بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا رەللى بولۇپ بەزىدە يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى دەپ يىغلايدۇ. بىلەمسىلەر، باللار، سىلەرنىڭ داداڭلار ئالدىنقى يىللىرى قېچىپ يۈرۈپمۇ كىتاب ئوقۇش، چەت ئەل تىلى يادلاش، ماقالە يېزىشنى بىر كۈنمۇ تاشلىمىغان. ھازىر ئۇنىڭ نەچچە ئون پارچە ئەسىرى پۈتۈپ بولدى. ئۇ ھازىرمۇ مىنۇت، سېكونت ۋاقتىنى زايە قىلماي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ بىر ئۇلۇغ، غايىلىك ئىلىم - پەن خادىمى. شۇنداق ئادەم ئۈچۈن بىز قانچىلىك غەمخورلۇق قىلدۇق؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىمىزنى قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش. دۇنيادىكى ئۇلۇغ ئادەملەردىن ماركس، لېنىن قاتارلىقلار دوستلىرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ، قېرىنداش، ئاياللىرىنىڭ ياردىمى بولغانلىقى ئۈچۈن زور ئىشلارنى قىلالىغان.

ئۇ بارغانسېرى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ باللارغا سۆزلەشتىن ئەمدى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئاياللارغا قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزى ھەممىگە تەسىر قىلدى. ئادىلە يىغلاشقا باشلىدى. گۈزەلئاي ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مېڭىۋىدى، ھاشىر ئۇنىڭغا قاراپ:

— مەن سىزگە سۆزلەۋاتىمەن گۈزەلئاي. مەن سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىدىم. مۇشۇ گېپىم ھېساب بولۇپ قالسۇن. سىز خەلق ئالدىدا ئۆز بۇرچىڭىزنى ئورۇندايمەن دەيدىغان ۋىجدان ئىگىسى بولسىڭىز ئەلاغا زۇلۇم سېلىشنى قەتئىي توختىتىڭ! — دېدى.

گۈزەلئاي ھاشىرغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— ھاشىر! — دېدى رازىيە ئارىغا كىرىپ، — نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ سىز ئاغىنىڭىزنى ئاقلىسىڭىز مەنمۇ ئاغىنەمنى ئاقلايمەن. گۈزەلنىڭ ۋىجدانى پاك، گەپ قىل گۈزەل. ھاشىر ناھىيىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولغىنى بىلەن سىنىڭ بىلەن مەن ئۈچۈن بىر ئاددىي ئادەم. گەپ قىل، نېمىگە تىترەيسەن، نېمىگە يىغلايسەن. ئولتۇرغىنا!

رازىيە گۈزەلئاينى قولتۇقلاپ ئۆز ئورنىغا — سۆرىغا ئەكەلدى. ھاشىر كارىۋاتتىن چۈشۈپ مېڭىپ يۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— زۇلۇم سېلىشنى توختىتىڭ دېسەم خاپا بولۇۋاتامسىز؟ سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز، ئۇنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىپ تىزلىنىشىنى ئۈمىد قىلىسىز. بىلىپ تۇرىمەن. سىز بۇ ئىشنى كۈتۈۋاتىسىز. ئەگەر سىزگە بىرسىنى تىزلاندۇرۇش راستىنلا زورۇر

بولسا ئەلا ئۈچۈن مەن تىزلىناي! ئۆمۈر دېگەننى باغلاپ قويغىلى بولامدۇ، ياشلىق دېگەننى تەكرارلىغىلى بولامدۇ؟ قېرىغاندا پۇشايماننى ئازراق قىلىش ئۈچۈن ياش ۋاقتىمىزدا خاتا قەدەمنى ئازراق باسقىنىمىز تۈزۈك. ھېسسىياتنى خەلقىمىز پايدىسىغا بويسۇندۇرايلى. ئەلا سىزنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ پاكىزە يۈرىكى ئۈچۈن قۇربان بەرسىڭىز تامامەن ئەرزىيدۇ سىڭلىم!

گۈزەلناي يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. رازىيە ھاشىرغا ئالىيىپ قويۇپ گۈزەلنايىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە ماڭدى. ئادىلە خۇشاللىق بىلەن ھاشىرغا قارىدى:

— پۈتۈن شىنجاڭنى سىزگە باشقۇرۇشقا بەرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. ئاڭلىدىڭلارمۇ ئەلى، دىلشارا، ئاپاڭلارغا ئېسىلىپ يىغلاڭلار، داداڭلارنى ئۆيگە ئەكىلىپ بەرسۇن.

بالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ئوماق كۈلۈشتى. ھاشىرنىڭ بېشى ئايلاندى. ئۇ تېخى كېسەلدىن تولۇق ئۈزرە بولۇپ كەتمىگەن، ماغدۇرسىز، يەنىلا پات - پات قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالاتتى. لېكىن ئۇ ھامان ناھىيىگە — ئۆز خىزمىتىگە ئالدىرايتتى. ئۇ ئۆز ھويلىسىدىكى بەختلىك بالىلارنى كۆرگەندىلا يېزىلاردىكى مۇشۇ كەچ كۈزنىڭ سوغۇق كۈنلىرى يالاڭ - يالىڭاچ ھالدا مانتا ئوچاق ياكى كاڭنىڭ بوغزىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقان نامرات دېھقان بالىلىرىنى ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ دوستى ئۈچۈن ئۆتە ئېغىز خالىس گەپ قىلىۋال- دى-دە، ئۆزىنى بىر چوڭ غەمدىن خالاس بولغاندەك سەزدى. چۈنكى ئۇ گۈزەلنايىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى سەزدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۆزلىرى چوقۇم ئۈنۈم بېرىدۇ، گۈزەلنايلا كاجلىق قىلمىسا ھاشىر ئەلانى ھەر ئامال بىلەن يارىشىشقا ماقۇل قىلالايدۇ. ھاشىر ئادىلەنى ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ - دە، گۈزەلنايىنىڭ ئۆيىگە ئەلانى ئەكىرىدۇ— ئەلانىڭ خىزمىتى ئاتاقلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. ئەمەلدە بولسا ئۇ ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆز ئىشى بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنتۇ ئۆمەر ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسىنىمۇ ئەلاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. گۈزەلناي خىزمەت قىلىمەن دېسە، ھاشىر ئۇنىڭغا ئۆز لايىقىدا خىزمەت تېپىپ بېرىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشىغا ئۆزىنىڭ ئاۋۇ قېرىندىشىدەك يارامىلىق خىزمەتچىدىن بىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەنە شۇنداق قىلغاندا ئەلا ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، راسا ئۈنۈم بېرىدىغان قىران چاغلىرىنى زايە قىلمىغان بولىدۇ. ئۇ ئەتىسى مېڭىپ ئىشىك تۇۋىدىكى ئايرىم ئىشىكلىك مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆيگە رازىيە ھاشىرنىڭ پۇت ئاغرىقىنى كۆزدە تۇتۇپ مەشمۇ قويغان. مەشنىڭ يېنىدا ئۇزۇن دىۋان بار. ئۇ يەردە سۇنايلىنىپ يېتىشقا بولىدۇ. ھاشىر بايىقى خىيالىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەكچى بولۇپ شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭغاندا ھويلا ئىشىكى ئالدىدا ئادەملەرنىڭ پارىڭى، ماشىنا ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا بىمەھەل كەلگەن مېھمان ھاشىرنى ئۈنچىلىك خۇش قىلمىدى. ئۇ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ پەلەمپەيگە كۆتۈرۈلۈشىگە قوش ئىشىك قوپال قېقىلدى - دە، ئاندىن كېيىن بىر ناتونۇش ئاۋاز خىقىراپ:

— ھاشىر شۇجىنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ-ھە؟— دەپ ۋارقىرىدى. ئۆيىدىن رازىيە ئالدىراپ چىقتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ناتونۇش ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىردى. كىرگۈچىلەر ئەللىكتىن ئاشقان تېمەن مەسلەر ئىدى. ھاشىر ئۇلار بىلەن پەلەمپەيدە تۇرۇپلا سوغۇققىنە قول ئېلىشتى ۋە مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلىدى.

— سىز بىزنى تونۇمايسىز، لېكىن بىز سىزنى تونۇيمىز. سىزنى يېقىن ئاغىنىلىرىمىز قاتارىدا كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆمەر ئەپەندىمنىڭ مۇسىبىتى سەۋەبى بىلەن بىر پەتە قىلىشنى قەرز بىلىپ دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كېلىۋىدۇق.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپلا قىرائەت قىلىشقا باشلىدى.

«ئەلھەمدۇ» بىلەن «قۇلھۇۋاللاھۇ ئەھەت» تېزلا ئوقۇلۇپ «سۇھانىﯞ رەببىكە رەببىل ئىززەتى»، ئەمدىلا ئۇقۇلۇۋېدى، ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا هاراق يەرگە دومىلاپ چۈشتى. هاشىر شۇ چاغدىلا تۇلارنىڭ مەسلىكىگە دىققەت قىلدى. شۇ چاغدا ئەلى تۈيگە بېشىنى تىقىپ قارىدى ـ دە، سىرتتا تۇرۇپ:

— ئاپا، چوڭ دادام بىلەن كامىسسىيونچى كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. شۇ چاغدىلا هاشىر بۇ تولا پارىڭنى ئاڭلىغان ئىككى ئادەمنى تونۇدى: بۇلار ئادىلەنىڭ يولدىشى بىلەن گۈزەلئاينىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان كامىسسىيونچى ئىدى. ئۇ يەردىن هارىقىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى هاشىرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى:

— قىرائەت بىلەن بوتۇلكىنى بىر داستىخانغا تەڭ تەقدىم قىلغان پەتىچىنى بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى هاشىر قاپىقىنى تۈرۈپ، — بوتۇلكىنى يانچۇقىڭىزغا سېلىڭ.

— مەنمۇ ئىچەرمەن ئەمەس، لېكىن سىز بىلەن ئۇنىجى قېتىم ئەسرا بولدۇق.

— گەپىڭ بولار يېرىنى قىلمىدىڭىز، گۈزەلئاينىڭ ھىدىنى پۇراپ خۇمارىم تۇتتى دەڭ. مەن مېھمانغا قوپاللىق قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن. لېكىن سىلەرگە مېھماندوستلۇق قىلالمايمەن. ئايالارنىڭ كەينىدىن مۈشۈك ئۆيگىچە قوغلاپ كەپسىلەر، مەسىلە چۈشىنىشلىك. سىلەردە نە هايا، نە ئادەمگەرچىلىك دېگەن يوقكەن. بۇ ئەلپازىڭلار بىلەن ئۇ ئاياللارغا ئارام بېرەمسىلەر ـ ھە؟ سىلەرگە دەپ قوياي: بۇ ئاياللاردىن دەرھال قول ئۈزۈڭلار، بولمىسا مەن سىلەرنى ئوڭايلا بۇ يولدىن چەكلىيەلەيمەن!

— سىز نېمە دەۋاتىسىز، ئادىلە مېنىڭ قانۇنىي يولدىشىم!

— بىلىمەن. ئۇ خالىمايدۇ، سىز ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشىنى ئۈچ ـ تۆت يىلدىن بېرى كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتىسىز. ئادىلە مېنىڭ سىڭلىم، ئۇنى ئىگە ـ چاقىسىز ھېسابلىماڭ؛ ئېيتىڭا سىزدىن. نەپرەتلىنىدىغان بىر ئايال بىلەن ئۆيۈ ئۆتۈشقا سىزنى مەجبۇر قىلىۋاتقان زادى نېمە؟

ئادىلەنىڭ ئىرى ئامدەك ئاتىرىپ هاشىرغا قاراپ داڭقىبېتىپ تۇرۇپلا قالدى هاشىر. ھۇجۇمنى دەرھال كامىسسىيونچىغا يۆتكىدى:

— پۇل، چىراي، چىرايلىق گەپ بىلەن ئەخمەقلارنىلا ئازدۇرۇش مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ گۈزەلئاي ئەخمەق ئەمەس. سىزمۇ بىلىسىز ئۇ هازىر پۇللۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سۆيگىنى ئەلىنىڭ دادىسى ئەلا تېبخى هايات. ئۇ ئىرىنى جېنىدىنمۇ ئەۋزەل بىلىدۇ. شارائىتى بار تۇرۇپ چەت ئەلگە كەتمىگەنلىكى، لايغا مىلىشىپ مەدىكارچىلىق قىلىشىمۇ سىزدەك پۇللۇق، چىرايلىق ئەرلەرگە يېلىنماسلىقى، ئۆزىگە بىر ئەركەك چۈشىنىشمۇ قوندۇرماي هازىرغىچە كېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ سىز ئويلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۆز سۆيگىنىگە شۇنچە سادىق بىر ئايالنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرۈش بىر ۋىجدانى بار ئەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ سىلەر ئىككىڭلاردا چىراي، پۇل، مەنسەپ بولغىنى بىلەن ئىرناقچىلىك ئەرلىك غورۇرى يوق. سىلەر ئۈچۈن مەن نومۇس قىلىۋاتىمەن. سىلەردەك لەر جاھاندا مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇرغۇن ئاياللار ئەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ. مەن سىلەر بىلەن قاۋاقخانىدا ياكى لەڭزى بېشىدا سۆزلەشمەكچى ئىدىم. لېكىن تەلىيىڭلار باركەن. مەندىن ئوڭاي قۇتۇلدىغان بولدۇڭلار. سىز بىر ئايغىچە ئادىلەنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىڭ، سىز هازىردىن باشلاپ كاللىڭىزدىن گۈزەلئاينى چىقىرىۋېتىڭ. سىز يەنە ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە ئەگىشىدىغان بولسىڭىز پۇت ـ قولىڭىزغا تېڭىقچى تەييارلاپ قويۇڭ. ئەمدى سىلەرگە ھويلامنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، قېنى مەھەممەت!

هاشىر ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. كامىسسىيونچى غەزەپتىن چىشلىرىنى غوچۇرلاتتى. ئادىلەنىڭ ئىرى مىجلىپ تاشلانغان سامان قەغەزدەك قورۇلدى. لېكىن ئۇلار ئىشىك تۈۋىدە قاپىقىنى تۈرۈپ ئىشىك تۇرغان گەۋدىلىك.

ئېگىز بوي، قاناتكىغىز ئادەمگە قاينا تىكىلىپ قارىيالمىدى ۋە چىش يىرىپ جاۋاب قايتۇرالمىدى.

ھاشىرغا شۇ ئاخشىمى ناھىيىدىن خەۋەر كەلدى: ھېلىقى سىرتتىن يۆتكىلىدىغان ئاشلىق ئىشى ئەمەلىيلەشمىگەن. تۇ سىرتقا چىقىپ ئۈزى تېلېفون بىرىپ ناھىيىدىن ماشىنا چاقىرتىپ كېچىلەپ ناھىيىگە چىقىپ كەتتى. تۇنىڭ يادىغا مۇنۇ ئائىلىسى قاچان كېلەركىن. تۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

3

بەزىدە گۈزەللىك سۈرلۈك. قورقۇنچلۇق ياكى كۆڭۈلسىز ـ خۇنۇك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بولىدۇ. مىسالى بۈگۈنكى كەچ كۈز كېچىسىنى ئالساق، كوچىلارنى غازاڭ ۋە چاۋا ـ چاتقاللار قاپلىغان، ئەڭ خىلۋەت بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردىمۇ ئىزغىرىن شامال كۈشۈلدايدۇ. ئۈستى ئەينەكتەك پارقىراق، ئاۋازسىز ئاقىدىغان ئېرىق سۈلىرى گۈڭگا ئاي يورۇقىدا خۇددى ئۇيۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. مانا بۇلار كىشىدە ئۈمىدسىزلىك، ۋەھىمە پەيدا قىلىدۇ ـ دە، سىنى سەيلىدىن يالتايتىدۇ. سىنىڭ بۇ كۆرۈمسىز. ھەتتا سۈرلۈك تەبىئەتنى سەيلى قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئىسسىق يوتقاندا خىيال سۈرگۈڭ كېلىدۇ. لېكىن ئويدانىراق زەڭ قويساڭ بۇ خىل كېچىنىڭمۇ ساڭا مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇرالغىدەك گۈزەل قىلىق ۋە كۆرۈنۈشلىرى بولىدىكەن. ئەنە ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار كەينىدىن كۆلۈپ ـ ئېچىلىپ ئاي چىقتى. تۇنىڭ نازلىق بېقىشى بىردىنلا گۈزەللىكنىڭ جامالىنى ئەسلىتىدۇ. ئاي ئۈزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئېرىق بويىدىكى ئۈششۈكتىن سالپايغان كوكاتلار ئارىسىدا ئىبخى يازلىق كېيىمى بىلەن كۈلۈپ تۇرغان ئەتىرە گۈلنىڭ غۇنچە ـ يورەك، ياپراقلىرىنىڭ رەڭ بوياقلىرىنى ئەينەن ئاشكارىلىدى. سولغۇن كوكاتلار ئارىسىدا بىر تۈپ ئەتىرە گۈلنىڭ بۈككىدە ئېچىلىپ تۇرۇشىغا باز ھېيىتىپ تۇرۇپ تۇرۇشى گۈزەللىك بولماي نېمە؟ تۇ

قەۋرىستانلىقتا ئويناۋاتقان. ئۆلۈمنى ھەرگىز ئېسىگە ئالمايدىغان ساپ دىل گۆدەككە ئوخشايدۇ. تۇ يەنە سانسىز مۇسىبەت ـ خاپىلىقلار ئارىسىدا تۇرۇپمۇ ھاياتلىقنى قانائەت تېپىپ ئۆزىچە كۈلگەن ئۈمىدۋار يۈرەككە ئوخشايدۇ. تۇ يەنە توندە يانغان گۈلخانغا، قەھرىتاندا ئاققان ئەزىمەت سۇغا ئوخشايدۇ. تۇ ۋەھىمىگە پىسەن قىلمايدۇ. تۇ خۇددى ئۈستىدىكى ئايغا قاراپ: «سەن نۇرىڭنى ئايىمىساڭلا، مەن گۈزەللىكىمنى يوشۇرمايمەن. مەن كۆرۈمسىز ئاياللار ئارىسىدا ئۆز ھۆسنى ـ جامالى بىلەن كېرىلىپ ئولتۇرغان چىرايلىق چوكانغا ئوخشىمايمەن. تۇ چوكاننىڭ گۈزەللىكىنى چىرايىدىكى تەكەببۇرلۇقى تۇن قاراڭغۇسىغا ئوخشاش كۆمۈپ كەتكەن. مەن بولسام ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئېچىلىشقا ئىنتىلىمەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ...

ئاچچىق شامال بەر سېلاپ ئىلاندەك ۋاشىلداپ ئۇرۇپ ئۆتتى. لېكىن ئەتىر گۈلنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنى يوقىتالمىدى. ئاچچىق شامال شۇمشەيگەن سۈلارنى تىترەتتى ـ يۇ، ئەتىر گۈلنى كۈلدۈردى...

بىر جۈپ ئەر ـ ئايال قولتۇقلىشىپ كېلىپ دۈمبىلىرىنى قىرى تېرەككە قىلىپ ئايغا قاراپ جىمجىت تۇرۇشتى. تۇلارنى ئاي يورۇتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۇچىسىدا توقۇلما ياقىلىق چىبەرقۇت پاختىلىق چاپان، ھەر ئىككىلىسى كۆك خادانى شىم، چۈخەي كىيىشكەن. ياللاڭباش. قىز يىگىتتىن تۆتلىك ئېگىز، يىگىت قىزدىن بىر چارەك كەڭ. تەمبەل. قىز يىگىتنى قولتۇقلاۋالغان. يىگىتنىڭ ئىككى قولى چاپان يانچۇقىدا. ئاي تۇلارنىڭ چىرايلىرىنى يورۇتتى. ھەر ئىككىلىسى ئاق يۈزلۈك خۇددى تۇرمىدىن چىققاندەك تاتىراڭغۇ. تۇلارنىڭ كۆزلىرى غەمىلىك، مىسكىن. بۇلار ھاشىرنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئەلا بىلەن ئەلا تۇر.

— تۇھ! — دېدى قىز تېرەككە يۆلىنىپ، ئايغا قاراپ، شۇ چاغدا ئاي تۇنىڭ قاڭشالىق بۇرنى، يوغان، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ھەم يۇمۇلغان لەۋلىرىنى يورۇتتى. قىز گۈزەل. لېكىن يېڭى ئېچىلغان

گۈلدەك ئەمەس، بەلكى بوتۇلكىدىكى سۇنىڭ كۈچى بىلەنلا ئاخىرقى جىلۋىسىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان گۈلدەك. ئۇنىڭ پىشانە ۋە كۆز قۇيرۇقلىرىدىكى ئىنچىكە سىزىقلار چىرايىدىكى گۈدەكلىكنى تۈگەتكەن.

— مۇشۇنداق ھېچ ئىش قىلالمايلا بوۋاي - موماي بولۇپ كېتىمىزمۇ ئەلا ئاكا، توۋا ھەش - پەش دېگۈچىلا ئوتتۇز ياشتىن ئېشىپتىمەن. ئەمدى مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىدىغان ۋاقتىم ئۆتۈپ بولدى. ھەجەپ ساددىكەنمەن. مەن تېخى ئۆزەمنى دۇنيا سەھنىسىدە ئويۇن كۆرسىتىپ داڭ چىقىرىدىغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ بىرسىمەن دەپ ھېسابلاپ كەپتىكەنمەن. ئوتتۇزدىن ئاشقاندا شۇ ھۆرمىتىم بىلەن ۋالىبولچىلارنى تەربىيلىسەممۇ بولار دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كۈچىدا قالارمەن، ۋالىبول ئويناشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسام ئائىلە توغرىسىدا، شەخسىي بەختىم توغرىسىدا ئويلىغان بولماسمىدىم. بەزىدە ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ دەڭگا، قىرىق - ئەللىك ياشلىق، ئەچچە باللىق ئادەملەردىن ئەلچىلەر كېلىدۇ. ئادەملەرغۇ يامان ئادەملەر ئەمەس، لېكىن مەن بۇنداق ئىشنى زادىلا ئەقلىمگە سىغدۇرۇلمايدىكەنمەن. ئەلا ئاكا، قىلىنلىق بولسىمۇ ئېيتىۋېرەي، مەن ھازىرغىچە بىر يىگىت بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ يۈرۈپمۇ باقمىدىم. راستىنى ئېيتسام مەن يېقىنغىچىلا خىيال دۇنياسىدا ياشاپتىمەن. ئەتراپىمغا قاراپمۇ باقماپتىمەن. راستىلا ماڭا بوۋايلاردىن باشقا لايىق قالماپتۇ. تەڭتۇشلىرىم ساپلا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق. كىچىكلەر ماڭا لايىق ئەمەس، قېرى يىگىت تولىمۇ ئەتىۋا، قېرى يىگىتلەر مەلۇم سەۋەب بىلەن تۈرمىگە كىرىپ چىققانلار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېلىقى بوۋايلاردىن پەرقى يوق. توۋا، ئۆز بەختىنى بوۋايلاردىن ئىزدەيدىغان قېرى قىز بولۇپ قالغىنىمنى دەڭگا ھا، ھا، ھا!...

قىزغا قوشۇلۇپ يىگىتمۇ كۈلدى. كۈلگەندە يىگىتنىڭ ئورۇق يۈزى قورۇقلار ئارىسىدا قالدى:

— ئۈمىدسىزلەنمەڭ ئەلانۇر، — دېدى ئەلا قىزنىڭ ئۆز بىلىكىدىكى مۇزدەك بارماقلىرىنى سىلىق مۇجۇپ قويۇپ، — ھە دېسىلا بوۋايلار، يىگىتلەر دەۋەرمەڭ، مەنمۇ بوۋاي جۈملىدىن، كۈلكۈمگە كېلىدۇ. گەپ ئادەملەرنىڭ يېشىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكىدە، ئۆيلۈك بولۇشى، باللارنىڭ بولغانلىقى ئۇنچىلىك چوڭ ئەيىب ئەمەس. گەپ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە، قانداق بىر ئادەم مۇھەببەت ھېسسى پەيدا قىلالايدۇ دېگەن مەسىلىدە. سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان، ھەتتا ئۆزىڭىز قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئاسراشقا ئەرزىيدىغان ئادەممۇ ياكى سىزدىن مەنپەئەت ئىزدەپ، ساختىلىق بىلەن يۈرىكىڭىزگە قول سالغان بىرسىمۇ؟ گەپ مانا مۇشۇنىڭدا! سىزنى غەرەزسىز سۆيگەن ھەرقانداق بىرسىنى، مەيلى سىز ئۇنى سۆيۈڭ ياكى سۆيمەڭ ھۆرمەتلىشىڭىز كېرەك. ئەمما قوشۇلۇش باشقا گەپ، ئۇ ئىككى يۈرەكتىكى ئورتاق مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى. بىر - بىرىنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ئىككى ئادەم ئائىلە قۇرۇشى كېرەك. بۇ شەرتنىڭ بىرسىلا كەم بولسا بۇ خىل ئائىلە ئازاب. ئىنسان ئۈچۈن ئائىلىلىك بولۇش شەرت ئەمەس. بويتاق ياكى تول ئۆتنۈشمۇ ئەيىب ئەمەس. ئەمما بىرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ مۇھەببەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر بەخت. سىز بىلەن بىز ھاياتقا كونىلارنىڭ كۆزى بىلەن قارىساق بولماس. ئۆيلۈك بولۇش، بالا - چاقىلىق بولۇش، كىيىم كېيىش، تاماق يېيىشكە ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى، قانۇنىيىتى، ياخشىسى بولمىسا يامىنى، يېڭىسى بولمىسا كونىسى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئىش قىلىپ بولسىلا بولدى، دەپ قارىساق ھاياتنى، ئىنساننى ياخشى چۈشەنمىگەن بولىمىز.

ئەلانۇر ئايغا قاراپ خىيالغا پاتتى. ئۇ بىرسىنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەنمۇ؟ ياق، ئۇ راستىلا مۇھەببەت دېگەن بۇ ئاجايىپ سىرلىق نەرسىنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ. ئۇ ئون بەش يېشىدىن تارتىپ توپقا، مەيدانغا، شۆھرەتكىلا بېرىلدى. ھاياتنىڭ بىلەززىتىمۇ

مانا شۇلاردا دەپ چۈشەندى. خەلقئارا توپ مۇسابىقە-لىرىگە ئىككى قېتىم باردى. لېكىن مەيدانغا چۈشمە-يدى. ھىندونېزىيەدە كوماندىنىڭ زاپاس ئەزاسى، ئالبا-نىيىدە كۆزەتكۈچى بولۇپ چەتتە تۇردى. ئۇنىڭ سەكرىگۈسى، دومىلىغۇسى، ئۆزى ئۈچۈن چېلىنغان قىزغىن چاۋاكلاردىن ھوزۇرلانغۇسى كەلدى. لېكىن بۇلار ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈل-گەن مۇسابىقىدە ئۇ ھاياتىدا ئەڭ خۇشال بولىدىغان ئىش — ئاساسىي ھۇجۇمچى ئورنىدا توپ ئوينىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى خۇشاللىق. خۇددى تويى بولغاندەك ياكى باشقا بەختكە يولۇققاندەك ئىش. ئۇ شۇ چاغدا — ئالقىش - چاۋاكلارغا كۆمۈلۈپ بىر نەچچە كوماندىنى يەڭگەن شۇ كۈنى ئاخشىمى ئوڭدايتتىپ: «مەن تېخى يىگىرمە ئۈچ ياشتا، يەنە بەش يىل توپ ئوينىيالايمەن. بەش يىلغىچە ئىلاستىكلىك. پاقالچەكنىڭ كۈچى جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىمنى تۈگىتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى توپ ئۇرغۇچىلاردىن بولۇپ چىقىپ ياپونىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، كۇباكوماندى-لىرىدىكى يۇلتۇزلار بىلەن بەسلىشەلەيمەن»دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ يىگىتلەر توغرىسىدا ئويلايدىغان. مۇھەببەت توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەيدىغان چاغلىرى ئەنە شۇنداق ئارزۇ-خىيال بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن ئارزۇ قىلغانلىرىمۇ، پۇشايمان قىلغانلىرىمۇ ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. «ئىنقىلاب» خۇددى يېرىم كېچىدە بېسىپ كەلگەن كەلكۈندەك ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ - خىيال، پىلانلىرىنى ئاپىرىپ لايغا كۆمۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇ، ھاياتى خەۋپلىك، تۇرمۇشى مەنىسىز بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى ئوۋچى ئىتلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن كېيىك بالىسىدەك بىرلا جان ۋە ھاياتلىق ئارزۇسىدا قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش غېمى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايتتىمۇ؟ ياق. ئۈمىدسىزلىك، ئىھ- دەۋر، سەن شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولارسەنمۇ-ھە؟ دەۋرنىڭ غېمىنى يەيدىغان بىر غايىلىك قىزنى ئىنسانىي مۇھەببەت لەززىتىدىنمۇ جۇدا قىلىپ قويدۇڭ، ئۇنىڭ ساپ-ئۇلۇغۋار غايىلىرىنى دەۋرگە، خەلققە دۈشمەن قىلىپ كۆرسەتتىڭ، ئۇنىڭدىكى ئۆز نىشانغا بولغان ئىللىقى مۇھەببەتنى جان... قورساق غېمى بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتتىڭ. مانا ئەمدى ئۆزىنى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلەردىن ھېسابلىغان مەغرۇر قىزنىڭ مۇھەببەتنىڭ كىشىلىك ھاياتتا تۇتىدىغان ئورنىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق سۆيۈملۈك، گۈزەل قىزنىڭمۇ بىرەر يىگىت سۆيمىگەن. سېنىڭ ئۇ قىزىڭمۇ ئوتتۇز ياشتىن ئاشقىچە بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان.

قىز شۇلارنى ئويلاپ ئازابلاندى. ئۇ كۆزلىرىدىن ئۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قاراڭغۇ باغقا قارىدى. باغ سۈرلۈك ئىدى. ئويۇقسىز باغنىڭ چېتى بۇزۇلغان يېرىدىن ئەنسىز ۋارقىرىشىپ ئىككى مۈشۈك چىقتى. ئېرەك بېشىدىكى قاغىلار قاقىلدى-شىپ تۆۋەنگە ماياق تاشلىدى. ئەلانۇر ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقان مۈشۈك - قاغىلاردىن خاپا بولمىدى. چۈنكى ئۇمۇ بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بالىلىرىنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ كوچىغا ئەگەشتۈرۈپ ئەپچىقىپ، ئۇماق بالىلىرى بىلەن ماختانغان ساۋاقداشلىرىنى كۆرسە ئىچىدە مازاق قىلىپ «بىچارىلەر!» دېگەنىدى. مانا ئەمدى، ئۇلار بەختلىك. ئۆزى بىچارە. ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىدا ئۆزىنى مازاق قىلغۇچىدىن رەنجىگۈچىلىكى



بارمۇ؟ ئۇ ئەتور قاراپ تۇرۇپ، چاپىنىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ:

ئۇھ، تۇۋا! — دېدى ئازاب بىلەن، — ئەلا ئاكا، ئېيتىڭا كەلگۈسىدە يەنە ياخشىلىق بولارمۇ؟

بۇ قېتىم ئەلا قىزنىڭ بىلىكىنى ئاستا تۇتتى. ئۇ قىزنىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىنى چۈشەنگەن، قىزغا تەسەللى زۇرۇر:

— سىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى باللىرىڭىز ئىشقا ئاشۇرىدۇ ئەلانۇر. بىر ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارماننى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇشمۇ بىرىم بەخت. ساۋۇتوۋ، ئۆمەر ئەپەندىملەر ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ماڭا تاپشۇردى. بەلكى مەنمۇ باشقىلارغا تاپشۇرارمەن. خۇددى شۇنداقلا ئەلانۇرنىڭ ئورنىدا بەلكى باشقا بىر قىزىمىز دۇنيا سەھنىسىدە چولپان بولۇپ پارلاپ قالار، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خۇشال بولساق بولىدۇ. ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزمۇ ئۆلۈپ بىزنىڭ ئورنىمىز ئوت كەتكەن جاڭگالغا ئوخشاپ قالغان بولسا قانداق قىلارىدۇق؟

— مەن ئەمدى بىر ئەر كىشىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا چىن قەلبىمدىن رازى. ئوچاق بېشى ئەمدى مەن ئۈچۈن دۇنيا سەھنىسى.

قىز شۇنداق دېدى - دە، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئەلا قىزنىڭ قويۇق چاچلىرىنى سىلىدى. قىز بېشىنى ئەلانىڭ مۈرىسىگە قويدى. قىزنىڭ چاچلىرى ئەلانىڭ يۈزىنى غىدىقلىدى. ئەلا مېھرىۋانلىق، ھېسداشلىق ۋە تەسەللى ئۈچۈن قىزنىڭ يىرىك چاچلىرىنى پۇرىدى، قۇلىقىنى ئاستا سۆيدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا ھاياجان ۋە ئەرلىك ھېسسىي ھەۋىسى بىلەن جانلاندى. ئۇ قىزنى ئۆز باغرىغا چىڭراق باستى. قىزنىڭ ھۇدۇققان، ھاياجانلانغان ئىسسىق تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۆمرىدە ئۆزىنى يىگىت قۇچىقىدا كۆرۈپ باقمىغان قىز تۇنجى قېتىملىق ئەر كىشى ھارارىتىنىڭ تەپتى بىلەن ئېرىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. ئۇ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئەلانىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە توغرا تىكىلدى. قىز كۆزى ئارام - راھەت ۋە بەخت ئىزلەيتتى. لېكىن يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. ئۇ قىزنىڭ تەلەپچان لەۋلىرىدە كەلگۈسىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي ئازابنىڭ ئۇيۇقلىرىدىن ئىنىق

قالدۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ ئەلانۇرنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى — قىزنى يېنىك قولتۇقلاۋالدى.

ئۇلار نومۇس ۋە خىجالەتتىن يەرگە قارىدى. يەردە قويۇق كۆككاتلار ئارىسىدا چوغدەك ئېچىلىپ ئەتىرگۈل تۇراتتى. ئەلا ئەتىرگۈلدىن كەچ كۈزنىڭ قىروسى بىلەن ئاقۇش رەڭگە كىرگەن بىر تال غۇنچىسىنى ئۈزۈۋالدى - دە، ئەلانۇرنىڭ تۆگمىسىگە ئېسىپ قويدى. تولۇن ئاي بۇ چاغدا غەربكە ئېگىشكەن. ئۇ يان تەرەپتىن ئۇلارنى، گۈلنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قىرو بىلەن ئاقىرىپ تۇرىدىغان ئەتىرگۈل ئاچچىق شامالىلىق، غازاڭ بىلەن سەتلەشكەن، يالىڭاچلىنىپ قالغان، قىش كىرىش ئالدىكى سۇرلۇك شەھەرگە باھار پۇرىقىنى چېچىپ تۇراتتى.

ئۇلار قولتۇقلىشىپ چوڭ كوچىغا چىققاندا دوخمۇشتىكى كانايدىن تۇيۇقسىزلا بىر يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ئەلانۇر بۇنداق ناخشىمى (پىشانىسىگە تۇنجى قېتىم يىگىت لىۋى تەككەن ناخشىمى) ھېسسىياتلىق ناخشا - مۇزىكا، چىرايلىق سۆھبەتكە تەشنائىدى. ناخشا دەرھال ئۇنىڭ قەلب ئىشكىنى چەكتى.

— توختاڭا، بۇ كىمدۇر، قانداق ياخشى ئېيتقان ھە؟ — قىزنىڭ قەدىمى ئىختىيارسىز توختىدى. ئۇنى قولتۇقلاۋالغان ئەلا شۇ چاغدىلا رادىئود كانىيىدىن ناخشا ئاڭلىنىۋاتقىنىنى سەزدى - دە، ئۆزىگە تونۇش ئاھاڭ، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن بېيىتتىن ھەيران بولۇپ ئەلا ئۇرغا قارىدى:

— پاھ، پاھ، مۇنۇ كارامەتنى ھە.

— سېرىق دېمەي كانايدىن بېرىۋېرىپتىغۇ، چەت ئەلنىڭمۇ - يا؟

— ياق بىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ.

ئەلا بۇ سۆزنى ھاياجان، خۇشاللىق بىلەن ئېيتتى. لېكىن ئەلانۇر ئۇنىڭ نېمىگە ھاياجانلانغانلىقىنى بىلەلمىدى.

— بەسلىشىمەن چەت ئەلنىڭ! — دېدى ئەلا ئۇر ئوڭ قولىنى سوزۇپ، — بىرسى تەلۋىلىك قىلىپ چەت ئەل رادىئوسىنى سىمغا ئۇلاپ قويغان. غۇلجىنىڭ بەڭباش ياشلىرى نېمىنى قىلمايدۇ دەيسىز؟ پاھ، پاھ، توختاڭا. نېمانچە ئاۋازى يېقىملىق، قىز يالالىبۇلە ...

ئەلامۇ ھاياجانلاندى. بۇ چاغدا تۇلار يەنە بىر تىرەككە يۆلىنىپ ئىرىق ياقىسىدا دەرەخ سايىسىدا ئولتۇراتتى. لېكىن يىگىتنىڭ قىزنى قولتۇقلاۋالغان قولى بوشاپ چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ھالەتنى تۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى سەزمىگەنىدى. ئۇلار ئىختىيارسىز سارغايغان چۆپلەر ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. ناخشا تۇلارنى پەرۋانىنى ئوزىگە تارتقان چىراقتەك ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالغان. ئۇلار ئۈن ـ تىنسىز، بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئاڭلىماقتاتىدى.

ئادەملەرنىڭ قەلبىدە تولا ئىپتىلدىغان غۇلجا «كوچا ناخشا»لىرى بۈگۈن ئاخشام غۇلجا ئاسمىنىدا يېڭىدىن ئۇچۇم بولغان قوش باللىرىدەك پەرۋاز قىلدى. ئۇيىدە خىيال ياكى جەدەل بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەملەر ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشىپ، رادىئو كانىيىغا يېقىن دوخمۇشلارغا توپلىنىشقان. تۇلار خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىرىنى ئاۋازسىز ھالدا كۆز ۋە قول ـ باش ئىشارىلىرى بىلەن بىلدۈرۈشۈپ، خۇددى مەشرەپ تەرتىپىنى ساقلىغان ئوتتۇز ئوغۇلدەك جىمجىت، تەرتىپ بىلەن ناخشا ئاڭلاشتى.

ناخشا دىلغا ئارام ۋە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ناخشا كىشى قەلبىدىكى غەم ـ قايغۇ بۇلۇتلىرىنى شامالدەك ھەيدەپ كۆڭۈلگە يېنىكلىك بېرىدۇ. ناخشا شۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئۇنتۇلغان يۈرەك ئاغرىقىنى كىشىنىڭ ئېسىگە سالىدۇ. ساقايغان كۆڭۈل يارىسىنى قوزغىتىدۇ...

ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن ئەلا ئۇلۇغ كىچىك تىندى ـ دە، ئەلەم بىلەن ئايغا قارىدى. ئاي يورۇق دەرەخلەر ئارىسىغا قىسىلغان، لېكىن ئەلاتۇرنىڭ قەلبى خۇددى پاراغەت تاپقان ئاشىق قەلبىدەك تۈركەشلىدى. تۇنىڭ مۇھەببەت تەشنالىقىدا ئازابلانغان يۈرىكى قانائەت تاپتى. تۇ ھاياتلىقتىكى خۇشاللىقنىڭ يەنە بىر قېتىم تەمىنى تېتىدى. ئۇ ئەلانىڭ بىلەكلىرىگە دولقۇنلۇق يۈرىكىنى چىڭ چاپلاپ، تۇنى مەھكەم قولتۇقلىۋالدى.

—كېچىچە ماڭغاندا ئەيمىنىپ ئەگىمۇ ياردىمەن،

زۇلخۇمار ئاللىقاچان باللىرى بىلەن تۇخلاپ بولدى. ئۇيىگە قايتسام يەنىگەم خاپا بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سىز بىلەن سەيلە قىلىپ تۈننى ئۆتكۈزۈش. ياكى ئىلى دەرىيا بويىغا چىقىپ تاشتا ئولتۇرىمىزمۇ ـ يا؟

—— سىزنى قانغىچە سەيلە قىلدۇراي. لېكىن مەن ئەتە سەھەر يېزىغا چىقىپ كېتىمەن. ئېملا بولمىسۇن ئارۇپنىڭ تۇيىدە قونىسام بولمايدۇ.

قىزنىڭ ئەلانى قولتۇقلىۋالغان قولى بوشىدى. تۇ كۆكرىكىنى ئەلانىڭ بىلىكىدىن نېرى قىلدى.

— ناۋادا سىز خاپا بولسىڭىز، بولىدۇ كېچىچە بىللە سەيلە قىلايلى. — دېدى ئەلا قىزنىڭ بۈگۈن كېچە پەيدا بولغان خۇشاللىقىنى ئاسراش ئۈچۈن، — ئانچە مۇھىم ئىشىمۇ يوق. بىر كۈن ـ يېرىم كۈن كېچىكسەممۇ ھېچنەرسە بولمايدۇ.

قىز قايتىدىن ئەكىلەپ يىگىتكە سۈركەلدى.

قىلىۋىدىن ئاچچىق شامال چىقماقتا. تېرەكلەردىن ئاخىرقى يوپۇرماقلار تۆكۈلمەكتە... مانا ئايمۇ ئەگىدۇر مۆككۈندى. كوچىلاردىكى چىراقلارمۇ ئۆچتى. ئەلەردىندۇر ئولتۇرۇشتىن بىرسى سوزۇپ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتماقتا. بۇ بەلكى كېچىلەپ بولغا چىققان كۆمۈرچى ياكى توتۇرىغا ئوت ياققىلى تۇرغان ناۋاي. ياكى بولمىسا ئىچى كۆچلۈك كۈزەتچى... دېمەك ئەلەردىندۇر ئەلالاردىن باشقا مۇھەببەت ـ كۆڭۈل شادلىقىدىن باشقا ھەر خىل ئىشلار بىلەن كېچىسى مىدىرلىشىپ يۈرۈشكەنلەر بار ئىكەندە!

— مەن چوڭ بولدۇم. تېخى قىرىدىم دەپ ئويلايمەن. لېكىن تۇرغۇن ئىشلارنى تېخى چۈشەنمەيدىكەنمەن. ئاددىسى يېنىمدا يۈرگەن دوستلىرىمىنىمۇ تازا دېگەندەك چۈشەنمەيدىكەنمەن. مانا سىز مېنىڭ يېنىمدا كېتىۋاتىسىز، مەن شۇ تاپتا سىز بىلەن بىللە سوغ يەپ كوچا ئايلانغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى تولىمۇ بەختلىك، خۇشال سېزىۋاتىمەن. قېلىنىكەن دېسىڭىزمۇ دەۋرەي. شۇ تاپتا سىزدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىغىم كەلمەيدۇ. سىز تويۇقسىزلا مېنىڭ تىپ ـ تىنچ تۇرغان مېگەمنى خىيال، سوئال ـ سوئاللار بىلەن تولدۇرۇۋەتتىڭىز. سىز مېنى

ھەم خۇشال قىلدىڭىز، ھەم گاڭگىرىتىپ قويدىڭىز. گەپىنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، سىز مىنى ئەمدى خاتىرجەم قويمايدىغان بولدىڭىز. لېكىن، مەن سىزنى خاتا چۈشەنگەن، ھەتتا چۈشەنمىگەن بولۇشۇم مۇمكىنمۇ؟...

ئەلا ئەمدى قىزنىڭ چىرايىنى كۆرمەيتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا بايا ناخشا ئېيتقان گۈزەللىكنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى. گويا گۈزەللىك قارا بۇلۇت ئارىسىغا مۆكۈنگەن ئايغا ئوخشاش ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئەلانۇرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ئەلانۇرنىڭ ئاخىرقى سوئالىنى چالا - پۇلۇلا چۈشەندى - دە:

— ئېھتىمال ئۇنداق دەيسىز، سىز بىلەن بىز كونا دوست، — دېدى.

— ياق، كونا دوست ئەمەسكەنمىز. مەن بۇ ھەقىقەتنى بۈگۈنلا سەزدىم، — دېدى قىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — دوستلۇق قىممەتلىك نەرسە. لېكىن ئادەم دوستلۇق بىلەنلا بەختلىك بولالمايدىكەن. ئاۋادا سىز بىلەن كونا دوستلاردىن بولغان بولساق، سىز ماڭا بۈگۈن بۇنچىلا سىرلىق بىلىنمىگەن بولاتتىڭىز.

ئۇلار قاراڭغۇ كوچىدا جىمجىت، خۇددى بىر ئادەمدەك يېقىن يانداشىپ خېلىگىچە ماڭدى. ئاچچىق شامال ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، يۈزلىرىگە زەھەر سانجىپ ئۆتەتتى. ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيدى. كوچىلار شۇنچىلىك قاراڭغۇلاشتىكى، ئۆيلەر بىلەن قۇرۇق تاملارنى پەرق قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى.

ئەلا قىزنىڭ تىنىقىنىڭ ئۆز قۇلىقىغا ئۇرۇلغانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئوتتۇز گىرادۇس بۇرۇلۇشلا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، لەۋلىرى ئۇچرىشاتتى. ئۇن ئۇلارنى ھەممە ھايا - نومۇس، ئېھتىياتلاردىن ئازاد قىلغان. ئەتراپتا ئاچچىق شامالنىڭ ھوۋلىشىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. قىز كۆڭلى ئەلادىن ئېمىنى تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئېنىق. ئەلا قىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى ئەتەي يوشۇرماقتا، خۇددى كىچىك بالىنى

ئالدىغاندەك قىزنى ئالدىماقتائىدى. ئۇ گەپدانلىق بىلەن قىزنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرماقچى بولدى:

— راست دەيسىز، دۇنيا سىرلىق، ئادەملەر چۈشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مۇرەككەپ. دۇنيادا دانالار تولىمۇ ئاز جۈملۈك. ئىنسانلارنىڭ توقسان توققۇز پۈتۈن يۈزدە توقسان توققۇز پىرسىنى مايمۇنغا ئوخشاش دورامچى. ئۆزىچە يېڭى يول تېپىپ ماڭىدىغانلار ئىنتايىن ئاز. ئادەملەر بىر - بىرسىنى دوراپ، ھازىرقىلار ئۆتكەنكىلەرنى، كىچىكلەر چوڭلارنى، يۇخرالار باشلىق، مۇتەۋەر، يۈز - مەرتىۋىلىكلەرنى دوراپ ياشاۋېرىدۇ. ئۆز ئەقلى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز. بەزىلەر ھايات توغرىسىدا دانالىق بىلەن سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى سىزگە بىر يېپيېڭى كىتابتەك بىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارمۇ ھاياتنى ئۆزلىرى سۆزلىگەنچىلىك چۈشەنمەيدۇ. بەزىلەر قېرىپ مۈكچەيگىچە بۇ دۇنيادا ياشايدۇ - يۇ، ھاياتتىكى ئەڭ ئاددىي قانۇنلارنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ يېڭىلىق ئىزدەيدۇ. ئازراق يېڭىلىقمۇ بارتىدۇ. لېكىن ئەقىل بىلەن باھا بەرگىنىدە ئۇنىڭ يېڭىلىق دەپ تاپقان نەرسىسىمۇ باشقىلارنىڭ، ھېچ بولمىسا قىلىپى باشقىلارنىڭ بولۇپ چىقىدۇ. بۇ دۇنيا سىرلىق بولماي نېمە؟

ئەلانىڭ ئەزمىلىك بىلەن ھايات ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بۇ مۇلاھىزىسى قىزنىڭ ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان قەلبىگە سېلىنغان بىر پارچە مۇز بولدى. قىزنىڭ يۈزى ئۇنىڭ يۈزىدىن يىراقلاشتى.

— ئاھ! — دېدى قىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بىز راستىنلا ئاجىزكەنمىز. بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشىدىغان نەرسىمىز تولىمۇ ئازكەن. كىشىلەردىن قورقۇش، نومۇس قىلىش، ئىپپەت - نومۇسىمىزنى ھىمايە قىلىش بىلەن راسا گۈلدەك چاغلىرىمىز ئۆتۈپ كېتىدىكەن. بىز ئەقىل تاپقاندىن كېيىن چىراي - ھۆسنىمىز ئىسكىلاتنىڭ تېگىگە بېسىلىپ قالغان مالغا ئوخشاپ قالىدىكەن. دۇنيادا كۆرىدىغان راھەت، پاراغىتىمىز، تارتىدىغان جاپا -

مۇشە قىقىتىمىزنىڭ ئوندىن بىرسىگە توغرى كەلمەيدىكەن.

ئەلانىڭ قىزغا ئىچى ئاغرىدى. ئۇ ھەقىقەتنى ئېيتماقتا. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ماختاشقا ئورۇن يوق.

— ئېمىشقا كۆڭلىڭىزنى بۇزىسىز، قاراڭگا، كۆزلىرىڭىز نەم، — ئەلا قىزنى ئۆيۈقسىزلا ئۆزىگە تارتتى. ئالقانلىرى بىلەن قىزنىڭ يۈزىنى سىلىدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھېسداشلىق، ئىچ ئاغرىتىش ۋە تەسەللى يۈزىسىدىن قىزنىڭ پېشانىسىگە، كۆزىگە سۆيدى. قىز بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك يىگىتكە چىڭ ئېسىلدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، ئاندىن كېيىن لەۋلىرى ئۇچراشتى...

— توۋا، — دېدى قىز ھارغىنلىق بىلەن ئەلاغا يۆلىنىپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ. — كۆتۈلمىگەن ئىش.

— ئىنسان يوشۇرغان بىلەن نەقەدىر يوشۇرمايدۇ. شۇنداق بىر شېئىر بار، ئاڭلاپ قويۇڭ:

سۆيمەك ھەر دەمدە گەردۈن قويماغاي ئاسارىنى،
ناگە ئەھلى سىدىقى كۆڭلى مېھرىن ئەيشان ئەيلەسە.

—چۈشىنەلمىدىم.

— ئانداق بولسا مېنىڭ قوپال تەرجىمەمنى ئاڭلاڭ:

سۆيمەكلىك ھەردەمدە نەقەدەر قويمايدۇ ھېچ سىرىنى،
چىن ئاشىقلار ئىزھار قىلماق بولسا گەرچ سىرىنى.

— ھا، ھا، ھا...، — قىز قاقاخلاپ كۈلدى، — مۇھەببەتنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ، سەن يوشۇرساڭ نەقەدىر ئۇنى سۆيمەكلىك ئاشكارە قىلىپ قويىدۇ دېمەكچىمۇ؟

— ئاپىرىن، — دېدى ئەلا شەرقنى كۆرسىتىپ، — ئەنە سۆيمەي، بىزمۇ ئاشكارىلىنىپ قالمايلى يەنە.

— يەنە يوشۇرغىچىلىكى بارمۇ تېخى؟

قىز ھەيران بولۇپ يىگىتتىن ئەستايىدىل سورىدى. [illegible]

— ئاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى، تېز بارايلى، دوستۇم ئاروۇپ تولا ساقلاپ ئۇخلىيالمىدى.

راست دېگەندەك ئاروۇپ تېخىچە ئۇخلىمىغانىكەن. دەرۋازا ھالقىسى قېقىلىشى بىلەن ئۇ چاپان يېپىنچاقلاپ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى:

— ئۇ ھو - ھوي، — دېدى ئۇ شوخلۇق بىلەن، — قەدىمىڭلارغا مۇبارەك. مانا تۇنجى قار!

1975 - يىلى كەچ كۈزدە غۇلجا شەھرىگە راستىلا تاڭغا يېقىن تۇنجى قار ياغقانىدى.

ئەلانۇر ئاروۇپنىڭ سارىيىدىكى سىم كارىۋاتتا چۈشكە يېقىن ئارانلا ئويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قانغان. ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك، تولىمۇ خۇشال سەزدى. ئۇ ئويغىنىپلا بىرىنچى بولۇپ ئەلانى ئويلىدى. ئۇنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. ئۆي غۇۋا يورۇق، تولىمۇ ئىللىق ئىدى. دېرىزىلەرگە تور ۋە يىپەك پەردىلەر تارتىلغاچقا ئۇ يەر - بۇ يەردىن چۈشكەن يورۇقلار ئەتراپقا كەڭ شاخ يايغان گۈلنىڭ توم يېشىل يوپۇرماقلىرىنى ئۇچاقتىن چاچراپ چىققان چوغلاردەك ئالا - بۇلا يورۇتۇپ تۇراتتى. قىز ماموق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئۇزۇن پۇتلىرىنى سوزۇپ ھوزۇرلىنىپ ئولتاردى. ئۇنىڭ پىكرى يەنە ئەلاغا يۆتكەلدى. ئۇ «توۋا!» دەپ پىچىرلاپ قويۇپ كارىۋاتتىن چۈشتى - دە، شىم، پوپايكىلىرىنى ئالدىراپ كىيدى. ئۇ ئۆيدىن ھېچكىمنى تاپالمىدى. ئاروۇپ ئەر - ئايال، بالىلىرى مەكتەپكە كېتىشكەن. ئاخشام ئاروۇپ بىلەن بىللە يان ئۆيدە ياتقان ئەلاچۇ؟ ئۇ كەتكەن بولسا بىرەر ئىلىك خەتمۇ قالدۇرماي كەتكەنمىدۇ - ھە؟ قىز ئەلانىڭ چىپەرقۇت چاپىنىنى ئىزدىدى. ئۇمۇ يوق بولۇپ چىقتى. دېمەك، ئەلا كەتكەن. ئەلانۇرغا خوش دېمەي، ئىككىلىك قەغەزمۇ قالدۇرماي كەتكەن. ئۇنىڭ ئاخشامقى قىلىقلىرى ساختىلىقمۇ؟ بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ئەلانۇرنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆمۈر بويى ئۆچمەيدىغان بىر ئوتنى ئۆتاشتۇرغانمىدۇ - ھە؟ قىز شۇنداق ئويلىدى - دە، بىردىنلا ئەلادىن نەپرەتلەندى. لېكىن بۇ نەپرەت تۇمۇزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كىچىككىنە قۇيۇندەك تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. قىز بىردىنلا ئەلانى ئەيىبلىگىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن نەپرەتلەندى. ۋياق، — دېدى ئۇ

ئۆزىچە، — مەن ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرگەن بولسام، ئۇمۇ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆردى، ئۇ مېنى ئالدىمايدۇ. ئۇنىڭ مېنى ئالداپ ئاخماق قىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەممىلا ئىشتا سەممىي-سادىق، مۇھەببەتتە ئېخىمۇ شۇنداق» ئۇ يۈيۈنۈپ - تارىنىپ سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا ئۆيگە قاقاخلاپ كۈلۈشكىنىچە ئارۇپنىڭ ئايالى بىلەن زۇلخۇمار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئۇنجى قارنىڭ سوغىدا خۇددى ئاپىروت ئالمىدەك قىزىرىشقان، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ئاپئاق ھور چىقىپ تۇراتتى.

— قارلىق ئاشلاپ ئۇتۇلۇپ قالدىم، — دېدى زۇلخۇمار دولقۇنلۇق چاچلىرىدىكى قارنى سىلكىپ تۇرۇپ، — قانداق ئەھۋالىڭ ئەلانۇر قوزىچاق. ھوي، سېنى قاچانغىچە ئەكىلىتىمىز. سەنمۇ ئەمدى بالا ئەكىلەتسەڭ بولاتتى.

— ئاز قالدى، — دېدى ئارۇپنىڭ ئايالى زۇلخۇمارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — خۇدايىم بۇيرىسا كېلەر يىلى بۇ چاغدا بۆشۈك توي ئوينايمىز.

— ساراڭ خوتۇن! — دېدى ئەلانۇر ئەكىلەپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوشلا ئۇرۇپ، — ئەلا ئاكام غەلىتە ئادەمكىنا؟ خۇشىمۇ دېمەي كېتىپ قاپتۇ.

— ئۆزىڭىز بولغا سالغانسىز، كۆرۈڭ ئېخى خۇپسەنلىكىنى، ئۆزى يولغا سېلىپ قويۇپ، بىلمەس كىشى بولۇۋالغىنىنى.

— مەن نەدىن بىلەي، ۋېي ئېخى...

— ئىككىڭلارنى ئۆيدە ئۇخلىتىپ قويۇپ ئىشقا كەتكەن بىز، — دېدى ئارۇپنىڭ ئايالى يەنە زۇلخۇمارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — كېچىچە ئۇگىمىگەن پاراڭلىرى بارمىكىن دەپ ئۇيىنى ئۇڭچە تاشلاپ بەردۇقمۇ خېنىم.

ئەلانۇر ھۇپپىدە پەرەڭدەك قىزىرىپ ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئارۇپنىڭ ئايالى زۇلخۇمارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاشقا ئۈلگۈردى:

— كېچىچە كوچىدا ئۇنىگەن گەپ.

ئەلانۇرغا ئەمدى ھەممىلا نېمە يېڭى، يېقىملىق بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئارۇپنىڭ ئۆيىدىن چۈشلۈك تاماقنى يەپ قايتتى. ئاياللار تاماق ئىتتۇيىتىپ باشتىن ئاخىر ئەلا توغرۇلۇقلا سۆزلەشتى. ئۇلار ئەتەيلەپ ئەلانى شۇنچىلىك ماختاشتى. ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى ئەلانۇرغا خۇددى توپ مەيدانىدا چېلىنغان چاۋاكتەك يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۇ ئاياللارنىڭ ئەلا توغرىسىدىكى مەدھىيىلىرىدىن ئەلانىڭ دوستلىرى بۇ بىر جۈپ يۇلتۇزغا ھېسداشلىق قىلىدىكەن. ئىككى ئەلا، ئىككى نۇرنىڭ ئىككى دۇنيالىق قوشۇلۇشىنى چىن قەلبىدىن خالايدىكەن دېگەن مەنانى چۈشەندى.

ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ بويىدىن قۇچاقلىغۇسى، قار بىلەن پۈركەلگەن ئالمىلىق باغقا كىرىپ ناخشا ئېيتقۇسى، يېشى ئوتتۇزدىن ئاشقاندا ئۇنجى مۇھەببەت شارابىغا ئېغىز تېگىپ مەس بولغان يۈرىكىنى سوغ، سۈزۈك، يېقىملىق ھاۋادا سەگىتىش ئۈچۈن ئىلى دەرياسى بويلىرىدا يۈگۈرگىسى كەلدى.

لېكىن ھايات ھېسسىياتنىڭ تورمۇزى، مۇنتۇ بازاردا مىغىلدىشىپ يۈرۈشكەن ئادەملەر ئۇنىڭ بىر يىگىتكە ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالماسلىقى، ئۇ يىگىتنىڭ ھېلىلا مۇشۇ كوچىلاردىن ئىككى ئات قوشۇلغان تارانچىي ھارۋىسىغا چۈشۈپ كۆرەك جۇۋىلىق بىر يىگىت بىلەن كۈلۈشۈپ - چاقچاقلىشىپ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپى — جىرغىلاڭ تەرەپكە ماڭغانلىقىنى ئەلانۇرغا ئېيتىپ قويماسلىقى كېرەك. ئۇ چاغدا قىز ئۆز ئىسمىنى ھەر سېكونتتا بىر يادلاۋاتقان ئۇ يىگىت قىزنى تامامەن ئۇنتۇغان، پۈتۈن ئېسىۇ - خىيالى بىلەن كىتابلىرىغا بېرىلگەن بىر بېچارە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدۇ. ئۇ چاغدا بېچارە قىزنىڭ روھى چۈشىدۇ. بىز ئۇنى ئازابلاشنى، ئۇنى ھاياتنىڭ «مۇھەببەت» ئىسىملىك ئىسىمى چىرايلىق. لېكىن رەھىمسىز. قىممەتلىك. لېكىن جاپالىق. بەخت بىلەن ھەم يېقىن، ھەم دۈشمەن بولغان نازارەتچىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى خالىمايمىز.

قىز كۆڭۈلىرىنى سېغىنىش، يادلاش، ئەسلەش، ئۇيقۇسىزلىق، خىيالچانلىق بىلەن تولىمۇ تەستە ئۆتكۈزدى.

ئۇ مۇز مەيدانىدا كاككى ئويناپ يۈرگەن باللار ئارىسىدا كىيىنىشلىرىمۇ، چىرايلىرىمۇ ھەددىدىن تاشقىرى چىرايلىق بىر جۈپ بالىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ باللارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى. ئاخىر باللارنى قولىدىن تۇتۇۋالدى. باللار تۈزگە يۆگىدىن توقۇلغان پوپايكا، ئىشتان، باسماق كىيىشكەنىدى. ئەلانۇر كىچىكىدىن:

— سىلەر كىمنىڭ باللىرى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلا دادامنىڭ!

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئەلانۇر ئۆگدىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

— سىز قىزمۇ، ئوغۇل؟

— مەن قىز، ئاكام ئەلى ئوغۇل.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— دىلئارا.

ئەلانۇر ئىختىيارسىز دىلئارا بىلەن ئەلىنى قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ مۇزدەك يۈزلىرىنى يۈزىگە ياقتى.

— دىلئارا، سىزنى لەنجۇدىن كىم ئەكەلگەن، بىلەمسىز؟

— بىلمەن، ئەلانۇر ھەدەم ئەكەلگەن.

— ئەقىللىق جېنىم، شۇ ھەدىڭىز مەن بولىمەن. شۇنچىلا چوڭ بولۇپ كەتكىچە ھەدىڭىز سىزنى كۆرمەپتۇ. بىزنى كۆيۈمى يوق قىلغانمۇ، ئادەمگەرچىلىكنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر قىلغانمۇ مۇشۇ ئىنقىلاب.

— قايسى ئىنقىلاب - ھە؟

— سورىماڭ دىلئارا، سىلەر ئۇنى بىلمەيلا قويۇڭلار، خۇدايىم سىلەرگە ئۇنى كۆرسەتمىسۇن.

ئەلانۇر كەچقۇرۇنلۇقى گۈزەلئاينىڭ ئۆيىگە باللار بىلەن بىللە كەلدى. ئۇ گۈزەلئاي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ قىزغىنلىق بىلەن غۇلاچ يېيىپ ماڭدى. لېكىن گۈزەلئاي ئۇنى سوغلا كۈتۈۋالدى.

— نېمە مىجەزىڭ يوقمۇ، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى ئەلانۇر ھەيران بولۇپ دالان ئۆيدىكى كاڭنىڭ لىۋىگىلا ئولتۇرۇپ، — مەش ھەجەپ ياخشى-ھە، مۇشۇ دالاندا قىشلامسەن؟

— نەدە قىشلىشىمنى بىلمەيلا تۇرىمەن، دادام ئىككى دۆلەت ئەلچىخانىلىرى ئارقىلىق سۆزلىشىپ چەت ئەلگە كېتىش مەسىلەمنى ھەل قىلغانىكەن، يېقىندا كېتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ كۈتۈلمىگەن خەۋەر ئاقكۆڭۈل ئەلانۇرنى باشتا ھەيران قالدۇردى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ۋىيېي، نېمە دەيدىغانسەن؟ — دېدى ئارقىدىنلا ئۆز كۈشەندىسىنىڭ كۆزدىن يوقىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

— تەبرىكلەيمەن ئاداش، خويما ياخشىغۇ؟

— خۇشالمۇ سەن ئەلانۇر ئاداش؟

— خۇشال بولماي، سەن بولساڭمۇ ئاتا - ئاناڭ بىلەن بىللە بولۇپ بەختلىك بولساڭ نېمىشقا خۇشال بولمايدىكەنمەن؟

گۈزەلئاي مېغدا كۈلۈپ قويۇپ مەش ئۈستىدە قايناۋاتقان ئاليومىن چوگۈندىن چاي دەملەش ئۈچۈن چىرايلىق مىس چۈگۈنگە قايناقسۇ قۇيدى. ئەلانۇر گۈزەلئاينىڭ چەينەك تۇتقان قولىنىڭ دىرىلداپ تىترەۋاتقىنىنى كۆردى - دە، ئۆزىنىڭ ئەلانى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى گۈزەلئاي بىلىپ بوپتۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ بىردىنلا ئىسسىپ تەرلەشكە باشلىدى. ئۇ ياختىلىق چاپىنىنى سېلىۋېتىپ قىزىل پوپايكا بىلەن ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇ گۈزەلئايغا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك بىلىندى.

— رەھمەت سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭگە، لېكىن بەخت ئىچىدە بەختسىزلىكمۇ بار دېگىنە، بىلسەن، ئەلى دادىسىغا تولىمۇ ئامراق، مەن ئەكەتسەم بالام دادىسىز — بەختسىز بولىدۇ. قالدۇرۇپ قويسام مەن چىدىمايمەن.

ئەلانۇرنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. «بۇ ئايال تېخىلا ئېرىگە تارتىشىدىغان ئوخشايدۇ. ئېرىنىڭ باشقا بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى، ئۇ قىزنىڭ بەختىمۇ شۇ ئەرگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى

بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. كېتىڭ خېنىم، تېز كېتىڭ، مېنىڭ بەختىمگە كاشىلا بولماڭ. بالا بولسىمۇ سىز چەت ئەلدە بەختلىك بولالايسىز. سىزنى ياخشى يىگىتلەر، سەنئەت، ئىسىل كىيىم - كېچەك، ئۈنچە - مارجان، مەرۋايىتلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ...» دەپ ئويلىدى.

— كەتسەم بالامنى ئەكىتىمەن، — دېدى گۈزەلئاي ئەلانۇرغا سوغلا قاراپ قويۇپ، — قېنى. ئىسسىق چايدىن ئىچكىنە. ھازىرلا تاماق تەييار بولىدۇ. قوتۇپ قالارسەن. ئايغىڭنى سېلىپ كۆرپىگە چىقە.

لېكىن ئەلانۇر بالىسىدىن ئايرىلسا ئەلا قانداق ئازابلىنار، ئۇ ئوغلىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى. دېگەنلەرنى ئويلاپ ئەلا ئۈچۈن ئازابلانماقتائىدى.

— ئاتا - بالا دادىسىغا شۇنچە ئامراق تۇرسا ئۇلارنى ئايرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئاز - تولا قۇربان بەرسەڭ بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

— مەن ئۈنچىلىك ئالىجاناب ئەمەسمەن. — دېدى گۈزەلئاي تاتىرىپ، تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى ئارانلا باشقۇرۇپ، — بۇ زاماندا كىم - كىمگە يول قويىدىكەن؟ بالىسىغا چىدىمىسا ئەلا بىز بىلەن بىللە ماڭسۇن.

— نېمە. يارىشىمەن دەمسىنا؟!

— بالامنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۇنى كەچۈرىمەن.

— ئالىجىپسەن گۈزەل، ئۆزەڭنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى ئىزدەپ بىزنىڭ خەلقىمىزنى ئۆز ئالىمىدىن قۇرۇق قويماقچىمۇ؟ ئەلانى ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈشكە مەجبۇرلىماقچىمۇ؟

— ۋەتەن، خەلقنى دېسە بالىسى بىلەن كەسپىدىن ۋاز كەچسۇن. مەن بالىنى ئەكىتىمەن. ۋەتىنى بىلەن خەلقى ئۇنى كەسپىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ. بەربىر ئۇ ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ.

— نېمانداق رەھىمسىز سەن گۈزەل! نېمشقا بالىنىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزەڭ يالغۇز كېتىۋەرمەيسەن؟

گۈزەل ئاچچىق كۈچى بىلەن قورسىقىدىكى گەپنى ئاشكارا دەۋەتتى.

— ھىنم ئەمدى بىلدىم. سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئەلگە ئانا بولۇشقا ئالدىراۋېتىپسەن - دە؟ يادىڭدىمۇ، بىر چاغدا سەن مەندىن كىمگە تارتىشىپ كەتمىدىڭ؟ دەپ سورىغانىدىڭ.

— يادىمدا. ھەتتا سېنىڭ ھازىرمۇ ئەلانى ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلىمەن.

— يالغان. يالغان ئېيتىسەن. مەن ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن.

— يالغان. يالغان ئېيتىسەن.

ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشى نەلەرگە باراتتىكىن، ئۆيگە نېرىقى ئاشخانا ئۆيدىن ئادىلە كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايلىق پەرتۇق بىلەن قارا پوپايكا كىيىۋالغان ئىدى. ئۇ ئاجايىپ تولغان كۆكرىكى، ئويناق، شوخ كۆزلىرى بىلەن ئەلانۇردا يېقىملىق تەسىرات قالدۇرۇپ قاقاخلاپ كۈلدى.

— جۇرۇڭلار قوزىلىرىم! — دېدى ئۇ ئىككىسىنى قولىدا باغرىغا بېسىپ، — چۆچۈرە تەييار. مانا قاراڭلا قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى باشلاندى، قورساقنى تويغۇزۇپ پاراڭغا بېرىلىشىمىز. دۇنيانىڭ غېمىنى بولسىمۇ تۈگىتەلەيمىز ھا. ھا. ھا!

ئىككىسىمۇ كۈلدى. لېكىن ئۇلار زورىغا. ئازاب بىلەن كۈلدى.

قىلىن تاختايلار بىلەن سىرلاپ ياسالغان ئازادە يان ئۆي ئۇلارنىڭ ئاشخانىسىكەن. دېرىزىلىرىدە يوپكىدە گۈللەر ئېچىلغان. يېپيېڭى قازان مەشتە كۆيۈۋاتقان كۆمۈر چوغىدا ھوپپىدە ئىسسىغان ئۆيدىن مېزىلىك شورپا پۇرىقى پۇرايتتى. ئىككى بالا باغقا قارىغان دېرىزە يېنىدىكى كىچىك جوزىدا ئولتۇرۇپ غىزالانماقتا. چوڭ تېكمەتلەر ئۈستىدىكى چىرايلىق داستىخان يېپىلغان دۈگىلەك جوزىغا ئايالىلارغا چىنە قوشۇق، جانان چىنىلەر تەييارلانغان. ئەلانۇر ئۆيگە، غىزاغا زوقلاندى. بۇ كۆرۈنۈشلەر بۇ ئىككى چىرايلىق تول ئايالنىڭ ھالاۋەتتە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار ئىشتاھا بىلەن ئۈن - تىنسىز چۆچۈرە ئىچمەكتە. لېكىن ئۇلار خىياللىرىدا بىر - بىرسى بىلەن ئالاشماقتا، كۈرەشمەكتە.

«بىچارىلەر! — دەپ ئويلايتتى ئادىلە بىرى ـ بىرىدىن قىلىشمايدىغان ئىككى بەختسىزگە ئىچ ئاغرىتىپ، — نېمىشقىمۇ ئەلاغا ئوخشاشلار كۆپ ئەمەسكىنتاڭ، ھېچبولمىسا ئىككىسى بولسىچۇ؟ ئىككىڭلار بەختلىك بولغان بولماسمىدىڭلار؟ مەن ھەر ئىككىڭلارغا بەخت تىلەيمەن، لېكىن مەن سىلەرگە مەسلىھەت بېرەلمەيمەن. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ياقىلاپ، بىرىڭلارنى ئەيىبلەشكىمۇ تىلىم بارمايدۇ. سىلەرنىڭ ئۆز بەختىڭلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھوقۇقىڭلار بار. گۈزەل سەن بۇ قىزنى يامان كۆرۈشكە ھەقلىق ئەمەسسەن، چۈنكى قىز سېنىڭ ئېرىڭنى ئەمەس، ئەلانى ياخشى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ھېلىقى ئاخشىمى ئەلا بىلەن بىر كېچە سىرتتا بىلە يۈرگىنىنى ھېلىقى ئارۇپ پاكانىڭ خوتۇنى شۇنچە ئايالللارنىڭ ئىچىدە زوق ـ شوخ بىلەن سۆزلىگەندە سېنىڭ قانچىلىك ئازاب چەككىنىڭنى، شۇ كېچىسى بۇقۇلداپ يىغلىغىنىڭنى، لېكىن چاندۇرماي يەنىلا مىيىغىڭدا كۈلۈپ يۈرگىنىڭنى مەن بىلمەيمەنمۇ؟ بىز ئاياللار ھەجەپ تۇتشاق سۆز. ھەجەپمۇ ئىچى تار كېلىدىكەنمىز. ئارۇپ پاكانىڭ خوتۇنى نېمىگە چىدىمىدىكىنتاڭ؟ ھە، راستىلا ئۇنىڭمۇ ئەلاغا توغرىلاپ يۈرگەن بىر سىڭلىسى بار ئەمەسمۇ؟ سەن ئارۇپنىڭ ۋاتىلداق ئايالى، تىلىڭ قۇرۇغۇر زۇغۇي خوتۇن، نېمىشقا باشقىلارنىڭ بەخت ـ ئازابلىرىنى ھېسابقا ئالماي كىچىككىنە ئىشنى پۈتۈن شەھەرگە يايىسەن؟ سېنىڭ زۇغۇيلىقىڭ بىلەن مېنىڭ گۈزەلىم قانچىلىك ئازابلاندى، قانچىلىك جۇدىدى ـ ھە؟ مانا بۈگۈن ئازابلىنىۋاتقانلار يالغۇز بىرلا گۈزەل ئەمەس، مۇنۇ بىچارە قىزمۇ گۈزەلنىڭ كۆڭلىدە شىلىكىنى سېزىپتۇ. ھازىر ئۇلار بىر جۇزىدا، بىر خىل تاماق يەپ ئولتۇرۇشقىنى بىلەن بىر ـ بىرىگە دۈشمەن. مەن قانداق قىلسام بۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئازارلىقنى دوستلۇققا، ئازابنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرالايمەن؟...»

«سەن ئەلانىڭ، ئۆزەڭنىڭ مېنى يەڭگە ئىلىكىڭنى، مەندىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىڭنى ماڭا كۆزا ـ كۆزاڭ قىلىغلى تىكەلگەنسەن. لېكىن سەن خاتالاشتىڭ، ئەلا سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ مەندىن يۈز ئۆرۈپ باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈشىگە ئىشەنمەيمەن. بەلكى ئىچ پۇشقى، ياكى ھېسداشلىق سەۋەبىدىن سەن بىلەن بىللە كوچا ئايلانغاندۇر. ئۇ ھېسسىياتقا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ئادەم. بەلكى سەن نادان قىزدا پەيدا بولغان ئۇنچى مۇھەببەت ئالدىدا ئۆزىنى قەرزدار، جاۋابكار ھېسابلاپ سېنىڭ ئوتلۇق قەلبىڭنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ساڭا بېرىدىغان سالقىن جاۋابىنى ئەتەيلەپ ۋاقتىغا ـ كەلگۈسىگە تاپشۇرغاندۇر. بىلىپ قوي، قىبرى قىز، مەنلا مۇشۇ تۇيۇمدە تۇرىدىكەنمەن، ئۇ ھەرگىز سەن بىلەن نىكاھلانمايدۇ. سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭ قولۇمدا، لېكىن مەن رەھىمسىز قوپاللاردىن ئەمەسمەن. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدىكى نازۇك سىرلارنى بىلىشنى خالىمايمەن. مەن ساپ مۇھەببەتكە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. ئۇ ھازىر مېنىڭ قانۇنىي ئېرىم ئەمەس، سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقۇڭ بار. ئۇ ھەتتا مېنىڭ ئېرىم بولغان تەقدىردىمۇ سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقۇڭ بار. مۇھەببەت ساپ بولسىلا، باشقا غەرەز سىڭمىگەن بولسىلا، مەن بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيمەن. باياتىن ساڭا قوپاللىق قىلدىم. سەۋەبى، سەن بىچارە ئۆز ئۈستۈنلۈكۈڭ بىلەن ماختانماقچى، مېنى قوپاللىق بىلەن كۆزدىن ئېرى قىلماقچى بولدۇڭ. مەن سەن ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ ئۇتمۇشتە ئايالى، سۆيگەن ھەمراھى بولغىنىم ئۈچۈنلا سەن مېنى ئۆزەڭگە دۈشمەن سانىۋالدىڭ. مۇھەببەتتىكى رىقابەتكە توپ مەيداندىكىدەك مۇئامىلە قىلدىڭ. لېكىن سەن خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ. بىرىنچىدىن، سەن مېنى تېخى يەڭگەن ئەمەسسەن، ئىككىنچىدىن بىر ئەر كىشىگە ئاشىق بولغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىنىڭ ھەم دۈشمىنى ھەم دوستى ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيدىكەنسەن. سەن مېنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ ئورنىغا قوپاللىق قىلدىڭ. ماڭا ھېسداشلىق، نەسىھەت، ئەيىبلەشلەرنىڭ قانچىلىك لازىمى بار. سەن بىلسەڭ، سەنمۇ مەن تارتقان ئازابلارغا شېرىك،

سەن تېخى ئۇنى ئەمدىلا باشتىن كەچۈرۈۋاتىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى ھۆرمەتلىشىڭ، قەدىرلىشىڭ لازىم...»

گۈزەلناي شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئالدىدىكى قىزغا بىردىنلا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى. ئۇز قولى بىلەن ئەلانۇرنىڭ قاچىسىغا چۆچۈرە قويدى - دە، باياتىن گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مىيىقىدا چىرايلىق كۈلۈپ قويۇپ:

— قانداق ئادىلە، ئەلانۇر چىرايلىقمۇ؟ — دەپ چېقىشتى ئادىلەنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەپ، — بۈگۈن ئەلانۇر مەن بىلەن بىللە ياتارسەن - ھە؟

— ياق، — دېدى ئادىلە قاچىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — ئەلانۇر دىلئارا بىلەن بىللە ياتىدۇ. دىلئارا بايىلا ماڭا يالۋۇردى. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل دېدىم. سەن قىزنىڭ بىلەن پايدا تالاشما - ھە، گۈزەل.

ئۇلار كۈلۈشتى. جىملىق بۇزۇلدى. لېكىن بۇ بۇزۇلۇش ئۇزاققا بارمىدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قولاشمىدى. ئەلانۇر كۆز قىرىقىدا گۈزەلنايغا قاراپ قويدى - دە، خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

«كۈنچىلىك، قىزغىنىش بىلەن مېنى بۇ يولدىن قايتۇرالمايسەن. سەن گۈزەل ئەلانىڭ مېنى قانچىلىك باخشى كۆرگەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن ئۆزەڭنى دالدىغا ئېلىشىڭ، ئاتا - ئانائڭنىڭ يېنىغا كېتىشىڭ. بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىشىڭ لازىم. مەن ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈشۈم لازىممۇ؟ سەن مېنىڭ نېمىشقا ئۆيۈڭگە كەلگىنىمنى، ئەلانىڭ ئىسمى چىققاندا نېمىشقا شۇنچە ھاياجانلىنىپ ئۆزەمنى تۇتۇلماي قالغىنىمنى زادى چۈشەنمەيسەن. سەن مېنى قېرى قىز بولغىنى ئۈچۈن كىمگىلا بولمىسۇن يېپىشىۋېرىدۇ. بۇنىڭغا مۇھەببەت ئەمەس ئەر كىشى كېرەك. قالغان ئۆمرىدە ئالدىراپ - تېنەپ بالا يۈزى كۆرسىلا، كىشلەرنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلۇپ ئالسىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغان چاكىنا قىز دەپ پەس كۆرۈپ كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتىسەن. سېنىڭ مىيىقىڭدا كۈلۈپ قويۇپ، قاپاقلىرىڭنى سوزۇشۇڭ ماڭا سېنىڭ نېمىلەرنى ئويلىغىنىڭنى چۈشەندۈرۈپ بولدى. لېكىن سەن بىر ئەر كىشىنى ئۆمۈر بويى ئۆزەمگە باغلاپ تۇرالايمەن دەپ خاتا ئويلاپسەن. ئۇلار سېنىڭدىن كۆرمىگەن ئىللىق ھارارەتنى باشقىلاردىن كۆرگەن ھامان سېنىڭدىن يۈز ئۆرىيەلەيدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. ئۇلار ساڭا ئوخشاش بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ ۋۇجۇدىدىكى ئىللىق مۇھەببىتىنى ئۆزىدىن ئايىغان مۇز كۆڭۈل ئايالغا بىر ئۆمۈر ئۆمىد باغلاپ يۈرۈيدىغان خىيالىي ئادەم ئەمەس. ئەلا ھېسداشلىققا تازا مۇھتاج بولغاندا سەن نەدە قالدىڭ؟ ئۇ شەھەرمۇ شەھەر قېچىپ يۈرگەندە سەن ئۇنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن نېمىلارنى قۇربان قىلالىدىڭ؟ دۇرۇس، سەن ئۇنىڭ باللىرىنى باقتىڭ. ئاياللارغا خاس ھېسسىيات بىلەن ئەلى ئۈچۈن بېغىر ياقتىڭ. لېكىن ھايات ئانا - باللىق مۇناسىۋىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدىغۇ. دوستلۇق، مۇھەببەت، ئاغىنە - بۇرادەرچىلىك دېگەن نېمىلەر ئىنسانلاردىن بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشنى، بىرسى ئۈچۈن بىرسى مەلۇم نەرسىنى قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەلانىڭ جېنىنى قولىغا ئېلىپ خىيىم - خەتەرگە قارىماي ئۇرۇمچىگە بېرىپ داۋالىشىپ دوستلىرىنى ئاقلىشى، رازىيەنىڭ ھاشىر ئۈچۈن تۈرمىدە تارتقان ئازابلىرى، باشقىلارنىڭ بىرسى ئۈچۈن يەنە بىرسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە، خەتەرگە تۇتۇپ بېرىشى ئەنە شۇ خىل قۇربان بېرىشلەرنىڭ مىسالى. مەن مانا شۇ كۈنلەردە ئەلا، ھاشىرلار بىلەن ھېسسىياتتا، جاپالىق شارائىتتا، بىر - بىرىمىزنى قوغداشتا بىللە بولغانمەن. لېكىن سەنچۇ؟ ئەلانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولدۇڭ. ئۆزەڭنىڭ جان ئارامى يولىدا ئۇلارنىڭ پاردەملىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆيۈڭنى قايتۇرۇۋالدىڭ. ئۆيۈڭنى سېتىپ پۇل قىلىپ باياشاد تۇرمۇش، راھەت - پاراغەتكە ئۆزەڭنى ئاتىدىڭ. بۈگۈن ئەمدى بوران - چاپقۇن ئۆتۈپ كەتكەندە قايسى يۈزۈڭ بىلەن يەنە مەندىن ئەلانى كۈنلەيسەن؟ تېخى يەنە ئۇنىڭ ۋەتىنىدىن، ئەخلاقىيەتتىن يىراق ئۆيىۋۇشىنى

سەن ئۈچۈن ھەممىدىن قول ئۈززۈشنى تەلەپ قىلىسەن تېخى! سېنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭ بىر ئەر كىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭمۇ تېخى؟ سەن باشقىلارنىڭ سەن ئۈچۈن قۇربان بېرىشىنىلا ئويلاپسەن، سەن نېمىشقا باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمايسەن؟ تەبىئەت ساڭا تۇقۇشماي بېرىپ قويغان چىرايىڭ ـ ئۈچۈن شۇنچە ئالاھىدە بولۇۋالامسەن؟ مەن ئەلا ئۈچۈن، ئۇنىڭ ساڭا ئوخشاش بىر مۇز كۆڭۈل ئايال ئۈچۈن قىلغان پاكىزە ئەقىدىسى ئۈچۈن ئازابلىنىمەن. ئەگەر ئۇ ساڭا قىلغان ئەقىدىسىنىڭ يۈزدىن بىرسىنى ماڭا قىلغان بولسىدى، مەن ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا جان بېرىشكە تەييار تۇرغان بولاتتىم...»

ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ياشلار تۆكۈلدى. بۇنى ئادىلە بايقىدى:

— نېمە بولدىڭىز خېنىم، ئاچچىق لازا يەۋالدىڭىزمۇ ـ يە؟ — دېدى ئۇ قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

— ياق، — دېدى ئەلانۇر خىيالىغا كەلگەن يالغانىنى دەرھال تىلغا ئېلىپ، — ھېلىقى ئوسمانىنىڭ قىلغان ئىشىنى دەيمىنا! بىچارە زۇلخۇمارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. سىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇڭلارنى كۆرۈپ زۇلخۇمار يادىمغا كەلدى. قىيىن ئاتىسى بىلەن قېيىن ئانىسى بىراقلا يىقىلغان. تۆت بالا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، ئۆزىنىڭ خىزمىتى تېخى ئورۇنلاشمىغاچقا ئۆلۈمچىدىن ئالماشمىدى، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئوتتۇز نەچچە سومغا ئىشلەپ يۈرۈيدۇ.

— ئوسمان پۇل ئەۋەتىدىكەنغۇ؟ — دېدى ئادىلە بىردىنلا دىققەتسىزلىك بىلەن، — ھېلىقى كۈنى سىز ئەلا بىلەن بىللە ھاشىرلارنىڭكىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زۇلخۇمار ھاشىرلارنىڭكىگە بارغانىكەن. بىز بىللە بولدۇق، ئوسمان پۇل ئەۋەتىدىكەن، لېكىن خەت يازمايدىكەن، شۇڭا زۇلخۇمار ئۇنىڭ ئادرېسىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئەلانۇر گۈزەلئايغا قارىدى، ئۇ چوغدەك قىزارغان، يالغانىنى ئېيتىمەن دەپلا قاملاشتۇرالماي ئۇتتۇلۇپ

قالغان ئىدى.

گۈزەلئاي ئۇنىڭغا قاراپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇززۇن كىرپىكلىك، چىرايلىق كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ جىمجىت تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىدىن ئەلانۇر بىر خىل مېھرىۋانلىق، ھېسداشلىق سەزدى ئۇ تېخىمۇ قىزاردى. چۈنكى باياتىن ئۆز ئىچىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىسى ئۇنى ئىچ ئەرىپىدىن كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

— جورۇڭلار ئەمدى چوڭ ئۆيگە چىقمىز، — دېدى ئادىلە سۆيدىن چۈشۈپ، — دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىمىز. بىرىنچىدىن غەيۋەتكە، ئىككىنچىدىن يىغلاشقا رۇخسەت يوق. قېنى ئەمسە ئارقامدىن مېڭىڭلار قوزىلىرىم.

بىردەمدىن كېيىن بۇ ئۆيدىن ناخشا بىلەن كۈلكە ياڭراشقا باشلىدى. ئالادا بولسا لەپىلدەپ قار ياغماقتا. چۈشۈۋاتقان قار ھەممىنى، ئۆيلەرنى، باغلارنى، گۈللەرنى، ئىزلارنى كۆمۈپ تاشلىماقچى. «ھېلىقى ئەتىرگۈل قانداق قىلاركىن» دەپ ئويلىدى ئەلانۇر دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ.

4

لېكىن مۇنداق قار يېغىۋاتقان، جىمجىت كېچە ئەلا ئۈچۈن تىلەپ تېپىلغۇسىز. ئۇ زۇلپىيانىڭ قورۇسىدىكى بۇ كىچىككىنە ھۇجرىسىدا كىرسىن لامپىسى يورۇقىدا مۈكچىيىۋېلىپ خىيالى ئادەملەر بىلەن كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى، خىيال ۋە يۈرەك تېپىشلىرىنى زوقلىنىپ ئاڭلايدۇ...

ئۇ ئارۇپنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىنلا ئەلانۇرنى ئۇنتۇغان، ئۇنىڭ خىيالىنى يېزىۋاتقان رومانىدىكى ئادەملەر ئىگىلىۋالغان. ئۇ پۈتۈن ھېسسىيات، پىكىر ـ خىيالى بىلەن رومان ۋەقەلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ تاڭ سەھەردە غۇلجا شەھىرىدىن ياماتۇ تەرەپكە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسقا چۈشۈۋالدى ـ دە، ئىشلىك تۆۋىدە ئىككى سائەت ئۆرە تۇرۇپ قاش دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ شۇ يەردە ماشىنىدىن چۈشۈپ شالىنلارغا يول بېرىپ ـ ئۆزى

شۈرمەللىنىپ، ھەيۋەتلىك ئىڭشىۋاتقان دەرياغا قاراپ چوڭ قورام تاش ئۈستىدە خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خىيالدىن سەگىپ ماشىنىغا چىقماقچى بولدى، لېكىن ماشىنا ئاللىقاچان كېتىپ بولغان. بۇ يەردىن مەھەللىسىگە يەنە ئون ئالتە كىلومېتىرىيول بار، ئەلا ئىككىلەنمەيلا بۇ يولنى پىيادە مېڭىشقا بەل باغلىدى. ئۇ بىر ئاشخانىدىن بىر نان سېتىۋالدى ـ دە، يېنىدىكى باكلاشكىسىغا مۇزدەك سۇ قاچىلاپ ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللار بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

بۇ يەرلەرنىڭ مەھەللىلىرى بىر ـ بىرىگە يىراق بولغىنى بىلەن ئېتىزلىرى تۇتاش، بىر مەھەللىدىن چىقساڭ ئۇنجى قاردىن كېيىنكى سۈزۈك ھاۋادا يەنە بىر يېزا روشەن كۆرۈنىدۇ. يېزا ئۆيلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈنلەرمۇ، ئۆپۈق قىرغىقىدا سوزۇلىدۇ، ئۇچۇپ يۈرگەن بۇركۈتمۇ ئاشكارا كۆرۈنىدۇ. سەن ئاشۇ كۆرۈنگەن مەھەللىگە قاراپ قىرلار بىلەن كېتىۋېرىسەن، بۇ خىل سەپەر ساڭا تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. دالا سېنىڭ ھېسسىياتىڭنى قوزغايدۇ، سەن ئىلھام ۋە ھېسسىيات بىلەن ئەتراپقا قارايسەن. سەن ھېچقاچان گۈزەل شەھەرلەردە بۇنچىلىك زوقلىنالمايسەن. يۈرەك قار بىلەن قاپلانغان دالا ساڭا تەبىئەتنىڭ چۈشىنى، ئاجايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ...

ئەلا نۇرغۇن خاتىرە، شېئىر، ماقالە ھەتتا ھېكايىلەرنى يازغان، لېكىن رومان ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باقمىغان. ئۇ نۇرغۇن رومانلارنى ئوقۇغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرخىل ئادەملەر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرلىرىمۇ، چىراي، تىل، كىيىملىرىمۇ ئەلانىڭ ئېسىدە ھېلىغىچە ساقلانغان. ئەلا شۇلارنى بىرمۇ بىر ئەسلەپمۇ ھاياتتىن زوق ئالالايدۇ. لېكىن ئۇ رومانلاردىكى ھاياتنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ ھاياتنى كۆرۈشنى ھەممىدىن قىزىق بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ نۇرغۇن ئويلاپ، نۇرغۇن سېلىشتۇرۇپ پەقەت ئۆزى ياشاۋاتقان مۇشۇ يەردىكى ئادەملەرلا ئۇنىڭ يېزىۋاتقان رومانىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھە دېگەندە، رومانىنىڭ ئۇنجى بابلىرىنى يازغاندا بىردە قەھرىمان خاراكتېرى، بىردە مىجەز ـ خۇلقى، بىردە ۋەقەلىك. پاكى جۈملىلەر ئوقۇغان كىتابلىرىدىكىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن تەقلىد قىلىشتىن قۇتۇلالمىدى. گويا ئۇنىڭغا يازغىدەك ھېچقانداق يېڭى نەرسە قالمىغاندەك. دېيىشكە تېگىشلىك ھەممە گەپلەرنىمۇ باشقىلار دەپ بولغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى: «راسا تىل ۋە تۇرمۇش كاساتچىلىقى دەۋرىدە تۇغۇلغان ئوخشايمەن. نېمىشقا ھېسسىياتقا باي، ئەمما تىل ۋە ۋەقەلىككە كەمبەغەلمەن؟ ئەدەبىيات ھاياتنىڭ ئىنكاسى دەيمىز، نېمىشقا ھاياتتىن ئەدەبىياتقا ماتېرىيال تاپالمايمەن؟». رومانىنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى، قەھرىمانلىرى ئۇنىڭغا ئايان. لېكىن نېمىدىن باشلاش، نېمىنى قانداق يېزىش ئۇنىڭغا خىرە. ئۇ نەچچە كۈنلەپ بىرىنچى جۈملىنى يازالمىدى. يىگىرمە، ئوتتۇز بەتتەك ئاق قەغەز بىرىنچى جۈملە يازىمىغانلىقى ئۈچۈن يىرتىلدى. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقىنىغا رەللى بولدى. ئىلمىي ماقالىلەرنى شۇنچە تېز يازىدىغان ئادەمنىڭ توقۇلما ئۈستىدە گاللىق قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى. ئۇ ئاخىر ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆمەر تەمبۇرچىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بوۋاي ھازىر ھاسىسىغا چۈشۈپ قالغان، بۇ يىل قىش كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ئۈسكىلەڭ قاشلىرى ئاقارغانىدى.

— تولا ئىشلىگەن ـ دە. — دەپ قاشلىرىنى سىلاپ چىقىشتى ئۇ. — ئادەمنىڭ قايسى ئەزاسى كۆپ ئىشلىگەن بولسا شۇ ئەزاسى بالدۇر قېرىيدىكەن، ھا، ھا، ھا!...

— سىزنىڭ قېشىڭىز نېمىگە كۆپ ئىشلىگەن؟ — دەپ سورىدى ئەتەيلەپ ئەلا، — ياشلىقىڭىزدا شوخمىدىڭىز ـ يە؟

— ياشلىقىڭدا دېگىنىڭنى قارا. شوخلۇقتىن قالغىلى ئىككى يىل بولدى دېگىنە. كاساپەت سول پۇتۇمنىڭ پالەچ بولۇپ قالغىنىنى دېمىسەم ھازىرمۇ جىم تۇرغۇم كەلمەيدۇ. لېكىن سول پۇتۇم گەپكە كىرمەيدۇ. گۆرگە ساڭگىلىغان ئوخشايدۇ...

ئۆمەر تەمبۇر ياشلىقىدىكى شوقلۇقلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۆمەر تەمبۇر يىگىرمە ئىككى ياشلىق يىگىت ۋاقتىدا تۆت ئاغىنىسى بىلەن نودەر باينىڭ ئون خو بۇغدىيىنى ئورۇپ «بېرىشكە پۇل ئېلىپ، پۇلنى قۇم ئارشاڭ بارابىندە قىمىز ۋە بوزا بىلەن ئاشىبۇزۇلغا خەجلەپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. بۇغداي پىشىپ نو دەرباي ئون خو بۇغداينى ئۆمەرگە كۆرسىتىپتۇ. بۇغداي قارا قىلتىرىق، تولمۇ ئوخشىغان بۇغداي ئىكەن. بۇغداينىڭ بېشى بىر غېرىچ، مىسلى قومۇشتەك، ئىككىلا ئوغاق سالسا قامان تۇشاتتى. بۇ خىل ئوخشىغان بۇغداينى چاپىچىپ ياكى بىدىچىلاپ ئورۇشقا ھەرگىز دېھقان يىگىتلەرنىڭ قولى بارمايتتى. لېكىن ئوڭ قاماپ ئورىسا بىر ئوغاق كۈنگە بىر پۈت يەرنىمۇ ئورىيالمايتتى. ئون خو دېگەن قىرىق پۈت، بىر ئادەم قىرىق كۈن، تۆت ئادەم ئون كۈن ئورۇشى كېرەك. ئۆمەركام تەمبۇرگە ماھىر بولغىنى بىلەن ئوغاققا بوش، ھەر سولدا ئون قېتىملاپ بۇغدايلىقنىڭ باش ـ ئاخىرىغا قارايدىكەن، چەكسىز سارغىيىپ ياتقان بۇغداي ‧قار چۈشكىچىمۇ تۈگەيدىغاندەك ئەمەستە. مانا شۇنداق كۈنلەردە ئۆنىڭ شوخلۇقى ئەسقىتىپتۇ. نودەربايىنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاشنىسى، يۈز بېگىنىڭ كاتىپى، شوخ، قاملاشقان يىگىت بىر كۈنى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ھال ئېيتىپتۇ. ئۇ ئاشنىسى بىلەن كۆرۈشمىگىلى بىر ئاي بوپتۇ. يەنە بەش كۈنلا كۆرۈشمىسە ئۇ ئۆلۈپ كېتەرمىش.

— مەن كۆرۈشتۈرسەم نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ ئۆمەركام.

— دېگىنىڭنى بېرىمەن، قېنى دە؟

— چوڭ باغنىڭ بېدىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى قەبرى ئالما ئاستىدا تاڭ ئاتاردا ئاشناڭ بىلەن بىللە بولىسەن، لېكىن مۇنۇ ئون خو بۇغداينى ئورۇغۇزۇپ بېرىسەن.

— ئەكەل قولۇڭنى بولدى!

ئۇلار قول ئېلىشىپتۇ.

شۇ كېچىسى ئۆمەركام ئاغىنىسى بىلەن«پەنجىرە ماراش» ئۈچۈن باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپتۇ. لېكىن باي باش ئايالىنىڭ بويىنىغا مەھكەم گىرە سېلىپ بىرسى ئوغرىلاپ كېتىدىغان باغرىغا چىڭ تېڭىۋالغانىكەن.

— تەس، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — ئامال يوق، بۇ قېرىنىڭ ئۆلۈكمۇ خوتۇنىدىن ئاجرىمايدۇ.

— توختا، — دەپتۇ ئۆمەر تەمبۇر ئامىدىن سېرىلىپ بوزغا مېڭىپ، — مەن بىر جايلاي بۇ قېرىنى.

ئۇ ئالدىدىن تەييارلانغان ئىچى كاۋاك قومۇشنى چۈمۈلە ئۇۋىسىغا توغرىلاپ، ئىككى پۈتى بىلەن ئۇۋىنىڭ چۆرىسىگە گۈپۈلدىتىپ دەسسەشكە باشلاپتۇ. چۈمۈلىلەر چۇچۇپ، ئويغىنىپ قومۇشنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ قومۇشنىڭ ئاغزىنى پاختا بىلەن ئېتىپتۇ ـ دە، تۆپە پەنجىرىگە كېلىپ قومۇشنى پەنجىرىدىن كىرگۈزۈپ باينىڭ يوتقىنىنىڭ ئايىقىدىن تىقىپتۇ، ئاندىن ئۆزى ئۆتۈپ تۇرغان تەرىپىدىن پۈۋلەپتۇ. شۇ چاغدا يوتقانغا چۈمۈلە كىرىپ باينى بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ. باي ئۇ ياققا ـ بۇ ياققا تۇرۇلۇپ نالە قىلىپتۇ ـ دە، خوتۇنىنى ئىللاشقا باشلاپتۇ:

— نېمە چاققان؟ ۋۇي لايىغەزەل خوتۇن، تۇزەڭ يات بۇ چۈمۈلە ئۇۋىسىدا!

باي ئۇيىنىڭ سىرتىدىن زەنجىرلەپ قويۇپ، غۇدۇڭشۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆمەر تەمبۇر ئەمدى قومۇشقا «ئالمىنىڭ تېگىگە چىق» دېگەن بەلگىنى قىستۇرۇپ ئايالنىڭ قوينىغا سېپتۇ ۋە پەم بىلەن چۈشۈپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپتۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن يۈز بېشىنىڭ نامىدىن دوره (1) بوپتۇ. پۈتۈن بىر يۈز بېگىلىك يەردىكى دېھقانلار ئوغاقلىرىنى بىلىشىپ يۈز بېگىنىڭ دورىسىگە كېلىشىپتۇ. بىر كۈن ئويۇن ـ تاماشا، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ قىزىقى بىلەن يۇرت يىگىتلىرى يۈز بېشىنىڭ بۇغدىيىنىمۇ، نودەر

دوره — بايلار، دىندارلار مال سويۇپ يۇرت ـ جامائەتنى بۇغدىيىنى ھەقسىز ئورۇپ بېرىشكە چاقىرىدىغان بىر ئادەت.

باينىڭ بۇغدىيىنمۇ ئورۇپ تۆگىتىپتۇ.

— يۈزدىن بىرسى شۈنچىلىك، — دەپ ماختاندى ئۆمەر تەمبۇرچى، — بىز قىلمىغان نىمە قالدى دەيسەن؟

ئەلا ئۆمەر تەمبۇرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ كىتابلاردىن ھاياتقا، خىيالى ئادەملەردىن تىرىك ئادەملەرگە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى ئۆزى بىلەن سىردىشىدىغان ئادەملەرگە قايتتى. ئۇ رومانىنىڭ بىرىنچى بابىنى ئۆمەر تەمبۇرچىنىڭ ئۇن خىۋ بۇغداي ئورۇشقا قەرز بولغانلىقىدىن باشلىدى. ئۇنىڭ قەھرىمانى ئۆمەر تەمبۇرنىڭ شوخ، ئويۇنچى، «قاسقىر ئاۋۇز» دەك قورقۇمسىز، زۇلىيادەك ئوز كۆڭۈل، كويۇمچان بولۇپ تەسۋىرلەندى. ئۇ شۇنداق قىلىپ ئىجادىياتنىڭ بۇ يولىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۆزى بىلىدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ يىنىدا، ئۇنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدا، ئاۋازى قۇلىقىنىڭ يىنىدا، ئۇنىڭ ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ھاياتى ۋە كۈرەشلىرىگە بېغىشلانغان رومانى ھازىر توسقۇنسىز يېزىلماقتا. ئۇنىڭ پىكىرلىرى خۇددى ياخشى چېپىلغان ئىرىقتىكى شوخ سۇدەك ۋىلىقلاپ كۆلۈپ ئاقماقتا...

ھازىر ئۇ شۇ رومانىنىڭ قىزىقارلىق بابلىرىنى يېزىش ئۈچۈن ئىتتىز قىرلىرى بىلەن ئالدىراپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى رومان بىلەن تۇرسا ئەلانۇرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن قىلغان كىچىكىنە ھەرىكىتى ئۇنىڭ يادىدا قالامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ ئويلانمايلا، ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان ھەرىكىتىنىڭ بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئۇ قانداقمۇ ئالدىدىن ئويلىيالسۇن؟...

ئۇ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. باغ شورىسى بىلەن ھويلىغا كىردى ـ دە، تونۇش ئىتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ تىز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىردى ـ دە، سومكىسىنى مۈرىسىدىن تاشلاپ قويۇپ يولدا كەلگىچە ئويلىغانلىرىنى يېزىشقا ئولتۇردى. شۇ ئولتۇرغىنىدىن ھازىرغىچە توپ ـ توغرا ئون تۆت كۈن ئۆتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن رگە پلەئىشمىدى، ـ تالا ـ

تۈزگىمۇ چىقمىدى. ھەر كۈنى ئوتتۇز ـ قىرىق بەتلەپ ئەسەر يازدى. يىزىپ چارچىغاندا بەزىدە زۇلىيا بىلەن، بەزىدە يېزا مەكتىپىدىكى ئاغىنىلىرى بىلەن بىردەم ـ يېرىم دەم مۇڭداشتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ ۋاقتىنى تولىمۇ ئەتىۋارلايتتى. يېزا ياشلىرى قىشلىق مەشرىپىگە ئۇنى قاتناشتۇرماقچى بولۇۋىدى زۇلىيا ئۇلارغا يېزا ماگزىنىنىڭ ئالدىدا:

— ئۇنىڭ ئورنىغا مىنى تەكلىپ قىلساڭلارا،، قىرى كۈرەسەڭلار بۇرۇنتۇمنى چۇشۇرۇۋېتەي، ئەلانىمە قىلالىسا مەنمۇ شۇنى قىلالايمەن. ئەزىرايى خۇدا، تەمبۇر بىلەن مۇقامنىمۇ خېلى ئۆگىنىپ قالدىم، — دېدى. ياشلار ئۇنىڭ چاقچىقىدىن ئەلانىڭ مۇھىم ئىش بىلەن بەنت ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

— ئۇخلىمايدۇ، — دېدى زۇلىيا ئەلا بىلەن ماختىنىپ، — بەزىدە يېرىم كېچىدە دېرىزىسىدىن ماراپ باقسمەن، ئورۇپلا سۆزلەپ كىتىدۇ، ئورۇپلا ئۆزىچە كۆلۈپ، ئۆزىچە يىغلاپ كىتىدۇ. بەزىدە ھېچنېمە يازمايلا كۆۋرۈك توخۇدەك ئۆگۈلۈپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئولتۇرۇۋالىدۇ. پاھ، بۇ يازماق دېگەن ئاتاللارنىڭ تۇغۇتىدەك تەس بىر ئىش ئوخشايدۇ.

— يازماق، يىگنە بىلەن قۇدۇق قازماق دېگەن شۇ.

— بەزىلىرى يازالماستىن ئالجىپ مەجنۇن بولۇپ چىقىپ كىتىدۇ دېيىشىدۇغۇ، راستمىدۇ ـ ھە؟

ھاياتىدا بىر جۈملە سۆز يېزىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ باقمىغان نادان دېھقانلار بۇ يەردە تولىمۇ كۆپ. ئۇلار زۇلىيانىڭ ئەلا توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېزىقچىلىق ھەققىدە يۇقىرىقىدەك قىزىق گەپلەرنى قىلىشىدۇ. ئۇلار ئەلانىڭ پارىڭىغا تولىمۇ ئامراق، ئەلا ئۇلارغا دۇنيادىكى ھەر خىل دۆلەتلەر، ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى، تارىخ ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن زۇلىيا ئەلا توغرىسىدا گەپ قىلغاندا ئۇلار تولىمۇ قىزىقىشىپ ئاڭلايدۇ. ۋە زۇلىيانىڭ، گېپىنى [illegible] ـ

مەھەللىگە، بىرگە ئوننى قوشۇپ ـ توقۇپ يەتكۈزىدۇ ـ دە، مەھەللىلەردە ئەلا توغرۇلۇق قىزىقارلىق ھېكايىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

قاراڭغۇ قىش پۈتۈن جانلىقلار ئۇۋىسىغا كىرىشكە مەجبۇر قىلغان زېرىكىشلىك كېچىلەرنى دېھقانلار پاراڭ، ھېكايە ـ چۆچەك، ناخشا، كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشلىرى ئۈچۈن مول داستىخانلىق ئولتۇرۇش، زىياپەتلەر ياكى نەغمە ـ ناۋالىق سورۇنلار زۆرۈر ئەمەس، ئۇلار قىشلىق سېرى بار ئۆيگە كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر چىنە ئەتكەن چاي ئىچىۋالسا ياكى ئامىتى كەلگەن كۈنلىرى بىرسىنىڭ قىشلىق سوقۇم گۆشىگە ئېغىز تېگىۋالسا ئۆزلىرىنى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقان ھېس قىلىشىدۇ ـ دە، بېشىغا ئىككىنچى قېتىم دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ غۇسسە تۇزانلىرى كېلىپ قونمايدىغاندەك كەلگۈسىنى ئۇنتۇشۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەستىن پاراڭ قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ دىلكەشلەرنىڭ پاراڭلىرى كۆپىنچە ئەلا توغرىسىدىكى توقۇلما ئەپسانىلارغا كېلىپ تاقىلىدۇ.

— قىرىق پارە قۇرئاننى يادا بىلگەندەك، — دەيدۇ بىرسى، — ئەزبىرايى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بار، «تاغىل ئۆكۈز» مۇ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ كۈندىن، تاۋاردىن تاشلانغان قۇرئانۇ ـ ھەدىسلىرىنى كۆرۈپتۇ.

— كېچىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىكەن.

— ماڭە نېرى، ئىبادەت قىلمايدۇ، كىتاب ئوقۇيدۇ.

— بىر قېتىم دېرىزىسىدىن ماراپ ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈممەن.

— ئۆزىچە مېڭىپ يۈرۈپ قاقاخلاپ كۈلگىنىنى مەنمۇ كۆرگەنمەن.

— ئاڭلىساق، بەش قېتىم ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپتۇدەك.

— دۇنيادا ئۇ بىلمەيدىغان تىل قالماپتۇ دەمدۇ نېمە؟

يېقىندا سۇلايمان ئەپەندى [illegible]

1976 ـ يىلى قار يېغىش بىلەن باشلاندى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يېڭى يىل ئاخشىمى ئۆز ئۆيىسى بىلەن بولىدۇ. ئەلانىڭ ئورغۇنلىرى يىلنىڭ يېڭىلانغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەلا پەقەتلا تۆت پەسىل، ھەپتە، ئالتە كۈن ۋە كۈندۈز، كەچ بىلەنلا ھېسابلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 1976 ـ يىلنىڭ يېڭى يىل ئاخشىمى بۇ يەردە ھېچقانداق داغدۇغا بولمىدى. يالغۇز ئەلا بۇ ئاخشام ئىشلىمەستىن كۆڭۈل ئېچىشنى ئويلىدى. ئۇ ئاۋۋال يازغانلىرىنى رەتلىدى. سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى بەت يېزىپتۇ. يولى يوق ئاق سۈت قەغەزدىن قىلىنغان ۋاراقلار دەستە ـ دەستە، بۇ دەستىلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۆك سىيا بىلەن بويالغان. كۆك سىيادا يېزىلغان خەت قۇرلىرى ئارىسىغا قىزىل سىيادا يەنە بىر نېمىلەر يېزىلغان. مانا، رومانىنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش ئىككى بەتلىك ئوتتۇز ئالتە بابى يېزىلىپ بولغان ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. چەت ـ چۆرىلىرى يىرتىلغان، بەزى جايلىرى سارغىيىپ كەتكەن كونا قول يازمىسىلا ئۆزلىرىگە كېلىپ قوشۇلغان يېڭى قول يازمىلارنى مازاق قىلىپ: «كىلىڭلار تەلەيسىز قەغەزلەر، توپا بېسىپ، كونىراپ، سارغىيىپ تۇرسىلەر ئەمدى. سىلەرنى بىزنىڭ خوجايىنىمىزدىن باشقا ھېچكىم ئوقۇمايدۇ. سىلەرنى ئەتىۋارلايدىغان يېڭى ئەۋلاد پەيدا بولغىچە سىلەر توزۇپ توزان بولۇپ تۈگەيسىلەر!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەلانىڭ ئۆز قول يازمىلىرىنى قىبقىشتۇرۇپ رەتلەۋاتقان قوللىرى تىترىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىغۇسى كەلدى. قول يازمىلار ئۇنىڭدىن پاناھ ۋە ھاياتلىق تىلەۋاتقاندەك قىلاتتى. يەتمىش نەچچە كىتاب بولۇپ، مۇقاۋىلىرى بىلەن ماختىنىپ جاۋەنلەردىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ قول يازمىلارنىڭ بىر سوملۇق كونا يەشىك ئىچىدە، ئەخلەت ئورنىدا دۆۋىلىنىپ تۇرۇشى بىر ئەمگەك ئەھلى ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب ـ ھە؟ ئۇ قول يازمىلىرنى ئەسكى يەشىككە جايلاشتۇرۇپ، ئورۇن ـ كۆرپە تىزىدىغان پاكار لىمتاق ئۈستىگە قويدى ـ دە، يەنە بىر كونا، [illegible] ياتقان قەدىردان

كىتابلىرىغا قارىدى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر بايلىقى، كىتابلىرىدىن باشقا ئۇنىڭ كۆنىرىگەن ئۈچ قۇر خادانى شىم تۇجۇركىسى، ئۈچ كۆينىكى، ياماق چۈشكەن شىبلىت، ھاشىر بەرگەن ئىچى يۇڭ باجىنگىرى بىلەن، زۇلىيا تىكتۇرۇپ بەرگەن ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن پىنجىكى، «قاسقىر ئاۋۇز» سوغا قىلغان سەنسەن جۇۋا بىلەن توقۇلما ياقلىق چىبەرقۇت چاپان، كونا قۇلاقچا، مايلاشقان شەپكىدىن باشقا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق. بىر پارچە تېكمەت، پاكىزە تاشلانغان يوتقان كۆرپىسىمۇ ئۇنىڭغا گۈزەلئاي بىلەن ئۆتكەن ئۆينىڭ يالدامىسى. ھېسابلاپ كۆرسە ئۇنىڭ ھۆكۈمەت مائاشى بىلەن ياشاۋاتقىنىغا يىگىرمە يىل بولاي دەپتۇ. يىگىرمە يىلدىن بېرى توپلىغان خۇسۇسىي بايلىقى ئەنە شۇ. قالغان پۇلى مۇنۇ كىتابلارغا خەجلەندى. ئۇنىڭ ھازىر ساۋۇتوۋدىن قالغان، ئۆزى ھەرخىل يوللار بىلەن سېتىۋالغان، كۆچۈرۈۋالغان كىتابلىرى ئۈچ يۈز پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ھازىر ھېچقانداق ئورۇندا يوق. بەزىلىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىدىكى ئارخىپلاردىلا، بەزىلىرى چەت ئەللەرنىڭ مۇزېيى، كۈتۈپخانىلىرىدا، بەزىلىرى بولسا ئەلاغا ئوخشاش ئىلمنى جېنى بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان ئىلىم ئەھلىنىڭ قولىدا...

ئۇ رەڭگى ئۆچكەن كونا پوپكىنى قولىغا ئالدى، پوپكىنىڭ ئاغزى قۇلۇپلانغان. ئۇ تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى. پوپكىنىڭ بىرىنچى قاتلىمىدا كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، خىيالچان بىر يىگىتنىڭ رەسىمى تۇراتتى. ئەلا بۇ رەسىمگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ ساۋۇتوۋنىڭ رەسىمى. ئەلا رەسىمگە ئۇزاق قاراپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، پوپكىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىنى ئاچتى. بۇ قاتلامدا قارا تاشلىق دەپتەر بار ئىدى. ئەلا دەپتەرنى ۋاراقلىدى. دەپتەرگە كىتابلار كاتولوگى يېزىلغان، بەزى كىتابلارنىڭ ئاخىرىدىكى بوش جايىغا (·) بەلگە، بەزىلىرىگە سوئال، بەزىلىرىگە نۆل بەلگىلىرى قويۇلغانىدى. بۇ بەلگىلەرنى ئەلا ئۆزىلا چۈشىنىدۇ - بۇ ئۇنىڭ [illegible] بولغان، تېخى ھەل قىلالمىغان مەسىلەر بار ياكى تېخى قول تەگمىگەن دېگەندەك ئەھۋاللارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلىرى بولسا كېرەك. ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى ئىرغىتتى. دېمەك، ئۇ تېخى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تېخى قىلىپ بولالمىغانىكەندە!

ئۇ كىتاب ۋە قول يازمىلىرى بىلەن ئەستە خوشلىشىپ كۆنىرىگەن قول سائىتىگە قارىدى. سائەت توققۇزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەنىدى. يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن زۇلىيا يىغىندىن قايتىدۇ. ئەلا ئەتىگەن ئۇنىڭغا گۇڭشېدىكى يىغىندىن كەچ سائەت ئونغىچە قايتىپ كېلىشنى، قايتىشىدا بىر-ئىككى بوتۇلكا بىر نېمە تېپىپ كېلىشنى تاپشۇرغانىدى.

ئەلا بىر ئايدىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى - دە، مەشتىكى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆمۈر چوغىنى چۇقچىلاپ چۈگۈن قويدى ۋە سۇ ئىسسىغىچە چىگە يىپقا ئېسىلغان كۆينەكلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئوبدانىراقىنى ئاللىدى. ئۇنىڭ قولىغا لەنجۇدىن كەلگەندىن بېرى ئاياپ يۈرگەن كۆك گىرپىتىشىن كۆينەك چىقتى. بۇ كۆينەك گۈزەلئاي بىلەن توي قىلغان يىلى كىيگەن، بىردىنبىر توي يالدامىسى ئىدى. كۆينەك پۇرلاشقان، ئانچىمۇ پاكىزە ئەمەس ئىدى. ئەلا كۆينەكنىڭ پۇرلاشقان جايلىرىنى تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن سۇ پۈركىدى - دە، تارتىشتۇرۇپ - سوزۇشتۇرۇپ قايتىدىن ئېسىپ قويدى.

ئۇ ئاخىر ياسىنىپ - تارىنىپ زۇلىيانىڭ پەشايۋانلىق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ سالام بىلەن ئاشخانىغا كىردى. ئۆيدىكىلەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. كاڭدا مامۇق ياستۇقنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ خىيال بىلەن ياتقان موماي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ ئەلاغا قارىدى:

— ۋائەلەيكۇم، يېڭى يىلىڭنى ئۇنتۇماپسەن دېگەن بىلەن، — دېدى موماي ئەستە كۈلۈپ، كۈلگەندە ئۇنىڭ قورۇق باسقان، زەپىرەڭ يۈزى قىزىق مايغا چۈشكەن پوشكالدەك قورۇلدى، كۆز

جىنبەكلىرىدىكى قىزىل سىزىقلار بىر مەھەل يوقالدى. ئۇ بىردىنلا ئۈمچەيدى ـ دە، كونا تور ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يېگى بىلىنغۇ تۇنتۇماپسەن، لېكىنزە، كىچىك ئاناڭ بىلەن بالاڭنى تۇنتۇپ يامان قىلدىڭ بالام.

— نېمە دەۋاتىسەن كىچىك ئانا، قولۇم بوشىغاندا...

— قويغىنا بالام، سىنىڭ قولۇڭ بوشايدىغان كۈن بولامدىكىنتاڭ، ئىنقىلاب تۈگىسۇن دېدىڭ، ماقۇل دېدىم، قاچىنىڭ ـ مۆكتۈك، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق دېدىم، مانا ئوقلارمۇ ئاڭلانمايدۇ، «تۇت ـ باغلا» مۇ ئۈزۈپ كەتتى. سەن تېخىلا ئالدىراش. دىلئارانى ئەكېلىپ بەرگىن دېگىنىمگە نېۋاخ؟ بىلەمسەن، بالىنى كۆرمىگىلى ئۈچ يېرىم يىل بولدى. زاكىسىدىن ئايرىپ چوپچوڭ قىلدىم، بىر بالىنى شۇنچىلىك قىلماق ئاسانمىدى؟ قاراپ تۇرۇپلا ھېلىقى ھازازۇل خوتۇن بالىنى ئەكەتتى ـ دە. ئايالىڭ بىلەن ياراشقىن، ئەلىنىمۇ، دىلئارانىمۇ ئەكەلگىن دېگىنىمگە نى زامانلار بولدى. يېشىڭ قىرىققا يېقىنلاشتى بالام، نېمە تۈگىمىگەن ئوقۇش، نېمە تۈگىمىگەن يېزىشكەن بۇ ھە؟ ئوقۇمايمۇ ـ يازمايمۇ كۈن ئالغىلى بولىدىغۇ؟ ئەنە ھاشىر ئاغىنەڭ چېغىدا بىر ئۈزۈلۈك بولدى، ناھىيىنىڭ چوڭى بولدى. سىلەر بىللە ئوقۇغان، بىللە ئۆسكەن، ئوقۇغانغا كۆتۈرۈلىدىغان گەپ بولسا سەن كۆتۈرۈلسەڭ بولماسمىدى؟ مېنىڭ تۇت كۆنلۈكۈم قالدى، بىر تىنىقتىن قالسامىلا يوقمەن. ھېچبولمىسا سىنىڭ تۇت تېمگىنى، تۇي مۇراگىدىن ئىس چىققىنىنى كۆرسەم دەيمەن.

— نېمە دېگەنلىرى ھەدە بۇ، بۇ ئۆيمۇ سىلىنىڭ تۇز تۆيلىرىغۇ، بىزنى يات بىلىدىكەنلىدە؟

موماينىڭ گېپىدىن زۇلياننىڭ ئايالى رەنجىدى. موماي بىلەن ئايالىنىڭ گېپى ھەقىقەت. ئەلا راستىنلا موماي بىلەن باللارنى تۇنتۇغلى خېلى كۆنلەر بولدى. ئۇ مېھ شىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئازاب بىلەن تىرنىقىنى ناتلىدى، [illegible]

ئەمدى ئۇ ھاشىرنىڭ نەسھەتلىرى، رازىيەنىڭ رەنجىشلىرى، گۈزەلئاي، ئەلى، دىلئارا توغرىسىدا ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا ئارۇپنىڭ ئۆيىگە، ئۇنىڭ سىم كارىۋىتىدا تۇخلاپ قالغان ئەلانۇرغا بېرىپ قوندى. ئۇ ئەلانۇر بىلەن بۇندىن ئىككى يېرىم ئاي بۇرۇن تونجى قار ياغقان ئاخشىمى بىللە سەيلە قىلغان، ئەتىگەنلىكى ئەلا قىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ قاراپ باققان. قىز قوللىرىنى تاشلاپ، قاپقارا چاچلىرىنى ئاپئاق ماموق ياستۇققا يېيىپ بەخت ئىلكىسىدەك ھوزۇرلىنىپ ئۇخلاپ قالغان. ناۋادا شۇ قىزنىڭ بەختىمۇ ئەلاغا مۇناسىۋەتلىك بولىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ئەلا بىلەن بەختلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار، كىچىك ئانىسى، باللىرى، گۈزەلئاي، ئەلانۇر... يەنە ئاغىنىلىرى، خەلقى، ئالىلىكىملەر... ئۇ ھېچكىمنى رازى قىلالماستىن دۇنيادىن ئۆتسۇنمۇ؟ يازغان ئەسەرلىرىنى زامان قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ كىتابلىرى تېخى سولاقتا تۇرسا، يېقىنلىرى ئۇنىڭدىن تۈرغۈن نەرسىلەرنى كۈتۈپ تۇرسا... ئۇ ھېچكىمنى رازى قىلالماستىنلا قىرىق ياشقا كىرگەن تۇرسا ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قانچىلىك مەنىسى قالدى؟ ناۋايى قىرىق يېشىدا دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ يېزىقچىلىققا بېرىلگەن. ئۇ كىشى قانچىلىك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازدى ـ ھە؟ «خەمسە» ۋە باشقىلىرى بولۇپ قىسقا يىللار ئىچىدە ئۆتكەن قىرىق سەككىز مىڭ مىسرالىق داستان، شېئىرلىرى ناۋايى ھاياتىنىڭ مېغىزى ئەمەسمۇ؟ لېكىن ئەلا تېخى ھېچنېمە قىلمىدى، ھېچكىمنى رازى قىلالمىدى...

ئۇ ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن كىچىك ئانىسىغا قارىدى. كىچىك ئانىسى ئوغلىنى خىجالەت قىلغىنى ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن ئازابلىنىپ مۆلۈلدەپ قاراپ، تۇمە تارتىپ ئولتۇراتتى.

— ماقۇل كىچىك ئاپا، ياز بورۇسۇن، مەن ساڭا دىلئارا بىلەن ئەلىنى ئەچىقىپ بېرەي، شەھەردە نەۋرىلىرىڭ بىلەن تۇي تۇتامسەن ـ يە؟

ـ ئەھەرقانداق كۆڭۈل ئاغرىقىنى خۇشاللىققا

ئايلاندۇرۇشقا ئادەتلەنگەن مومايلار تولىمۇ كۆڭۈل ئايايدۇ - دە، موماي ئوغلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن زورىغا كۈلۈمسىرىدى:

— شەھەرنىڭ قۇرسۇن، ۋابىيەي، سۈت - قېتىقنى نەق پۇلغا ئالىدىغان يەردە تەمتىلەپ ئىسمۇ قىلالىتتىم بالام. باللارنى سېغىندىم، بىر كۆرۈستىپ قويساڭلا بولاتتى دېگىنىم - دە.

— ئەتىلا شەھەرگە كىرىپ مەن ئۇلارنى ئەچىقاي، قىشلىق تەتىلمۇ يېقىنلاشتى، ئۇلارمۇ سەھراغا چىقىشقا ئامراق.

كۆڭۈلسىزلىك تۇماندەك كۆتۈرۈلدى. زۇلىيا ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىگە تېخىمۇ چوڭ خۇشاللىق بىللە كىردى. زۇلىيا گۇڭشې مەكتىپىنىڭ بىر نەچچە ئوقۇتقۇچىسىنى بىللە يېڭى يىل كېچىسى ئۈتكۈزۈشكە باشلاپ كەلگەنىدى.

كەلگەن تۆت يىگىت ئەلانى ياخشى چۈشىنىدىغان، شۇ 70 - يىللارنىڭ ئىلىم - پەن ئەھلىگە، ۋەكىللىك قىلالايدىغان يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار بىلەن 70 - يىللاردا پەيدا بولغان دۇنياۋى يېڭىلىقلار، كەلگۈسى تۇرمۇش توغرىسىدا كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقىلى بولاتتى. ئۇلانىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، كونا - يېڭى كىتابلاردىن خېلى كۆپ ئوقۇغان، يەنە بىرسى ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغىنى بىلەن گېزىت - ژۇرناللارنى قويماي ئوقۇپ خاتىرە يازىدىغان، يەنە بىرسى تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغىنى ئۈچۈن تارىخ توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەرگە قىزىقىدىغان، ئاخىرقى بىرسى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغىنى بىلەن ناخشا - سازغا مۇھەببەت باغلىغان، مۇقاملاردىن ئالتە - يەتتىسنى ئېيتالايدىغان، تۈزى يالغۇز بىرەر ئولتۇرۇشنى قىزىتالايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقچاقىقا تولىمۇ چاققان يىگىت ئىدى. ئەلا يىگىتلەر بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ، ئۆزلىشىپ تېزلا «سىز»، «سىلە»نى تاشلىشىپ «سەن»لىشىپ كېتەلىدى.

— شۇنداق قىلىپ بۈگۈن ساز چالماستىن پاراڭ، چاقچاق بىلەن كۆڭۈل ئاچىمىز دېگىنە رىشىت، — دېدى ئەلا ئىلمىي مۇدىرغا كۈلۈپ چاقچاق قىلىپ، — ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئاداش، سۇپۇرگىنى دۇتار قىلىپ مۇقامىڭنى باشلىساڭ قانداق بولىدۇ، ئۇ چاغدا؟

— ئەزبىرايى غىڭشىسام ئۇلەي، — دېدى رىشىت كۆكرىپ تۇرىدىغان لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ، — بۇ مەھەللىدە غىڭلا قىلساڭ ئەسنالام دېيىشىپ ھەممە ئادىمى كىرىشىپ كېلىدىغان ئادەت بار. ھازىرمۇ قۇلىقىنى دىڭ قىلىشىپ قايسى ئۆيدىن ناخشا چىقاركىن دېيىشىپ تۇرۇشقان بىر توپ گەكسى بار، ئۇلار ئۆت كوچىدا مارىشىپ تۇرۇشىدۇ.

— تىللىماڭ ئۇكا بىزنىڭ مەھەللىكلەرنى، — دېدى ئالادىن كىرگەن زۇلىيا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، — گەكسى دەۋەرمە جۇمۇ، قېيىن ئاتام ئاڭلاپ قالسا ئاناڭنى كوزۇڭگە كۆرسىتىدۇ.

— ھە، راست سەن ئاسىم گەكسىنىڭ كۈيئوغلى ھە، ئانداق بولسا سىبنىڭ لەقىمىڭ كۆكنەك!

ئۇلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشتى. زۇلىيا ئەلاغا قاراپ قويدى. ئەلانىڭ لەقىمى «قۇشقاچ» بولغىنى ئۈچۈن «كۆكنەك» ئۇنىڭ «دۈشمىنى» بولۇپ قالاتتى.

— ئانداق دېمە، ئەلانىڭ يۈرىكى چىقىپ كەتمىسۇن، — دېدى زۇلىيا.

لەقىمنى تىلغا ئېلىپ يوشۇرۇن چاقچاق قىلىش يېزىلاردىكى بىر خىل كۆڭۈللۈك ئويۇن. بۇ يەردىكىلەردىن ھېچكىم لەقەمسىز ئەمەس، شۇنداقلا بۇ يەردە چاقچاق بىلمەيدىغان ئادەممۇ ئاز. بۇ يەردە ئادەملەر ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىدىمۇ، بىر - بىرى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقاندىمۇ ياكى تازا ئالدىراش ھەتتا ئېغىر كەسەل ئازابى بىلەن ياتقاندىمۇ بىر - بىرسىگە چاقچاق قىلىشىدۇ. بىر - بىرىنى كۈلدۈرۈش، كىشىلەرنى زۇقلاندۇرغىدەك بىرەر ئېغىز سۆز قىلىۋېلىش بۇ يەردىكى ئادەملەر ئۈچۈن تولىمۇ چوڭ ئىش. چاقچاقلىشىش ئەرلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن ئاياللار، باللارمۇ بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشىدۇ، بىر خىل مەھەللە چاقچاقلىرى بىر -

بىرسىنىڭ لەقەملىرىنى يوشۇرۇن ياكى بەزىدە ئاشكارا تىلغا ئېلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلدۇ.

زۇلىيانىڭ ئۆيىدىكى يېڭى يىل ئاخشىمى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك چاقچاق بىلەن باشلاندى. كۆپچىلىكنىڭ ھە دېگەندىلا «قۇشقاچ»قا ھۇجۇم قىلىشتى. «قۇشقاچ» نىڭ قورغۇيىنى كورسە جىمىپ كېتىشى، زىغىر ياغلىق بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلەرگە ياسىغان ئۆۋىسى، ئىلان تىلىنى چىقىرىپ مەدىرلىتىپ بەرسە ئىلان تىلىنى قۇشقاچ بېچارە قۇرت دەپ چوشىنىپ ئۆزىنى ئىلاننىڭ ئاغزىغا ئاتىدىغانلىقى... ئىش قىلىپ قۇشقاچ ھەققىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسى دېيىلىپ، ئۇلار ئەلاغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى زادىلا ئېغىز ئاچقۇزمىدى. ئەلا دوستلىرىنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

قورۇلما غىزالار بىلەن ئىچىملىك كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچى بىر پەس جىمىدى ـ دە، ئىچىملىك ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پارىڭى ئەمدى ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە دۇنيادىكى يېڭىلىقلارغا كۆچتى. مانا ئەمدى سۆزلەش نۆۋىتى ئەلاغا كەلدى. ئەلا ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ، سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ بىردە شېئىر ئوقۇيتتى، بىردە كىتابلاردىن نەقىل ئالاتتى، بىردە ئەس بىر نەزەرىيىنى ئاددىي مىسال بىلەن چۈشەندۈرەتتى. ئولتۇرغانلار بىرەر ئېغىز گەپنى ئاڭلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ داستىخانغا شىپقاپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن گەپكە بېرىلگەن. ئالادا بولسا قىلىبدىن سۇسراق بوران چىقىۋاتقاچقا دەرەخلەر ھۇۋلاشماقتاتتى. ئەلا ھېلىدىن ـ ھېلىغا رومكا بوشىتىپ زوق بىلەن سۆزلەۋاتقاندا ئۆيگە ئۈستى ـ بېشى قار، قىشلىق كىيىملىرى بىلەن تونۇغۇسىز ھالغا كىرىشكەن ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانلار ئۆيىدىكىلەرنىڭ كەيپىنى بۇزغىنى ئۈچۈن ئۆيدىكىلەر ئۇلارنى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ سوغاق قارشى ئېلىشتى. كىيىم كۆچلىرىمۇ كىيىملىرىدىكى قارلارنى قاقماستىن، يۈزلىرىدىكى قارلار ئېرىپ بولغىچە جىم تۇرۇشتى. تاپىسىدىكى بەش ئادەم بىلەن داستىخاندىكى ئالتە ئادەم بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ بىردەم تۇرۇشتى ـ دە، بىرىنچى بولۇپ زۇلىيا ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، بۇ، بۇ ھاشىر شۇجىلاركەنغۇ، بەللى، بەللى...

— دەرۋازا قاقتۇق، سىگنال بەردۇق، ئىتلار ئىسلەردىن سەگەككەن، بىرىنچى بولۇپ ئالدىمىزغا چىقىشتى، — دېدى ھاشىر قىسقا جۇۋىسى بىلەن قولاقچىسىنى سۇپىغا تاشلاپ، — ئاۋاق، ئولتۇرىسەنغۇ، ماۋۇ كىيىملەرنى ئاسقىن.

ئەلا خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھاشىرنىڭ كىيىملىرىنى قولىغا ئالدى:

— سىبىنىڭ جاۋاغلىرىڭمۇ تۈت ئېشەككە يۈك، قېنى پىماڭىنمۇ سال!

ئۆي ئىچى ئۇيۇر ـ تويۇر، تۆرە-تۆپە بولۇشتى. تۆردىكىلەر تاپىسغا چۈشۈپ مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى.

ئون ئادەم داستىخاندىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ساھىپخان زۇلىيا تاپىسدىن تۆرە تۇرۇپ:

— ئەجەپ ياخشى كەپسىلەر، ئەمدى يېڭى يىلنى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك قارشى ئالىدىغان بولدۇق. ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، بەش مىنۇتقىلا.

— ياق، بىز قويۇڭنى كېيىن يەيمىز، يېڭى يىل كىرىشكە تېخى يەنە ئىككى سائەت بار ئىكەن، بىز سىلەرنى ئېلىپلا شەھەرگە ماڭىمىز. بىزنى ئۇ يەردە يىگىرمە نەچچە ئەر ـ ئايال كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، راستىنى ئېيتساق، بىز ساۋاقداشلار جەم بولۇشقاندۇق.

ھاشىرنىڭ گېپىدىن ئەلا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنگىنى بىلەن زۇلىيا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۇ مۇرىسىنى چىقاردى ـ دە:

— ئېمىلەرنى دەۋاتىسىز ھاشىر شۇجى، شەھەرگە ئېلىپ ماڭىمىز دەيسىز، يىگىرمە ئەر-ئايال دەيسىز، بىزنىڭ خوتۇنلارنىمۇ ھېسابلىغانسىز؟ ساۋاقداشلار دېمىسىڭىز بىز ـ سىز بىلەن يۇرتداش،

پىكرداش، ئاداش، يەنە تۇرمداش، لېكىن ساۋاقداش ئەمەستە.

ھاشىر قاقاھلاپ كۈلدى. ئەمدى گەپنى قۇرماش ئالدى:

— تۈيغۇرچە گەپنى چۈشەنمەيدىلار ـ ھە، ئەمسە قازاقچىسىنى چۈشىنىسلەر، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — بىز ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ كونا ئوقۇغۇچىلىرىدىن.

— ياق، — دېدى تاشپولات تۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — چۈشەنمىدۇق دېمەيدىلە، بىز ئەھمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئۇتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىنىڭ سابىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن.

— ئەمدى توختا! — دېدى قۇرماش، — تېرىسىنى ئاجراتىڭ، ئىچى ـ قارنىنى ئېلىشنى ماڭا قويۇپ بەرگىن، تاشپولات دېگەندەك ئەلەردىن نەق يىگىرمە ئۈچىمىز، ئايالىلىرىمىز، بالىلىرىمىز بىلەن بىر يەرگە، يەنە غۇلجا شەھىرىدىكى مەرھۇم مۇئەللىمىمىز، ساۋاقداش ھاشىرنىڭ قېينى ئانىسى، ساۋاقداش رازىيەنىڭ دادىسى، ساۋاقداش ئەلانىڭ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئۇستازى ئۆمەر ئەپەندىمىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋالماقچى بولۇشقان. شۇ سەۋەبتىن شەھەردىن ساۋاقداشلارغا ۋەكىل بولۇپ مەن، تاشپولات، مۇنۇ ئارۇپ — يەنى تېز پاكار، مۇنۇ تۇرغان گىراسىم بوۋاي ئۈچىمىز ناھىيىگە ھاشىر، ئەلا، قۇرماشلارنى شەھەرگە — ئاشۇ ئولتۇرۇشقا ئەكىرمەكچى بولۇپ چىققان ئىدۇق، ئاغىنىمىز ھاشىر تۈگىنىڭ يۈكى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكى بەكمۇ چىلىڭ تېڭىلغانىكەن، ئۇنى يۈكتىن ئازاد قىلىمىز دەپ كېچىكىپ قالدۇق. ئەمدى مۇنۇ ئەلا بەكمۇ كىچىك جانىۋار بولغىنى ئۈچۈن سامانلىقمۇ ـ سامانلىق ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىر بۇ يەردىن تاپتۇق. خالىساڭلار بىللە كىرەيلى، بولمىسا يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ بىر رۇمكىدىن ئىچىمىزدە، يولغا چىقىمىز، بىزگە رۇخسەت قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

— مەقسەتنى چۈشەندۇق، — دېدى زۇليا قىزىل دۇخاۋا يۈكىنى كەينىگە سۈرۈپ قويۇپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا، — نېمە دەيمىز؟ سىلەرگە كاشىلا بولساق بولماس، ئەمسە مەن ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا بىر ۋەكىل ئەۋەتمەكچى، شۇنى ئېلىۋالساڭلار، بەش مىنۇت كۈتسەڭلەر، مەن ۋەكىلىمنى كىيىندۈرۈپ بولىمەن.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. ھاشىر ئەلاغا «نېمە گەپ؟» دېگەندەك قىلىپ قارىدى. ئەلا كۈلۈپ قويدى:

— ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ كىملىكى چۈشىنىشلىك، ھەي زۇليا ئاكا.

— كىم ئۇنىڭ ۋەكىلى، ئېيتقىنا ئاۋاق؟ — دېدى قۇرماش ئالدىراپ، — بالىلىرىدىن بىرسىمۇ؟

— ياقە، — دېدى ئەلا كۈلۈپ، — زۇليا ئاكا بىرسىگە يۈك ئارتىدىغان ئادەم ئەمەس، ئەھۋىق ئۇنىڭ ئەلچىسى قوي. ئۇ قوي سويغىلى چىقىپ كەتتى. بىزنى جاپا تارتمىسۇن دەپ قوينى تىرىك بەرمەستىن سويۇپ تەقدىم قىلماقچى.

ئولتۇرۇشتىكىلەر بىرى ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

— ئاجايىپ ئادەم، — دېدى ھاشىر، — باشقىلارغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇشنىلا ئويلايدۇ بىچارە.

— راست گەپنى ئېيتسام زۇليا ئاكا بولمىغان بولسىمۇ مەن ئالالماچان تۇگەشكەن بولاتتىم، ئۇ مېنى ئۈچۈن تۈرمىگە كىردى، مەن ئۇچۈن ھەر قانداق مۇشكۈلاتقا تەييار.

— چۈشىنىمىز، — دېدى ھاشىرمۇ بېشىنى ئېگىتىپ، — ئۇ گەرچە ئۆزى ئوقۇمىغان بولسىمۇ بىلىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھەر قانداق ئورۇندىن ئۇنىڭ ئۆيىنى ياخشى كۆرسەڭ ئەمەسمۇ.

— مەن سىلەرگە بىر نەرسىنى ئېلان قىلاي، — دېدى ئەلا ھاراق بىلەن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى دوستلىرىغا تىكىپ ھاياجان بىلەن، — مەن رومانىمنى تاماملاشقا ئاز قالدىم. مەن رومانىمنىڭ بىر قەھرىمانى قىلىپ مۇشۇ زۇليا ئاكىنى ئالدىم. ئۇ باشقىلار ئۈچۈن

قۇربان بولۇشقا دائىم تەييار تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل، كۆيۈنۈمچان، مەردانە دېھقان. مەن شۇ دېھقاننى يازغاندا زۇلپىيا ئاكا قولىقىمنىڭ يېنىدا پىچىرلاپ تۇراتتى.

— يارايسەن ئاداش! — دېدى تاشپولات پىيالىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ، — بىزنىڭ پەخىرلەنگىدەك سەندىن باشقا ھېچنېمىمىز يوقكەن، ياز ئاداش، ئاتا - بوۋىلار قىلالمىغاننى سەن قىل، بىز سېنىڭ ناملىڭ بىلەن خۇشال بولايلى، بېشىمىز ئاسمانغا تاقاشسۇن!

— پاھ، پاھ! — دېدى ئارۇپ كۈلۈپ، — بىر ئايلا شاپاق، ھەلەپ بىلەن ياقسا شائىر بولىدىكەنسەن جۇمۇ، ئاداش تاشپولات!

— ماۋۇنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ھاشىر بىر گېزىتنى ئىچ يانچۇقىدىن ئېلىپ، — گېزىت ئوقۇمايسەن‌غۇ دەيمەن ئاۋاق، تېخى بىزدىن يوشۇرۇنچە گېزىتكە ماقالە ئەۋەتىپسەن - ھە؟

— ئەلا گېزىتنى ئالدىراپ ياپدى. تونۇش ماۋزۇغا كۆزى چۈشتى: «موللا بىلال ۋە ئۇنىڭ (غەزەلىيات) ناملىق ئەسىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك». ئاپتورنىڭ نامىنى ئوقۇپ ئەلانىڭ ۋۇجۇدى تىترىدى. ئاپتورى ئەلا تۇراخۇن.

— ھە، ئېمىگە ئاغزىلىرىڭنى ئۇمچەيتىسەن، — دېدى ھاشىر ئۇنى نوقۇپ، — ئەمدى ئەۋەتىۋەرگىن، ئەسەرلىرىڭ گېزىت - ژۇرناللاردا بېسىلىۋېرىدۇ.

— مەن ھېچنەگە ئەسەر ئەۋەتمىگەنمەن، — دېدى ئەلا بىردىنلا خاپا بولۇپ، — بۇ ماقالىنى مەن ھېلىقى چاغدا «خوجايىن»نىڭ تەلىپى بىلەن شۇ كىشىگە يېزىپ بەرگەن. ئۇ كىشى مېنىڭ نامىم بىلەن گېزىتكە بېرىپتۇ.

«خوجايىن»نى ئولتۇرغانلار چۈشەنمىدى، ئەمما ھاشىر، قۇرماش، ئارۇپلار بۇ ئىشنى بىلگەچكە بىر - بىرسىگە قارىشىپ قويۇشتى.

— ياخشى قىپتۇغۇ، بۇنىڭ خاپا بولغىدەك نېمىسى بار؟

ھاشىر دوستىغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ ھالاللىقى مېنى قايىل قىلدى، — دېدى ئەلا گېزىتنى ئوقۇۋېتىپ، — لېكىن بۇ

ماقالىدىكى بەزى گەپلەر ئورۇنلۇق ئەمەس. مېنىڭ بۇ شائىر ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىم تولۇق شەرھلەنمىگەن. مەن ۋەزىيەت تەلىپى بىلەن دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى دېيەلمىگەنمەن.

— خۇشال بول، ئاۋاق! — دېدى ھاشىر ئەلانىڭ بېقىنىغا ئاستا تۈرتۈپ قويۇپ، — ماقالەڭنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنغانلىقى سېنىڭ تولۇق ئازاد بولغىنىڭنى چۈشەندۈرىدۇ.

— مەن ئازاد بولغان بىلەن مېنىڭ كىتابلىرىم بىلەن ئەسەرلىرىم تېخى تۈرمىدە، — دېدى ئەلا ئۈزۈنچە غۇدۇڭشۇپ، — سادىر پالۋان قوشاقلىرى تېخى ئازاد بولمىدى. زۇلۇمغا قارشى قوشاقلار ئازاد بولالمايۋاتسا، كىلاسسىك ئەسەرلەر، مىسالى مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، لۇتفى، سەككاكى، زەلىلى، نىزارىلار قاچان ئازاد بولىدۇ؟ قىسقىسى قاچانمۇ ئادەملەر تارىخ، ئىلىم ۋە سىياسەت توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئەركىن سۆزلەپ باشقىلار بىلەن قانغىچە مۇنازىرىلىشەلەيدىغان بولىدۇ؟ مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە مېنىڭ ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— مەس بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ھاشىر بارغانسېرى قايناپ سۆزلەۋاتقان دوستىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقراق سۆزلەرنى قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ.

— راست ئېيتىسەن ئاداش ئەلا، — دېدى قۇرماش ھاراق بىلەن ھاياجانلىنىپ، — مېنى يەنە ماتارىپ ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ قويدۇڭ ھاشىر، لېكىن ئۇ يەردە ئىلىم توغرىسىدا سۆز قىلالمايمەن. ماتېماتىكىغىمۇ سىياسەتنى قوماندان قىل دەيسەن، ئېيتقىنا دۇنيادا پرولېتارىيات ماتېماتىكىسى، بۇرژۇئازىيە ماتېماتىكىسى دەيدىغان ئاتالمىلار بىزدىن باشقا يەنە نەدە بار؟ مەن پەن سۆزلەنمەيدىغان ماتارىپ ئىدارىسىدە ئىشلىمەيمەن، مەن ئىستىپا بېرىمەن، قۇرۇق سىياسەت، سىنىپىي كۆرەش، چوڭ پېپەن دېگەنلەرنىڭ ئەھلى ئەمەسكەنمەن.

زۇلپىيا كىرمىگەن، ھاشىر ئورنىدىن تۇرمىغان بولسا ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دەيتتىكىن؟ ھاشىر ئۈزىگە

هال ئىبىتىۋاتقان ماتارىپچىلارغا كۆڭلىدە ھىسداشلىق قىلسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ خىيالىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋېرىشىنى ياقتۇرمايتتى.

— بولدى قىلىش! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئىبىتىپ قويااي، بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەندە سىياسەت، ۋەزىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكە رۇخسەت قىلمايمەن. مەس بولۇشقا، تىللىششقا، ھەتتا مۇشتلىششقا روخسەت، لېكىن سىياسەت توغرىسىدا گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق. ئاڭلىدىڭمۇ نەلا؟ سەن دائىم گەپنى چوڭ ئىشقا بۇرايسەن، مەن سېنىڭ ئاغزىڭغا يۆگەن، بۇرنۇڭغا چۇلۇك تەييارلاپ قويىمەن.

— چۇلۇكنى سېنىڭ بۇرنۇڭغا سالارمىز؟ — دېدى نەلامۇ كۈلۈپ قويۇپ چاقچاق بىلەن.

ئۇلار چالا مەس بولۇشۇپ پاخال ۋە كىگىز بىلەن راسلانغان كورزۇپقا چىقىپ قىلىن جۇۋا، پاختىلىق چاپانلىرىغا ئورۇنۇپ ئولتۇرۇشتى. زۇليا راست دېگەندەك سويۇلغان قوي، تۇن، ماي، ئون بوتۇلكا ھارىقنى ماشىنىغا جايلاشتۇرۇپ بولۇپ مېھمانلىرى بىلەن خوشلاشتى:

— خوش ئەمىسە، سىلەر شەھەردە ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن يېڭى يىلنى قارشى ئېلىڭلار، بىزمۇ مۇنۇ رىشىت ئەپەندىنىڭ ناخشىلىرى بىلەن تاڭ ئاتقۇزايلى. مانا مەھەللىنىڭ يىگىتلىرىمۇ كەلگىلى تۇردى، خەير ئەمىسە!

ئۇلار 1976 - يىلنى ئاشۇنداق داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. لېكىن يىللار سېنى ئۈنچىلىك قىزغىن كۈتمىسە بۇنىڭغا نە ئىلاج؟ 1976 - يىلنى ئۇلار قىزغىن كۈتۈۋالغىنى بىلەن ئەكسىچە بۇ يىل ئۇلارنى ھەتتا قوپاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. 1976 - يىلى 3 - ئايدا ھاشىرنىڭ رەقىبى بولغان سابىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لۇ شۇجى ناھىيىگە يەنە بىرىنچى رەھبەر بولۇپ ئورۇمچىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇز ۋاقتىدا رەقىب بىلەن بىرلىكتە ھاشىر، ئەلالارنىڭ ئەدىبىنى بەرگەنمۇ، كېيىن «كېيىنكە يېتىۋېتىش ، خاتالىقىنى» بولۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن «كېسەل داۋالانغىلى» كەتكەنمۇ ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكىنىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «مۇناسىۋەتلىك ئورۇن»لاردىن «ئىسپات ماتېرىيالى» توپلىغانمۇ ئەنە شۇ لۇ شۇجى ئىدى. لۇ شۇجى دېسە ھەر قانداق بىر ساۋاتسىز يېزا كادىرىنىڭ كۆز ئالدىغا قاپىقى يامان، كۆك چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، ئىشتىنىنى ئىزىغىچە تۇرۇپ يۈرۈيدىغان بىر تەرسا بوۋاي كېلىدۇ. بۇ بوۋاي قارىماققا تولىمۇ ئاددىي - ساددا. بىر سوملۇق شەپكە بىلەن رېزىنكە خەي ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق كىيىمى. ياماق چۈشكەن خادانى شىم - ئۇجۇركا ئۇنىڭ نەۋەرۇكى. ئۇ زادىلا پىكاپقا چۈشمەيدۇ. ئالدىراش ئىشلار بولغاندا ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئات مىنمىسە باشقا ۋاقىتلاردا دائىم دېگۈدەك پىيادە يول يۈرۈيدۇ، ئۇ بارغانلا يېرىدە ئىشلارنى بۇيرۇق بىلەن ھەل قىلىدۇ. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنلىرىدىمۇ ئۆز پىكرىنى سىياسەت، قانۇن قىلىپ بېكىتىدۇ - دە، ئۇنىڭ پىكرىگە كىمكى قوشۇلمىسا لۇ شۇجى ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكىشىدۇ. ئۇنى ياكى ناھىيىدىن يۆتكىۋېتىدۇ ياكى ئامال قىلىپ پۈتلاشتۇرۇپ يىقىتىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئادەملەرنى كۆرگەندە شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپلا تۇرىدۇ. ئەمما ئىش ھەل قىلىشقا كەلگەندە ھېچكىمگە يۈز - خاتىرە قىلمايدۇ، مەسلىھەت سالمايدۇ. يالغۇز ئۆزى بۇيرۇق بىلەنلا يېزا كادىرلىرىنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ بىرلىرىنى بېكىتەلەيدۇ، ھەتتا بۇيرۇق بىلەن بەزى ئادەملەرنى قولغا ئالغۇزۇپ، بەزىلەرنى ئاقلاپمۇ قالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇ شۇجى كەپتۇ دېسە يېزا كادىرلىرى ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدۇ. دېھقانلار ئۇنى «ئالا بايتال» دېيىشىدۇ. ئالا بايتال كونا جەمئىيەتتە ئۆتكەن لوزۇڭ، ئۇ شۇنچىلىك زالىمكى، دېھقانلار ئىچىدە «ئالا بايتال» كەپتۇ دېسە، «بوشۇكتىكى بالا چىرقىرايدۇ» دېگەن سۆز بىكار چىقمىغان. لۇ شۇجىنىڭ نامىمۇ ئەنە شۇ «ئالا بايتال» بىلەن ئوخشاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ لۇ شۇجىنىڭ ئۆۋەندە ئادەم جازالاشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى قىلىۋالغانلىقىدا - غىيلە -

پاراقىنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان، قىشلىق خالىس ئۈستەلڭ قوزۇلۇشىغا ئادەمنى تولۇق بەرمىگەن، تېرىش يېلانىنى ئورۇندىمىغان، بوزۇشقا بەلگىلەنگەن باغلارنى بوزمىغان، «داجەيچە سالا ئېتىز» قۇرۇش ئىشلىرىغا سۇسلۇق قىلغان، سۇ يولىنى بەرمىگەن ياكى تاغدىن رۇخسەتسىز باغاچ توشۇغان، قىشلىقى ئەزالارنىڭ مەشرەپ ئوينىشىغا يول قويغان، «چوڭ يېپەن تاختىلىسى» ياساتمىغان، ئۇزۇندە مۇنارىسىنى پاكار ياسىتىپ قويغان، تامىلارنىڭ ھەممىسىنى قىزىل شوئارلار بىلەن بوياپ چىقمىغان دادۇي شۇجىلىرىنىڭ قىلمىشىنى ئاڭلاپ قالسىلا لۇ شۇجى ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ ـ دە، ئۇنى دەرھال ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، گۇڭشې پارتكومىغا قايتا بىرسىنى سايلاپ قويۇشنى تاپىلاپ قويۇپ يولىغا كېتىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆز بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىجراسىنى تۇيۇقسىز ۋە كېچىكتۈرمەي تەكشۈرىدۇ. ئىجرا قىلمىغۇچىلارغا ھەرگىز رەھىم قىلمايدۇ. ئۇ يەنە يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرگىمۇ ئۇنچىلىك خۇشامەت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزى بىرسىگە زىياپەت بەرمەيدۇ، باشقىلارنىڭ زىياپىتىگىمۇ بارمايدۇ. ئۇ نان بىلەن ئەتكەن چايغا ئامراق، ئۇيغۇرچە تىلنىمۇ خېلى ئەپلەشتۈرۈپ سۆزلەيدۇ. ئۇ تۆۋەنگە چۈشسە كادىرلارنىڭ ئۆيىدە زادى تاماق يېمەيدۇ. كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ. ئۆزىمۇ ناھىيىلىك كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. بۇ مەنسىپى بىلەن ئۇ تولىمۇ پەخىرلىنىدۇ...

لۇ شۇجى ناھىيىگە كېلىپ ئەتىسىلا ئۇنىڭ تەلىپىگە يارىشا گېزىتتە ئەلانىڭ ھىلىقى موللا بىلال ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئاشكارا يېپەن قىلغان «ئۆلگەن ۋە ھايات ياشاۋاتقان ۋەتەن ئاسىلىرىنىڭ قىزىل تون كىيىشىگە رۇخسەت يوق!» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىنىڭ ئاپتورى «قىزىل خەنجەر» دەپ يېزىلغان. ماقالە بۇ ناھىيىنىڭ نامىنى، ناھىيىدىكى ... رەھبەرلىك ... ئەكسىلئىنقىلابچى



زىيالىيلارنىڭ قوزغىلاشلىرىغا ئارقا تىرەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارا يازغانىدى. لۇشۇجى كېلىپلا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى ـ دە، «سىنىپىي كۈرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى» نى تەھلىل قىلىپ كېلىپ گېزىتنى ئۈستەلگە يايدى:

— بۇ ۋەقە بىزنىڭ ناھىيىمىزدە يۈز بەردى، يولداشلار كاللىمىزنى سىلكىۋېتەيلى! — دېدى ئۇ غەزەب بىلەن ۋارقىراپ، — ئەكسىلئىنقىلابچىلار كالا تۆككەدەك تولا دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، خەتەرلىك، تولىمۇ خەتەرلىك!

ئەتىسىدىن باشلاپ ناھىيە تاملىرىنى چوڭ خەتلىك گېزىت قاپلاپ كەتتى. يېزىلغان ماقالىلەردە ئەلانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. ھاشىرغا دارىتمىلانغان.

كوچىلاردا ئەگىز سۆلىرى ئېقىپ، ئەتىيازنىڭ سېرىق شامىلى دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ شاخلىرىنى قاخشىتىپ ۋېژىلداپ يۈرگەن بىر كۈنى ھاشىر قولىغا ھىلىقى ئەلانى تەنقىد قىلغان ماقالە بېسىلغان گېزىتنى ئېلىپ لۇ شۇجىنىڭ يېنىغا كىردى. لۇ شۇجى ھەربىي ۋەكىل بىلەن بىرنېمىنى تالىشىۋاتقانىكەن، ئۇ ھاشىرنى كۆرۈپ دەرھال ئەتىرى ئۆرۈلدى. ھەربىي ۋەكىل — ياش يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ھاشىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئورۇندۇققا قىزغىنلىق بىلەن تارتتى:

— كېلىڭ ئا جورىن، ياخشى كەپسىز، لاۋلۇ بىلەن مۇنۇ ئىنقىلابىي چوڭ يېپەن توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق. سىزمۇ پىكىر بېرىڭ، ئېرىلغۇ ۋاقتى كەلدى، پۈتۈن خىزمەتنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى ئىنقىلابىي چوڭ يېپەن بولۇشى لازىممۇ ياكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇمۇ؟ بىز پىكىردە بىرلىككە كېلەيلى.

ھاشىر لۇ شۇجىغا قاراپمۇ قويماستىن گېزىتنى ئۈستەلگە قويدى. لۇ شۇجى ئۇنىڭغا «يالت» قىلىپ قارىدى.

ــ ... ماقالىنى ئوقۇغانمۇ؟ ... ـ دېدى ھاشىر

قاپىقىنى تۈرۈپ، — مۇشۇ بىر شەخسنىڭ پىكرى ئۈچۈنمۇ؟

—شەخسنىڭ پىكرى؟ — لۇ شۇجىنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — يولداش، مۇنۇ گېزىت پارتىيىمىز-نىڭ ئورگان گېزىتى!

— دۇرۇس، پارتىيىمىزنىڭ ئورگان گېزىتى، — دېدى ھاشىر سالماقلىق بىلەن ھەربىي ۋەكىلگە قاراپ قويۇپ، —لېكىن بەزى يامان غەرەزلىك ئادەملەر ھامان پارتىيىمىزنىڭ نامىدىن يا گېزىتىدىن، ئورگانلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ رەزىل غەرەزلىرى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلايدۇ.

— سىز نېمە دېمەكچى، پىكرىڭىزنى ئېنىقراق ئېيتىڭا؟ — لۇ شۇجى مازاق قىلغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ماقۇل، ئوچۇق ئېيتاي، مۇنۇ ماقالە ئاپتورى «قىزىل خەنجەر» دېگىنى رەقىب، مەن ئاخشامدىن بېرى ئۇنىڭ ناھىيىمىزدە تارقىتىپ يۈرگەن بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرى بىلەن مۇنۇ گېزىتتىكى گەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدە توۋلانغان شۇئارلارنىڭ ئەينى ئۆزى بۇ. ناھايىتى ئازاراقلا رەندە سېلىنىپ سىلىقلانغان. بۇ شۇئارلار بىزنىڭ بېشىمىزغا نېمە كۈنلەرنى سالمىدى؟ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەر ئۆلدى؟ قانچىلار ئۆمۈرلۈك مېيىپ، قانچىلار قانچىلىك قان، كۆز يېشى ئاققۇزدى؟ زەربە يېگەن، ئۆلگەن، ئېغىچە سىياسەت ئەمەلىيلەشـ مەستىن قالغىنى - قاخشاپ يۈرگەن ياخشى كادىرلار، زىيالىيلار ئازمۇ؟ شۇنچە چوڭ جاراھەت تېخى ساقايماستىن تۇرۇپ جاراھەت ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قىزىل خەنجىرىنى تەڭلىگەن ئادەمنى يەنە قوللايمىزمۇ - ھە؟ بىز پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋەت، ھۆرمىتىنى ئاشۇرىمىز دېسەك رەقىبتەك ئادەملەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەيلى!

لۇ شۇجىنىڭ قوۋۇز تېرىلىرى لىپىلداپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى:

— سىز... سىز رەقىبنىڭ قىزىل خەنجەر

ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟

— بىلىمەن، ئەلۋەتتە بىلىمەن، گېزىتخانا بىلەن ئالاقىلەشسەك ئاسانلا مەلۇم بولىدۇ. ئۇ يېرىلغىلى تۇرۇۋېمۇ بىزگە خەنجەر ئۇرماقچى تېخى. بىلىپ قويسۇن خەنجەر ئۇرۇش نۆۋىتى ئەمدى بىزنىڭ!

— ئەلانىڭ ماقالىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇردۇم، — دېدى لۇ شۇجى چالۋاقاپ، — ماقالىدە راستلا مەسىلە بار، مەسىلە ئېغىر!

— ئۇ ئىلىم مەسىلىسى، — دېدى ھاشىر تولاشتۇرۇپلا، — ماۋ جۇشىنىڭ تەلىمى بويىچە ئىلىم مەسىلىسى، ئىدىئولوگىيە مەسىلىلىرىنى ئىلىم ئەھلى ئۆزلىرى تەنقىد - مۇنازىرە ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ياكى پارتكوم بۇ مەسىلىنى مەمۇرىي يول بىلەن ھەل قىلماسلىقى كېرەك.



— مەن ئا جۇرېنىڭ پىكرىگە قوشۇلمەن، — دېدى ھەربىي ۋەكىل دەرھاللا، — دېمەك، ناھىيىنىڭ ئۈچ رەھبەرىدىن ئىككىمىز ناھىيىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلمايمىز، بىرسى ئۇنىڭغا قارشى. پارتىيىمىزنىڭ ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش دېگەن پرىنسىپى بويىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسى شۇجىلى-رىنىڭ قارارى ئېنىق بولدى. قانداق دېمىسۇن، لاۋلۇ...

— نېمە ئىش بولدى؟

ئەلانى ناھىيە بويىچە پىيەن قىلىشقا، ھەرىكەت ئېلىش بېرىشقا بولمايدۇ، ناھىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئۇقتىسى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ.

— بۇ مېنىڭ پىكرىم ئەمەس.

— شۇنداق، بۇ پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ قارارى، سىز قارارغا بويسۇنسىز، يولداش لاۋ لۇ.

— نېمە، ئىككىڭلارغىمۇ؟ پارتىيىگە سىلەر ئەمەس، مەن ۋەكىللىك قىلىمەن.

— نېمە، نېمە؟ — دېدى ھەربىي ۋەكىل تامدەك تاتىرىپ، — خاتالاشتىڭىز لاۋ لۇ، ئەگەر پىيەن قىلىشقا توغرا كەلسە سىزنىڭ مۇشۇ پارتىيە ئىنتىزامىغا قارشى ئىدىيىڭىزنى پىيەن قىلىش كېرەك!

— خىخ! — دېدى لۇ شۇجى ئىشىككە يۈرۈلۈپ، — ئىنتىزامسىزلىقەن ئېنىقى، ئىنتىزامسىزلىق تەسلىمچىلىكتىن مىڭ ياخشى!

ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. ھاشىر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇۋېدى، ھەربىي ۋەكىل كۈلۈپ قويدى ۋە:

— لاۋئا، لۇ مىڭجۇەن بىلەن ئېلىشىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، بىز ھەر ئىككىمىز خەنزۇ، بىر ـ بىرىمىزگە تەگلەيدىغان باشقا قالپىقىمىز يوق. لېكىن سىزگە ئۇنىڭ تەييارلاپ قويغان قالپىقى بار، — دېدى.

ئەلا ھەممىدىن خەۋەرسىز. ئۇ يېڭى يىل ئاخشىمى دوستلىرى بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچتى: چاقچاق، ناخشا ـ ئۇسسۇل، قىزىق ئويۇنلار تاڭ ئاتقىچە داۋاملاشتى. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى كۆپچىلىك ئۇ يەر ـ بۇ يەردە، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يېتىشىپ ئۇخلاۋاتقاندا ئۇ ھاشىرنىڭ ئۆيىدىن ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا چىقتى ـ دە، ئاپئاق قىرو بىلەن چۈمكەلگەن دەرەخلىك كوچىلاردىن ئەگىپ، تېخى ئىز چۈشمىگەن يۇمشاق قارنى دەسسەپ شەھەرنىڭ غەربىي — مۇتەللىپ باغچىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ سېپىل بېغىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىغا ئۆتكەندە ھاياجانلانغان ... ئۆزلىچە تەكتۇللىدى ... ئۆزىچە غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى: ئۇ كېچىچە ئىچكەن ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن مەس يىتى كوچىغا چىققان. ئۇنىڭغا كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ پارقىرىغان شاخلاردىكى تىۋىتتەك يۇمشاق قارمۇ قاغىلارنىڭ لىگىشىشى بىلەن شاخلاردىن يېشىغا چۈشكەن مۇزدەك قارمۇ، ئايىغى ئاستىدا غاچىلداۋاتقان قارمۇ كۆڭۈللۈك — گۈزەل تۇيۇلماقتا. خۇددى تەبىئەت ئۇنى تەبرىكلەۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ خۇشاللىق، قىزغىنلىق بىلەن سابىق ئايالى بىلەن ئوماق باللىرىنى كۆرۈشكە ماڭغانلىقى ئۈچۈنمىكىن قەدەملىرى يېنىكلەپ، ئۆزى تېتىكلىشىپ قالغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ئۇ گۈزەللىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە دۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنى تىڭشاپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېلىقى ئاخشىمى گۈزەللىنىڭ رادىئو كانىيىدىن ئاڭلانغان ئاۋازى تەكرار ئاڭلانغاندەك بىلىندى. گۈزەللىي ئەلا دائىم ئېيتىدىغان قوشاقلارنى ئاھاڭغا سالغان، ھەتتا ناخشىنىڭ ئەگىتمە ـ چۈشۈرگىلىرىنىمۇ ئەلاغا ئوخشىتىپ ئالغان. ئۇ كۈنى ئەلا گۈزەللىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېنىدىكى ئەلانۇرنى ئۇنتۇغان، ئۇ ھاياجان بىلەن ئۇھ تارتقان. مانا ھازىر شۇ ئۇھ تارتىشلارمۇ تەكرارلاندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاخشامدىن بىرى دوستلىرى ئەلا بىلەن گۈزەللىنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆتۈرگەن رۇمكىلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ قىستاشلىرى ئالدىدا گۈزەللىي بىلەن چوقۇم يارىشىشقا ۋەدە بەرگەنلىكى ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە مەدەت بولغاندى. ئۇ يۈرەك تېپىشىنى بىرئاز تىڭشىدى ـ دە، مەسلەرگە خاس جۈرئەت بىلەن دەرۋازا ھالقىسىنى شاراقلاتتى.

ئىشىكنى ئاچقىلى چاپان يېپىنچاقلىغان ھالدا ئادىلە چىقتى. ئەلا ئادىلەنى ئۆزۈندىن بېرى كۆرمىگەن، ئادىلەنى كۆرۈپ خۇشال بولدى؛ ئادىلەنىڭ قوللىرىنى ئۇتۇش ئۈچۈن دەرھال قول سۇندى:

— ئادىلە قانداق؟ ...

— ياخشى، — ئادىلە ئۇنى سوغ، چىراي ئاچمايلا كۆتۈۋالدى.

— ... بالىلارنى كۆرمەكچىدەمەن ... — دېدى ئەلا ئۆز

غورۇرىنى. ساقلاش ئۈچۈن دەرھال خېمىغا يېنىپ، — باللارنى تولىمۇ سېغىندىم.

— گۈزەلمىسىچۇ؟ — ئادىلە ئەلانىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ئەلۋەتتە، كۆرگۈم كەلدى.

— كېچىچە باشقىسى بىلەن سەيلە قىلىپ تاڭ ئاتقاندا گۈزەلنى كۆرگىڭىز كەلدىمۇ؟ باللار سالامەت ئۇخلاۋاتىدۇ، گۈزەل دادىسىنىڭ يېنىغا كەتمەكچى، سىزنىڭ كۆرگىڭىز كەلگەن بىلەن ئۇنىڭ كەلمەيتۇ.

ئادىلە شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكنى يېپىپ ۋە ئىچىدىن سىنجىلدى.

ئەلا ئەنە شۇ كۈنى قىرىق كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ يېرىم كېچىدە قايتىپ چىققاندىن بېرى خىيال، ئازاب، يېزىش بىلەن يەنە ئۆرغۈن كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ھازىر ناھىيىدە بولۇۋاتقان ئۆزى توغرىسىدىكى كۈزەشلەر، شەھەردە بولۇۋاتقان گۈزەلناي بىلەن ئەلانۇر ئوتتۇرىسىدىكى يوشۇرۇن زىددىيەتلەر، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان دوستلىرىنىڭ نىمنى ئويلاپ، نېمىلەرنى قىلغانلىقى، ئاخىرىدا كىچىك ئانىسى بىلەن ئۆمەر تەمبۇرچىنىڭ ئۇنى ئۆيلەش ئۈچۈن لايىق ئىزدەپ قىلىشقان مەسلىھەتلىرى، «قاسقىر ئاۋۇزە» نىڭ ھېلىقى بىر چاغدا ئەلاغا بۇلاق بويىدا گەپ قىلغان چوكاننى ئەلاغا لايىق تېپىپ، ئۇنى يېنىغا كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ ئۆي سېلىپ بېرىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىمى قىلىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ... قىسقىسى ئۆزى توغرىسىدىكى بارلىق ئىشلاردىن خەۋەرسىز ...

شۇ كۈنى زۇلىيا بىرلىرى بىلەن قاتتىق گەپ تالاشتى. دادىۋى شۇجىلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر خىل ئىشلار كۈندە دېگۈدەك بولۇپ ئۆرغاچقا ئەلانىڭ بۇ ئىشى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن يېزىشقا بېرىلگەن. ئۇ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇشقا ئادەتلەنمەكتە ئىدى.

ئىيۇل 1976 - يىلى كۆكلەم ... زۇلىيادىن ناھىيىدە:

بولغان ئىشلارنى ئانچە - مۇنچە ئۇقالىدى: ھېلىقى كۈنى زۇلىيانىڭ ئۆيىدە ۋاڭ - چۇڭ بولغاندا ناھىيىدىن ئەلانى ئۇتتۇپ كەتكىلى ئىككى قورالىق جيۇچادۇي ئادىمى كەلگەن. زۇلىيا مەھەللىدىكى ئەلانىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەلانى ئۇتتۇشىغا قارشىلىق قىلغان. كەلگۈچىلەر بىلەن يېزىلىقلار ئارىسىدا راسا جېدەل ئۇلغىيىۋاتقاندا ناھىيىدىن بىر كىچىك ماشىنىدا ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى كەلگەن، ئۇلار قورالىق قىسىملار بۇ ئىسى مەسئۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ھېلىقى ئىككى نەپەر قورالىق جيۇچادۇي ئادەملىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. زۇلىيا بۇ ئىشنىڭ لۇ شۇجى بىلەن ھاشىر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىلا ئەلا قولىدىكى قەلىمىنى يېزىشتىن توختاتتى.

ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن ناھىيىگە چاقىرتىلدى. بۇ قېتىم ئۇنى گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى ئارقىلىق چاقىرتقانىدى. ئۇ ناھىيىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ روھى چۈشكۈن، چىرايى پۇرچۇنغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى زۇلىيا ئاخشىمى بىلدى. ھاشىر باشقا بىر ناھىيىگە يۆتكەلگەن، ئۇ يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغان، لېكىن يۇقىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەت يازغان، ئەلانى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە تەقسىم قىلغان. ئەلا بولسا خىزمەتتىن ئۆزۈل - كېسىل چېكىنىش توغرىسىدا ئىلتىماس بېرىپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ - مەدەنىيەت - تەنتەربىيە گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

زۇلىيا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئەلاغا:

— بوپتۇ ئۇكام، قېرىنداش بولۇپ قالدۇق، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇڭ. گۇڭشې ئەزاسى بولۇشمۇ يامان ئىش ئەمەس، — دېدى.

— ئەتىدىن باشلاپ تام سوقۇشقا كىرىشەي، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ، — ماڭا جايلىق يەر كۆرسىتىپ بېرىڭ.

... يەر تەييار ... — دېدى زۇلىيا ... كىچىك ... كېلەر ... 

قاپلانغان باغنى كۆرسىتىپ، — سوقما تاش، چاقسا، ياغاچلارمۇ تەييار.

ـ بۇنەلا ئەتىسىدىن باشلاپ قولىغا گۈرجەك ۋە سوقما تاش ئالدى. ئەمدى ئۇ ھاياتنى قايتىدىن باشلىماقچى، كۆڭۈللۈك پىلانلىرىنىمۇ قايتىدىن تۈزمەكچى.

5

خىزمىتىنىڭ باشقا ناھىيىگە يۆتكىلىشى ھاشىر ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. ناۋادا ئېھتىياج يۈزىسىدىن بولغىنىدا ئىدى، ھاشىر ئەقسۇماتقا خۇشاللىق بىلەن بويسۇنغان بولاتتى. لېكىن ھازىرقى يۆتكىلىش ئۇنىڭغا بىر خىل جازا بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ لىۇ مىڭچۇەن بىلەن بولغان ئېلىشىشنى بۇنداق ئاددىيلا ئاخىرلاشتۇرۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى، لىۇ شۇجىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈنلا يىراق بىر ناھىيىگە يۆتكىۋېتىش بىر خىل ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچىگە قىلىنغان ھاقارەت. بۇ خىل ھاقارەتنى ھاشىر ھەرگىز ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلمايدۇ ـ دە. ئۇ ئوبلاستقا، ئاپتونوم رايونغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ خەت يازدى. ئوبلاستتىن بىر كىشى چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. ھاشىر ئۇنىڭغا بۇ بىر خىل ئۆچ ئېلىش، ناھەق زەربە ئىكەنلىكىنى ئۇچۇق ئېيتتى.

ئۇ مانا 1976 ـ يىلىنىڭ ماي بايرىمىنى شەھەردىكى ئۆيىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاماكا چېكىش بىلەن بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. شۇندىن كېيىن ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەستىن بېغىدا كېسەك قۇيۇش بىلەن بەنت بولدى. ئۇ تاڭ سەھەردە تۇرىدۇ ـ دە، كۈن ئىسسىغىچە ئاتتە ـ يەتتە يۈز دانە كېسەك قۇيىدۇ. ئاندىن كېيىن دۆڭلۈكتىن توپا بوشىتىپ لاي چىلايدۇ. ئۇ چۈشلۈكى پاكىزە يۇيۇنۇپ كىيىم يۆتكەيدۇ ـ دە، خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان، گۈللەر بىلەن تولغان ئۆيىدە كىگىز ئۈستىدە پۇتلىرىنى سۇنۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇيدۇ، كەچقۇرۇنلۇقى قاراڭغۇ چۈشكىچە، يەنە كېسەك قۇيىدۇ... بىر ناھىيە، ۋە ھېبرى

ئۈچۈن مۇناسىپ بولمىغان بۇ خىل تۇرمۇش ھاشىرغا ھار بىلىنمىگىنى بىلەن رازىيەگە چىدىغۇسىز ئازاب بىلىنەتتى. ئۇ ئۆز ھەمراھىنىڭ بۇندىن كېيىن خاپىلىق تارتماسلىقىنى، كۆڭلەرنى جۇشقۇن، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھاشىر بۇ خىل جۇشقۇنلۇق، خۇشاللىقنى جىددىي، جاپالىق خىزمەتتىن تاپالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رازىيە ھاشىر نەچچە كۈنلەپ جىددىي ئىش بىلەن بولۇپ «ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالغان» چاغلارنى ئۆزى ئۈچۈن كۆڭۈلسىز ھېسابلىمايتتى. بەلكى بۇ كۈنلەر رازىيە ئۈچۈن خۇشاللىق، ھوزۇر ـ ھالاۋەت بىلىنەتتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ھاياتتىن خۇشاللىق قوبۇل قىلىۋاتىدۇ ـ دە... ھاشىرنىڭ ئۆز ۋاقتىنى مەنىسىز ئىشلارغا زايا قىلىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۆز ھەسرىتىنى يوشۇرغانلىقى، بۇنى رازىيە چۈشىنىدۇ. ھاشىر ھېچقاچان بىرسىگە داد ئېيتقان ئەمەس، ئۇ ئۆز دەردىنى ئەنە شۇنداق ئۆز ئىرادىسىگە يات بولغان ئىشلارنى قىلىش، ئىلاجسىزلىق سەۋەبى بىلەن ئۆزىنى بىر خىل سۈنئىي جاسارەتكە زورلاش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن. پۈتۈن ياشلىقىنى، قاينۇلۇق، خۇشاللىق كۈنلىرىنى ھاشىرغا بېغىشلىغان ئەقىللىق ئايال ئۆز ئېرىنىڭ ھازىر ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ئازابنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كېسەك قۇيۇۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتىمۇ؟ ئۇ ھاشىرنىڭ قەلبىدىكى دەرد ـ ئەلەم تۇمانلىرىنى چىرايلىق سۆز بىلەن ھەرگىز تارقىتالمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتنى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش يەنە ئۇنىڭغا ياخشى، كۆڭۈللۈك بىر ئەمەل تېپىپ بېرىش كېرەك.

رازىيە ئاشۇ مەقسەت بىلەن ئارۇپ، ئاشپولاتلارنى مەسلىھەتكە چاقىردى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھاشىرنى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىك خىزمىتىدىن مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا يېزىلغان ئەرزنامە ئارقىلىق يۇرتقا لايىقى غۇلجا

شەھىرىگە قايتۇرۇپ كىرىپ ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇش، قالغان ئۆمرىنى يېقىن ئەل - ئاغىنىلەر بىر شەھەردە، ئىناق، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنى پىلانلىدى. ھاشىرنى مائارىپ سېپىگە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئوبلاست رەھبەرلىرىنى ماقۇل دېگۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىدىن ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن قۇرماشنى ئىشقا سېلىش كېرەك.

ئۇلار مۇشۇ پىلان بويىچە ئىدارىلەر، باشلىقلار-نىڭ بۆلۈم، ئىشخانىلىرى، ئۆيلىرىگە ئېرىنمەس-ىتن كەينى - كەينىدىن مېڭىشتى. رازىيە مۇشۇ ئىشلار بىلەن ھەر كۈنى ئۆيىگە كەچ قايتىدىغان بولدى. ھاشىر ئۆزىمۇ كېسەك قۇيۇش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە رازىيەنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگىنىنى سوراپمۇ قويمايتتى.

رازىيە مۇتەللىپ باغچىسىنىڭ كەينىدىكى كوچىغا كەلگەندە كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان. چوكان جالا چىقىرىپ، ياشارغان سۆگەتلەر، يوپۇرماقلىرى كەچكى قۇياشنىڭ قىياش نۇرىدا قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن، تېرەكلەر بۇ كوچىنى قاراڭغۇلاشتۇرغان. كوچىغا سۇ سېپىلگەن، ئۆي - ئۆيلەردىن گۈپۈلدەپ گۈل - چېچەك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. رازىيە تەبىئەتنىڭ بۇ خىل سوۋغىلىرىدىن دەردلىك يۈرىكىگە تەسەللى، ئاراملىق تاپتى - دە، سالاسۇنى كۆك سىرلانغان چىرايلىق كۆۋرۈكتىن چاققان ئۆتۈپ، ئوخشاشلا كۆك سىرلانغان، قىيا ئوچۇق تۇرغان قوش ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى شاراقلاتتى. خىش ياتقۇزۇلغان يولدىن توقلى بىلەن ماڭغان يېنىك، چاققان ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى-دە، رازىيەنىڭ ئالدىدا بىردىنلا ئاق بۇلۇت ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ چىققان تولۇن ئاي — گۈزەلئاي پەيدا بولدى. رازىيە گۈزەلنىڭ ئاق مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە بىر خىل نۇرلار ئىچىدە چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە قارىدى. گۈزەل راستىلا گۈزەل ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئوماق لەۋلىرى كۈلمەكتە ئىدى. رازىيە ئىختىيارسىز ئۇنى قۇچاقلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— نەلا ئۈچۈن، جېنىم، نەلا ئۈچۈن قۇچاقلايمەن.

— قويغىنە ساراڭ.

گۈزەلئاي دوستىنىڭ قۇچىقىدىن شىلىق ھەرىكەت بىلەن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى.

— سېنىڭ خاپىلىقىڭمۇ بىر گۈزەللىك جۇمۇ، ئېيتقىنە نېمىشقا سەن باشقىلارنى بەختلىك قىلىشقا كاجلىق قىلىسەن؟

— جۆر ئۆيگە، كوچىدا سەتلەشمىگىنە.

گۈزەلئاي قىزىل پوپايكىسى بىلەن لەيلىدەك قىزاردى.

— ياق، ئۆيۈڭگە كىرگىلى كەلمىدىم، جۆر مۇتەللىپ باغچىسىنى ئايلىنىپ چىقمىز. باغ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— باغ سەيلىسى قىلغىدەك كۆڭۈل ئارامى نەدە دەيسەن؟ كەچ كىرگىچىلا غەم.

گۈزەل يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ گۈزەل كىرپىكلىرى چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېنىغا سايە تاشلىدى.

— ماڭا قارا گۈزەل، — دېدى رازىيە جىددىي تۇردە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ، — مەن سېنى چۈشىنىمەن، سەن بىرسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئىچ ئاغرىتىدىغان، ئاقكۆڭۈل، كۆيۈمچان ئايالسەن.

گۈزەلئاي ئەنسىزچىلىك بىلەن رازىيەگە قارىدى:

— بىر ئىش بولدىمۇ رازىيە؟

— ھەم بولدى، ھەم بولمىدى، جۆر بىردەم باغ ئايلىنايلى، مەن سېنىڭ بىلەن جىددىي بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشكىلى كەلدىم. ئەمما بىلىپ قوي، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى يېلىنىشىم.

ئۇلار باغ ئىچىدە خېلىغىچە جىمجىت، ئىچىدە گەپ ئىزدەپ خىيال بىلەن قولتۇقلىشىپ مېڭىشتى. ئۇلار ئەھمەتجان قاسىملارنىڭ قەبرىسى يېنىغا كەلگەندە رازىيە گۈزەلئاينىڭ جەينىكىدىن تارتىپ توختاتتى. ئۇلار ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۈن - تىنسىز، قالدۇرماي-ئوقۇپ چىقىشتى. [illegible]

— گۈزەلئاي، سەن بىلەن مەنمۇ ئادەم، بۇلارمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بىزدىن تۇرغۇن ياش ئىكەن تېخى. بىزمۇ خەلقىمىزنى رازى قىلغىدەك بىر ئىش قىلىشاق قىلالايمىزغۇ دەيمەن؟

— سەن قىلالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما مەن ئۆتگە ئىشىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن تېخى ياشقۇ؟

— بىر ئارتىسنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتى چەكلىك بولىدۇ. مەن ئەمدى تالانتىمنى جارى قىلالمايمەن.

— دۇرۇس، ناخشا ئېيتىشتا ئالاھىدە تۆھپە يارىتالماسلىقىڭ مۇمكىن، لېكىن سەن خەلقىمىزنى باشقا يول بىلەن رازى قىلالايسەن.

— ئەلانىڭ خىزمىتىنى قىلىپ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى گۈزەلئاي يەرگە قاراپ، — يەنە شۇ ھاشىر ئاكامنىڭ پىكرىنى تەكرارلىماقچىمۇ سەن؟

— تەكرارلايمەن، تېخى سېنى مەجبۇرلايمەن. ئەلانىڭ يازغان ئەسەرلىرى تولىمۇ قىممەتلىك، كەلگۈسىدە ئۇ خەلقىمىز ئۈچۈن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرالايدۇ. مېنىڭچە، ئۇ بىز ئويغۇرلار ئىچىدە بىر، ئىككىسى بولسا بىرسى شۇ. شۇنداق بىر كىشىنى بەختلىك قىلالىساڭ، خەلقىمىز سېنى ھۆرمەتلىمەمدۇ؟

گۈزەلئاي يەرگە قارىدى:

— ۋاقتى ئۆتتى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — مەن دادامنىڭ يېنىغا كېتىمەن، ھەتتا ئەلنىمۇ دادىسىغا قالدۇرۇپ كېتىمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىدى. رازىيە ئۇنى ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى:

— كۆزۈمگە قارىغىنە، بۇ راست گېپىڭمۇ؟ كەتمەك ئاسان ئەمەس، سەن بۇنى بىلىسەن، ھەر ـ ھەر كېتىدىغان چاغلاردا كەتمىدىڭ، ئەلاغا تارتىشتىڭ، ئەمدى نېمىشقا كەتمەكچى؟ ئەلانۇرنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ خاتىرجەم بول، ئەلانىڭ بەختى ئەلانۇر بىلەن ئەمەس، ئۇ ھاشىرغا ھەممىنى ئېيتقان، قىز ئۇنىڭغا بىر مەھەل قاتتىق بېرىلگەن. شۇ چاغدا ئەلا قىزغا تەسەللىي بولسۇن ئۈچۈن قىز بىلەن بىر ئاخشام مەقسەتسىز بىللە سەيلە قىلغان. بۇ بىر ئاخشام ئۆركەشچە

ئەلانۇرنى تېخىمۇ قاتتىق ئۈمىدلەندۈرگەن. ئەلانۇر ئەلاغا يۈز پىرسەنت ئۈمىد باغلاپ، ئۆز بەختىنى كۈزا ـ كۈزالىڭ قىلىش ئۈچۈن سېنىڭكىگە كەلگەن. بىچارە قىز خاتالاشقىنىنى شۇ كۈنى بىلگەن. ئۇ ئەسلى گۈزەلئاي ئەلانى ياخشى كۆرمەيدۇ دەپ ئويلىغان. لېكىن شۇ كۈنى ئۇ سېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى، ئۆزىنىڭ ئەلانى ياخشى كۆرگەنلىكىنى، ئەلانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاخشام بىللە سەيلە قىلغانلىقىنى بىلگىنىدىن كېيىن قايغۇلۇق ئازابلانغانلىقىنى بىلگەن. سەن ئۇ قىز بىلەن بىر ئورۇندا ياتقانسەن، ئۇ يالغاندىن ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن سەن ئاستا ئورنىڭدىن تۇرۇپ ئەلانىڭ رەسىمىنى ئېلىپ ئۇزاق قارىغانسەن، ئۇغلۇڭنىڭ بېشىنى باغرىڭغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىغانسەن، راستمۇ؟ لېكىن ئەلانۇر ئۇنچىلىك يامان قىز ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالغان. بىر ئايغىچە ئەلا قايتىپ كېلىپ ماڭا توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ، مەن ئۇ چاغدا قانداق قىلارمەن؟ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغىدەك غەيرەت مەندە بارمىدۇ؟ دەپ ئويلىغان. لېكىن ئەلا ئىككى ئايغىچمۇ ئەلانۇرنى ئىزدەپ كەلمىگەن. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ كېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇغان.

گۈزەلئاينىڭ لەۋلىرى خۇددى ئىزغىرىن شامالدا قالغان ياپراقتەك تىترىدى.

— ئەلانۇر بىچارە، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى رازىيە، گۈزەلئاينىڭ مۈرىسىگە قوللىرىنى قويۇپ، ئۆزىگە تاشلىنىشقا تەييار تۇرغان دوستىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ، — شۇ چاغدىلا ئۆز خاتالىقىنى بىلگەن: ئۇ باشقا بىرسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئەلانۇر بىچارە ئۈرۈمچىدىكى ئۆز ئىدارىسىگە قايتا ـ قايتا خەت يېزىپ يۈرۈپ يېقىندا ئۈرۈمچىدىن خىزمەت تاپقان. ئۇ ھازىر بىر مەكتەپتە ۋاقىتلىق تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

— ياق، — دېدى گۈزەلئاي ئوخشاشلا يەرگە قاراپ، — مەن ئۇ قىز بىلەن ئەلانى تالاشقىنىم يوق. بىچارە مۇرادىغا يەتسە بوپتىكەن. ئەلامۇ بەلكى ئۇنى

ياخشى كۆرگەندۇ. ئۇنىڭ باشقا قىز - چوكانلارنى ياخشى كۆرۈش ھوقۇقى بار. بۇ زاماندا كىممۇ بىر ئۆمۈر بىرسىگە باغلىنىپ ئۆتەلەيتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆيلىنىشىگە، بەختلىك بولۇشىغا تىلەكداش. ئەلىگە ئوبدان بىر ئاپا تېپىپ بەرسىلا مەن بالىنى قولىغا بېرىمەن. مەنمۇ ئۆز ئاتا - ئانامنى رازى قىلىشىم كېرەك.

—ۋەتىنىڭنى، خەلقىڭنىچۇ؟ سەن بىر ۋىجدان ئىگىسى، ئاۋۇ ئەھمەتجان ئەپەندىمنىڭ، ئابباسوۋ، ئىسھاقبەكلەرنىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلمامسىنا گۈزەل؟

گۈزەللاي رازىيەگە تىكىلىپ قارىدى:

— مېنى نېمانچە قىستايدىغانسىلەر، —دېدى ئۇ زارلىنىپ، — ماڭا نېمىشقا ئارام بەرمەيسىلەر زادى؟

— ئىنسان دۇنيادا يۈز يىل ياشىمايدۇ. ئوتتۇزدىن ئاشتۇق. بىر ئۆمۈر قىلىدىغان ئىشىمىزنىڭ پىلانى بولۇش كېرەك. يەنە ئون يىل پۇل، راھەت تۇرمۇش بىلەن ھەپىلەشسەڭ، خەلققە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەستىن دۇنيادىن ئۆتسەن. بۇنداق ھاياتنىڭ مەقسەتسىز قىمىرلايدىغان كۆك قۇرتنىڭ ھاياتىدىن قانداق پەرقى بار؟

— سەنىزە مېنى پۇل، رەھەتكە بېرىلگەن بىر مەشچانكا دەپ ئويلايدىكەنسەندە؟

— بولمىسىچۇ؟ نېمىشقا ئۆز ھايات يولۇڭنى تاللىۋالمايسەن؟ نېمىشقا خەلققە خىزمەت كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلمايسەن ئەمىسە؟

گۈزەللاي تاتىرىپ - كۆكىرىپ رازىيەنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان، يوغان، چىرايلىق كۆزلىرىگە قارىدى. رازىيە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز دۇنياغا ئۆزىمىز ئۈچۈن تۇغۇلغانمۇ؟ ساۋۇتوۋ مۇئەللىممۇ پۇلى كۆپ ئادەم ئىدى؛ نېمىشقا پۇلنى راھەت - پاراغەتكە خەجلىمىدى؟ نېمىشقا بىزدەك بىر چىرايلىق قىز بىلەن بىر ئۆمۈر راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمىدى؟ ئەلاچۇ؟ بىلەمسەن، ئۇمۇ مۇدىر، نەمۇنچى، ھەتتا باشلىق بولالايتتى. لېكىن بىلىپ تۇرۇپ بازىرى يوق، دۈشمىنى كۆپ ئىشنى تاللىۋالدى. بىر ئۆمۈر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ئەتتىق قىلىشنى مەقسەت قىلىۋالدى. ئۇ ئۆز ئەمگىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ جاسارەتلىك [illegible]

دىلىنىڭ، جەڭگىۋار خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دۈشمەنلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن خورلىنىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بەختسىز! ساكابۇ تەربىيە بەش قولدەك ئايان، بىلىپ تۇرۇپ سەن ئەلانى قىيناۋاتىسەن، بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق بىر ئادەمگە يار-يۆلەك بولۇشتىن باش تارتىۋاتىسەن، راستىنى ئېيتسام، سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن ھەممە ئادەم نارازى.

گۈزەللاي رازىيەگە قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز، رازىيەنىڭ گەپلىرى ھەقىقەت. گۈزەللاي ھەقىقەت ئالدىدا بىشەملىك قىلىدىغان بىغەرەزلەردىن ئەمەس. ئۇ نېپىز ياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىغلاشقا باشلىدى. رازىيە ئەمدى دوستىنىڭ يۇمشىغان كۆڭلىنى ئېرىتمەكچى بولۇپ مۇڭ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر ھاشىرمۇ، ئەلامۇ ئېغىر روھىي بېسىم ئاستىدا، بىلەمسەن، ھاشىرنى ناھىيىنىڭ باشلىقلىقىدىن قالدۇردى. ئەلامۇ خىزمەتتىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ دېھقان بولۇپ كېتىش ئۈچۈن يېزىدا ئۆي سېلىۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ماناشىمۇ يوق. كۈندۈزى نومۇرغا ئىشلەپ، كېچىسى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقچى. ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك پىلانلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. لېكىن دوستلار قاراپ تۇرغىنى يوق. بىلەمسەن ئوسمان ھازىر گۇاڭجۇدا چوڭ بايكەن. زۇلخۇمار بالىلىرىنى ئېلىپ ئالدىغا كەتتى. ئوسمان ئەلانىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ھاشىرغا 10 مىڭ سوم پۇل بىلەن خەت ئەۋەتىپتۇ. خېتىدە: «ھاشىر، ئەلانى ئاخىرقى نەپسىڭ قالغىچە قوغدا. ئۇ نومۇرغا ئىشلىمىسۇن، ئۇ ئىلمىي ئىشى بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئۇنىڭ يەرگە ئىشلەپ تاپىدىغان پۇلىنى مەن بېرىمەن. بىلىپ قوي، ناھىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەقسىمات پۇلىدىن بىر باراۋەر ئارتۇق ھەق تۆلەيمەن» دەپتۇ. زۇلپىيا ئاكىمۇ ئۇنى ئەمگەككە سالماستىن بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن ئۆز ئىشىغا قويماقچى. تاغدا ياشايدىغان «قاسقىر ئاۋۇز» دەپ لەقىمى بار بىر ئادەم بەش ئېغىز ئۆينىڭ پۈتۈن ياغاچ-تېشىنى ئەكىلىپ بەرگەن. ئۇلار ئەلاغا يېزىدا ئىشلەتتەك قولايلىقلار [illegible] بەرمەكچى. [illegible] پەن -

ئەتتقىقات ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگىنى بىلەن خەلقىمىز كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەلانى قوللاۋاتقان يۈزلىگەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن نۇرۇن ئال، جېنىم دوستۇم، مەن ساڭا يىلناي!...

رازىيە قاراڭغۇ چۈشكىچە گۈزەللىكي بىلەن بىللە بولدى. ئۇ گۈزەللىكىنى يوشۇشتالىدى، لېكىن ئېرتەلىدىمۇ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلماق تەس.

ئۇ ئۆيىگە كەچ قايتىپ كەلدى. ئۆيدە ھاشىر بىلەن قۇرماش ئۇزلىرى زاكۇسكا راسلاپ ھاراق ئىچىۋاتقانىكەن.

— نامەت دېگەن ھايۋان! — دېدى قۇرماش چۆكلا بىلەن تەخسىدىن گۆش ئېلىۋېتىپ، — تورمىدىن چىقىپلا ئورۇمچىگە مېڭىپتۇ. ئۇ چوقۇم رەقىب بىلەن تېپىشىدۇ. رەقىب نېمە قىلىۋېتىپتۇ بىلەمسەن ھاشىر؟

— لۇ مىڭچۇەننىڭ. دېيىشىچە خىزمىتى ئۆسۈپتۇ. ھازىر بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن جۈيجاڭى ئىكەن.

— ھۆكۈمەت ئۇنداقلارنى جازالىمسا ئۆزىمىز جازالىيالايمىزغۇ، — دېدى قۇرماش غەزەپ بىلەن رۇمكىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، — ھامىنى بىر ئۆلۈم، ئاشۇنداقلارنىڭ قارىنىنى يېرىۋېتىپ، قورسىقىمنى بوشىتىۋېلىپ ئۆلسەم بۇ دۇنيادا يەنە نېمە ئارمان قالىدۇ دەيسەن. نېمە ئالىيسەن، بىز باشقىلارغا بوزەك بولغىلى يارالغانمۇ ـ يا؟

— نېمە، سېنىڭچە بىز دۇنياغا قساس ئېلىش ئۈچۈن يارالغانمۇ ئەمسە؟ ئۆزەڭ بىر كونا كوممۇنىست، ئېخى رەھبىري كادىر، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا.

— كوممۇنىست، رەھبەر بولغان ئادەم شۇنداق ئىتائەتچان بولۇشى لازىممىكەن؟ بىز ياخشىلىقنىلا ئويلايمىز. بۇنىڭغا جاۋابەن ئورمىگە كىرىمىز، جارلىنىمىز، خورلىنىمىز، رەقىبدەكلەرچۇ؟ نەگىلا بارسا شۇملۇق، رەزىللىك قىلىدۇ، لېكىن ئۆسۈۋېرىدۇ. كوممۇنىست بولغان ئادەم مۇشۇنداق ھەقسىزلىككە پارقىراپ قاراپ تۇرۇشى لازىممۇ سېنىڭچە؟

شۇرلاپ، — ئېغىر بول ئاداش، ئويلىغىنا، جۇ ئېنلەي ژۇڭلىنى خاتىرىلەش سەنچە قانداق جىنايەت؟ كورۈپ تۇرۇۋاتىسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت رەھبەرلىرىنى جازالىدىغۇ؟

رازىيە ئۇلارنىڭ گېپىنى تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ ھاشىرنىڭ بۇ خىل پاراڭلارنى قىلىشىنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆز ئېرىنىڭ يۈرەك يارىسىغا تۇز بولۇپ سېپىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەردىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى.

ئۇ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلىدى:

— سىلەرگە خۇشخەۋەر، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئارتىسلاردەك ئۆيدە پىرقىراپ، — بۈگۈن تازا ئىچكىلار، تازا خۇشال بولۇڭلار، گۈزەللىكي ئەلا بىلەن يارىشىدىغان بولدى.

ھاشىر خۇشاللىقتىن رازىيەگە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدي. ئۇنىڭ رۇمكىسىدىكى ھاراق داۋالغۇپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا قاقاھلاپ ـ سىلكىنىپ كۈلۈۋېدى، قولىدىكى ھاراق رۇمكىدىن داۋالغۇپ تۆكۈلدى:

— راست خۇشاللىقكەن، ئاجايىپ خۇشاللىقكەن، ئىچەيلى، قۇرماش بىر مەس بولغىچە ئىچىپ باقايلى، قېنى ئەمسە يۇمكاڭنى كۆتە گاداي ياي! — چاقچاق بىلەن ئىككىسىنىڭ ياشلىقىدا خوتەندە ئىشلىگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ خوتەن تەلەپپۇزدا سۆزلىدى ئۇ.

— خۇشە! — دەپ توۋلىدى قۇرماشمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن رۇمكىسىنى كۆتۈرۈپ.

بىرھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭكىگە ئادىلە خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ چاقماق رەختتىن پىلاتىيوپكا كىيىپ بۇرۇنقىدەك ياشىرىپ قالغانىدى. ئۇ ھاشىر بىلەن ئەرلەردەك قول ئېلىشىپ كورۈشتى ـ دە:

— قېنى خىزمەت، ئېخى مېنى ناھىيگە سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىسلىققا ئالىدىغان كىشى، — دېدى.

— ئەمدى سىزنى كىم نەگە خىزمەتكە ئالىدۇ؟ —

دەپ قاقاھلاپ [illegible] ھاشىر ئۇنىڭغا جاۋابەن، [illegible]

قورقمىسىگىز مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ، يېزىغا چۈشۈپ دېھقان بولىمىز. ھەرقانداق ناخشا ئېيتسىڭىزمۇ ئاسمان بىلەن يەر سىزنى جازالىمايدۇ.

ئادىلە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يېڭىلىقلارنى سۆزلەشكە باشلىدى: ئۈرۈمچىدىن بىر چوڭ كىشى كەپتۇدەك، ئادىلە بىلەن گۈزەلئاينىڭ ناخشىلىرىنى لېنتىغا ئاپتۇدەك، ئۇ كىشى گۈزەلئاينى ئېلىپ كېتىشكە كەپتۇدەك. گۈزەلنىڭ بېيجىڭدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى ھازىر مۇھىم ئورۇنلاردىكەن، ئۇلاردىن بىرسى «ئۈلگىلىك تىياتىرلار»دا رول ئېلىشقا گۈزەلئاينىڭ تولىمۇ لايىق ئىكەنلىكىنى ئۈرۈمچىدىكى باشلىقلارغا ئېيتقانىكەن، باشلىقلار ئۇنى چوقۇم ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇدەك.

— گۈزەلنىڭ ئادرېسىنى نەدىن تېپىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ھاشىر بىر ئىشتىن گۇمانلىنىپ.

— ئاڭ، ئاپقاندۇ ئىزدەپ ـ سوراپ...

— ياق، — دېدى ھاشىر قاپىقىنى تۈرۈپ، — بۇ يەردە باشقا گەپ بار.

— قانداق گەپ بولماقچىدى، كامىسيونچى بىلەن ھېلىقى كىشى سىزنىڭ ھەيۋىڭىزدىن كېيىن تېخىچە ھوشىغا كەلمىدى.

— ئۇلار ھوشىغا كەلمىگىنى بىلەن قالتىس ئىرىلىپ، قېيىغىتىپ يۈرگەن يەنە بىرسى بار ئەمەسمۇ ئادىلە، ئۇ ھايات، ئۇسكەن. بۇ چوقۇم شۇنىڭ يىراقتا تۇرۇپ گۈزەلئايغا سالغان سالمىسى.

— رەقىب دېگەي ئىشتمۇ؟ — دېدى ئادىلە بىردىنلا ئامدەك ئاتىرىپ.

— شۇنداق بولۇشى ئېھتىمال، گۈزەلئاي ماقۇل دېدىمۇ؟

— ياق، ئۇ ھېچ بولمىسا چەت ئەلگە چىقىپ دادام بىلەن ئاپامنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ ئالدىراپ مېڭىپ يۈرۈيدۇ.

— ئەلا بىلەن يارىشىشقا رازى بوپتۇ، راستمۇ ئادىلە؟

— مەن شۇ ئىش بىلەن كەلگەن، — دېدى ئادىلە بىردىنلا يەرگە قاراپ، — ئۇنىڭ ئاخىرقى جاۋابىنى، ئەينەن يەتكۈزۈپ بېرەي، ئېيىلاپ كۆرۈڭلار.

ئۇ شۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلانى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىشنى خالىمايمەن.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى ھاشىر خىيال بىلەن ئاماكا ئوراپ، — ئائىلە ساپ مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى، مەن ساپ مۇھەببەتنى ئائىلە ئۈچۈن قۇربان قىلمايمەن دېمەكچىكەن ـ دە، بۇ بىر رومانتىكا، لېكىن ئۆتتۈزدىن ئاشقان ئاياللارغا رومانتىكا ئەمەس، ئەمەلىيەت كېرەك ئىدى. ئائىلە مۇھەببەتنى ھەم خاراب قىلىدۇ، ھەم تەربىيەلەپ تېخىمۇ كامالىغا يەتكۈزىدۇ. بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز ئىككىنچى ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدىمۇ؟ بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاسانغا چۈشمىدى. لېكىن بۇ ئائىلە مۇھەببەتنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان ئوچاق بولماستىن، تەربىيەلەپ چوڭ قىلىدىغان بۆشۈك بولماقتا.

ئۇ ھويلىدىكى باراڭ ئاستىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئادىلەگە ئۆزىنىڭ ئائىلە، مۇھەببەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى چۈشىنىشلىك مىساللار بىلەن چۈشەندۈردى. ئادىلە ھاشىرنى بۇرۇن تونۇغان بىلەن ھاشىر توغرۇلۇق خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى بۈگۈن بىلدى: ئۇ بۇرۇن ھاشىرنى سوغاق، قوپال ۋە رەھىمسىز ئەرلەردىن ھېسابلايتتى. لېكىن ھاشىر مۇھەببەت، ئائىلە توغرىسىدا ئادىلە تېخى ئويلىمىغان ئىنچىكە مەسىلەرنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئادىلەگە قارىغاندا تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەن.

— مەن گۈزەلئايدىن قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ھەرگىزمۇ مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولۇشنى كۆزدە ئۇتقان ئەمەسمەن، كەسپىي ھەۋىسىنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ ئەلا بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانىمەن. ئەلا بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئۈچۈن پاجىئەلىك بولۇشىغا كۆزى يەتكەن بولسا بىز ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. بىز ئۇنىڭ پىكرى ئۆزگەرگىچە كۈتىمىز. راست، ئەلانى يىراقتىنلا ياخشى كۆرۈشكە بولىدۇ. نامىغا، پەزىلىتىگە ئاشىق بولۇشقا بولىدۇ. لېكىن ئۇ بىللە بولسىڭىز راستىلا زېرىكىشلىك. بولۇپمۇ گۈزەلئايدەك ھېسسىياتلىق ئاياللار ئۇنىڭدىن ئاسانلا زېرىكىدۇ، ئۇ

پۈتۈن مۇھەببىتى، ئەس ـ خىيالىنى ئۇز ئىشىدىن ئايالىغا ھەرگىز يۆتكىيەلمەيدۇ. لېكىن گۈزەللىكتىن ئۈستۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىدىكى ئوتلۇق مۇھەببەتكە ھاياتىنى جاۋاب ئالالايدۇ ـ دۇ، ئاۋادا گۈزەللىكمۇ ئەلا سۆيگەن ئىشقا مۇھەببەت باغلىنىغان بولسىدى، مىسالى تومۇ ئەدەبىياتنى ياكى تارىختى ئۇز ئاشىقىدەك ياخشى كۆرگەن، شۇ ئىشتىن لەززەت ئالالايدىغان بولسىدى، ئۇ چاغدا بۇ ئائىلە مۇھەببەتنىڭ بوشۇكى، بېغى، گۈلزارى بولۇپ قالغان بولاتتى. گەپ گۈزەللىكنىڭ مۇھەببەتكە قويغان تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىقىدا. ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت يالقۇنىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدە...

ئادىلە دوستىنىڭ تومىناق سۆزىنى ئەينەن يەتكۈزگىنى بىلەن تېخى چۈشەنمىگەنىكەن. ئۇ ھاشىرنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىنلا دوستىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ جىمجىت يۈرۈيدىغان خىيالچان دوستىنىڭ يۈرەك ـ قەلبىنى تېخى ئەمدى چۈشەندى.

كەچقۇرۇن رازىيە ئۆيگە خۇشال كىرىپ كەلدى:

— قانداق؟ — دېدى ئۇ ھاشىرغا ياش قىزلاردەك ئەركىلەپ، — ئادىلە خۇشخەۋەر ئەكەلدىمۇ؟

— ئەكەلدى، — دېدى ھاشىر رازىيەنىڭ نازۇك بېلىدىن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — ئۇ بىزگە مەززىلىك مېۋىدىن سوۋغا ئەكەلدى، لېكىن مېۋە تېخى پىشمىغان، پىشمىغان مېۋىنى ئالدىراپ ئۈزۈپ ئەكەلگەن. كېرەك يوق، مېۋە ھامان پىشىدۇ، ھازىر تېخى باھار، ئالدىمىزدا ياز بارغۇ تېخى!

مۇقەددىمە

بىز كىچىك ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز.

... ئانا يەر يېشىل تون ئىچىدە، كائىنات گۈل ـ گىياھ، دېڭىزقاي ھىدىغا قانغان، تەلكە داۋىنىدىن ئارقا ـ كىغا قارىساڭ رەت ـ رەت قارىغايلار سېپى تىزىلىپ ئۆزىتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. مانا تەلكە داۋىنىدىن ئاشتۇق، سايرام كۆلى — سۈزۈك ئاسماننىڭ پارچىسى ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتماقتا. مەن 1976 ـ يىلىنىڭ ماي ئېيىدىن تارتىپ بۈگۈنكى 1979 ـ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئۈچ ئاي ۋاقىتنى زۇلىيانىڭ بېغىغا يېقىن ياسالغان تاختايلىق ئۆيۈمدە ئەسەر يېزىش ۋە كەڭ ئېتىزدا ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تۈزۈك دالا ـ تۈزگىمۇ چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا بۈگۈنكى ساياھەت تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. مەن «كىتاب خالتىسى» بولغاچقا ئۆزۈمنى قىرىق بىر ياشلىق قىران ئادەم بولغىنىمغا قارىماي نەچچە ئەسىر ياشىغان مۇنەججىم بوۋاي ھېسابلايمەن. ئوغلۇم ئەلى 10 ـ سىنىپنى تۈگىتىپ قايتا تەربىيە ئېلىشقا يىچىقىپان. مەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئورنىغا خۇددى ... [illegible]

قىزىم دىلشارا مەركىزىي سەنئەت شۆيۈەنىگە ماڭغاندىمۇ خۇددى مومايلاردەك پېشانىسىگە سۆيگەنىدىم... لېكىن مەن تېخى قېرىماپتىمەن. نېمانچە ھاياجانلىنىمەن، كۆزلىرىمدىن نېمىشقا ھاياجان ياشلىرى قۇيۇلىدۇ؟ بۇ قىران چاغلىرىم تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟

— سەن قانداق ئويلايسەن ھاشىر، بىز چارەك ئەسىر ئۆتكەلەپ ئەمدى ئويغاندۇقمۇ ئاداش؟

يېنىمدا ئولتۇرغان ھاشىر ماڭا ھېلىمۇ ئۇخلاۋاتقاندەك بىلىندى. مەن ئۇنى نوقۇدۇم:

— ھەي ناخشا ئېيتقىنا، بۇندىن يىگىرمە ئىككى يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە سەن ناخشا باشلىغان ئەمەسمىدىڭ. ياشلىققا بىر قايتا بىلى، ئېيتقىنا ئاداش.

ھاشىر ماڭا قىياش قاراپ كۈلۈپلا قويدى:

— راست ئېيتىسەن ئاداش، بىز چارەك ئەسىر ئۆتكەلەپ ئويغاندۇق.

... [illegible]

سۆزى بار: «خاتالىقتىن ھەقىقەتكە قايتىش — چۈشتىن ئويغىنىشقا ئوخشايدۇ.» چۈشىمىز ئاخىرلاشقاندا ئويغاندۇقمۇ ياكى چۈچۈپ ئويغاندۇقمۇ؟ سىنىڭ ئالىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا مېڭىشىڭ بىلەن مېنىڭ بېيجىڭغا ئىلمىي تۈزۈش ئۈچۈن ئىمتىھان بېرىشكە مېڭىشىم چۈشىمىزنىڭ داۋامى ئەمەسمۇ ئاداش؟

— ياق، بۇ خاتالاردىن قول ئۈزۈپ ھەقىقەتكە قايتىشىمىزنىڭ باشلىنىشى.

— ئىشەنچىڭ كاملمۇ ئاداش؟

— ساڭا كەلگۈسىنىڭ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن.

ھاشىر ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە خۇددى ياش ۋاقتىمىزدىكىدەك ئويۇن - كۈلكە، چاقچاق - مۇھەببەت بىلەن بىر يېرىم كۈندىلا يېتىپ كەلدۇق.

... ئىبھ، باھارنىڭ جۇدۇنى، يازنىڭ تومۇزى بولغىنىدەك ھاياتلىقتىكى بارلىق خۇشاللىقلارمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرىدىكەن. تۈنۈگۈن مېنى يېڭىدىن تەتقىقات ئورنىغا ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئورۇن مېنى ئىدارىنىڭ بىر مەسئۇلى بىلەن تونۇشتۇردى. ئالدىمغا زامانغا لايىق كىيىنگەن رەقىب كۈلۈپ - قۇچاق ئېچىپ چىقىپ كەلدى. مەن ئەدەب يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتۇم. ئۇ ھازىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا مەسئۇل خادىم ئىكەن.

— ئىلىم - پەننىڭ باھارى! — دېدى ئۇ گېزىتتىن يادلىۋالغان سۆزنى تەكرارلاپ، — بىز ئىلىم - پەن خادىملىرىغا ئىللىق قوينىنى ئاچماقتا. بىلەمەن، سىز ئەلا بۇ باھاردا مول مېۋىگىز بىلەن خەلقىمىزگە خىزمەت قىلىسىز!

مەن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. مېھمانخانىنىڭ يۇمشاق كارىۋىتى ماڭا قاتتىق بىلىندى. مەن بۇ باھاردىن بەھرىمەن بولالمىغان ئۇستازلىرىم ساۋۇتوۋ، ئۆمەر ئەپەندىلەرنى ئەسلەپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يقوللىرى) ھەقىقىي ئىلىمپ ... ئەھلىنىڭ [illegible]

بىلەن بۇلغانغان ئادەمنىڭ ئىلىم - پەن باھارىدىن بەھرىمەن بولۇشى مېنى تولىمۇ ئازابلىدى. مەن قانداق قىلاي؟ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلمەممۇ؟ قالغان چەكلىك ئۆمرۈمنى كۆرەشكە بېغىشلىسام ئىلمىي ئىشىمنى كىم قىلىدۇ؟

ئەتىسى مەن بۇ ئىشنى ھاشىرغا ئېيتتىم. ھاشىرمۇ خاپا بولدى. ئۇ رەھبەرلەرگە ئېيتماقچى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان كۆرەشنى ئۆزى ئۈستىگە ئالماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم. قەلبىم ھەم خۇشاللىق، ھەم غەشلىك بىلەن تولدى. مەن ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتىم... ھايات مېنى ئالدىدى، خورلىدى، ئاخىرىدا بەزلىدى. لېكىن مەن ھاياتنى ئالدىمايمەن، خورلىمايمەن، ئۇنىڭغا ساداقەتىم، ساپ قەلبىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن...

ئەلانىڭ ئاخىرقى خاتىرىلىرى بىلەن بۇ كىتاب ئاخىرلاشتى. كىتابخان سورايدۇ: گۈزەللىكىي ئەلا بىلەن ياراشتىمۇ؟ ئوسمان خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئادىلە، ئەلاتۇرلار خىزمەتكە ئورۇنلاشتىمۇ؟ —

ھايات ئۆز قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. پاكلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن ۋەھشىيلىك، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق مەڭگۈ كۆرەش قىلىۋېرىدۇ. ھاياتلىق ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. لېكىن ئادەملەر ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

بۇ كىتابتىكى پېرسوناژلار ھېلىمۇ ياشىماقتا، كۈلمەكتە، يىغلىماقتا، لېكىن بىرلا ئىش ئۆزگەرمىدى: ئادەملەرنىڭ ھاياتنى چۈشىنىشى ھەر خىل بولغىنىدەك، ھاياتقا قويىدىغان تەلىپىمۇ ھەر خىل. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىكى بىز چۈشىنەلمىگەن ئىشلارنى كەلگۈسى ئەمەلىيەت بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىزدىنەيلى، بىز ئىزدەنگۈچى.

1985 — 1987-يىللار

[illegible]



# تېخى بىر گۇلمۇ ئېچىلمىغان ئىدى

(پوۋېست)

قاھار جىلىل

ئېيتىشلىرىچە، ئۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئىسىملىرى ئامانشاھ، ئىمامشاھ ۋە زامانشاھ ئىكەن. ئۇلار «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا» نەدىندۇ پەيدا بولۇپتۇ - دە، مۇشۇ يېگى يەر يېزىسىنى بىنا قىپتۇ. شۇڭا ھازىرقى يېڭى يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن، ئۇنىڭمۇ ئېرىسىنى سۈرۈشتۈرسە، بىر ئاتىغا بېرىپ ئۇتىشىدىكەن...

يېڭى يەرلىكلەرگە ئۆز يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى سىر ئەمەس، شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، يۇرتۋازلىق تۇيغۇسى ئالاھىدە كۈچلۈك. ئۇلارمۇ ئۆزئارا زىتلىشىدۇ، ماي تارتىشىدۇ، ئېلىشىپمۇ قويۇشىدۇ، ھەتتا خېلى چوڭ جېدەل - غوۋغالارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن مەسىلە بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تۈس ئالغاندا، ياكى باشقا يۇرتلۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بېرىپ تاقاشقاندا، ئۆز ئارىلىرىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتلىرىنى ۋاقتىنچە قايرىپ قويۇپ، «بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىدۇ».

يېڭى يەرلىكلەر پاراڭچى، ھېكايىچى خەق. ئۇلار ياز ئاخشاملىرى خامانلاردا، ئۆستەڭ بويىدىكى سالقىن جايلاردا ئولتۇرۇشۇپ پاراڭ سېلىشىدۇ، ھېكايە ئېيتىشىدۇ، ھېكايە سۆزلەش بىر خىل شەرەپ بەلگىسى بولۇپ، بۇ ئىش ئادەتتە ياشانغانلارغا مەنسۇپ. ئۇلار باقى ئالەمگە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىنى يېگىتلىرى تاپشۇرۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ... ھېكايە سۆزلەشمۇ ... ياشانغانلارغا ... بولغان ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتنىڭ تۇيغۇسىمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىۋېرىدۇ.

چاچ ساقىلى ئۇرماق، قاشلىرىمۇ قاردەك ئاقارغان، ئاۋازى خىرىلداپ چىقىدىغان قېرىلار ئۆزى سۆزلىگەن ھېكايىنىڭ ئاساسىي خاھىشىنى ئۆز يۇرتىنىڭ تەزكىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ:

— باللىرىم، كېيىن شاخ - پۇتاق ئايرىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما ھەممىمىزنىڭ ئەسلى غولىمىز بىر. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆزئارا جېدەل - غوۋغا قىلىشماي، بىر - بىرىنى پۇتلىماي، ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشكەن، ياتقا قىز بەرمىگەن، ياتتىن قىز ئەكىرمىگەن، نېمىكى ئىش بولمىسۇن، ئۆز ئىچىدە پۈتۈشكەن، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئاياللار ئەرلەرگە ئىتائەت قىلغان. بىزلەرمۇ شۇلارنىڭ يولى بىلەن مېڭىپ... — دەپ پەندى - نەسىھەتكە ئۆتۈپ كەتكەندە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ قېرىلار بەئەينى خىزىردەك ئەقىللىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەمما ئەقىل - پاراسەتتە خىزىر بىلەن تەڭلەشكەن بۇ ھېكايىچىلىرىمىز بەزىدە ئۆزى سۆزلەۋاتقان ھېكايىلەردىكى ئاساسىي پېرسوناژلارنى ئۆز يۇرتى ياكى ئۆزلىرىگە يېقىنراق يۇرتلارغا ئەكېلىپ باغلاپ... ئە... (ل)غا ... 

تارىخىي شەخسلەر ۋە بەرزو(2)غا ئوخشاش پېرسوناژلارنىمۇ يېڭى يەرلىك ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق يۇرتلۇق قىلىپ قويىدۇ.

يۈز يىللاردىن بېرى بۇ خىل ئادەت داۋاملىشىپ كەلدى ۋە يېڭى يەرلىكلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرغان تەسىرلىرى ئۈستىدە سەلبىي تەرەپتىن ئويلىنىپ بېقىشنى خىياللىرىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقماي، ئۇنى ئۆز يۇرتىنىڭ بىر خىل مەنىۋى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاشتى.

مەنمۇ ھېكايە سۆزلىمەكچىمەن. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرمۇ يېڭى يەردە يۈز بەرگەن، ئەمما بۇرۇنقى زامانلاردا ئەمەس، ھەتتا ھېلىقى قالايمىقان يىللاردىمۇ ئەمەس، بەلكى 80 - يىللاردا مۇشۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن.

ئالدىن ئېيتىۋالاي، يېڭى يەرلىكلەر «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» دېگەن قائىدە بويىچە ئۆز ئارىلىرىدىكى يامان دېيىلگەن ئىشلارنى مەخپىي تۇتۇشقا تىرىشىدۇ. كىمدە كىم ئۇنى «ياتلار»غا ئاشكارىلاپ قويسا كۆپچىلىكنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ. ئەمما مەن بۇ قېتىم يېڭى يەرلىكلەرنىڭ غەزىپىدىن قورقماي، بۆكنى ئېلىۋېتىپ يېرىلغان بېشنى، يەڭنى قايرىۋېتىپ سۇنغان قولنى «ياتلار»غا كۆرسىتىش نىيىتىگە كەلدىم.

1

يېڭى يەرنىڭ شەرقىي قىسمىدا قاتار كەتكەن يېڭى مەھەللىلەر بار، ئىلگىرى بۇ جايلار شاللىق ئىدى، گۇڭشېلەشكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا تاشلىنىپ قېلىپ، بىر نەچچە يىل بوز يەر ھالىتىدە چۆلۈپ قالدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە بۇ يەر يېڭى كادىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى - دە، بىر قىسىم ئەزالارنى مەجبۇرى كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى. بۇ تولىمۇ زەي ئىدى. زەي يەردە گۈرۈچتىن باشقا زىرائەت ئوخشايتتىمۇ؟ شۇڭا كۆچۈرۈلگەن ئەزالار شۇجىلار بىلەن بىللە ئەترەت باشلىقلىرىنى يەتكىچە قاغىشىپ قورسىقىنى بوشىتىشتى - دە، شاللىقلارنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتى.

شال تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇشەققىتىنى كىم بىلمەيدۇ؟ لېكىن يېڭى يەرلىكلەر تولىمۇ تەسەللىچان كىشىلەر ئىدى.

— نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى.

— ياراتقان ئىگەم رىسقىمىزنى مۇشۇ يەرگە چېچىپتۇ.

— بىر چارەك گۈرۈچنىڭ پۇلىغا بەش چارەك قوناق كېلىدۇ.

— كادىرلارمۇ ئۆز كىشىلىرىمىز، ئۇنچە يامانلىق ئويلىمىغاندۇ.

— يۇقىرىدىن قىستاۋەرسە، ئۇلاردىمۇ نېمە ئىلاج، — دېيىشەتتى، ئۇلار جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئۇنتۇپ، تەقدىرگە شۈكرى قانائەت قىلىشاتتى.

بۇ مەھەللىدىكى ئۆيلەرنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا بىر - بىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. ئۆيلەر ئادەتتە ئۈچ ياكى بەش ئېغىز قىلىپ سېلىنىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا تال باراڭلىرى بار، باراڭلار ھەتتا ئۆگزىلەرگىچە سوزۇلغان. ئالدى تەرەپتە ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە قىزىل گۈل ئۆستۈرۈلگەن كىچىك باغچىلار بار، يېڭى يەرلىكلەر قىزىل گۈلدىن گۈلقەن ياساشقا ئادەتلەنگەن. باشقا يۇرتلۇقلار گۈلقەننى دورا ئورنىدا ئىشلەتسە، يېڭى يەرلىكلەر ئۇنى قوشۇمچە ئوزۇق قىلىدۇ. كەچقۇرۇنلىرى كۆپ ھاللاردا ناننى گۈلقەن، ئۆرۈك ۋە ياڭاق مېغىزلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ غىزالىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، يېڭى يەرلىكلەرنىڭ چىرايى ناھايىتى سۈزۈك كېلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر

(1) ئەبۇمۇسلىم — ئابدۇراخمان بىننى مۇسلىم خوراسانى، خوراساننىڭ مەرۋىز شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىلادى 750 - يىلى ئالتە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شام شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇمەييە خەلىپىلىكىنى يوقىتىپ، ئابباسىيە خەلىپىلىكىنى قۇرغان.

(2) بەرزو — «شاھنامە» دىكى پېرسوناژ، يەنى رۇستەمنىڭ ئەۋرىسى.

كۆرۈندىغانلارمۇ خېلى كۆپ، باغچىلارنىڭ ئەتراپىغا قويۇق دەرەخ تىكىلگەن، ئارىلىرى جىغان ۋە تىكەنلەر بىلەن توسالغان. قىش كۈنلىرى بۇ خىل «تام» سەل كۆرۈمسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن قالغان ئۈچ پەسىلدە ئۇلار ھەر خىل يوگۈمەچ غوللۇق گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ، ئالاھىدە يېتىشتۈرۈلگەن گۈلزارلىققا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ تۈزۈمۇ ئاساسەن ئوخشاش. پەرق شۇكى، قايسى ئائىلىنىڭ ئاساسى چىڭ ياكى كىرىمى كۆپرەك بولسا، شۇنىڭ بىساتى كۆپرەك، سۈپىتىمۇ ياخشىراق. مەسىلەن: بەزىلەرنىڭ تەكىيە باشلىرى ئادەتتىكى رەڭلىك خەسلەردىن ئىشلەنگەن بولسا، بەزىلىرىنىڭ دۇخاۋا ياكى تاۋار. بەزىلىرىنىڭ ئۆيىدە گۈللۈك تەگلىمات كىگىزلەرمۇ ئازراق، ئەمما بەزىلىرىنىڭكىدە بولسا، تۆر تەرەپكە گىلەملەرمۇ سېلىنغان.

چىڭقى چۈش مەزگىلى، كاككۇك ۋە تورۇلغىلارنىڭ ئاۋازىنى دېمىگەندە مەھەللە ئىچى تىنچتىنچ، ئېھتىمال كىشىلەر غىزالىنىپ بولۇپ، چۈشلۈك ئۇيقىغا چۈككەن بولسا كېرەك. ياق، ئۇخلىمىغانلارمۇ بار ئىكەن. ئەنە، ئۈژمە دەرىخىگە يانداپ ئورنىتىلغان ھويلا ئىشىكى ئېچىلىپ، ئوتتۇرا ۋە تاغار كۆتەرگەن ئون ـ ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز چىرايى تۇرۇلگەن، قاپاقلىرى ئىششىغان پېتى چىقىپ كەلدى ـ دە، خۇددى داۋاسىز دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغاندەك بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا مېڭىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ يە چۈشلۈك شىرىن ئۇيقىدىن ۋاز كېچىپ، ئوت ئېلىشقا مەجبۇر بولغىنى ئۇچۇن خاپا بولدىمىكىن؟ ئەسلىدە بۇ قىزمۇ، ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ھەر كۈنى چۈش ۋە كەچتە ئىشتىن قايتار ۋاقتىدا ئوت ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇمايتتىغۇ؟ ئاندىن قىزنىڭ ئانىسىمۇ، مومىسىمۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق. شۇ كەمگىچە ئۇنى ئېغىر ئىشلارغا زادى بۇيرۇپ باققان ئەمەس، ئۇرۇپ ـ تىللىغانى بولسا، مەھەللىدە ھېچكىم كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان.

ئۇنداق بولسا، ئۇنى شۇ تاپتا ئوتتۇردەك قىزىپ كەتكەن قوناقلىق ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇرلىغان سەۋەب نېمىكىن؟

بىز ھەيرانلىق كۆزلىرىمىزنى قىز كەتكەن تەرەپتىن يۆتكەپ، ئاۋۋال ھېلقى ھويلىغا، ئاندىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرىدىغان ئۆيگە كىردۇق. ئەر قىرىق ياشلار چامىسىدا بولۇپ، كات ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە يانتۇ ياتاتتى؛ چىرايىدىن ساغلاملىقى ۋە غەمسىزلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئايال ئەسلىدە ئۇنىڭدىن بەش ـ ئالتە ياش كىچىك بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا قىرىق بەش ياشتىن ھالقىغاندەك كۆرۈنەتتى. بىشولۇگلار ئەرلەر ئاياللاردىن بۇرۇنراق قېرىيدۇ دېيىشىدىكەن، بىراق، بىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە، بولۇپمۇ يېزىلاردا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. «ئاياللارنىڭ ئوچاق بېشىدىن ئازاد قىلىنىشى» پەقەت تەشۋىقات جەھەتتىلا ھەل قىلىندى. ئەمما «ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئىش قىلالايدىغانلىقى» بولسا، ئەمەلىي جەھەتتىن تەدبىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇلدى. ئەر كادىرلار بۇ ئەھۋالنى بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىشىدۇ. ئايال كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ «يېرىم دۇنيا»لىق ئورنىنىڭ تەمىن ئېتىلگەنلىكى بىلەن ماختىنىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى، ئاساسىي قاتلامدىكىلىرى بولسا، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ، شىكايەت قىلىشسىمۇ، نەتىجىسى كۆرۈنمەيدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي ئامىل بىزدىكى يېزا ئاياللىرىنىڭ بۇرۇن قېرىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك.

— دادىسى، — دېدى ئايال كاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سەل قايغۇلۇق تەلەپپۇزدا، — ئاپىسانىڭ بۇ توپىغا قىلچىمۇ رايى يوق. ئۈچ ـ تۆت كۈننىڭ ياقى كۆزىدىن ياش قۇرۇمايۋاتىدۇ.

— ساڭا كۆڭلىدىكى گېپىنى دېگەندۇ، كۆيئوغلۇڭنى ياراتمامدىكەن ـ يە؟ — دېدى ئەر كىشى ئانچە ئېرەڭشىمگەن قىيابەتتە

— قورقمەن دەيدۇ.

— نېمىشقا قورقىدىكەن؟ ھەممە قىزلارنىڭ بېشىدا بار ئىشقۇ بۇ. سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مىشلدىغىچە، ئوبدان ئۇقتۇرساڭ بولمامدۇ؟

— بالا تېخى ئەمدىلا ئون ئۈت ياشتىن ئاشقان ئۇرسا، قورقماتتى ئەمسە، — دېدى ئايال قىيىدىغان ھالدا، — ئەر كىشى دېگەننۇ تازىمۇ باغرى تاش خەق، ئاياللار تارتقان ئەشۇ ئازابنى سلەرمۇ بىرەر قېتىم تارتىپ باقساڭلار بىلەتتىڭلارمىكىن تاڭ.

— بۇ دېگەن ئاللانىڭ ئىرادىسى، — دېدى ئەر كىشى ئاندىن تەكىيىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى - دە، موخۇركا ئورىغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ دېگىنىڭغۇ راست، قىزىمىز بەك كىچىك، ئەمما ئانام ئۇنىمايۋاتسا قانداق قىلىمىز؟

— ئوبدانراق سۆزلىشىپ كۆرسىڭىز بولمامدۇ؟

— مېنى سۆزلەشمىدى دەمسەن؟ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچسىلا: «كۆزۈمنىڭ يورۇقىدا ئايىنسانىڭ تويىنى كۆرۈۋېلىشقا ئۈنىمساڭلار، بەرگەن سۈتۈمگە رازى ئەمەس» دەپ تۇرۇۋالسا، مەندە نېمە ئىلاج.

ئارىنى جىملىق باستى. ئەر كىشى تاماكىسىنى ئۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق شورىدى.

— ئايىنسانىڭ بۈگۈنكى يىغىسىغا زادى چىدالمىدىم، — دېدى ئايال يەنە جىملىقنى بۇزۇپ، چوڭنام(1) بىلەن سۆزلىشىپ باقىسىن، مېنى زورلىمىسۇن، دەپ بەك يالۋۇرۇپ كەتتى.

— سۆزلەشكەن بىلەن ئانامنى نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولماسمىكىن.

— بۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئىشەنچىم يوق. لېكىن باغرىمنى يىرىپ چىققان بالامنىڭ زارىغا چىدالمايدىكەنمەن، نېمىلا بولمىسۇن ئانىكام بىلەن بىر سۆزلىشىپ كۆرەي.

ئايال شۇ گەپنى دەپلا ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى سۆزلەشكىن، — دېدى ئەرمۇ نېمىندۇر ئۈمىد قىلغاندەك بولۇپ، — ئەمما ئانامنى رەنجىتىپ قويما.

ئايال ئىشىكتىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، توغرىسىغا سېلىنغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىردى.

بۇ ئۆي بايا بىز كۆرگەن ئۆيدىن سەل چوڭراق، بىساتلىرىمۇ سۇپەتلىكرەك ئىدى. ئۆر تەرەپتىكى گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە ياشانغان بىر ئايال ياتاتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى - دە، كېلىنىگە «نېمە ئىش؟» دېگەندەك قارىدى.

ئەمدى بىز ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ موماي توغرىسىدا بىر ئاز توختىلايلى.

مومايىنىڭ ئىسمى گۈلنىيازخان، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل سەكسەن ياشتىن ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى شەھەردە خىزمەت قىلىدۇ، يەنە بىرى بىز بايا كۆرگەن ھەسەن ئاتلىق كىشى. موماي قىشنى شەھەردە، يازنى يېزىدا ئۆتكۈزىدۇ. باشقا ئانىلار كېلىنلىرىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئوغۇللىرىنىڭ بوشاڭلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىشسا، گۈلنىيازخان ئۇلارنى مازاق قىلىپ كۈلىدۇ.

— بۇنى ئۆزەڭلاردىن كۆرۈڭلار، — دەيدۇ ئۇ مۇلاھىزە قىلىپ، — ئالدى بىلەن قېيىن ئانا بولغان ئادەم كېلىنىنى ئۆز قىزىدەك كۆرگۈلۈك. خەق قىز چوڭ قىلىپ، ساڭا ئۇزىتۇۋېتىپ بەرسە، سەن ئۇنى ئۆز كۆرمىسەڭ، ئۇمۇ سېنى يات كۆرىدۇ. بىزمۇ ھىلى - مىكرى كۆپ خوتۇن زاتىدىنغۇ، كېلىن سېنى ئۆچ كۆرۈپ قالدىمۇ، مىڭ قىلساڭمۇ ئوغلۇڭنىڭ مېھرىنى ئۆزەڭگە قارىتالمايسەن. ماڭا ياراتقان ئىگەم قىز بەرمىگىنى بىلەن، دەرد - ئەھۋالىمغا يەتتىمۇ، ئىش قىلىپ، ئالتۇندەك كېلىنلەرگە ئېرىشتۈردى. شەھەردىكى كېلىنىم ئايلىقچى بولسىمۇ، مېنى سەھرالىق دەپ پەس كۆرمەي، ئالدىمدا پەرۋانە بولۇپ كېتىدۇ. ماۋۇ مەرەمخان ھەققىدە سۆزلىمىسەممۇ

(1) چوڭنام — چوڭ ئانام — خوتەندە يەۋرلوپ مومىسىنى چوڭ ئانام دەيمۇ ئاتايدۇ [illegible]

ئۈزەڭلار بىلىسىلەر، مۇشتۇمدەك چاغدا كېلىن قىلىپ ئەكىلىنىۋالغانىدىم، مانا ئۇت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالدى، بىرەر قېتىممۇ دىلىمنى چەككىنى يوق. ئىككىنچىدىن، سەن شۇ ئۆيىنىڭ چوڭى بولغانىدىكىن، باشقىلارغا ھۆكۈمىڭنى ئۆتكۈز، كىچىكلەر سەندىن تەپ تارتىدىغان، گېپىڭدىن چىقمايدىغان بولسۇن. شۇنداق قىلالىساڭ، ھەر قانداق غەيرىي نىيەتلىك كېلىنمۇ ساڭا بويۇنتاۋلىق قىلالمايدۇ.

گۈلنىيازخان موماي ئەنە شۇنداق قېيىن ئانىلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ كېلىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزى ئېيتقاندەك خۇددى ئانا ـ بالىدەك ئۆتۈپ كەلدى. ئوغۇللىرىمۇ بىرلا ئۆيلەندى ـ يۇ، بالىلىق بولۇپ كېتىشتى. مومايىنىڭ تېنى ساق، كۆڭلى پۈتۈن ئىدى. پەقەت ئۆز باغرىدىن چۈشكەن قىزىنىڭ يوقلۇقى ئۇنى سەل ئازابلايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنجى پەرزەنتى قىز بولۇپ، خۇددى پەرىزاتتەك چىرايلىق ئىكەن. ئۇ بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا، ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى خۇددى بوزچىنىڭ مۆككىسىدەك ئۈزۈلمەپتۇ. ئاخىرى قىز ياتلىق قىلىنىپتۇ. بىراق ئالتە ئايدىن كېيىن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— قىزىمنى كۆزگۈلى قارىلار جۇدا(1) قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دەيدۇ گۈلنىيازخان پات ـ پات شۇ قىزىنى ئەسلەپ، ئاندىن ئۇنىڭ توغرىسىدا تۈگىمەس پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، ئاخىرىنى يىغا ۋە نامەلۇم «قاتىل»لارنى قاغاش بىلەن تۈگىتىدۇ.

گۈلنىيازخاننىڭ ئىرى بۇرۇنلا ۋاپات بولغانىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنى ئۆزگە يىلتىپ قويماسلىق ئۈچۈن باشقا تالالىق بولماي، ئائىلىدە ھەم ئاتا ھەم ئانا بولدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئانىسىنىڭ «قىزىم يوق» دەپ نالە قىلىشىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، ئوغۇللىرى ناھايىتى كۆيۈمچان بولۇپ ئۆسۈشتى، ھەر بىر ھەرىكىتىدە ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا، ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشتى. بەزىدە ئانىسى خۇيلۇنۇپمۇ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا مەيلى شەھەردىكى بىر بۆلۈمگە باشلىق

بولغان ئوغلىمۇ، مەيلى يېزىدىكى مۇنۇ ئۆت بالىغا ئاتا بولغان ھەسەن ئاخۇنمۇ خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يوق گۇناھلىرى ئۈچۈن ئەپۇ سورايتتى، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. مومايمۇ دەرھال ئېرىپ قالاتتى ـ دە، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيەتتى. ئالەمچە بەخت ئاتا قىلاتتى. مۇنداق ئانا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگۈچىگە تەسىر قىلماي قالاتتىمۇ؟ شۇڭا كېلىنلىرىدە بۇ مېھرىبان ئەمما ئۆز سۆزلۈك مومايغا ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى مەھكەم تىكلەنگەنىدى.

— قىزىم مەرەمخان، بىر گېپىڭىز بارمىدى؟ — دېدى گۈلنىيازخان ياستۇقتىن بېشىنى كۆتەرمەيلا.

شۇ تاپتا مەرەمخاننىڭ كۆڭلى سەل پاراكەندە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قېيىن ئانىسىغا قانداق جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى دەرھال ئويلاپ ئۈلگۈردى.

— ئۇخلىمىغان بولسىلا، پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قويايمىكىن دېۋىدىم، — دېدى ئۇ قېيىن ئانىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ يوتىسىنى يېنىك تۇتۇشقا كىرىشتى.

— ھەجەپمۇ كۆڭلۈمدىكىنى تاپىسىز قىزىم، — دېدى گۈلنىيازخان مىيىقىدا كۈلۈپ، — خۇدايىم قىزدىن ئېيتىمىغىنى بىلەن ئالتۇندەك كېلىنلەرنى بېرىپتىكەن، قېرىغان چېغىمدا مۇشەققەت تارتىپ قالمىدىم.

مەرەمخان قېيىن ئانىسىنىڭ كەيپى چاغ ۋاقىتلىرىدا پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇرۇش ۋە ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭلىشىشقا ئامراقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەچ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن گەپ ئېچىپ قېيىن ئانىسىنى پاراڭغا سالدى، ئەمما ئۇنى رەنجىتىپ

(1) جۇدا قىلىش — خۇراپىي ئەقىدىلەر بويىچە خۇدانى ئوقۇتۇپ ئىبھەرلەش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش.

قويۇشتىن ئەيمىنىپ، خىيالىغىچە ئاساسىي ئىمگا يېقىنلىشالمىدى.

— ئاينىسا كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى موماي.

— بابا ئۇتىغۇچ ئىزدەپ يۈرەتتى. ئوت ئالغىلى كەتتىمىكىن؟ — يالغان سۆزلەپ كۆنمىگەن مەرەمخان قېيىن ئانىسىغا ياقمايدىغان جاۋاب بېرىپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

— ھوي بالام، يۈرىكىڭىز تاشمۇ سىزنىڭ؟ — موماي بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، — مۇشۇ تاپتا جاھان تۈتۈرەك قىزىپ كەتكەن تۇرسا، شۇ بالىنى ئوت ئېلىشقا ئەۋەتىشكە قانداق چىدىغانسىز، مىڭگەك، يۈگرەك، ئۇنى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىڭ.

مەريەمخاننىڭ كۆڭلى ئېرىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. «ئانىكام ئاينىسانى جېنىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بايىقى نالىلىرىنى ئېيتسام، توي قىلىش نىيىتىدىن يېنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس . . .» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئانىكا، ئاينىسا توغرىسىدا ئۆزلىرى بىلەن سۆزلەشمەي دېۋىدىم.

— خوش، نېمىلەرنى سۆزلەشمەكچى؟ — سەل ھەيران بولغان ھالدا سورىدى موماي.

مەريەمخان ئاساسىي گەپنى ئاغزىدىن قانداق چىقىرىش ھەققىدە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن سۆز باشلىدى.

— ئاينىسانىڭ تويىنى يەنە بىر - ئىككى يىل كېچىكتۈرسەكمىكىن . . .

— نېمىشقا؟ — ئالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى موماي.

— ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇملۇق، بالا تېخى ئەمدىلا ئون تۆت ياشنى توگەتتى. گەپ ئېلىپ باقسام، توي قىلىش دېگەننى ئويلاپمۇ باقمىغاندەك قىلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن توي قىلىشقا كېلىشكىنىمىزنى ئاڭلاپ بىر مۇنچە يىغلىدى. «قورقىمەن، مېنى زورلىماڭلار» دەپ يۈرەك باغرىمنى ئېزىۋەتتى. . . مەريەمخاننىڭ

ئۆزىمۇ ئېسەدەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

موماي ئۇنى يەنە نېمىلەرنى دەركىن دېگەندەك بىر پەس جىم ئولتۇردى.

— بالام، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئاخىرى بۇرۇنقى ۋەجىلىرىنى يەنە ئولتۇرغان قويۇپ، — قايسى قىز بالا ئۆز رازىلىقى بىلەن توي قىلىدۇ؟ سىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندە ئۈچ كۈنگىچە يېنىڭىزغا ھېچكىمنى يولاتماي يىغلاپ چىققانلىقىڭىز ئېسىڭىزدىدۇ. بىلىشىمچە، شۇ چاغدا يېشىڭىزمۇ ئاينىسادىن چوڭ ئەمەستى. مېنى دېسىڭىز، ئانامدىن ئاڭلىسام ئون ئىككى يېشىمدا تالالىق بوپتىكەنمەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىدە قىز بالىنى تەلەپ بىلەن تۇرغاندا يېقىلمىسا، تويىنى قىلسا بولىدۇ، دەپ يېزىلغەنىكەن، قىز بالىنى ئۆيدە ئۇزۇن ساقلىسا، گۇناھ بولىدۇ بالام. ئاينىسامۇ يىغلاپ - قاخشاپ كۆنۈپ قالىدۇ.

مەريەمخان دەماللىققا گەپ قىلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەرگە تەككەن دەسلەپكى كۈنلەردىكى ئازاب ۋە قورقۇنچلىرى، «يىغلاپ - قاخشاپ كۆنۈپ قېلىش»نىڭ نەقەدەر تەسكە توختايدىغانلىقى قايتا ئايان بولغانىدى. «راست، ئۇ چاغدا مەنمۇ ئون بەش، ئون ئالتە ياشلاردا ئىدىم، شۇنداق تەسكە چۈشكەن، ئانىكام ئون ئىككى يېشىمدا توي بولغان دەيدۇ، راست شۇنداقمىدۇ؟ مەن بىلىپ تۇرۇپ قىزىمنى شۇ ئازابقا تاشلامدىمەن؟ . . .»

— شۇنداق بولسۇن بالام، بۇ بېكىپ بولغان ئىش، ئەمدى يەنە كومسەم پىشارمۇ، ياقسام پىشارمۇ دەپ يۈرمەي، تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ تويىنى دېگەن قەرەلدە ئۆتكۈزۈۋالايلى، — مومايىنىڭ سۆزى سىلىق، ئەمما قەتئىي ئىدى. مەريەمخان سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەقلەر ئابدۇشۇكۇر ئاخۇننى ئا-تولا زاغۇنى بار، ئاچچىقى بەك يامان دېيىشىدىكەن.

— مەريەمخان بالام، باياتىن ياقى ئۇنى - بۇنى دېگىچە مۇشۇ گەپنىلا دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى موماي ئەمدى ... رەنجىپ ... ئەمەس ... ئايلىسانى

ئاچىڭىزنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە ئۈنمىغان ئىدىم، ئابدۇشۈكۈر مېنىڭ تۇغقۇنۇم بولغاچقا، سىزنىڭمۇ ئۇنى كۆيۈنۈغۇل قىلىغىڭىز بوقكەن ـ دە، بىلسىڭىز، ئابدۇشۈكۈر ھەققىدە پىتنە ـ پاسات تارقاتقانلار بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز. شۇنداق بۇۋاش، ئوڭلۇق بالىنى تونداقچى، مۇنداقچى دېگەنمۇ گەپمۇ؟ نېمە دېسىڭىز دەڭ، ئاينىسانى ئابدۇشۈكۈرگە بەرگىنىم بەرگەن.

ـ موماي يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېدى، مەريەمخان بولسا ئۇنىڭ تېخىمۇ غەزىپىنى ئۆرلىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن گېلەمنىڭ تىۋىتلىرىنى مەقسەتسىز سىلىغان ھالدا جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەمدى ئاينىسا كەتكەن يول بىلەن مېڭىپ قوناقلىققا بېرىپ باقايلى.

ـ ھوي، بۇ نېمە ئىش؟ بابا ئاينىسا تاغار ۋە ئوتىغۇچ ئېلىپ، ئوت ئالغىلى ماڭغان ئەمەسمىدى، مانا ئارىدىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بىر تال ئوتمۇ يۇلماپتۇ. تاغار بىلەن ئوتىغۇچ بىر چەتكە تاشلانغان پېتى تۇرىدۇ، ئۆزى بولسا، بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ كېتىپتۇ.

ـ مۇشۇ ئاي ئىچىدە راستىن ئۇنىڭ تويى بولارمۇ؟ قىز بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا، توي قىلىش دېگىنى — ئەرگە تېگىش دېگەنلىك. شۇندىن كېيىن ئۇ يات بىر ئەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ئاينىسا ھايالىق قىز ئىدى، يامان، ئەپسانە سۆزلەرنى ئاڭلاپ قېلىشتىنمۇ يىرگىنەتتى. شۇنىڭغا قارىماي بەزىدە چوڭراق قىزلار ياكى چوكانلارنىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشى ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن خالى بولالماسمۇ ئەمەس ئىدى. شۇ خىلدىكى پاراڭلارنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىغان ئاينىسا يات ئەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىنمۇ قورقاتتى، ئويلىسىلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ يۈرىكىگە ئاجايىپ بىر قورقۇنچ كىرىۋالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ قىز بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىغا قاتتىق ھەسرەتلىنەتتى. قورقىسانلىقىمۇ، ھەسرەتتە، چىلەكىبەرگىنىمۇ بىھۇشىگەنلار،

كېلىدىغان ئاشۇ تەقدىردىن خالى بولالامسەن؟ ئەقلى ئۆلغايغانسېرى ئاينىسا ئۈچۈن بۇمۇ چۈشىنىشلىك بولدى، ئەمما ئاشۇنداق كۈنىنىڭ كېيىنرەك كېلىشىنى خۇدادىن تىلەيتتى.

بىراق بۈگۈندىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋەتكەن مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: شۇ كۈنىمۇ مۇشۇنداق چۈش مەزگىلى ئىدى. ئاينىسا ئۆز ئائىلىسىگە تەۋە يەردىكى ئېرىق بويىدىن ئوت ئېلىۋاتاتتى، بىر چاغدا ئاللىقانداق قەدەم ئاۋۇشىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ بەش ـ ئالتە قەدەم نېرىدا ئۆزىگە ھەجىيىپ قاراپ تۇرغان ئابدۇشۈكۈرنى كۆردى. ئابدۇشۈكۈر بۇلارغا خېلى يېقىن تۇغقان كېلىدىغان ئابدۇمىجىت ئاخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، يىگىرمە ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە چاقچاقلارغا ئارىلاشماي، يالغۇز ۋە جىمجىت يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «مېڭىسىدە زاغۇنى بار» دېيىشەتتى. ئەگىتۇشلىرى ياكى كىچىك بالىلاردىن بىرەسى ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان بولسا، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ، قارامتۇل چىرايى بۇلۇتتەك تۈرۈلەتتى ـ دە، رەقىبىگە ئېتىلاتتى. قارشى تەرەپ ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، جېدەللىشىشنى خالىماي، يالغاندىن قورققان بولۇپ قېچىپ كېتەتتى.

— خەپ، توختاپ تۇر، بويىنۇڭنى ئۈزۈۋەتمىسەم! — دەپ تەھدىت سالاتتى ئابدۇشۈكۈر، ئەمما بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالسا، گويا ئارىلىرىدا ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.

ئاينىسا خۇددى ئۈركىگەن ئۆچقاچتەك لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئابدۇشۈكۈرگە قورققان ھالدا قارىغىنىچە، بۇ يەردىن كېتىۋېلىشنىڭ غېمىگە چۈشتى. بىراق، ئارقا تەرەپ باشقىلارنىڭ باغ تېمىغا تۇتاشقان، ئىككى تەرەپ يېڭىلا سۇ تۇتۇلغان قوناقلىق بولۇپ مېڭىش قولايسىز ئىدى. ئالدى تەرىپىنى بولسا ئابدۇشۈكۈر توسۇپ تۇراتتى.

— ئاينىساگۇل، مەن سىزگە ئوت ئېلىشىپ بەرگىلى كەلدىم، — دېدى ئابدۇشۇكۇر ئىنتايىن بەك ھىجىيىپ، — ئولتۇرۇڭ، بىللە ئوت ئالايلى.

— مەن كېتىمەن، — دېدى ئاينىسا ئۇنىڭغا چېكەتكىندەك قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمدى مەندىن ئۇنداق قاچماڭ، ئاينىساگۇل، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر سىزگە چاي ئىچۈرىدىغان بولدى. ئەمدى ئىككىمىز ئەر - خوتۇن بولىمىز.

ئابدۇشۇكۇر سۆزلىگەچ ئاستا يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

«ئەر - خوتۇن بولىمىز؟» بۇ سۆز ئاينىسانىڭ بېشىغا توخماق بىلەن ئۇرغاندەك بىلىندى - دە، بىر دەقىقە كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق ئىنىقلىپ ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. كۆز ئالدى يورۇغاندا بولسا، ئابدۇشۇكۇر بىلەن ئۇزىنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئىككى قەدەملا قالغانىدى. ئۇ ئاينىسانى كاپلا قىلىپ ئۇتىۋالماقچى بولغاندەك، بىردىنلا قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى.

— ئانا! — ئاينىسا بار ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئوتىغۇچ تۇتقان قولىنى ئالدىغا شىلتىدى.

«تاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئابدۇشۇكۇر «ۋاي!» دەپ تاشلىدى. ئوتىغۇچ ئۇنىڭ قولىغا قاتتىق تەككەنىدى. ئاۋۋال ھەر قېتىمقىدەك ئابدۇشۇكۇرنىڭ كۆزىنىڭ ئېقى قىزىرىپ، چىرايى ئىنتايىن قارىدى - دە، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. ئەمما ئالدىدا تۇرغىنى بۇرۇنقىدەك مەسخىرە قىلىپ ئىرىكتۇرىدىغان رەقىبى ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى ئايالى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان بولسا كېرەك، شۇ ھامان يەنە ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ، زورۇققۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەتتىكىن، ئەمما دەل شۇ پەيتتە مەريەمخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاينىسا، ھەي ئاينىسا، نەدە سەن قىزىم؟

ئىخ، ئانا ئاۋازى، سەن پەرزەنت ئۈچۈن نەقەدەر قۇدرەتلىكسەن - ھە! سەن قىلىنچە بىراقتىن ئاڭلانساڭمۇ، شۇنچە پەس، ھەتتا ئاجىز بىر تىنىق ھالىتىدە ئاڭلانساڭمۇ پەرزەنتىڭنىڭ يۈرىكىگە ئاغدەك يۆلەك، يۈت - قولىغا ئالەمچە قۇۋۋەت ئاتا قىلىسەن.

مەريەمخاننىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ بۇ يەردىكى ۋەزىيەت ئۆزگەردى. ئاينىسا ئەمدى يۈرىكىنى توختىتىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— ئانا، مەن بۇ يەردە! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدىن كېيىن، خاتىرجەم ھالدا ئوتنى تاغارغا قاچىلاشقا ئۇتۇندى. ئەكسىنچە، ئابدۇشۇكۇر گويا سىزىلىپ قالغان ئوغرىدەك سۇغىرىلغان ئىپتىزدىكى پاتقاقنى شالاپشىتىپ كېچىپ، يان ئەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئاينىسا ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئانىسىنىڭ سوئالىغا: «چاشقان قورقىتىۋەتتى» دەپلا جاۋاب بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇردى. چۈنكى ئۇ ھەم ئابدۇشۇكۇرنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن، ھەم بۇ ئىشنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا نومۇس قىلغانىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن كەچقۇرۇنلۇقى مومىسى ئۇنىڭغا يېڭى خەۋەر ئېيتتى:

— بالام، ئەتە ئاكاڭ بىلەن بىللە شەھەرگە بېرىپ، تاغاڭلارنى يوقلىغاچ ماڭا دورا - دەرمەك ئېلىپ كېلىڭلار.

— ئاينىسا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ شەھەرگە تاغىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ يەردە كۈندە دېگۈدەك كىنو ياكى تېلېۋىزور كۆرەلەيدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈشمۇ كىنو كۆرگەنگە ئوخشاش. ئىچكى كىنوخانىدىكىدەك ئۇنداق قىستىلىدىغان، ۋاراڭ - چۇرۇڭ تۈپەيلىدىن گەپنى ئاڭلىيالماي قالىدىغان ئىشمۇ يوق. تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكى لۈم - لۈم ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرسىمۇ، بېشىغا ياستۇق قويۇپ يېتىۋالسىمۇ، ئوخشاشلا كۆرۈۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغىسىمۇ، ئۇنىڭ ئايالىمۇ، بالىلىرىمۇ ئاينىساغا بەك ئامراق.

— ھە، ئاسلانچاق، ئانامنى خاپا قىلمىغانسەن؟ — دەيدۇ تاغىسى ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە ئەركىلىتىپ، — ئانامنى ياخشى باقساڭ، خالىغىنىڭنى ئېلىپ بېرىمەن، كىيىنچە كىيىنچەك دېگەندەك باي

قىلىۋېتىمەن، سەن ئاسلاننى.

ئايىنسا تاغىسىنىڭ ئۆزىنى «ئاسلان» دېگىنىدىن قىلچە رەنجىمەيتتى، ئەكسىنچە، ئۇ گويا تاغىبىي تەربىيىدىن شۇنىڭغىلا بېرىلگەن ئۇنۋاندەك ئالاھىدە سۆيۈنۈپ كېتەتتى، شۇنداق نىكەن، ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە قانات ياساپ ئۇچۇپ بارىدۇ ـ دە.

— ئەنە كەچتىلا قايتىپ كېلەمدۇق؟ — ئىھتىيات بىلەن سورىدى ئايىنسا.

— سەن قوزام شەھەرگە بىر بېرىۋالساڭ بىر نەچچە كۈن تۇرماي تۇنامسەن؟ ئاكاڭ قايتسۇن، سەن بىر نەچچە كۈن ئوينىۋال.

ئايىنسا مومىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ، قورۇق باسقان يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى ۋە ئاكىسىنىڭمۇ بىر قېتىم ئېلىۋېرىۋر كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن شەھەردە بىر كېچە قونۇشقا مومىسىنى ئۇنانتى.

ئەتىسى ئاكا ـ سىڭىل ۋېلىسىپىتقا مىنگىشىپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئايىنسا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھاسىغا تايانغان پېتى ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مومىسىغا ئۇزاققىچە قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ خۇشال ئىدى، شادلىقى يۈرىكىگە سىغمايتتى. ئەمما شۇ كۈنى ئۇنىڭ قىزلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان مۇھىم سۆھبەت ئۇنتۇلغۇسىز دىغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مومىسى ئۇنى شەھەرگە ئەۋەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ئايىنسا بۇ قېتىم شەھەردە بىر نەچچە كۈن يۈرۈپ قالدى. ئۇ شەھەرگە پات ـ پات كېلىدىغانلىقى ۋە ھەر قېتىم ھەپتىلەپ، ئايلاپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن كوچىلار، ماگىزىنلار ئۇنىڭغا ئوبدانلا تونۇش ئىدى. تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكى ئۆتۈشتاق ـ چۈشتەك سودا ـ سېتىقلارغا ئۆزى چىقاتتى. بىر كۈنى ئۇ بازارغا گۆش ئالغىلى چىقىپ يېزىدىكى بىر مەھەللىلىك ئابدۇنەبى ئاخۇن دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ئادەم ئابدۇشۈكۈرنىڭ تاغىسى بولۇپ، يېشى ئەللىكلەرگە تاقىلغان، قارامتۇق، ياغاقيۈز، كوسا كىشى ئىدى، ئۇرا كۆزلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە ھەدەپ يۈگۈرۈپ تۇراتتى.

— ھەممە يەلەن ساق ـ سالامەت، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ ئايىنسانىڭ سوئاللىرىغا، ئاندىن ساغىرىپ سامان رەڭگىگە كىرگەن ئۇتتۇر چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى ـ دە، قوشۇپ قويدى، — ئۆيىڭىزدىكىلەر تويغا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ.

— تويغا؟ ئاكامنىڭ توينى قىلامدىكەن؟ — قىزىقىپ سورىدى ئايىنسا.

— ھى، ھى، ھى، — ئابدۇنەبى ئاخۇن ئاغزىنى كالاچتەك ئېچىپ كۈلدى، — پات ئارىدا راسا توي ئوينايدىغان بولدۇق. سىزمۇ ئەمدى بۇ شەھەردە ئۇچكىدەك سەكرەپ يۈرمەي، تېزراق يېزىغا قايتىڭ.

ئايىنساغا ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈشلىرى ۋە ئۆزىنى ئۆچكىگە ئوخشىتىپ ئۆيگە قايتىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىشلىرى ياقمىدى.

— خوش ئەمىسە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى كۆرسىڭىز سالام ئېيتىپ قويۇڭ، ھەممىمىز سالامەت تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ئۇ ۋە بۇرۇلۇپلا مېڭىپ كەتتى.

— ھاي قىز، توختاپ تۇرۇڭ، تېخى گېپىم تۈگىمىدى، — دېدى ئابدۇنەبى ئاخۇن ئۇنى چاقىرىپ، — توي ئاكىڭىزنىڭ ئەمەس، سىزنىڭ، سىزنى بىزنىڭ ئابدۇشۈكۈرگە ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇق.

— نېمە؟ — ئورنىدا چېپىپدە توختىغان ئايىنسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئابدۇنەبى ئاخۇنغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇ كالچىيىپ تۇرغان بۇ ئادەمنى ئەڭ يامان گەپلەر بىلەن تىللاشنى، قاغاشنى خالايتتى. لېكىن دەم ئۇتمەي ئاغزىدىن گەپ ئەمەس، كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، يەنە بۇرۇلغان پېتى تاغىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلمىدى، ئارىدا بىر قېتىم ئۆگزىگە چىقىپ يىغلاپمۇ ئالدى. ئۇ ھازىرمۇ ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ گېپىگە ئىشەنمەيتتى، ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما تىنچلىقى تامامەن بۇزۇلغانىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى سېزىپ قالدى.

— قىزىم، نېمىشقا تاماق يېمەي ئولتۇرىسەن؟

ئبشك سوۋۇپ قالدىغۇ؟ — دبدى تاغىسىنىڭ ئايالى ئاينۇرخان كەچكى تاماق ۋاقتىدا.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئاينىسانىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى - دە، ئورنىدىن قوپقان پېتى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاينۇر ئىرى ھاشىم بىلەن كۆز ئۈرۈش-تۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئاينىسانىڭ كەينىدىن كىردى. بۇ چاغدا ئاينىسا يۈزىنى ياستۇققا چاپلاپ كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئاينۇرنىڭ ئۇنى بەزلىشى ئۈچۈن ئون نەچچە مىنۇت ۋاقىت كەتتى. كۆڭلىگە كەلمىگەن گۇمان قالمىدى. بىر تالاي سوئاللارنى سورىدى. ئاينىسا ئاخىرى بېشىنى كۆتەردى - دە، يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، بايا ئابدۇنەبى ئاخۇندىن ئاڭلىغان گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى ۋە ھېلىقى چاغدا ئابدۇشۈكۈر بىلەن بولغان ماجىرانىمۇ يوشۇرمىدى.

— جۆيلۈپتۇ، — دېدى ئاينۇر ئۇنى باغرىغا بېسىپ، چاچلىرىنى سىلاپ، — سىز تېخى ئانا سۈتى ئاغزىڭىزدىن كەتمىگەن بالا تۇرسىڭىز، قانداقمۇ تويىڭىزنى قىلغىدەكمىز. كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئابدۇنەبى دېگەن ئادەم ساراڭ ئوخشايدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپتۇ.

ئاينۇر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن يەنە بىر تالاي سۆزلەرنى قىلدى. ئاينىسا ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ گېپىدىن كۆرە، ئاينۇر ئانىسىنىڭ سۆزىگە كۆپرەك ئىشەندى. «ھاشىم دادام بىلەن ئاينۇر ئانام كادىر، چوڭئانامۇ، دادام بىلەن ئاناممۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىدۇ. بۇلار ئارىلاشسا ياق دېيەلمەيدۇ . . .» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە ئاينۇرنىڭ زورلىشى بىلەن تاماقنى يېدى.

ئەسلىدە بۇ ئىشتىن ھاشىممۇ، ئاينۇرمۇ خەۋەر تاپقان. شۇڭا ھەيران بولۇشقان، غەزەپلىنىشكەن، كېيىن مەسلىھەتلىشىپ شۇ كۈنلا يېزىغا بارغان ۋە ئۇ يەردىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن، ئاكىسى بىلەن يەڭگىسى دەرھال ماقۇل بولغان، بىراق ئانىسىنى زادى قايىل قىلالمىغانىدى.

— بۇۋى ئايشە رەزىيەللا ھۇئەنھا جانابى رەسۇلۇللاغا توققۇز يېشىدا ياتلىق قىلىنغان، مېنىڭمۇ نەچچە ياشتا توي بولغانلىقىنى سىلەرگە كۆپ قېتىم ئېيتىپ بەرگەنمەن. بىزنىڭ ئاينىسا ھازىر ئون بەش ياشقا كىردى، ئۇنى قانداقمۇ كىچىك دېگىلى بولىدۇ؟ ھۆكۈمەت ئون سەككىز ياش دەپ چىقارغان بولسا، ئۇنى تەتەيخانىلارغا چىقارغاندۇ. بىز دېگەن سەھرالىق، دېھقان خەق. بىزنىڭمۇ دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىن بېرى كېلىۋاتقان ئۆز يولىمىز، ئۆز ئادىتىمىز بار، شۇجىمۇ ئوغلىغا ئون بەش ياشلىق قىز ئېلىپ بەردى. سەن بالام، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى، ھۆكۈمەتنىڭ يولىنى تۇتسەڭ، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشما. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە مېنىڭ دادا جەمەت تۇغقانلىرىمدىن ئاشۇ ئابدۇمىجىت ئاخۇن بىلەن ئابدۇنەبى ئاخۇنلا قاپتۇ. «تۇغقان ئۆلگىچە، يات بىگىچە» دەپتىكەن. بىزنىڭ ئابدۇمىجىت ئاخۇن بىلەن ئاينىسا تېخى بۆشۈكتە چېغىدىلا كېلىشىپ قويغان. بۇ تويىنى بۇزىمەن دېسەڭلار، ئاۋۋال مېنى گۆرۈمگە ئەكىرىپ قويۇڭلار.

گۈلنىيازخان مومايىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئەلۋەتتە رەت قىلغىلى بولاتتى. بىراق ئوغۇل ۋە كېلىنلەردىكى ئۇنىڭغا بولغان ئىتائەتمەنلىك ۋە ئازار بېرىپ قويۇشتىن ئەپ ئارتىش تۇيغۇسى ئۇچىلىسىنىڭ تىلىنى قىسىپ قويدى. ئۆز ھەرىكىتىدىن ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىغان ھاشىم شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاينۇر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ ئىش توغرىسىدا ئاينىساغا قىلچە بىلدۈرمەسلىك، ئۇنى مەلۇم ۋاقىت يېزىغىمۇ ئەۋەتمەسلىك قارارىغا كېلىشكەنىدى. ئۇلار ئۈمىدىنى نىكاھ قەغىزى كېسىدىغانلارغا باغلىغانىدى.

لېكىن يېپىقلىق قازاننىڭ ئۈۋۈرقى ھامان ئېچىلىدىكەن، ئارىدىن تېخى ھەپتە - ئون كۈن ئۆتمەيلا بۇ شۇم خەۋەر ئاينىساغا ئاشكارىلىنىپ قالدى.

— ئەتە سەن يېزىغا بىر بارغىن، — دېدى ھاشىم يېتىش ئالدىدا ئاينۇرغا، — ئانام سېنى ئالاھىدە ئىززەت-لەيدۇ، ئۇ بەلكىم گېپىڭنى يەردە قويماس. چاي ئىچىۋېلىپ بولغانىكەن، ئۇنى بۇزماق ئەس. لېكىن

بىر ـ ئىككى يىل ئارقىغا سۈرگىلى بولىدۇ. ئاڭغىچە ئاينىسامۇ تۇرمۇشىنىڭ نىمىلىكىنى چۈشىنىپ، يۇمشاپ قالار.

ئەتىسى ئاينۇر ئاينىساغا تۇقتۇرمايلا يولغا چىقماقچى ئىدى، لېكىن ئاينىسا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن تەييارلىنىپ بولغانىكەن.

— يېنىڭىزغا كېتىمەن، چوڭ‌ئانامنىڭ يېنىغا بارىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى ئۇ.

ئاينۇر يېزىدا ئىككى كۈن تۇردى، قېيىن ئانىسى بىلەن نەچچە قېتىم مۇڭداشتى. موماينىمۇ بۇ «كادىر كېلىنى»دىن سەل ھېيىقاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بۆلمەي جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئەمما ئاساسىي مەسىلىدە بىر قەدەممۇ چېكىنمىدى.

— خېنىم بالام، — دېدى ئۇ مۇلايىم، گويا يېلىنغاندەك تەلەپپۇزدا، — ھالا بۈگۈنكى كۈندە بىر پۈتۈم گۈرگە ساڭگىلاپ، ئۆزەم يېشىپ ئۆتۈپ كەتكەن قوغۇندەك بولۇپ قالدىم. پىشقان نەرسە يېغىدا تۇرمايدۇ. ئەزرائىل ئامانەتنى سۈيلەپ قېشىمغا كەچتە كېلەمدۇ، ئەتە كېلەمدۇ، بۇنى ياراتقان ئىگەملا بىلىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، ئاينىساغا ئىككى ئوغلۇمدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى يامان يولغا ئىتتىرىمەنمۇ؟ راست، ھازىرقى زاماندا ئۇنىڭ يېشى كىچىكتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن بۇرۇنقى زاماندا، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ يېشىدىكى قىز بالىنىڭ بىرەردىن بالىسى بولۇپ بولاتتى. خېنىم بالام، قىز بالا دېگەن گۈلگە ئوخشايدۇ، ئېچىلغانسېرى خەقلەرنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، ئۈزۈپ پۇرىغۇسى كېلىدۇ. شۇڭا ئۇنى غۇنچە ۋاقتىدىلا خۇدا ئىرادە قىلغان جۈپتىگە قوشۇپ قويۇش كېرەك. بۇ ئىش ھەققىدە تۇغقانلار بىلەن بۇرۇنلا كېلىشىپ قويغان. بۇ قېتىم رەسمىي چايمۇ ئىچۈرۈلۈپ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا ئالىمىز، بېرىمىز دەپ لەۋزىمۇ قىلىشتۇق. ئەمدى بۇ ئىشتىن يېنىۋالغىنىمدىن كۆرە، ئۆلگىنىم ياخشى، تويىنى بىر ـ ئىككى يىل كەينىگە سۈرسەك سۈرەرمىز، ئەمما كۈزدە چوقۇم قىلىمىز، سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ.

بۇ گەپلەر ئالدىدا ئاينۇرنىڭمۇ تىلى تۇتۇلدى. ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئاينۇرنىڭ بۇ ئائىلىگە كېلىن بولغىنىغا ئون ئالتە يىل بوپتۇ. ھەر يىلى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە قېيىن ئانىسى بىلەن بىللە ياشايدۇ. كېلىن بىلەن قېيىن ئانىنىڭ ئەپ ئۆتمىگى ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇرۇنقى زاماندا كېلىنلەر بوزەك قىلىناتتى، ئەمما بىزنىڭ زامانىمىزغا كەلگەندە، بولۇپمۇ شەھەرلەردىكى بەزى ئائىلىلەردە كۆپىنچە قېيىن ئانا يەكلىنىپ قالىدىغان بولدى. ئاينۇر بىر قەدەر ئاڭلىق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئالىي مەلۇمات ئالغان قىز بولۇپ، ئۆزىنى ھەر قانداق مەنىۋى كىشەنلەردىن خالىي دەپ ھېسابلايتتى. ئۇ ھاشىم بىلەن توي قىلغاندا قېيىن ئانىسى بىلەن قانداق ئۆتۈش مەسىلىسىنى دەسلەپتىلا ئويلاپ باقمىغان، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇمۇ مەريەمخانغا ئوخشاش قېيىن ئانىسىنى ئۆز ئانىسىدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. دۇرۇس، موماينىڭ ئۇرغۇن مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇشى كونىچە ئىدى. لېكىن سەن ئۇنى شۇنداق دەپ قايىل قىلالامسەن؟ گۈلنىيازخان مومايدەك مېھرىبان ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن قانداقلىكى ئىش قىلمىسۇن، ئۇنى شۇ بالامنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن دەپ بىلىدۇ. ئالايلۇق، ئۇ ئاينۇرنىڭ بۇ قېتىمقى توي مەسىلىسىدە تۇغقان ـ چىلىق رىشتىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىۋاتامدۇ؟ يىگىت يەرنىڭ تەزكىرىسىنى ھەممىدىن پىششىق بىلىدىغان، «يات يىگىچە، تۇغقان ئۆلگىچە» دەپ قارايدىغان گۈلنىيازخان ئۈچۈن نەۋرىسىنى بىر يىلتىزدىن تارقىغان ئابدۇشۇكۇرگە بېرىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا بەخت تىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ تېبخى بالىلىرىنىڭ بۇ «خاسىيەتلىك» ئىشىنى چۈشىنەلمەيۋاتقىنىغا ھەيران ئىدى. دېمەك، ئەنە نۆۋى ئەخلاق مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، يەنە شۇنداق ئائىلىدە ياشاپ قېرىغان مۇنداق كونا زامان كىشىسىدىن 80 ـ يىللارچە پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ناھايىتى داغدام ئىزغا

سبلىنغانده‌ك، يىمىرىپ تاشلىنغىلى بولمايدىغان تۇسالغۇلار يوقته‌ك، كىشله‌ر ئىمىنكى ئاررۇ قىلسا، ده‌رھال ئىبرىشه‌له‌يدىغانده‌ك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇرمۇشىنىڭ ھه‌ر بىر كىچىك بۆله‌كلىرىگه، ئىچكى قاتلاملىرىغا ئۇبدانىراق نه‌زه‌ر ئاغدۇرساڭ، سوقماقلارنىڭمۇ، نى ئىگىز داۋانلارنىڭمۇ بارلىقىنى، نى، نى ئارمانلارنىڭ چۇش پېتى يوقالغانلىقىنى بىله‌له‌يسه‌ن.

ئاينۇر قىبىن ئانىسىنىڭ خاراكتېرىنى، قه‌لبىنى ئوبدان چۈشه‌نگه‌چكه، ئۇنىڭ بىله‌ن يه‌نه گه‌پ تالىشىۋېرىشتىن يالتايدى. ئىمه بولپتۇ، ئاينىسامۇ به‌ربىر ياتلىق بولىدىغۇ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تارىختىن بېرى ۋاقتى كه‌لمه‌ي تۇرۇپ ياتلىق قىلىنىپ كېلىنگىنىمۇ راست. جۇمھۇرىيېتىمىز قۇرۇلغانلىقىغا قىرىق يىلغا يېقىنلاپ قالدى. لېكىن ھازىرمۇ يېزىلاردا بۇ خىل ئاده‌ت داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنى ئۆزگه‌رتىش يه ئاينۇرنىڭ قولىدىن كه‌لمىسه، يالغۇز بىر ئاينىسانىڭلا ئىشىنى بۇزىمه‌ن ده‌پ، ئىككى كۆنلۈكى قالغان ئاق كۆڭۈل ئومايىنىڭ دىلىغا ئازار به‌رسۇنمۇ؟ . . . ئېھتىمال ئىكاھ قه‌غىزى به‌رمه‌س، ئۇمىدنى شۇنىڭغا باغلايلى . . .

ده‌ل شۇ چاغدا ئاينىسا باغدىكى ئۆرۈك ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئاينۇرخاننىڭ ئۆزىگه خۇش خه‌ۋه‌ر ئېلىپ چىققىشىنى تاقه‌تسىزلىك بىله‌ن كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ مومىسىغا ئىشىنه‌تتى. مومىسىنىڭ ئۇنى ھه‌رگىز ئازابقا ئىتته‌رمه‌يدىغانلىقىغا ئىشىنه‌تتى. ئاينىسا ئېسىنى بىلگه‌ندىن باشلاپ مۇشۇ مومىسى بىله‌ن بىلله ياشاپ كه‌لدى. مومىسى ئۇنى ئه‌ڭ شېرىن سۆزله‌ر بىله‌ن ئه‌ركىله‌تتى، ھه‌ر خىل تاتلىق - پاتلىقلاردىن بىر كۈنىمۇ قىسىپ قويمىدى. خۇددى كۆز مونچاقنى ساقلىغانده‌ك ئاۋايلاپ قوغدىدى. ئاينىسا مومىسى نه‌گه بارسا بىلله باراتتى. مومىسى كۈندۈزلىرى باشقىلار بىله‌ن پاراڭلى-شىۋاتقاندا ئۇنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ يېتىشنى ياخشى كۆره‌تتى. كېچىلىرى بولسا، مومىسىنىڭ باغرىغا تىقىلاتتى - ده، بېشىنى ئۇنىڭ مه‌يدىسىگه چاپلاپ، كىچىككىنه قوللىرى بىله‌ن ئاختىده‌ك يۇمشاپ قالغان كۆكره‌كلىرىنى تۇتۇپ ياتاتتى. مومىسى بولسا، ئاينىسانىڭ دۈمبىسىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ:

— دوندىكه‌م، خوندىكه‌م، ئاسلىنىم، ئۇمۇچۇقۇم، — ده‌پ ئه‌ركىله‌تته‌تتى.

ئاينىسا يه‌تته ياشقا كىرگه‌نده ئۇنى باشلانغۇچ مه‌كته‌پكه بېرىشتى.

— ئه‌گه‌ر بۇرۇنقىده‌ك قارىخانا بولغان بولسىغۇ، خوندىكه‌منى ئه‌لۋه‌تته شۇ يه‌رگه بېرىپ قارى قىلاتتىم، — دېدى موماي ھه‌سره‌تلىنىپ، — ئۇقۇشۇپ كورسه‌م، ھازىرقى مه‌كته‌پله‌رده دىن ده‌رسى يوقكه‌ن، ھازىرچه بۇنى ئۆيده ئۆزه‌م ئۆگىته‌ي، كېيىنچه بىر گه‌پ بۇلار.

موماي دېگىنىنى قىلدى. كه‌چكى تاماقتىن كېيىن ئاينىساغىمۇ تاھاره‌ت ئالدۇردى - ده، جه‌ينامازغا ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئىپتىدائىي بىلىملىرىنى ئۆگىتىشكه كىرىشتى:

— مه‌ن ئىمه دېسه‌م، شۇنى ته‌كرارلىغىن قىزىم، — دېدى ئۇ ۋه ئاينىسا بېشىنى ماقۇللىغا لىڭشىتقاندىن كېيىن سوزۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— دىنىم ئىسلام.

— دىنىم ئىسلام، — ده‌پ ئىنچىكه ئاۋازدا ته‌كرارلىدى ئاينىسا.

— ئىمانىم قۇرئان.

— ئىمانىم قۇرئان.

— مىللىتىم ئىبراھىم خه‌لىلۇللا.

— مىللىتىم ئىبراھىم خه‌لىلۇللا.

— مه‌زھىپىم ئىمامى ئه‌زه‌م.

— . . . . . . . . . . . . . . .

موماي ئۆزى يادقا ئېلىۋالغىنى بويىچه ئوقۇۋېتتى، ئاينىسا بىر ئاۋۇشىنىمۇ غه‌له‌ت قىلماسلىققا تىرىشىپ ته‌كرارلاۋېتتى. گه‌رچه ئۇ بۇ سۆزله‌رنىڭ مه‌نىسىنى قىلچه چۈشه‌نمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ته‌كرارلىنىۋه‌ر-گه‌چكه، ئۇنىڭ باللىق قه‌لبىگه ئاستا - ئاستا ئورناپ، ئۇنىڭ ده‌سله‌پكى ئېتىقادىغا ئايلاندى. مومىسى كېيىنره‌ك ئۇنىڭغا به‌زى قىسقا ۋه دائىمىي ئوقۇلىدىغان ئايه‌تله‌رنى ئۆگه‌تكه‌ندىن كېيىن بامدات، ئاخشىنى

ئوقۇيتىدىغان بولدى. مومىسى ئۇنىڭغا: «هازىرچە بىر ۋاق ناماز ئوقۇساڭمۇ بولىدۇ» دېگەنىدى، لېكىن ئايىنىسا بالىلىق قىزغىنلىقى بىلەن بەزىدە مومىسىغا ھەمراھ بولۇپ باشقا نامازلارنىمۇ ئوقۇيتتى. مۇنداق چاغلاردا مومايىنىڭ شادلىقتىن كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

— خۇندىكەم، چوقۇم بەختلىك بول، پېشانەڭ ئوچۇق بولىدۇ. خۇدايىمنىڭ شاپائىتى بىلەن بۇ دۇنيادا راھەت كۆرۈپ، ئاخىرەتتە جەننىتى بولىسەن، — دەيتتى.

بىر كۈنى ئايىنىسا تۇنجى قېتىم مومىسىنى رەنجىتىپ قويۇشقا تاس قالدى.

— چوڭ ئانا، سىز خاتالىشىپسىز، — دېدى ئە شۇ كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا.

— قانداق خاتالىشىپتىمەن قوزام؟

— بۈگۈن مۇئەللىم بىزگە: «بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇيغۇر» دەپ ئۆگەتتى، ئاندىن يەنە: «مەزھەپچىلىك يامان ئىش. كىشىلەر ئۇ مەزھەپ، بۇ مەزھەپ دەپ ئايرىلماي، ئىتتىپاقلىشىشى لازىم» دېدى. مەن قول كۆتۈرۈپ سىزنىڭ ئۆگەتكەنلىرىڭىزنى دېسەم، مۇئەللىم ئۇنىماي: «ئىبراھىم خەلىلۇللا دېگەن ئەرەب، بىز دېگەن ئۇيغۇر. ھومىڭىزنىڭ ئۆگەتكىنى ئەرەبلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان ساۋات» دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى.

— جۆيلۈپتۇ! — دېدى موماي غەزەبلىنىپ، — نېمىنى بىلەتتى ئۇ تۇزكاش! ئۇ گەپلەرنى ئۆزەم توقۇپ چىقارمىدىم. خۇدايىمنىڭ كىتابى قۇرئانى كەرىمدە، ئاندىن روسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىدە بار گەپ ئۇ. مەكسۇرخان ھاجىم غوجاممۇ، كاتتا ئۆلىما، ئاخۇنۇملارمۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتقان يەردە بىز دېسەك خاتا بولامدىكەن. ئۇنداق تۇزكاشنىڭ گېپىگە كىرمە. ئوقتۇڭمۇ!

شۇندىن تارتىپ گۈلنىيازخان مومايىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تېخىمۇ ئىخلاسى قايتتى. ئايىنىسا يىغلاپ تۇرىۋالمىغان بولسا، ئۇنى شۇ چاغدىلا مەكتەپتىن چىقىرىۋالغان بولاتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈشىگە ئاران چىدىدى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئايىنىسانىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشىنى

توغرىسىدىكى ھەر قانداق گەپ ـ سۆزلەرنى رەت قىلىۋەتتى.

ئىشقىلىپ، مومىسى ئايىنىسانى شۇ يېشىغا كەلگىچە باغ ئارىسىدىكى بۆرەكتەك ئاسراپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە مومىسى پەقەت ياخشىلىق قىلغۇچى، ئاسرىغۇچى، ئەڭ مېھرىبان شەپقەتچى ئىدى. شۇنداق ئىكەن، بۇ قېتىممۇ ئۇنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئىتتىرەرمۇ؟

ئىشىكنىڭ غىچ قىلىپ ئېچىلىشى ئايىنىسانىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ئايشۇرنى كوردى ـ دە، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىغا يۈگۈردى.

— قىزىم، — دېدى ئايشۇر تىترەك ئاۋازدا، راستىنى ئېيتقاندا شۇ تاپتا ئۇ ئايىنىساغا نېمە دېيىشنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، — ئانىكام سىزنى . . .

— ئايىنىسا، تومۇچۇقۇم، يېنىمغا كىرگىنە.

مومايىنىڭ ئاۋازى ئايشۇرنى ئەگىلكتىن قۇتقۇزدى. ئايىنىسا گويا مومىسى ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يوق قىلىۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

ئۇ يەردە مومىسى بىلەن ئايىنىسا ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن پاراڭلارنى بىر ـ بىرلەپ يېزىپ ئولتۇرۇشتىن ۋاز كەچتۇق. ئىش قىلىپ موماي سۆزلىدى، ئايىنىسا جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. يەنە شۇ بۇۋى ئايىشە، بۇۋى پاتىمەلەردىن تارتىپ، يەنە ئاللىقانداق قىزلار ۋە مومىسىنىڭ ئۆزى، چوڭ كېلىنى مەرىيەمخانلارنىڭ توي ئىشلىرى مىسالغا ئېلىندى. ئۇغقانچىلىقنىڭ ئەۋزەللىكى، ئابدۇمجىت ئاخۇنلارنىڭ يۇۋاش، مۆمىن، دىيانەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكى مومىسىنىڭ ئايىنىسانى ھەرگىز ئوتقا ئىتتىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلۈپ، ئايىنىسانىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت، شاد ـ خۇراملىق ۋەدە قىلىندى.

مومىسىنىڭ بۇ قېتىمقى سۆزلىرى ئايىنىساغا تۇنجى قېتىم ئانچە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى بەزى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى بىچلشەۋە مۇجانانلىقىنى سەل بولسىمۇ بېسىۋېلىشقا

تۇرتكە بولدى. ھەي . . . كىمكى قىز بولۇپ تۇغۇلىدىكەن، ئەرگە تېگىش دېگەن بۇ تەقدىردىن خالىي بولالمايدىكەن. - دە، دېمىسىمۇ، مومىسى ئۇنىڭغا يامانلىق تىلەرمىدى؟ بۇۋى ئايشە توققۇز ياشتا كۆنگەن يەردە ئايىنسا ئون بەش ياشقا كىرگەن تۇرۇپ كۆنەلمەسمۇ. ئەنە مومىسىمۇ، ئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن كىچىك تۇرۇپ ياتلىق بوپتىكەن، ھېچبىر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماي، شۇنچە بالىغا ئانا بوپتىغۇ، ھېلىقى چوكانلار ئۇنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن قەستەن شۇنداق قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلغان بولسا كېرەك. مەيلى، ئامراق مومىسىنى نارازى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ دۇئاسىنى قانچە كۆپ ئالسا، بۇ دۇنيالىقىمۇ ئاخىرەتلىكىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ. . .

شۇنداق قىلىپ، ئايىنسانىڭ ئاتا - ئانىسى، ھاشىم ۋە ئاينۇرغىچە شۇنچە باش قاتۇرۇشقان بۇ ئىشنى گۈلنىيازخان موماي بىرىم سائەتتەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوڭايلا ھەل قىلىۋەتتى.

شۇ كۈندىن تارتىپ ئايىنسادىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى: ئەمدى ئۇ يات - يات ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى، ئېرى بىلەن قانداق ياشىسا بولىدىغانلىقىنى ئويلايدىغان بولدى. لېكىن بۇنداق خىياللار يەنىلا قۇرۇق، يات، گويا چۈشتەك بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئازراقمۇ ھاياجان، ۋەسۋەسە ۋە ئىنتىلىش قوزغالمايتتى. ئابدۇشۇكۇرمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ ئېتىزلىقىغا بېرىپ، ئەمگەك قىلىشىپ بېرىدىغان، ئايىنساغا ئىشتىياق بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارايدىغان بولدى. ئايىنسامۇ ئەمدى ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئۆچ كۆرمەيدىغان بولدى. قەلبىنىڭ ئويغىنىشى جەھەتتىن ئالغاندا ئايىنسادا تېخى ھېچقانداق ئىشقى ھەۋەس ياكى قارشى جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى پىسخىك، فىزىئولوگىيىلىك ئىنتىلىشلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئەرگە تېگىش — ئابدۇشۇكۇر ئۇنىڭ ئېرى بولۇش دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ زورلاپ كىرگۈزۈلگەنىدى. ئەمما مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن بەزى كىتابلارنى ئوقۇغان، بەزى كىنولارنى كۆرگەن، بەزى پاراڭلارنى ئاڭلىغان بولۇپ، بەزىدە ئابدۇشۇكۇر بىلەن ئۆزىنى ئەنە شۇنداق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئورنىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەتتى. ئەجەپ ئىش، ئۇ كۆرگەن كىنولاردىكى، ئوقۇغان كىتابلاردىكى مۇھەببەتلەشكۈچىلەر بىر - بىرىنى كۆرمىسە كېچىسى ئۇيقۇ، كۈندۈزى ئويۇن - كۈلكە ھارام بولىدىكەن، كۆرگەن چاغلىرىدا ھاياجاندىن ئۆزىنى يوقىتىپ قوياي دەپ قالىدىكەن، ھەر ۋاقىت، ھەر زاماندا بىر - بىرىگە ئىنتىلىدىكەن. لېكىن ئايىنساچۇ؟ ئۇ قانچە ئويلاپ باقسىمۇ، ئۆزىدە ئابدۇشۇكۇرگە ئىنتىلگىدەك ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەكسىچە ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى شاللىقتىكى پاتقاقتا، ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراشلىرى بەز مارىغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئاچ كۆزىگە ئوخشاپ ئۇنىڭ تېخىمۇ رايىنى قايتۇراتتى. شۇ كۈنلەردە ئايىنسا يەنە توي ۋاقتىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن مومىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن كېيىن سەل ئىزىغا چۈشكەن كۆڭلىدە يەنە غۇلغۇلا پەيدا بولدى - دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداق قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە چۇلغىۋالدى. كېچىلىرى ئۇيقۇدىن، كۈندۈزلىرى تاماقتىن قالدى. ئاخىرى بولماي بۈگۈن ئانىسى مەريەمخاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلىدى. مەريەمخانمۇ بىللە يىغلىدى. ئېرى ۋە قېيىن ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ كۆرۈشكە ۋەدە قىلىپ، قىزىغا تەسەللى بەردى.

بىز باشتا مەريەمخان بىلەن گۈلنىيازخان ئوتتۇرىسىدىكى سۆزلىشىشنىڭ نەتىجىسىدىن خەۋەر تاپقان ۋە ئايىنسانى قوناقلىقتا خىيالغا چۆمگەن پېتى قالدۇرۇپ قويغانىدۇق. ئەمدى مەريەمخاننى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىمىز.

مەريەمخان قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قاتارلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە باستى - دە، قېيىن ئانىسىنىڭ ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم مەلۇم قىلدى ۋە ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىشكە كىرىشتى. ئايىنسانىڭ كۆز ياشلىرى «ئانام بىرەر خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلەرمىكىن» دېگەن ئىنتايىن ئاجىز، ئەمما تولىمۇ

شېرىن بولغان ئۈمىد تۇغىنى بىلەن ئاران ـ ئاران نوسۇلۇپ تۇرغانىدى، مانا ئەمدى خۇددى قاتتىق يامغۇردىن كېيىنكى قىياندەك تۈركەش ياساپ ئېتىلىپ چىققىلى تۇردى. قىزنىڭ زارىغا چىدىمىغان ئانىمۇ قوشۇلۇپ يىغلىدى.

ھەي تويغۇر ئايالىرى، ھەي دېھقان ئاياللىرى، يىغلاڭلار! سىلەر مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆز تارىخىڭلارنى يىغا بىلەن يازدىڭلار. قەلبىڭلاردىكى دەرد ـ ئەلەملەرنى يىغا بىلەن يۇدۇڭلار، تۈرج، ئاداۋەت، غەزەپ ـ نەپرىتىڭلارنى يىغا بىلەن باستىڭلار. ئاخىر، ئامالسىز قالغان چاغلىرىڭلاردا گويا يىغا سىلەرگە يول كۆرسىتىدىغاندەك شۇنىڭغا مۇراجەت قىلدىڭلار. شۇنىڭدىن تەسەللى تاپتىڭلار، دۇرۇس، بەزىلەر خۇشاللىقتىنمۇ يىغلىدى، بەزىلەر يەنە بىشەم ـ مۇتىھەملىكتىنمۇ يىغلىدى، ئەمما ئەڭ كۆپ تۆكۈلگىنى قايغۇ ـ ھەسرەت ياشلىرى بولدى. ئاۋادا دۇنيادا كۆز ياشلىرىدىن دەريا ياكى دېڭىز ھاسىل بولىغان بولسىدى، ئۇنىڭدىكى سۇلارنىڭ كۆپى سىلەرگە تالىق بولاتتى. بىراق شۇنچە تۆكۈلگەن كۆز ياشلار سىلەرگە نىجاتلىق ئېلىپ كېلەلىدىمۇ؟ بەزىدە ياۋۇزنىڭ غەزىپىنى ئازراق پەسەيتسە، پەسەيتكەندۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى قوزغىتالمىدى. نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئاياللار، ئېلىمىزدىكى ۋە مىللىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئاياللار يىغانلىق ياشلاردىن خالاس بولغىلى نىكەم، لېكىن سىلەر يېڭى يەرلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇنچە يېزىلاردىكى دېھقان ئاياللار ھېلىمۇ يىغلاۋاتىسىلەر، يىغا بىلەن كۆڭلۈڭلەرنى بوشىتىپ، يىغا بىلەن ئۆزەڭلەرنى بەزلەۋاتىسلەر، مەيلى، يىغلاۋېرىڭلار، ئەي ئاجىز، ئىقتىدارسىز ئاياللار، تازا يىغلاڭلار! ئەسلىدە سىلەرمۇ روھىڭلارنى بوغۇپ تۇرغان نادانلىق زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ، پۇت ـ قولۇڭلارنى چۈشەپ تۇرغان مەنىۋى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، قىبىسوداللىق ئەنئەنىدىن ئىبارەت بىنزەڭ كۈچ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىڭلار كېرەك ئىدى، زامان سىلەرگە مەدەتكار ئىدى. لېكىن

ئەسىرىمىزنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندىمۇ بۇ ئىش قولۇڭلاردىن كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا تازا يىغلاڭلار! دەرد ـ ھەسرەتنى ئىچىگە قاچىلاپ، بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرگەنىدىن كۆرە، ئۇنى سىرتقا چىقىرىپ، ئازراق بولسىمۇ يېنىكلەشكەن ئەۋزەل!

2

ئارىدىن بەش ـ ئالتە ئاي ئۆتتى. ئاينىسانىڭ توي كۈز مەۋسۈمىدە بولغانىدى. ھازىر باھار كېلىپ ھەممە يەرنى خىلمۇ خىل رەڭلەر ۋە گۈلچېچەك ھىدى قاپلىدى. ئەمما ئاينىسانىڭ قەلبىدە ھامان ئەشۇ كۈز تەسىراتى ھۆكۈم سۈرەتتى. قىزلار ياتلىق قىلىنسا تېخىمۇ تولۇق، چىرايلىقلىشىپ كېتىدىغۇ، لېكىن ئاينىسادا ئۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى خۇما كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، نۇرسىزلىشىپتۇ. ئالمىدەك سۈزۈك مەڭزىنىڭ قېنىمۇ، گۆشىمۇ قېچىپ، سېزىلەر ـ سېزىلمەس داغ قونۇپتۇ، ناچىدەك بۇرنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، جىنەستىدەك لەۋلىرى تېخىمۇ نېپىزلىشىپتۇ. ئۇ ھېلىمۇ مۇشۇ ئۆيدە. بىر ئايدىن بېرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ تويى بولغان يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆز ئۆيى بولۇشى كېرەككىنۇ؟ بۇ ئايدۇمىجىت ئاخۇن باللىرى ئۈچۈن ئايرىم ھوجرا تەييارلاپ بەرمىگەنمىدۇ؟ تەييارلاپ بەرگەن، تەييارلىغاندىمۇ ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان چوڭ ئۆينىڭ يېنىدىن ئەمەس، ياش باللار ئەركىن، ئازادە تۇرسۇن دەپ باشقا جايغا ئۆي سېلىپ، قەدىر ـ ئەھۋال ياساپ بەرگەن. ئەمىسە ئاينىسا نېمىشقا ئۆز ئۆيىدە تۇرمايدۇ؟ بۇ ھەقتە گەپنى يەنە باشتىن باشلايلى.

بىز ئالدىنقى قىسىمدا ئاينىسانى تويى بولۇش قارار قىلىنغان ھالدا تاشلاپ قويغانىدۇق. شۇندىن كېيىن بۇ ئائىلىدىكىلەردىن گۈلنىيازخان مومايدىن باشقىلىرى ئۈمىدنى نىكاھ قەغىزى كېسىدىغان ئورۇندىكى كادىرنىڭ پرىنسىپنى ئۇتقا قىلىشقا باغلىغانىدى.

بىزدە: «ئۇ تاش سانىغىچە، بۇ قۇم ساناپتۇ». دەيدىغان گەپ بار. غوز ئايدۇمىجىت ئاخۇنمۇ ئىنىسى

ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە جىم ياتمىدى. ئاۋۋال كىچىك ئەترەت ۋە چوڭ ئەترەتنىڭ ئاساسىي باشلىقلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپ بىر پاخلاننى كاۋاپ قىلىپ مېھمان قىلدى. ئاندىن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى نىكاھ قەغىزى كېسىدىغان كادىرنىڭ ئۆيىگە بىر كىيىملىك «ھەرەم مىلى» — ياپونىيىدە سۈنئىي تالادىن ئىشلەنگەن، ھەجگە چىققان ھاجىلار سودا ئۈچۈن ئېلىپ كىرگەن گۈزەللىك نېپىز رەختنى سۆڭگۈتقاندىن كېيىن، نىكاھ قەغىزى ئالىدىغان كۈنى ئايىنسانىڭ ئورنىغا يەنە بىر كېلىننى ئابدۇشۈكۈرگە قوشۇپ ئەپچىقىپ، ئوڭايلا ئىشنى پىشۇردى.

شۇنچىلىك پارىغا بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆيان - بۇيان قىلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن، پارىخورلارنىڭ ھوقۇق - كۈچى قانچىلىك بولسا، پارىنىڭ مىقدارىمۇ شۇنچىلىك بولىدىغانلىقى ئۈرغۈن كىشىلەرگە ئايان ئەمەستە. بەزىلەر ئۈچۈن پارىغا ئاتالغان مالنى ۋاگونلاپ، ماشىنىلاپ، كەم دېگەندىمۇ ھارۋىلاپ توشۇشقا، نەق پۇلنى سومكىلاپ تۈزۈتۈشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن سەھرا يېرى دېگەندە ئەترەت، چوڭ ئەترەت ياكى يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى ھوقۇقنى شۇ دائىرىدىلا يۈرگۈزەلەيدىغان ئەمەلدارلىقى ئۈچۈن بىرەر قېتىملىق مېھماندارچىلىق ياكى بىرەر كىيىملىك رەختنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى «تاپقىنى گۆل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» ۋە «چۈشىن بولسىمۇ گۆش» دېگەن گەپكە ئەمەل قىلىدىغانلارنى ئۇرمۇشتا يوق دەمسىز!

شۇنداق قىلىپ، ئايىنسانىڭ تويى ئوڭايلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئۇنىڭ يىغا زارىسى توغرىسىدا باشتا خېلى كۆپ توختالغاندۇق. شۇڭا ئەمدى يەنە ئېزىپ ئولتۇرماي، «ئۇ يىغلىدى، ئازابلىق مىنۇتلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالغىلى يۈزلەندى» دېيىش بىلەنلا كۇپايىلىنىسەك بولار.

بۇ ياش ئەر - خوتۇنلاردا تۇرمۇش توغرىسىدا ھېچقانداق رومانتىك خىياللار، ئالاھىدە ئارزۇ - تەلەپلەر يوق ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن توي قىلىش دېمەك قارىمۇ-قارشى ئىككى جىنس بىر ئۆيدە ياشاش، ئاۋۋال يەرزەنت ئارقىدىن نەۋرە كۆرۈش دېگەندىن دېرەك بېرەتتى. ئابدۇشۈكۈر ھەققىدە بەزىلەر: «مېڭىسىدە زاغۇنى بار» دېگەن بولسىمۇ، توي قىلغان دەسلەپكى كۈنلەردە ئايىنسا ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ قاپاق تۈرگىنىنى كۆرمىدى. ئەكسىنچە ئۇ ھامان سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپلا يۈرەتتى. ئەگەر ئەھۋال شۇ بويىچە داۋاملاشقان بولسىدى، بەلكىم ئۇلارمۇ باشقا يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئەر - خوتۇنلارغا ئوخشاش بەزىدە قېيىدىشىپ، بەزىدە كۈلۈشۈپ دېگەندەك ياشاۋەرگەن بولاتتى. بىراق . . .

بىز باشتا يېڭى بەرلىكلەرنى پاراكەچى خەق دېگەنىدۇق، بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز يالغۇز ئەرلەرلا ھېكايىچى ئەمەس، ئۇ يەرنىڭ ئاياللىرىمۇ سوقا-سۆھبەتتە ئەرلەردىن قېلىشمايدۇ، شۇغىنىسى، ئاياللارنىڭ سۆھبەتلىرى كۆپىنچە ئېغىزدىن چىققان ھامان ۋىلىقلاپ كۈلۈشىدىغان ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىكلەر ۋە ئۇ ئۇنداقچىكەن، ماۋۇ مۇنداقچىكەن، دېيىلىدىغان غەيۋەتلەر دائىرىسىدىلا ئايلىنىدۇ. مۇنداق گەپلەر ئېيتىلىپلا شۇ پېتى قالسا مەيلىدىغۇ، لېكىن ئۇلار يەنە بىر مۇنچە سەمىرىپ ئاللىقانداق يوللار بىلەن باشقىلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بارىدۇ - دە، كۆپىنچە جىدەل - ماجرا، ئاغرىق - ئاداۋەتلەر بىلەن ئەنجىلىنىدۇ. بەزىدە تېخى ھەر چوڭ بەختسىزلىكلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. بىراق كىشىلەر بۇ ئىشقىمۇ كۆنۈپ قېلىشقان، ناھايىتى بولسا، غەيۋەتخورلار ئازراق ئەيىپلىنىدۇ. ئاندىن غەيۋەتكە نىشان بولغۇچىلارغا قارىتا: «ھەي، خوتۇن خەق دېگەننى بىلمەيتتىڭلارمۇ؟ ئۇلار ئاغزىنى بىر ئاچسىمۇ بولدى، يالغان - ياۋداق دېگەن يوپۇرۇلۇپ چىقىۋېرىدۇ. شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىپ، شۇنچە قىلغان بارمۇ؟» دەپ تەسەللى بېرىشىدۇ. شۇڭا غەيۋەتمۇ، كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ داۋاملىشىۋېرىدۇ.

ئايىنسا قىز چېغىدا ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پاراڭلارغا كۆپ ئارىلاشمايتتى. ئەرگە تېگىپ چوكانلار سېپىغا قېتىلغاندىن كېيىن

خالىسۇن - خالىمىسۇن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتتە تۇتالمىدى. لېكىن ئۇ تېخى پەقەت ئاڭلىغۇچىلار بولۇپ، سۆزلەش مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

— تۈنىڭ تويى بولۇپ، ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ ھويلىسىدىكى سۇس ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ بىر ئاش پىشىم چاغ ئىنگرىۋېدى، يىكى تۇگەپ قالدى. بۇندىن ھەپتە بۇرۇن قوشنىسى زۇۋىدىخان دېگەن ئايال ئۇنىڭدىن بەش دانە يىلك سوراپ ئالغانىدى. ئاينىسا شۇ يىكلەرنى ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن زۇۋىدىخاننىڭ ھويلىسىغا چىقتى. ئۇ يەردە ئۈچ - تۆت ئايال غوزا تەشكەچ كۆسۈرلىشىپ سۆزلىشىپ، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرغانىكەن، ئاينىسانى كۆرۈپلا تۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ كېتىشتى.

— قەدىمىڭىزگە مۇبارەك، — دېدى زۇنۇۋىدىخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قوشنا بولۇپ قالغىنىمىزغا نەچچە ئاي بولدى. ئالايتەن بىر ئىشىڭىز بولمىسا، ھويلىغا كىرەيمۇ دېمەيسىز سىڭلىم، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، بىردەم مۇڭدىشايلى.

ئاينىسا مۇنداق «مۇڭدۇشۇشلار»غا بۇرۇنمۇ داخىل بولغاچقا بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى. لېكىن ئەمدى تەكلىپنى قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— قارىسام، ئەتىگەننىڭباقى چاق ئىگرىۋاتىسىز، — دېدى ئاينىسا ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە بىر قوشنا ئايال گەپ تېشىپ، — ئابدۇشۇكۇراخۇننى بىر يىلدىلا باي قىلىۋېتەي دېگەن ئوخشىمامسىز؟! ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەڭ سىڭلىم، بولمىسا، ئەرلىرىمىز بىزنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارمىسۇن!

ھەممەيلەن كۈلۈشتى.

تۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرگەن گۈلخان ئىسىملىك بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ مەھەللىلىك بولۇپ، تۇتىنچى قېتىملىق تويىدا ئاياغ مەھەللىگە ياتلىق قىلىنغان. ئۇ ئۆلۈشكۈن ئېرىدىن يامانلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىۋالغانىدى. [illegible]

— ئاينىسا، ۋاي گۈلدەك سىڭلىم، ئورۇقلاپ بىر ئېرە، بىر سۆڭەك بولۇپلا قاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئاينىساغا ئىچ ئاغرىتىپ، — چىرايىڭىزمۇ سولۇشۇپ كېتىپتۇ. كېلىننى ئاچ قويۇپ قىنايدىغان تازا بىر پوستەكچى نېمىلەر ئوخشىمامدۇ ئۇ گادايلار.

— ئۇنچە دەپ كەتمەڭ گۈلخان، — دەپ ئاينىسانىڭ تەرىپىنى ئالدى پاتەمخان ئىسىملىك يەنە بىر چوكان. ئۇ ئابدۇمىجىت ئاخۇنلارغا يىراق تۇغقان كېلەتتى، — ئاينىسا بۇرۇنمۇ ئورۇق زىلۋا قىز ئىدى. ھېلىمۇ شۇنداقلىغۇ. ئاينىسا خالىسىلا ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ.

گۈلخان تۇنىڭ بىلەن تالىشىشنى خالىماي، يەنە ئاينىساغا سوئال قويدى:

— ئېرىڭىز تۇرۇپ - تىللامدۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئاينىسا يەرگە قارىغان پېتى.

— ئەر خەق دېگەن يىگى توي قىلغاندا بەك ئاچ كۆز كېلىدۇ، دەپ گەپكە ئارىلاشتى يەنە بىر ئايال، — ئېرىڭىز بەك قىيناپ كەتسە كېرەك - ھە؟

بۇنىسى ئاينىسانىڭ جان تومۇرىغا تېگىدىغان سوئال بولدى. تېخى تولۇق بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ياتلىق قىلىنغان، تېنى نازۇك بىر قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قانداقلا بولمىسۇن بۇ مەسىلە بىر ئازابلىق جەريان ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىم ئاينىسا دەرھاللىققا جاۋاب بېرەلمەي قالدى. كىرپىكلىرى نەمدەلدى.

— ۋاي بىچارە سىڭلىم، — دېدى گۈلخان تۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىنى دەرھال پەملەپ، — شۇڭا مۇشۇنداق غېرىپ - بىچارە ھالغا چۈشۈپ قاپتىكەنسىز - دە، سىز تېخى مۇشتۇمدەك بىر بالا ئىدىڭىز، تويىڭىز بولۇشقا نەچچە قاپاق پىششىقى بار ئىدى.

ئەگەر ئاينىسانىڭ ئۆز ئايدىن بېرى ئېرىدىن رازى بولمىغان يېرى بار دېيىلسە، دەل ئەنە شۇ مەسىلە ئىدى. بىراق نومۇسلۇق گەپنى كىمگە ئېيتالايدۇ. يەردە دېيىشكە بولامدۇ؟ ئۇ بەزىدە يىغلىغان، ئېرىگە يېلىنىپ [illegible] يالۋۇرغان، ئېرىمۇ ئۇنىڭ - تەلپىگە

قىسمەن كۆرۈنگەن. ئەمما ئايىنسا ئۇچۇن ئەشۇ ئىش قاچانلا يۈز بەرمىسۇن ئوخشاشلا ئازاب ھېس قىلىناتتى. شۇڭا ئايىنسا شۇ ئاپتا كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى.

— ئەر كىشى دېگەننىڭ ھەممىسى تاش يۈرەك، ۋاپاسىز، — دېدى گۈلخان گويا ئاياللارنىڭ ھىمايىچىسى سۈپىتىدە غەزەپلىنىپ، — ئۇلار خوتۇنلىرىنى يەتكىچە بوزەك قىلىپ، كۆڭلىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە باشقا خوتۇنلارغا قارايدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇڭا بىزمۇ بوزەك بولماسلىقىمىز كېرەك. مەنچۇ، ئېرىمنىڭ تەلپىگە ھەرگىز كۆنمەيمەن، زورلىسا تېپىمەن، چىشلەيمەن، يۈزىنى ئاتلايمەن. ئۇرسا مۇشۇنداق يامانلاپ كېلىۋالىمەن، ھەر قېتىم يامانلىغاندا بىر كىيىملىك ئېسىل رەخت ئېلىپ كەلمىسە، ھەرگىز بارمايمەن.

گۈلخان ئەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېدى. ئايىنسا شۇ كەمگىچە ھېچكىمدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئەسلىدە ئۇ ئازا قارغۇ ئىكەن، ئەمدى بىردىنلا كۆزى ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان بۇرۇنقى نارازىلىقى يېڭىباشتىن يالقۇنلىنىپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئېرىنىڭ ئۆيدە ئۇرۇش گويا دوزاقتا ئۇرۇشتەك تۇيۇلدى. شۇڭا زىنۇدىخاننىڭ ئۆيىدىن چىقىپلا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ تەلىيىگە قوشنا يېزىدىكى ھاممىسى مەريەمخاننىڭ ئاچىسى ھەۋزىخان ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنىكەن، ئايىنسا ئۇنى كۆرۈپلا «پاڭگىدە» يىرىلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ھەۋزىخانمۇ، مەريەمخانمۇ باشتا ھەيران بولۇپ، بىر مۇنچە سوئاللارنى سورىغان بولسىمۇ ئايىنسادىن ئوڭلۇققىنا جاۋاب چىقمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىككى ئانا مۇنداق ئۇشتۇمتۇت يىغىنىڭ سەۋەبىنى كۆڭۈللىرىدە ئۆزلىرىچە چۈشىنىپ، بىر - بىرىگە قارىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆيۈپ پىشىپ بەزلەشكە كىرىشتى. ئايىنسا ئاخىرى يىغىدىن توختىدى، ئەمما تويى بولغاندىن بۇيان ئۇنجى قېتىم «بىزگۇن مۇشۇ ئۆيدە قونىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

دادىسى ئۆيدە بولغان بولسىغۇ، ئۇنىڭ بۇ تەلپى ئەلۋەتتە رەت قىلىناتتى، بىراق مەريەمخان ئۇنداق قىلالماي، كىچىك ئوغۇللىرىنى كۆيئوغلىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى.

— ھەۋزىخان ئانام كەپتىكەن، ئاچام بىلەن بىر كېچە بىللە يېتىپ مۇڭدىشىۋالايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. ئانام سىزنى بۈگۈن بىر كۈن رەنجىمىسۇن. ئايىنسانى ئەتە ئەتىگەن ئەۋەتىمەن دەيدۇ، — دېدى باللار ئابدۇشۈكۈرگە.

ئابدۇشۈكۈر بۇ گەپنى ئاڭلاپ يا ياق، يا ماقۇل دېمىدى. ئايىنسا ئەتىسىمۇ كەتكىسى يوق ئىدى، بىراق مەريەمخان ئۇنى زورلاپ يولغا سالدى. ئۇ كۈن بويى ئېرىنگە قاپىقىنى ئاچمىدى. ئاخشىمى ئورنىدا كىيىمى بىلەنلا يېتىۋالدى. ئابدۇشۈكۈر باشتا بىر نەچچە ئېغىز چىرايلىق سۆزلەپ باققان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن كۆزچىگە ئاپانماقچى بولدى. لېكىن ئايىنسامۇ بوش كەلمەي جېنىنىڭ بېرىچە تىركەشتى. ئايىنسانىڭ مۇنداق ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىۋالغانلىقىدىن جەھلى قاتقان ئابدۇشۈكۈر ئۇنىڭ قوللىرىنى قاتتىق قايرىدى.



— ۋايجان! — دەپ چىقىرىۋەتتى ئايىنسا ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇشۈكۈرنىڭ قولىنى قاتتىق چىشلىۋالدى.

ئابدۇشۈكۈر ئاغرىققا چىدىماي باشتا ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھۆ قانجىق، تېخى مېنى چىشلىگىدەك بولدۇڭمۇ؟! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئايىنىسانى بىر نەچچىنى تۇرۇۋەتتى. ئايىنىسا قولى بىلەن ھېلى بېشىنى، ھېلى يۈزىنى ھىمايە قىلغىنىچە ۋاي ـ دات سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

ھەي بېگىتلەر، خوتۇنى بار دېھقان يىگىتلىرى، مېنىڭ يىللاردىن بېرى سىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ تۈز خوتۇنلىرىغا قارىتا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ئائىلىنى تۇرمۇش يولىدىكى تەڭ باراۋەر جۈرىسى، ھەمراھى دەپ بىلمەي، ئەكسىنچە شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇشتىكى بىر ۋاستە دەپ تونۇغان، قاچانكى ئەشۇ تەلەپلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، خۇددى غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ تۇرۇپ ـ دۇمبالىغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويغان، تەلەپلىرى قاندۇرۇلغاندىن كېيىن بولسا بىردىنلا مۇلايىملىشىپ، خوتۇنلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىغان. لېكىن ئۇلار ياۋۇزلۇقنىڭ يۈرەكتە قالدۇرغان دېغىنى ساختا مۇلايىملىقنىڭ ھەرگىزمۇ يۇيۇپ تاشلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن. بىچارە ئاياللارنىڭ قارشىلىق قىلمىغىنى، ئەرلىرىنى كەچۈرگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىقىدىن غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى قەلبىگە بوشۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇنداق، ئۇلار ئويلىمىغانكى، تاياق ـ توخماق ئىززى ئۇكايلا يوقايدۇ. لېكىن يۈرەكتىكى ئەلەمنىڭ يوقىلىشى ئوڭاي ئەمەس! بۇ ئەلەم ئاياللارنى بەزىدە شىردەك غەزەپلەندۈرۈپ، ئەرلىرىنى ئۇشتۇمتۇت ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا، بەزىدە ئۆچىغا چىققان كاجغا ئايلاندۇرۇپ، باللىرىنى تىرىك يېتىم قىلىشقا ۋە بەزىدە تۈلكىدەك ھىيلىگەرلەشتۈرۈپ، ئەرلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىشقا ئېلىپ بارغان. بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن بېرى ئائىلىۋى تۇرمۇشتا تولۇق بەختكە ئېرىشەلمەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەمەسمۇ! 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياشاۋاتقان سىلەرمۇ ئەنە شۇ ئۇسۇلنى تەكرارلاۋاتىسىلەر، سىلەر ئۆتكەندىن قانچىلىك تەرەققى ئېرىشەلمەسلەر؟! ئورۇش ۋەھشىلىكتۇر. مەنپەئەتپەرەسلىكنى مەقسەت قىلغان مۇلايىملىق ساختىلىقتۇر!

ئايىنىسا شۇنداق قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ياماننلاپ بېرىۋېلىش يولىغا ئۇنجى قەدەمنى باستى. ھەسەن ئاخون بىلەن مەريەمخان ئۇنىڭ ئېرىدىن تاياق يېگەنلىكىنى ئاڭلاپ خېلى خاپا بولدى. بىراق سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈۋېدى، ئايىنىسا ھېچنەرسە دېگىلى ئۇنىماي جىم تۇرۇۋالدى. ئۇ ھەقىقىي سەۋەبنى ئېيتالامتى؟ ھەسەن ئاخۇن خوتۇنىنىڭ ئۈنۈگۈن كېچە قىزىنى مۇشۇ ئۆيدە قوندۇرۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— ئەيىب ئانا ـ بالا ئىككىڭلىدىكەن! — دەپ خېلىغىچە كايىدى.

گۈلنىيازخان موماي شەھەرگە مېڭىش ۋاقتىدا ئايىنىساغا ئېرى بىلەن ئوبدان ئۆتۈش توغرىسىدا بىر تالاي نەسىھەت قىلغان. ئوغلى بىلەن كېلىنىگىمۇ:

— ئەر ـ خوتۇنچىلىق دېگەندە پارچە ـ پۇرات ئۇرۇش ـ جېدەل بولۇپ تۇرىدۇ. ئايىنىسانى ئەركە چوڭ قىلدۇق، بۇ تويغىمۇ تازا رازى ئەمەس، ھازىرغۇ خېلى ياخشى. ناۋادا كېيىنچە ئېرى بىلەن ئۇ ـ بۇ دېيىشىپ قېلىپ، ياماننلاپ كەلسە، ئۇتۇپ قالماي، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار. خوتۇن كىشىنى يامانلاشقا ئۆگىتىپ قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس. ئاندىن تۇغقانلارنىمۇ ئەگىلكتە قويمايلى. ئۇنداق قىلمىساڭلار سىلەردىن رەنجىيمەن، — دەپ جېكىلىگەن ئىدى.

ھەسەن ئاخۇن شۇ گەپلەرنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، قىزىغا ئۆيىگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە چىرايلىقچە نەسىھەت قىلدى. ئايىنىسا بىرەر ئىپادىمۇ بىلدۈرمىدى، ئورنىدىنمۇ قوزغالمىدى.

— گېپىمنى ئاڭلىدىڭمۇ ـ يوق؟ — ئەمدى قاتتىقراق ئاۋازدا سورىدى دادىسى.

— نېمانچە كۆتكەلەيلا؟ — مەريەمخان سۆزگە ئارىلاشتى، — تېخى بايىلا كەلدى. قىزىنىڭ سەل ئىچ ـ پۇشىغى چىقسۇن، كەچتىرەك كېتەر.

دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئاستا چېكىلىپ، ئارقىدىن

ئابدۇشۇكۇر ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىگىلىپ تۇرۇپ قىيىن ئانا ۋە قىيىن ئاتىسىدىن ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن كۆرسىتىلگەن جايدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئايىنسا ئۇنى كۆرۈپلا باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئابدۇشۇكۇرنىڭ تۇرقىدىنلا گۇناھنى ئۈز بوينىغا ئېلىپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورىغىلى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا ھەسەن ئاخۇن بىلەن مەريەمخان قىزنىڭ تاياق يېگەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئەسلا ئېغىزغا ئالمىدى. باشقا ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— بىچارىنىڭ ئانىسى بولمىغاچقا ئۆزى كەپتۇ، — دېدى مەريەمخان تاماقتىن كېيىن قىزىغا، — ئىچىم ئاغرىپ قالدى. سىڭگىمۇ بەك تاۋلىق نازۇك، ئاغزىڭ ئىتتىك. شۇڭا ھەممە گۇناھنى ئۇنىڭغىلا ئارتىپ قويغىلى بولمايدۇ. خوتۇن كىشى دېگەن خوتۇن كىشىدەك بولغۇلۇق بالام.

ئايىنسا يەنە ئامالسىز ئېرىغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

— بالام ئابدۇشۇكۇر ئاخۇن، — دېدى مەريەمخان ئارقىدىن يېتىشىپ بېرىپ، كۆيئوغلىنى بىر چەتكە تارتىپ، — ئايىنسا تېخى كىچىك، ئەركە ئۆسكەن، بەك قوپاللىقنى كۆتەرمەيدۇ. ئالداپ - سالداپ كۆندۈرۈۋېلىڭ بالام.

ئەسلىدە ئانا يۈرىكى جىدەلنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تۇيغانىدى. ئابدۇشۇكۇر يەرگە قارىغان پېتى بېشىنى لىڭشىتتى.

لېكىن ئىزىدىن چىققان سۇنى ئەسلى ئېقىنغا چۆشۈرۈش ئوڭايمۇ؟ ئايىنسا ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە يامانلاپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ تاياق يېمىگەنىدى، لېكىن بۇرۇنقىدەكلا سەۋەبىنى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى.

— بۇ يامانلايدىغان ئىشنى كىمدىن ئۆگەنـ دىڭ؟ — دەپ چىچىلدى ھەسەن ئاخۇن، — يەسىبەنمۇ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ بوغجۇما يىغىدىغان بىشەم خوتۇنلارنى دوراي دەمسەن!؟ ماڭ ئۆيۈڭگە، ئاچچىقىمنى كەلتۈرمەي، ئىتتىك كەتكىن! ... 

بىچارە مەريەمخان ئېرىنى ئەيىبلەپ، قىزىغا تەسەللى بېرىپ دېگەندەك پاي - پېتەك بولدى. بۇ قېتىم ئايىنسانى ئۆزى ئاپىرىپ قويدى. بىراق مۇنداق يامانلاپ كېلىشلەر كېيىنمۇ ھەر ئۈچ - تۆت كۈندە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ، بۇ ئىش قۇدىلارغىمۇ، قولۇم - قوشنىلارغىمۇ ئاشكارىلاندى. ھەسەن ئاخۇن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمىگەچكە، قىزىم بەكباشلىق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ قاراپ، ھەتتا بىر قېتىم ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. بەزى چاغلاردا قۇدىلار ئەرەپ داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئەپۇ سوراپ ئېلىپ كېتىشتى. بەزىدە ئابدۇشۇكۇر ئۆزى كېلىپ ئېلىپ كەتتى. يامانلاشقا لايىق سەۋەبنىڭ يوقلۇقى ئايىنسانىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە كۈيئوغۇل بىلەن قۇدا - تەرەپنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن بەلكىم بۇ ئىشمۇ ياخشىلىققا قاراپ ئۆزگىرىشى مۇمكىندى، بىراق ئارىغا يەنە بىر قىنچا ئۇرۇقلىق قىستۇرۇلۇپ، زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى.

ئۇ ئابدۇنەبى ئاخۇن ئىدى. بىز ھېكايىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا بۇ ئادەم بىلەن ئازراق تونۇشقانىدۇق. ئەمدى ئۇ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ قېتىم تەپسىلرەك تونۇشىمىز.

ئابدۇنەبى ئاخۇن خېلى قىزىقارلىق سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە ئادەم. ئۇ بۇرۇن ھەم مولىلامدا ھەم باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان بولغاچقا، مەھەللە بويىچە بىلىملىكلەر قاتارىغا كىرەتتى. شۇڭا گۆركىشى قۇرۇلغان مەزگىلدە چوڭ ئەترەتكە بوغالتىر بولۇپ سايلاندى. ئەسلىدە بۇ خىزمەتنى ئادىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن ئىشلەۋەرگەن بولسا، كېيىنچە بەلكىم گۆركىشىدا ياكى ناھىيىدە بىرەر خىزمەتنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئابلىقچى كادىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىندى. لېكىن ئۇ تىنچ - ئاسايىشلىقنى زادى ياقتۇرمايتتى. نەدە جېدەل - غوغا بولسا، شۇ يەرگە يۈگۈرەيتتى، بەزىدە ئۆزى دەي - دەيگە سېلىپ، ماجىرا تۇغدۇراتتى. ... باشلاپ

ئېگىنغا سىڭىپ كەتكەن ئەنە شۇ مەرەز تۈنى كۆشكۈرتۈپ، بىر كۈنى بىر جىدەلنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدى ـ دە، جىدەلدە ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىكتىن ئابدۇنەبىمۇ جاۋابكارلىققا تارتىلىپ سەككىز يىللىق قاماققا كېسىلىپ كەتتى.

ئابدۇنەبى قاماق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئادەتتىكى ئەزا بولۇپ ئىشلىدى. تۇرمە ھاياتى ئۇنى ئەمدى خېلى ئېھتىياتچان قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا جېدەل ـ ماجرادىن ئۆزىنى تارتىپ يۈردى. شاللىقلار ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلگەندە ئۇنىڭغا ئۈچ جايدىن ئون مو يەر تەگدى. ئۇمۇ باشقا دېھقانلارغا ئوخشاشلا ئۆز يېرىدىن ناھايىتى كۆپ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن كېلىدىغان سۇ بەك ئاز ئىدى. ئەركىن بازاردىن سېتىۋالاي دېسە، پۇلدىن قىسىلاتتى. شۇڭا ئۇ دەسلەپكى يىلى ئېغىل ئوغۇتى ۋە دەرەخ شاخلىرى، يانتاق ـ قىغلارنى ئوغۇت قىلىپ شال تېرىدى. لېكىن مايسىلىرىنىڭ خۇددى جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك ساغىرىپ تۇرۇشلىرىنى، ئەمما بەزى قوشنىلىرىنىڭ شاللىرىنىڭ ئېتىزغا پاتماي قالغىنىنى كۆرگەندە ئىچى ئاداپ، كېچىلىرىمۇ ئۇيقىسى كەلمەي يۈردى. ئىككىنچى يىلى ھەر ھالدا ئەقىل تاپتى. ئادەتتە دېھقانلار خىمىيىۋى ئوغۇتلىرىنى ئېتىزلىققا گۈگۈم ئالدىدا چاچاتتى. ئابدۇنەبى «ئەقىل تاپقان» ئەشۇ يازدىن باشلاپ، كىمكى ئېتىزلىققا يېڭى سۇ باشلاپ ئوغۇت چاچسا، خۇددى مەھەللىگە كۆزگە كۆرۈنمەس بىر ئالۋاستى پەيدا بولغاندەك، شۇ كېچىسى ئۇنداق ئېتىزلىقنىڭ سۈيى ئالمىشىپ قالاتتى. بىراق ئىچقىلار بۇرۇنقىدەك ئېتىلگەن بولاتتى، ئۈستىدىن قويۇق شىۋان باسقان نەم قىردا ھېچقانداق ئىز كۆرۈنمەيتتى.

شۇنداق، مەھەللىگە ئالۋاستى پەيدا بولغانىدى. ئۇ ئالۋاستى شۇ كېچىسى ئۇيقۇنى تەرك قىلاتتى ـ دە، قوشنا ئېتىزلارنىڭ ئوغۇتقا تويۇنغان سۈيىنى ئۆزىنىڭكىگە باشلىۋالاتتى... ئۆزىنىڭكىگە باشلاشقا مۈمكىن بولمىغانلىرىنى پەستىكى زەيكەشلىككە باشلىۋېتەتتى. يېرىم كېچىدىن كېيىن ھېلىقى ئېتىزلارنىڭ سۇ چىقىرىدىغان ئىچقىلىرىنى ئېتىۋېتىپ، سۇ كىرىدىغانلىرىنى ئاچاتتى ـ دە، يېڭى سۇ باشلاپ قوياتتى. تاڭغا يېقىن يەنە ئازراق ئىشلەپ ھەممە ئىچقىلارنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ، تاكى چۈشكىچە ئۇخلايتتى. ھە، ئۇ راستىن ئالۋاستى ئىدى، ئابدۇنەبى ئاتلىق ئالۋاستى ئىدى. بىچارە، ساددا دېھقانلار ئەركىن بازاردىن بىر خالتىسىنى يەتمىش ـ سەكسەن يۈەنگە كېلىشىپ ئوغۇت سېتىۋالاتتى-يۇ، ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ئابدۇنەبىنىڭ شاللىرى سۈمۈرەتتى. شۇڭا ئەشۇ يازدىن باشلاپ مەھەللە بويىچە ئۇنىڭ ئېتىزلىقىدىن ئەڭ كۆپ ھوسۇل ئېلىنىدىغان بولدى. پۇل خەشلىگەن دېھقانلار بولسا شاللىرىنىڭ ئاينىماسلىقىدىكى ھەقىقىي سىرنى بىلەلمەي، بىر تەرەپتىن سۈپەتسىز ئوغۇت چىقىرىپ دېھقاننى ئالداپتۇ، دەپ ھۆكۈمەتتىن ئاغرىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن نامازنى ئېخىمۇ كۆپ ئوقۇپ، دۇئانى تېخىمۇ ئۇزۇن قىلىدىغان بولۇشتى. بەزى سەگەكرەك دېھقانلار ئابدۇنەبىدىن گۇمانلىنىپمۇ باقتى، بەزىدە مارىلاپ ئۇتماقچىمۇ بولۇشتى. بىراق ئابدۇنەبى ئاخۇن دېگەن بۇ كىشى ئالۋاستى ئىدى ـ دە، ئالۋاستى دېگەن ئادەمزاتقا ئۇتتۇق بېرەمدۇ؟

ئابدۇنەبى ئوغۇتقا تويۇنغان سۇنى ئۆز ئېتىزىغا باشلىۋالغىنىدىنمۇ پايدا كۆرۈپتۇ. ئۆزىگىمۇ قىلچە پايدىسى بولمىغان زەيكەشكە نېمە ئۈچۈن باشلىۋېتىدۇ؟ تۇرمۇشىمىزدا شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، باشقىلار ھەتتا تويۇپ تاماق يېسىمۇ بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۇيقىسى ھارام بولىدۇ. ئۇلگە چېغىدا «قول يەتمىگەن ئۈزۈم ئاچچىق» دەپ نەپسىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆز يولىغا راۋان بولىدىكەن، لېكىن ھېلىقىدەك كىشىلەر ئۈزۈمنى ئۈزەلمىسىمۇ، تالنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئابدۇنەبىمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ خىلىدىن ئىدى.

ئەنە شۇنداق مىجەز ۋە سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ دىققەت نەزەرى ئەمدى بىر دىنلا

ئابدۇشۇكۇر بىلەن ئاينىسانىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇرالدى.

ئابدۇنەبى ئاخۇننى بۇ توينى قوۋۋەتلىمىگەن دېسەك ئادىللىق بولماس، ئەكسىنچە، ئۇ توي ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە بولىدىغان ھەممە تەييارلىق ۋە رەسمىيەت ئىشلىرىغا ئابدۇشۇكۇرنىڭ تاغىسى سۈپىتىدە تولۇق ئىشتىراك قىلدى. پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە پاي - پيادە بولۇپ خىزمەت قىلىشتى. بىراق تويدىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. «قارىغاندا بۇ ئىككىسى ئۆي تۇتۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ ئىچى تارلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلدى ئۇ، — بۇرۇن ئاينىسا دېگەن بۇ ئاۋاققا نېمىشقا دىققەت قىلمىغان بولغىيدىم. ئەسلىدە ئۆزەم كېلىن قىلىۋالىدىغان يەردىكەن، ناسىر دېگەن ئالجوقنى ئىككى قېتىم ئۆيلەيمەن دەپ ئاز زىيان تارتتىممۇ مەن!؟ ئاكام چوڭ قىزنى بىرلا ياتلىق قىلىۋېدى، ئىرى بىلەن غىرىڭ - پىرىڭ قىلىشماي ياشاپ، ئۈچ بالىغا ئانا بولدى. مېنىڭ قىزىمچۇ؟ ئۈچىنچى قېتىم تەككەن ئېرى بىلەنمۇ ياخشى ئۆتەلمەي ئۆت كۆندە بىر يامانلاپ كېلىۋالىدۇ ھەي . . . نېمىشقا باشقىلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى ئوڭايلا يۈرۈشۈپ، ماڭا كەلگەندە دومىلە مارايلا يۈرۈيدىغاندۇ؟ ياق زىياننى مەنلا تارتىۋەرمەي، باشقىلارمۇ تارتىپ كۆرسۇن، بولمىسا، ئاكام دېگەن جوھۇت چېغىدا «ئۆزۈڭ ئەسكى، شۇڭا ئىشلىرىڭ چۈۋۈلۈپلا تۇرىدۇ» دەپ ئەيىبلەۋېرىدىكەن، ئالدىرىما ئاكا، بۇ قېتىم سېنىڭمۇ بىر چۈۋۈلۈپ باقسۇن. ئاندىن ئىككىمىز گەپلىشەيلى . . .»

ھەسەتخورلار ئۈچۈن ھەتتا ئۆغقانچىلىق تۇيغۇسى دېگەننىڭمۇ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئابدۇنەبى ئاخۇن ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە جىيەنى ئابدۇشۇكۇرنىڭ تۇرمۇشىدىن يوچۇق ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ تەلىيىگە دەل شۇ كۈنلەردە گۈلخان ئېرىدىن قىچا تۇرۇقى بىخلىنىپ مايسا چىقىرىشقا باشلىغانىدى.

— نېمانچە ئەتىۋالىقەن ئۇ؟ — ئاينىسانىڭ تولا يامانلايدىغان، بولۇۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇنەبى قۇتراتقۇلۇققا كىرىشتى، — ئىسپىلەرمۇ ئۆشۈك مەرۋايىتنى چۈرۈۋېتىدىكەن. ھازىر ئاينىسانىڭمۇ ئۇنىڭدىن نېمە پەرقى قالدى؟ مېنىڭچە ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرمىدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، تويلۇقلارنى قايتۇرۇۋېلىپلا خېتىنى بېرىۋېتىش كېرەك. شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىگىلا يەنە بىر خوتۇن كېلىدۇ.

ئابدۇنەبى ئاخۇننىڭ بۇ سۆزلىرى يو ئانقانلىق يالكى قۇرۇق ھەيۋە ئەمەس، بەلكى يېڭى يەرگە ئوخشاش يېزىلاردا ھېلىمۇ ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئادەت ئىدى. يەنى توي بولغان قىز ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئۇزاقراق تۇرماي يامانلاۋەرسە، كۆپ ھاللاردا ئىككى تەرەپ مۇنداق كېلىشىمگە كېلەتتى: يىگىت تەرەپ قىزنىڭ خېتىنى بېرىشكە قوشۇلاتتى، قىز تەرەپ بولسا، بۇنىڭ بەدىلىگە تويلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى ئاساسىي قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاۋادا بۇ ئىشقا قىز تەرەپ قوشۇلمىسا، بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ خوتۇننى تالاق قىلاتتى. تالاق قىلىنىش قىز ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن قاتتىق ھاقارەت ھېسابلىناتتى. نەتىجىدە ئۇلار ئاخىرى يەنىلا بايىقى كېلىشىمگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر قىلىناتتى. ئازادلىقتىن كېيىن خېلى يىللارغىچە تالاق قىلىش قانۇنىي جەھەتتىن چەكلىنىپ، بەزى مەمۇرىي چارىلەر كۆرۈلۈپ، ئاساسەن تۈگىتىلگەنىدى. لېكىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دىنىي تەرغىبات ۋە خۇراپىي ئادەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىلاردا تالاق قىلىشمۇ يېڭىباشتىن ئەۋج ئالدى. يۇقىرىلار بۇ ئىشنى ئەيىب ھېسابلىمايتتى. يېزىلاردىكى خەلق ئىشلار تارماقلىرىدىكى بەزى خادىملار پرىنسىپ جەھەتتە تالاق قىلىشنى ئېتىراپ قىلمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سۈكۈت قىلىپ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرەتتى. يىگىت بولسا ئۆزىنىڭ بارماي بۇرۇنقى خوتۇنىدىن قايتۇرۇۋېلىنغان نەرسىلەرنى تويلۇق قىلىپ باشقا بىر قىز ياكى چوكان بىلەن توي قىلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان تويلۇققا ئىككى، ھەتتا بەزىدە ئۈچ

خوتۇن ئالغلى بولاتتى. بۇمۇ بىز تولا ماختىنىدىغان، ئەقىل - پاراسەتتە خىزىر بىلەن ھەمداسقان بولالايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى مىراسلىرىنىڭ بىرىمۇ، ياكى 80 - يىللاردىكى مودىكە شىلىكتە ھەر قانداق غەربلىكلەرنىمۇ نەچچە قەدەم ئارقىغا تاشلىۋېتىۋاتقان يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئىجادىيىتىمۇ، بىلمىدىم، ئىش قىلىپ بۇ خىل ئادەت شۇ كۈنلەردە بىر قىسىم تۈبەن يېزىلىرىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ. ئىبخىمۇ ئىچىنىشلىق يېرى شۇكى، دېھقانلارمۇ، بەزى يېزا كادىرلىرىمۇ ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - يۇ، لېكىن سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ. ئېھتىمال، بۇمۇ بەلكىم، بىزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن: «خۇدايىم جازايىڭنى بېرەر، بۇ دۇنيادا قىلغىنىڭغا ئاخىرەتتە تويارسەن» دەيدىغان شۈكرانىلىق ئۈمىدنى ئاخىرەتكە باغلاشتەك تەرىقەتچىلىك ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ۋا دەرىخا! بىز ئەجەپمۇ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنمىز. بىزگە قالغان ئەشۇ خىلدىكى مەنىۋى مىراسلارنىڭ كۆپلىكى ۋە ئېسىللىكىدىن ھېلىمۇ باشلىرىمىز ئاسمانغا تاقاشماپتۇ!

— مۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قويۇڭ ئۇكام، — دەپ ئاچچىقلاندى ئابدۇمىجىت ئاخۇن، — بىز بۇ توينى بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۈلى بولار دېگەن نىيەتتە قىلغان ئەمەس، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئىزدىشىپ قىلغان. قۇدىلىرىمىز ياخشى ئادەملەر، كېلىنىمىزنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا ھازىرچە كۆنەلمەيۋاتىدۇ. بىز سەۋرى - تاقەت قىلايلى.

ئابدۇنەبى ئاخۇن ئاكىسىنى ئادەتتە «بەكمۇ بوشاڭ، زەردىسى يوق» دەپ ياراتمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاشتىن قول سىلكىدى - دە، قوشۇمىسىنى بىرلا تۈرۈپ يەنە ئەقىل تاپتى. ئاخىر، كىشىلەر ئابدۇشۈكۈرنى بىكارغا «مېڭىسىدە زاغونى بار» دېمىگەنىكەن، زاغون دېگەن تازىمۇ ئاچچىق نەرسە، نېمىشقا شۇ ئاچچىقنى ئىشلىمايدىكەن!

— ئاكىلىشىمچە، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئابدۇشۈكۈرنى خالى يەرگە تارتىپ ئەكىلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى

ئاسلان ھالىغا باقماي «ئابدۇشۈكۈر دېگەن تازىمۇ بىر لامزەللە نېمىكەن، قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقازمىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ تازا ئەخمەق قىلىپ ئوينايمەن» دېگۈدەك. نېمىشقا بۇنداق بوشاڭلىق قىلىسەن؟

— نېمە، ئۇ شۇنداق دەپتىما؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئابدۇشۈكۈر، — ما گەپنى كۆرۈڭ، قانداق قىلىشىمنى ئەمدى كۆرسۇن ئۇ بۇزۇقنىڭ قىزى!

ئابدۇنەبى جىيەنىنىڭ مۇنچىلىك تېز، مۇنچىلىك كۈچلۈك ئوت ئېلىشىغا تازا ئىشەنمىگەنىدى. شۇڭا ئىچىدە ئەلۋەرچە كۈلۈۋالدى - دە، ئوت ئۈستىگە يەنە ياغ چاچتى:

— كىمىكى خوتۇن كىشىگە ئىچ ئاغرىتىدىكەن، ئاقىۋەتتە ئۆزى ئوكدا قالىدۇ. سېنى ئاتاڭ ئوغۇل بالا دەپ تۇغقانغۇ، خوتۇنۇڭ گېپىڭگە كىرمىسە كۆچ بىلەن، مۇشت بىلەن بوي ئەگدۈر، ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ شۇنداق قىلغان. يۇۋاشلىق قىلساڭ، زىيان تارتىپ قالىسەن.

— نەبى دادا، ئەمدى قانداق قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ قويۇڭ! — دېدى ئابدۇشۈكۈر گويا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۇرۇدىغاندەك مۇشتلىرىنى تۈگۈپ.

ئابدۇنەبى ئاخۇن بۇ ئىشتىنمۇ ئۆزىنىڭ ئالۋاستىلىق قىياپىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۇنتۇمىدى.

— بايىقى گەپلەرنى مەندىن ئاڭلىغىنىڭنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولما، مېنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، بۇندىن كېيىن يول كۆرسىتىشىم ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ.

شۇ كۈنى قولۇم - قوشنىلار ئاينىسانى ئۆۋەتتىكى يامانلاشتىن ئەكىلىپ قويغانىدى. ئۇ كەچ كىرگىچە يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇتۇلغان پېتى ئابدۇشۈكۈرگە بىر قېتىممۇ قىيا بېقىپ قارىمىدى. يانار ۋاقتىدا ئۆزىگە بىر كىشىلىك ئورۇن سالدى - دە، كىيىملىرى بىلەنلا ئورنىغا كىردى. ئابدۇشۈكۈر ئىشىكنى تاقاپ، چىراغنى ئۆچۈردى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ، ئاينىسا ياتقان ئورۇنغا كىردى - دە، يوشۇرۇلدىغىنىچە ئاينىسانىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا تۇتۇندى.

ئاينىسا ئادەتتىكىدەك قارشىلىق كۆرسەتمەيدى، بىر شاپىلاق يېدى. ئۇ قاتتىق چىقىراپ، ئابدۇشۇكۇرنىڭ يۈزىنى تاتىلىدى. ئىككى مەڭزى لازا قويغاندەك ئېچىشىپ كەتكەن ئابدۇشۇكۇرنىڭ غەزىپى ئون ھەسسە ئۆرلىدى - دە، ئۇ تاشتەك قاتتىق قوللىرى بىلەن ئاينىسانىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى. ئاينىسا يىغلىدى، قاقشىدى.

— ۋارقىرىما، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دەپ گۈركىرىدى ئابدۇشۇكۇر، — سەن تېخى مېنى بوش چاغلايسەنا، بۈگۈن قانداقلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن ساڭا!

ئابدۇشۇكۇر بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن ئۇرۇۋاتاتتى. ئاينىسانى يەنە تۈنجى قېتىم تاياق يېگەن چاغدىكىدەك قورقۇنچ چۇلغىۋالدى.

— خۇش بولاي، ئۇرماڭ، نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەي! — دېدى ئۇ ئاخىر يالۋۇرۇپ.

لېكىن تاغىسىدىن تەلىم ئالغان ئابدۇشۇكۇر بۇ قېتىم ئوڭايلىقچە ئېرىنمىدى. ئۇرۇش، يىغلاش، يالۋۇرۇش يەنە خېلىغىچە داۋاملاشتى. كېچە قاراڭغۇ، پۈتۈن مەھەللە قاتتىق ئۇيقىدا ئىدى. بىرى بۆرىدەك غالجىر ۋە قاۋاندەك كۈچلۈك، يەنە بىرى قوزىدەك يۇۋاش ۋە توشقاندەك ئاجىز ئىككى جان ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ جەڭنىڭ ھېچقانداق گۇۋاھچىلىرى يوق ئىدى. بولغاندىمۇ نېمە دەيتتى. ئارىلاشقۇسى كەلسە، ئابدۇشۇكۇرنى تۇتۇۋېلىپ، ئاينىساغا تەسەللى بېرەتتى، خالاس، لېكىن ئابدۇشۇكۇرنى ئەيىبلىمەيتتى. چۈنكى يىگىت يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەنۋى تۈۋرۈكنىڭ نۇرغۇن ئىسمىلىرىدىن بىرى «ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجرا دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ خوتۇننى ئۇرۇشى قەدىمدىن قالغان ئادەت» دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى: «ھەممە بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان، باش يېرىلسا، بۆكنىڭ ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭنىڭ ئىچىدە» دېيىلەتتى.

ئابدۇشۇكۇر بۇ كېچە ئاينىسانى يەتكىچە ئۇرۇپ يۈزىدىن چىقتى. بىچارە چوكان ئەتىسى ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدەك چىرايى تۇلۇنۇدەك ئېششىپ، ئۇسسىمدەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئابدۇشۇكۇر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، سەل چۆچۈگەن بولسىمۇ، لېكىن تاغىسىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ سىر بەرمىدى - دە، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاينىسا چۈشكىچە ئورنىدا يېتىپ يىغلىدى، ئاندىن قاتتىق ئاغرىققا چىداپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئوراپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى.

قىزىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن مەريەمخان دادپەرياد كۆتەردى. ھەسەن ئاخۇنمۇ بۇ قېتىم ئاينىسانى ئەيىبلىمىدى، ئەكسىنچە غەزەپ بىلەن ئېڭەكلىرىدىن تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە قان تولدى، ئاندىن ئېغىل يېنىدا تۇرغان تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى مەھەممەت ئاخۇن بابا ئاينىسانىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەھۋالىنىڭ تېگىگە يەتكەن بولۇپ، كۆزىتىپ تۇرغانىدى، شۇڭا دەرھال ھەسەن ئاخۇننىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— ئاداش ئاچچىغىڭىزنى ھاي بېرىڭلار، — دېدى ئۇ ھەسەن ئاخۇننىڭ قولىدىن ئارىنى ئېلىۋېلىپ، — بىز چوڭلار ئىشنى چوڭلارچە ھەل قىلايلى.

— تۇغقان ئىزدەپ قىلغان ئىشنىڭ جازاسى شۇمۇ؟! — دەپ ئىدا قىلدى ھەسەن ئاخۇن ۋە ئەقلىنى بىلگەندىن بۇيان تۈنجى قېتىم ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ئابدۇمىجىت ئاخۇنمۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقانىكەن، چىرايى تاتارغان ھالدا يېتىپ كەلدى - دە، گۇناھلارچە بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، قۇدىلىرىدىن، كېلىنىدىن ئەپۇ سورىدى. «ئېگىلگەن بوينىنى قىلىچ كەسمەيتۇ» دېگەن گەپ بار، ھەسەن ئاخۇن ئەر - خوتۇن قۇدىسىغا بۇ قېتىم ئوچۇق چىراي ئاچمىغان بولسىمۇ، لېكىن تىل، ھاقارەتمۇ قىلمىدى.

لېكىن دەل شۇ چاغدا ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئۆيىدە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان يەنە بىر جېدەل يۈز بەرگەنىدى. ئۆزىچە تاتلىقمىكەن، ئاچچىقمىكەن، سەنمۇ بىلمەي-

تېتىپ باق، تاياقنى سەنمۇ تويغىچە يەپ باق! — دەيتتى ئابدۇشۇكۇرنى باتقۇزۇپ، خۇددى كىگىز پىشۇرۇۋاتقاندەك تېپىۋاتقان بىر يىگىت. ئۇ، ئاينىسانىڭ ئاكىسى غېنى ئىدى. بايا ھويلىدا باشقىلار ھەسەن ئاخۇنغا تەسەللى بېرىش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقاندا بەستلىك كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ ھويلىدىن قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئۇدۇل ئابدۇشۇكۇرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئابدۇشۇكۇر بۇ چاغدا ئاينىسا تاشلاپ كەتكەن ئۈزۈكنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ غېنىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپلا مۇداپىئەگە تەييارلاندى. ئېھتىمال گۇناھكار كىشىلەردە بولىدىغان ئەنسىرەش تۇيغۇسى رەقىبى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ قويسا كېرەك، بولمىسا ھەر ئىككىلىسى تەڭ دېمەتلىك، بوي - بەستىمۇ ئوخشاش يىگىتلەر ئىدى. بىراق مۇشتلىشىش باشلىنىپ، بىر مۇشتتىن كېيىن ئابدۇشۇكۇر يىقىلىپ چۈشتى - دە، خېمىردەك چەيلىنىش باشلىنىپ كەتتى . . .

ئېملا دېگەن بىلەن 80 - يىللاردىكى ئەۋلادلار يېڭىلىق تۇيغۇلىرىغا باي كېلىدىكەن، ھەتتا ئۇلار يىگى يەردەك كونا ئەنئەنىلەردىن ياسالغان ئىنتايىن قاتمال مەنىۋى ئۇۋۇرۇككە ئىگە يېزىلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېھقان باشلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ سىزىقىدىن چەتنەشكە جۈرئەت قىلالايدىكەن. شۇڭا غېنى ئابدۇشۇكۇر بىلەن بولغان تۇغقانچىلىق تۇيغۇسىنى ۋە ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى ئۇرۇش ھەقلىق دېگەن ئادەت قارىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سىڭلىسى ئۈچۈنمۇ، ھەققانىيەت ئۈچۈنمۇ ئابدۇشۇكۇردىن يەتكىچە ئۆچ ئالدى.

3

يېرىم كېچە، پۈتۈن مەھەللە تىمتاسلىققا چۆككەن، ئەمما ھەسەن ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ پەنجىرىسىدىن غۇۋا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئائىلىدىكىلەرگە نېمە بولدىكىنە؟ نېمىشقا ئۇخلىمىغاندۇ؟ قېنى، يېقىنراق بېرىپ باقايلى، ھوي، ئىڭىرىغان ۋە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغۇ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ باقايلى، نېمە ئىش بۇ؟ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن، چىرايى تامدەك تاتارغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ئاينىسا تەكىيدىن بېشىنى ئۇيان - بۇيان ئىغىتىپ، چىدىغۇسىز بىر نالە بىلەن ئىڭراۋاتىدىغۇ، لەۋلىرىنى چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ قاناپ كېتىپتۇ. ھەسەن ئاخۇن، مەريەمخان، غېنى ھەتتا ئىككى كىچىك ئوغلىمۇ چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياش، چوڭلار ئاغزىنى مىتىلدىتىپ ئۆزلىرى بىلگىنىچە دۇئا تەكبىر ئوقۇماقتا . . .

ئاينىسا ئابدۇشۇكۇردىن خېتىنى ئالغاندىن كېيىن گويا ئۈستىنى ئېزىپ تۇرغان بىر تۈگمەن تېشى ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ئەركىن نەپەس ئالغانىدى. لېكىن ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بويىدا قالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ھال ئاينىسا تۇرماق ھەسەن ئاخۇن بىلەن مەريەمخاننى ئېغىمۇ تەمتىرىتىۋەتتى. قانداق قىلغۇلۇق؟ خالىساڭمۇ، خالىمىساڭمۇ قورساقتا بىر ئىنسان ئاپىرىدە بولغانىكەن، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە تۇغۇلىشى، ياشىشى كېرەككۇ، خوش، ئۇنى كىم بېقىپ چوڭ قىلىدۇ؟

غېنى ئابدۇشۇكۇرنى دۇمبالاپ بىر قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ھېلىقى كۈندىن تارتىپ، تاكى ئاينىسانىڭ ئاجرىشىش خېتى كېسىلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئابدۇمەجىت ئاخۇننىڭ پۈتۈن جەمەتى بىرلىشىپ ھەسەن ئاخۇنلارغا يامانمۇ بەك ئەلەم قىلىشقانىدى، بىر مەھەل تىل - ھاقارەتلەر قاردەك يېغىپ، نومۇسسىز پىتنە - پاساتلار، كەمسىتىشلەر شامالدەك كېزىپ يۈردى. شۇڭا ھەسەن ئاخۇن قىزىنىڭ ئىككى قاتلىقىنى ئاڭلىغاندا غەزىپىنى باسالماي:

— مەن ئۇ نائەھلى تۇڭگۇزلارنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىنى باقماق تۈگۈل، كۆرۈشنىمۇ خالىمايمەن! — دەپ جاكالىدى.

ئەتۇنداق دېگىنى بىلەن بىر ھېسابتا ئۇ بالا

ئۆزىنىڭمۇ پۇشتىغۇ، شۇڭا باشتا غەزەپلەنسمۇ، بالا تۇغۇلسا ئاچچىقى يېنىپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈشۈپ قېلىشىمۇ، ھەتتا ئەتىۋارلاپ بېقىشىمۇ مۇمكىنىدى. بىراق مەريەمخان ئېرىنىڭ ھېلىقى چالۋاقاشلىرىغا ئىشىنىپ قالدى. «قانداق قىلارمەن؟ توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ بالا تۇغماق ئوڭايمۇ؟ — دەپ ھەسرەتلەندى ئۇ، — ناۋادا بۇ ئادەم كاجلىق قىلىپ بالىنى باقمايمەن دەپ تۇرۇۋالسا، قىزىم بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدارمۇ؟... يا ئۇنىڭدا تېخى ئانىلىق مېھرى ئويغانمىغان بەلكىم...» لېكىن ئۇ بۇ خىيالنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

بۇ ئىش ھەسەن ئاخۇن، مەريەمخان ۋە ئايىنسادىن باشقىلارغا مەلۇم بولمىغانىدى. شۇ كۈنى كەچكە يېقىن خۇددى باغاق ئەۋەتىپ چاقىرىپ كەلگەندەكلا ھەۋزىخان ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى كەچكى تاماق ۋاقتىدا ئايىنسانىڭ ئالدىدىكى لەگمەننى ئۇززۇك يېمىگەنلىكىنى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ پات - پات سىرتقا چىقىپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. شۇڭا سىڭلىسى بىلەن بىر يەردە ئۇخلاشقا ياتقاندا ئۇز گۇمانلىرى ھەققىدە گەپ ئەشتى. مەريەمخان باشتا سەل ئىككىلەندى، لېكىن مۇشۇ ئىش ئۆيەيلىدىن ئۆزىنىڭمۇ بېشى قېتىپ تۇرغاچقا، ئاخىرى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ سىرنى ئاشكارىلىدى.

— ھەي، شۇنىڭغىمۇ يىغلامسىز سىڭلىم؟ — دېدى ھەۋزىخان گويا ئۇ ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ئىشتەك پەرۋاسىز ھالدا، — مەن سىلەرنى بۇ غەمدىن بىر دەمدىلا خالاس قىلىپ قويىمەن.

— قانداق قىلىپ؟

— ئۇ شۇم پېشانە يېتىم ئوغلاقنى چۈشۈرۈۋېتىمىز شۇ.

— چۈشۈرۈۋېتىمىز؟ لېكىن ئۇ خۇدا ياراتقان. بىر جان تۇرسا، ئۇۋالىغا قالارمىز ئاچا.

— سىڭلىم، بويىدىن ئاجراپ كەتكەن، بالا چۈشۈرۈۋەتكەن ئايالالار ئازمىدى؟ ئايىنسانى مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئەرگە بەردىڭلار، ئەمدى ئېرىدىن ئاجراشقاندا قورساق كۆتۈرۈپ قاپتۇ. ئۇغسا، شۇ يېتىم ئوغلاقنى باقىمەن دەپ يەنە قانچىلىك دەرد تارتار. قايتا ياتلىق قىلاي دېسىڭىزمۇ، بىر بالىسى باركەن دەپ كۆڭۈلدىكىدەك ئەر چىقىشىمۇ تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ نائەھلىلەر: «باشقىسىغا بۇزۇلغاچقا ئوغلىمىز بىلەن ئۆي تۇتمىدى» دەپتىكەنغۇ، كىم بىلىدۇ، بالىنىڭ دادىسى بولۇشتىنمۇ تانامدۇ تېخى. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا سىلەرگە نى ئىزا، نى نومۇس سىڭلىم.

ھەۋزىخاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى مەريەمخاننى ئۈچەيقىتۇرۇپلىۋەتتى، قۇدىلىرى بىلەن زىتلەشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا شۇ ئىش ئايان بولغانكى، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ۋاقتىدا ھەر قانداق پەسكەش ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىنمۇ يانمايدىغان ئادەملەر ئىكەن. ھەتتا ئۇلار: «ئايىنسا بۇرۇنلا قىز ئەمەسكەن، ئابدۇشۈكۈر شۇڭا ئۇرۇپتۇ» دېگەن گەپلەرنىمۇ تارقىتىشتىغۇ.

— مەيلى، سىز دېگەندەك قىلايلى، — دېدى مەريەمخان ئاخىرى قايىل بولۇپ ۋە سەلدىن كېيىن يەنە ئۇشتۇمتۇت ئەنسىرەپ سوراپ قالدى، — كادىرلار خەت قىلىپ بېرەرمۇ؟

— نېمە خەت؟ — دەپ سورىدى ھەۋزىخان چۈشەنمەي.

بالىنى ئېلىۋېتىش ھەققىدە دوختۇرخانىغا يېزىپ بېرىدىغان خەتچۇ؟

— ھەي سىڭلىم، نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟ مۇنداق نازۇك ئىشنى خەلققە ئالەمگە يېيىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز رەسۋا قىلىدىغان ساراڭمىدۇق. ئايىنسانى دوختۇرخانىغا ئاپارساق بۇ ئىشتىن ئۇرغۇن كىشىلەر خەۋەردار بولمامدۇ؟ ئۇ چاغدا بالىنى ئالدۇرىۋەتتۇق دېگەندىمۇ، ئايىنسانىڭ بىر قېتىم قورساق كۆتۈرگەن دېگەن نامى تارقاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاڭلىسام دوختۇرلار ھەر يوغان تۆمۈر ئەسۋابلار بىلەن ئىچىنى قوچۇپ، بالا چۈشۈرىدىكەن دېگەنگە جاق تويغۇزارمىش، قويۇڭ ئۇنداق ئىشنى؟

بۇنى ئۆزىمىز قىلىمىز.

— ئۆزىمىز قىلىمىز؟

— ھە، مانا مەن قىلىمەن. قورسىقى ئازراق چۈشۈپ چاققاندەكلا ئاغرىيدۇ، بىر كۈنمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمايدۇ.

شۇندىن كېيىن ئۇ بالىنى قانداق چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، مۇشۇنداق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ قانچە ئايالنى دەردتىن خالاس قىلغانلىقىنى، ھەتتا ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئاخىرىدا گېپىنى مۇنداق تۈگەتتى.

— نېمىلا بولمىسۇن، بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت چەكلەيدىكەن، ئىككىمىزغۇ ئۆز، لېكىن ھەسەن ئاخۇن ھامان يات، شۇڭا ئۇنىڭ ئاڭلىمىغىنى تۈزۈك. ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىبغىر نەرسە كۆتۈرۈۋېتىپتىكەن، بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ، دەپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. مۇنداق ئىشلار سامانىدەك تولا، ئىشىنىۋېرىدۇ.

ئۇلار ئاخىرى شۇنداق قارارغا كېلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ھەسەن ئاخۇن ئانىسىنى راستىن كۆرگۈسى كەلگەنمۇ ياكى ھېلىقى خەۋەر تۇپەيلىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل غەشلىكىنى تارقاتقۇسى كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئەتىسى بامدات نامىزىدىن يېنىپلا شەھەرگە بېرىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى.

— بۇ شۇم خەۋەرنى ئانىكام ۋە باشقا تۇغقانلارغا دېمەي تۇرۇڭ، — دەپ تاپىلىدى مەرىيەمخان ئاچىسىنىڭ ئۆگىتىشى بويىچە، — ھازىرچە ئۇلارنى پاراكەندىچىلىككە سالماي تۇرايلى.

ئەگەر خوتۇنىنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشى بولمىغان بولسا، ھەسەن ئاخۇننىڭ ئۇ ئىشنى ئانىسىغا دەۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ سەل ئويلىنىپ قالدى-دە، خوتۇنىغا ماقۇل، دەپ ۋەدە بەردى.

ھەسەن ئاخۇن شەھەرگە ماڭدى، غېنى ماي ياتقۇزۇلىدىغان يولغا شېغىل ئەكىلىش ئۈچۈن ھارۋىسىنى ھەيدەپ سايغا چىقىپ كەتتى. كىچىكلەر مەكتەپكە مېڭىشتى [illegible]

شۇندىن كېيىن ئىككى ئايال ئايىنىسانى «بوشاندۇرۇش» ئىشىغا ئۆتۈش قىلدى. ئايىنىسا ئۆزىنىڭ ئالتە-يەتتە ئايلىق بەختسىزلىكى، ئازاب-ئوقۇبىتى ھېسابىغا ئۈنگەن بۇ «شۇم پېشانە»نى قورسىقىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئۇسۇل-چارىلەرنى ئىشلىتىشكە خۇشاللىق بىلەن رازى بولاتتى. ھەۋزىخان بىر سائەتتەك ھەپىلەشتى. ئۇ گاھ ئايىنىسانىڭ قورسىقىنى كۆچەپ مۇجۇيتتى، گاھ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ سىلكىيتتى، گاھ دۈم ياتقۇزۇپ بېلىنى باساتتى. بەزىدە ئايىنىسانى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سەكرىتەتتى. ئاخىرىدا ئۆزىمۇ، ئايىنىسامۇ قارا تەرگە چۈمۈپ كەتتى.

باشتا ئايىنىساغا ھېچقانداق ئاغرىق بىلىنمىگەن، كېيىن قورسىقى ئاستا-ئاستا مۇجۇپ ئاغرىشقا، بەزىدە پىچاق تىققاندەك سانجىپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بارلىق غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ چىدىدى.

ئاخىرى ھەۋزىخاننىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجە بەردى.

— ئۇھ، ئەمدى بولدى، يەنە بىر پەس ئاغرىيدۇ، ئاندىن بارچە دەرد-ئەلەمدىن خالاس بولىسەن، ھېچ ئىش يوق بەرمىگەندەك يەڭگىللەپ قالىسەن، — دېدى ئۇ تەرلىرىنى سۈرتۈپ.

دېگەندەك بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاغرىق تامام توختىدى، پەقەت ئىچىدىلا سىرغىپ قان كېلىۋاتاتتى. يەنە ئۈچ-تۆت سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كېلىشىمۇ توختىدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئايىنىسا ھەتتا سىرتقا ئۆزى مېڭىپ چىقىپ، ئوچاق يېنىدىكى سۇپىدا ئولتۇردى. مەرىيەمخان «مەرەز»دىن شۇنچە ئوڭاي قۇتۇلغىنىغا شۈكرى قىلىپ، خۇداغا ھەر كۈنكىدىن كۆپرەك دۇئا قىلدى.

ھەسەن ئاخۇن ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قايتىپ كەلگەندە، ئايىنىسا ھېچنەرسە بولمىغاندەك ھويلىدا بىخارامان مېڭىپ يۈرەتتى. تېخى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دادىسىدىن ھاردۇق سورىدى.

— ئۈنۈگۈن ئايىنىسانىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى، — دەپ پىچىرلاپ مەلۇم قىلدى مەرىيەمخان

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئايىنسا سىرتقا چىقىپ كەت-كەندە. ھەسەن ئاخۇن بۇ خەۋەرگە گويا يەنە بىر گۇۋاچى ئىزدىگەندەك ئاۋۋال ھەۋزىخانغا، ئاندىن مەريەمخانغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارىدى - دە:

— راست ئېيتىۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق بويىدىن ئاجراپ كەتتى، — سىڭلىسى ئۈچۈن جاۋاب بەردى ھەۋزىخان، — بۇ غەم - ئەلەمدىن خالاس بولدۇڭلار تۈكام.

— ئايىنسانىڭ ئەھۋالى قانداقكىن؟ بەك قىينىلىپ...

— ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، ساق - سالامەت يۈرمەمدۇ.

ھەسەن ئاخۇن بۇ خەۋەرنىڭ ئۆزىگە قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى دەماللىققا بىلدۈرمىدى، پەقەت قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، پىچىرلاپ ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇدى - دە، ئاخىرى:

— ئى ياراتقان قۇدرىتى ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، ھەر ئىش بولسا سېنىڭ ھۆكۈمىڭگە باغلىق. ئاجىز بەندەڭگە شاپائەت قىلغايسەن! — دەپ يۈزىنى سىپىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھەۋزىخان كېتىشكە تەرەددۇتلاندى.

— سىڭلىم، ئەمدى قايتاي، — دېدى ئۇ مەريەمخانغا، — ھېلىمۇ ئۆيۈمنى، بالا - چاقامنى ئۈچ كۈن تاشلاپ قويدۇم. ئەمدى ئايىنساغا ھېچ ئىش بولمايدۇ. كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇۋېرىڭ.

مەريەمخان تېخىچە تولۇق خاتىرجەم بولالمايۋات-سەنغۇ، ئاچىسىنى يەنە توختىتىپ قېلىشقا ئامال قىلالمىدى.

«غەمدىن خالاس قىلغۇچى» كەتتى. يەنە بىر كېچە ئىككى كۈندۈز تېپتىنچ ئۆتتى. بىراق ئۈچىنچى كۈنى كەچكە يېقىن ئايىنسانىڭ قورسىقىدا تۇيۇقسىز ئاغرىق باشلاندى ۋە ئۇ شۇنچىلىك تېز، شۇنچىلىك شىددەتلىك كۈچىيىپ باردىكى، بىچارە تەلەيسىز چوكان ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ھەر قانداق تاش يۈرەكنى سۇ قىلغۇدەك ئېچىنىشلىق ئاۋازدا نالە قىلدى. چاچلىرىنى يۇلدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى، قورسىقىنى مۇجىدى، ئاخىرى ھالسىزلىنىپ...

پەسلەپ كەتتى. پۇت - قوللىرى ماغدۇرسىزلاندى. ئاتا - ئانىسى، ئاكا ۋە ئۈكىلىرى ئۇنىڭدىن ئۈن ھەسسە، يۈز ھەسسە ئارتۇق ئازابلاندى بىللە ياش تۆكتى. بېشىدا پەرۋانە بولۇشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ قولىدىن شۇنىڭدىن باشقا نېمە كېلەتتى؟! . . .

ئايىنسانىڭ تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرى بىردىنلا مىدىرلىدى. ئۇ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ نالە قىلماقچىمىكىن؟ ياق، بۇ قېتىم . . .

— جېنىم ... ئانا ... دادا ... ئاكا ... ئۈكىلىرىم ...

مەندىن رازى بولۇڭلار! — دېدى ئۇ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ.

شۇ ھامان ئۆي ئىچىنى يىغا - زارە قاپلىدى.

— بىز رازى، مىڭ مەرتەم رازى. سىزمۇ بىزدىن رازى بولۇڭ.

— مەندەك تاش يۈرەك دادىڭىزدىن . . .

— بىۋاپا ئانىڭىزدىن . . .

— ئاكىڭىزدىن . . .

— ئۈكىلىرىڭىزدىن . . .

— مەن ... رازى، — دېدى ئايىنسا بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ، ئاندىن يەنە كۈچىنىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — چوڭ ئانامغا ... ھاشىم دادامغا، ئاينۇر ئانامغا ... ھەۋزىخان ئانامغا ... دەڭلار ... ئۇلارمۇ ... رازى ... بولسۇن.

شۇ بىچارە قىزنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا ئەشۇ ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەسئۇلىيەتلىرى بارغۇ! ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نادانلىقنى — پەزىلەت، ھەر قانداق ئىتائەتمەنلىكنى — ھۆرمەت ۋە بەزىلىرى مەنمەنچىلىك، كاززاپلىقنى شاپائەت دەپ بىلىشتى ۋە بۇ خىل ھەر قىسما ئەنئەنىۋى مەرەزلەر بىرلىشىپ ناتىۋان بىر قىزنىڭ بوينىغا سېلىنغان سىرتماققا ئايلاندى. ھەي، شۇ كىشىلەر بۇنداق ئېچىنىشلىق ساۋاق ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ ئويلىنىپ كۆرەرمۇ؟ پۇشايمان قىلىشارمۇ؟ ئايىنساچۇ؟ ھايات - مامات بوسۇغىسىدا ياتقان شۇ بىچارە مەزلۇمچۇ؟ ئۇنىڭ تاكى ئاخىرقى نەپىسىگە ئەشۇ كىشىلەردىن قىلىچە ...رە نىجىمەي، ئېخىق

ئۇلاردىن رازىلىق تىلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

ھەي يېڭى يەردىكى مەنىۋى ئۆزۈك، سېنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىڭ شۆنچىلىك چوڭمۇ؟ سەن ھېلىمۇ شۆنچىلىك جەلپ قىلىش، ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىش قۇدرىتىگە ئىگىمۇ سەن؟ مېنى زادى ئىنگىشتىقلى، ئۇرۇپ تاشلىغىلى، چېقىپ ـ پارچىلاپ كۆككۈم ـ تالقان قىلغىلى بولماسمۇ؟

— ئىسىت جىگەر پارەم بالام، تېخى ئۇن گۈللۈگىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ئىدى سېنىڭ . . .

مەرىيەمخاننىڭ بۇ ھەسرەتلىك نالىسىنى سىرتتىن كىرگەن غېنىنىڭ كەسكىن ئاۋازى بېسىپ كەتتى.

— نېمىشقا قاراپ تۇرىمىز؟ چاپسان دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى!

بۇ پەقەت غېنىنىڭ ئاۋازىلا ئەمەس، يېڭى يەردە ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنىڭ يېڭىلىققا بول ئاچقۇچى سىگنالى، قاتمال مەنىۋى ئۆزۈكنى كۆككۈم ـ تالقان قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ياڭرىغان قۇدرەتلىك نەرسى ئىدى!

ئاينىسا، ئەي ئون گۈلنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان، غۇنچە چېغىدا پۇرلۇشۇپ سولاشقان، كىرىستالدەك پاك، ئەمما قوزىدەك ئىناۋەتمەن سىڭلىم، مەن ساڭا ئاتا ـ ئانائىڭدىنمۇ بەكرەك شىپالىق تىلەيمەن. مۇنداق بۇرۇخسۇم ھالەتتە ھاياتتىن مەھرۇم بولمىغىن! ئېتىۋاتقان تاڭ، دوختۇرلارنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى سېنىڭ زەخمىلەنگەن تېنىڭگە شىپالىق ئاتا قىلىپلا قالماي، روھىڭدىكى ئەجدادلىرىڭدىن مىراس بولۇپ قالغان ھەممە نادانلىقلارنى يۇيۇپ چىقىرالايدۇ، مەيلى ئۇلار قانچىلىك بىزەڭ بولسىمۇ!

1987 ـ يىل ئىيۇل. ئۈرۈمچى

(بېشى 228 ـ بەتتە)

چۈشتىن كېيىن مەن بۇ قەدىردان كىشىلەر بىلەن خوشلاشتىم. خۇشلۇشۇش ئالدىدا بوۋاينىڭ پۈتكۈل كۈرۈنۈشىنى كۆڭۈل خاتىرەمگە ئەبەدىي نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈۋالماقچىدەك ئالدىدا ئۇزاق تۇردۇم. شۇ تاپتا قەلبىمنى چۇلغىغان ئېيتقۇسىز خىجىللىق، قەرزدارلىق تۇيغۇسىنى يېڭىشكە ئامالسىز ئىدىم. ئىچ يانچۇقۇمدا ئېغىر بېسىپ تۇرغان تۇگۈنچەك بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ مېنى يەرگە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنى ئېلىپ ئاستالا بوۋاينىڭ كورپىسى ئاستىغا تىقىپ قويسام ياكى غۇلۇچۇمنى كېرىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئېتىۋەتسەم ۋۇجۇدۇم ئاندىن يەڭگىللەيدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. ئەمما، بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر، ھەتتا نەچچە ھەسسە كۆپ ئالتۇن كۈمۈشلەرمۇ بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئۇتتۇپ كەتكەن كۈنلىرى، قۇربان بەرگەن بەختىنىڭ ئورنىنى باساليدىغانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. مەن بۇ تۈگۈنچەكنى ئىككى قوللاپ قىبرى ئانامنىڭ قولىغا تاپشۇرغىنىمدىلا ئەندىشە ئۇلارنىڭ ئەجرى، سەممىيىتىگە جاۋاب قايتۇرغان ھېسابلىناتتىم.

نۇسرەت بىلەن قارامۇتۇق يىگىت مېنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى. يىگىت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ پات ـ پاتلا نۇسرەتكە قارايتتى، نۇسرەتنىڭ كۆزلىرى بولسا يىراق ـ يىراقلاردا ئىدى. ئاپتوبۇس قوزغىلىش ئالدىدا مەن ئۇنىڭغا «نۇسرەت، بۇرۇن بىزگە قىممەتلىك بىلىنگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى ناتايىن، ۋاقىتنىڭ، مۇھەببەتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن نەرسىلەردىن دادىللىق بىلەن ۋاز كەچكىنىمىز، يېڭى، تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا جۈرئەت قىلغىنىمىز توزۇك ھەم ھەقلىقمىز. ئۆمۈر قىسقا، ياشلىق تېخىمۇ قىسقا» دېمەكچى بولدۇم ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئەكس ئېتىپ تۇرغان ھەسرەت، تېگى ئاش، ئۇتمۇشكە بولغان تارتىنىش ۋە يەنە قانداقتۇ بىر خىل ھېسسىياتلار مېنى ئېغىز ئاچتۇرمىدى.



# دادام ئەخمەتجان

(تارىخىي ئەسلىمە)

ئادىلجان قاسىمى

1987 - يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سابىق شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، دادام — مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا يەتمىش ئۈچ يىل توشىدۇ.

ھەر يىلى قەھرىتان قىش پەسلى ئۆتۈپ، باش باھارنىڭ گۈللىرى خۇشپۇراق چېچىشقا باشلىغان كۈنلەردە، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر دادام ئەخمەتجان قاسىمىنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالىمىز. مەن دادامنىڭ ھەربىي فورما كىيگەن قامەتلىك سىماسى، خەلق ئارىسىدا ئوتۇق سۆزلەۋاتقان خۇشخۇي چىرايى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى قىلىۋاتقان كەسكىن ھالىتى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ خۇشامەتلىرى ئالدىدىكى قەيسەر روھى، ئىلى دەرياسىدا سالچىلار بىلەن بىللە ياغاچ ئېقىتىپ كېتىۋاتقان كەمتەر پەزىلىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەرنى بىر- بىرلەپ قولۇمغا ئالغىنىمدا، دادامنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتى، قەھرىمانلىق جاسارىتى ئاممىغا چوڭقۇر چۆككۈزىدىغان ئاددىي- ساددە ياشاش ئىستىلى ۋە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقى، قىسقىسى ئۇنىڭ ماركسىزم- لېنىنىزمچىلارغا خاس پەزىلىتى كۆز ئالدىمدا نامايەن بولۇپ، كۈچلۈك سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈپ، ھاياجانلىنىمەن ۋە ئىلھاملىنىمەن.

مەن دادامدىن گەرچە يېشىمغا توشمىغان چاغدا ئايرىلغان بولساممۇ، ماتېرىياللاردىن ۋە دادامنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ئەسلىمىسىدىن، ئۇنىڭ ئامما ئىچىگە تارقالغان تەسىرلىك ئىش- ئىزلىرىدىن خەۋەر تاپقىنىمدا، ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار غايىلىك دادامنىڭ بولغانلىقى بىلەن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ئۇرغۇن پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ، دادامنىڭ سەپداشلىرىنىڭ «قاراڭلار، بۇ دادىسىغا تازىمۇ ئوخشاپتۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا بەكمۇ مەيۈسلىنىمەن. ئىچىمدە «مەن قانداقمۇ دادامغا ئوخشىيالايمەن، گەرچە چىراي- تۇرقۇمدا تەبىئىي ئىرسىيەتلىك ئوخشاشلىقلار بولسىمۇ، لېكىن دادامنىڭ جۇڭگو ئازادلىق ئىنقىلابىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسى ۋە ئالىيجاناب ئوبرازىغا سېلىشتۇرغىنىمدا، مەن مەڭگۈ ئۇنىڭغا ئوخشىيالمايمەن ۋە ئۇنى دورىيالمايمەن» دەپ ئويلايمەن.

دادام ئەخمەتجان قاسىمى 1914 - يىلى تۆتىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى غۇلجىدىكى بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بوۋام نادىر مەخمۇت ھاياتىدا ئىككى پەرزەنت كۆرگەن، ئائىلىدە مومام شەرۋانەم، قىزى جەننەتخان ۋە ئوغلى ئەخمەتجان بولۇپ، جەمئىي ئۈچ جان بولغان. بوۋام نادىر مەخمۇت دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، شۇنداقلا خەلق سازەندىسى ئىكەن. ئۇ يەنە قوشۇمچە «خەتمە» (سۈننەت)چىلىكمۇ قىلىپ يۈرگەن ئىكەن. دادام ئەخمەتجان ئالتە ياشقا كىرگەن چېغىدا، بوۋام سۆيۈملۈك

نامىسىسىگە بايلارنىڭ ئۆيىدە ساز چېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگىنىدە لۈكچەكلەر تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە شۇ يەردە دەپنە قىلىنغانىكەن (كېيىنكى يىللاردا ئىگىسىز قالغان بۇ قەبرىنى مەن. ئابدۇۋەلى جارۇللا، باۋدۇن مەخمۇت قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ياردىمى بىلەن تېپىپ، سۈيدۈڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا 1985 - يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى قايتىدىن ياساپ چىقتىم.)

يالغۇز قالغان مومام شەرۋانەم ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردانلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. ئۆزۈن ئۆتمەي دادامنىڭ ھەدىسى جەننەتخان نامراتلىق دەستىدىن ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىشقا چامى يەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن. مومام شەرۋانەم بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ئوغلى ئەخمەتجاننى يېتىلەپ يۈرۈپ، كىشىلەر ئىشىكىدە كۈنلۈك ئىشلەپ جان باققان.

دادامنى ياكى دادامنىڭ سۈرىتىنى كۆرگەنلەر تازا سىنچىلاپ دىققەت قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ بىر ئاز قىسىلغانلىقىنى بايقاپ ئالالايدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ ئۆيىدە نان يېقىۋاتقان مومامغا ياردەملىشىپ ئوتۇن يېرىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە، چاچراپ چىققان ئوتۇن پارچىسى دادامنىڭ كۆزىگە تېگىپ جاراھەتلەندۈرگەنلىكتىن كېلىپ چىققان. مانا بۇ، دادامنىڭ ئۆتمۈشتە قانچىلىك جەۋرى - جاپالىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھايات كەچۈرگەنلىكىنىڭ جانلىق دەلىلى. يوقسۇزلۇق ئىچىدە قالغان دادام ئەخمەتجان بىلەن مومام شەرۋانەم بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق يار - يۆلەك بولۇشۇپ ھايات - ماماتى ئىچىدە تىرىشىپ - تىرمىشىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ ئۆتكەن ئىكەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تاڭ نۇرى پۈتۈن دۇنيادىكى ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە ئۈمىد ۋە غەيرەت بەخش ئەتتى. نۇرغۇن ئىلغار ياشلار ھەقىقەت ئىزدىشىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن لېنىن رەھبەرلىك قىلغان، دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ ئىنتىلەتتى. مانا شۇ مەزگىللەردە دادام تاغىسىغا ئەگىشىپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بۆشۈكى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى يېتىملار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەخمەتجان نادىرى ياكى ئەخمەتجان مەخمۇدى دەپ ئاتالماي، دادىسىدىن كىچىك قالغاچقا ئاپىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. زېھنى ئۆتكۈر، تىرىشچان دادام بىر تەرەپتىن كىنوخانىلاردا تازىلىق ئىشچىسى، بېلەت ساتقۇچى بولۇپ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن جاپاغا چىداپ ئۆگىنىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان. 1937 - يىلدىن باشلاپ قازان ۋە موسكۋادىكى ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئالغان. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستىك ئىدىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، ئۇلۇغۋار غايە ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە تىكلىگەن.

دادام ئەخمەتجان قاسىمى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ۋەتىنىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە ئازادلىق كۆرىشىگە ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە 1942 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. بۇ چاغ دەل مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ «ئىلغار»لىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلىۋاتقان، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا مەخپىي ئېتىپ، شىنجاڭ خەلقىنى تالان - تاراج قىلىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. دادام ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېڭ شىسەينىڭ قارا قولىغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئىككىنچى تۈرمىگە يالاپ ئەكىلىپ سولاندى. خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان مۇستەھكەم ئىرادىگە ئىگە دادام ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئىنتايىن قاتتىق قىيىن قىستاقلارغا بەرداشلىق بەردى. بۇرنىدىن قۇيۇلغان لازا سۈيى، بەدىنىنى داغلىغان قىزىق تۆمۈرلەر ئۇنى ھەرگىز تەۋرىتەلمىدى. ئۇ تۈرمىدە جاۋ مىڭدى ئىسىملىك بىر كوممۇنىزمچى بىلەن بىللە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ،

شىڭ شىسەينىڭ ساقچىلىرىغا قارشى كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغان. (جاۋ مىندى ئىسىملىك بۇ ئىنقىلابچىنى كۆپ ئىزدىدىم. بىراق ئەينى ۋاقىتلاردا شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە سولانغان ئىنقىلابچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ مەخپىي ئىسىم قوللانغان ئىكەن. يېشىقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا جاۋ مىندى دېگەن بۇ ئىسىممۇ ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئېيتىشلاردا جاۋمىندى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دېيىلگەن. شۇڭا مەن كۆپ ئىز-دىگەن بولسامۇ جاۋ مىندىنى تاپالمىدىم.)

قىيناش بىلەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن شىڭ شىسەي باندىتلىرى دادامنى باش ئەگدۈرەلمەي ئاخىرى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. دادام تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ باردى. ئۇ غۇلجىدا ئەينەكچى قىياپىتىدە ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. خەلقنىڭ قوزغىلىپ، ئۆز ئۈستىدىكى زۇلمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ئۈچۈن، ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى. يوشۇرۇن ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى.

1944- يىلى توققۇزىنچى ئايدا ئىلىدا گومىنداڭ-نىڭ زۇلمىغا قارشى خەلق قوراللىق ئىنقىلابى پارتلىدى. گومىنداڭنىڭ چېرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئارمىيىسى تۇشمۇ-تۇشتىن ئەجەللىك زەربىلەرگە دۇچ كېلىپ، خۇددى ئۇر-ئۇرغا ئۇچرىغان چاشقاندەك پاتپاراقلىشىپ سەپمۇ-سەپ چېكىندى. دادام بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىدە مۇدىر-لىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلق قوراللىق قوشۇ-نىنىڭ كۈرىشىگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى.

1945- يىلى ئونىنچى ئايدا مىللىي ئارمىيە غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان گومىنداڭ ئارمىيىسىگە زەربە بېرىپ، ماناس دەريا-سىنىڭ قىرغىقىغا قەدەر قوغلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق ئەجەللىك زەربە ئاستىدا ئامالسىز قېلىپ، ئاخىرى تىنچلىق سۆھبىتى ئۈستىلىگە كېلىشكە مەجبۇر بولدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگو زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن سى-چۈەندە مارلاپ ياتقان جياڭ جيېشى 1945- يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون تۆت، يىگىرمە ۋە يىگىرمە ئۈچىنچى كۈنلىرىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭغا ئۈچ قېتىم تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ يەنئەندىن چۇڭچىڭغا كېلىپ، گومىنداڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشىنى تەكلىپ قىلغانىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ روفى قاتارلىق يولداشلارنى ئېلىپ، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىياسىي مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى خېرلىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يەنئەندىن چۇڭچىڭغا تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدى. قىرىق ئۈچ كۈنلۈك جىددىي تالاش-تارتىش ئارقىلىق ئاخىرى «ئونىنچى ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى» ئىمزالاندى. ئونىنچى ئاينىڭ ئون بىرىنچى كۈنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭنى يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى چۇڭچىڭغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسىلا، جاڭ جيېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شىنجاڭدىكى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ۋەقەنى تىنچ بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن شىنجاڭغا قاراپ ئۇچۇپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ئىچكىي رايونلاردا يۈز بەرگەن ۋاقىتلىق تۇرغۇن «ئامانلىق»لارنى بىر تەۋەمچىپ

قىلىشنى تاشلاپ قويۇپ، شىنجاڭدىكى ۋەقەنى ھەل قىلىش سۆھبىتىگە كەلگەنلىكى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكىنى ۋە جاڭ جىيېشىنى قاقشاتقۇچ ئالاقىزادە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

1945 ـ يىلى ئونىنچى ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، رەخىمجان سابىرھاجى، ئۇبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق رەھبەرلەر دەسلەپكى سۆھبەتنى باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش، جىددىي تالاش ـ تارتىش، ئۆزئارا «تېپىشقا ئۇتۇش»لار ئارقىسىدا خەلق دېموكراتىك كۈچلىرىنىڭ غالىبىيەت مېۋىسى بولغان «مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن رايونلاردىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشلارنى تىنچلىق ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى كېلىشىمى» يەنى «ئونبىر بىتىم» 1946 ـ يىلى بىرىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىمزالاندى. يەنە قوشۇمچە ئىككى ھۆججەت ئىمزالاندى. 1946 ـ يىلى ئالتىنچى ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يىگىرمە بەش نەپەر خادىمدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىندى. ھۆكۈمەت رەئىسلىكىنى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى دادام ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان شەھىدى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشى بىر باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈپ، ۋاقىتلىق تىنچلىق بارلىققا كەلدى.

دادام گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە ئاران ئوتتۇز بىر ياش ئىدى. ئوتتۇز ئىككى يېشىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولدى. دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن دادام ۋە باشقا ھۆكۈمەت ھەيئىتى بولۇپ كىرگەن ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى ئۆز ئائىلىلىرىنى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ، گومىنداڭ بىلەن بولىدىغان «قانۇنلۇق» كۆرەشلەرنى قانات يايدۇردى. خەلق ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلىرى بولسا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ئابورون ئىگىلەپ يېتىپ، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان يېڭى شەكىلدىكى كۆرەشلىرى ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئارقا تېرەك بولۇپ تۇردى.

1946 ـ يىلى ئون بىرىنچى ئايدا جاڭ جىيېشى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىر تەرەپلىمە ھالدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، نەنجىڭدە قورچاق خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ كۆپ قېتىم دەۋەت قىلىشى ئارقىسىدا دادام شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ۋە باشقا ۋەكىللەر بىلەن بىللە نەنجىڭدە ئېچىلغان «خەلق قۇرۇلتىيى»غا باردى. گەرچە قۇرۇلتاي جەريانىدا، دادام ئەخمەتجان قاسىمى جياڭ جىيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ «ئىلتىپاتى»غا ئېرىشكەن، گومىنداڭخۇي ھەيئەت رىياسەتكە ئەزا بولۇپ تەيىنلەنگەن، ھەمدە جياڭ جىيېشىنىڭ چوڭ ئوغلى جياڭ جىڭگونىڭ ھەمرالىقىدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنى ئالدايدىغان بۇ قۇرۇلتاينىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى بانا قىلىپ ئەمەلىيەتتە گومىنداڭخۇيغا قاتناشمىغان. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى، دادام ئەخمەتجان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەخپىي يوسۇندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا بېرىپ، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلىغان ۋە پىكىر ئالماشتۇرغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى ئۈتۈنگەن. نەنجىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى يولداش

دۇڭ بىۋۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن رادىئوگراممىچى پىڭ گۇەننى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. دادام ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باشقا ۋەكىللىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ خادىمىنى گومىنداڭنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئۆتكۈزۈپ ئۈرۈمچىگە ساق-سالامەت ئېلىپ كەلگەن.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكى، ئەينى ۋاقىتتا دادام ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن خەلق ۋە تەشكىل ئىچىدە زور ئابرويغا ھەم ئۇلارنىڭ چوڭقۇر ھېمايىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىدىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز، يوشۇرۇن ياكى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلمايتتى. بۇ خىل ئىچكى ئىتتىپاقلىق، يۈكسەك بىرلىك ۋە مۇستەھكەم ئىنتىزام ئەينى ۋاقىتتىكى كۈرەش ئېھتىياجى، يەنى چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلىچ بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت جىددىي ئەمەلىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىدى.

مەن 1985-يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىن ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا كاتىۋات خىزمىتىنى ئۆتەپ، يولداش دۇڭ بىۋۇنىڭ يېنىدا تۇرغان، ھازىرقى مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۇڭ شياۋپېڭنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەنجىڭدە ئېچىلغان گومىنداڭ «قۇرۇلتىيى» جەريانىدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇ شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ نەنجىڭدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ ۋاقىتتا باشقارمىمىزغا تۆت نەپەر يولداش كەلدى. بىرى دادىڭىز ئەخمەتجان، يەنە بىر يولداشنىڭ ئىسمى ئابباسوپ ئىكەن. قالغان ئىككىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇلار دۇڭ لاۋ بىلەن ئۇزۇن ۋە قىزغىن سۆزلەشتى. شۇ چاغدا ئۇلار بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىزنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلغان ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە ئالاھىدە ھەسسە قوشقان ئىدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پىڭ گۇەننى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىدى».

1947-يىلى ئەتىيازدا جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى «10-ئۆكتەبىر تىنچلىق كېلىشىمى»نى ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇزۇپ، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشادىكى ئىنقىلابىي بازىلارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ زامانىۋى قورال-ياراقلار بىلەن تەمىنلىشى ئاستىدا خورىكى ئۆسۈپ قالغان گومىنداڭ ئارمىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىشقا ئۇرۇندى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى جاھىل ئۇنسۇرلىرى بۇنىڭغا ماسلىشىپ، «ئونبىر بىتىم»نى دەپسەندە قىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئايلاردا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئۈرۈمچىدە «يىگىرمە بەشىنچى فېۋرال» قانلىق ۋەقەسى ۋە «بەشىنچى مارت» نوپۇس تەكشۈرۈش تېررورلۇقىنى يۈرگۈزۈپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە زەھەرلىك چاڭگىلىنى سالماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇش ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي يوق قىلىندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق زوراۋانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى شۇ يىلى سەككىزىنچى ئايدا غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق قوراللىق ئىنقىلابىي كۈچلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يەنە بىر باسقۇچ ئۆرلىدى.

1948-يىلى سەككىزىنچى ئايدا دادام ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا يەتتە ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، گومىنداڭغا قارشى

كەڭ مىللىي بىرلىكسەپ بەرپا قىلىندى. دادام ئەخمەتجان قاسىمى بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كۈرەشنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

1949 ـ يىلى يازدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئىنقىلابى گومىنداڭ. جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاراڭلىق سىگنالىنى چالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئومۇميۈزلۈك ھالاكەتكە يۈزلىنىپ غەلىبە تاڭ نۇرى يورۇشقا باشلىدى.

سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى يولداش دېڭ لىچۈن، ليۇ شاۋچى، گاۋگاڭ، ۋاڭ جىشياڭلارنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۆھبىتىگە خىزمەتچى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، ۋەزىپىسىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن موسكۋادىن غۇلجىغا كېلىپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭگە كېلىپ يېڭى سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدىكى تەكلىپ خېتىنى تاپشۇردى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

«شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە، ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ، مەملىكىتىمىزدىكى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىقلار ئارقىلىق توققۇزىنچى ئاي ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ، بۇ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۈزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلەر پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى. سىلەرنىڭ كۈرەشلەر پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللەر سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشلەرنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار توققۇزىنچى ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ماۋ زېدۇڭ

1949 ـ يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى بېيپىڭ»

ئارقىدىن دادام ئەخمەتجان قاسىمى ئىلى پەۋقۇلئاددە رايونىنىڭ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە يولداش ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما يوللاپ تۆۋەندىكىچە جاۋاب قايتۇردى:

«پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ يېڭى سىياسىي كېڭەش تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى سۆيۈملۈك ماۋ زېدۇڭ ئەپەندىگە!

ئەۋەتكەن ئالاقىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. جانابىڭىز بىزگە قويغان مەسىلە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن ئارزۇ ـ تىلىكىدۇر. بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئۇتۇقلىرىنى پۈتۈن جۇڭگو، پۈتۈن دۇنيا ۋە پۈتۈن ئۆلكە ئازادلىقىنىڭ غەلىبىسى دەپ تونۇيمىز. شۇڭلاشقا بىز

ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمغا يازغان خېتى.

中國共產黨中央委員會

新疆伊寧特別區人民政府
阿哈買提江 先生：
我國反對帝國主義、封建主義、官僚資本主義及以蔣介石為首的國民黨反動統治的人民解放戰爭，即將取得全中國的勝利。包括全中國各民主黨派、各人民團体、人民解放軍各野战軍、各解放區、國內各少數民族及海外華僑在內的新的全人民

中國共產黨中央委員會

政治協商會議，經过慎重籌備之後，即將於九月內召開全体會議。此屆全体會議除制定全國人民政治協商會議組織法、選舉自己的全國委員會外，並須制定中華人民共和國中央人民政府組織法，選舉中央人民政府委員會。你們多年來的奮鬥，是我全中國人民民主革命運動的一部份，隨着西北人民解放战争的勝利發展，新

中國共產黨中央委員會

疆的全部解放已為期不遠。你們的奮鬥，即將獲得最後的成功。我們衷心地歡迎你們派出自己的代表五人，前來參加全國人民政治協商會議的全体會議。如蒙同意，請於九月上旬到達北平。謹此電達，並希賜復。

新政治協商會議籌備會
主任 毛澤東
一九四九年八月十八日 北平

ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ماۋ زېدۇڭغا يازغان جاۋاب خېتى.



جانابىڭىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە چەكسىز تەشەككۇر ۋە خۇرسەنلىكىمىزنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۆز ۋەكىللىمىزنى بىپىسىگە تەۋەتتىنغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن مەخسۇس رايون خەلق ۋەكىلى
ئەخمەتجان قاسىمى

1949 ـ يىل سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمىنچى كۈنى، غۇلجا شەھىرى»

دادام ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان ئىنتىلىپ ببرىلىۋاتقان كۈرەشنىڭ غەلبىسى يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىن قەلبىدىن خۇشاللاندى ۋە سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى ئىسھاقبېگ مونونوپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇگۇرباييوپ، لۇ جى، غېنى كېرىمۇپ، ئابدۇرېشىت ئىمىنوپ، ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يەنى ئاپامنىڭ ھامىسىنىڭ ئوغلى كانۋاي ۋە مەخپىي ھۆججەتلەر كاتىپى ئون توققۇز ياشلىق ئوسمانجان ناسىرى قاتارلىق سەككىز نەپەر خادىم بىلەن غۇلجىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايروپىلانىغا چۈشۈپ بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بەختكە قارشى سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە بايقال كۆلى ھاۋا بوشلۇقىدا ھادىسىگە يولۇقۇپ قازاغا ئۇچرىدى.

ئۇلارنىڭ جەسىدى 1950 ـ يىلى ئۈچىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجا شەھىرىگە ئېغىر مۇسىبەت ۋە ئېچىنىش ئىچىدە ئېلىپ كېلىندى.

ۋاپات بولغان چاغدا دادام تېخى ئوتتۇز بەش ياشتا ئىدى. مۇشۇ ئايروپىلان ۋەقەسىدە بىز ئائىلىمىزدىكى ئىككى نەپەر قېرىنداشىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئۇلار ۋەتەن، خەلق ۋە ئىنقىلاب يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلدى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دادام ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئارزۇ قىلغان مۇددىئاسى دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ ئەمەلگە ئاشتى.

دادام ھايات بولغان بولسا ھازىر يەتمىش ئۈچ ياشقا كىرگەن بولاتتى. ئۇ ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق مەزگىلىدە دادامنىڭ شانلىق ئوبرازى، پەخىرلىك نامى ھەر خىل زەھەرخەندىلىك بىلەن قىلىنغان ھۇجۇملارغا ئۇچرىدى. ھەتتا ئۇ ھايات ۋاقتىدا تىنىمسىز كۈرەش ئېلىپ بارغان بەزى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى مەيدانىدا تۇرۇپ قىلغان ھاقارەتلىرى بىر مەزگىل بەزى بىر بازارلارنى ئىگىلەپ تۇردى. لېكىن، ھەقىقەت ئىگىلىنىدۇ، سۇنمايدۇ. بىز ماركسىزمچىلار شەيئىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇقتىشىي نەزىرى بويىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئەينەن ئەھۋال، تارىخىي شارائىت، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلەردىن ئايرىلغان ھالدا مەلۇم بىر خىل ئېھتىياج يالغۇز ئەنئەنىۋى فورمۇلىلارنى چىقىش ئۇقتىسى قىلىۋالىدىغان بولساق، جۇڭگو تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئورغۇن ۋەقەلەرنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز. جۈملىدىن كۆزىمىزگە «رەڭلىك كۆزئەينەك» تاقىۋېلىپ شەيئىلەر ئۈستىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، ئاغزىمىزغا كەلگىنىچە بىلجىرلايدىغان بولساق، توغرا بولماي قالىدۇ.

دادام ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بىر نەۋرە كىچىك دادام ئوسمانجان ناسىرلار دۇنيادىن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. لېكىن ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات! خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىدا كۆرسەتكىنىدەك: «ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدى. بۇ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېگ، يولداش ئابدۇكېرىم، يولداش دەلىلقان ۋە يولداش لۇ جىلار مەڭگۈ ھايات»

دادام ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابىي رەھبەرلەر قۇربان بولغاندىن كېيىن ئەۋەتىلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئىچىدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭكىدىن باشقا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو يەن زۇڭلىسى، مەملىكەتلىك

سىياسىي كېڭەش، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مىللىي ئىشلار ھەيئىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئايرىم- ئايرىم ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى بار. بۇ تەزىيە تېلېگراممىلىرى ئوتتۇز يىللاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانىلارنىڭ ئەسكە ئېلىشى ئۈچۈن مەن پەقەت بۇلارنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو يېڭى زۇڭلىسى يولداش جۇ ئېنلەينىڭ تەزىيە تېلېگراممىسىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن.

«شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىدىكى يولداشلارغا:

شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېگ، شىنجاڭدا تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى يولداش ئابدۇكېرىم، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەللىقان ۋە شىنجاڭ جۇڭگو- سوۋېت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدىن يولداش لۇ جىڭلار شىنجاڭ خەلقىغا ۋەكالىتەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن 1949- يىلى ئوتتۇزىنچى ئايدا بېيجىڭگە كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى قۇربان بولدى. بۇ، شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن زور بىر يوقىتىش، ھۆرمەت بىلەن مۇشۇ تېلېگراممىنى يوللاپ چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

بىزنىڭ ئورتاق تىرىشىشىمىز بىلەن، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ داۋاملىشىشىنى ۋە جارى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو يېڭى زۇڭلىسى: جۇ ئېنلەي

1949- يىلى ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى كۈنى»

مەن، ھەدەم ۋە ئاپام مەرھۇم دادامنى سېغىنىپ ياد ئەتكەن چاغلىرىمىزدا ھەمىشە ئاشۇ تېلېگراممىلارنى ئوقۇپ تەسەللىي تاپىمىز. بىر ھەر قېتىم دادامنىڭ رەسىمىگە ھۆرمەت ۋە ئىھتىرام بىلەن تىكىلگىنىمىزدە، دادام بىزگە ئىللىق، مېھرىبان چىرايى بىلەن كۈلۈمسىرەپ، بىزنىڭ ئۇ چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلغان بەختلىك دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمىزدىن سۆيۈنۈپ قاراۋاتقاندەك، بىزگە ئۆزى تېخى قىلىپ بولالمىغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشنى تاپىلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

روھىڭىز خاتىرجەم بولسۇن دادا، مەن، ھەدەم ۋە ئاپام سىز غايىڭىزدە تەسەۋۋۇر قىلغان ئاشۇ يولدا ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ھېچنەرسىمىزدىن ئايانماي ئىشلىمەكتىمىز ۋە ئىشلەيمىز.

(بېشى 238- بەتتە)

رامدىكىن دەيمەن، — دېدى غەيۇر ئاستاغىنە.

يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۆيدىن ئاڭلىنىۋاتقان مەشھۇر تانسا مۇزىكىسى — «دوناي ۋالسى»نىڭ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مېلودىيىسى بۇ بىر جۈپ قىز- يىگىتنى مەيدانغا چۈشۈردى. ئاققىز غەيۇرنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ، ۋالىسقا لەرزان چۆگىلەتكىنىچە، بوش ئاۋازدا سورىدى:

— سىز مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمسىز؟

غەيۇر بېشى بىلەن ئاينى ئىشارەت قىلىپ، مۇلايىم ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئۇنىڭدىن سوراڭ.

ئاققىز ئايغا قارىدى. نۇرانە تولۇنئاي بۇ بىر جۈپ قىز- يىگىتنىڭ بۇ پىنھان باغچىدىكى ئۈزگىچە ئۇسلۇبقا ئىنگە مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلىغا زوقلانغاندەك، بۇ باغچىغا تەبەسسۇم بىلەن باقماقتا ئىدى.




(داستان)

رەحىم قاسىم

تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچە ئېنىق كۆرۈنىدۇ،
زۇلۇم قانچە كۈچەيسە، خەلق شۇنچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.
— ئەخمەتجان قاسىمى

بىرىنچى باب

ئۇ ۋە ئۇلۇم

بۇ — قىرىق يەتتىنچى يىلنىڭ ياز پەسلى،
تەبىئەت پەردەك ئاچقان گۈلچىراي.
ياسانغان ئۈرۈمچى.
گۈزەل ھۇسنىدىن
كۈندۈزى كۈن خىجىل، تۈندە تولۇنئاي.
ئەخمەتجان ياشايدۇ مۇشۇ شەھەردە،
شەھەرنىڭ قىسمىتى — ئۇنىڭ قىسمىتى.
شىددەتلىك كۈرەشتە ئۆتكەن ھەركۈنىنىڭ،
تىيانشان تېغىدەك ۋەزنى — قىممىتى.
ئەخمەتجان تۇرىدۇ بىر ئىمارەتتە،
سىمونتنىڭ رەڭگىدەك كۈلرەڭ تاملىرى.
ئەسلىتەر قارىغاينىڭ يېشىللىقىنى،
قاڭالتىر چېدىرى، ئىشىك - راملىرى.
سەھەردە، دېگەردە دېرىزىلەردە،
شەپەق قىزىلگۈلدەك چاقنىسا مەغرۇر؛
ئۇلاردىن گۈگۈمدىن سۇبھىگە قەدەر،
ئاقىدۇ لامپۇچكا چاچقان ئالتۇن نۇر.

ئەتراپى قورشالغان ئەنجان تام بىلەن،
ئەنجىۋەن نامى بار بۇ قەدىم جاينىڭ.
ئۇ گويا چىرايلىق يېشىل زۇمرەتتى،
ئۈرۈمچى خاباسى — كەڭ تاشلىق ساينىڭ.
ئۇ تولغان تەبىئەت كۆركى — زىننىتى —
رەڭدار گۈل - گىياھقا، دەرەخكە - تالغا.
يېشىللىق دۇنياسى — بۇ يېشىل كۈلدە،
ئاشۇ ئۆي تۇرىدۇ ئوخشاپ ئارالغا.
ئەخمەتجان ياشايدۇ ئەنە شۇ ئۆيدە،
بۇ ئۇنىڭ يېگى بىر فرونت - جەڭگاھى.
ۋە بەلكى ئۈرۈمچى جەڭگاھ دېيىلسە،
بۇ ئۇنىڭ جەڭگاھقا تىككەن بارگاھى.
ئۇن ئاشقان نىسپىدىن،
باسقان ئەتراپنى.
قاغا قانتىدەك قاپ - قاراڭغۇلۇق.
شەرققە قارىغان ئىككى دېرىزە،
ئۇنى قوغلىغاندەك چاچاتتى يورۇق.

چوڭ يېزىق ئۇستىلى ئۈيىنىڭ ئۆرىدە،
ئۇستىدە دەستىلەپ تىزىلغان ھۆججەت.
بۈگۈنكى گېزىت بار ماي پۈراپ تۇرغان،
بار بۇندا ھەر ياڭزا كونۇرىتلەردە خەت.
ئەخمەتجان كورمەكتە ئۇنى بىر - بىرلەپ،
يۈگۈرتۈپ قۇرلارغا ئويچان كوزىنى.
گويا ئايلاندۇرۇپ بىسى قايرىلماس،
ئۆتكۈر بىر خەنجەرگە زىھنى كۈچىنى.
كورمەكتە بۇلاردىن پۈتكۈل شىنجاڭنى،
بەئەينى ئەينەكتە كورگەندەك روشەن.
ئىنىقكى، ۋەزىيەت ئىنتايىن ئېغىر،
يېڭى بىر ئاپەتكە ھامىلدار دۈشمەن.
ئۇلار ئىنقىلابنى بوشۇكىدىلا
بوغۇشنى قەستلىدى،
قىلىپ باقتى جەڭ.
ئىنقىلاب كەلكۈندەك يامراپ كەلگەندە،
تىكتى قۇيرۇقنى، بولدى ھالى تەڭ.
گويا پۈتى كويگەن توخۇغا ئوخشاش،
تىپچەكلەپ ئامامەن قالدى بى ئامال.
كوردى ئەجەلنى ھومىيىپ تۇرغان،
ئالدىدا دەھشەتلىك قاراڭغۇ ئىقبال ...
نا ئىلاج قول قويدى «نويابىر بىتىم» گە،
ھالاكەت بېشىغا ئەھدىت سالغان ياۋ.
ئىنقىلاب ئامبورى بوغۇپ گېلىدىن،
جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ياۋ.
ئارىدىن ئۆتمەستىن تېخى ئىككى يىل،
ياۋ يەنە مەيدانغا چىقتى چىش بىلەپ.
گوياكى ئەجدادى ئالۋاستى سۈپەت،
چىقتى تىنچ ھاياتقا ھالاكەت تىلەپ.
ئۈرۈمچى شەھرىدە ئوت ئاي ئىلگىرى،
ئۆتكەزدى «فېۋرال نامايىشى» نى.
كوردى ئەل دۈشمەننىڭ بۇ نامايىشتا،
ئوينىغان كۈلكىلىك تاماشىسىنى.
ئەنە شۇ ئاتالمىش نامايىشچىلار،
شەھەرنى بىر مەھەل باشقا كىيىشتى.
ئولكىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا،
قوترىغان ئىتلاردەك بېسىپ كىرىشتى.
قاپلىدى سامانى ئوق - دورا ھىدى،
كەزدى تىمىسقىلاپ ھەرياننى ئەجەل.
كەڭ ھويلا، ھەتتاكى ئىشخانا بىنا،
تىرۇرلۇق ئىلكىدە قالدى بىر مەھەل.
ئەخمەتجان بۇ يەردە — يېغىن زالىدا،
ئۇراتتى ئەھۋالنى كوزىتىپ تەمكىن.
رەھبەرگە خاس خىسلەت — ئۇنىڭ خىسلىتى،
ئۇ ئىدى ھەم دانا، ھەم قەيسەر — كەسكىن.
كورسەتتى ئەخمەتجان بۇ جىددىي چەڭدە،
ھەقىقىي جەڭچىدەك جاسارىتىنى.
كورسەتتى ئالانتىلىق سەركەردىگە خاس،
يۈكسەك شىجائىتى — ماھارىتىنى.
بۇ زالدا بار ئىدى ئۈز سەپداشلىرى،
بار ئىدى شۇنداقلا دۈشمەن - رەقىبى.
دوست، دۈشمەن - ئىككىسى ئىككى خىل دۇنيا،
قاچانمۇ بول قويغان بىرسىگە بىرسى؟!
دوستلارنىڭ كوزىدە غەزەپ يالقۇنى،
رەقىبلەر يۈزىدە مەسخىرە - زاڭلىق.
بۇ يەردە ئايرىلغان ئېنىق چەك چېگرا،
خەلققە كىم دۈشمەن.
ۋە كىم چىن سادىق.
مانا بۇ تىنچسىز زال ئەخمەتجان ئۈچۈن،
بۈگۈنكى يېڭى بىر جەڭ مەيدانىدۇر.
بۇندا كىم تەدبىرگە - پاراسەتكە باي،
ئەنە شۇ غەلبىدار مەرت - مەردانىدۇر.
ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنى،
ئالدى ياۋ قورشاۋغا،
بەك جىددىي ھالەت.
بەتلەكلىك ئاپانچا، تەڭلەكلىك نەيزە،
ئۇراتتى ئولۈمدىن بېرىپ بىشارەت.
سوزلىدى دۈشمەننىڭ بىر كاتىپبىشى:
«ياكى جانغا ئۇرغىن،
ياكى تەسلىم بول!
ئۈز ئەركىڭ، تاللىماق قايسىبىرىسىنى،
ئالدىڭدا بار پەقەت مۇشۇ ئىككى يول! ...»

ئەجەلنىڭ كۆزىگە دادىل تىك قاراپ،
سۆزلىدى غەزەپتە قەيسەر ئەخمەتجان.
سۆزلىدى ھايات ھەم ئۆلۈم ھەققىدە،
قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ ئوتلۇق ھاياجان:
«تۇرمۇشتا يېڭىلىق ئەمەستۇر ئۆلۈم،
ئۇ مەۋجۇت قايسى چاغ بارالدى ئىنسان.
ئادەم ۋە ھاۋادىن مىراس، دەيدۇ ئەل،
بۇ ئۆلۈم شۇ ئۇزاق تارىختىن نىشان.
سىر ئەمەس بۇگۈنكى ئادىمزاتقا،
ئۆلۈمدۇر ھاياتتا ئاخىرقى كۆرۈم.
زىددىيەت قانۇنى يازغان مۇنداق دەپ:
ھاياتلىق ئىچىدە ياشايدۇ ئۆلۈم.
تەساۋۋۇر قىلالماس ئالەمدە ھېچكىم،
ئۆلمەستىن ئەبەدى ئۆمۈر كۆرۈشنى.
ۋە لېكىن ھەر ئادەم ئاللاشقا ھەقلىق،
قانداقچە ياشاش ھەم قانداق ئۆلۈشنى.
بەزىلەر ئۆلىدۇ ئىت ئۆلۈمدە،
قوغلىشىپ بىر ئۆمۈر نەپسانىيەتنى.
خەلقنىڭ بېشىدا چاقىدۇ ياڭاق،
قىلىدۇ دەپسەندە ھەق ـ ئادالەتنى.
بەزىلەر ئەنە شۇ نائەھلىلەرنىڭ،
قولىدا بولىدۇ كالتەك ـ چومىقى.
تاۋۇتى كەينىدىن ئەل چاچار توپا،
غوجىسى غۇلىسا چىقار جۇلقى.
بەزىلەر تاجۇ ـ تەخت پېيىدا ئۆلسە،
بەزىلەر ئۆلىدۇ مال ـ دۇنيا ئۈچۈن.
بۇ تەخلىت ئادەملەر ئۆز ھاياتىدا،
يوقاتقان ئادەملىك خىسلەتنى پۈتۈن.
ئۇلار نەزىرىدە يوق ئەسلا خەلق،
ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئۆزى بار پەقەت.
خەلقنىڭ شادلىقى ئۇلارغا ماتەم،
ئۇلارنىڭ شادلىقى خەلققە ئاپەت.
ۋە لېكىن، بىز غالىپ ئىنقىلابچىلار،
ياشايمىز خەلققە بولۇپ نەقدرداش.
بىز گويا گۈل ـ گىياھ؛
... خەلقتۇر ـ تۇپراق...

سۇ بەرگەن نەھرىمىز، نۇر چاچقان قۇياش.
قەلبىمىز ئۇرىدە ياشايدۇ خەلق،
ياشايمىز بىزمۇ ھەم خەلق قەلبىدە.
خەلققە بېغىشلاش مەڭگۈلۈك بەخت،
بىزدىكى مۇقەددەس، ئۇلۇغ ئەقىدە.
تەييار بىز ھەر قانداق قۇربان بېرىشكە،
مەيلى تومۇرلاردىن ئۇرغۇپ ئاقسۇن قان.
ئاتايمىز ھەممىنى خەلقىمىز ئۈچۈن،
ۋە مەيلى بۇ يولدا پىدا بولسۇن جان.
ئۆلۈمنى يېڭىدۇ ئىنقىلابچىلار،
قورقۇش يات ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە.
ئۆلۈمگە تىز پۈكۈپ، چۈشۈرمەيدۇ داغ،
ئۆزىنىڭ پاك خىسلەت ـ پەزىلىتىگە.
ئوتتۇزدىن ئەمدىلا ھالقىدى يېشىم،
كۆز سالسام مانا بۇ قىسقا ئۆمرۈمگە.
خەتەرلىك يوللارنى ئاز باسقىنىم يوق،
دۇچ كەلدىم بىر ئەمەس تالاي ئۆلۈمگە.
ھېلىمۇ ئۆلۈمنى پەش قىلىپ سەنلەر،
ئۇرۇسەن ھەيۋەڭنى ئىشلىتىپ ماڭا.
ئاڭلاپتۇر، بۇ مېنىڭ ھەققانىي سۆزۈم،
ئۇنتۇلماس بىر ساۋاق بولسۇن بۇ ساڭا.
مەن بىر ئەخمەتجاننى ئۆلتەرسەڭ بۈگۈن،
چىقىدۇ ئىز بېسىپ كۆرمىڭ ئەخمەتجان!
خەلقنىڭ قولىدا قىساس خەنجىرى،
ئالىدۇ سەنلەردىن چوقۇم جانغا ـ جان!
ئىنقىلاب ۋۇلقانى پارتلىدى ھەيۋەت،
يەتمەيدۇ توساشقا ھېچكىمنىڭ قۇربى.
كەلدى قىيامىتى مۇستەبىتلەرنىڭ،
تەڭداشسىز بۈيۈكتۇر خەلق قۇدرىتى.
بۇ قۇدرەت ئالدىدا سەن ئەي زالىملار،
تىترىگىن، بېشىڭغا كەلمەكتە زاۋال!
ئۆلۈم بىزگە ئەمەس،
مەنسۇپتۇر ساڭا.
بىز مەڭگۈ بەرھايات، بىزنىڭ ئىستىقبال!»
مانا بۇ قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ،
قەلبىدىن ئۇرغۇغان ئوتلۇق خىتابى.

کەسکىن دەقىقىدە دۈشمەنگە بەرگەن،
ئەجەللىك زەربىسى - كۈچلۈك جاۋابى.
بۇ زەربە دۈشمەنىنىڭ بېشىغا گويا،
ئۇرۇلدى بازغاندەك، قاچتى ئەس - يادى.
يىيىلىپ چاۋىسى چىتقا،
هالاكەت —
قاراڭغۇلۇققا تولدى كۆز ئالدى.
تەكشىدىن ئېيتقاندا بۇ نامايىشنى،
قول سىلىپ قوزغىغان ئەمەس باشقىسى.
بۇ پەقەت گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ،
زۇڭلىسلىك ئاتالغان كاتتا باشلىقى.
دەل مۇشۇ زۇڭسىلىڭ بولغان ئەسلىدە،
قانلىق نامايىشنىڭ ھىمات - هامىسى.
نامايىش مىسالى بىر بوۋاق بولسا،
ئۇ بولغان بوۋاقنىڭ كىندىك ئانىسى.
ۋە لېكىن بۇ بوۋاق كۆز ئاچا - ئاچماي،
ئۇنجۇقۇپ ئۆلدى - دە، كەتتى لەھەتكە.
بۇ رەسۋا ئويۇننىڭ باش رېژىسسۇرى،
بەدنىيەت زۇڭسىلىڭ قالدى لەنەتكە.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىغىن زالىدا،
زۇڭسىلىڭ ئەھۋالنى كۆردى بەك ئېنىق.
ئۇ كۆردى سۇيىقەستنى يىغىشتۇرمىسا،
بېشىغا پالاكەت كېلىشى تەھقىق.
چۈنكى، دەل شۇ تاپتا پۈتكۈل ئۈرۈمچى،
قوزغالغان غەزەپتە دۈشمەنگە قارشى.
تىترىتىپ يەر - كۆكنى سالغان لەرزىگە،
ئىسيانكار خەلقنىڭ جەڭگىۋار مارشى.
ئۆزىنى چاغلىماي شىلىنىڭ ئاتقاچقا،
بۇرنىدىن ئىلىندى بۇ نادان تۈلكە.
شۇڭلاشقا ئۆزگەرتتى شۇم ھىيلىسىنى،
ئويىندى يۈزىدە مۇغەمبەر كۈلكە.
ئۇ ئاقلاپ ئۆزىنى سۆزلىدى ئۇزاق،
چىقاردى ھەممىنى ئۇقۇشماسلىققا.
دېدى: «مەن زۇڭسىلىڭ بولىمەن كېيىل،
مۇنداق ئىش قايتىدىن ئۇچۇلماسلىققا.»
تىكىش باسىمايدىغان ئۆلۈك - تەتۈر سۆزىنى،
بىر تاغار سۆزلىدى كەتكىچە هالى.
لېكىن، ئەخمەتجانغا ئاشۇ جەرياندا،
بىر نەزەر تاشلاشقا يەتمىدى چامى.
زۇڭسىلىڭ بىر ھەرىبى،
يەنە كېلىپ ئۇ
كاتتا بىر گېنېرال - ئۈسكەن ئۇرۇشتا.
جاڭ جېيشى ئالدىدا تاپقان ئىناۋەت،
كوممۇنىزمغا قارشى ئۇرۇشتا.
ئۇ كۆرگەن ئۆمرىدە تالاي ئۆلۈمنى،
ئۆزىمۇ ئۆلۈمگە دۇچ كەلگەن كۆپ رەت.
ھايات ۋە ئۆلۈمنىڭ ئىلىشىشىنى،
ھەممىدىن مۇپەسسەل كۆردى بۇ نۆۋەت.
تاڭ قالدى ئەخمەتجان ۋۇجۇدىدىكى،
پولاتتەك ئىرادە، مەردانە روھقا.
ئۇ گويا ئوخشايتتى بۇلۇتلار يىرىپ،
ئەرشكە ئۆرلىگەن جەسۇر سۇمۇرۇغقا.
سۇمۇرۇغ نەزىرىدە ئەسلا ئۆلۈم يوق،
چۈنكى ئۇ تۇرەلگەن ئوتتا — يالقۇندا.
ئەزەلدىن قورقۇش يات تەبىئىتىگە،
چۈنكى ئۇ ئاۋلانغان بوران - چاپقۇندا.
زۇڭسىلىڭ چۈشەندى: مۇنداق قەيسەرنىڭ،
ئالدىدا مەغلۇپتۇر ئۆلۈم ئانەبەت.
ئاشكارە ئوق ئېتىش مۇنداق سورۇندا،
جەزمەن كەلتۈرىدۇ ئېغىر ئاقىۋەت.
ئۇ پۈكتى كۆڭلىگە ئۆزگىچە پىلان،
(ياۋ شۇنداق يارالغان تەبىئىتىدىن.
بىقىلغان چېلىشقا تويمىغىنىدەك،
تۈلكىچە كەچمەيدۇ شۇم نىيىتىدىن.)
كىتابخان، ئۇ ئۆزگەن سۇيىقەست پىلانىنى،
ئۆۋەندە قىلىمەن تەپسىلىي بايان.
زۇڭسىلىڭ رەسۋا بوپ يوقالدى ئۆيىدىن،
ئەمما كۆڭلىسىدە شۇملۇقى ئايان.
ئەخمەتجان ئىمزاسىز بىر خەتنى ئاچتى،
يېزىلغان ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ ئوچۇق:
«يەنە بىر سۇيىقەستكە ئۇتۇش قىلدى ياۋ،
ئاجىزمەن ياردىلى ھەممىنى تولۇق.

شۇندىمۇ قىسقىچە يەتكۈزەي سىزگە،
ئىخچىمۇ ھوشىيارراق بولۇڭ ھەر قاچان.
چۈشتى پېيىگىزغا بىر يامان قاتىل،
قاتىللىق بابىدا جاھىل ھەم نادان.
ئۇنى ئىشقا سالدى جىگساجۇي ھازىر،
قولىدىن كېلىدۇ ھەممە يامانلىق.
تىلىكىم: پىشكەللىك يەتمىگۈن سىزگە،
يار بولسۇن ھەر زامان تىنچلىق - ئامانلىق!»
ئەخمەتجان ئويلىدى بۇ خەتكە قاراپ،
نەقەدەر سەممىي ھەر جۈملە - سۆزى.
قانچىلىك ھېلىگەر بولسىمۇ دۈشمەن،
يەنىلا ئۇتكۈردۇر خەلقىنىڭ كۆزى.
بۇ خەتنىڭ ئىگىسى جىگساجۇيدىندۇ،
بولمىسا، بۇ سىرنى بىلىشى قىيىن.
جىگساجۇي دېسىلا تىللايدۇ ھەر كىم،
ئۇندىمۇ ياخشىلار يوق ئەمەس لېكىن.
بۇ ئادەم جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ،
يېزىپتۇ بۇ خەتنى ھالال نىيەتتە.
مۇنچە زور خەتەرگە باسامدۇ ئاياغ،
بولمىسا بىز بىلەن ئورتاق مەقسەتتە؟!
ئىخ خەلقىم، كارامەت ئېسىل دۇنياسەن،
مېھرىبان ئانىدەك ئېزىز، غەمگۇزار.

ئوخشاتسام قەلبىڭنى كەڭرى ئاسمانغا،
ئاسمانمۇ ئالدىڭدا كۆرۈنىدۇ تار.
مېھرىڭنىڭ تەپتىنى دېسەم گەر قۇياش،
قۇياشمۇ ئۆزگىرىپ تۇرار ھەر پەسىل.
سەن ئۈچۈن قىش، باھار، ياز ھەم كۈز ئوخشاش،
ئۆت پەسىل تۇرسەن ئۆزگەرمەي بىر خىل.
سەن قالغان ئاقكۆڭۈل پەرزەنتىڭ ئۈچۈن،
چەكلەيسەن، ئۆرتەيسەن ياتلار قەستىنى.
سەن پانا بولغاچقا يىگىتلەر مەرتلەر،
ھاياتىنىڭ نى ئېغىر مۇشەققىتىنى.
بۈگۈنمۇ مانا بۇ ناتونۇش ئادەم،
يېزىپتۇ نامىڭدىن بۇ خەتنى ماڭا.
ئىخ، خەلقىم مەن كۆردۈم سەندىن كۆپ شەپقەت،
ئېيتقانغا ئۆتكەمدۇ رەھمىتىم ساڭا! ...
... ئەخمەتجان ئويلىدى ئەنە شۇلارنى،
قەلبىدە ھاياجان ياسىدى ئۆركەش.
ئەقىدە باغلىغاچ جاپاكەش خەلقى،
بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا چەكسىز زور ئىشەنچ.
ئورغاندا مۇشۇنداق قەھرىمان خەلق،
مەغلۇپتۇر ياۋ ئۆزگەن قەستىنىڭ ھەر بىرى.
خەلقىنىڭ دۇنياسى چۈنكى بۇ دۇنيا،
خەلقىنىڭ ئىلكىدە تارىخ تەقدىرى!

## ئىككىنچى باب — سۇيىقەست

مانا بۇ جىگساجۇي جايلاشقان بىنا،
بەئەينى بۆرىنىڭ ئۇۋىسى - ئىنى.
بۇ يەردە چىش قايرىپ ئورغاندەك ئەجەل،
كۆز سالغان ھەر كىمنىڭ جۈغۈلدار تېنى.
بۆرىنىڭ ئۇۋىسى دېگەندىن كۆرە،
ئىچكەركى گۇر دېگەن ئەڭ مۇۋاپىق نام.
ئۇ يۇرتتى - بەپ كەتتى بىھېساب جاننى،
ھېلىمۇ يۇتۇشنى قىلماقتا داۋام.
بۇ بىنا ئىچىدە - باشتىكى ئۆيدە،
ئولتۇرار زاجىگسا دېگەن ئەمەلدار.
ئۇ — ئۆيغۇر،
ۋە لېكىن نامى غەلىتە،

ئۇيغۇردا نەدىمۇ مۇنداق ئىسىم بار؟!
ئۇ ياكى زاكىردۇ، ياكى زاھىتتۇ؟
ئۇيغۇرلار ئات قويسا، قويىدۇ شۇنداق.
ئاتىسى قويغان ئات (ئەزەن قىچقىرىپ)،
بۇ يەردە ھەممىگە نامەلۇم بىراق.
چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ئېيتىپ بەرمىگەن،
ئۇيغۇرچە ئىسمىنى بىرەر كىشىگە.
ئىسمىنى سورىساڭ،
دەيدۇ: «زاجىگسا!»،
كەلمەيدۇ تىلىمۇ بۇندىن ئۆزگىگە.
«جىگسا»نىڭ مەنىسى «ساقچى» دېگەن سۆز،
گىراماتىكىدا بۇ پەقەت سۈپەت.

لبكن ئۇ قوللانغان ئىسىم ئورنىدا،
ئاپماقچى ئېخىمۇ زور ئىشەنچ ـ شۆھرەت.
كىتابخان، بۇنىڭغا بولمىغىن ھەيران،
بەزلەر چاندۇ ئۆيغۇرلىقىدىن.
ئاتىسى ـ ئانىسى ئۆيغۇر تۇرۇقلۇق،
تاندۇ ئۆيغۇردىن توغۇلغىنىدىن.
ئۇلارنىڭ چىنىشى ـ ئېنىشلىرىدا،
بولسىمۇ خىلمۇ خىل بانا ۋە سەۋەب.
ۋە لبكىن، يىلتىزى ـ تۈپ ئاساسى بىر،
جىمىكى سەۋەبنى چىقىساڭ يەكۈنلەپ.
ئۇلار نەزىرىدە ئۆز مىللىتى يوق،
يوقتۇر مىللىتىگە قىلچە مۇھەببەت.
بۇ خىل ئادەملەرگە يۈز يىل ئىلگىرى،
ئېنگلىس مۇنداق دەپ ياغدۇرغان نەپرەت:
«ئۆز مىللىتىنى سۆيمىگەن ئادەم،
سۆيمەيدۇ ھېچ قاچان باشقا مىللەتنى.»
لېنىنمۇ ئۆزىنىڭ ئەبرلىرىدە،
قاتتىق ئەيىبلىگەن بۇ خىل ئىللەتنى.
گېنىئال داھىلار تەلىماتلىرى،
بىز ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك بۈگۈن.
ھەقىقەت مىزانى دەۋرىمىزنىڭ ئۇ،
بىباھا ئەڭگۈشتەر دائىم بىز ئۈچۈن.
كىتابخان، ئېيمىدىن چەتنىدىم ئازراق،
ئەپۇ قىل، باشتىكى سۆزگە قايتايلى.
ئۆزنى زاجىڭسا دېگەن ئىكەن ئۇ،
ئامال يوق بىزمۇ شۇ نامدا ئاتايلى.
زاجىڭسا ئولتۇرار دىۋاندا سورلۇك،
گويا قاپىقىدىن يىغىپ تۇرار قار.
مۇنداق ئولتۇرۇشنى ھۆمەيگەن بۇتقا،
ئوخشۇتۇش ئادىتى ئەل ئىچىدە بار.
بىراق، بۇت باشقا گەپ،
ئادەم باشقا گەپ،
بۇت سورلۇك بولسىمۇ ئەگمەس زەرىرى.
خۇدايا، ساقلىغىن بۇت ئادەملەردىن،
سانجىشقا تەييار دۇر زەھەر نەشتىرى [illegible]
مانا بۇ زاجىڭسا قاتۇرماقتا باشى [illegible]

يىگى بىر سۆيىقەستتىن پايدا بۇلۇشقا.
توپۇلاڭدا قانداق توغاچ ئوغرىلاپ،
لاي سۇدا قانداقچە بېلىق تۇتۇشقا ...
ئەسلىدە، زۇڭسىلىڭ تۆت ئاي ئىلگىرى،
چاقىرغان ئۆيىدە پىنھان بىر يىغىن.
قارالغان مەسىلە جىددىي بولغاچقا،
ئۆتكەن بۇ يىغىن سۆيىھىگە يېقىن.
زاجىڭسا جىڭساجۈي جۈيجاڭى بىلەن،
بولغان شۇ يىغىندا باشتىن ئاخىرى.
يىغىلغان بۇ يەرگە زۇڭسىلىڭ ئۈچۈن،
جان پىدا باشلىقنىڭ ئۆگەل بارلىقى.
سۆزلىگەن زۇڭسىلىڭ جان ـ جەھلى بىلەن،
سۆزلىگەن ئوغسى قىزىق گەز ئۆرلەپ:
«...شۇنچە كۆپ ئادەمنى قىلىپ سەپەرۋەر،
ئۇلارغا شۇنچىلىك تۆرغۇن پۇل خەشلەپ،
ئۆتكۈزگەن فېۋرال نامايىشىدىن،
پىرقىمىز ئېرىشتى نېمە پايدىغا؟!
ئەكسىنچە، زىيان چوڭ،
كورىدىۇ ئېنىق،
ھەر كىم بۇ سوئالنى قويسا ئالدىغا.
ئەسلىدە بىزنىلى ئوغرىلىرىغا،
پىرقىمىز كۆچىنى تونۇتماق بولغان.
ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ،
قىرقىپ يىلتىزىنى قۇرۇتماق بولغان.
ئەپسۇسكى، بۇ يەردە تۇرغان بەزلەر،
مۇشۇ چوڭ ئىشتىمۇ قىلدى كالۋالىق.
ئۇلارنىڭ دۆتلىكى ـ ئەخمەقلىقىدىن،
يۈز بەردى ئاقىۋەت ئېغىر خاتالىق.
نامايىش قوشۇنى كىرە ـ كىرمەيلا،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چوڭ قورۇسىغا.
ئىلى ئوغرىلىرى قوزغاپ خەلقنى،
توپلىدى ئەنگۈەننىڭ دەرۋازىسىغا.
تاس قالدى كۆيدۈرۈپ دەرۋازىنىمۇ،
شەھەرنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرگىلى.
نامايىشنى ئەھلىتىنى مەسئۇل ئىلتىۋقاي، قىلىپ [illegible]
چاشقان قوغلىغاندەك قوغلاپ يۈرگىلى. [illegible]

بىزدىكى بەزىلەر،
سىيىل سىرتىدا
ھېچقانچە ئىش يوقتەك جىم ـ جىتتەك ئالەم.
يۈرۈشتى خاتىرجەم،
مۇنداق بىر ئىشنى
ئويلىنىپ باقمىدى بىرەرمۇ ئادەم:
مۇبادا سىپىلنى قورشىسا خەلق،
قانداق زور ئاپەتنىڭ تۇغۇلۇشىنى؛
خەلق ئارقان بولۇپ،
ھەممىز گېلى
ئەنە شۇ ئارقاندا بوغۇلۇشىنى.
دېگەندەك يۈز بەردى شۇ ئېغىر ھالەت،
ئاز قالدۇق سالغىلى يولنى لەھەتكە.
ئائىلاج ئارقاتتىم نامايىشنى مەن،
يەتمەستىن كۆزلىگەن ئەسلى مەقسەتكە.
ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى،
تەسلىم قىلىش ئىدى دەستلەپكى قەدەم.
كۆنمىسە تامامەن يوقاتماق بولغان،
بۇ ئىدى بىزدىكى چىن ئەھدۇ ـ قەسەم.
ئەكسىنچە، ئۇرۇشتا قورال تاپشۇرۇپ،
ئەسىرگە چۈشكەندەك تەسلىم بولدۇق بىز.
كۆپچىلىك ئالدىدا يۈزىمىز قالماي،
ئىزا ـ ئاھانەتتىن تىرىك ئۆلدۇق بىز.
ئەخمەتجان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن،
دەھشەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى شۇ ھامان.
ھەر سۆزى چېقىندەك چۈشتى باشلارغا،
ھەر سۆزى يۈرەكنى قىلدى زەرداپ ـ قان.
ئويلىسام شۇ سۆزنى مانا ھازىرمۇ،
كەلگەندەك قىيامەت، تىترەيدۇ تېنىم.
ئۇيۇلار بىردىنلا توختاپ قالغاندەك،
تومۇردا جۇش ئۇرۇپ ئاققان بۇ قېنىم.
ئەخمەتجان كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى،
يەر بىلەن يەكسەن قىپ، ئىززىتىم ئۆكتى.
ئۆمرۈمدە مەن تېخى ئاڭلاپ باقمىغان،
ئەڭ ئېغىر سۆزلەر بىلەن [illegible] سۆكتى.
ئۇ بىلىپ قويسۇنكى [illegible]

مەن تۇغۇلغاندا،
ئەزىمەت تۇغۇلدۇم، دەپ ماختانغان ئاتام.
تۇغۇللۇق نامىمنى يۈتكەۋېتىمەن،
ئالمىسام ئۇنىڭدىن قىساس ـ ئىنتىقام!»
زۇڭسىلىڭ سۆزلىدى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
بىراۋنى سەتلىدى،
بىراۋنى ئىللاپ.
بىراۋنىڭ يۈتىغا قويۇپ ھۆل خىشنى،
بىراۋنى ئۇچاردى كۆپتۈرۈپ ـ ماختاپ.
بۇ يەرگە جەم بولغان كاتتىباشلارنىڭ،
ئالغان نەسىۋىسى ئوخشاش بولمىدى.
ئاپەت قوشى قونسا بىراۋ بېشىغا،
بىراۋنى غەم باستى ـ ئىشى ئوڭمىدى.
يېڭى بىر سۆيىمەستكە بولۇپ ھامىلدار،
ئۆگدى سۆيىمگە يېقىن بۇ يىغىن.
جىڭساجۇي جۇيجاڭى ھەم زاجىڭسانى،
زۇڭسىلىڭ ئېيپ قالدى يىغىندىن كېيىن.
ئۈچەيلەن قالغاندا بۇ ئۆيدە پىنھان،
زۇڭسىلىڭ تەپسىلىي بەردى يوليورۇق:
«...ئەخمەتجان — بىز ئۈچۈن چوڭ ئاپەت،
ئۇنى —
مەخپىي ئۆلتۈرمەكتىن ئوڭۇشلۇق يول يوق.
ئۇ — ئۇيغۇر،
شۇڭلاشقا بۇ ۋەزىپىنى
ئۇيغۇرلار زىممىگە ئالغىنى ئەۋزەل.
قاتىلمۇ ئۇيغۇردىن بولۇشى كېرەك،
شۇ ئۇيغۇر ئۆزى قول سالغىنى ئەۋزەل.
ئۇيغۇرنىڭ خۇي ـ پەيلى بەلگىلىك ماڭا،
ئۇلارنى ھەر كويغا سالماق بەك ئاسان.
ئېتىقاد ـ ئادىتى،
ئۆتمۈش ـ ھازىرى،
ھەممىسى بەش قولدەك ماڭا خوپ ئايان.
چەنلۇڭ خان ئۇيغۇرنى باشقۇرغان چاغدا،
ئىشلەتكەن كارامەت ئەقىل ـ پاراسەت:
ئۇيغۇرنى ئۇيغۇرغا تىغ كۆتەرگۈزۈپ،
ئاردىن نەپ ئېلىپ، [illegible]

چەنلۇڭنىڭ تەدبىرى،
مىسلى ئادەتكە.
ئايلانغان تۇلاردا كۆپ چاغدىن بېرى.
شۇڭلاشقا تۇزئارا تۇتەلمەي ئىنىق،
كوچلاپ تىنمايدۇ بىرنى - بىرى.
مۇنداق بىر مىللەتمۇ سورالامدۇ يۇرت؟!
ياق، ھەرگىز!
تۇلاردا يوق بۇ خىل قۇدرەت.
بىھۇدە تۆككەن قان، بەرگەن بەدىلى،
شامالغا سورۇلۇپ تۇگەيدۇ پەقەت.
بىردەملىك ئەسەبىي ھەرىكەت مەھسۇلى،
تۇلارنىڭ قوزغىغان ئىنقىلابلىرى.
تۇگەيدۇ ئىنقىلاب،
تۇگىمەس مەڭگۇ
تۇزئارا زىددىيەت - ئىختىلاپلىرى.
شۇڭلاشقا ئىيتىمەن:
بۇ ئىلىشىشتا،
ھامانەم بىز غالىپ، بۇنىڭدا شەك يوق.
بۇگۇنكى پىلانغا باش قاتۇرساقلا، -
چىقىدۇ بۇ ئىشمۇ چوقۇم ئۇتۇقلۇق.
زاجىڭسا، سىز قالتىس ئەزىمەت يىگىت،
سىزدە بار كارامەت ئەقىل - ماھارەت.
مەخپىي تۇلتۇرۇشتە تەجرىبىڭىز مول،
سىزدە بار پىرقىغە يۈكسەك ساداقەت.
پىقىر كۆپ ئويلىنىپ بۇ ۋەزىپىنى،
سىزگە تاپشۇرۇشنى كۆردۈم مۇۋاپىق.
ئالىسىز يۇقىرى مەرتىۋە، ئىنئام،
بۇ ئىشتا ياراتقان تۆھپىگە لايىق ...»
ئاسمانغا يەتكەندەك بېشى خۇشلۇقتىن،
زاجىڭسا يوقاتتى ھوشىنى ھەتتا.
زوڭسىلىڭ تۇنىڭغا تۇزى كۆتمىگەن،
كارامەت ئامەتنى قىلغاچقا ئاتا.
زاجىڭسا شۇ ھامان ئوقۇدى رەھمەت،
زوڭسىلىڭ كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتقا.
تەلىپى مۇنچىلىك-توك كىلەرىنى [illegible]
تۇ ئويلاپ [illegible]

شۇڭلاشقا باسالماي ھاياجانىنى،
ئىسسىق ياش قاپلىدى ھەتتا كۆزىنى.
ئىنزھارلاپ قۇللارچە تەبىئىتىنى،
ئېيتتى تۇ تۇزىنىڭ يۈرەك سۆزىنى:
«...بىر ئادەم يېزىپتۇ مانا مۇنداق دەپ:
خەنزۇلار بىر قورساق ئاكام بولىدۇ.
ئاكام دەپ ئاتىسام بۇلار بەك كىچىك،
مەن ئۇچۇن ئاتام ھەم ئانام بولىدۇ.
تۇيغۇردىن توغۇلۇپ قاپتىمەن، ئىسىت!
ۋە لېكىن، خەنزۇچە ئىتتىم بار سىزدەك.
باشقۇرۇش جەھەتتە بۇ تۇيغۇرلارنى،
يەتكىدەك تەجرىبەم - دىتىم بار سىزدەك.
پىرقە ئېھتىياجى ھەممىدىن ئۇستۇن،
شۇ سەۋەب، بەزىدە بولىمەن مەجبۇر،
رايىم تارتمىسىمۇ زورلاپ تۇزەمنى،
تۇزگىلەر ئالدىدا ئاتايمەن تۇيغۇر.
بۇگۇنمۇ سىز مېنى مۇشۇ نام بىلەن،
ۋەزىپە تۇتەشكە كۆرۈپسىز ماقۇل.
سىز مېنىڭ مۇرەببىم - بېشىم سىلىغان،
مەن سىزگە ۋاپادار، ساداقەتلىك قۇل.
ئىشىنىڭ، ئاقلايمەن ئەقىدىڭىزنى،
مەقسەتكە يېتىشكە ئىشەنچىم كامىل.
تۇت توك - توك تۇيغۇرنىڭ توپىلىڭىدىن،
بۇلاتتى ئاخىرى نېمىمۇ ھاسىل؟!
ئەخمەتجان ھەددىدىن ئېشىپ شۇ قەدەر،
كەلتۇرگەن بولسىمۇ شەنىڭىزگە داغ.
ئىشىنىڭ، ئالىمەن قىساسىڭىزنى،
كەتمەيدۇ بۇنىڭغا ئانچە تۇزۇن چاغ.
تۇت تەڭگە پۇل بەرسە ھەرقانداق قاتىل،
تۇرمايدۇ مىللىتى، دىنىنى ئويلاپ.
تۇرمايدۇ دۇچ كەلسە ئەگەر خەتەرگە،
ھەتتاكى تۇزىنىڭ جېنىنى ئويلاپ.
تاپىمەن تۇيغۇردىن شۇنداق قاتىلنى،
سالىمەن بۇ ئىشقا تۇستىلىق بىلەن.
ھوشيارلىقلە- [illegible]
جۈندەيمەن ھەممىنى پۈتخىلقى [illegible]

ساماننڭ ئاستىدىن سۇ يۇگرەتكەندەك،
ئىشلەيمەن،
سەزمەيدۇ ھەتتاكى خۇدا.
ئەخمەتجان قولۇمدىن چىقالمايدۇ ساق،
قىلمەن جىننى تىندىن جۇدا...»
زاجىگىسا دىۋاندا ئولتۇرۇپ بۇ دەم،
ئەسلىدى ئەپسلىي ئاشۇ سۇھبەتنى.
ئەسلىدى، ئامەتنىڭ دەرۋازىسىنى،
ئۆزىگە كەلگەن ئاچقان ھىكمەتلىك پەيتنى.
بولسىمۇ بۇ سۇھبەت ئوت ئاي مۇقەددەم،
ئۇبۇلار ئۇنىڭغا ھازىر بولغاندەك.
ئۇبۇلار كەلگۈ قۇچاق ئىچىپ ئالدىدا،
تاجۇ-تەخت، شان-شۆھرەت كۈتۈپ تۇرغاندەك.
مانا شۇ ھىرسلىق بەنت قىلدى ئىشقا،
بىلمىدى ئارامنى ئوت ئاي ئىچىدە.
ئۇنتۇدى ھەتتاكى كەيپۇ - ساپانى،
بۇ— بىر يۈز يىگىرمە كۈندۈز - كېچىدە.
زۇلگىسلىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئۇ،
ئىشلىدى ئىنتايىن ئىجتىھات بىلەن.
تەق بولدى ھەممە ئىش،
پۈتتى تەييارلىق،
شۇنداقمۇ ئۇ ئوبلار ئېھتىيات بىلەن.
قاتلىمۇ تىپلىدى كۆڭۈلدىكىدەك،
پىلانمۇ تۈزۈلدى ئېنىق - ئەپسلى.
بولىدۇ ھەل قىلغۇچ ھەرىكەت بۈگۈن كەچ،
بۇ كەچتە ھەرىكەتنىڭ پۈتكۈل تەقدىرى.
ئىش پۈتسە ئۇتۇغلۇق،
ئەھمىق ئۇ چاغدا.
ئاشىدۇ ئەمەلگە ئارزۇ - غايىسى.
مۇبادا ئۇچىرىسا مەغلۇبىيەتكە،
شۈبھە يوق، كېتىدۇ چوقۇم كاللىسى.
شۇڭلاشقا ئۇ ھازىر چۆكۈپ خىيالغا،
زىددىيەت ئىچىدە تالاشماقتا جان.
كۆڭلىدە ھۆكۈمران خىلمۇ خىل ھالەت [illegible]
خۇشاللىق ۋە قايغۇ [illegible]

ئىشەنچ ۋە گۇمان.
شۇنداقمۇ بىر ئىشتىن ئەمىن بۈركىي:
بۇ ئىشنى سەزمىدى ھەتتا ئىنىسى - جىن.
ئىنىسى - جىن بىر ياقتا تۇرسۇن ۋە بەلكى،
خۇدانىڭ بۇ سىرنى بىلىشى قىيىن.
بۇ ئىشەنچ مۇھەررەدەك نۇر ناپ دىلغا،
ئۇ شۇنداق ئەمەنتا قويدى ئۆزىگە.
شۇڭلاشقا خەتەرنىڭ ئەڭ خەتىرنى
كۆرمىدى،
كۆرسىمۇ ئىلماي كۆزىگە.
ئۆزىنى بەك چىچەن بىلگەن بۇ ئادەم،
ئەپسۇسكى ئىزىنى يوشۇرالمىدى.
خۇدانى ئالدىماق بولغاندى ئۇ،
ئەقەللى، بەندىنى ئالدىيالمىدى.
ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك، دىگەن ماقال بار،
ئېمىمۇ قۇتۇلغان ئەلنىڭ كۆزىدىن؟!
زەڭ سالساڭ، سىربالغۇز سۆزىدىن ئەمەس،
كۆرۈنەر ھەر كىمنىڭ كۆزى - يۈزىدىن.
چۈشەنمەي بۇ ئاددىي ھەقىقەتنىمۇ،
بەزىلەر ئۆزىنى سانار دانا دەپ.
ۋەلېكىن، يوشۇرغان روھىي دۇنياسى،
ئۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرار مانا دەپ.
شۇڭلاشقا بەدىنىيەت، ساختىپەزلەرنى،
كىشىلەر ئاسانلا بايقىۋالىدۇ.
قارمۇقنى يوغدايدىن شالڭۇتكەندەك،
تۇرمۇش ئەلگىكىدە تاسقىۋالىدۇ.
زاجىگىسا تەقدىرى بولدى مۇشۇنداق،
بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولالمايتتى ھەم.
ئەل كۆزى مىسلى كۈن،
كۈننى ئالقاندا
توسايمەن دېسىمۇ توسالمايتتى ھەم.
مانا بۇ ھۆكۈمنى ھاياتنىڭ ئۆزى،
بىرمۇ - بىر ئىسپاتلاپ ئۆتتى ئاقىۋەت.
ئۆزىنى ئەقىللىق سانىغان ياۋنىڭ [illegible]
بارلىقى [illegible]

## ئۈچىنچى باب ئىككى ئەزىمەت

جىڭساجوي جايلاشقان مۇشۇ بىنادا،
يەنە بىرى بولۇم بار نېرىقى چەتتە.
زاجىڭسا ئولتۇرغان ئۆي بىلەن بۇ ئۆي،
ئىككىسى ئوخشاشلا ئۇستۇن قەۋەتتە.
ئىككىسى ئوخشاشلا تەسكەي تەرەپتە،
كىلىدۇ ئارىسى ئوتتۇز بەش قەدەم.
ئىككى ئۆي ئوخشايدۇ قويۇپ قويغاندەك،
بىراق، بار ئۇلاردا ئىككى خىل ئادەم.
زاجىڭسا ئولتۇرسا بېرىقى ئۆيدە،
نېرىقى ئۆيدە بار رازۇۋۇتچىك غەيرەت.
ئىككىسى يەر - كۆكتەك قىلىدۇ پەرق،
ھەر كىمدە ئۆزگىچە ئادەت ۋە خىسلەت.
ئۆيلەرنى بىرخىلدا ياسىماق ئاسان،
ھەر قانداق بىناكار بۇ ئىشقا قابىل.
كەلدىمۇ ئالەمدە بىركىم قولىدىن،
خىلمۇ خىل ئادەمنى قىلماقلىق بىر خىل؟!
ھە، شۇنداق!
مانا بۇ ئوخشاش ئۆيلەردە،
ئۆرىدۇ ئىككەيلەن، ئىككى خىل قەلبى.
بىرسىنىڭ قەلبىدە پەقەت ئۆزى بار،
بىرسىنىڭ قەلبىدە بار ۋەتەن - خەلقى.
ئىككىسى ئوخشاشلا بىر مىللەت — ئۇيغۇر،
رەڭگىمۇ - ئۇرقىمۇ تامامەن ئوخشاش.
بىرسى مىللىتىدىن ئايىنغان - چانغان،
بىرسى مىللىتىگە سادىق، تەقدىرداش.
غەيرەتنى مانا بۇ جىن ئۇۋۇسىغا،
كەلتۈرگەن پەقەتلا بىر ئېھتىياج:
ئىنقىلاب شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەشەدە،
خىزمەت ئىشلىشىگە ئىنتايىن مۇھتاج.
بۇگۈنمۇ كەلدى ئۇ ئىشقا ئەڭ بۇرۇن،
(بار ئىدى ئۇنىڭدا ئەسلى بۇ ئادەت.)
ئەتراپقا بىر نەزەر سالدى،
چۆشەندى: [illegible]
بار ئىدى بۇ يەردە ئۆزگىچە ھالەت.

زاجىڭسا ھەر كۈنى كېلەتتى ۋاقىچە،
ھە، بۇگۈن ئۇراتتى ئىشىكى ئوچۇق.
لىپپىدە قارىدى غەيرەت ۋە كۆردى:
زاجىڭسا تەلەتى ئۇمسۇلە - ئۆتۈق.
يېقىنقى ئۆت ئايدىن بېرى زاجىڭسا،
قانداقتۇ بىر ئىشقا بولدى تامام بەنت.
بەزىدە يۈزىگە سايە سالسا غەم،
بەزىدە ئۆزىچە بولاتتى خۇرسەنت.
بەزىدە كۆزىدە ئوينىسا كۈلكە،
بەزىدە كېتەتتى قاپقى چۈشۈپ.
بەزىدە پارقىراپ قېتىۋالاتتى،
بەزىدە كېتەتتى ساقىلى ئۆسۈپ.
بولمىسۇن ئۇ قانداق ھالەتتە، لېكىن
يۈرەتتى ھەر دائىم ئالدىراپ - تىنەپ.
قارىغۇ ھاسسىنى تاپالمىغاندەك،
قانداقتۇر نەرسىنى يۈرەتتى ئىزدەپ.
دەستلەپتە غەيرەتمۇ بولدى ھەيران - لال،
ئۇنىڭ بۇ غەلىتە ئىش - ھەرىكىتىگە.
ئويلاندى، ئاخىرى يەتمەك بولدى ئۇ،
بۇ غەيرى ھالەتنىڭ تېگى - تەكتىگە ...
بىر كۈنى ئۇرمىنىڭ گۈنىدىپايىدىن،
ئاڭلىدى كۈتمىگەن مۇنداق خەۋەرنى:
«زاجىڭسا ئۇرمىدىن ئەچىقىپ كەتتى،
مۇددەتسىز كېسىلگەن قاتىل سەپەرنى!»
سەپەرنىڭ دىلۇسى ئېنىق غەيرەتكە،
ئۇ ئىدى ھەم نادان، ھەم جاھىل قاتىل.
مۇبادا، ئۇرمىدىن چىقىپ كەتسىلا،
تەس ئىدى ئۇنىڭغا ئۇرۇش تاقابىل.
زاجىڭسا ھەممىنى بىلىپ تۇرۇغلۇق،
نېمىشقا بۇ ئىشقا يول قويىدى ئەتەي؟!
ئۇ مۇنداق خەتەرگە باغلىمايدۇ بەل،
مەلۇم بىر غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكمەي.
بۇ نېمە غەرەزدۇ؟ [illegible]
ئويلىنىپ غەيرەت [illegible]

كه‌لدى كۆز ئالدىغا تۈرلۈك ئېھتىمال.
قايىل قىلالمىدى ھېچبىرى براق،
يه‌كۈن چىقىرالماي قالدى بىئامال.
سه‌ۋه‌بى، سه‌په‌رنىڭ پۈتكۈل تارىخى،
ئۇنىڭغا سىر ئه‌مه‌س، ۋه به‌لكى ئايان.
چۈنكى بۇ تارىخنى سه‌په‌رنىڭ ئۆزى،
ئۇنىڭغا بىر ئه‌مه‌س قىلغان كۆپ بايان.
ته‌كىتىدىن ئېيتقاندا سه‌په‌ر قه‌شقه‌ردىن،
ئاندىكى بىر نامرات يېزا دېھقىنى.
ئۇ ئىدى سه‌رخىلى ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ،
قىلاتتى مه‌ھلىيا ھه‌ركىم دىلىنى.
بار ئىدى بۇ قه‌بىسه‌ر، ئىشچان يىگىتنىڭ،
ئۆمۈرلۈك ئامرىقى ئۆرىمان ئاتلىق.
ھۆسنىدىن تولۇنئاي بولاتتى خىجىل،
تاڭدىكى لالىده‌ك گۈزه‌ل، سۇمباتلىق.
قاپ ـ قارا كۆزلىرى بۇلاقته‌ك تىنىق،
لېۋىدىن سۆز ئه‌مه‌س تۆكۈله‌تتى بال.
چۈشسه ئېقىمىغا سۇمبۇل چاچلىرى،
ئۇراتتى يارىشىپ مه‌ڭزىدىكى خال.
ئاده‌منىڭ دۈشمىنى — چىراي، دېگه‌نده‌ك،
گۈزه‌للىك ئۇنىڭغا كه‌لتۈردى ئاپه‌ت.
بۇ ئاپه‌ت بولدىكى شۇنچه زور، قاتتىق،
ئويلاشنىڭ ئۆزىمۇ كىشىگه ده‌ھشه‌ت.
بار ئىدى يېزىدا بىر زومىگه‌ر باي،
ئه‌يشى ـ ئىشره‌ت دېسه ھايۋاننىڭ ئۆزى.
تاشلايتتى ئىرغىتىپ شه‌رمۇ ـ ھايانى،
قىزنى بىر نه‌رسىگه چۈشسىلا كۆزى.
بىلسه‌ن، قىزلارنىڭ كۆزى قىزىلدا،
ئۇچىغا ئارتقاننىڭ بارلىقى قىزىل.
چاپىنى، كۆينىكى قىزىل بولمىسا،
يه‌نىلا بېشىدا ياغلىقى قىزىل.
ئۆرىمان پېيىگه چۈشۈپ ئاشۇ باي،
ھه‌يدىدى سه‌په‌رنى ئۇزاق ھاشاغا.
ئاشىقلار ئايرىلدى،
ئه‌مما دىل رىشتى، [illegible]
باغلاقلىق مۇستەھكه‌م. ئه‌[illegible]

ئۇن ئىدى ئىسپىدىن ئاشقان قار ئۇن،
ئۆرىمان ئۆيىقىدا ياتاتتى ته‌نھا.
باي كىردى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ده‌سسه‌پ،
توشقاننى ئوۋلىغان قاپلانده‌ك گويا.
ئۆرىمان ئۈستىگه تاشلاندى بۇ باي،
تۆكۈلدى ئايالنىڭ ئىپپه‌ت ـ نومۇسى ...
ۋه به‌لكى توزغاقته‌ك توزىدى ـ پۈتتى،
ئه‌قىده،
ئىستىقبال.
ئۈمىد ـ ئارزۇسى.
يارىغا ۋاپادار ئۆرىمان ئۈچۈن،
يوق ئىدى بۇنىڭدىن ئېغىر ھاقاره‌ت.
ئۇ كۆردى ھه‌تتاكى ئۆلۈمنى ئه‌ۋزه‌ل،
بۇ نومۇس ـ ئىزاغا قىلغۇچه تاقه‌ت.
تاشلىدى ئۆزىنى ئۆگه‌ن نورىغا،
ئۆمرىنىڭ زامىنى — ئاشۇ ئاخشىمى.
قالدى چاقپىله‌كنىڭ ئارىلىرىدا،
شۇ گۈزه‌ل جامالى ـ زىلۋا قامىتى ...
كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ، قه‌ره‌لى يېتىپ،
ھاشادىن سه‌په‌رمۇ ياندى ئاخىرى.
ۋه لېكىن يوق ئىدى ئۇزاتقان چاغدا،
بويىنىدىن قۇچاقلاپ سۆيگه‌ن ئامرىقى.
ئۇ ئاڭلاپ يارىنىڭ پاجىئه‌سىنى،
يه‌رتىلغاپ يىغلىدى،
كۆته‌ردى په‌رياد.
ئويۇلدى ئۇنىڭغا ھايات ئىقبالى،
شۇ گۈزه‌ل يار بىله‌ن بولغانده‌ك به‌رباد.
بىر قولى قۇرئاندا،
بىرىده خه‌نجه‌ر،
كۈننى شاھىد قىلىپ ئىچتى ئۇ قه‌سه‌م:
«ئالمىسام يارىمنىڭ ئىنتىقامىنى،
ئه‌ي خۇدا، سانىما سه‌ن مېنى ئاده‌م!»
ئۆرىمان جان، ئۆزگه‌ن ئۆنده‌ك قارا ئۇن،
كىردى باي ئۆيىگه روجه‌كتىن سه‌په‌ر.
ئۆيقىدىن كۆزىنى ئاچقىچه، [illegible]

تەشتى يۈرىكنى شۇ ئۆتكۈر خەنجەر.
بۇ خەنجەر شۇ ئۈندىن تارتىپ سەپەرنىڭ،
بولدى ئەڭ ۋاپادار، سادىق قولدىشى.
بىزىدا ـ شەھەردە باي دەپ تونۇلغان،
بىر تالاي ئادەمنىڭ ئۆزئۇلدى بىشى.
سەپەرنىڭ داۋلىسى ئىنتايىن ئاددىي:
كىم بۇزۇق قاتىلكەن ـ ئاشۇ ئادەم باي.
ئەكسىنچە، كىم بۇزۇق قاتىل بولمىسا،
قالىدۇ بايلىققا ئىگە بولالماي.
بايلارلى ئۆلتۈرۈش — ئۆز يارى ئۈچۈن،
ئالغانلىق بولىدۇ قىساس ـ ئىنتىقام.
ھەممە باي ـ سويمىسى بىر تال پەلەكنىڭ،
ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى — ئەل ئۈچۈن ئارام.
بۇ نادان، ساۋاتسىز دىھقان نەزىرىدە،
يوق ئىدى يەكۈنىنىڭ بۇندىن ئەلاسى.
شۇڭلاشقا قاتىللىق يولىغا مىگىپ،
بولدى ئەل ۋە يۇرتىنىڭ بالا ـ قازاسى.
ئاقىۋەت، ئۆتۈلدى مىگىبر تەسلىكتە،
تاشلاندى تۈرمىگە،
پۈتىدا كىشەن.
ئەسلىدە ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى ئۇ،
ۋە لېكىن، ساق قالدى بىر تەقدىر بىلەن.
سورىاقتا سەپەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى،
غەيرەتتە قوزغىدى زور قىزىقىشنى.
ئۆتىسمۇ ئاللىدىن كۆپلىگەن دىلۇ،
ئۇ ئەسلا كۈرمىگەن بۇ تەخلىت ئىشنى:
يار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغىلى سەپەر،
ئاللىغان قاتىللىق يولىنى پەقەت.
بايلارنى ئۆلتۈرگەن،
لېكىن، ئالمىغان،
ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنيا، پۇلىنى پەقەت.
مۇبادا، قولىغا چۈشكەندىمۇ پۇل،
نامراتقا ـ يوقسۇلغا بەرگەن تارقىتىپ.
بىگۇنا ئاجىزغا سالمىغان ئازار،
ئۆتمىگەن مۆمىنىي ناھەق قاخشىتىپ.
ئۇ قاتىل بولسىمۇ، بۇ قاتىللىقى،

تۇغۇلغان شەخسىي ئۆچ ـ ئىنتىقامدىن.
ئاشۇ باي تۇپەيلى بولغاچقا مەھرۇم،
ياردىن — بەختلىك ئىستىقبالدىن.
ئۇ قاتىل بولسىمۇ،
بۇ قاتىللىقى،
ئاڭسىز بىر دىھقاننىڭ تەلۋە قىلىقى.
ئۇ نادان، ساۋاتسىز، يوق ئىقتىدارى،
ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق قىلغىلى.
مانا بۇ يەكۈنى مۇقىملاپ غەيرەت،
چىقتى سوت زالىدا سەپەرنى ئاقلاپ.
ئۆزگەرتتى ئۆلۈمنى مەڭگۈ قاماققا،
قالدى ئۇ سەپەرنىڭ جېنىنى ساقلاپ.
ئەمدىچۇ؟ زاجىگىسا بوشاتقان ئۇنى،
بۇ ھېچكىم كۈتمىگەن تەسادىپى ھال.
چاقماق چېقىلغاندەك ئوچۇق ئاسماندا،
بۇ خەۋەر غەيرەتنى قىلدى ھەيران ـ لال.
شۇ كۈنى كەچقۇرۇن گۈگۈم چۈشكەندە،
ئۇ باردى لى يىگنى ئىزدەپ ئۆيىگە.
قەدىردان دوستىنى ئىززەتلەپ لى يىڭ،
ئۆتكۈزدى شۇ ھامان ئۆيىنىڭ تۆرىگە.
بۇ ئىككى ئەزىمەت ـ غەيرەت ۋە لى يىڭ،
بەر ئاستى تەشكىلات ئەزاسى ئىدى.
«كورەش» دەپ ئاتالغان بۇ تەشكىلاتنىڭ،
ئەزاسى ئىچىدە ئەلاسى ئىدى.
«كورەش» — قوللاپ ئىلى ئىنقىلابىنى،
ئۆرۈمچى شەھىرىدە قىلاتتى ھەرىكەت.
(قادالغان مىق ئىدى ياۋ كۆزىگە ئۇ،
شۇڭا ئەل ئىچىدە تاپقان ئىناۋەت.)
ئالاقە ئىشىنىڭ مەسئۇلى لى يىڭ،
تىنمىسىز كېزەتتى بۇ چوڭ شەھەردە.
ياسىنىپ شەكلىدە خولاڭزىچىنىڭ،
ئۇنەتتى نەدە ئىش چىقسا شۇ يەردە.
ئاجايىپ بىر كەسىپ خولاڭزىچىلىق،
ئۇ ماڭماس تارچۇق يوق، ئۇ كىرمەس ئىشىك.
ئەڭ چەتكى مەھەللە، خالتا كوچىنىڭ،
خولاڭزا يولىغا كۆزى تىككىلىك.

تەنزىسى بىر دۇنيا خۇلاگزىنچىنىڭ،
يىپ - يىڭنە، ئاياغدىن گازىرغىچە بار.
ماللارنىڭ تۈرلىرى، مودىسى ھەر خىل،
قەدىمى ئۆتمۈشتىن ھازىرغىچە بار.
تەشكىلات خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىدىن،
لى يىڭنى ئاتايىن قويغان بۇ ئىشقا.
ئىنقىلاب كۆپ پايدا ئالدى ئۇنىڭدىن،
لى يىڭنىڭ ئەجرىمۇ كەتمىدى بوشقا.
غەيرەت ئۆز دوستىغا ئېيتتى ئەپسلى،
سەپەرنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى.
قانداقتۇ بىر غەرەز تۇپەيلى قەستەن،
زاجىگىسا بۇ ئىشنى قىلغانلىقىنى.
سەپەرنىڭ رەسىمنى بېرىپ لى يىڭگە،
تەكتلەپ ئېيتتى تېز ئىزدەپ تېپىشنى.
سەپەرنىڭ ئىزىنى پايقىسا قاچان،
شۇ ھامان ئۆزىگە خەۋەر بېرىشنى.
ئارىدىن ئۆتمەستىن ئانچە ئۇزۇن چاغ،
غەيرەتكە لى يىڭدىن كەلدى ئاخبارات.
ئۇنىڭدا ھەممىسى يېزىلغان ئېنىق، ١
ئۇنىڭدا ئېيتىلغان تولۇق تەپسىلات:
زاجىگىسا سەپەرنى ئورۇنلاشتۇرغان،
سومۇگزا ئۇستىدە كىچىك سارايغا.
ئادەتتە شەھەرگە كەلگەن كارۋانمۇ،
چۈشمەيتتى چەت - ياقا كورۇپ بۇ جايغا.
ئىنىغا مۇكۇنگەن چاشقاندەك سەپەر،
دەسلەپتە ئۆيىدىن چىقارمىغان باش.
ئاشپەزنى چاقىرىپ ھېلىدىن - ھېلى،
بۇيرۇتقان بىر كۈندە نەچچە ۋاقلىق ئاش.
ئېچىرقاپ كەتكەندەك يىگىت توختىماي،
بۇ ئەھۋال ھەيرەتتە قويغان ھەممىنى.
ئاخىرى ئاشپەزمۇ تاقەت قىلالماي،
سورىغان سەپەرنىڭ تىگى - تەكتىنى.
ئاۋۇيلى، ھېچ نىمە دېمىگەن سەپەر،
بەئەينى كىبكەچتەك بولۇۋالغان جىم.
ئاشپەزمۇ ئارتۇقچە كوچىلىمىغان،
يۇرگەن ئۆز ئىشىنىڭ كويىدا ھەركىم.

كېيىنچە، ئاشپەزگە ئىچەكەشكەن ئۇ،
باغلانغان ئۆزئارا ئىشەنچ رىشتىسى.
كۈندىن - كۈن ئاشپەزگە بولغان نامايەن،
سەپەرنىڭ كەچمىشى - سەرگۈزەشتىسى.
سۆزلىگەن بۇ نادان، غەرەزسىز دېھقان،
قەشقەردىن ئۇرۇمچى تۈرمىگە قەدەر.
سۆزلىگەن جىگساجۇي مەخپىيىتىنى،
قىلمىغان ئاشپەزدىن قىلچىلىك ھەزەر.
(چۈشەنگەن ئادەملەر ئۈچۈن مەخپىيەت،
ئۆزىنىڭ ھاياتى — جېنىدىن قىممەت.
مەخپىيەت نادانىنىڭ ئاغزىغا چۈشسە،
كېلىدۇ ئۇنىڭدىن تەھقىق پالاكەت.)
ئەسلىدە جىگساجۇي قەتئىي مەخپىي، دەپ،
ئېيتقاننى ئاشپەزگە ئېيتىپ بەرگەن ئۇ.
ۋە لېكىن، يوشۇرۇن تەشكىلات ئۈچۈن،
.ئەڭ مۇھىم يىپ ئۇچى تېپىپ بەرگەن ئۇ.
شۇ ئاشپەز لى يىڭگە — خۇلاگزىنچىغا،
ھەممىنى سۆزلىگەن تەپسىلىي ئېنىق.
(ئەلۋەتتە ھەقىقەت خۇلاگزىنچىدىن،
ئالغان بىر تەسۋىگە يەتكۈدەك ھېقىق.)
سەپەرنى تۈرمىدىن بوشۇتۇپ چىقىپ،
زاجىگىسا كۆرسەتكەن ئىلتىپات - ئىززەت.
ئايرىمچە ئۆيىدە مېھمانخانىنىڭ،
ئۆتكۈزگەن ئۇنىڭغا ئاتاپ زىياپەت.
زاجىگىسا سەپەرگە ئېيتقان سورۇندا:
«ئۆتقۇندىن ئازادسەن بۈگۈندىن باشلاپ.
ۋە لېكىن، شەرتى بار بۇ ئازادلىقنىڭ،
كاملمەن، ئەھدىڭنى چىقسەن ئاقلاپ.
تۈرمىدە چىغىڭدا كەلدى بۇ پۇرتقا،
ئىلدىن بىر ئەرباپ — ئىسمىدۇر ئەخمەت.
ئۇ سېنىڭ يارىڭنىڭ قاتىلى بىلەن،
بولىدۇ ئۆز تۇغقان - يېقىن بىر جەمەت.
قاتىلنىڭ تايانغان بۇ تۇغقۇنىغا،
بولغاچقا ئۇلكىدە ئابرويى - يولى،
تايانغان ئۆزىگە باشپانا قىلىپ،
قەيەرگە ئۆزاتسا يەتكەچكە قولى.

مانا شۇ ئۇغقىنى سايىسىدا ئۇ،
بولغان بىر زورلاۋان يۇرتۇڭ قەشقەردە.
ئاپەتلىك قەدىمى يەتسە قەيەرگە،
شۇملۇق باش كۆتەرگەن ئەنە شۇ يەردە.
شۇڭلاشقا ئۇ سىنىڭ گۈزەل يارىڭنى،
ۋاقىتسىز ئۆلتۈرگەن، قىلىپ دەپسەندە.
سەندەك بىر ئابرويلۇق ئىسىل يىگىتنى،
ئەل - يۇرتىنىڭ ئالدىدا قىلغان شەرمەندە.
بۇ ئىزا - ئەلەمنى كۆتۈرەلمەستىن،
ئۆلتەردىڭ ئۇ باينى، ئالغىلى قىساس.
ئەگەر مەن بولسامۇ سىنىڭ ئورنىڭدا،
ئالاتتىم ئىنتىقام، ئىشەن، گېپىم راست.
بىز پەقەت جەمئىيەت بىسىمى بىلەن،
قامدۇق، سوتلىدۇق سىنى نائىلاج.
بىگۇنا تۈرمىدە ياتتىڭ تۆت يىلچە،
ھازىرمۇ بىز ساڭا يەنىلا مۇھتاج.
مەن ئويغۇر، سەن ئويغۇر، يارىڭمۇ ئويغۇر،
بىر بىزنىڭ دىنىمىز، تىلىمىزمۇ ھەم.
ئۇ ئەرباپ گەر ئويغۇر بولغىنى بىلەن،
ئوخشىماس دىلىمىز، يولىمىزمۇ ھەم.»
زاجىڭسا سۆزلىگەن: «ئۆلتۈرسەڭ ئۇنى،
ئۆمۈرلۈك پۇخادىن چىقىسەن تامام.
بۇ ئەرباپ يوقالسا،
سەن خۇش،
مەنمۇ خۇش،
يارىڭنىڭ روھىمۇ تاپىدۇ ئارام!»
بۇ سۆزلەر يارىغا تۇز سەپكەن كەبى،
قوزغىغان سەپەرنىڭ كونا دەردىنى.
ئۆزىگە ناتونۇش ئاشۇ ئەرباپتىن،
ئالماقچى بولغان ئۇ دەرھال ئەنتىنى.
زاجىڭسا توختاتقان ئۇنى بەك تەستە،
ھەم دىگەن: «بۇ سىرنى ئۆت قەتئىي مەخپى.
ھازىر سەن ياخشى يەپ، ئۆز ئەسلىڭگە كەل،
ئالدىڭدا ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پەيتى!»
ئەشۇ سۆھبەتتىن كېيىن پەيت كۈتۈپ،
سارايدا ئۆزىنى بورداپ ياتقان ئۇ.

زىرىكىش جىنىدىن جاق تويغۇزغاندا،
ئاشپەزنى دوست تۇتۇپ ئارام تاپقان ئۇ.
زاجىڭسا سۆزىگە قىلىپ ئىتائەت،
تىنچ ياتقان بولسىمۇ سارايدىن چىقماي.
ۋە لېكىن، ئاغزىدىن چىقىرۋەگەن،
ئۇ ئېيتقان سۆزلەرنىڭ بىرىنى قويماي.
يىقىندا تويۇقسىز بولغان ئۆزگىرىش،
ئاشپەز دىققىتىنى تارتقان بۇ ئەھۋال.
چىققان ئۆز ئۆيىدىن ئۈن - تىنسىز سەپەر،
ھەر كۈنى كەچ كىرىپ، چۈشكەندە زاۋال.
ۋە يانغان ئۆيىگە يېرىم كىچىدە،
يەنىلا ئۈن - تىنسىز قالغان ئۇ ئوخلاپ.
سورىغان ئۇنىڭدىن ئاشپەز ئاخىرى:
«ھەر كەچتە يۈرسەن كىملەرنى يوقلاپ؟»
چىچىلغان، بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەپەر:
«مەن يوقلاپ بارغىدەك يىقىنىم بارمۇ؟
بۇ يۇرتتا تىكەندەك يىگانە ئۆرسام،
جان كۆيەر جەمەتىم - ئۇغقۇنىم بارمۇ؟
زاجىڭسا تاپشۇردى غەلىتى ئىشنى،
ھەر كۈنى ئەنلياڭغا چاپقىنىم - چاپقان.
ئەنخۇايۇەن تىمىدىن ئۈزمەي كۆزۈمنى،
دالدا بىر گۇداڭدا ياتقىنىم - ياتقان.
بىلمىدىم، ئەمدىكى بۇيرۇقى نىمە،
نىملا بولسىدۇ، بولسىدى چاققان.
ئۆرتەيدۇ يۈرەكنى ئىنتىقام ئوتى،
خالاس بولارمەنكىن بۇ دەرتتىن قاچان؟!»
لى يىڭنىڭ ئەۋەتكەن بۇ ئاخباراتى،
تەشۋىش دېڭىزىغا ئاتتى غەيرەتنى.
ئىكراندا كۆرگەندەك بولدى ئۇ گويا،
يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئاپەتنى.
بۇ يەردە ئىزاھقا يوق ئىدى ھاجەت،
ھەممە ئىش شۇ قەدەر ئېنىق ۋە روشەن.
دىمەككى، ئەخمەتجان پىيىنغا چۈشكەن،
مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي دۈشمەن.
پارتلىسا قەلبىدە غەزەپ ۋۇلقىنى،
ئەندىشە بەرمەيتتى غەيرەتكە ئارام.

خىلمۇ خىل خىياللار چىرمايتتى ئۇنى،
ئەسلا كۆز يۇممىدى ئاشۇ كۈن ئاخشام.
ئەخمەتجان نامىغا مەخپىي يول بىلەن،
ئىمزاسىز بىر خەتنى ئەۋەتتى غەيرەت.
(كىتابخان، يادىڭدىن چىقمىغان بولسا،
ئالدىنقى بابتا سەن كۆرگەن مۇشۇ خەت).
ئۇ دەرھال ئاتلاندى جىددىي كۆرەشكە،
ئاتلاندى يوشۇرۇن تەشكىلاتمۇ ھەم.
سەپەرنىڭ ئىزىنى پايلاپ يۈرۈشكە،
قويۇلدى دەرمەھەل مەخسۇس بىر ئادەم.
ھەممىنى تەق قىلدى ئىنقىلابچىلار،
سەزدۈرمەي دۈشمەنگە قىلچە شەپىنى.
شۇندىمۇ شۇڭقاردەك ھوشيارلىق بىلەن،
ئۈزۈلتۈپ بۇگۈننى، كۈتتى ئەتىنى.
زاجىگسا ئىزنى كۆزەتتى غەيرەت،
زەڭ سېلىپ ھەرىكىتى - سۆزلىرىگىچە.
زەڭ سېلىپ كۆڭۈلنىڭ روشەن ئەينىكى،
چىرايى - يۈزلىرى، كۆزلىرىگىچە.
ھە، بۇگۈن زاجىگسا ئادەتتىكىدىن،
بەك بۇرۇن كەلگەن ئۇز ئىشخانىسىغا.
قانداقتۇر بىر شۇملۇق چوڭقۇر ئىز سالغان،
قاتمۇ - قات قورۇلغان پىشانىسىغا.
«بۇ كېچىك ئىش ئەمەس،—ئويلىدى غەيرەت،-
تەۋەللۇت ئالدىدا تۇرماقتا ئاپەت.
بۇ كېچە — ھەل قىلغۇچ جىددىي بىر كېچە،
بۇنىڭغا مىڭ ھەسسە ھوشيارلىق ھاجەت!»

## تۆتىنچى باب — يۇلتۇزلۇق كېچە

ئاسمان چىراغلىرى، نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
بۇ گۈزەل ئالەمنىڭ كۆركى - زىننىتى.
گەر ئۇلار بولمىسا، بەلكى تۈنلەرنىڭ،
ئاشمايتتى بۇ قەدەر قەدرى - قىممىتى.
بۇ تۈندە ئەخمەتجان ئۈستەل ئالدىدا،
يازاتتى يېڭى بىر ماقالىسىنى.
شوخ شامال ئەركىلەپ ئېلىپ كىرەتتى،
يازنىڭ خۇشپۇراقلىق ساپ ھاۋاسىنى.
باغ ياققا ئېچىلغان دېرىزىلەردىن،
كۆرۈنۈپ تۇراتتى ساناقسىز يۇلتۇز.
ئەخمەتجان بەزىدە توختاپ يېزىشتىن،
تىكەتتى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن كۆز.
ئويلايتتى؛ يۇلتۇزلار سىرلىق بىر دۇنيا،
ئۇرىدۇ يەردىكى ھەممىنى كۆرۈپ.
قەيەردە كىشىلەر چەكمەكتە ئازاب،
قەيەردە يۈرمەكتە ئېچىلىپ - كۈلۈپ.
قەيەردە بايرام - توي، شادلىق، تەنتەنە،
قەيەردە مۇسىبەت - ئۆلۈم ھازىسى.
يۇلتۇزلار ئالدىدا تۇرىدۇ ئايقىن،
زېمىندا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ بارچىسى.
كۈنلەر دەيدىكەن، كۆكتە ھەر يۇلتۇز،
زېمىندا ياشىغان بىر ئادەمگە خاس.
ئۇ چاقناپ نۇر ئۆكسە،
بۇ تاپار ئامەت،
ئۇ كۆچسە،
بۇ بۇلار ئۆمرىدىن خالاس.
يۇلتۇزى ماس كەلگەن، دەيدۇ ئادەملەر،
ئۆزئارا تېپىشىپ سۆيۈشكەنلەرنى.
يۈرىكى سۇ ئىچىپ مېھرى - ۋاپادىن،
بىر ئۆمۈر سۆيۈشۈپ - كۆيۈشكەنلەرنى.
رىۋايەت شۇنچە كۆپ يۇلتۇز ھەققىدە،
تارتقاچقا يۇلتۇزلار ئىنسان مېھرىنى.
شۇڭلاشقا، قىزلارغا «زوھرە»، «چولپان» دەپ،
قويۇشقان ئانىلار يۇلتۇز ئىسمىنى ...
ئەخمەتجان بۇلارنى ئويلاپ ھەۋەستە،
ئاسمانغا زوقلىنىپ باققان چېغىدا.
ئەكسىنچە، ئەيىبلەپ يۇلتۇزنى سەپەر،
مۆكۈنۈپ ياتاتتى تامنىڭ قېشىدا.
ئۇ دەيتتى: ئاسماننى قاپلاپتۇ يۇلتۇز،
چاقناپتۇ جىمىرلاپ شۇ قەدەر نۇرلۇق.
ھازىر ئاي ئاخىرى،
چىقمىسىمۇ ئاي،

ئۇرۇپتۇ ھەممە ياق يەنىلا يورۇق.
شۇ تاپتا ئۆرلىسە قاپ ـ قارا بولۇت،
قاراڭغۇ گۆر بولۇپ قالاتتى جاھان.
ئۇ چاغدا
بۈگۈنكى مەقسەتكە يەتمەك،
بولاتتى كۆز يۇمۇپ ئاچقاندەك ئاسان.
زاجىگما تاللاپتۇ ھەجەپ بىر تۈننى،
بۇ تۈننىڭ كۈندۈزدىن بار نېمە پەرقى؟!
ئەمەلدار دىگەننىڭ ھەنئاسى دۈت،
ئۇلارنىڭ يوق ھەتتا نىشەكچە ئەقلى!
مۇنداق يورۇق تۈندە،
ھەتتا كانەككە
توخۇ ئوغرىسىمۇ يولۇماس يىقىن.
ئۇلاردا دىت بولسا
قارىسىغىلا،
چوڭ ئىشنى بۇ تۈنگە قىلمايتتى تايىن.
قاماقتىن ـ كىيىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،
مەجبۇرمەن ئىشلەشكە ئۇلار نىيتىقاننى.
مەجبۇرمەن ھەتتاكى تەۋەككۇل قىلىپ،
ئەجەلنىڭ ئىلكىگە بېرىشكە جاننى.
گەر ئۇنداق قىلمىسام دەل مۇشۇ تۈندە،
ھاياتتا ماڭا يوق ئەسلا ئامانلىق.
ھە، ئۇلار قان ئىچىپ تۈگەنگەن يىرتقۇچ،
كىلىدۇ قولىدىن ھەممە يامانلىق ...
سەپەرنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى بۇ ئويلار،
كۆردى ئۇ ئالدىدا قات ـ قات مۇشەققەت.
ۋە لېكىن، ئۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشقا،
ۋاقىت زىق،
يوق ھازىر ئارتۇقچە پۇرسەت.
ئۇ تۇردى ئورنىدىن ئېھتىيات بىلەن،
ئەتراپنى كۆزەتتى، ياقتى زەڭ سېلىپ.
ۋە قەدەم تاشلىدى قاراپ تام ياققا،
ئاخىرى غەيرەتكە ـ ئىشەنچكە كېلىپ.
ياماشتى تامغا ئۇ،
ئىت ياماشقاندەك،
ئۆرلىدى، ئەسلىكتە چىقتى ئۈستىگە.
باققاندا ئالدىغا،
ھەممىدىن بۇرۇن،
لامپۇچكا نۇرلىرى چۈشتى كۆزىگە.
لامپۇچكا باغدا ھەم ئىشىك ئالدىدا،
چاقنايتتى دېرىزە لەيىنەكلىرىدە.
ئۇ باقتى تۆۋەنگە ـ باغقا زەڭ سېلىپ،
تامغا تايانغانچە جەينەكلىرىدە.
باغ ئىچى ئىمناس جىم،
باسقان سۈكۈنات،
كىلەتتى گۈپۈلدەپ گۈل ـ گىياھ ھىدى.
بۇ جىملىق ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ،
بولدى ئۈز ئورنىغا چۈشكەندەك كۆڭلى.
قانداق چىققان بولسا تامغا يامىشىپ،
شۇنداق ئاستا چۈشتى چىقارماي ئۈنۈش.
تايغاندەك دىلى قىلىپ قۇلاقلىرىنى،
تۇردى چۈشكەن يەردە بىر ھازا تىپ ـ تىنچ.
ۋە ئاندىن پۈتۈننىڭ ئۇچىدا دەسسەپ،
ئالغا ئىلگىرىلىدى قەدەممۇ ـ قەدەم.
ئۇ گويا ئاغامچا ئۈستىدە ماڭغان،
سېھرىگەر دارۋازغا ئوخشايتتى بۇ دەم.
ئۇ ماڭدى،
ۋە يەتتى باغ چېتىگىمۇ،
بىر دەرەخ كەينىدە — ياتتى دالدىدا.
قارىدى:
ئازادە، كۆركەم ئىمارەت،
تۇراتتى قەد كېرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا.
سەپەر ئۈز ئورنىدا ياتتى تىكىلىپ،
ھەم يورۇق ھەم ئوچۇق بىر دېرىزىگە.
ئۇ پەردە بىراۋنىڭ غۇۋا سىماسى،
گاھ چۈشۈپ قالاتتى غىل ـ پال كۆزىگە.
ئۇ سىما بىر تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى،
ئۇ ئىدى ئەخمەتجان، ماڭاتتى ھەريان.
چۈشەتتى سەپەرنىڭ كۆزىگە غىل ـ پال،
دېرىزە ئالدىدىن ئۇتكىنى ھامان.
بۇ ھالەت شۇ خىلدا بولاتتى تەكرار،
بۇ ھالەت سوزۇلدى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق.

سەپەر تىت ـ تىت ئىدى،
ئۆتمەكتە پۇرسەت،
ھېلى ئۆچەر ئەمەس ئۇ ئۆيدە چىراغ.
ئىمارەت ئالدىدا تۇراتتى بىر پوست،
ياغاتتى سۇر ـ ھەيۋەت جەسۇر تۇرقىدىن.
سەپەر تىت ـ تىت ئىدى،
ئۆتمەكتە پۇرسەت،
ھېلى كېتەر ئەمەس بۇ پوست ئورنىدىن.
ئاسماندا چاقنايتتى تۇرلۇق يۇلتۇزلار،
كۈندۈزدەك يورۇتۇپ يۈتكۈل جاھاننى.
سەپەر تىت ـ تىت ئىدى،
ئۆتمەكتە پۇرسەت،
ھېلى قاپلار ئەمەس بۇلۇت ئاسماننى.
سەپەر ئۇزاق ياتتى قىمىر قىلالماي،
تۈت يۈنى چۈشەلگەن بىرتىقۇچ مىسالى.
ھەممە ئىش زىت كېلىپ ئىرادىسىگە،
ياتتى ئۇ،
يوق ئىدى باشقا ئامالى.
غەزەپتىن قوللىرى قاتتىق قىساتتى،
قاتىللىق قورالى ـ خەنجەر سېپىنى.
ئەلەمدىن تىنىمسىز غۇچۇرلىناتتى،
زەرب بىلەن چىشىغا سۈركەپ چىشىنى.
ھەرقانچە تىپىرلاپ بولسۇن تەقەززا،
تۇراتتى ئۆزگەرمەي بايقى ھالەت.
چۈشەندى
قولىدىن قاچقانلىقىنى،
ئۇ ئۇزاق ئىنتىزار بولغان شۇ ئامەت.
مانا، تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە ئاستا،
بىلىقىنىڭ قارىندەك ئاقاردى ئۈيۈق.
ئويلىدى:
بۇ يەردىن تېز كېتەي دەرھال،
ئارتۇقچە ياتقاندىن ئەمدى پايدا يوق.
بۇ تۈن كەلمىسىمۇ ئىشىنىڭ پۈرسىتى،
خۇدانىڭ تۈنلىرى ئالدىدا تۇرغۇن.
بۇ تۈن ئۆزىسىمۇ تۈنۈگۈن بىلەن،
يەنە بىر تۈن تېزلا كېلىدۇ يۈگۈن.

ئۇلار ئۆتكۈزسىمۇ بۇ تۈننى ئويغاق،
ئويغاق ئۆتكۈزەلمەس يەنە بىرسىنى.
كېلەر تۈن ئالدىدۇ تەھقىق ئويقۇسى،
بۇ تۈن ئالالمىغان نىسۋىسىنى.
بۇ تۈندە يۇلتۇزلار تۇرسىمۇ چاقناپ،
ھەممە تۈن ئۆتمەيدۇ بىرخىلدا يورۇق.
تاڭلا تۈن قاپلىسا قاپ ـ قارا بۇلۇت،
يۇلتۇزغا قالمايدۇ ئاسماندا يوچۇق.
بۇ تۈندە يېتەلمەي قالغان مەقسەتكە،
كېلەر تۈن يېتىمەن،
بۇندا يوق گۇمان.
ۋەدەم ـ ۋەدە مېنىڭ، ئەھدىم ئاقلايمەن،
مەرت يىگىت سۆزىدىن يانماس ھېچقاچان!
شۇلارنى بىرمۇ ـ بىر ئويلىدى سەپەر،
ۋە ياتقان ئورنىدىن ئاستا قوزغالدى.
كەلگىنىدە قانداق كەلگەن بولسا ئۇ،
شۇ تەقلىت ئارقىغا قاراپ يول ئالدى.
بىراق ئۇ سەزمىدى، يېقىنلا يەردە،
ئۆزىدەك بىر سايە ياتقانلىقىنى.
ئەنە شۇ سايىمۇ تۇرۇپ ئورنىدىن،
ئىز قوغلاپ كەينىدىن ماڭغانلىقىنى.
بۇ سايە ساڭىمۇ، ماڭىمۇ تونۇش،
بۇ — لى يىڭ،
ئىزىغا چۈشكەن سەپەرنىڭ.
ئۇمۇ سەپەر بىلەن تۈندى باغدا،
ئالدىنى ئالغىلى تۇرلۇك خەتەرنىڭ.
سەپەر تامدىن ئېشىپ،
خىلى يول بېسىپ،
تارچۇق بىر كوچىغا قاراپ بۇرۇلدى.
شۇ ئان يېقىنىغا قاتتىق بىر نەرسە،
بۇ ئەينى بولقىدەك كۈچلۈك ئۇرۇلدى.
سەپەر ئەس ـ ھوشىنى يىغا ـ يىغمايلا،
بىربىلدى ئۆتكىگە كەسكىن بىر بۇيرۇق:
«ئۆتكىنى چىقارما،
چۈشكىن ئالدىمغا،
قېچىشقا ئۇرۇنساڭ جاجاڭ بىر پاي ئوق!»

سەپەرنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ لى يىڭ،
سالدى يانچۇقىغا تاپانچىسىنى.
ماڭدى رەقىبنى ئىزمۇ ـ ئىز پايلاپ،
باستى كوچىلارنىڭ بىر قانچىسىنى.
كەلگەندە كىچىك بىر ئىشىك ئالدىغا،
«توختا!» دەپ بۇيرىدى لى يىڭ سەپەرگە.
سەپەر خامۇش ئىدى،
بىلمەيتتى ھەتتا،
كېلىپ قالغىنىنى زادى قەيەرگە.
ئازادە بىر ئۆيگە ئەكىردى ئۇنى،
«بۇ نىمە ئىش؟» — دەيتتى سەپەر ئۆزىگە.
تامامەن ئەقلىدىن ئادىشاي دىدى،
چۈشكەندە ئۆردىكى غەيرەت كۆزىگە.
«ئولتۇر!» — دەپ سەپەرگە كۆرسەتتى ئورۇن،
ئولتۇردى ئۇ؛
لېكىن كۆزى غەيرەتتە.
بەئەينى چۈشىدە بولۇۋاتقاندەك،
بۇ ئىشلار قالدۇردى ئۇنى ھەيرەتتە ...
سۆزلىدى تەپسىلىي ئەھۋالنى لى يىڭ،
ئۆتكەنكى كېچىدىن ھازىرغا قەدەر:
تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن گۇگۇم چۈشكەندە،
سارايدىن ياڭخاڭغا يول ئالغان سەپەر.
ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە يەنە،
ئەنخۇايۇەن قېشىدا مۆكۈنۈپ ياتقان.
ئۇ تامدىن ئارتىلىپ باغقا چۈشكەندە،
تىرىكلىك دۇنياسى ئۇيقۇغا پاتقان.
باغدىكى بىر دەرەخ دالدىسىدا ئۇ،
نا ئىلاج ئاتقۇزغان تاڭنى دۈم يېتىپ.
ئۇنىڭدىن ئون قەدەم نېرىدا لى يىڭ،
كۆزەتكەن ئۇنى بۇيى ھۇشيار كۆز تىكىپ ...
...كەلگەندە شۇ يەرگە ئۆز ھېكايىسى،
لى يىڭنىڭ يۈزىدە كۈلكە ئوينىدى.
دىدى ئۇ: «ئەپسۇسكى، بۇ بىچارىنىڭ،
ھەرقانچە قىلسىمۇ ئىشى ئوڭمىدى.
ھېلىمۇ تەلىيى بار ئىكەن ئۇنىڭ،
ئۆلۈمنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدى ئامان.
ئەگەر ئۇ ئالدىغا باسسا بىر قەدەم،
مەن ئاتقان ئوقتا جان ئۈزەتتى شۇئان ...»
...لى يىڭ سۆزلەپ ئۆتكەن پۈتكۈل ئەھۋالنى،
ھاياجان ئىچىدە ئاڭلىدى غەيرەت.
ۋە ئاندىن سۆزلىدى قاراپ سەپەرگە،
قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ مۇھەببەت، نەپرەت:
«سەپەر!
سەرگۈزەشتەڭ سىر ئەمەس ماڭا،
سەن ئاقكۆڭۈللۈكتە سۈتتەك ئاق ئىدىڭ.
يامانلىق يات ئىدى تەبىئىتىڭگە،
سەن گويا پەرىشتە ـ ھۆردەك ساق ئىدىڭ.
گۆھەرنى تاشلارغا ئۇرۇپ ـ چاققاندەك،
زامان سېنى تامام بەربات ئەيلىدى.
ۋىجدان ـ نومۇسىڭنى قىلىپ دەپسەندە،
ئاخىرى بىر قاتىل ـ جاللات ئەيلىدى.
ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندا،
سېنى ئاقلاپ چىقتىم ئوتتۇرغا شۇئان.
سەۋەبى: قاتىللىق يولىغا سېنى،
باشلىغان يەنىلا بۇ زامان ـ دەۋران.
سەن قەيسەر بولساڭمۇ، نادان بولغاچقا،
ئەسلا چۈشەنمىدىڭ بۇ ھەقىقەتنى.
شۇڭا ياۋ قولىدا بولدۇڭ بىر قورچاق،
ئۇلار پىلانلىدى چوڭ سۇيىقەستنى.
سەن شۇنى بىلمىدىڭ:
ئەخمەتجان ئەسلا
سېنىڭ قاتىلىڭنىڭ تۇغقىنى ئەمەس.
ئىككىسى تامامەن ئىككى خىل ئادەم،
ئەقەللى، يۇرتلۇقى ـ يېقىنى ئەمەس.
سەن ئۇ چاغ تۈرمىدە،
ئۈچ يىل ئىلگىرى،
ئىلىدا پارتلىدى ئۇلۇغ ئىنقىلاب.
گومىنداڭچىلارنى خەلق كەلكۈنى،
ماناسنىڭ بويىغا ئەكەلدى قىستاپ.
ياۋ مەجبۇر قول قويدى «ئونبىر بىتىم» گە،
بىرلەشمە ھۆكۈمەت قىلىندى تەسىس.
بولدى شۇ يىغىننىڭ قارارى بىلەن ...

ئەخمەتجان ئۆلكىگە مۇناۋىر رەئىس.
ئۇ ھەرگىز زاجىگسا ساڭا ئىيتقاندەك،
زومىگەر، بايلارنىڭ ئەمەس ئىرىكى.
ئەكسىنچە، ئەمگەكچى كەڭ خەلق بىلەن،
ئەبەدى بىر تۇتاش قەلبى ـ يۈرىكى.
ئەخمەتجان — خەلقنىڭ نىجات يۇلتۇزى،
ئۇ بىلەن كۈلمەكتە بەخت ـ سائەت.
ئەخمەتجان — ئازادلىق، ئەركىنلىك تۇغى،
ئۇ بىلەن تاپماقتا ئارزۇ كامالەت ...»
سۆزلىدى سەپەرگە غەيرەت كۆپ ئۇزاق،
ئىنقىلاب،

ئەخمەتجان،

خەلق توغرۇلۇق.

سۆزلىدى كۆپلىگەن مىساللار بىلەن،
سۆزلىدى ئىنتايىن ئاددىي ـ ئۇقۇشلۇق.
چۈنكى ئۇ بىلەتتى:
ئۇت يىلدىن بۇيان،
ياتتى زەي زىندانغا قامىلىپ سەپەر.
مىڭ بەشيۈز سوتكىغا يىقىن جەرياندا،
قالدى ئۇ دۇنيادىن تامام بىخەۋەر.
مۇنداق بىر ئادەمگە بۇ زور ئىشلارنى،
شۇنچە تەس تەپسىلىي چۈشەندۈرمەكمۇ.
شۇنچە تەس، ئۇ خاتا چۈشەنگەنلەرنى،
توغرا چۈشەندۈرۈپ ئىشەندۈرمەكمۇ.
ئويلىنا ـ ئويلىنا، ئاخىرى سەپەر،
چۈشەندى نېمىدىن ئۆتۈلگىنىنى.
ئۆتكەن تۇن ئۆزىنىڭ ھايات ئۆمرىدە،
قانداق چوڭ خاتاغا يول قويغىنىنى.
ھېلىمۇ ساقلاپتۇ تەغدىرى ئۇنى،
شۇنچە خەۋپ ـ خەتەردىن ئامان ـ سالامەت.
ئوت ئارا پاختىنى ساقلىغىنىدەك،
ساقلاپتۇ،
بوپتۇ بۇ مىسلى كارامەت ...
ئۇ ئىيتتى تەشەككۈر غەيرەت، لى يىڭغا،
غەپلەتتىن كۆزىنى ئاچقانلىقىغا.
ئۇلارنىڭ ئەقلىدىن يۈرۈلۈپ قەلبى،
يېڭى بىر ھاياتنى تاپقانلىقىغا.
شۇ چاغدا سۆزلىدى ئويلىنىپ غەيرەت:
«سەن ئۈچۈن ئىبخى ئىش يوتمىدى، سەپەر!
تورماقتا ئالدىڭدا ئالاي مۇشكۈللەر،
كۈتمەكتە شۇ تاپتا سېنى چوڭ خەتەر.
زاجىگسا ئەۋەتكەن مەخپىي خادىملار،
تورىدۇ ئۆيۈڭدە يولۇڭغا قاراپ.
قاتىللىق قولىنى سالماقچى ساڭا،
كىرىشىڭ بىلەنلا يوسۇغاڭ ئاتلاپ.
ئەگەر ئەخمەتجاننى ئۆلتۈرۈش قەستىڭ،
ئىشقا ئاشقاندىمۇ قالمايتتىڭ ئامان.
ئۇۋاقلاۋېتىشكە بۇ چوڭ دىلۇنى،
سېنى ئۆلتۈرەتتى، بۇ ماڭا ئايان.
بىراق، ئەخمەتجانغا قەست قىلالمىدىڭ،
ئۇلارنىڭ قولىدىن كەتتى يۈرسىتى.
ئەخمەتجان ماڭماقچى بۈگۈن ئىلىغا،
نامەلۇم، ئىلىدىن قايتىش مۇددىتى.
سەن بۇ سۈيقەستتە ھەل قىلغۇچ ئادەم،
سەن يوتكۈل قىلمىشىڭ تىرىك شاھىدى.
سېنى ھايات ساقلاش — ئۇلارغا خەتەر،
سەن ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئاپتى.
مەيلى، ئويناپ چىققىن قايسى بىر رولنى،
ساقلاپ قالالمايتتىڭ ئەسلا جېنىڭنى.
يىگىپ چىق، يىگىلگىن،
ئۇلار بەربىر،
ئۆكمەستىن قويماتتى سېنىڭ قېنىڭنى.
ئالدىڭدا قالغىنى پەقەت بىرلا يول:
شەھەردە ئارتۇقچە بولمىغىن ھايال.
ئۇلار بايقىغىچە ئىزدىرىككىنى،
بېشىڭنى ئېلىپ قاچ بۇ يەردىن دەرھال!»
سەپەرگە ئاتىغان يوللۇقلىرىنى،
ئۇلار شۇ مەيداندا بەردى قولمۇ ـ قول.
ئۇزۇتۇپ سەپەرنى،
غەيرەت ۋە لى يىڭ،
ئىلىدى قەلبىدىن ئۇنىڭغا ئاق يول!

## بەشىنچى باب — قۇياشلىق سەھەر

ھويژە تلىك بوغدادىن كۆتەرمەكتە باش،
قىپ - قىزىل ئوت شارى - ئىيون قۇياشى.
تاغ - دەريا چۈممەكتە نۇر دېڭىزىغا،
قۇياش — ھاياتلىقنىڭ بەختى - قاياشى.
قۇياش بار — تەبىئەت گۈزەل پەرىشتە،
قۇياش بار — ئۆمرى گۈل ئىنسانىيەتنىڭ.
شۇڭلاشقا، قۇياشتۇر سىموۋۇل — بەلگىسى،
ئازادلىق،
گۈزەللىك،
بەخت - سائادەتنىڭ.
خەلقلەر ئۆزىنىڭ نىجاتكارىنى،
قىلىدۇ ئەنە شۇ قۇياشقا قىياس.
قۇياش جان بەرگەندەك بارچە شەيئىگە،
نىجاتكار سالىدۇ بەختكە ئاساس.
ئۇرۇمچى كۈرمەكتە ئىككى قۇياشنى،
ياز پەسلى مانا بۇ گۈزەل سەھەردە.
بىر قۇياش چاقنىسا كۆك گۈمبىزىدە،
بىر قۇياش باغرىدا - سۆيۈملۈك يەردە.
كۆكتىكى قۇياشقا ئەخمەتجان مانا،
باقماقتا زوقلىنىپ يۈكسەك ھۆرمەتتە.
رۇپمۇ - رۇ تۇرغان بۇ ئىككى قۇياشقا،
باقماقتا ئۇرۇمچى چىن مۇھەببەتتە ...
ئۇرۇمچى كۈلمەكتە قۇياش نۇرىدا،
كۈلمەكتە نەنخۇايۇەن — بۇ يېشىل گۈلزار.
باغ يېشىل، تۈبلەرنىڭ چېدىرى يېشىل،
يېشىللىق دۇنياسى — بۇ ئەزىز دىيار.
ئەخمەتجان ئادىتى بويىچە يەنە،
كەزمەكتە يېشىل نۇر تولغان بوستاننى.
ياپيېشىل شاخلاردا شادىمان قۇشلار،
ئېيتماقتا خۇش ئاۋاز نەزمە داستاننى.
ئويلىدى ئەخمەتجان:
باشلاندى مانا،
بۇ قەدىم شەھەرنىڭ يېڭى بىر كۈنى.
ئۆزىدى يەنىلا جىددىي كۈرەشتە،
ئۆزىنىڭ ئۇيقۇسىز ئالدىنقى تۈنى.

ۋە لېكىن، ئۇنىڭغا نامەلۇم ھازىر،
شۇ تۈندە، بۇ باغدا يۈز بەرگەن ئەھۋال.
يەكمۇ - يەك ئېلىشىپ ھايات ۋە مامات،
شۇ تۈندە بېرىلدى سۆيىقەستكە زاۋال.
شۇ تۈندە
زاغىسا تۈز بۇلۇمدە،
سەپەردىن بىر خەۋەر كۈتتى دەممۇ - دەم.
چۈشۈپ قولتۇقىدىن تاۋۇزى ئاخىر،
باستى يەلكىسىدىن تاغدەك قايغۇ - غەم.
شۇ تۈندە
زۇڭكىسلىك بولدى تەقەززا،
قۇچاق ئېچىشقا تۈز ئامىتىنىڭ.
رەسۋا ئاقىۋەتنى تۇققىنى ھامان،
بىلدى كەلگىنىنى قىيامىتىنىڭ.
شۇ تۈندە
غەيرەتمۇ قاقمىدى كىرپىك،
كۆز تىكتى لى يىڭنىڭ كىلەر يولىغا.
جەڭدىن زەپەر قۇچۇپ يانغاندا دوستى،
تولدى بىر ئالەمچە شادلىق دىلىغا.
شۇ تۈندە،
ئەنە شۇ ئۇنتۇلماس تۈندە،
يېزىلدى تارىخقا جەڭگىۋار بىر بەت.
خەلق غەلىبە قىلدى،
دۈشمەن قان يۇتتى،
يەڭدى ھەققانىيەت — كۈلدى ئادالەت!
ئەخمەتجان كەزمەكتە يېشىل گۈلزارنى،
ئۇ بۈگۈن ئېلىغا قىلىدۇ سەپەر.
بىلىدۇ، ئۇ يەردە قەلبىدار خەلقى،
كۈتمەكتە ئۇنىڭدىن يېڭى خۇشخەۋەر ...
شۇ چاغدا ئۇيۇقسىز كەلدى كاتىپى،
دېدى ئۇ: «ئۇرۇندۇ ساقلاپ بىر كىشى.
ماكىمۇ ناتونۇش،
بار ئىكەن ئۇنىڭ
سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم بىر ئىشى.»
ئەخمەتجان كىرگەندە ئىشخانىسىغا ...

ئورانتى گەۋدىلىك، ئورتا بوي ئادەم.
ئورانتى پەگادا قوشتۇرغانچە قول،
چاقنايتتى كۆزىدىن ئۆتكۈنۈش - ئەلەم.
ئەخمەتجان كۆرسەتتى ئولتۇرۇشقا جاي،
ۋە لېكىن، يەنىلا ئۆرە تۇردى ئۇ.
سۆزىنى نېمىدىن باشلاشنى ئۇقماي،
بىرھازا ئويلىنىپ خىيال سۈردى ئۇ.
ئاخىرى، قوينىدىن ئالدى خەنجەرنى،
قوش قوللاپ ئۇزاتقانچە ئۆكتى كۆزدىن ياش.
ئەخمەتجان ئولتۇرغان دىۋان ئالدىغا،
باردى - دە، تىز پۈكۈپ قويدى يەرگە باش.
ئۇ دېدى: «خەنجەرنى ئۇرۇڭ كۆكسۈمگە،
ئۇتكۈزدۈم ئۆلۈمگە لايىق جىنايەت.
مەن سىزنى ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشۈپ،
ئەجدادىم روھىغا قىلدىم خىيانەت.
خەلقىنىڭ غەمخورى - نىجاتكارى سىز،
سۆيىدۇ قەلبىدىن سىزنى ھەر كىشى.
سىزدەك بىر دانانىڭ جېنىنى قەستلەش،
ئەمەستۇر ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ ئىشى.
خەلقىنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيمەن،
مەن پاتتىم گۇناھدا چوڭقۇر پاتقاققا.
كەتمىسەم ئالەمدىن گۇناھىم يۇيۇپ،
تەھقىقكى، چۈشىمەن تەگلا دوزاققا.
دوزاقمۇ مەن ئۈچۈن ئەمەس دەھشەتلىك،
دەھشىتى — خەلقىنىڭ قاغىش - نەپرىتى.
ئۆزىنى ئادەم دەپ ساناليدۇ كىم،
گەر ياغسا ئۇنىڭغا ئەلنىڭ لەنىتى؟!
قورقىمەن شۇ تەخلىت ئادەم بولۇشتىن،
يوق ئۇنىڭ ئەشەددىي يىرتقۇچتىن پەرقى.
مۇنداقلار زور ئاپەت بۇ ئالەم ئۈچۈن،
كەچۈرمەس ئەبەدىي ۋەتىنى - خەلقى.
ئۆلسەممۇ رازىمەن ۋىجدانىم بىلەن،
پانىغا كەتسەم پاك ئىمانىم بىلەن.
يۇيىمەن جىمىكى گۇناھلىرىمنى،
قولۇمدا بارلىقى ئىمكانىم بىلەن.
سىزنىڭ ئالدىڭىزدا جىنايەتكارمەن،
سىز ھەقلىق ئېلىشقا مەندىن ئىنتىقام.
سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان خەنجەردە،
سىز مېنى ئۆلتۈرۈڭ،
مەن تاپاي ئارام!»
ئەخمەتجان تېڭىرقاپ قالدى تامامەن،
غەلىتى تۇيۇلدى ئۇنىڭغا بۇ ھال.
ناتونۇش مېھماننىڭ غەيرى ئىشىدىن،
تۇغۇلدى كۆڭلىدە سىرلىق بىر سوئال.
ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئېلىپ قولىغا،
مېھماننى ئورنىدىن تۇرغۇزدى شۇئان.
جاي بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆز دىۋانىدىن،
ئولتۇردى ئىككىسى قاتار يانمۇ - يان.
ئەخمەتجان تەسەللىي بەردى، بەزلىدى،
مېھمانمۇ ئاستىلاپ كەلدى ئۆزىگە.
بېسىلىپ بايىقى ھاياجانلىنىش،
كەلدى ئۇ ئىپتىماقچى بولغان سۆزىگە.
«ئىسمىم سەپەر مېنىڭ، تەكتىم قەشقەردىن،
ئەجدادىم نامرات خەق، مەن ئەسلى دېھقان ...»
شۇنداق دەپ باشلىدى قىسسىسىنى ئۇ،
سۆيۈملۈك رەھبەرگە قىلغىلى بايان.
كىتابخان، سەپەرنىڭ سەرگۈزەشتىسى،
ساڭا خوپ تونۇشلۇق، ئەمەس ئەسلا يات.
بۇ يەردە — سۆھبەتتە ئۇ ئېيتقانلارغا،
بېرىمەن پەقەتلا قىسقا ئىزاھات.
ئەخمەتجان قىستۇرما قىلغان سۆزلەرنى،
يازىمەن ئەلۋەتتە ئەينەن - مۇپەسسەل.
ئۇلاردا سۆزلەنگەن ئۆز دەۋرى بىلەن،
بۈگۈننىڭ ئەغدىرى تولۇق - مۇكەممەل.
سەپەر:
ئاشۇ باي بېشىمغا سالدى ئەلەم - دەرت،
ئۆلتۈردى يارىمنى يەتكۈزۈپ زەخمەت.
مەن دېدىم: باي ئاتلىق ھەننۇاسىدىن،
ئىنتىقام ئالماستىن تىنمايمەن پەقەت.
ئەخمەتجان:
بايلارنى باي قىلغان ئەمگەكچى خەلق،
ئەمگەكچى بولمىسا، نەدىن بولسۇن باي؟!

ئەپسۇسكى، زامانىنىڭ ئەتۇرلىكى شۇ،
ئەمگەكچى ئاچ - زېرىن،
باي چاينايدۇ ماي.
ئەمگەكنىڭ مېۋىسى — جىمىكى بايلىق،
ئەمگەكچى خەلق ئۇنى يوقتىن بار ئەتكەن.
تەڭسىزلىك تۇپەيلى — بايلىق ئىگىسى،
بايلىقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتكەن.
كۆرمىگىلاپ ئەمگەكچى تارتماقتا ئازاب،
ئاز سانلىق باي - بەگلەر ھوزۇر - راھەتتە.
مانا بۇ بۈگۈنكى چوڭ ناھەقچىلىق،
ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ بۇنى ئەلۋەتتە.
شۇڭا گومنداڭغا ئۇرۇش ئاچتى ئەل،
قىلدى كۆكتە جەۋلان ئازادلىق تۇغى.
گومنداڭ — جىمىكى ئەزگۈچىلەرنىڭ،
ئورتاق بىر گەۋدىسى - سۆيۈنگەن تىغى.
ئىنقىلاب — ھەم مۈشكۈل، ھەم ئۇزاق جەريان،
ئۇ باستى ئەمدىلا تۇنجى قەدەمنى.
غايىمىز — زۇلمەتكە بېرىپ خاتىمە،
يارىتىش ھەققانى يېڭى ئالەمنى.
سىز ئېيتقان ھېلىقى بايدەك شۇملاردىن،
ئالىدۇ ئىنتىقام خەلق ئاقىۋەت.
يوقۇلۇپ تەڭسىزلىك،
ناھەقلىق،
زۇلۇم،
تاپىدۇ ئەل مەڭگۈ بەخت - سائادەت.
ۋە لېكىن، شۇنىمۇ چىقارماڭ ئەستىن،
ئادەملەر دۇنياسى — مۇرەككەپ دۇنيا.
بەش قول بىر - بىرىگە ئوخشىمىغاندەك،
پەنىلا پەرق بار ئادەملەر ئارا.
كۆپلىرى كېلىدۇ ۋىجدانلىق، ئادىل،
قوغدايدۇ جان تىكىپ ھەققانىيەتنى.
ھەم قەيسەر،
ھەم كەمتەر،
ھەم ئەمگەك سۆيەر،
كۆزلەيدۇ ئېزىلگەن ئىنسانىيەتنى.
بەزىلەر تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە،
يۇرۇدۇ. كويىدا نەپسانىيەتنىڭ.
ئۇلاردا تېپىلماس ئەڭ ئەقەللىسى،
قىلچىلىك سايىسى ئىنساپ دېگەننىڭ.
بايلار ھەققىدىمۇ باھا بەرگەندە،
ھەممىنى ھەيدىمەڭ بىرلا تاياقتا.
ھەركىم تارىخنى ئۆزى يازىدۇ،
قالدۇرۇپ ئۆزىگە خاس ئىزھاياتتا!
سەپەر:
زاجىگىسا دېدى: «سەن ۋە مەن بىر مىللەت،
بىزدە بار تامامەن ئورتاق بىر مەقسەت.
ئەخمەتجان گەرچە بىر ئۇيغۇر بولسىمۇ،
دېنىمىز، يولىمىز بىر ئەمەس پەقەت ...»
ئەخمەتجان:
بىزدە بار زاجىگىسا ئوخشاش ئادەملەر،
كۆزلەيدۇ ھامان ئۆز مەنپەئەتنى.
ساتىدۇ ئەنە شۇ مەنپەئەت ئۈچۈن،
ۋەتىنى، خەلقىنى، ھەم مىللىتىنى.
مىللەت — ئۇلار ئۈچۈن چۈمپەردە — قالقان،
مەنپەئەت — ئۇلارنىڭ ھاياتى - جېنى.
كونىلار ئېيتقاندەك، مىڭ قايناتسىمۇ،
قوشۇلماس قېنىمغا ئۇلارنىڭ قېنى.
ئۇلار لازىم تاپسا مەنپەئەت ئۈچۈن،
ئۆزگە بىر مىللەتكە ئايلىنار ئاسان.
ۋە لازىم بولغاندا بىر دۇملاپلا،
ئۇيغۇرلۇق ئەكسىگە كېلىدۇ شۇئان.
مۇنداق ئادەملەرنىڭ مىللەت تۇغرۇلۇق،
سۆزلەشكە يوق ئەسلا ھوقۇقى - ھەققى.
مىللەت ئەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان،
ئەنە شۇ مىللەتنىڭ ئەمگەكچى خەلقى.
مەن ئۇيغۇر — سۆيىمەن ئۆز مىللىتىمنى،
سۆيىمەن شۇنداقلا باشقا مىللەتنى.
بىلىمەن، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى،
كۆزلىگەن ئەزەلدىن ئورتاق مەقسەتنى.
بۇ مەقسەت — ئۇيغىنىپ ئېزىلگەنلەرنى،
ئاغدۇرۇپ تاشلاشتۇر زۇلۇم تەختىنى.
ھەر مىللەت خەلقىنى قىلىپ ھور - ئازادە

يارتىش ئۆلارنىڭ پارلاق بەختىنى.
بۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە كىمكى جان تىكسە،
ئەنە شۇ خەلققە چىن سادىق ئوغلان.
مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن ۋە مەيلى خەنزۇ،
ھەممىگە بىر پەقەت بۇ ئورتاق مىزان.
مىللەت — ئۆلچەم ئەمەس ياخشى، يامانغا،
ھەر مىللەت ئىچىدە بار ياخشى، يامان.
بىر مىللەت ئەقىللىق، بىرسى دۆت ئەمەس،
ھەر مىللەت ئىچىدە بار دانا، نادان.
بىر مىللەت تۇغمىغان باشقا مىللەتنى،
بىرسى ئانا ئەمەس، بىرسى بالىسى.
مىللەتلەر ئۆزئارا ئوخشاش — باراۋەر،
بىرسى ئۆكا ئەمەس، بىرسى ئاكىسى.
مىللىي مەسىلىنىڭ ئاچقۇچ ـ كىلىتى:
سىنىپىي ئۆلچەم، بۇ ئەڭ توغرا ئۇسۇل.
ئورتاق مەنپەئەتى ئىزىلگەنلەرنىڭ،
ئورتاق غايىسىغا بولغان ئاساس — ھۇل.
كىم بولسا بىز بىلەن ئورتاق غايىدە،
ئۇ بىزگە ھەقىقىي يولداش ـ قەلبداش.
مانا بۇ مۇرەككەپ ـ سىرلىق دۇنيادا،
جاپادا ـ راھەتتە بىزگە تەقدىرداش.
سەپەر:
زۇڭسىلىڭ دەپتىكى: «ئۇيغۇرنىڭ ئەبەت،
يۇرت سوراش قولىدىن كەلمەيدۇ پەقەت.
ئۇزاققا بارمايدۇ ئىنقىلابىمۇ،
ئەخمەتجان ئالدىدا ئۆلۈم — ھالاكەت.
ئەخمەتجان:
زۇڭسىلىڭ ئۇچىغا چىققان بىر فاشىست،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى.
گومىنداڭ — چوقۇنغان ئىلاھ ـ خۇداسى،
باغلانغان ئۇنىڭغا ھاياتى ـ جېنى.
ئۇلۇغ ئىنقىلابچى جۇڭ چيۇبەينىڭمۇ،
مانا شۇ زۇڭسىلىڭ بولغان قاتىلى.
ئۇنىڭ قىلىچىدا ئۆلگەن بىگۇنا،
جۇڭگونىڭ كۆرمىگەنلەپ ئەرھەم ئائىلى.
فاشىستنىڭ فاشىستلىق مەنتىقىسى بار،
بار يەنە فاشىستلىق ياۋۇز خاھىشى.
ئۆزىنى ئەڭ ئالىي ئىرىق ھېسابلاش،
بۇ بارلىق فاشىستنىڭ ئورتاق قارىشى.
ئۇيغۇرغا بۇ قەدەر ئۆچمەنلىكىدە،
بار ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىگىز ـ ئاساسى.
بۇزۇلغان ئەبلەخ ئۇ زاكىسىدىلا،
بۇ ئۇنىڭ نەسەبى — ئاتا مىراسى.
ھوقۇق ئوتقۇزۇشتا بۇ بىر جاللاتقا،
جاڭ جېيشى كۆزلىگەن مۇنداق مەقسەتنى.
ئىنقىلاب ئوتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ،
مەڭگۈ قۇل قىلماقچى بارچە مىللەتنى.
زۇڭسىلىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن بېرى،
تاپتىمۇ ھەر مىللەت خەلقى ئامانلىق؟!
قالدىمۇ بۇ ۋەھشى قارانىيەتنىڭ،
قولىدىن كەلمىگەن بىرەر يامانلىق؟!
بۇ ئەخلەت قاتىللار ئاكى ئۆلگىچە،
بوردايدۇ ئۆزىنى ناھەق قان بىلەن.
خەلقىمىز ئىنتايىن ئورۇنلۇق ئېيتقان:
«سۆت بىلەن كىرگەن خۇي چىقارجان بىلەن.»
ئۆلۈم مەجبۇرلىسا تەسلىم بولۇشقا،
ئائىلاج باش ئىگىلىپ، كۆتۈرىدۇ قول.
ۋە لېكىن، ئىرناقچە ئىمكانىنى تاپسا،
يەنىلا ئۆرىدۇ ئەلگە قارشى يول.
زۇڭسىلىڭ ھەرقانچە سەكرىسۇن بۈگۈن،
كۆرىدۇ ئەتە ئۆز قىيامىتىنى.
ئالدۇ ئاقۋەت ئۇنىڭدىن چوقۇم،
ئىسيانكار خەلقىمىز ئەنت ـ قىساسىنى!
سەپەر:
غەيرەت ھەمدەملىك يىلىڭ كۆرسىتىپ ھىممەت.
ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇم. ئۇلارغا رەھمەت.
قايىلمەن. ئىنسانىي پاك ۋىجدانىغا،
كۆردۈم مەن ئۇلاردىن ئالەمچە شەپقەت.
ئەخمەتجان:
سىز ئېيتقان كىشىلەر ئاتوتۇش ماڭا،
ئېھتىمال تونۇسا كېرەك سىرتىمدىن.
مەن ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىنى،

ئاپرېل ئوقۇدۇم ئوتلۇق دىلىمدىن.
تارىخنى ياراتقان ئەنە شۇ خەلق،
شۇ خەلق بۈگۈنكى دەۋر ئىگىسى.
ئۇلارنىڭ ئىلكىدە ۋەتەن تەقدىرى،
ھەم ئۇنىڭ قۇياشلىق ئىقبال كەلگۈسى.
خەلق بار - ئىنقىلاب تاپار كامالەت،
خەلق بار — دۈشمەنلەر بولىدۇ بەربات.
خەلق بار — ئاداققى غەلىبە بىزنىڭ،
ئاچىدۇ كەڭ قۇچاق بەختىيار ھايات!
سەپەر:
ئىككى دوست ئۈزۈلۈپ مىنى سەپەرگە،
قالدى چىن كۆڭلىدىن تىلىشىپ ئاق يول!
ھاياجان ياشلىرى تامدى كۆزۈمدىن،
شۇ ھامان يول ئالدىم سىز ياققا ئۇدۇل.
سىزنىڭ ئالدىڭىزدا چوڭ گۇناھ قىلدىم،
ئويلىسام ئەلەمدىن تىتىلدار ئىچىم.
كەچۈرۈم سوراشقا كەلدىم ئاتايىن،
قوللىرىم كۆكسۈمدە، ئېگىمەن بېشىم.
بەلكى كۆرۈشەرمىز، يا كۆرۈشمەسمىز،
ۋە لېكىن، نامىڭىز قەلبىمدە ئەبەت.
ئېزىلگەن - خارلانغان ئەل بەختى ئۈچۈن،
مىڭ ياشاڭ، كۆپ يىللار بولۇڭ سالامەت!

..........................

سەپەر ئېيتماقچى بولغان سۆزلەر شۇنچە كۆپ،
يەتمەيتتى سانىغا كۆكتە يۇلتۇزمۇ.
يەتمەيتتى يارىلىپ ئالەم بېشىدىن —
ئۆتكۈزگەن بىھېساب كېچە - كۈندۈزمۇ.
ئويلىدى: نەقەدەر ئۇلۇغ ئىنسان بۇ،
خەلققە مۇھەببىتى دېڭىزدىن چوڭقۇر.
نەزەر دائىرىسى ئاسماندىنمۇ كەڭ،
پاراسەت تەدبىرى — ئالماستىن ئۆتكۈر.
جۈرئىتى — بورانغا كۆكرەك كەرگەن تاغ،
غەيرىتى — بۇلۇتنى يارغان ئوت چاقماق.
سۈرئىتى — ئاۋازدىن ئىتتىك ئۇچقان نۇر،
قۇدرىتى — تۈنلەرنى يورۇتقان چىراغ.
سۆزلىرى — باسىدۇ تارازىدا جىڭ،
ھەركىمنى ئۆزىگە قىلىدۇ قايىل.
سىياقى — ماگنىتتەك تارتار كىشىنى،
بىر كۆرگەن ئۇنىڭغا بولىدۇ مايىل.
ئاۋازى — باھارنىڭ ئىللىق شامىلى،
بېقىشى — يېقىملىق نۇر چاچقان قۇياش.
كىم بولسا ھەمسۆھبەت بىردەقىقىلا،
تاپقاندەك بولىدۇ ئۆمۈرلۈك سىرداش.

..........................

ئويلىدى شۇلارنى سەپەر بىرمۇ - بىر،
ئويلىدى شۇنداقلا ئۆزى توغرۇلۇق:
ئەخمەتجان قەلبىگە سىغىدۇ ئالەم،
ئىنسانلىق بابىدا ئۇ دانا - ئۇلۇغ.
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يوق غەيرى ئىللەت،
ئۇنتۇمايدۇ ئۆزگىگە شەخسى ئاداۋەت.
خىيانەت قىلساممۇ گەرچە ئۇنىڭغا،
ئۇ ماڭا يەنىلا قىلدى شاپائەت ...
ئويلىدى ھاياجان ئىلكىدە سەپەر،
چىقاردى ئۇلاردىن مۇنداق يەكۈن ئۇ:
ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ئاشسىمۇ يېشى،
نەقەدەر كامالەت تاپقان ئىنسان ئۇ.
دېمەككى، بار ئىكەن بىزنىڭ ئەخمەتجان،
خەلقىمىز زۇلمەتتىن تاپىدۇ نىجات.
ئۇ باركى، گۈل ئېچىپ تەلەي شېخىمىز،
كېلىدۇ بىز كۈتكەن بەختىيار ھايات! ...
ئەخمەتجان قولىنى تۇتۇپ قوش قوللاپ،
تىكىلدى ھاياجان ئىلكىدە سەپەر.
ئۇنىڭغا ئاتىسى - ئانىسىدىنمۇ،
تۇيۇلدى قەدىرلىك بۇ ئۇلۇغ رەھبەر.
ئۆمرىدە تارتمىغان دەردى قالمىغان،
سەپەرنىڭ شۇ تاپتا كىرپىكلىرى نەم.
ئايانكى، ئۇ كېلىپ يورۇق ئالەمگە،
قىلمىغان بۇ قەدەر شەپقەت ھېچ ئادەم.
مانا شۇ ئەخمەتجان — ئېزىلگەنلەرنىڭ،
يەتمەكتە ھالىغا — كۆڭۈل دادىغا.
مانا شۇ ئەخمەتجان — خارلانغانلارنىڭ،
بەرمەكتە خاتىمە ئاھۇ - زارىغا.

مانا شۇ ئەخمەتجان ـــ بۈگۈن سەپەرنىڭ،
يوروۇتتى قۇياشتەك قەلبى ـ دىلىنى.
ئاتىدى ئۇنىڭغا يېڭى بىر ھايات،
كۆرسەتتى ئىقبالنىڭ داغدام يولىنى ...
خۇشلاشتى بۇ ئۇلۇغ ئىنسان بىلەن ئۇ،
قەلبىدە ئالەمچە سۆيگۈ، ھاياجان.
يولىغا كۆز تىكىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق،
سەپەرنى ئۇزۇتۇپ قالدى ئەخمەتجان!

خاتىمە

ۋەتەننىڭ ئوت يۈرەك ئەزىمەتلىرى،
مانا بۇ قىسسىنى سۆزلىگەن ماڭا.
ئۇلارنىڭ تەۋەررۈك سۆزىنى بۈگۈن،
شېئىرىي شەكىلدە يەتكۈزدۈم ساڭا.
ئەبىي چاغ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن،
قان كېچىپ ـــ جەڭ قىلغان ئۇلار ھەممىسى.
بەزىسى سەن، مەندەك يۈرسىمۇ ھايات،
مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتتى بەزىسى.

ئۇلار ئارزۇ قىلغان مۇشۇ قىسسىدىن،
خەۋەردار قىلىشنى سىبنى كىتابخان؛
ئورۇندۇم نەچچە رەت، نوڭ كەلمەي ئىشىم،
بولمىدى يازغىلى ئۇزۇك بىر ئىمكان.
شۇ ئارزۇ رۇيابقا چىقىپ ئاخىرى،
ئالەمگە كۆز ئاچتى مانا بۇ داستان.
بىلمەن، ھەر قانداق قابىل قەلەمدە،
بولىدۇ يەنىلا ئاز ـ تولا ئۇخسان.
شۇڭدىمۇ، بىر ئىشتىن رازى بۇ قەلبىم،
مەرھۇملار روھىنى ياد قىلالىدىم.
چۈشۈرۈپ قەغەزگە ئارزۇلىرىنى،
تىرىكلەر كۆڭلىنى شاد قىلالىدىم.
ۋە لېكىن، ئالدىمدا بار ئىبغىر بۇرچۇم،
قەلىمىم، قۇرلاردا دۈلدۈلدەك چاپقىن.
كۈلدۈرۈپ خەلقىمنىڭ ئارزۇلىرىنى،
شېئىرىي گۈللەردىن چاچقۇنلار چاچقىن!

1987 ـ يىل، مارت، ئۈرۈمچى

---

ئوقتۇرۇش

يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن مەجمۇئەمىز 1988 ـ يىلدىن ئېتىبارەن نەشىردىن توختايدۇ. ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قىلىشىنى سورايمىز.

# ئالتۇن يوقاتقۇچىنىڭ سىرى

(ھېكايە)

نىياز ساۋۇت

فېۋرال ئايلىرىنىڭ باشلىرى، شىمالدىن سوققان زەھەردەك ئىزغىرىن شامال ئولجا ئىزدەپ يۈرگەن چىل بۆرىلەردەك ئەتراپتا ۋەھىملىك ھۇۋلايتتى. شۈرگان كىشلەرنىڭ يۈز، بويۇن، قۇلاقلىرىغا زەھەردەك نەشتىرىنى سانجىپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن ئاچچىق ئىسقىرتىپ ئۆتەتتى.

شەھەرنىڭ تاندەك تۈپ - تۈز كەتكەن چوڭ يولىدا كىرلىشىپ كەتكەن ماسكا تارتقان، ياقىلىرىنى تىكلەپ، كەپىكلىرىنى كۆزلىرىگىچە چۈشۈرۈۋالغان ئىككى كىشى بىر - بىرى بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق تاشلاپ ئەتراپقا زەڭ سالغىنىچە كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار بىردىنلا يانغا بۇرۇلۇپ تار، ئەگرى - بۈگرى بىر قاراڭغۇ كوچىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئېلېكتىر چىراقلىرىدا چاقناپ تۇرغان بىر ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، قاتارلىشىپ تۇرغان بىر پاساژىر ئاپتوبۇسلىرىغا كۆز يۈگۈرتىپ چىققاندىن كېيىن ئېگىزرەك كەلگىنى يېنىدىكى ھەمرىيىنىڭ يېڭنى تارتتى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاستا شۈرلاپ، — ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان چوڭ زال يولۇچىلارنىڭ ماشىنا كۈتۈش ئۆيى، سەنغۇ دائىم ئالتۇنغا پۇتلىشىپ دۈم چۈشسەڭمۇ ئەسكى ئۆتۈمنى ئوغۇرلايدىغان بىر كالۋا، لېكىن بۇ قېتىم ئەپلەپىراق ئىش قىل، قولۇڭغا چىققاننى مۇشۇ يەرگىچىلا سالامەت ئېلىپ كېلەلىسەڭ بۇنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاكاڭ قارىغاي ئىگە!

پاكار ئادەم تەشۋىشلىنىپ قالدى بولغاي كۆزىدىن، خۇددى قاراڭغۇ كاماردىن ماراپ تۇرغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك يالت قىلىپ ياپ - يېشىل بىر ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى.

— ھىم، تەلەيدە بوڭ - بوڭ، — دېدى ئۇ، قوپال گەۋدىسىنى ئېرغىتىپ قويۇپ، ئاندىن يولۇچىلارنى كۈتۈش ئۆيى تەرەپكە خۇددى قالغاچ ئۇۋىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىلاندەك تىۋىشسىز يۈرۈپ كەتتى.

ھايال ئۆتمىدى. ئۇ، چوڭ بىر سومكىنى قولتۇقىغا قىسقانچە، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا زالدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولسا، بىر ئايال: «ۋاي ئوغرى، بولاڭچى قاچتى، تۇتۇڭلار!...» دېگىنىچە دات - پەرياد سېلىپ كېلىۋاتاتتى. بولاڭچى يىقىلىپ - قوپۇپ دېگۈدەك شىردىڭنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى - دە، سومكىنى ئالمان - تالمان ئۇنىڭغا ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئەمدىراق ئۆزىنى ئوڭشاپ قاچايلى دەپ تۇرۇشىغا «توختا!» دېگەن بىر جاراڭلىق ۋە كەسكىن خىتاب ئۇلارنى جايىدا چىپپىدە توختۇتۇپ قويدى. شۇئان بولاڭچىلارنىڭ ئالدىدا ئاددىي كەپىكىسىنى بولۇق چاچلىرى ئۈستىدىن باستۇرۇپ كەيگەن، قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ ۋە ئوتلۇق، يەلكىسى كەڭ كەلگەن يىگىرمە يەتتە، يىگىرمە سەككىز ياشلاردىكى پۇخراچە كىيىنگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى.

— ئادىشاۋۇي، تەييارغا شىرىك بولغۇڭ كېلىپ قالدىمۇ قانداق؟ جاھاننىڭ قوينى كەڭ، قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەش بولغاندىكىن ئالدىمىزنى توسقىچە سەنمۇ ئوقەت قىل! —دېدى ئۇلاربۇ يىگىتكە نېرەن قىلماي.

كەپىكلىك يىگىت ئۇلارغا غەزەپلىك بىر تىكىلدى - دە، سومكىنى ئېلىپ كەلگەننىڭ قولىنى غارسىلدىتىپ قايرىپ تۇرۇپ بېغىشىغا كويزا سالدى. ئۇزلىرىنىڭ ئاددىي بىر پۇخراغا ئەمەس دەل ساقچى خادىمىغا ئۇچراپ قالغىنىنى چۈشەنگەن يەنە بىرسى سومكىنى تاشلاپلا بەدەر قاچتى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بىر تامىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

ساقچى يىگىت ياڭغۇزلۇق قىلىپ ئالدىراپ قالدى. قاچقاننى قوغلىسا تۇتۇلغىنى قاچىدۇ، بۇنى تۇتۇپ تۇراي دېسە قاچقىنى قېچىپ قۇتۇلىدۇ. شۇ ئەسنادا ئەيناۋۇر سومكىنىڭ ئىگىسى بولسا كېرەك، بىر ئايال بۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى - دە، سومكىنى تۇغۇرلاپ قاچقاننىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغان كويزىنى كۆرۈپ ئىمىشقىدۇ تۇمۇ تۇزىنى غىپپىدە دالدىغا ئالدى.

ئىككى كۈندىن بېرى خاراكتېرى بېكىتىلمىگەن بۇ ئەنزە ھەققىدە بۈگۈن يەنە رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ كەسپىي يىغىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇراتتى، پېشقەدەم رازۋېتچىك ۋە ئىدارە باشلىقى شۆكۈر ئاكا ئىشخانىغا باشقىلاردىن بۇرۇنراق كەلدى. ئۇ، رامدىن مەشىق مەيدانىغا قارىدى.

نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئوچۇق ئاسماندا پارقىراپ كۆرۈنەتتى، قىش بولۇشقا قارىماي يېلىڭ كىيىنىۋېلىشقان ئۈت نەپەر رازۋېتچىك مەشىق مەيدانىدىكى قۇم خالتىسى ئېسىلغان جازىلار ئالدىدا بوكسيورچىلىق مەشىقى ئىشلەۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى يىگىرمە تونۇش ساقچى يىگىت — ئەكرەمنىڭ ھەققى خەلق ساقچىسىغا خاس چەبدەس ھەرىكەتلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. شۆكۈر ئاكىمۇ يېڭىلا ئۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى قايتا شوراشنى ئۇنتۇپ، ئەكرەمنىڭ ماھارەتلىرىنى زوق بىلەن تاماشا قىلماقتا ئىدى. ئەكرەمنىڭ چاقماق تېزلىكىدىكى بۇ مۇشتۇۋازلىقى خۇددى ئۈزىگە ئوخشاشلا قۇم خالتىسى مۇشلاۋاتقان سەپدىشى غولامنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى بولغاي، ئۇ بىر ھازا ئەكرەمگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۈزىنىڭ جازىسىدىكى قۇم خالتىلارغا يەنە ئىككىنى قوشۇپ ئاستى - دە، ئەكرەمنى چاقىردى. ئۇ ئەكرەمنىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئەگەر، ئالدىڭغا بىراقلا بەش رەقىب ئۇچرىسا قانداق قىلماقچىسەن؟ — دېدى ئۇ ئېسىلىپ تۇرغان بەش قۇم خالتىسىنى ئېڭىكى بىلەن كۆرسىتىپ.

ئەكرەم ئۇنىڭ ئۈزىنى چاقىرىشىدىكى مەقسەتنى چۈشەندى - دە، ئېغىزىمۇ جىددىيلىشىپ جەڭگە تەييارلاندى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇگۈر - توگۈر گۆشلەر بۇرتىيىپ چىققان لىمدەك ئىككى بىلىكى رەسمىي ھۇجۇم ھالىتىگە ئۆتتى. شۆكۈر ئاكا بىرئاز خىرەلىشىپ قالغان دېرىزە ئەينەكلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، دىققەت بىلەن زەڭ سېلىشقا باشلىدى. غولامنىڭ كاماندىسى بىلەن تەڭ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئەكرەمنىڭ ئۈچ قېتىم ئاتقان مۇشتى ۋە قوش پەشۋاسى بەش قۇم خالتىنى ئوخشاشلا دېگۈدەك ئۈزىدىن يىراقلاشتۇردى.

— توختات!

ئەكرەم توختىدى.

— دۈشمەن ئويۇقسىز ھالەتتە تۇرغاندىمۇ ئۇلارنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئويۇقسىز چېكىندۈردۈڭ، — دېدى غولام ئەكرەمگە سىنچى نەزىرى بىلەن قاراپ، — لېكىن، ئۇلار ساڭا قايتىدىن بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ كەلسىچۇ؟

ئەكرەم ھېچقانداق ئويلىنىپ تۇرماستىن يەنە ھۇجۇم ھالىتىگە ئۆتتى. كاماندا باشلانغان ھامان بەش خالتىنى ئالدىنقى قېتىمغا ئوخشاشلا ئۈزىدىن يىراقلاشتۇردى. خالتىلار قورشاۋىدا قالغان ئەكرەم قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بىرىنچى، ئىككىنچى خالتىنى قوش پەشۋا بىلەن چېكىندۈرۈپ، ئۈچىنچى، تۆتىنچى خالتىنى ئوڭ ۋە سول مۇشت بىلەن چەتكە قېقىۋەتتى. بىراق بەشىنچى خالتا بولسا مۇشتمۇ، پەشۋامۇ ئۈلگۈرمەيدىغان ھالەتتە ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەكرەم دەقىقە ئىچىدە بۇنىڭغىمۇ چارە تاپتى - دە، باش بىلەن شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئۇرۇۋېدى، بۇ خالتا ھەممىدىن بەكرەك يىراققا قاڭقىدى.

— يارايسەن، پالۋانىم، يارايسەن! — غولام ئەكرەمنى سەبداشلارچە مەھكەم قۇچاقلىدى. غولام ئۇنى غولاچلىرى ئاستىدا بىر نەچچە قېتىم چىڭ - چىڭ قىسىپ قويۇۋەتكەندە ئەكرەمنىڭ كۆكرەكلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ جوڭ - جوڭ نەپەسلىنەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پۇرقىراپ تېشىپ تۇرغان غايەت زور ياشلىق كۈچى، بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىنى

ھۆپپىدە قىزارتىپ، قويۇق قېشى ئاستىدىكى قاپقارا سۈرلۈك كۆزىگە كۆلكە يۈگۈرتكەنىدى.

بۇ چاغدا جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ ئون نەچچە خادىمى ئىشخانىغا يىغىلىپ بولغانىدى. شۈكۈر ئاكا مەيداندا مەشىق قىلىۋاتقانلارنى ئىشخانە ئىچىدە تۇرۇپلا رامىدىن چاقىردى - دە، ئۇلار كىرگەندىن كېيىن يىغىنني باشلىدى. بىراق، بۇ ئەنزىنىڭ ھەقىقى خاراكتېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا تۇمانلىق ئىدى. بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى دەيلى دېسە تۇتۇلغان جىنايەتچى «ئىگىسى ئۇنتۇلۇپ قالغانمىدىكىن، بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىكەن، شۇ يەردىن ئالغانىتىم» دەيدۇ، ئوغۇرلۇق ئەنزىسى دەپ بېكىتەيلى دېسە ئەكرەمنىڭ ئەنزە سادىر بولغان ھامان بىر ئايالنىڭ يىراقتىن «سومكامنى ئېلىپ قاچتى!» دەپ پەرياد كۆتەرگىنىنى ئاڭلىغىنى راست. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يۈز ئەللىك سەر ئالتۇن، قىرىق سەككىز دانە تىللا ۋە بىر مۇنچە كىيىم - كېچەكلەر سېلىنغان بۇ سومكىنىڭ ئىگىسى ھېلىغىچە ئۆزىنى مەلۇم قىلغىنى يوق. باش جىنايەتچىمۇ تېخى تۇتۇلمىدى.

شۈكۈر ئاكا بىلەن ئەكرەم ھامان چىگىش خىياللار بىلەن سۆزكۆتە ئولتۇراتتى. ئاق سېرىق كەلگەن بىر رازۋېتچىك بۇ ئەنزىنىڭ خاراكتېرىنى قانداق بېكىتىش ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى قويۇپ ئۆتتى:

— بۇنداق بىر داۋاگەرى يوق ئەنزىنى، — دېدى ئۇ ھەممىگە ئەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — يەنە كېلىپ تېخى داۋاگەرنىڭ «مانا مېنىڭ قولۇمدىن بۇلاپ قاچقىنى راست» دېگەن گۇۋاھ ئىسپاتى بولماي تۇرۇپ بۇ ئەنزىنى «بۇلاڭچىلىق» ياكى «ئوغۇرلۇق» ئەنزىسى دەپ بېكىتىش مېنىڭچە ئۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويۇش بىلەن باراۋەر.

— مېنىڭچە، — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى غولام،

— نەق مال ۋە جىنايەتچى قولغا چۈشكەنىكەن يەنە داۋاگەرنى ئىزدەيمىز دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىكى ئاتنى ئۇتۇپ مىنىمىز دېگەنلىك. بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى دېمىگەندىمۇ ئوغۇرلۇق ئەنزىسى دەپ بېكىتسەك داۋاگەر بىر كۈنى ئۆزى كەلمەمدۇ؟ نېكەمگىچە جان قاخشىتىپ ئولتۇرىمىز.

— مېنىڭچە بۇ ئەنزىگە بۇنداق سەل قاراشقا بولمايدۇ غولام، — دېدى ئەكبەر ياشانغانلارغا خاس بىر خىل سوغۇق قانلىق بىلەن، — بىز ئىزدىگەن داۋاگەردىن ئىبارەت بۇ ئات ھەرگىز سەن دېگەندەك بۇلۇت ئۈستىدىكى ئات بولماستىن بەلكى قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي يۈتى چۈشۈلۈپ قالغان يەر يۈزىدىكى — يېنىمىزدىكى بىر ئات، مېنىڭچە بۇ ئەنزىنىڭ ئەڭ نازۇك سىرى، ئەڭ چوڭ تۈگۈنى ھېلىقى «سومكامنى ئېلىپ قاچتى!»... دەپ داد - پەرياد كۆتەرگەن ئايالدا، — ئەكرەم بىرئاز تۇرۇۋېلىپ كۆزىنى يولداشلىرىغا ئىشەنچ بىلەن تىكىپ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، ئېدىنىلىق قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — لېكىن بىز يەنىلا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەلىل - ئىسپاتنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. بەزىلەرنىڭ بۇ ئەنزىنى داۋاگەر ياكى ھەقدارنىڭ ئىسپاتسىز بىر تەرەپ قىلايلى دېگىنى بىزنىڭ بۇرچىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. قانۇن ئاياغ ئاستى قىلىنغان چاغلاردىكىدۇ «قۇلاقنى نەدىن چىقىرىش قازانچىنىڭ ئىختىيارى» دېدۇق. نەتىجىدە فېئودال قانۇنچىلارغا ئوخشاش ھېسسىيات ۋە خاھىشىمىزنى خالىغانچە قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرگە زۇۋال قىلدۇق. ئەمدى قانۇندىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەستۇر قولىمىزدا تۇرۇپ بۇ ئەنزىنى يەنە نېمە ئۈچۈن ئۈزۈل - كېسىل ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىيەلمەيمىز.

— ئەنزىنى داۋاگەرسىز بىر تەرەپ قىلايلى دېمىدۇق، — دېدى غولام بىر ئاز قىزىشقان ھالدا، — داۋاگەرنى سۈرۈشتە قىلىپ ئىزدىدىققۇ؟ ھەتتا ئۆزىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، يوقاتقان مېلىنى تاپشۇرۇۋېلىش ھەققىدە ئېلانمۇ چىقاردۇق. بىراق مال يوقاتقۇچى ھېلىغىچە مانا مەن دەپ ئالدىمىزغا كېلىپ مۈرىمىسە. ئەگەر ئۇ جاۋابكار بولۇپ، پىشانىسىدە جىنايى قاشقىسى بولسىغۇ، ئۇ چاغدا يەرنىڭ تەكتىدە بولسىمۇ تېپىپ چىقساق، لېكىن ئۇ، ئۇنچىۋالا تەكتى -

سىراتقا يەتكۈزۈپ رازۋېت قىلىپ چىقىدىغان بىر جىنايى جاۋابكار ئەمەستە، بەلكى ھەقدار، گۇرۇچتە خەۋەر يوق، سەۋزە دەم يەپ كېتىپتۇ دېگەندەك، مال ئىگىسىنىڭ كارى بولمىسا بىز نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىمىزكىنتاڭ!

— سىبىنگچە مۇنداق خەيرى ساخاۋەتلىك مال ئىگىسىنىڭ بۇ ئەنزە بىلەن راستىنلا كارى يوقمىدۇ؟ — ئەكرەم غولامغا مەنىلىك سوئال قويدى، — بۇ سائىتمۇ، مائىتمۇ ھەتتا مۇشۇ ئولتۇرغانلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا تېخى مەلۇم بولمىغان بىر غەلىتە ئىش. مەن مۇشۇ ئىشتىن بەكرەك شەكلىنىۋاتىمەن. ئەنزىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ تەرىپىمۇ مۇشۇ پەردە ئۇرىدۇ. چامامچە ئۇ، مەن قارىغاندەك ئاددىي بىر داۋاگەر ئەمەس، بەلكى تەلىپى تەتۈر كېلىپ قالغان زور گۇمانلىق ئادەم. گاچىمۇ چوچۇرىنى كۆڭلىدە ساناپ يەيدۇ. ھەقدار ئۇرۇپ ئۆزىنى مۇنچىۋالا خۇپىيانە تۇتۇشنى شۇنچە كۆپ مال - مۈلۈكتىن جىق ئەۋزەل دەپ بىلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان قانۇن بىلەن قارشىلىشىپ كېلىۋاتقان ئەتكەسچى. مانا بۇ سىر يېشىلمەيدىكەن ئەنزىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىمىز دېگىنىمىز ھەرگىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس يولداشلار.

ئەكرەمنىڭ ئەنزە ھەققىدىكى مۇلاھىزىسىگە ھەممەيلەن قايىل بولۇشتى. باياتىنبېرى «ئەنزىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىمىز» دەپ گۈكىرەپ، قامچىسىغا تۈكۈرۈپ تۇرغانلار پەسكويغا چۈشۈشتى.

ئەكرەم قەددىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن چىرايلىق سىرلانغان يېشىل ئىشىكنى ئاستا ئىتتەردى.

— مېنى چاقىرغانمىدىڭىز شۈكۈر ئاكا؟

يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان ئىدارە باشلىقى شۈكۈر ئاكا توققۇزىنچى نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئالدىدىن نېرىراققا سۈرۈپ قويۇپ بېشىنى كۆتەردى.

— ھە، ئەكرەممۇ سىز، كېلىڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ!

ئەكرەم شۈكۈر ئاكا بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلى قارشىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىر نەچچە كۈندىن بۇيان تەھقىقلەپ كۆرگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، پاكىتلار سىزنىڭ كەسپىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىڭىزنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سىز بىكەتتىن ئۆتۈپ كەلگەن جىنايەتچىنىڭ ئىقرارىدىنمۇ مال ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇزۇكرەك يىپ ئۇچى تېپىلمىدى.

ئەكرەم تاراقشىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، شۈكۈر ئاكىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:

— تەشكىل مۇۋاپىق كۆرسە، مال ئىگىسىنى رازۋېت قىلىپ تېپىپ چىقىشنى ماڭا تاپشۇرسا، — دېدى.

شۈكۈر ئاكا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلگىنىچە ئىش ئۈستىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئەكرەمنىڭ يەلكىسىنى مۇجۇپ - مۇجۇپ سىلىكىپ قويدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ ئەكرەم، بۇ ۋەزىپىنى تەشكىل ئاللىقاچان يەنىلا سىزگە تاپشۇردى.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئەكرەم ھاياجان بىلەن، — مالنىڭ ئىگىسىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئېلاننى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىراق يېزىپ مەركىزىي كوچىغا يېپىشتۇرساق ۋە مىلىنى ئىزدىگۈچىگە يەنە ئون كۈن مۇددەت بەرسەك.

ئەكرەمنىڭ تەلىپى جىنايى ئىشلار رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ ئومۇمىي قارارىدىن ئۆتۈپ مالنىڭ ئىگىسىز ئىكەنلىكىنى جاكالاش توغرىسىدا قايتىدىن چوڭ خەتلىك ئېلان چىقىرىلدى، بىراق، ئېلان قايتا چىقىرىلغانغا بەش كۈن بولغان بولسىمۇ ئەكرەم كۈن بويى شۇ ئەتراپتا پۇخراچە كېيىنىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچقانداق گۇمانلىق ھەرىكەتلەرنى سېزەلمىدى.

مانا بۇ گۈنمۇ ئېلاننىڭ ئالدىدا ئادەملەر ئۈزۈلمىدى. ئالمان تەۋرىنەتتى، ئۇلار ئېمىندۇر بىر ئېملەرنى دېيىشىپ خۇددى چوڭقۇر ئىشەنلىكتىن ئاگلىنىۋاتقان كەلكۈن ئاۋازىدەك ئېغىر گۈرۈلدەيتتى. ئەكرەم ئەنە شۇنداق قىستاڭچىلىقتا يۈرۈپ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەڭ نازۇك ھەرىكەتلىرىنىمۇ ھوشيارلىق بىلەن ئەقىپتىن

ئۆتكۈزەتتى. يەنە كەچ بولدى. تاغ كەينىگە پېتىۋاتقان قۇياش ئاقۇش چوقىلارنى قان رەڭگىدە تاۋلىماقتا، تىت - تىت بولغان ئەكرەمنىڭمۇ قانلىرى قاينىماقتا ئىدى.

كوچىدىمۇ ۋە ئىلانىنىڭ ئالدىدىمۇ ئادەملەر شالاڭلاشتى.

ئەكرەم بۈگۈنكى رازۋېتكىسىدىنمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرۇشىغا بىر ئايالنىڭ يىراقتىنلا دەل مۇشۇ دوختۇرنى كۆزلەپ ئالمان - تالمان كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئايال ئىلانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئەكرەممۇ ئادەتتىكى بىر ئىلان ئوقۇغۇچى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ سىنچى كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بېشىغا قارا رەڭلىك چىم - چىم زەر ياغلىق سالغان، دۇراپ پەلتو كىيىپ، بارماقلىرىغا قوش - قوش ئۈزۈك سالغان قىرىق ياشلاردىكى بۇ ئايال چەكتىن يېرىلغىدەك سېمىز بولسىمۇ ياشلىقىدا خېلى ئىش كۆرگەن گۈزەللەردىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

ئايالنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ ئىلانىنى بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ ھازىر نېمىدۇر بىر نەرسىگە تارتىشقاندەك كۆچلۈك بىر ۋەسۋەسە ئىچىدە ئىلانىنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم كېتىپ يەنە قايتىپ كەلدى. زىددىيەتلىك پىكىرلەر ئۇنىڭ ئىچىدە كۆچلۈك بوران قوزغاپ چىرايىنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا نەچچە خىل رەڭگە ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشتۈرۈلۈپ ئۆتۈپ... [See note]

ئەمىسە بۇ ئىلانغا نېمانچە قاراپ كېتىسىز؟ دېسە، ئۇكامىۋ، ئىلان دېگەننى كىشىلەرنى قارىسۇن، ئوقۇسۇن دەپ چاپلايدۇ، دېسىچۇ... ئەگەر باشقىچە مۇئامىلە بىلەن، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئاشكارا قىلىپ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا ئېلىپ بارسىچۇ... ياق، يەنىلا سەۋرچانلىق كېرەك. ئۇنىڭ ئېغىز قانۇن ئالدىدا قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇ ھازىر پەقەت مېلى ئوغۇرلانغان، ئۇۋال قىلىنغان داۋاگەر...»

ئەكرەم مۇشۇنداق خىياللار بىلەن بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە، ئۇزىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئايالنىڭ كەينىدىن كۆزىتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرۇشلۇق جايىنى كۆرۈۋېلىپ قايتتى. ئۇنى ئەمدى رازۋېتكا بۆلۈمىدىكى يولداشلار بىلەن ئۆزىدىغان بۇ ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى ۋە مۇرەككەپ پىلانلار، ئاجايىپ ئەقىل - پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان جىددىي ھەم مۇشكۇل ۋەزىپىلەر كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى.

ئەكرەم ئەتىسى سەھەردىلا ھېلىقى ئايال ئاخشام كىرىپ كەتكەن قورۇنىڭ ئەتراپىدا بىر پەس ئايلىنىپ يۈردى. ئەينەۋۇر ئۇ ئايالمۇ كېچىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغان بولسا كېرەك. ئۇمۇ ھەر ھالدا ئەكرەمنى ئۇزۇن ساقلاتماي قورۇنىڭ يالاڭ قاناتلىق ئىشىكىنى سىرلىق غىچىرلىتىپ چىقىپ كەلدى - دە، ئۇدۇل دوختۇرۇشنىكى ئىلانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە بىر ھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىرقى شۇ ھالىتىدىن ئىلانىنى ئوقۇۋاتقانلىقى ياكى ئىلان چاپلانغان تامغا گويا ئەمالارچە خۇددى بوشلۇققا قارىغاندەك قاراپ ئەگىسىز خىياللارنىڭ قاراڭغۇ قايناملىرىدا بۇرۇختۇم بولۇۋاتقانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

ئۇ ئاخىرى يەلكىسىنى قورۇپ ئېغىر بىر خۇرسىنغاندىن كېيىن سەتەڭلەر يۈرۈشىدە يورغىلاپ ئۇت كوچا دوختۇرۇشىدىكى پوچتىخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئايالنى تاپانداپ يېتىپ كەلگەن ئەكرەمگە ئەلۋەتتە مۇشۇ ئەتراپتا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەكرەم تەقەززا بولماقتا، يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ سىرلىق تېپىشماق ئۇنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. ئۇ سائەتكە ئۇچىنچى قېتىم قارىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايالمۇ پەيتكىرمە مۇنچە

ئەكرەمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشتۈرمۈت ھېلىقى ئاخشىمى ئېيكەتە دەسلەپتە «ئوغرى، بۇلاڭچى!» دەپ پەرياد سېلىپ، كېيىن جىنايەتچىنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغىنىنى كۆرۈپلا غېيىدە تىكۈەتكەن ئايالنىڭ قىسقىغىنە پۇرسەتتە كۆرۈپ قالغان تونۇش چىرايى لاپپىدە ئۆتتى - دە، قەلبى ۋالىلدە يورۇپ كۆزلىرى ئىشەنچ بىلەن چاقناپ كەتتى. «شۇ، شۇ، دەل ئۆزى شۇ، — دەيتتى ئۇ ئالدىدىكى ئايالنىڭ شۇ سومكا ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان قىلمىغان ھالدا، — لېكىن، قانداق قىلىش كېرەك، ھەدە سومكىڭىزنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، دېسە ئۇ ھازىر نېمە دەيدۇ؟ ھازىرقى تۇرقىدىن قارىغاندا ھەرگىز ميېنىڭ دېمەيدۇ؛

هايالداپ پوچتىخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئەكرەم ئۇنىڭ قارىسىنى يوتتۇرۇپلا پوچتىخانىغا كىرىۋەدى، ئوتتۇرا بوي، قوي كۆزلۈك، قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان پوچتىخانە خادىمى ئۇنى يوكەينىڭ ئۇ يېقىدا تۇرۇپلا سىرلىق بىر ئىشارە بىلەن خاس بۆلۈمگە تەكلىپ قىلدى. ئەكرەم بۆلۈمگە كىرگەندە پوچتىخانە خادىمى ئۇنىڭغا يەڭگىل ئەمما ئىشەنچلىك بىر كۆلۈمسىرىدى ـ دە، يانچۇقىدىن بىر قاپ ئۇنتالغۇ لېنتىنى چىقىرىپ ئۇنتالغۇغا سالدى. لېنتا بىر نەچچنى ئايلىنىپلا مۇنداق زوۋان بېرىشكە باشلىدى:

«ۋ... ۋەي، ۋەي... رىشتىمۇ سەن؟ نەھۋالىڭ قانداق؟... ماڭا شامال تېگىپ زۇكامداپ قالدىم، ئالتۇنخاننى ئاكىسى سايىم ئېلىپ كەتتى. ئۇزى كېلەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن يالغۇزلۇق قىلىپ قالدىم. تېز قايتىپ كەل!»

ئەكرەم پاراخلاپ كۈلۈپ تاشلىدى. ئۇنتالغۇدىن ئاڭلانغان بۇ خۇپىيانە سۆز ئۇزى ئىزىغا چۈشكەن كىشىنىڭ راستىنلا ئەتكەسچى، ئەتكەسچى بولغانلىقىمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق ئەتكەسچىلەردىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئەكرەم پوچتىخانە خادىمىغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئۇن ئالغۇ لېنتىسىنى ئېلىپ پوچتىخانىدىن قايتتى.

ئۈت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى كەچتە نەچچە دوختۇرۇشتىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ھېلىقى تار كوچىدىكى ئوتتۇزىنچى نومۇرلۇق قورۇنىڭ ئىشىكىنى بىر كىشى چەكتى. ئىچكىرىدىن ئېگىز ئۆكچىلىك ئاياغنىڭ رېتىملىق تاقىلدىشى ئاڭلاندى ـ دە، ھېلىقى تونۇش ئايال ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى قىيا ئاچتى. ئايالنىڭ ئالدىدا ئۇزى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان، قاپقارا بولۇق چاچلىق، چوڭ چاقماقلىق رەختتىن كاستۇم، ساغرىسىنى قىسىپ تۇرىدىغان شىم كىيگەن، چىرايلىق، بۇرۇتلۇق ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئايال كەلگۈچىنىڭ باش ـ ئايىقىغا ئوبدان زەڭ قويغاندىن كېيىن سورىدى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— [illegible] يېسىزنى. [illegible]

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ [illegible]

— ئالتۇنخاننى ئاكىسى سايىمدىن قايتۇرۇپ ئەكەلمەكچىمەن.

— نېمە؟!

ئايال چۆچۈپ كەتتى ۋە پۈتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىۋالدى. ئەمدى ئۇ ئېقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىدە، ئالدىدا تۇرغان بۇ ناتونۇش يىگىتكە ئىشەنمەسلىك ۋە ئىشەنمەسلىك ئەزىرىدە قاراپ چەكچىيىپلا قالغانىدى. كەلگۈچى كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر كانۋېرتنى چىقىرىپ ئايالغا بەردى. ئايال خەتنى شۇ يەردىلا ئېچىپ ئوقۇدى.

«زىلەي، تېلېفوندىكى گېپىڭنى چۈشەندىم، لېكىن ھازىر ئۆزەم بارالمايمەن، مېنىڭ ئىشلىرىممۇ چىگىشلىشىپ كەتتى. ھازىر قايتسام زىيان قوش بولىدۇ، شۇڭا ئىشەنچلىك دوستۇم كامىلجاننى ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ ساقچى ئورۇنلىرىدا ئۇز ئادەملىرى بار. ساڭا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭغا ماڭا ئوخشاشلا ئىشەن. خەتنى بەك ئالدىراش يازدىم. ئاڭقىرىپ ئوقارسەن. گۈاڭجۇ. رىشت.»

زىلەيخان رىشتىنىڭ دانە ـ دانە خەتلىرىنى ياخشى تونۇيتتى. شۇڭا بۇ خەتكە دەسلەپتە تازا ئىشەنمىدى، يۈرىكى بىر ھازا ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. خەتنى كۆزىگە يىراق ۋە يېقىن تۇتۇپ باقتى. لېكىن خەتنىڭ ئاخىرىسىدىكى «خەتنى ئالدىراش يازدىم» دېگەن سۆز ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتتى.

زىلەي كامىلجاننى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن بىر ھازاغىچە يۈزلىرىنى مورلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلىدى. سەل ئېچى بوشىغاندىن كېيىن، بولغان ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلىدى ۋە ئاخىرىسىدا:

— ئۇكام كامىلجان، — دېدى ئۇ، — كوچىغا چاپلىنىغان ئاشۇ ئېلاندىن ئەنسىرەپ تۇرىمەن. يۈرىكىم تۈيۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئېلان ئەمەس بىزگە قويىغان قاپقان!

— ئېلان چىقارغان ئورۇن قايسىكەن؟

— شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى.

— ئىشنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى قاراڭ زىلەيخان ھەدە! — كامىلجان يوتىسىغا بىر نەچچە شاپىلاغلاپ ئورنىدىن ... چاچلىرى ئۆرۈلۈپ كەتتى ... [illegible] ئىدارىسىدا؟

مەن ئۈچۈن جىنىنى ئايىمايدىغان بىر نەچچە دوستۇم بار. دۈرىسى بىر تۇقماق پۇل، جۈرۈك ھازىرلا بارايلى.

زىلەي تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر پەس تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن زەرلىك قارا شارپىسىنى ئوراپ كامىلجان بىلەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغا كەلدى. ئۇلار كەلگەندە ئىدارە خادىملىرى گويا شۇلارنى كۈتۈپ ئۆرغاندەكلا ھەممىسى تەق ئىدى. بۇلارنى ئالدى بىلەن شۈكۈر جۈيجاڭ قارشى ئالدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن سورىدى:

— بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىسىڭلار؟

زىلەي كامىلجانغا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ھودۇقۇپراق جاۋاب بەردى:

— ئازراق مىلىمنى يۇلاپ كەتكەنتى... شۇڭا...

— قانداق مال ئىدى؟

زىلەي ئەمدى تەخىر قىلالمىدى - دە، سۆزلەپ تۇرۇپ ئۇن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى:

— كوچىغا ئىبلانمۇ چىقىرىپسىلەرغۇ، شۇ مال ئىدى. ھۆ... ھۆ... دادام رەھمەتلىكتىن ماڭا قالغان ئانامنىڭ سۆتىدىنمۇ ھالال مالنى، ھۆ... ھۆ...

ساقچىلار بىر - بىرسىگە قارىشىۋالدى.

شۈكۈر جۈيجاڭ سوئالنى داۋاملاشتۇردى:

— كوچىغا ئىبلانغۇ چاپلىدۇق، لېكىن سىزنىڭ مالنى قانداق يوقاتقانلىقىڭىزنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى ئۆز ئېغىزىڭىزدىن ئاڭلاپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مىلىڭىز قانداق مال ئىدى؟

زىلەي كامىلجانغا يەنە بىر قارىۋالدى.

— ئا... ئالتۇن، ھە، يەنە ئازراق كىيىم - كېچەك.

— ئالتۇن قانچىلىك ئىدى؟

— قىرىق سەككىز دانە تىللا. ھە... ھە، يەنە بىر يۈز ئەللىك سەر ئالتۇن.

— قاچان يوقالدى؟

— يۈرتۈمغا ماڭغان كۈنىسى.

— يۈرتىڭىز قەيەر؟

— ئاتۇش.

— نەدە يۇلىدى؟

— پويىز ئىستانسىيىسىدە.

— ئاتۇشقا پويىز ئىستانسىيىسىدىن بارامتىڭىزمۇ؟

گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى سەزگەن زىلەي كامىلجانغا يەنە بىر تەلمۈرۈپ قارىۋالدى - دە:

— يۈرتۈمغا مېڭىشتىن بۇرۇن گۇاڭجۇغا ماڭغان بىر تۇغقىنىمنى ئۇزىتىپ چىققان ئىدىم، — دېدى.

شۈكۈر جۈيجاڭ «ئەمدى يەنە گەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەندەك ئىشخانىدىكى ساقچى خادىملىرىغا تەكشى بىر قاراپ قويدى. «كامىلجان» شۇئان سىرتقا ماڭغان ئىدى. زىلەي ئەنسىزلىك بىلەن پېشىگە ئېسىلدى:

— نەگە بارىسىز كامىلجان؟

— ھازىرلا كىرىمەن.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ، «شاڭخەي» ماركىلىق بىر قارا قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىۋىدى، زىلەي ئىختىيارسىز پەرياد كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئاشۇ شۇ، مىلىم بار سومكا شۇ!

شۈكۈر جۈيجاڭ «كامىلجان»نىڭ مۆرىسىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قىسىپ قويدى - دە، زىلەيگە قاراپ مەسخىرە بىلەن شۇنداق دېدى:

— مىلىڭىزنى ئىزدەپ تېپىپ بەرگەن بۇ يىگىتكە رەھمەت دەڭ، بىزمۇ نە شەكىل نامىدىن بۇ يىگىتكە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

زىلەي بىردىنلا بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك سىلكىنىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ساقچى كىيىمىدىكى «كامىلجان»غا داڭ قېتىپ قاراپ قالغانىدى. «ئۇ راست شۇمۇدۇ؟ ھازىرلا يېنىمدىن باشقا بىر كامىلجان — يالاڭ باش، بۇرۇتلۇق، كاستيۇم - بۇرۇلكىلىق كامىلجان چىقىپ كەتكەن ئىدىغۇ، بۇ نىمە ئىش؟ بۇ قايسى كامىلجان؟ بۇ بىر ساقچىغۇ؟ بۇرۇتى بولمىغان بىلەن كۆزلىرى، بۇرۇن - قاڭشالىرى، تەقى - تۇرقى مېنى باشلاپ كەلگەن كامىلجاننىڭ ئۆزىغۇ؟! ئاھ... مەن تونگەشتىم».

زىلەي «كامىلجان» قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئەكبەرگە شۇنچىلىك قەھرى - غەزەپ، شۇنچىلىك ئۆچلۈك بىلەن تىكىلدىكى، كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ كەتتى. ئەكبەرمۇ ئۇنىڭغا جەڭچى ئۈيغۇسى بىلەن غالىبلارچە تىكىلگەنىدى، زىلەينىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرلار سۇنۇپ، قوش - قوش ئۈزۈككۈلۈك بارماقلىرى تىترىگىنىچە تىزلىرىنى غىجىملاشقا باشلىدى.



# ئەڭ گۈزەل خاتىرە

(ھېكايە)

خالىدە ئىسرائىل



خالىدە ئىسرائىل 1952- يىلى قەشقەردە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1975- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھازىرغىچە شىنجاڭ گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

خالىدەنىڭ 1985- يىلدىن بۇيان ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا «كۆۋرۈك بېشىدا»، «ئويغىنىش»، «ئىبھ، ھايات» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان.

ئۇزۇن يوللۇق كىرا ئاپتوبۇسى ئاشۇ كىچىككىنە شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى قەلبىم چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىل تەلپۈنۈش، ھاياجان ئىلكىدە قەپەزدىكى قۇشتەك تىپىرلاشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس تونۇش، توپىلاڭ بىكەتكە يېتىپ كەلگەندە، مەن نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۈم. بالىلىق دەۋرىمنى، ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل شۇنداقلا ئەڭ مۇدھىش بىر مەزگىللىرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ شەھەرنىڭ ھەر بىر تال — گىيا، تۇپرىقى دىلىم ھەم كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق تۇيۇلۇپ، قەلبىمنى تۈزگىچە نازۇك ھېسلارغا تولدۇردى. ئىككىنچى كۈنى، مەن تولۇق بىر كۈننى سەرپ قىلىپ

بۇدۇر - بۇدۇر قوۋزاقلىق، قوچاق يەتكۈسىز قېرى تېرەكلەر بىلەن ئورالغان چاڭ - توزاڭلىق كوچىلارنى، شەھەرنى باغرىغا بېسىپ ياتقان زور ئەجدىھاردەك تولغىنىپ - تولغىنىپ ئاقىدىغان قەدىمىي دەريانىڭ ئىككى يېقىدىكى قومساڭ ساھىللارنى، قويۇق سۆگەتلىكلەرنى ھارماي ئارىلىدىم. ئاھ، كىچىك شەھەرنىڭ ئۆزگىچە كۆكۈم پەسلى، ئوتقاشتەك كەچكى شەپەق، دەريا يۈزىدە گويا كۆرگىلى بولىدىغان ئەمما ئۇتقىلى بولمايدىغان ھېلىھەم پەردىدەك جىمىرلاپ تۇرىدىغان سۈس تۇمان ... ئەنە، تاماششەم قۇشقاچلىرى شەپەق يۇققان قاناتلىرىنى پىرىلدىتىپ كېچىنىڭ باش ئۆستىدىن ئەجەپ

مۇڭلۇق سايرىشىپ ئۆتىشىدۇ. سۆزگە تىلىك ئارقىسىدىن كالىنىڭ سوزۇپ مۆرىگەن ئاۋازى، پادىچى بالىنىڭ هايت - هۇيتلىرى ئاڭلىنىدۇ، تۇسمۇرلەرگە خاس جاراڭلىق ئاۋاز كۆكۈم پەردىسىنى تىترىتىپ، هاۋادا بىلىنەر - بىلىنمەس ئەكس سادا پەيدا قىلىدۇ، ئارقىدىن ئەتراپ مۇڭگە ۋاتقاندەك چەكسىز جىم - جىتلىققا چۆكىدۇ ... بالىلىق ۋاقىتلىرىمدىن تارتىپ قەلبىمدە شۇنچە روشەن ساقلانغان، چۈشۈمدە قانچە رەت تەكرارلانغان بۇ مەنزىرە كۆز ئالدىمدا. ئەمما ئاشۇ سەبى دىللار، خۇشخۇي كۆلكىلەر، كىچىككىنە يالاڭ ئاياغلارنىڭ نەم قۇم ئۈستىدە قالدۇرغان ئىزلىرى، قۇمدىن ياسالغان «شەهەر»، «قەلئە»، «باغلار» قېنى؟

ئاجايىپ هاياجانلىق هېسسىياتلار ئىچىدە، ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ گۈزەل خاتىرىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن كۆڭلىرىمنىڭ بىرىدە، كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ساۋاقدىشىم مېھمانخانىغا مېنى ئىزدەپ، كېلىپ قالدى. مۆجىزىلەرگە باي هەم رەهىمسىز يىللار ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپلا تۇرىدىغان كىچىككىنە كەپسىز ئوقۇغۇچىنى ئوتتۇرا بوي، ئىسسىق چىراي، تەمكىن بىر ئەر كىشىگە ئايلاندۇرغان. جەنۇبلۇقلارغا خاس قارامتۇل پېشانىسىدە، يېقىملىق چاقناپ تۇرىدىغان كىچىكرەك قارا كۆزلىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ يول - يول ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. بىز ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى جىددىي قىلىپ ئوتتۇرىلا ئېيتتى. ئۇ هازىر شەهەر ئەتراپىدىكى يېزا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن، ئائىلى تۈلۈپ كېتىپ، بىر بالا بىلەن بويتاق ئۆتۈۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىر قوشنىسى — ئەينى يىللاردا بىزنىڭ ئائىلە بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەن كىشى بولۇپ، مەندە بەكمۇ زۆرۈر بىر ئىشى بار ئىكەن، ئۇ كىشى بولسا هاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ياشاۋېتىپتۇ.

— ئۇ ... ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورۇدۇم سەل گاڭگىرىغان هالدا.

— هادى ئاخۇن.

بىر يەر ... ئېيىكىلىنىشتىن ... كېيىن ... توب يىراغا

ئەنسىلا بىرىشقا ۋەدە قىلدىم. ساۋاقدىشىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن مېھمانخانىنىڭ پۇرژۇنلۇق كارىۋىتىغا ئۆزەمنى تاشلاپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم. قىزىق، بۇ يەردە ماڭا تەقەززا بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە كۈنلۈكلا قالغان بىر كىشى بار ئىكەن. بەلكىم بۇ شەهەرنىڭ مېنى شۇنچە ئۆزىگە تارتىشى شۇ سەۋەبتىندۇر. مېنى ئۇنىڭ غايىۋانە چاقىرىق - ئىلتىجالىرى باشلاپ كەلگەندۇ دېمىسىمۇ، ئىنسان تۇيغۇسىنىڭ بۇنداق نازۇك سىرلىرى تېخى ئېچىلغىنى يوققۇ، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئەنە ئۇ كىشىنى چوقۇم يوقلايمەن. ئەمما، ئۇ زادى كىمدۇ؟ هادى ئاخۇن ... هادى ئاخۇن ... خىيالىمنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆز ئالدىمدا مىسرەنىڭ چىرايىنى ئىرىقچىلاردەك چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ئېسىلىپ تۇرىدىغان بىر سۈرلۈك قىياپەت غىرە - شىرە پەيدا بولدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، خاتىرەمدىكى ئاشۇ چىرايغا مۇناسىۋەتلىك هەممە ئەسلىمىلەر كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى، دادام مۇشۇ شەهەردىكى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى، بىزگە نىسبەتەن كۆڭلىرى ئۆزگەرمەس يېغىن، خىزمەت ئىچىدە ئۆتىدىغان قاتتىق قول دادا ئىدى. بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە ئۆسكەن، ئاشۇ ئائىلىنىڭ بارلىق ئۆرپ - ئادەت، ئەنئەنىلىرىگە ھېلىھەم رىئايە قىلىدىغان، دادامغا «گەپ تېپىپ بېرىشتىن قورقۇپ» تۇرۇپمۇ كۆڭۈلگە بىر نەچچە ۋاقلىق نامازنى قولدىن بەرمەيدىغان ئانام بولسا دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئانا، ئۇنىڭ بالا دېسە، مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆز ياشلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانىلىق مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئاشۇ مېھرىبان ئانام بىلەن، بىز قوچقىدا ئېغىناپ چوڭ بولغان جەننەت كەبى ماكان، بالىلىق ئەسلىمىلىرىمنى ھەسەن - ھۈسەندەك تاۋلىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن نۇرلارغا ۋە ئاجايىپ مۇڭلۇق ... چۈشلەرگە تولدۇرغانىدى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىز ئولتۇرۇشلۇق ئىدارە ئەسلى

مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ بىر باينىڭ بېغى بولۇپ، «پولات تاۋلاش» تا دادامنىڭ پۇت تىرەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن دەل - دەرەخلەرگە كۆپ زىيان يەتمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە — كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى باشقۇرۇلغىنى ئۈچۈن، بۇ باغ ھۆسنىنى يوقىتالمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىكەن. بالىلىق چاغلىرىم دەل ئەنە شۇ دەۋرلەرگە توغرا كەلسە كېرەك. كۆزۈمنى يۇمساملا خىش ياتقۇزۇلغان تار يوللارنىڭ ئىككى يېقىدىكى گىرەلىشىپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخلەر. گۈللۈكلەردە بويى - ھۆسنى تالىشىپ تۇرۇشقان پىيالىدەك چوڭلۇقتىكى ئەتىرگۈل، قىزىلگۈل، سېرىقگۈل، مودەنگۈل ۋە يەنە مەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ئاللىقانداق گۈللەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئەنە شۇ دەل - دەرەخ ۋە گۈللەرنى ئاشۇ كىشى — مىسىرەڭ چىرايىنى چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، كۆزلىرى قېلىن قاشلىرى تېگىدە يېنىپ تۇرىدىغان، تۈزۈن بۇرۇتلىرى قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئىككى يېقىدا ئېسىلىپ تۇرىدىغان باغۋەن باشقۇراتتى. ئاشۇ باغۋەن بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا بىزگە نامەلۇم بولغان بىر خىل يېقىنچىلىق، دوستلۇقتەك بىر نەرسە بار ئىدى. مەن دادام بىلەن بىللە، ئۇ ئىشلەۋاتقان جايدىن ئۆتۈپ قالغان چاغلىرىمدا مەن ئۇنىڭ ياش كۆچەتلەر ياكى ئېگىز ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ چوڭقۇر سالام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئەلۋەتتە، داداممۇ ئۇنىڭ سالىمىنى ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئالاتتى. ئۇ تېخى ۋاقىت تاپسىلا، گۈللۈك ياكى كۆچەتلىككە كىرىۋېلىپ باغۋەن بىلەن بىللە گۈل كۆچۈرەتتى، مېۋىلىك دەرەخ ئۇلايتتى ياكى بوۋاينىڭ ئەپچىل كەتمىنىدە گۈل تۈپىنى يۇمشىتاتتى. ھېرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا قۇرۇقراق بىر پارچە يەرنى تاللاپ موككىدە چۆكۈپ ئولتۇراتتى - دە، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغاچ تاماكا ئورايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن باغۋەننىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرەتتىم. قورۇقلىرى يېشىلىپ [illegible] قالغاندەك كۆرۈنگەن چىرايىغا كۈلكىسىگە ھەيران قېلىپ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەيتتىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ مېنىڭ نەزەرىمدە ھېسسىياتسىز، سۇرلۇك ياغاچ ئادەم، مەخسۇس كىچىك بالىلارنى قورقۇتۇشقىلا يارالغان غەلىتە «مەخلۇق» ئىدى.

بىز ئىدارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى خېلىلا كونىرىغان ئۈچ ئېغىزلىق تاختايلىق ئۆيلەردە ئولتۇراتتۇق. ئۆيىمىزنىڭ بىر تەرىپىدە ئەتراپى پاكار - پاكار چاتقاللار بىلەن ئورالغان كۆل. يەنە بىر تەرىپىدە ئۆتاش كەتكەن گىلاسلىق بولۇپ ئىشىك ئالدىمىزدىن گىلاسلىقنى يانداپ ئۆتكەن تار يول باغ مەركىزىگە تۇتىشاتتى، گىلاس شاخلىرى ۋە قويۇق دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بۇ تارغىنا يولنى مەن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ھەر يىلى باھاردا، دەسلەپكى چېچەك بىلەن تەڭ ئىچىمدە بىر شەيتان قوزغىلىشقا باشلايتتى. ھەر كۈنى يىپەكتەك يۇمشاق تۆكۈلگەن چېچەكلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئىككى يېقىمدىكى، باش ئۈستۈمدىكى بۇلۇتتەك ئاپئاق، قىزغۇچ چېچەكلەرگە قاراپ تويمايتتىم. كۆزۈمنى ئۈزۈشكە، پۇتۇمنى يۆتكەشكە قىيمايتتىم، ئىچىمدىكى شەيتان: «ئۈز، ئۈزىۋال، قانغىچە ئۈزىۋال» دەيتتى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپىمغا قارىۋېلىپ، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن ئاپئاق چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئىنچىكە نوتىنى شارتتىدە سۇندۇرىۋالاتتىم - دە، كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە، پۇرمىلىرى ئارىسىغا ياكى يېڭىمگە تىقماقچى بولاتتىم. نېمىشقىدۇر، ھەر قېتىمدا ئاشۇ سۇرلۇك بوۋاي ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. تىللىمايتتى، ئۇرمايتتى، پەقەت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئۇنىڭ بۇرۇتلىرىغا قاراپلا قورققىنىمدىن دىر - دىر تىترەپ، قولۇمدىكى چېچەكنى ئاستا تاشلايتتىم - دە، ئالدى - كەينىمگە قارىماي تىكىۋېتەتتىم. بۇ، ئەھۋال ياز بويى تەكرارلىناتتى. چېچەك ئۈزمەي تۇرالمىغىنىمدەك، گۈللەرنىمۇ ئۈزمەي چىدالمايتتىم، ھەر ئۈزگىنىمدە دەستە - دەستە ئۈزىۋالاتتىم، بوۋايمۇ ھەر قېتىمدا مېنى پايلاپ تۇرغاندەك يېتىپ كېلەتتى. ئىلگىرى كېتىۋېتىپ

ئىچىمدە «جادىگەر قېرى، يەتتە باشلىق يالماۋۇز!» دەپ تىللايتتىم. پەقەت ئۆيىمىز بىلەن كۆل ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۈپ ئالمىلا جادىگەرنىڭ «جادۇسى» ئۆتمەيتتى. ئەمما، ئۇ «بىزنىڭ ئالما» بولغىنى، ھەممىدىنمۇ مېۋىسى شېرىن بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچقايسىمىز چېقىلمايتتۇق. ھەممىمىز بىرلىكتە يەتتىنچى ئاينى — ئالما پىشىدىغان كۈننى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتۇق. ئۇ كۈن بەكمۇ ئاستا، ئەمما توختىماي يېتىپ كېلەتتى. كۈتۈپ - كۈتۈپ زېرىككەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئەتىگەنلا ئۆي ئىچى، كۆل بويى پىشقان ئالما پۇرىقىغا تولۇپ كېتەتتى. ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئوچۇق دېرىزە تۈۋىدە ئۇيقۇلۇقتا ئالمىلارنىڭ «توك»، «توك» قىلىپ يەرگە چۈشكىنىنى كوكاتلار ئارىسىغا يۇمۇلاپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇپ ياتاتتىم؛ ئەتىگىنى كۆپىنچە كۆلگە چۈشكەن بىرەر ئالمىنىڭ «چولتوك» قىلغان ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم. سەكرەپ قوپۇپ، دېرىزىدىنلا تالاغا چۈشەتتىم - دە، شەبنەم باسقان ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن بىر ئېتەك ئالما تېرىۋالاتتىم. بۇنداق كۈنلەردە باغۋەننى ئۇچراتسام، قولۇمدىكى ئالمىنى قەستەن بىرلا چىشلەپ يەرگە ئاتاتتىم - دە، بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گېدەيگىنىمچە ئۆتۈپ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولاتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ مېنى يەنىلا بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي، بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، يول بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە يىغىپ قويۇلغان بىر مۇنچە ئالمىنى (ھەممىسى چالا يەپ تاشلانغان ئالما ئىدى) كۆرسىتىپ: «قىزىم، يامان بولىدۇ. خۇدانىڭ نېمىتىنى بۇنداق خارلىساڭ يامان بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ نەسىھەت قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپلا چىقتىم - دە، بىر نەچچە قەدەمدىن كېيىن كەينىمگە بۇرۇلۇپ «ئۆلمەيدىغان پىششىق قېرى، سېسىق ئالمىلارنى گۆرۈڭگە ئېلىپ كەتكەرسەن!» دەپ تىللىۋېلىپلا قاچتىم. دەل شۇ پەيتتە دادام قارشى تەرىپىمدىن كېلىۋېتىپتىكەن، قولۇمدىن كاپپىدا تۇتۇۋېلىپ كاچىتىمغا بىرنى سالدى. شۇ چاغدا ئاياق زەربىسىدىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ بېشىم ئۈنگىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، ماڭا دادامنىڭ غەزەپتىن تاترىپ كەتكەن چىرايى ھەممىدىن دەھشەتلىك بىلىنگەنىدى. ئۆمرۈمدە دادامدىن ئۈنجى، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم يېگەن بۇ بىر كاچات مېنىڭ باغۋەنگە بولغان ئاداۋىتىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتتى. مەن خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنىڭدىن جىنىدىن قاچقانداك قېچىپ يۈردۈم.

ئەمما، دۇنيادا بالا قەلبىدەك كىرسىز ھېچنەرسە بولمىسا كېرەك. بىر كۈنى باغ ئېرىقىنى تازىلاۋاتقان باغۋەننىڭ يېنىدا توپا ئويناپ ئولتۇرغان ئون ياشلاردىكى بىر قىز بالىنى كۆرۈپ قېلىپ، يولۇمدىن چېپىپ توختىدىم. ئاق سېرىقىنا كەلگەن، بوغان - بوغان كۆل سۈيىدەك تىنىق كۆزلىرىنى ئۇزۇن كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان، كىچىككىنە، ئالۇچىدەك قىپ - قىزىل لەۋلىرى سەل يومپايغان بۇ قىزچاق شۇنچىلىك ئوماق، چۈشتەك گۈزەل، يۈرەكنى جىغىلداتقۇدەك دەرىجىدە ياشقىچە ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئاستا يېنىمغا كەلدى. مېنىڭ ئۆزىگە سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىمنى كۆرۈپ توپىغا پاتقان نازۇك يالىڭاياغ پۇتلىرىنى بىرىنىڭ كەينىگە بىرىنى يوشۇردى. توپا ھەم كوكات شىرنىسى بىلەن بويالغان قوللىرىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە سۈرتتى.

— ئوينامدۇق؟ - دېدىم مەن. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن باش لىڭشىتتى. ئەنە شۇندىن تارتىپ باغۋەننىڭ ئانىسىدىن كىچىك قالغان يالغۇز قىزى مېنىڭ ياخشى دوستۇم، مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئائىلىمىزنىڭ دائىملىق مەزاسىغا ئايلاندى. ئاناممۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى جۆندەپ بېرەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مېنىڭ دەۋىتىم بىلەن ئۇ يېزىدىن شەھەرگە يۆتكىلىش سەۋەبىدىن توختاپ قالغان ئوقۇشىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىككىمىز تېخىمۇ ئايرىلماس بولۇپ كەتتۇق. شۇ جەرياندا مەن ئۇلارنىڭ كۆل بويىدىكى كىچىككىنە ئۆيىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپ

باغۋەننىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىمدىن پۈتۈنلەي باشقىچە — بەكمۇ ئاقكۆڭۈل، دىلى يۇمشاق ئادەم ئىكەنلىكىنى خىجىللىق ئىچىدە ھېس قىلدىم. ئۇ قىزىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرەتتى. باشقىلارنىڭ ئۇنى «نۇسرەتگۈل» ياكى «نۇسرەتخان» دېمەي ئىسمىنى ئۈزۈلا چاقىرىشىنى پەقەتلا ياقتۇرمايتتى. قىزى بىلەن مۈكۈشمەك، تاش تەرمەك ئوينايتتى. بىر قېتىم، تېخى ئۇ نۇسرەت ئىككىمىزنىڭ قورچىقىغا چىرايلىقىنە بىر كىچىك بۆشۈكمۇ ياساپ بەرگەنىدى. بەخت قۇچىقىدا غەمسىز ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىم ئاشۇ بىر يىلى كېچىسى دادامنىڭ نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆتۈپ كېتىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. كۆپ ئۆتمەي، ئىسسىق ئۆيىمىزدىن قوغلىنىپ، ئەنە شۇ مۇھتاجلىق، سەرسان - سەرگەردانلىق بىلەن تولغان تىنچسىز ھايات كوچىسىغا تاشلاندۇق. شەھەر چېتىدىكى ئەسكى تاملىق كوچىنىڭ ئېغىلدەك تار ئۆيىدە قىستىلىشىپ، بىر - بىرىمىزنىڭ ھارارىتى بىلەن سوغۇق ئازابىنى بىردەملىك يېڭىشنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بەخت ھېسابلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيىمىزنىڭ بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغانلىقى، گىلەم-كىگىز، يوتقان-كۆرپىلىرىمىزنىڭ ئىسيانچىلارغا تۆشەك بولغانلىقى، تېخى بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى دادامغا «ساداقەتمەنلىك» تىن قەسەم ئىچىشكە تەييار تۇرغان ئەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ بوسۇغىمىزدىن ئاتلاشنى ئەڭ زور ئابروي بىلىدىغان خانىملىرىنىڭ دادامنىڭ دىراپ پەلتوسى ۋە ئانامنىڭ سۇسەر جۇۋىسىدىن قىلچە تەپتارتماي بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ خەۋەرنى ئاشۇ باغۋەن يەتكۈزگەن ھەم قالغان - قاتقان كونا - يېڭى قىشلىق كىيىملىرىمىزدىن قولىغا چىققىنىنى ئالغاچ كەلگەنىدى. ئەنە شۇندىن كېيىن بىزگە ئۇ ئۆيلەرگە قايتا ئاياغ بېسىش نېسىپ بولمىدى. ئارىدىن تالاي يىللار ئۆتتى. نى - نى ئۆزگىرىشلەر بولدى، نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن كۆتۈرۈلدى، نىمە قىلغۇلۇق، ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، بوراندا ئۇچقان قامقاق، تىكەندەك، ئۇچۇپ - ئۇچۇپ بىر يەرلەردە يىلتىز تارتىپ قالىدىكەن. ئۆتمۈشنى — مەيلى ئۇ قىپ - قىزىل گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ياكى قايغۇ - ھەسرەت داغلىرى بىلەن تولغان بولسۇن — كەينىگە تاشلاپ، ھامان ئەتىگە، يېڭى - يېڭى ئارزۇ - ئۈمىدلەرگە ئىنتىلىدىكەن ... ئاشۇ باغۋەن بۈگۈن قانداق تۇرۇۋاتىدىكىن، ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ يەنە قانچە باغلارنى بەرپا قىلدىكىن. ئۇنىڭ ھېلىقى پەرىشتىدەك گۈزەل قىزىچۇ؟، ئۇ بەختلىك بولالىدىمىكىن؟

ساۋاقدىشىم مېنى ئەتراپى پوختا چىتلانغان كاتتا باغ ھويلىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ياغاچ ئىشىكنىڭ ئاراشلىرىدىن قولىنى تىقىپ ئىشىكنى ئېچىش بىلەن تەڭ ئالدىمىزغا ئېتىلىپ كەلگەن يوغان سېرىق ئىتنى ھەيدىۋېتىپ مېنى ئىچكىرىگە باشلىدى. پاھ، يەنە بىر جەننەت. تار قۇمساڭ يولنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈزۈم بارىڭى. كەھرىۋادەك ساغرىپ پىشقان ئۈزۈملەر، باراڭلىقنىڭ ئىككى يېقىدىكى قويۇق مېۋىلىك دەرەخلەر. قۇشلارنىڭ يېقىملىق چۇرۇقلاشلىرى، دېماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان گۈل ۋە مېۋە پۇراقلىرى ... ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن قەدەم جايلىرىمغا قايتىپ كېلىۋاتقاندەك ھاياجان، تەقەززالىق ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. مانا يېشىل كارىدور ئاخىرلاشتى. يېزا پوسۇندىكى ئاددىيغىنە ئۆي، ئۆيگە يانداش باراڭلىق ئازادە سۇپا. گۈللۈك سۇپىدا قېلىن چەت كۆرپىدە ئېگىز تەكيەلەرگە يۆلىنىپ ياتقان بوۋاي ھوشيارلىق بىلەن قوزغالدى، بىز ئوچۇقچىلىققا چىققاندىن كېيىن، ئاجايىپ چوڭقۇر كۆزلىرى بىلەن دەسلەپتە ھەمرىيىمغا، ئارقىدىن ماڭا تىكىلدى، ئۇزاقىچە، سەزگۈرلۈك بىلەن تىكىلدى. ئاھ، يەنە شۇ چىراي، پەقەتلا بۇرۇنقى قىزىللىقىنى ئەبدى يوقاتقان، قاڭشارى قىڭغىراقتەك ئېنچىكىلەپ، ئۇچلۇق ئېڭىكى يەنىمۇ سوزۇلغان، ساقال بۇرۇتلىرى ئۆچتەك ئاقارغان ...

— ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا، ھادى ئاخۇن ئاكا؟ — ئۆپكەم تولۇپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالمىدىم. بوۋاي خۇددى مېنىلا ساقلاپ ئولتۇرغاندەك:

— ھە ... ھىم، راخمىتاخۇننىڭ قىزىمسەن؟ قايسى

قىزى بولسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھىلىقى ... چىچەك ... گۈل ئوغرىسىچۇ ... سىلىنى تولا خاپا قىلىدىغان.

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدە كۆلۈمسىرەشكە ئوخشاش تونۇش ئۇچقۇنلار خىرە چاقنىغاندەك قىلىپ قالدى. ئۇ بىزنى سۈيىگە تەكلىپ قىلغاچ سەل رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، مەن بىلەن ئەھۋاللىشىشقا باشلىدى:

— ئەلاخان ساق تۇردىمۇ؟ ئۇزى تىتىك دىگىن، توۋا، نىلپە ئايال بولىدىغان، خاپىلىققا چىلڭ چىقىپتۇ، بۇمۇ ئالله بالىنىڭ بەختى پىشانىسى ... راخمىناخۇنغا سەككىز يىل بولاي دىدىغۇ دەيمەن؟ رەخمەتلىك ياش كېتىپتۇ، يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۈن دىيىشىدىكەن ... ئەينى يىللاردا ...

دۇنيادىكى قىبرىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىدىكىن — ئۇتكەن كۈنلىرى توغرىسىدا ئاغزى ئىچىلىسىلا يۇمۇلمايدىغان. مەن بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلمەي چىدالمىدىم:

— تاغا، نۇسرەتخانچۇ؟ ئۇمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟ — دەپ سورۇدۇم ئەتراپىمغا سەگگىرەپ قاراپ. خۇددى ماڭا بىرىلگەن جاۋابتەك، باغ ئىشكى شىرىقلىدى، ئىتىنىڭ ،ئەكلەپ غىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي، قاراڭغۇلۇشۇپ تۇرغان يولدىن تولا يۇيۇلۇپ تۈگۈپ كەتكەت قىزىل ئەتلەس كۆينەك كەيگەن، سۈس يېشىل ياغلىقىنى قۇلىقىنىڭ كەينىدىن چەككەن، نازۇككىنە ياش ئايال چىقىپ كەلدى. دۈمبىسىدە بەش ياشلاردىكى ئوغۇل بالا، بىر قولىدا بىر قۇچاق كەلگىدەك ئوت ـ چۆپ. ئۇ قولىدىكى ئوتنى تاشلاپ، بالىنى يەرگە چۈشەردى. تال ـ تال كىرپىكلىك، ئاق ـ قارىسى ئېنىق ھەم تەگ ـ تېگىدىن سۈزۈك كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ئىتتىك ـ ئىتتىك يېقىنلاپ كەلدى. مەنمۇ قوللۇرۇمنى قوش قانىتىدەك كېرىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدىم ... ئۇ يەنىلا شۇنداق گۈزەل ئىدى. پەقەتلا، سەل ـ پەل ئولتۇرۇشقان سۈرمە تارتقاندەك كۆكۈش قاپاقلىرى كۆز دائىرسىنى يەنىمۇ چوڭايتقان. سۆز ھەرىكەت رۇھ جەھەتتىن ئىلگىرىكىدەك بىر ئېغىز چولپان

سۆپەت، تەمكىنلىك قارار تاپقان. ئەمما ئۇ پۈتۈن تۇرقى بىلەن كىشىگە پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلنى ئەمەس، ئېچىلا ـ ئېچىلماي سولۇشۇشقا يۈزلىنىپ، بېشىنى سىلىپ تۇرغان گۈلنى ئەسلەتتى. تومۇرلىرى كۆپكەن، ئىنچىكە يىرىك بارماقلىرى، قىيغاچ قاشلىرىنى ئۇچۇرغاندا سىپ ـ سىلىق پىشانىسىدا پەيدا بولىدىغان ئۇزۇن ئىككى ـ ئۈچ تال قورۇقى ھەم چىكىسىدىكى ۋاقىتسىز ئاقلار بۇ ئۇقتىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايتتى. ئاشۇ كۆزلىرىم بىلەن تەڭ كۆڭلۈمگە ئالقاندەك نا خۇش ئويلار غىل ـ پال سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى.



— قىزىم، مېھمانلار ئولتۇرغىلى نەۋاق، ئۇسساپمۇ قالغاندۇ، قېنى داستىخاننى سال، مېۋىلەردىن ئېلىپ چىق، بۈگۈن بىز قىلىشىدىغان پاراڭ كۆپ تېخى ...

بايىدىن بېرى مەندىنلا ئەھۋال سوراپ، ئۆزى ھەققىدە تېخى ئېغىز ئاچمىغان نۇسرەت ماڭا تارتىشقاندەك كۆلۈمسىرەپ بىر قارىدى ـ دە لىككىدە تۇرۇپ ئۇستى بورا بىلەن يېپىلغان يازلىق ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي بولسا تەكىيگە يۆلەنگىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ھايال ئۆتمەي ئىنچىكە ھۇشقىرتىش قوشۇلغان رېتىملىق خورۇلداش ئىچىدە ئۇيقىغا كەتتى. ئاشخانا تەرەپتىن سۇنىڭ شىرىقلاپ تۆكۈلگەن ئاۋازى، چىنىلەرنىڭ غۇچۇرلاشلىرى ئاڭلىناتتى. بۇرجەكتىن گاھ ئەتلەس كۆينەكنىڭ پارچىسى، گاھ ھىلىلە ياغلىقنىڭ بىر بۇرجىكى لەپىدە كۆرۈنۈپ قالاتتى. يېنىمدا ئولتۇرغان ھەمرىيىم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ پات ـ پات ئاشخانا تەرەپكە قارايتتى. نۇسرەت مىس لېگەننى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇپ چىقتى. بوۋاي ـ ۋۇي! ئۇزۇن ئۇخلاپ قاپتىمەن ـ تېخىمۇ ...

كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان مېۋىلىرى — قوش مۇشتەك بولۇپ ساغرىپ پىشقان سۆلۈق ھەم گۆشلۈك شاپتۇللار، پوستىدىن ھەسال تەپچىپ تۇرىدىغان ئۈزۈم، ئالما، ئالگارات، ئەينۇللار ... مەن تەكەللۇپ ـ تۈزۈتلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، باللارچە ئاچكۆزلۈك بىلەن چوڭ ـ چوڭ بىقىشقا باشلىدىم. يامداپ يىگەن شاپتۇلنىڭ سۈيى ئىيغىزىمدىن ئېڭەكىمنى بويلاپ، بارماقلىرىمنى ئارىلاپ ئاقاتتى. شۇ تاپتا ئۆزەمنى گويا ئون نەچچە يىل ئىلگىرىكى چىچەك ئۈزۈپ مېۋە ئوغرىلاپ يەپ يۈرگەن كىچىككىنە كەپسىز قىز بالىغا ئايلىنىپ قالغاندەك سىزەتتىم.

كۈن ئالدىراپ يىراقتىكى تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. تەكلەر، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگۈلىرى قويۇقلاشتى، سەلكىن شامال گۈل، مېۋە پۇراقلىرىغا نەم تۇپرىنىڭ، چىرىگەن قىغىنىڭ پۇراقلىرىنى قوشۇپ ھەممە يەرگە تارقىتاتتى. ئېرىق بويلىرىدىكى قىياق، يالپۇز، سىبىستىق ئوتلارنىڭ ئارىسىدىن پاقىلارنىڭ كوكىراشلىرى، سەل نېرىدىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇسرەت يوغان چىنىلەرگە سەھرا پەدىسىگە گىرۋەكىگىچە ئۇسۇپ ئەكەلگەن، يۇمغاقسۈتى گۆپۈلدەپ تۇرىدىغان چۆچۈرىنى ئىچىپ بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم دۇئاغا قول كۆتەرگىنىمىزدە ئاسماندا دەسلەپكى يۇلتۇزلار پەيدا بولغانىدى. ئوغۇل بالا بوۋىسىنىڭ يېنىغىلا دوم چۈشۈپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇسرەت قاچا ـ قۇمۇچلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، بالىسىنىڭ ئايىقىغا كىلىپ ئولتۇردى. بوۋاي گەپنى بەكمۇ ئۇزاقتىن باشلىدى. ياش قامەتلىك ۋاقتلىرى، بىر قېتىم چوڭ بىر باغقا سەيلىگە بېرىپ باغدا ئويناپ يۈرگەن ئونبەش ئون ئالتە ياشلاردىكى چىرايلىق بىر ئوغۇل بالىنى كۆرگەنلىكىنى كىمنىڭ بالىسىدۇ دەپ زوقلىنىپ ياندۇرۇپ قارىغىنىدا، بالىنىڭ ئۆمىقى تىنگىگە پاتماي چۈۋۈلۈپ قالغان چىڭگىلەك چاچلىرىنى، بەقىسەم تونىنىڭ بەلبېغىدىن سەل بوقىرىمى گۈزشىگىردە تىقىۋالغانىدەك پومپۇيۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانلىقىنى... ئاچىرىق، بىردا

ئاخشىمى باغۋەننىڭ ئوغۇل بالىچە ياسىنىۋالغان ئاشۇ قىزىنى ئىبلىپ قاچقانلىقىنى، كېيىن، قىزغا باشتا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە قېيىنى ئاتىسىنىڭكىدىن قاتتا بىر باغ بىنا قىلغانلىقىنى ئەمما ئايالىنىڭ تۇ كۆزنلەرگە ئۆلىشالماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى شۇندىن كېيىن بارلىق مۇھەببىتىنى، كۈچ قۇۋۋىتىنى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھقا بېغىشلىغانلىقىنى ... سۆزلەپ كەتتى. پەقەت ئۇسرەت بىر نەچچە قېتىم بوشقىنا: «دادا، دادا!» دەپ قويغاندىن كېينلا، «ئاھ خۇدا» دەپ ئۆزۈن خورسىنىپ جىم بولۇپ قالدى. تۇ خىيلىدىن كېيىن ھۇشىغا كەلگەندەك بولۇپ گەپنى يۆتكىدى.

— شۇنداق، راخمىناخۇن ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت ئىدى. دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ دېگەننى جېنىدەك كۆرەتتى. قاچانكى تۇ كەتتى، باغنىڭمۇ پەيزى ئۆچتى. توۋا، شۇ گۈللەر نېمە گۇناھ قىپتىكىن، يىگىگە پەتە ئاقىۋالغان قوزلاق كەسلەر قويىماي چەيلىۋېتىشتى. بىر كۈنى، يىگى باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھاجەتخانا تازىلاۋاتسام، ئاۋۋال راخمان ئولتۇرغان ئۆيلەرنى تازىلىۋەتسۇن، مېھمان كۈتۈش قىلىدىكەن، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. بارسام ئەلاخان باغ قويۇپ يالىغۇدەك قىلىپ پارقىرىتىپ ئولتۇرىدىغان ئۆي ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپتۇ. بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا نىجاسەت، ساق بىر كۈن تازىلىدىم. كەچتە، ئەخلەتلەرنى چىقىرىۋېتىپ ئەسكى لاتا ـ پىتلەر ئارىسىدىن ئەپچىلگىنە پاختىلىق چاپانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بوۋاق بالىنىڭ ئىمكەش بولغان چاپىنىكەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندى. ھەممىگىلار مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ بولغان ـ دە، توپىسىنى پاكىزە قېقىپ ئۆيۈمدىكى ساندۇقنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويدۇم شۇ قويغانچە تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇسرەتخان ئەرگە تېگىپ يەڭگەن يىلى ساندۇقنى ئاقتۇرسام، قولۇمغا ئاشۇ چاپان ئىلىنىشىپتۇ، بالاڭغا كەيگۈزەرسەن، دەپ ئاپىرىپ بەردىم. كىم بىلسۇن، بالا ئەتىسى يۇگۇرۇپ كەلدى، دىدارىدا ـ قان يوق... ئاچىنى ئۆيىگە، ئالدىراپ كىچىككىنە تىر خام

تۇگۇنچەكنى ئېچىپ «ئاخشام چاپاننىڭ ئىچىنى يۇيۇپ ئوڭلاي دەپ سۆكسەم ئىچىدىن چىقتى» دەيدۇ. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام بىر مۇنچە ئالتۇن - كۆمۈچ جابدۇقلار! مۇنچە كۆپ بايلىق ئاشۇ ئەلاخاننىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى. «ئاغزىڭنى مەھكەم تۇت. ھېچكىمگە تىنىغۇچى بولما، ھارام بايلىق جاننىڭ دۈشمىنى. بۇ بىزگە ئامانەت، خۇدانىڭ ئامانىتى» دېدىم. ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ بىر تونۇش زەرگەرگە كۆرسىتىۋېدىم كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى: «ساپىلا جىڭ نەرسىلەر ئىكەن، ماۋۇ بىر جۈپ ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك پالان پۇلغا، ماۋۇ بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈكلا پالان پۇلغا يارايدۇ ...» دەپ توختىماي ھېسابلاپ كەتتى. ئاخىرىدا «ۋۇي بۇ نەرسىلەر قانداق قولۇڭغا چۈشۈپ قالدى ئاكا؟ ئەگەر سىز قىلمەن دېسەڭ، مانا مەن بار» دەيدۇ تېخى. «ئامانەت، بىر ياخشى ئادەمنىڭ ئامانىتى. يېتىم باللارنىڭ ھەققى» دېدىم. شۇ ئىشقا مانا نەق بەش يىل بولدى، شۇنىدىن بېرى بىر كېچە ئارامىمدا ئۇخلىغان بولسامتى ... بەزىدە ھەتتا ئەلاخان بۇ نەرسىلەرنى نېمە دەپ بۇ ئەسكى چاپانغا تىكىپ قويغان بولغىدى، مەن ئەخمەقمۇ نېمە دەپ بۇ چاپاننى ئۇيۇمىگە ئەكىرىپ يۈرگەن بولغىدىم، دەپ ئەلاخاننىمۇ، ئۆزەمنىمۇ ئەيىبلەپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم بولدى ... خەير، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى خاتىرجەم ئۆلىدىغان بولدۇم، ئۇ ئالەمدە راخمىناخۇننىڭ چىرايىغا قارىيالايدىغان بولدۇم.

بوۋاي ئۇزاقىچە يۆتىلۈپ، جىقراپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. نۇسرەت ئەكلىپ بەرگەن ئىسسىق چاينى بىر ئۇتلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئۇزۇن يول بېسىپ ئاخىرى مەنزىلگە يەتكەن يولۇچىدەك، ئۆزىنى تەكىيگە تاشلىدى - دە، ئېغىر - ئېغىر تىنىپ جىم بولۇپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن، بىر تال قۇرۇپ قالغان شاخقا ئوخشايدىغان قوللىرى بىلەن بۇشقىنا ئىشارەت قىلىۋىدى، نۇسرەت ئۇيىگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ چىقتى. ئالدىمغا كېلىپ ئىككى قوللاپ ماڭا سۇندى. تىترەپ تۇرغان قوللىرۇم بىلەن تۈگۈنچەكنى ئالدىم. يەشتىم، زىبۇ - زىننەتلەر قوياشنىڭ ئاخىرقى يورۇقىدا ۋالىلداپ چاقناپ كەتتى. بىر - بىرىگە سۈركۈلۈپ سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق ئاۋاز چىقاردى. ئالتۇن بىلەيزۈكلەر. ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر. ياقۇت كۆزلۈك پەيپەزىلەر ... ئاھ، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىچارە ئانامنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىغان، ھەر بىر قىز چىقىرىپ ئوغۇل ئۆيلىگەندە، ئۇنى بىرەر ئايلارغىچە سارغايتىپ، ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويىدىغان بۇ تەۋەررۈك نەرسىلەر مانا قولۇمدا. ئەمما بۇ تاپتا مۇشۇ ئاجىز ئاتا - باللا ئالدىدا بۇ نەرسىلەر نېمىشقىدۇر شۇنچىلىك، شۇنچىلىك ئەرزىمەس كۆرۈنەتتىكى ...

دىمىم سىقىلدى، دەپ نەۋرىسى بىلەن ھويلىدىلا يېتىپ قالغان بوۋاي خېلىغىچە توختىماي يۆتەلدى. كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغىدەك دەرىجىدە بوغۇلۇپ خىقىرىدى. خىقىراش كۈچلۈك ھاسىراشقا ئايلىنىپ بارا - بارا جىمىپ قالدى. ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆككەندىن كېيىنمۇ، ئۇزاقىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. باغ بوشقىنە گۇرۇلدەيتتى. تامدا ئاي شولىسى تىترەيتتى. قاراڭغۇدا، باش ئەرپىمدىن تارقىلىۋاتقان نېمىنىڭدۇر مەس قىلغۇچى خۇشپۇرىقى بېشىمنى سەل ئايلاندۇرغاندەك. نېمىندۇر ئەسكە سالغاندەك بولاتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا قول سالدىم - دە، قولۇمغا ئۇرۇنغان بىر تۇتام ئۇسسۇملۇكنى ئاستا بۇرنۇمغا ئېلىپ باردىم. رەيھان! كۈچلۈك ھاياجاندىن يۈرۈكۈم قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك بولدى. كۆزلىرىمگە لىققىدە ياش كەلدى. بىر تۇتام رەيھانگۈل ... كىچىك ۋاقىتلىرىمدا، نۇسرەتلەرنىڭ كۆلىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرىمدا، ئۇ داۋاملىق ياستۇقۇمنىڭ تېگىگە ئەنە شۇنداق بىر تۇتام رەيھان گۈلنى قويۇپ قوياتتى ۋە ماڭا: «رەيھاننىڭ پۇرىقى، يوتقان - كۆرپىلەرنى خۇشپۇراق قىلىدۇ، ھاشارەتلەرنى قوغلايدۇ» دەيتتى. مانا، بۈگۈنمۇ ياستۇقۇمنىڭ تېگىدە بىر تۇتام رەيھانگۈل ... ئاھ، بۇنداق كېچىچە كۆزگە قانداقچە ئۇيقا كەلسۇن!

مەن بېشىمنى سەل كۆتۈرۈپ ئاللىقاچان تۈگەپ قالغانلىقىنى قورقۇپ، ئۇزۇن بىر كۈتتۈم. نۇسرەت يوللۇق كۆرۈنگەن ئاكا قىرىق ئادەم بىلەن تىڭشىدىم. دېرىزىدىن قويۇلۇۋاتقان سۇتنىڭ ئاي نۇرى ئەمدى يەردىكى چېچەكلەرگە، گىلەم ئۈستىدىكى نۇرۇندا ياتقان نۇسرەتنىڭ سۈتتەك جامالىغا گويا كۆمۈشتىن بىر قەۋەت ھەل بەرگەنىدى. بويۇن ـ مۈرە ۋە بەللىرىدە تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ لېغىر تاشلانغان ئىككى تۇرۇم چېچى خۇددى شېرىن ئۇيقىدا ياتقان ساھىبجامالنى چىرمىۋالغان زور يىلانلاردەك كۆرۈنەتتى.... بۇ خىيالى مەنزىرە نېمىشقىدۇر يۈرىكىمنى سىقىپ، بايا غىل ـ پال كۆرۈنگەن كۆلەڭگىسىز خىياللار كۈچلىنىپ قالغاندەك بولدى. باللىق ۋاقتلىرىمنىڭ ئەڭ سادىق دوستى، بىر تۇغقىنىمدەك دىلىمغا يېقىن بۇ چوكانغا بولغان كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. ئۇ نېمىشقا يالغۇز؟ پېشانىسىدىكى ۋاقىتسىز قورۇقلارنىڭ ئاستىغا نېمە قىسمەتلەر يوشۇرۇنغاندۇ؟ مەن بۇلارنى بىلىشنى كىرەك ئىدى. بىلمەي تۇرۇپ بۇ يەردىن كېتەلمەيتتىم. راستىنلا كېتەلمەيتتىم. ئۇزاق ئىككىلىنىشتىن كېيىن، ئۇنىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ ئېغىز ئاچتىم:

— سىڭلىم، بالىنىڭ دادىسى بىر ياققا كەتكەنمۇ؟

— ھەئە.

— نەگە؟

— تۈرمىگە.

— تۈرمىگە؟ نېمىشقا؟

— نېمىشقا بولاتتى، ئوغرىلىق قىلغاچقا، خەقنىڭ ھەققىگە قارا سانغاچقا ... قانداق قىلاي، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، تارتماي نېمە ئىلاجىم؟ — نۇسرەت بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — بوستان ئاچا، مەن ئەسلى بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم. ئەمما ... سىزگە دېمىسەم دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ ھال ـ مۇڭۇمغا ئورتاقلىشىدىغان ئانام، ئاچا ـ سىڭلىم بارمىتى مېنىڭ؟ سىزگە ئىچىمنى تۆكۈۋالاي، چۈشەنمىسىز جېنىم ئاچا ...

ئاشۇ تۈگۈنچەكنى تېپىۋالغانلىقىمىزدىن دادامدىن باشقا يەنە بىرسى — مېنىڭ ئېرىم قادىر خەۋەردار ئىدى. دادام ئۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولى بىلەن سىلەرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن يىراق سەپەرگە تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە تويۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ، شۇ ئاغرىقتىن ئۇزاققىچە سەللىمازا بولۇپ كېتەلمىدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن بولسام ئاجىز مەزلۇم كىشى. قادىر تېخى ... دادام مېنى سىلەرگە قارىتىپ نەچچە پارچە خەت يازدۇردى. خەتنى سېلىش ئۈچۈن قادىرنى ئاتايىتەن ناھىيىدىكى پوچتىخانىغا بىر نەچچە قېتىم ئەۋەرتتى. ئەمما سىلەردىن زادىلا ئۈچۈر بولمىدى. ئەسلى گەپ قادىردا ئىكەن. ئۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى مەھەللىدىن چىقىپلا كۆيدۈرىۋەتكەنىكەن. مەن ئەخمەق ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، دادامنىڭ مەخپى نەرسىلەرنى قويىدىغان بولۇقلىرىغىچە ئېيتىپ قويۇپتىمەن. بىر كۈنى دادام ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ: «ھېلىقى نەرسىنى قويغان يەرنى يەنە كىم بىلەتتى؟ ھېلىلا مەسچىتتىن قايتىپ كەلسەم ئامانەت جايىدا يوق!» دەيدۇ. شۇ ھامان مېگەمدىن ئوتتەك چىققاندەك بولدى. قويغان ـ ئۇتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم. نېمىشقىكىن كۆز ئالدىمغا قادىر كېلىۋالدى. ئۇنىڭدىن سورىسام، ئۇزۇنچە ھۆدۈقۈپ تۇتۇتلەپ كېتىپ بارمامدۇ. گۇمانىمنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم. «ئۇ يەرنى سەندىن باشقا ئىنسى ـ جىن بىلمەيتتى، ئويۇن قىلىپ ئېلىپ قويغان بولساڭ قايتۇرغىن. دادامنى خاتىرجەم قىلايلى» دەپ ياخشىلىقچە ئېيتتىم، بولمىدى ئالداپ باقتىم، بولمىدى. ئاخىرى، ساقچىغا مەلۇم قىلىمەن، دەپ مېڭىۋىدىم، بىردىنلا ئالدىمغا تىزلاندى. «تونۇش باللار ئېلىپ قويۇپتىكەن. ئاشۇ نارسىدە باللىرىمىزنىڭ ھەققىدە بىر نەچچە كۈن تەخىر قىلساڭ، تېپىپ قويسام» دەپ يالۋۇردى. ئۇنىمسام خوتۇن كىشىدەك بوقۇلداپ يىغلاپ كەتمەسمۇ، ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆز يېشى ئاسان يەردىن چىقامدۇ، ئىچىم ئاغرىپ مەيلى، دەپتىمەن، مەن شور پېشانە ئەرگە ئەمەس قارا يەرگە تەگكەنىكەنمەن. قادىر شۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنچە، ئايلاپ، ئىز ـ دېرىكى بولمىدى. ئاخىرى، ساقچىغا مەلۇم قىلدۇق. ساقچىلار

ئۇنى شەھەردىن قىمار ئويناۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپتۇ. تۇتۇلمىغىنىدا بىر گەپ ئىكەن، تۇتۇلۇش بىلەن تەڭ تۇرغۇن ئىشلىرى، ئەسكى مازدەك چوۋۇلۇپ چىقتى. ئەسلى ئۇ خېلىدىن بېرى بىر توپ قىمارۋازلارغا چېتىلىپ قېلىپ كىككرتىككىچە قەرزگە بوغۇلۇپتۇ، قەرزلىرىنى تۆلىيەلمەي كۆپ قېتىم ئوغرىلىقمۇ قىپتۇ، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ھېلىقى تۈگۈنچەكنىمۇ ئۇ تۇتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇ تۇتۇۋالغۇچى شىرنىكى چاققان كېلىپ ساقچىلارغا تۇتۇق بەرمەپتۇ. قادىر يەتتە يىللىق كېسىلىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، دادامنىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن يامانلىششقا باشلىدى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ سۆزسىز ئولتۇرىدىغان، كىشىلەرگە ئارلىششىنى خالىمايدىغان، تىرىككەك بولۇپ كەتتى. يۈزۈمگە سالمىغىنى بىلەن، مەندىن خاپىلىقنى بىلەتتىم. شۇڭا، قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشى قاراپ، ھەر خىل ئامالالار بىلەن كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتىم. ئەمەلىيەتتە، .ئۈزەمنىڭ دەردىمۇ يەتكىچە ئىدى. بىر يىنىمغا قارىسام قېرى دادام بىلەن گۈدەك بالام، يەنە بىر يېنىمدا تىرىكچىلىك غېمى ... ھەممىدىن قورقۇنۇچلۇقى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىدىن يات كۆلەڭگۈلەرنىڭ ئەگىپ كېتەلمەس بولۇپ قالغىنى ئىدى. بىر نەچچە قېتىم دادام يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، نامەلۇم كىشىلەر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۆينى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىپ قېچىپ كېتىشتى، كېيىن ئۇقساق ئۇ قادىرنىڭ ھېلىقى شىرىنكىسىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن، قادىردىن تۇتۇۋالغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تېخى قولغا چۈشۈرەلمەپتىكەن. بۇ خەۋەر بىلەن دادام ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئاز - تولا ئۈمىد پەيدا بولىدى. بىز قادىرنىڭ .ئېغىز ئېچىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۇق؛ ئارىدا بىر نەچچە قېتىم يوقلاپ بېرىپ يىغلاپ - قاخشاپ يالۋۇردۇم. ئاخىرى خۇدا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەردى. ئاخىرقى قېتىم بالامنى ئېلىپ بارغىنىمدا، قايتىش ئالدىدا ئۇ بالىنى قۇچاغلاپ يىغلىدى: «مېنى كەچۈر، مېنى قارا بېسىپتىكەن، ئېزىپتىكەنمەن» دەپ، ھېلىقى تۈگۈنچەكنىڭ جايىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدىكى ئىش، كېيىن بۇ ئىشتىن مەيدان تەشكىللىمۇ خەۋەر تېپىپ، قادىرنى تەقدىرلەپتۇ، ئۇنى مۇددەتتىن بۇرۇنراق قويۇۋېتىشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ. مانا، مەنمۇ چوڭ ئۈمىد بىلەن ساقلاۋاتىمەن. خام سۈت ئەمگەن بەندە ئەمەسمۇ؟ ئاتمۇ مۈدۈرۈپ كېتىدىغۇ، بۇمۇ تۈزلەر، .ئادەم بولار. سەزدىلمىسەكمۇ، ماۋۇ مۇئەللىم يىگىت ئىشكىمىزنى چۈگىلەۋاتقىلى ئۈچ يىل بولدى. ئانچە چىراي ئاچمىغىنىمغا قارىماي ئىشلىرىمىزغا قارىشىدۇ، دادام ئاغرىپ قېلىۋىدى، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. نەچچە كېچە بېشىدا ئولتۇردى. ھەر قانچە ۋاپادار ئوغۇل بولسىمۇ شۇنچىلىك قىلار، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزەمگىمۇ، ئاشۇ بىچارىگىمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ. بولدىلا، ئۇ قىمارۋازدىن يەنە نېمە خوۋلۇق كۆرەرمەن، دەيمەنۇ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى ئۇنىمايدۇ. يېقىن يورۇقلىرىمۇ: «قادىر سېنى ئاخىر ۋەيران قىلماي قويمايدۇ، ۋاقتىدا ئارىنى ئوچۇق قىل، قولۇڭنى يۇيۇۋەت» دېيىشىدۇ. لېكىن كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ ئىكەن، ئۇلارمۇ مەندەك بىرسى بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ باقسۇن، نى - نى يىگىتلەر ئارىسىدىن بىرسىنى يېتىملىقى، گادايلىقى ۋە باشقا تۈرغۇن كەم تەرەپلىرىگە قارىماي جان - دىلى بىلەن ياخشى كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن بىلىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق ئىززىتىنى بىلمەيدىغان نەرسىمۇ، ياكى مەنلا ئەخمەقمۇ...

بوۋاي بۇغۇق ئاۋازدا چاي سورىدى. چاينى غوتۇلدۇتۇپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن:

— ئۇھ. ئەجەپ راھەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن، — دەپ غودۇڭشىدى. ئارقىدىن نۇسرەت بىلەن كۆرۈشۈپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. قارىغاندا، پاقلاندىن بىرەرنى سويۇشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى ... ئاھ، ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست كىشىلەر!

(ئاخىرى 177 - بەتتە)




(ھېكايە)

ئىدرىس بارات

## تانسا كېچىسى

بەزى قىز ـ يىگىتلەر تانسىدا تېپىشىپ قالدۇ، غەيۇر بىلەن ئاقىقىزنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا، تانسىدا بۇزۇلدى.

ئۇلار تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر ئائىلە تانسىسىغا داخىل بولدى. ئاقىقىز شوخ، سەنئەتكە ئىشتىياقى بار، تانسىغا ئامراق قىز ئىدى. غەيۇر ھەۋەس ـ ئىشتىياقىنى كۆپرەك كىتابقا، ئىجادىيەتكە قاراتقىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى تارتىنچاقراق بولغىنى ئۈچۈن، ئاقىقىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى تانسا سورۇنلىرىغا كۆپ بارمىغان، شۇڭا تانسىنمۇ ياخشى ئۆگىنىۋالالمىغانىدى. بۇ ئاخشىمى ئۇ، ئاقىقىزنىڭ دەۋىتى بىلەن بۇ ئولتۇرۇشقا كېلىپ، بىر بۇلۇڭدا جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئاقىقىز بولسا، تانسىنى نۆۋەت كەتكۈزمەي ئوينىدى. ئۇنىڭ تانگوغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا چىمداپ دەسسەپ، پوكۇس چىقىرىپ، يېنىك ئويناشلىرى، ۋالسقا چۆشكەندە بالېتچى قىزلاردەك چاققان، گۈزەل چۆگىلەشلىرى، رۇمبىغا چۈشكەندە نازۇك بەدىنىنىڭ ۋە تولغان ساغرىسىنىڭ سىلكىنىشىنى ساز رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇشتىكى نەپىس ھەرىكەتلىرى، پاكىستىرۇت ئوينىغاندا، گاھ ئىتتىك قەدەم ئېلىپ، گاھ تېز چۆگىلەپ ئەۋج ھاسىل قىلىشلىرى بۇ سورۇندىكى بارچە تانسا ئەھلىنى جەلپ قىلدى، بولۇپمۇ تانسا خۇمار يىگىتلەرنى بەكمۇ مەھلىيا قىلدى. ئاقىقىز بىلەن تانسا ئوينىغانلىكى يىگىتلەر ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇشۇپ، ئۇنى قايتا ـ قايتا تانسىغا تارتىشتى، غەيۇر تانسا بىلمىگەچكە، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ چاندۇرۇپ قويۇشنى ئويلاپ بىلىپ، ئائىلاج بۇلۇڭ ساقلاپ ئولتۇردى.

غەيۇر بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى شاڭخەي، خاڭجۇ ھەم گۇاڭجۇ، شېنجېنلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولغانىدى. ئۇ يەرلەردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شىددەتلىك قەدىمى، كىشىلەردىكى جانلىق مەنىۋى قىياپەت، ئىشكى سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئەشۇ كىچىككىنە دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ «زامانىۋى پۇرىقى» ئۇنىڭ كۆزىنى ئالا ـ چەكمەن قىلىپ، قەلبىنى ئەسىر قىلدى. رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدىكى مەدەنىي ھاياتنىڭ ئەڭ كۆركەم كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى بولغان تانسا سورۇنلىرى دۇنيا يېڭىلىقلىرى كېچىكىپ يېتىپ بارىدىغان يىراق چېگرا رايوندىن كەلگەن بۇ ياشنىڭ قەلبىدە

(ئاخىرى ـ ٢٢١ ـ بەتتە)

ئاجايىپ تەسىراتلارنى قوزغىدى: «ئەجەپ ھە؟ خەق ئىشلىگەندە جان تىكىپ ئىشلەشنىمۇ، ئوينىغاندا خۇمادىن چىققىدەك ئويناشنىمۇ بىلىدىكەن؛ ھايات شۇنداق جۇشقۇنلۇق ئۆتسە، نېمە يامىنى بار؟ دۇنيادىكى ھەممە ئادەم، مەيلى قايسى دۆلەتتىن، قايسى ئىرقىدىن. قايسى مىللەتتىن، قايسى جىنستىن. قايسى تىلدا سۆزلىشىشتىن قەتئىينەزەر. ھەممىسى مۇشۇ جاھان ئانىسىنىڭ باللىرىغۇ. ھەممەيلەنگە ھايات بىرلا كېلىدىغۇ، بىزمۇ خەققە ئوخشاش ئادەمغۇ. ئۇلار ئۆرمۈشنى شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈدىكەن. كوچىلارغا قارايدىغان بولساڭ، «مۇھىت شۇنداق گۈزەل، پاكىزە، كىشىلەر شۇنداق مەدەنىي. شۇنداق روھلۇق، شۇنداق چىرايلىق. شۇڭا بۇ خەق قېرىمايدىكەن، بىز نېمىشقا سۇلۇشۇپلا ئۆتىمىز؟ خۇدايىمىزمۇ يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشنىڭ ئۆزەڭدىن، دەپتىكەنمىش. بىزمۇ قاچان شۇلاردەك ئىشلەشنى، شۇلاردەك ياشاشنى ئۆگىنەمىز؟» ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلمىگىنىنى ھاياتىدىكى بىر خىل كەمتۈكلۈك ھېس قىلدى، تانسا ئويناشنى بىلمىگىنىگە ئۆنجى قېتىم پۇشايمان قىلدى. شۇنداق ھېس - تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدا ئەشۇ پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قازاندەك تانسا مەيدانىغا چۈشكىدەك جۈرئەت يوق ئىدى. بىرىنچىدىن، مەيدانغا چۈشسە، پۇت - قوللىرى كالامپايلىشىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ھازىر ئۇچىسىدىكى ئۆت يانچۇقلۇق نىمكەش كۆك چاپان، قايرىما پۇشقاقلىق لابدۇر ئىشتان، پاشنىسى ئۆپراپ مايماق بولۇپ قالغان كەپكۈر باش قارا خۇرۇم ئاياغ شىبىنجىبىندىكى بۇ زامانىۋى تانسا مەيدانىدا بەكلا چىنىپ قالاتتى: «ئەنچە ۋاقتتىن بېرى خەق ئېگىز پاشنا، ئارا پاشنىلىق رەڭدار ئاياغ، بەدەنگە چىپلا كېلىدىغان نېپىز كۆڭلەك - مايكىلار توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرسە، ئەجەپ دىققەت قىلماپتىمنا! بۇمۇ مەدەنىي ھاياتنىڭ بىر خىل رەڭگى، رەڭدار تۇرمۇشنىڭ بىر خىل كۆركى ئىكەن ئەمەسمۇ؟»

ئۇ ئەنە شۇ ئىچىۋېتىلگەن ئالاھىدە رايوندىن ئۆزىگە تېگى قارا، ئىنچىكە قىزىل يوللۇق سارجىدىن تىكىلگەن تازا يارىشىملىق كاستۇم - بۇرۇلكىدىن بىر قۇر. سۇس مايسىرەڭ. ئارا پاشنىلىق. ئۇچى ئۇچلۇق باجىنگىردىن بىر پار. شياڭگاڭنىڭ چىرايلىق گالستۇكىدىن ئىككى تال ۋە كىچىك يۇمۇلاق ياقىلىق سۇنئىي يىپەك كۆڭلەكتىن ئىككى قۇر سېتىۋېلىپ. ئۆررۈمچىگە قايتاشىدا. خېلى سۈپەتلىك كىرىپ سالاپەت بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆررۈمچىدە چوقۇم كىشىلەرنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈپ قالارمەنمىكىن. دەپ ئويلىۋىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلىغىنىدا. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ساددىلىق. نادانلىقلىرىدىن كۈلدى. بۈگۈنمۇ. ئۆزىنىڭ تارتىنچاقلىقى كاساپىتىدىن تانسا ئويناشنى ئېچىچە ئۆگىنىۋالالمىغىنىغا ئىككىنچى قېتىم پۇشايمان قىلدى. بىراق، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى ئۈزۈلۈشۈپ قالغان ئېغىر مىجەزىنى بىر نەچچە كۈندىلا بىراقلا ئۆزگەرتىپ، شوخلۇشۇپ كېتىشكە ئىشەنچى تازا چوڭ ئەمەس ئىدى. «مەن جىمغۇر بۇ شوخ قىزغا تازا كۆڭۈلدىكىدەك لايىق بولالارمەنمۇ؟ . . .» دېگەن خىيال بۇلۇتى ئۇنىڭ سۈزۈك كۆڭۈل ئاسمىنىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتتى.

ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزاققا سوزۇلۇشى. ھاراق، پىۋا بوتۇلكىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈكسىز قۇرۇغدىلىشى تانسا مەيدانىغا يېڭى ۋەزىيەت ئېلىپ كەلدى. مەيدانغا چۈشمىگەنلەرمۇ «ئۆگىنىش» يۈزىسىدىن تانسىغا چۈشۈشتى: تونۇشمىغانلارمۇ تونۇشۇشقا باشلىدى. قىزلارمۇ ئارىلاپ ئوغۇللارنى تانسىغا تارتىشتى. غەيۇرمۇ بىر قىزنىڭ تارتىشى بىلەن ئىككى نۆۋەت تانگو ئويناشقا مۇۋەپپەقەت بولدى. ئۇنىڭ بىلەن تانسا ئوينىغۇچى گۈلچىمەن ئىسىملىك غۇنچى بوي قىز بولۇپ، ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغۇچىمۇ شۇ قىز ئىدى. ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، كېچە سائەت ئىككى بولغانىدى. ئاققىز ئۈچ - ئۆت قىز ئوغۇللار بىلەن

شەھەرنىڭ كۆزى چىقىش تەرىپىگە كېتەتتى. غەيۇر ژىلىسپىتنى يېتىلەپ كۆزى يېتىش تەرەپكە قايرىلغىنىدا، گۈلچىمەن بىلەن يولداش بولۇپ قالدى. ئاقىقىزنىڭ كۆز ئالدىدا، تۇن بىرىم بولغاندا يالغۇز بىر قىز بىلەن بىللە مېڭىش غەيۇرغا بىر ئاز ئەپسىز تويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى تۇنىڭغا تەسەللى بەردى: «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا ئاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دەپتىكەن. ئاقىقىز ئايرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلمايلا، ھەمراھلىرى بىلەن پاراڭلاشقىنىچە كېتىۋاتىدۇ. بۇ قىز بولسا، ماڭا ئىشىنىپ مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋاتىدۇ . . . تۇ ژىلىسپىتكە مىندى - دە، قىزنى كەينىگە مىندۈرۈپ يۈرۈپ كەتتى. تۈن يېرىمىدىكى ئاي شۇنچە يۇمۇلاق، شۇنچە يورۇق بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتقانىدى. تۇ يەر، بۇ يەردە يېغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىدە ئاي شولىسى ئەكس ئېتەتتى. ئەتراپ جىمجىت بولۇپ چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، پاقىلارنىڭ كوكىراشلىرى يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىناتتى.

كەيپىلىكتە ھېس قىلىنمىغان ئىشلار تۈگىلانغاندا كىشىنى پۇشايمان قىلغۇزىدۇ. قانداق دېگەن بىلەن، ئادەم يېكىرلىك مەخلۇق، كۆڭۈلگە نېمە خىياللار كەچمەيدۇ، دەيسىز؟ ئاخشامقى ئىشنى ئاقىقىز قانداق ئويلىغاندۇ؟ تېلېفوندا بولسىمۇ كۆرۈشۈپ قويۇش كېرەك. غەيۇر شۇ خىياللار بىلەن ئەتىسى ئاقىقىزنىڭ تېلېفونىنى ئالدى:

— ۋەي، ئاقىقىزما؟ كېچە گەپ - سۆزسىزلا ھەمراھلىرىڭىز بىلەن كېتىپ قالدىڭىز . . . مەن غەيۇر، تونۇۋاتامسىز؟

قارشى تەرەپنىڭ تەلەپپۇزى بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى.

— ھە، تونۇمامدىغان، سىزمۇ يالغۇز قالمىدىڭىزغۇ؟

— تۇ . . .

— يىقىلىپ كەتمەي بارالىدىڭلارمۇ؟

— ياق، مەن ئاسان يىقىلىپ كەتمەيمەن.

— ناتايىن. يول ئويداڭ - چوڭقۇر، كېچە قاراڭغۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاچچىق كىنايە چىقىپ تۇراتتى. كۆڭلىگە كەچكەن ئىشلار ئىسپاتلىنىۋاتاتتى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ. ھوي، ئاقىقىز. تېلېفوندا تۇنداق سۆزلىشىش ئەپسىز. كەچتە كۆرۈشسەكچۇ؟

— كەچتە ئىشىم بار. خەير!

— ھوي. قاراڭ. ئاقىقىز . . .

غەيۇر بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، قارشى تەرەپ تىزىۋېكىنى «تورووككىدە» قويۇپ قويدى. «مانا. ئاۋۇ ئىشنى قاراڭ. — دەيتتى غەيۇر ئىچىدە. — شۇنداق يېنىكلىك بىلەن - ھە؟»

ئۇلارنىڭ قويۇق ئىزدىنىشىۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىچە بولغانىدى. بىر - بىرىسىنى تولۇق چۈشەندى دېگىلى بولمىغاندىمۇ. قىزنىڭ غەيۇرغا بولغان قىزغىنلىقى ئۇنىڭ تۇتلۇق كۆزلىرىدىن. خۇشخۇي چىرايىدىن قىزغىن پاراڭلىرىدىن ئايان ئىدى. غەيۇر بولسا. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا باشقىچە بىر خىل سېزىمنى سەزمەكتە ئىدى. تۇنداق سېزىمگە نېمە دەپ ئات قويۇشنى تۇ بىلمەيتتى. تۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ئولتۇرۇپ. يېزىپ تولتۇرالمايدۇ. ھامان كۆڭلى بىئارام. خۇددى ھېلى بىرسى ئىزدەپ كېلىدىغاندەك. ياكى تېلېفون كېلىدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئاقىقىز بىلەن تونۇشقاندىن بۇيانقى ئىشلار، بىللە ئولتۇرۇپ كۆزگەن كىنولار. قىلىشقان پاراڭلار ھامان تۇنىڭ ئىجادىيەت تەپەككۇرلىرىنى. خىزمەت ئۈستىدىكى يېكىرلىرىنى پاتپاراق قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھېلىقى كۈنى ئاخشىمىدىكى . . . تۇلار بەكرەك يېقىنلاشقان كۈن شۇ كۈنى بولدى. باشلانغان مۇناسىۋەتنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى نەتىجىسىدە تۇلار شەنبە كۈنى كەچتە غەيۇرنىڭ ياتىقىدا ھەمسۆھبەت بولدى. چاي. پىۋا ئىچىشتى، بىر - بىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۇقۇشتى. ھەر كىم تۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قارشى تەرەپكە «ماختىنىۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇنى بەرمەسلىك تەلەپپۇزى بىلەن بايان قىلىپ. ئىككىنچى تەرەپنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇشتى، شۇ ئۇرۇنۇشلار نەتىجىسىدە غەيۇرنىڭ

شېئىر، مۇزىكا ئىجادىيەت ھەۋەسكارى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا خېلى كۆپ شېئىرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى ئېلان قىلىنغانلىقى قىزغا ئايان بولدى. قىز بىر ئىدارىدا ماشىنىستلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىچىكىدىن ناخشىغا ئامراق ئىكەنلىكى، دۇتار، گىتار، ئاكاردىيون چېلىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقى غەيۇرغا مەلۇم بولدى. مەدەنىي ئائىلە قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن غەيۇرغا ئاقىقىزنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بەك ياقتى. بولۇپمۇ ئاقىقىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان «قايداسەن جانان»، «گۈلباغ سەيلىسى» قاتارلىق بىر نەچچە ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە مۇزىكىسى دەل مۇشۇ غەيۇرنىڭ ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغاندا، قىزىقىش جەھەتتىكى بۇ تەسادىپىلىق بۇ ئىككى ياشنىڭ ئورتاق ئارزۇ يولىدا تەلپۈنۈۋاتقان قەلبىنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلىدى. ئاخىرىدا، غەيۇرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئاقىقىز دۇتار چېلىپ بىر نەچچە ناخشا ئوقۇپ بەردى. قىزنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن ساز ئىدى. ئۇ، ناخشىنى قىقىراق - جاقىراق ئاۋازدا ئەمەس، بەلكى بىر خىل مۇلايىم ئاۋازدا ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى ئاغزىدىن ياكى كانىيىدىن چىققاندەك ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن سادا بېرىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ ئاۋاز دولقۇنى، ھېسسىيات ئىپادىسى شاقىراتمىدەك شىددەتلىك ياكى دولقۇندەك شاۋقۇنلۇق ئەمەس، بەلكى يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق بىلىنەتتى. ئانداق - مۇنداق بىر قىسىم ناخشىچىلارنى ياراتمايدىغان بۇ يىگىتكە بۇ قىزنىڭ ناخشا ئوقۇشى يارىدى. يارىغاندىمۇ ئۇنىڭ «ئاق بىلىق، ئاپپاق بىلىق»، «گۈلچىمەن» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىشى بەك يارىدى. قىز خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا، ئۇلار تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشلىرى تېزلەشتى. مۇشۇ تۆت - بەش كۈننىڭ مابەينىدە، ئۇلار كۈندۈزى تېلېفوندا ئىككى ۋاق سۆزلەشمىسە، كەچلىرى ئىككى سائەت چۆگىلەشمىسە چىدىيالمايدىغان ھالغا - يەتكەنىدى.

كەچتە ياتاققا قايتقان غەيۇر بىر ئىككى سائەت دۇتار چالمىسا ياتقۇسى كەلمەيتتى، ياتقاندىمۇ، نى ئالەمگىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. مانا ئەمدى ئاخشامقى تانسىدىن كېيىن، توساتتىنلا تېلېفون ئۈزۈلدى. نېمە دېگەن كۆڭۈلسىزلىك - ھە؟!

ئىشخانا ئىشىكىنىڭ يېنىك چېكىلگەن ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى، كىرىپ كەلگۈچى دەل ئاخشامقى قىز گۈلچىمەن ئىدى. قىز يېقىملىق سالاملاشتى. ئۇ غەيۇرنىڭ كۆڭۈلسىز كەيپىياتىنى بىر قاراپلا سەزدى. ئەمما، گەپنى ئۆز ئىشىدىن باشلىدى:

— قارا، غەيۇركا «ئېغىزدىن چىقتى، ساقالغا ياماشتى . . .» دېگەندەك ئىش بولدى. ئاخشامقى گېپىمىز بويىچە سىزنى ئاۋارە قىلغىلى كەلدىم.

— ياقەي، گۈلى، نېمە ئاۋارىچىلىق بولاتتى دەيسىز، قېنى ئولتۇرۇڭ.

شۇنداق دېگىنىڭىزگە رەھمەت، غەيۇركا، ياش چېغىمدا ئوقۇۋالاي دەيمەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كەتتىم. لېكىن، ھازىر ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنىڭ بازىرى چىقىۋاتىدۇ. پۇت - قولۇم چۈشەلۈپ قالغىچە، ئىشتىن سىرتقى داشۆدە بولسىمۇ ئوقۇپ، دىپلوم ئېلىپ قوياي دەيمەن، مۇشۇ ئىشىمغا بىر ياردەم قىلىۋېتىڭ، — قىز شۇنداق دېگىنىچە، ئىدارىسىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى غەيۇرغا ئۇزاتتى. قىزنىڭ تەلىپى ئورۇنلۇق، رەسمىيىتى تولۇق ئىدى. غەيۇر مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل بۆلۈمدە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىشىمۇ تەسكە توختىمايتتى. گۈلچىمەننىڭ ئارزۇسى تېزلا ئەمەلگە ئاشتى: ئەسلى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە شۇ يەردە چېكىت قويۇلسا بولاتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ چېكىتلىك جۈملىدەك داۋامى تۈگىمەي قالدى. ئاساسلىقى، قىز غەيۇرنى تولا ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. گايىدا تېلېفون بېرەتتى، گايىدا بىۋاسىتە ئىزدەپ كېلەتتى. ئىككى - ئۈچ قېتىملىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن، گۈلچىمەننىڭ قىز-
غىنلىقى - ھۆكۈمى ... مىجەز غەيۇرنى ... مۇداپىئەلىنىش

هالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى. غەيۇرنىڭ نەزەرىدە، گۈلچەمەن مەيلى چىراي، پىگورا، مەيلى خۇلقى ـ مىجەز، مەيلى ئەقىل ـ ئىدرىك جەھەتتە ئاقىزنى بىسىپ چۈشكىدەك بولىسمۇ، لىكىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بىر قىز بىلەن ئون بەش كۈن يۈرۈپلا، ئۇنى تاشلاپ، يەنە بىر قىز بىلەن ئىچىپەش تارتىشىش بىر خىل هاراملىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. گەرچە ئاقىزنى ئۇ ئۆزى تاشلىۋەتمەگەن بولىسمۇ، لىكىن، خەلقى ئالەم ئالدىدا نىمە دىگۈلۈك؟ ئاقىز بىلەن بىرىش ـ كىلىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ بىر ئىدارىدە ئىشلەيدىغان ئۈلپىتى باقىغا دەپ تاشلىغاندى. ئاخىرى مۇنداق بولارىنى بىلسە، دىمەي تورماسمىدى؟ ۋاھالەنكى، باقى يىنىك تەبئەتلىك، ئاغزى ئىتتىك، گىپىنىڭ ئۇتامى يوق بىر ئاداش، ئارقىدىن گەپ تىرىمايدۇ دىگىلى بولمايدۇ. «غەيۇر ئون بەش كۈننىڭ ئالدىدا ئاقىز ئىسمىلىك بىر قىزنى يىتىلەپ يۈرەتتى، ئەمدى ئۇنى تاشلاپ، گۈلچەمەن ئىسمىلىك بىر قىزغا قانات سۆرەپ قاپتۇ» دىگەن گەپ تارقىلىپ كەتسە، نىمە دىگەن سەت ـ ھە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقىز بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگىدەك هىچ ئىش بولغىنى يوققۇ! پەقەتلا قىزنىڭ گۇمانخورلۇقى، ئۆزەمنىڭ تەرسالىقى ئەمەسمۇ؟ ئاۋادا، ئاقىز شۇنداق كىچىدە، بىر يىگىت بىلەن بىللە كەتسە، مەن نىمە دەپ ئويلار ئىدىم؟ ئۇنىڭ ئۆزۈپكىنى تاشلىۋەتكەنلىكىگە باتىناپ، ئون بەش كۈنگىچىمۇ ئىزدىمەك بارمۇ؟ ئەمىسە، قىز ئۆزى ناماقۇل بولۇپ كەلسە بولامتى؟

ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلىغىندا، ئاقىزغا بولغان ئاچچىقى ياندى، ئۆزىنىڭ تەرسالىقىغا ئۆكۈندى، گۈلچەمەنىنىڭ يىپىشىۋالغىنىغا ئىچى پۇشتى. بىراق، ئۇنىڭ يىگىتلىك غورۇرى يەنىلا ئاقىزغا تىلىفون بىرىشكە، ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا بىرىشقا توسقۇن بولۇۋاتاتتى. «تىلىفوننى جالاقىدە تاشلىۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزى يالغۇز بولۇپ، باشقىلار بىلمەيلا قالسىمۇ مەيلى، خىزمەتداشلىرى ئۇقسا، بۇ ئىش ئالەمگە پۇر كەتمەمدۇ؟ ئۆيىگە بارسام، ئىشىكىدىن كىرگۈزمىسە، ياكى (ئۇنى) دىسە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولغىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟» ئۇنى ئەنە شۇنداق خىياللار تولا قىيندى. ياتاقتا بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرۇپ باقتى، دۇتار چىلىپ؛ ناخشا ئوقۇپ باقتى، ئىچ پۇشىقى چىقمىدى، كىتاب ئوقۇدى، مىڭىسىگە بىر نەرسە چۈشمىدى. ئاخىرى ئۇ بۈگۈنكى شەنبە ئاخشىمىنى ئاغىنىسى ئىلياس بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، ۋېلسىپىتنى مىنىپ شۇلارنىڭكىگە كەتتى.

## شاللاق يىگىتنىڭ مازلىششى

باقى ئىككى كۈننىڭ بۇياقىدا شەنبە ئاخشىمىنىڭ يىتىپ كىلىشىنى كۈتۈپ كۆزى تىشىلگىدەك بولدى. ئۇ كۆڭلىدە ئاجايىپ شىرىن تەسەۋۋۇرلارنى قىلاتتى. قانداق قىلىپ ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ «نەڭ ئەپلىك لايىھە»لىرىنى ئويلاشتۇراتتى. دىمىسىمۇ ئۇ، بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتىدە بەش ـ ئالتە قىز بىلەن «يۈرۈش» جەريانىدىكى ئەمەلىيەت سىنىقى داۋامىدا، «قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش»نىڭ بىر يۈرۈش «ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرى»نى يەكۈنلىگەنىدى. ئۇ دەسلەپتە، قىزلار بىلەن ئالاقە قىلىشتا، ئىلىپىپ بە تىگىشىدىغان «دولپىشاڭلىق» مۇناسىۋىتى، ئورناتمىغىچە، ئۇلار ئاسان «ئىندەككە» كەلمەيدىغاندۇ، دەپ كۆزى قورقۇپ يۈرگەنىدى، كىيىن، بىر ـ ئىككى قىتىملىق ئۆرۈنۈش ئىشقا ئىشىپ قالغاندىن كىيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى خېلى يوغىناپ قالدى. ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئۆت ـ بەش قىز ـ چوكان بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ، بەزىلىرى بىلەن ئىغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈردى، بىراق، ئۇنىڭ «ئىندەك»كە كەلتۈرگەنلىرى ئاخشاملىرى زاسۇيپەزلەرنىڭ غالتىكى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان قورساق باقتىلار بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا باقىغا ئاچا دىمەتلىك ئىگە ـ چاقىسىز كوچا ئاياللىرى ئىدى. ئۇ نەچچە ۋاقتتىن بىرى.

تۆيدۇرماي ئىش ئەپلەۋاتىمەن، دەپ ئۆزىچە كۆڭلىدە ھوزۇرلىنىپ، غەيۇردەك پۈتۈن ساداقىتىنى خىزمەتكە ۋە ئىجادىيەتكە بېغىشلىغان «بىچارىلەر»-دىن كۈلۈپ يۈرگەنىدى. يېقىندىن بېرى، توساتتىن ئۇنىڭ غەيۇرغا ئىچى تارلىقى تۇتۇپ، ئۆزىنى باسالماي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزىتىشىدە، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، غەيۇر بىرىدىن بىرى چىرايلىق ئىككى قىز بىلەن «يۈرمەكتە» ئىدى. ئەشۇلاردىن قايسى بولسا مەيلى، ئىش قىلىپ ئەشۇنداق قىزلاردىن بىرەرسى بىلەن تونۇشۇۋالسام، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە، بىرەر مىڭ سوم خەجلىسەممۇ مەيلىتتىغۇ . . . دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. ئۇ ئۆزىنى ئالاھىدە تۈزەشتۈرۈپ، كىيىم - كېچەك ۋە يۈز - كۆز، چاچ - ساقاللىغا خېلى سۈپەت كىرگۈزۈپ، كۆزى چۈشكەن قىزلارغا قادىلىپ قاراپ باقتى. ھەيران قالغىدەك ئىش، ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقانلىكى قىزلار چىرايى ئۆڭگەندەك بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭدىن قاچاتتى. ئۇ شۇنداق قادىلىشلىرىدا، پەقەت ھېلىقى ھېسسىپ پۇرۇشلارنىڭ غالتىكى ئەترابىدا چۆگىلەپ يۈرگەنلەرنىلا جەلپ قىلالىدى.

ئۇ تولا ئويلاپ بىر ئەقىل تاپتى. ھېلىقى ئاقىقىز دېگەنگە تېلېفون بەرگۈلۈك، بىر يەرگە چاقىرغۇلۇق، نېمە ئىشىڭىز بارتى دېسە، ئۇنىڭغا غەيۇرنىڭ خىيانەتكارلىقىنى چاققۇلۇق، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇلۇق، «مانا ئەمىسە، غەيۇر مەندىن يۈز ئۆرۈپ باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈۋېتىۇ» دەپ، ئاچچىقىدا مېنىڭ ئىندىكىمگە كەلسە، تېخى ياخشى. ئۇنداق بولماي، مېنى رەت قىلسا، مەن غەيۇرنىڭ دوستى ئىدىم، سىزنى سىناپ باققانتىم، دەپ قۇتۇلغۇلۇق.

ئۇ، شۇ ئويلار بىلەن، يۈرىكى پوك - پوك ھالدا، ئاقىقىزغا ئىككى - ئۈچ نۆۋەت تېلېفون بەرگەنىدى. ئاقىقىزمۇ تېلېفوندا ئۇنىڭ بىلەن خېلى قىزغىن سۆزلەشتى. ئاخىرى، مۇشۇ شەنبە كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ماقۇل بولدى. باقىنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان ئىش ئەنە شۇ ئىدى.

[illegible]

شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنلا، باقى ئۇچرىشىشقا جابدۇنۇشقا باشلىدى. كىيىم - كېچەكلىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللىدى، باش - كۆزىنى ئەڭ ئېسىل ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇيۇپ مايلىدى. كۆڭلىدە، گەپنى نەدىن باشلاش، نېمىلەرنى دېيىش، ئاندىن سىناق تەرىقىسىدىكى «ئەمەلىي ھەرىكەت»نى قانداق باشلاشلارغىچە خېلى ئەتراپلىق ئويلىنىۋالدى. ئىشكتىن چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇچراشقاندا يۈرەكلىك بولۇش ئۈچۈن، ئىككى رومكا ئىچىپمۇ ئالدى.

ئۇلار نىشانلانغان جايدا ئۇچراشتى. باقىنىڭ ئۇۋۇچلىرىنىڭكىدەك سەزگۈرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى ئاقىقىزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى، يۈز - كۆزىدىكى ھېسسىيات ئىپادىسىنى ئۆزىگە خاس پەرەز بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى. ئاقىقىز ئادەتتىكىچىلا كىيىنگەن بولۇپ، باقىنىڭ پەداز قىلىپ ياسىنىۋالغىنىغا قاراپ، چىرايىدا بىر خىل يارىتمىغاندەك ھېسسىيات ئىپادىلەنەتتى. باقى ئاقىقىزغا شەھۋانى نەزەرلىرى بىلەن قانچە قادالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىقىز بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماي، باشقا ياققا قارىغىنىچە، «قېنى، نېمە گەپ؟» دېگىنىچە تۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن يىگىت سېغىنغان قىزلاردا بولىدىغان يېقىملىق كەيپىياتتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن باقىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن مۇھەببەت سۆزلىرى شامالغا يولۇققان تۇزغاقتەك تاراپ كەتتى. ئۇ ئۆڭگەن، ھودۇققان ھالدا، گېپىنى مۇنداق باشلىدى:

— ئاق، ئاقىقىز، مەن، سىز. . . سىزگە، بىر، بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم.

— نېمە گەپنى، قېنى؟

— ئەشۇ غەيۇر توغرۇلۇق، يا بىلگەنسىز، يا بىلمىگەنسىز، ئەمدى شۇ . . .

— ھە، نېمە بوپتۇ غەيۇرغا؟

— تېخى بىلمىدىڭىزما؟ غەيۇر مۇشۇ كەمدە ھەجەپ يامان بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ - تاڭ!

— نېمە قىپ يۈرۈيدۇ ئۇ؟

— غەيۇر مۇشۇ كۈنلەردە، سىزدىن باشقا، يەنە [illegible]

[illegible]

بىر قىز بىلەن . . .

— قىنى، ئوچۇقراق دەپ بېقىڭا!

— ئۇ، سىزدىن چىرايلىق، ياق، ياق، خاتا دەپ سالپتىمەن، سىزنىڭ تىرنىقىڭىزغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمىگىدەك بىر جوماق بىلەن تېپىشۋالدى.

— كىمكەن ئۇ؟

— ئۇنىڭ ئىتى گۈلچىمەن.

ئاققىز كۈلۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بىپەرۋا قىياپەتتە، سورىغىنىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىزچە، يىگىتلەر بىلەن قىزلار باردى ـ كەلدى قىلسا بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەمما غەيۇر باشقىچە.

— قانداقسىگە باشقىچىكەن ئۇ؟

— غەيۇر شىنجىڭغا بېرىپ كەلگەنلىكياقى باشقىچە ئۆزگىرىپ قالدى، ھەدېسىلا، ئۇ يەردىكى مەدەنىي تۇرمۇشنى ماختاپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرىدۇ، بىرەر ئىش قىلىپ كەلگەن چېغىۋا ئۇ، ئۇ يەرلەر چاتاقمىش.

— سىز نېمىشقا ماڭا غەيۇرنىڭ ئىشلىرىنى دوكلات قىلىسىز؟ مەن يا غەيۇرنىڭ باشلىقى بولمىسام؟

— سىزنى ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق دەپ . . .

— دوستلۇق بولمىسامچۇ؟ — دېدى ئاقىز باقىنىڭ تەلەپپۇزىنى دوراپ.

— ئۇنداقتىمىغۇ مېنىڭ بەختىم ئىدى، سىزنى كۆڭلۈم تارتىپ . . . شۇڭا.

— كۆڭلىڭىز نېمىگە تارتىۋاتىدۇ؟

— مەن ئەمدى، مۇنداقچىسىگە. دوست بولايلى دەپ، — باقى شۇنداق دېگىنىچە، قولىنى ئاقىزنىڭ دولىسىغا ئۇزاتتى. ئاقىز شۈركىنىپ كەتتى ـ دە، زەردە بىلەن دېدى:

— سەتلەشمەڭ ـ ھە! گېپىڭىز شۇمىدى؟

ئاقىز باقىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، بۇ چوقۇم غەيۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىۋاتقان ئىش، دېگەن پەرەز بىلەن نىشانلانغان يەرگە كەلگەنىدى. بىراق، باقىنىڭ زەييانلارچە پاسىنىۋېلىشى ئىشنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى، باقىنىڭ گەپلىرىمۇ ئاقىزنىڭ كۆزلىگىنىدەك چىقماي قالدى. ئىشنىڭ تەكتىگە يەتكەن ئاقىز، باقىنىڭ يەنە ئەزمە ئىزىشىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى ـ دە، ئۇنى زەردە بىلەن:

— ماز! — دەپ تىللىغىنىچە، ئىتتىك كېتىپ قالدى.

## تەسادىپىي ئۇچرىشىش

غەيۇر ئىلياسلارنىڭكىگە بارغاندا، ئۇلار جابدۇنۇپ، بىر دوستىنىڭكىگە كەچلىك ئولتۇرۇشقا بېرىشقا تەمشىلىپ تۇرغانىكەن، بۇ مېھماندوست ياش ئەر ـ ئايال غەيورنى بەك چوڭ بىلەتتى. غەيۇر كىرىشى بىلەنلا، ئۇلار مېھمانلىق ئۇستىباشلىرىنى يەشتى ـ دە، ئىلياس شىرەگە يېمەك ـ ئىچمەك تىزىپ، چاي قۇيۇشقا، ئايال ساھىپخان سەي ـ پەي تەييارلاشقا ئۇتتۇندى، غەيۇر ئۇلارنىڭ يولغا كاشىلا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يولدا ئۇتەشىدە كېتىرگەنلىكىنى، كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كېتىشكە قانچە قوپقان بولسىمۇ، بۇ قىزغىن ئۇي ئىگىسى ئۇنى زادى ماڭغۇزمىدى. ھاي ـ ھۇي دېگۈچە چاي ـ پاي، سەي ـ پەيلەرمۇ تەييارلاندى. ئۇنىڭغىچە ئىلياس بۇ ھۆرمەتلىك دوستى ئۇچۇن ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنئۋارلىق ھارىقى — «ئىلى ئالىي ھارىقى»نىمۇ شىرە ئۇستىگە تىكلەپ بولدى. غەيۇر تولىمۇ ئەدەپلىك يىگىت بولۇپ، باشقىلارنى ئەگىسلىقتا قالدۇرىدىغان ئىشتىن بەك خىجالەتچىلىك ھېس قىلاتتى، ئىلياسلارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن بۇنداق قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنى بارىدىغان يېرىدىن قالدۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن پات ـ پات سائەتكە قارايتتى، ئىتتىگرەك

كېتىشىنى ئويلاپ، چايىنىمۇ ئىتتىك-ئىتتىك ئىچتى، رومكىسىمۇ كۆپ تۇزۇت قىلماي، تېز-تېز كۆتەردى-دە، ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. ئەلياسلار غەيۇرنى تۇتۇپ قالالمىغاندىن كېيىن، بۈگۈن بارماقچى بولغان تويى يېقىن دوستىنىڭ تويى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تولىمۇ مېھماندوست ئىكەنلىكىنى، غەيۇرمۇ بىللە بارسا، ئۇلارنىڭ خۇش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىللە بېرىشقا كۆپ دەۋەت قىلدى. لېكىن غەيۇر بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا يالغۇز غېرىپسىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلار بىلەن بىللە بېرىشتىن باش تارتتى. ئۇ ئۇزاپ كوچىغا چىققاندا، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە ھەقىقەتەن يالغۇزلۇق، زېرىكىشلىك ھېس قىلىپ، ئاققىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا بەك ئىچى پۇشتى. دېمىسىمۇ مەمۇرىچىلىققا تولغان كۈز پەسلىنىڭ ھاۋالىق ئاخشاملىرى قىز-يىگىتلەرنىڭ سەيلى تاماشاسىنىڭ ئەڭ ئېسىل پەيتى. غەيۇر بىر تۇرۇپ بۈگۈن ئاخشام ئاققىزنى ئىزدەپ بېرىشنىمۇ ئويلىدى، لېكىن ئۇ ئويلا-ئويلا بىر قارارغا كېلەلمەي، تۈرلۈك خىياللارنى سۈرگەن ھالدا ئاستا



كېتىۋاتاتتى. بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇساتتىن ئۇنىڭغا «غەيۇر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە بىر ئىشنى تۇيدى-دە، بىر بۇلۇڭدا ئىككى سايىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتقان ئەشۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئاققىز بىلەن باقى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان يۇقىرىقى دىئالوگ ئىدى. غەيۇر بىر تەرەپتىن، باقىنىڭ خىيانەتكارلىقىغا غەزەبلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاققىزنىڭ ئەشۇنداق شاللاقىنىڭ كەينىگە كىرىپ مۇشۇ يەرلەرگە كېلىپ يۈرگىنىگە ئاچچىقلاندى. ئۇ ھاراقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئاققىز بىلەن يۈزلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ چاغدا، دەككىسىنى يېگەن باقى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولغانىدى. غەيۇر بىر تار كوچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇللاپ ئاققىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ۋېلىسىپىتنى شارتتىدە تورمۇزلىدى. چۆچۈپ كەتكەن ئاققىز «ئاپا!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى-يۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ غەيۇر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز، بۇ كېچىدە؟ — دېدى قىز غەيۇرغا قاراپ.

— سىزچۇ؟ — دېدى غەيۇر تەنە تەلەپپۇزىدا.

— سۆزلىسەم گەپ تولا، غەيۇركا، ھازىر ئاچچىقىمدا يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

غەيۇر تەسادىپى پۇرسەت بىلەن بايىقى دىئالوگلارنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ قالمىغان بولسا، قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن چىقىپ كەلگەن ئاققىزنىڭ مۇنۇ گېپىگە ئىشەنمەي، ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىغان، ياكى ئۇنىڭغا ئاچچىق تەنىلەرنى ياغدۇرىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ ئەمدى، نىمە دەيدۇ؟

— جىم بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، بىر دەم پاراڭلىشساق قانداق؟ — دېدى ئاققىز مۇلايىم ئاۋاز بىلەن.

— بۇنداق كېچىدە، بىر ئەر بىلەن يالغۇز قېلىشتىن قورقمامسىز؟ — دېدى غەيۇر يەنىلا تەنە تەلەپپۇزىدا.

— سىز قورقمىسىڭىز، مەن قورقمايمەن... چولپانكى...

— مەن قورقىمەن، مەن يالغۇز قىز بىلەن كېچىدە بىللە مېڭىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغان.

غەيۇرنىڭ بۇ سۆزى ئاچچىق كىنايە بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۇقۇشماسلىق قارا بۇلۇتلىرىنى ھەيدەپ، كۆڭۈل ئاسمىنىنى سۈزۈكلەشتۈرمەكتە ئىدى.

— مەن بۈگۈن سىز بىلەن سۆزلەشكىنىم سۆزلەشكەن، — دېدى قىز غەيۇرنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئۇلار كوچا باغچىسىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۈگۈن ئاخشاممۇ ئاي شۇنچە يۇمبۇلاق، ئەتراپ شۇنچە يورۇق بولسىمۇ، ئەمما بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بۇ باغچىنىڭ ئورۇندۇقى قويۇلغان جايى شۇنچە قاراڭغۇ، پىنھان ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ قارىسىنى كۆرەلەيتتى. پاراڭلاشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالايتتى. ئەمما يولدىن ئۆتكەنلەر بۇ يەردە ئولتۇرغان بىر جۈپ ياشنى كۆرمەيتتى. ئۇلار بىر پەس جىم ئولتۇرۇشتى، يېقىن ئەتراپتىن تازا يەيزى دېسكو مۇزىكىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

غەيۇر دەرەخلەر ئارىسىدىن ئاسماندىكى تولۇنئاينىڭ ھۆسنى ـ جامالىنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

— ماڭا قاراڭ، غەيۇر، — دېدى ئاققىز تىترىگەن، ئەمما مۇلايىم ئاۋاز بىلەن، — مېنى كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى چۈشەنمەي، رەنجىتىپ قويدۇم.

بۇ دەل غەيۇر كۈتكەن سۆز ئىدى. بۇ گەپتىن يىگىتنىڭ كۆڭلى يورۇسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەر تېخى يېشىلمىگەنىدى. ئارىنى يەنە جىملىق باستى. بۇ ئىككى قەلبتە مۇھەببەت بىلەن پۇشايمان ۋە ئېچىنىش بىلەن مۇھەببەت جېدىلى توقۇنۇشۇۋاتقان پەيت ئىدى. غەيۇر يۈتنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، چىرايلىق تاماكا قۇتىسىنى چىقىرىپ بىر تال پىلتىرلىق تاماكا ئېلىپ لېۋىگە قىستى ـ دە، گاز چاقماقنى ئېلىپ، ۋاللىدە ياندۇرۇپ، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ شورىدى.

— تاماكا چېكىدىغان بوپ قالدىڭىزما؟

— ھەم، — دېدى يىگىت دېمىقىدا.

بۇ ئارتۇقچە سوئال ئىدى. قىزنىڭ مەقسىتى گەپ ئېچىش ئىدى. بىراق، بۇ سوغۇققىنا «ھەم»، گەپ چۈشەنگۈسىگە تاقاق سالدى.

— «گۈلچىمەن»نى ئوقۇپ بەرسىڭىزچۇ؟ — دەپ يېلىندى قىز.

— ئوقسام «ئاق بېلىق»نى ئوقۇيتتىم، بىراق ھازىر پەيتى ئەمەس، — دېدى يىگىت ئويلانغان قىياپەتتە، مۇلايىملىق بىلەن.

قىزنىڭ كۆڭلىگە تۇساتتىن بىر ئەقىل كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەقىل تاپقىنىغا ئىچىدە خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھېكايە ئېيتىشساق قانداق؟

— ياق، ھايات ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاچچىق، ئاڭلاشنى خالىمايمەن، چۆچەكلەر تاتلىق، بىراق مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەسمەن.

— غورىمۇ ئاچچىققۇ، ئەمما بىزدە «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ؟

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

— مەن قايتىپ ئۇخلاي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى غەيۇر.

قىز دەس تۇرۇپ، غەيۇرنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— ياق، غەيۇر، كېتىپ ياتقان بىلەنمۇ كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ھېكايە ئېيتىشايلى، مېنىڭ ھېكايەمنى ئاڭلاشنى خالىمامسىز؟

— راست ھېكايە بولسا ئاڭلىسام ئاڭلاي، توقۇلما ھېكايە بولسا، نادان باللارنى ئالدىغىنىڭىز تۈزۈك.

— ئاۋۋال ئاڭلاپ، ئاندىن باھا بېرىڭ.

ئۇلار قايتىدىن ئولتۇرۇشتى. قىزنىڭ يېقىنچىلىقىغا نىسبەتەن يىگىتنىڭ سوغۇق مۇئامىلە قىلىشلىرى ئۇنىڭ ئىززەت نەپسىگە تەككەن بولسىمۇ، لېكىن قىز بۈگۈنكى پەيتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشتى. چۈنكى ئۇ «سەۋر قىلسا، غورىدىن ھالۋا پىشىدۇ»غانلىقىغا ئىشىنەتتى. بۈگۈن غورىنىڭمۇ پىشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغاندى. بايا، تۇساتتىن كۆڭلىگە كەلگەن ئەقىلنىڭ كېلىشى ئۇنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

## قىزنىڭ ھىكايىسى

قىز ھىكايىسىنى مۇنداق باشلىدى:

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بىر قىز ۋە بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن، يىگىت ئاق كۆڭۈل ئىكەن، قىز گۇمانخور ئىكەن. ئۇلار تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قىز كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكۈپتۇ ـ دە، ئەتەي باھانە تېپىپ، يىگىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا، تەبئىي ھالدا گۈلچەمەن ئىسىملىك بىر قىز بىر بانايى سەۋەب بىلەن يىگىت بىلەن تونۇشۇۋېلىپ، كۆپ يېقىنچىلىق كۆرسىتىپتۇ، يىگىتنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپتۇ. لېكىن بۇ يىگىت ئۇنداق ئۆزمە كۆڭۈللەردىن ئەمەس ئىكەن. كۆڭۈل ئوۋلىغۇچى گۈلچەمەننىڭ تەلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلىپ ئۆز سۆيگۈسىگە بولغان ساداقىتىنى ساقلاپتۇ. ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنىڭ ئايدىڭلىشىپ، چىن مۇھەببەتنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. بىراق مۇشۇ جەرياندا، يىگىت ئەسلى سۆيگىنىنى قايتا ئىزدىمەي، ئىچ پۇشۇقىنى ھاراق، تاماكا بىلەن چىقىرىپ يۈرۈپتۇ. قىز ئۆزى ئىزدەپ كېلەي دېسە، قىزلىق نومۇسى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. شۇ مەزگىلدە، ئۇ يىگىتنىڭ باقى ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى «قارا باتۇر» دەك ئارىغا چۈشۈپتۇ. قىزنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىكەن. ئۇ، «قىينى، قانداق بولدىڭىز» دەپ. ئۇچرىشىشقا كەپتۇ. ئۇ «قارا باتۇر» ئاۋۋال ھېلىقى يىگىتنىڭ «خىيانەتكارلىقىنى پاش قىلىپ» ئۇ ھازىر گۈلچەمەن ئىسىملىك بىر قىز بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ يامان بولۇپ كەتتى، دەپ يامانلاپتۇ ۋە بۇ قىزغا ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئاشكارىلاپتۇ، ئەسلىدە، گۈلچەمەن ئاقىزنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى بولۇپ، ئاقىز يىگىتنىڭ ساداقىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى ئارىغا چۈشۈرگەنىكەن، مۇشۇ مەزگىلدىكى سىناش نەتىجىسىدە، ئاقىز بىلەن گۈلچەمەن بۇ ساداقەتمەن يىگىتنىڭ مۇھەببەتكە سادىق پاك قەلبىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ. باقى ئارىغا چۈشكەندىمۇ، ئاقىز ئۇنى ۋە يىگىتنىڭ ئۆزىنى سىناش ئۈچۈن ئارىغا سالغانىكەن «گۈلچەمەنى» بولسا كېرەك دەپ بىلگەنىكەن، باقى بۇگۈن كەچتە ئۇنى ئۇچرىشىشقا تەكلىپ قىلغاندا. قىز ئۆز يىگىتى توغرۇلۇق خەۋەر ئاڭلاش خىيالى بىلەن كەپتۇ. لېكىن باقى ئېيتقۇسىز گەپلەرنى قىلىپ، ئارىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغاندا، قىز ئۇنىڭ دەككىسىنى بېرىپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ ساداقەتلىك مۇھەببىتىگە قايىل بولغان خىزىر ئەلەيھىسسالام قىزنىڭ ئالدىغا ئۆز يىگىتىنى ۋېلىسىپىتلىك ئەۋەتىپتۇ . . .

قىزنىڭ ھىكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە، ئاسماندىكى تولۇنئاي يۈزىنى توسۇۋالغان بۇلۇتلار قورشاۋىدىن چىقىپ، كۆزنىڭ سالقىن، گۈزەل ئاخشىمىغا سۈتتەك نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. غەيۇرنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرمۇ يېشىلگەنىدى. ئۇ، كۆڭلىدە، ماۋۇ شەيتان قىزنىڭ ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى يېشىشتە، چۆچەك ئېيتىش ۋاستىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىغا قايىل بولدى. غەيۇر يۈز ئۇرانە ئادەم ماختاش، يېڭىلىك بىلەن ئىپادە بىرلەشتۈرۈشلەك «زامانىمىزنىڭ يۇقۇملۇق كېسىلى»گە تېخى مۇپتىلا بولمىغانىدى. ئۇ ئاينى ياخشى كۆرەتتى. ئىچى پۇشقان پاكى كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن كۈنلىرى ئاخشىمى بىر ھازا ئايغا قاراپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن سىردىشاتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ئاينىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆزەتكەچ ئاقىزنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىدى. ھىكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاقىز ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يالقۇنلۇق مۇھەببەت سۆزلىرىنى كۈتكەنىدى. بىراق ئۇ باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىن، ئاقىزدىن مۇنداق سورىدى:

— ئاقىز، ماڭا تانسا ئۆگىتىپ قويامسىز؟

— ئەمدى نېمە دەپ تانسىغا ھەۋەس قىلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى قىز يېقىملىق ئاۋازدا.

— تانسا كىشىلەرنى تېخىمۇ ئىناقلاشتۇ...

(ئاخىرى 186- بەتتە)



كىم چىرايلىق؟ نىياز ئىمىن فوتوسى



ئازراق دەم ئېلىۋالاي

جاڭ لوسا فوتوسى


چولپان (ئومۇمىي 4 - سان) 巧力番 （维吾尔文·丛刊·总第三期）

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى (ئۈرۈمچى شەھەر نەرەقىيات كوچا №54)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مم 1/16 باسما تاۋىقى (15)

1987 - يىل 11- ئاي 1- نەشرى 1987 - يىل 12- ئاي 1- بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 7 - 228 - 00267 - 9/I.94 تىراژى: 1 — 15800 باھاسى: 1.57 يۈەن







مەكىت دىھقان رەسساملىرىنىڭ سىزغان رەسىملىرىدىن تاللانما